مۇھەممەد سېلىم مۇھەممەدقاسىم

# يېشىل تۇمان

2

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇ رومانىمنى ئۆزلۈك ئېڭى بىلەن ئىنسانىي دوستلۇقنى
قەدىرلىگۈچى زامانداشلىرىمغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

— ئاپتوردىن



مۇھەممەد سىيلىم مۇھەممەدقاسىم

# يېشىل تۇمان

( رومان )

2



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本书作者以现实的生活情景描述友谊与和谐的价值，通过塑造脱贫致富的农村家庭形象，引导农牧民利用科学方法走向致富道路 。

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان يامغۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇھەممەتسىدىق تاھىر

## يېشىل تۇمان (2)

ئاپتورى: مۇھەممەدسېلىم مۇھەممەدقاسىم
نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون: 0998 — 2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يېبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 32 / 1
باسما تاۋىقى: 43.25
نەشرى: 2013- يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2013 - يىلى 3- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ئومۇمىي باھاسى: 130.00 يۈەن



# مۇندەرىجە


ئون ئۈچىنچى باب    زەئىپ رىشتە.........................709
ئون تۆتىنچى باب    جاراھەتنىڭ دېغى بار.................777
ئون بەشىنچى باب    قىسمەتنىڭ ئېسىۋىسى...................835
ئون ئالتىنچى باب    قوش تولغاق..........................909
ئون يەتتىنچى باب    كاتاڭ يوللار.........................987
ئون سەككىزىنچى باب    سولغۇن باھار.......................1065
ئون توققۇزىنچى باب    ئاداۋەتنىڭ قىيانى....................1165
يىگىرمىنچى باب    مەڭگۈلۈك مېھىر.....................1266

## ئون ئۈچىنچى باب

# زەئىپ رىشتە

يىللاردىكىدەك نەپەسنى سىقىدىغان تومۇز پەسلى بۇ يىل ئاقتاش يېزىسىدا نېمىشقىدۇر ئۇزاق داۋام قىلمىدى. بىر كېچىسى تۇيۇقسىز چىققان بوراندىن كېيىنلا هاۋا تېمپېراتۇرىسى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، كۆيىدۇرگۈچى ئاپتاپ كارامىتىنى ئىلگىرىكىدەك كۆرسىتەلمىدى. ئاقتاش دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغا قايسىدۇر زۆرۈرىيەتلەر بىلەن بارغانلار دەريا سۈيىنىڭ شۇنچە بالدۇر ئازىيىپ ھەم سۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈشۈپ ھەيران بولۇشتى. دېمىسىمۇ، ھەر يىلى بۇ پەسىلدە دەريادا سەل ئەۋجىگە چىقاتتى. لاي سۇ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئۇرۇلۇپ دولقۇنلاپ ئاقاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ كۈنلەردە تەبىئەتنىڭ يۇقىرىقىدەك كارامەتلىرىگە ماس ھالدا، يۇرت - مەھەللە ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ يېڭىدىن - يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن جالالىدىن ئاخۇن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ھوشۇر موزدۇز بىلەن قادىر ئاخۇننى ئەگەشتۈرۈپ، ئاغرىپ ئۆيىدە يېتىپ قالغان ئەخمەت بوۋاينى يوقلاپ كەلگەندە، ئەخمەت بوۋاي ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق كايىپ كەتتى:

— جالالىدىن ئاخۇن، تۈنۈگۈن ئانايەت مېنى يوقلاپ كەپتىكەن. ئۇنىڭدىن ئاڭلىسام، سەدىردىن ناھىيەدە باشلىق

بولۇپلا خۇي چىقىرىپتۇ، بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟ كەۋسەرنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغانمىش، زۇلەيخاندىن ۋاقتىسىز ئايرىلغىنىغا دىلى ئۆزۈلۈپ تۇرغان ئاجىز بالىغا شۇنداق ئۇساللىق قىلسا ئاللا راۋا كۆرەمدۇ؟ ماجالىم يەتكەن بولسا ھازىرلا ئىشخانىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن: «سەن كىمنىڭ پۇشتى؟ نەسىل - نەسەبىڭنى ئۇنتۇپ، بىزنىمۇ كۆزگە ئىلماي، كەۋسەرگە ئۇساللىق قىلىشقا قانداقمۇ پېتىندىڭ؟» دەپ سورايتتىم.

ئەخمەت بوۋاينىڭ كۆتۈلمىگەنىدە جالالىدىن ئاخۇنغا قايىنىشىدىن، سەدىردىنگە خېلىلا غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— بۇ...... مەن...... سەدىردىن...... — جالالىدىن ئاخۇن بوغۇزىغا بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەك دۇدۇقلىدى.

— سەدىردىن بىر چىرايلىق ئاش - چېيىنى تەييار قىلىپ، كىر - توگرىسىنى ئېرىتىپ ھاجىتىدىن چىقىۋاتقان كەۋسەرنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارسا...... بۇ نېمە بولۇپ كەتكىنى ئەمدى!؟ سىز ئۇنىڭ دادىسى بولغاندىكىن، ئوبدانراق نەسىھەت قىلسىڭىز بولماسمىدى؟......

ئەخمەت بوۋاي سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا يۆتىلىپ كەتتى. پۇرسەت كۈتۈپ ياندا تۇرغان ھۆۋىخان ئالدىراپ ئېغىز ئېچىپ، جالالىدىن ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى ياساشقا باشلىدى.

— ئادەم قېرىغاندا مۇشۇنداق ھەممىگە چېپىلغاق بولۇپ قالىدىكەن، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، جالالىدىن ئاخۇن. سەدىردىنگە دەيدىغان گەپنى سىلىگە دەپ نېمە قىلىدىغاندۇ بۇ ئادەم؟ مىجەزى بولمىغاندىكىن ھەرقايسىڭلارغا چېچىلماي ئارامخۇدا ياتسا، گاچا دەمدۇ بىركىم......

ھۆۋىخان يەنە نېمىدۇر دېمەكچى ئىدى، ئەخمەت بوۋاينىڭ ھومىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاغزىنى يۇمدى.

— سەن بۇ يەردە تولا كوتۇلداپ تۇرماي داستىخان تەييار قىل، ماڭ! — ئەخمەت بوۋاي شۇنداق دەپلا يېنىدىكى ھاسىسىنى ھۆۋىخانغا چىنىدى.
— كېيىنكىلەرنى بىلەن بولۇپ كايىمىسىلا بۇنداق! ھەممە گەپنى جالالىدىن ئاخۇنغا دېسىلە، خاپا بولمامدۇ؟ باللار تېخى كىچىك، كېيىنچە چوڭ بولۇپ ئۆز يولىنى ئاستا - ئاستا تاپىدۇ، — ھۆۋىخان شۇنداق دېگىنىچە ئوچاق تەرەپكە ماڭدى.
— بۇ گەپنى جالالىدىن ئاخۇنغا مەن دېسەم، ئۇ بىرىپ سەدىردىنگە دېمەمدۇ، دېۋەڭ خوتۇن!؟ مەن ئاقتاشتا ھەممىدىن ياشتا چوڭى، ھەممە ئىشقا چىپىلسام نېمە بوپتۇ! مۇشۇ يېشىمغىچە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم. بىر يۇرت، بىر مەھەللىدىكى جامائەت دېگەن بىر ئۆينىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش، ئۆزئارا كۆيۈنۈشى جايىزدۇر.
— ۋاي بولدى ئەمدى، كونا خامانىنى سورۇۋەرمەيلى! مەن گەپ قىلمىغان بولاي......
— نېمىشقا كايىمايمەن؟ بىز ئەجدادىمىزدىن تارتىپ غازلىقتا ئىناق ياشاپ ئۆتتۇق. باللىرىمىزمۇ ئەقلىنى تېپىپ، ئىزىمىزنى باسمىسا قانداق بولغىنى!؟ كۆزۈم يۇمۇلماي تۇرۇپ، ئۇلار تېرىقتەك چېچىلىپ كەتسە مەن چىدامدىمەن؟
— ھەممىمىز بىلىمىز، سىلى چىدىمايلا، بوۋاي......
— گېپىمنى بۆلمەي چېيىڭنى قاينىتە ماڭ! مۇشۇ كۈنلەردە نەسىھەتىمنى ئاڭلاشتا يوق، ھەممىسى «جاھان ئۆزگەردى» دېيىشىدۇ. جاھان ئۆزگىرىپ، قارا ئاق، ئاق قارا بولۇپ كەتكىنى يوق، ئۆزگەرگىنى جاھان ئەمەس، نادان ئادەملەرنىڭ ئۆزى!
— دۇرۇس، دۇرۇس، ئەخمەتكام ھەرگىزمۇ بىكار گەپ قىلمايدۇ، كۆرگەن - بىلگەنلىرى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ. سەدىردىننىڭ بۇ ئىشى راستتىنلا قاملاشماپتۇ، مەنسەپكە ئېرىشىپلا كەۋسەر قىزنى

ئۆيدىن ھەيدىسە خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ. مانا بىزنىڭ راشىدىن بىلەن نىياز خېلى پۇل تاپقان بولسىمۇ بىزنى تاشلىۋەتمىدى......

ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئەخمەت بوۋايغا بولۇشۇپ دېگەن بۇ گېپى ھۆۋىخاننى جىملىگەن بىلەن، جالالىدىن ئاخۇننى سەل رەنجىتىپ قويدى. ئەمەلىيەتتە ئەخمەت بوۋاينىڭ سەدىردىندىن ئاغرىنىپ جالالىدىن ئاخۇنغا بۇنداق كايىشى ھازىرقى بىر قېتىملىقلا بولماستىن، سۇلايمان ياۋاش قازا قىلغاندىمۇ بۇ ئىش مۇشۇنداق تىلغا ئېلىنغانىدى. گەرچە جالالىدىن ئاخۇن سەدىردىن بىلەن كەۋسەرنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن سۈركىلىشتىن چالا - بۇلا خەۋەر تېپىپ، ئاتايىن سەدىردىننى ئىزدەپ بېرىپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، سەدىردىن: «ھەممە ئىشنى ساڭا دەپ بولغىلى بولمايدۇ. مەن كىچىك بالا ئەمەس، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار، سەن ئارىلاشما» دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغانىدى. ئەخمەت بوۋاي كايىغان بىلەن، چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ قالغان، يەنە كېلىپ بىر ئىدارىنى ئالىقىنىدا چۆرۈۋاتقان سەدىردىنگە ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلغىلى بولاتتىمۇ! شۇ تاپتا جالالىدىن ئاخۇن ئەخمەت بوۋاينىڭ تەنبىھلىرىگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئېتىراز بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان بىلەن، بىراق ھوشۇر موزدۇز بىلەن ئۇبدانلا ئېيتىشالايتتى. دېگەندەك ئىش بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ ئىككىسى ئەخمەت بوۋاينىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلەپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن يول ئۈستىدە تەگىشىپ قالدى.

— قارىسىلا، ھوشۇر ئاخۇن، ئىككىمىز خۇدا قوشقان قوشنىلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە باللىرىمىز چوڭ بولۇپ ئايرىلىپ كەتكەن بىلەن، تېخى يېقىنغىچە بىر - بىرى بىلەن ئېجىل ئۆتتۇق. بىر ھېسابتا تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەندۇق. بىراقزە، بىزنىڭ سەدىردىن سىلى بىلەن ئەخمەتكامنىڭ كۆزىگە ئەجەب سىغمايۋاتىدۇغۇ! ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئەخمەتكام

سەدىردىننى ئەيىبلەيدۇ، ئارقىدىن سىلى قوپىلا، مەن سىلىدىن سەل خاپا بولۇپ قالدىم.

— ئاپىلا، ئۇنىداق دىمىسىلە، مەن سىلىنى قانىداقمۇ رەنجىتەي...... كۆڭلۈم تۈز ئادەممەن، مەندىن ئۆتكەن يېرى بولسا ئەپۇ قىلىۋەتسىلە......

— توختاپ تۇرسىلا، بايىقىدەك چاغدا سىلى ئەخمەتكامنىڭ بىھۇدە قورساق كۆپۈككە تۆپىلەپ ئىچىتقۇ سالماي، ھەق گەپلەردىن ئىككى كەلىمە قىلسىلا بولمامدۇ!؟ ئەخمەتكام ياشتا ھەممىمىزدىن چوڭ بولغان بىلەن، ھازىرقى جاھاننىڭ ئەلمى-تەلمىنى بىلىپ كېتەلەمدۇ؟ ھازىر جاھان بۇرۇنقىغا ئوخشمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ!؟

— دۇرۇس، دۇرۇس، دىگەنلىرى بەرھەق. دەرۋەقە، ھازىرقى جاھان بۇرۇن سىلى - بىز كاپىراتسىيەدە ئۇماچ تالاشقان چاغدىكىگە ئوخشمايدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئاقتاشتىمۇ جىق ئىشلار بولۇپ كەتتى. راست دەيلا، بۇ ئىشلارنى ئەخمەتكامنىڭ بىلىپ بولمىقى تەس.

— ئەممازە، جاھاننىڭ ئۆزگەرگىنىگە ئەخمەتكام ئىشەنمەيدۇ ئەمەسمۇ!

— شۇ، شۇ، نىمىلا دىگەنىبىلەن قېرىپ كەتتى - دە، ئاڭلىسام سەدىردىنمۇ بىر ئىدارىغا باشلىق بوپتىمش. بۇ سىلىنىڭ دۇئالىرىنىڭ جايىغا تەگكەنلىكىنىڭ پايدىسى. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، ئۇ كەۋسەرنىڭ دىلىنى رەنجىتكەن بولسا، ئاخىر بېرىپ يېزا باشلىقىنىڭ دىلى ئازار يەپ قالامدىكىن دەيمەن شۇ. ئۇ چاغدا يېزا باشلىقى سىلىدىن رەنجىپ قالسا......

— ھوشۇر ئاخۇن، بۇنى بىلىمەن. سىلى ئەزەلدىن ھەممىيەلەنگە ياخشى بولۇشنىلا ئويلايلا، بۇ چاغ بولغاندا مەۋقەلىرى چىڭ بولسا بولاتتى. بوپتۇ، بۇ ئەھۋالدا سىلىدىن رەنجىپمۇ

بولالمىغـۇدەكمەن. ئەيــب ھەقــقەتەن بىزنىــڭ ســەدىردىنىدە ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولسا مەنمۇ سىلىگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى دەي، ئاڭلىسام، كەۋسەر ئابدۇللانىڭ ئىشىنى دەپ سەدىردىننى سەل ئانىي تېپىپتۇ. بۇنداق قىلسا سەدىردىنگە ئۇۋال بولمامدۇ؟ سىلى: «يېزا باشلىقى سىلىدىن رەنجىمەمدۇ» دېدىلە، دۇرۇس، ئەمما سەدىردىنمۇ ھازىر شۇ يېزا باشلىقى بىلەن ئوخشاش دەرىجىلىك باشلىقكەن. مۇشۇنداق بولغاندىكىن كەۋسەرمۇ سەل قامىدا بولسا بولمامدا!؟ مەن نېمىلا دېگىنىم بىلەن، سەدىردىن «مەنمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئادەم» دەپ تۇرىدىكەن!

— بۇ، مەن، سىلى......

— بولدى، سىلى بىلەن بۇنىڭدىن ئارتۇق دېيىشمەيلى، كۆڭلىمىز يېقىن تۇرۇپ بىكارغىلا ئارىمىزغا ئاداۋەت چۈشۈپ قالمىسۇن. سىلى ماڭغاچ تۇرسىلا، مەن بېدىلىكتىن كالىنى ئېلىپ ماڭاي.

شۇلارنى دەپ بېدىلىككە قاراپ ماڭغان جالالىدىن ئاخۇن كۆتۈلمىگەندە ئانايەت كۇدەك بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئەسلىدە ئانايەت كۇدەك جالالىدىن ئاخۇننىڭ بېدىسىدىن ئىككى باغلامچە ئورۇپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— بىر قوتۇر ئېشەكنى باقالماي، بىزنىڭ بېدىگە سوغۇق قول تەگكۈزگىنىڭ نېمىسى، ئانايات ئۇكام! ئەتىياز ئاۋۇ بىكار يەرگە بېدە ئۇرۇقى چېچىپ قوي دېسەم، يوقىلاڭ باھانىلەرنى كۆرسىتىپ گېپىمگە كىرمىدىڭ. مانا، ئەمدى...... بۇ ئىشىڭ پەقەت قاملاشماپتىغۇ!

— ھاي - ھاي، باي ئاكا، مۇشۇ كۈنلەردە جاھاندا شۇنچە كۆپ ئوسال ئىشلار يۈز بېرىۋاتسا، ئەجەب سىزنىڭ كۆزۈڭ ئۇلارنى كۆرمەي، مېنىڭ ئىككى سىقىم بېدەڭنى ئورغىنىمنىلا كۆرىدۇيا! مېنىڭ بۇنچىلىك ئىشىمغا ئۇنچە ئەجەبلىنىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ.

نىمىشقا دېسەڭ، قارا، مەن ئەقلىمگە كەلسەم، يەيدىغىنىم، كىيىدىغىنىم...... ئىشقىلىپ، لازىمەتلىكلىرىمنى خۇدايىم مۇشۇ غازلىقنىكى ھەممىگىلارنىڭ ئۆيىگە چىچىۋەتكەنىكەن. شۇڭا، كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ مۇشۇنداق تەييارنى ئېلىپ كۆنۈپ قالغانمەن. ئىيىتە، ئەمدى بۇ خۇيۇمنى قانداقمۇ ئۆزگەرتىپ بولالايمەن؟

— يائاللا، مۇنداقمۇ باھانەم بار دېگىن تېخى......

— ئەلۋەتتە بار! سەن «ئەتىياز بىكار يەرگە بىدە ئۇرۇقىنى چېچىپ قويمىدىڭ» دەيسەن. ئۇنى چېچىپ قويۇپ پەرۋىش قىلمىسام مۇشۇنداق سوختا بىدە بولامدا؟ بىدىنى پەرۋىش قىلدۇراي دەپ خوتۇن ئالسام، قىشقىچە ئۇنى قانداق بېقىپ بولىمەن؟ سەن غازلىق تەۋەسىدە ئەڭ زېرەك بولغاندىكىن بۇلارنى دېمىسەممۇ ئۆزۈڭ بىلىۋاله، ئاكا!

— تووا خۇدايىم، ماۋۇ يېتىمنىڭ گېپىنى ئەمدى! سېنىڭچە بولغاندا بىزنىڭ بىدىنى ئورغىنىڭ دۇرۇسكەنغۇ ئۇكام!

— ھەببەللى! سەن نېمىلا دېگەنبىلەن غازلىقنىكى ئەڭ ئەقىللىك ئادەم. ئەخمەتكام ئۆزىنى ئۇششا ① چاغلىغان بىلەن، مېنىڭچە سەن ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئۇششا، ئاكا! يېزا باشلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاقتاشتا كىم ئاخىرقى ھېسابتا سەندەك ئەمەلدار ئوغۇل چوڭ قىلالىدى؟ ئەخمەتكام بىلەن ھوشۇركام ئىچكىرىگە قاچقان ئوغۇللىرىنى ماختاپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىلەن، كۆڭلىدىكى دەردىنى ئۆزلىرى بىلىشىدۇ. قادىركاممۇ رازاق ئۆلسە، ئەمدى خەلچەمنى مادىيابەگكە نىكاھلاپ بېرىپ، زورىخانىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالماي ئولتۇرىدۇ ئەنە.

---

① ھوشيار دېمەكچى.

— غازلىقتىكى ئىشلارنى سەندىنمۇ تولۇق بىلىدىغان ئادەمدىن يەنە بىرسى بارمۇ - ھە، ئانايەت ئۇكام؟

— يوق، ئەمدى كىم قالدى؟ ھە، يېزا باشلىقىمۇ ئايىغى پىشىپ قالغان بىر كونا تۈگمەن، قارا. دېھقان يۈز ياشقا كىرسىمۇ ئېتىزدىن چىقمىغان بىلەن، كادىر غوجاملارنىڭ يېشى توشسىلا قۇشقۇندىن چىقىدۇ. ئەتە - ئۆگۈن ئۇمۇ ھوقۇقنى بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆيىدە ئاچچىق يۇتۇپ ياتىدۇ شۇ. كۆرۈۋاتقانسەن، يېزىغا داشۆسىلىك ياش كادىر باللار كېلىۋاتىمادۇ! بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئوغلۇڭ سەدىردىندەك ياشلار جاھان سورايدۇ......

— سېنىڭ قۇلىقىڭ نېمانچە ئۇزۇن - ھە، ئانايەت! بۇنداق ئۇبدان گەپلەرنى سەن نەدىن ئاڭلاپ كېلىدىغانسەن ئەقلىم ھېچ يەتمىدى؟ گەپلىرىڭغۇ قۇلىقىمغا بەك ياقتى بولمىسا......

— نەدىن ئاڭلايتتىم، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئاڭلاپ كېلىمەن شۇ، ھەرقايسىڭلاردەك نوپۇسۇم كۆپ بولمىغاندىكىن، ماڭا ئاران بىر مو ئىككى پۇڭ يەر تەقسىم بوپتىكەن. ئۇنداق ئاز يەرنى ئېتىزغا چىقىپ بىر يۇملانسام تېرىپ بولىدىكەنمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەرگە قاچىسام، قاۋۇل سېكرېتار ھاشارغا ھەيدەپ ئارام بەرمەيدۇ. ئادەم شەھەردە نېمە ئىشلارنى ئاڭلايدۇ - كۆرمەيدۇ دەيسەن، ئاكا! تۇرقۇم مۇشۇ. مېنى كۆرمەسكە سېلىپ ئىشىڭنى قىلغان بولساڭ، ماۋۇ بېدىنى ئېشەككە تاشلاپ بېرىپلا شەھەرگە ماڭاتتىم.

— ماڭساڭمۇ ماڭ، ئەممازە، سەن ھېلى يېزا باشلىقىنى «ئەمىلىدىن قالىدىكەن» دېدىڭما؟

— مەندىن ياخشىراق گەپ ئاڭلىغۇڭ بولسا، گەپنى خاتا ئاڭلىماي، قۇلىقىڭنى ئوبدان كولىۋېتىپ توغرىسىنى ئاڭلا، ئاكا! مەن يېزا باشلىقىنى ئەمىلىدىن قالىدىكەن دېمىدىم، ھامان بىر

كۆنى قالىدۇ دېدىم، بۇ ئادەتتىكى ئىش. ئەمدى ساڭا مەن ئەڭ مۇھىم گەپنى دەي، ئاۋۇ شەھەردىكى كېلىنىڭنى ماۋۇ غېنى ساقچى، غېنى توخۇچۇ موتوسىكلىتقا مىندۈرۈپ ئايتاغ تەرەپتە يېتىلەپ يۈرگۈدەك. بۇ يەردە ماڭا ئېتى - مىتى دەپ ۋاقتىڭنى زايە قىلىپ تۇرغۇچە تېز بېرىپ بۇ ئىشنى تەگلەپ باق. بولمىسا كېيىن «مانتىنى ھېكىم يېدى، تاياقنى يېتىم يېدى» بولۇپ قالمىسۇن يەنە!

— نېمە؟ بۇ...... بۇ...... بۇ قانداق بولغىنى! راست مۇشۇنداق ئىش بولغانمىدۇ؟ سەن كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ گېپىڭ يالغان ئەمەستۇ - ھە، ئۇكام؟ سەدىردىن ۋىلايەتكە ئۆگىنىشكە كەتكەن تۇرسا، كەۋسەر مۇشۇنداق ئوسال ئىشنىمۇ قىلغانمىدۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، بۇلارنى مەندىن سوراۋەرمەي، سەنمۇ ئەقىل ئىگىسى بولغاندىكىن ئۆزۈڭ تەگلەپ باقمامسەن مۇنداق! مەنمۇ ئىشىمنى قىلاي.

ئانايەت كۇدەك دەيدىغانىنى دەپ بېدىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ كېتىپ قالدى. جاللىدىن ئاخۇن كالىسىنى يېتىلەپ ئۆيگە كېتىۋاتىسىمۇ، ئەس - يادى ئانايەت كۇدەكنىڭ ھېلىقى گېپىدە قالغانىدى. ئۇ گاراڭ ھالدا ھويلىغا كىرگەندە، چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى قاراپلا سېزىۋالغان چىناخان ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— مىجەزىڭلا يوقمۇ نېمە، دادىسى؟ بىر يېرىڭلا قاتتىق ئاغرىۋاتقاندەك چىرايىڭلا تاتىرىپلا كېتىپتىغۇ!؟

— مىجەزىمگە بىر ئىش بولغىنى يوق، ئەممازە...... ھەي، نېمە دېسەم بولا...... — جاللىدىن ئاخۇن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ ئاۋۋال كالىنى قوتانغا سولىۋەتتى، ئاندىن چىناخانىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ، بايا بېدىلىكتە ئانايەت كۇدەكتىن ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا قاتتىق جىلە بولغان ھالدا دېدى:

— ئۆتكەنــدە ســىلىگە «كەۋســەر ســەدىردىن بىــلەن جۇۋاپلىشىپ يۈرۈپتۇ، سەدىردىننى خاتىرجەم قىلماپتۇ» دېسەم، سىلى سەدىردىننى ئەيىبلەپ كەتتىڭلا. مانا ئەمدى قارىمامسىلە، سەدىردىن ۋىلايەتكە ئۆگىنىشكە كېتىشىگىلا، كەۋسەرنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى.

— قاراپ تۇرۇپ ئانايەت كۆدەكنىڭ گېپىگىمۇ ئىشىنەمسىلە؟ ئۇ دېگەن جاھاندىكى يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ ـ تۆشەپ ئالدىغا ئۇچرىغانغا دەپ يۈرىدىغان ئادەم تۇرسا. كەۋسەر غېنى ساقچى بىلەن يېتىلىشىپ يۈرگەن بولسا ھېچنېمە بولمايدۇ. بىر ھېساپتا ئۇلار ئاكا ـ سىڭىلغا ئوخشاش. ئۇنتۇپ قالمىغانسىلە، غېنىنى يېزا باشلىقى بېقىپ چوڭ قىلغانغۇ!

— ئۇ دېگەن قاچاندىكى ئىش؟ غېنى ساقچى ھازىر ئۆز ئالدىغا ئىشى بار ئادەم تۇرسا. بىر مەزگىل بېقىپ قويغانغا يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى بولۇپ قالامتىمۇ؟

— سىلى ئۇنداق دېگىنىڭلا بىلەن...... خەقلەر......

— بۇ گەپنى ئەمدى ئىككىنچى ئاغزىڭلىغا ئالماڭلا، نېمىلا دېگەنبىلەن ئايال خەق ئېرى ئۆيدە يوق چاغدا تالا ـ تۈزدە چېپىپ يۈرسە شەرىئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەۋسەر بىلەن غېنى ئايتاغقا بېرىپتۇ ئەمەسمۇ!

— ئايتاغقا؟ ۋاي خۇدايىم، ئۇ يەر جاھاننىڭ بىر چېتىغۇ؟!

— باشقا ئىشنىغۇ دېمەي تۇرايلى، مۇھىمى سەدىردىن ھازىر ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. بۇ ئىش سىرتقا تارقىلىپ كەتسە ئۇنىڭ يۈزىگە سەت ئەمەسمۇ؟ سىلى بىلەمسىلە، ھازىر سەدىردىننىڭ ناھىيەدىكى ئىناۋىتى يېزا باشلىقىنىڭ ئىناۋىتىدىن يۇقىرى ئىكەن.

— ئانايەت كۆدەكنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇ قېتىم دېگىنى راست بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ قوشنىلاردىن ئاڭلىسام، كەۋسەر ئۆتكەندە كەلگەندە ئاچما

كۆۋرۈك تەرەپتە ئابدۇللانىڭ ئىشنى خەقلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپتىكەن.
— مانا، مانا...... مەن ھېلى دېمىدىممۇ؟ سىلى بارغانسېرى دېۋەڭلەشكىلى تۇرۇپسىلە دەپ. مۇشۇنداق مۇھىم ئىشنى ئاڭلىغاندىكىن ماڭا نېمىشقا ۋاقتىدا دېمىدىڭلا؟ قارىغاندا كەۋسەرنىڭ ھاياتاق بولۇپ قالغانلىقىغا خېلى بولغان ئوخشايدۇ. زۇلەيخان ھايات بولغان بولىسىغۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلاتتى. يېزا باشلىقىنىڭ ئۇنىڭغا بىرنېمە دەيدىغانغا ۋاقتى يوق. قارىغاندا كېيىش قىلىپتىن چىقاي دەپتۇ، ئەمدى قاراپ تۇرساق بولمايدۇ!
— سىلىچە قانداق قىلساق بولا؟
— قانداق قىلاتتۇق، پەيتىنى تېپىپ يېزا باشلىقىنىڭ يېنىغا باراي.
— يېزا باشلىقىنىڭ يېنىغا ئالدىراپلا بارماڭلا. ئاۋۋال بۇ ئىشنى ئوبدانراق تەگلەپ باقايلى، دادىسى!
— بىزگە مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا يول يوق، ئانىسى! ئالىمادىس بۇ ئىشلار سىرتقا تارقىلىپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟
— ئۇنداق بولسا چاپسان بېرىڭلا!

*　　　*　　　*

مۇشۇ كۈنلەردە قادىر ئاخۇنىنىڭ ئائىلىسىمۇ تىنچ ئەمەس ئىدى. قايسى بىر كۈنى خەلچەمنىڭ مادىيابەگنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى، خېلىدىن بېرى «بىلىم ئاغرىپ قالدى» دەپ ياستۇققا يۆلىنىپ تاۋار كۆرپىدە ئولتۇرغان زورىخان سۆزلەپلا كەتتى:
— بۇ ئۆيگە كەلسىلا مەن بىلەن زاكونلىشىپ دىلىمنى ئاغرىتماي ئارام تاپمايتتى، مانا، ئاخىر بېرىپ بىر ئەرنىڭ بېشىغا

چىققىنى ئاز كەلگەندەك، ئەمدى نىرۋىسىدىن كەتكەن بىر ساراڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئولتۇردى. مىنى ئانا ئورنىدا كۆرۈپ، ھۆرمىتىمنى قىلغان بولسا بۇ كۆڭگىمۇ قالماس ئىدى. ئەمدى «مىنى ئېلىپ كېتىڭلا» دېگىنى بىلەن، ئۆلگەن غوجامنىڭ شۇمپىنى تېپىلماي تۇرۇپ، ئېلىپ كەلگىلى بولامدۇ؟ «تەشكىل ئۇنداق قىلىدۇ، تەشكىل بۇنداق قىلىدۇ» دېگىنى بىلەن، تەشكىلمۇ يامان يەرگە كەلگەندە مۇشۇنداق قۇيرۇقنى قىسىدىكەن ئەنە!

— بولدى، بولدى، بېشىمنى ئايلاندۇرماڭلا! تالادا ئاڭلىغانلىرىمۇ يېتىپ ئاشار ماڭا! ۋاقتى كەلگەندە تەشكىلمۇ قاراپ تۇرماس.

— قېنى، مۇشۇ كۆڭگىچە تەشكىلدىن بىرەر ئادەم كېلىپ «ساراڭغا خوتۇن ئېلىپ بېرىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ خەلچەم ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتسۇن» دەپ باقتىما؟ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا سىلى «خەلچەمگە ئۇۋال بولدى» دەيلا، ئاشۇ بەگباش قىزلىرىمۇ ئۇۋال بولىدىغان ئىشنى قىلمىسا بولاتتى. ئىككى بالىسى بولغاندا بىر ئەرنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ جىم ئولتۇرغۇلۇق ئەمەسما؟ بىلسىلە، رازاقجاننىڭ بېشىغا ئاشۇ قىزلىرى ئۆزى چىقتى! ئابدۇللا بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىگەن بولسا، رازاقجانمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماس ئىدى!

— ھاي - ھاي، قاراپ تۇرۇپ لەختە بولغان يۈرىكىمگە پىچاق سانجىماڭلا. نېمە ئىشلارنىڭ بولغىنىنى سىلى - بىز ئەمەس، ئاللا ئۆزى بىلىدۇ. ئاندىن قالسا قانۇن ئادىل، ئوتنى كىم تۇتقان بولسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. ھازىرغىچە بىرگە بىركىم «خەلچەم مۇنداق گۇناھ قىلغانىكەن» دەپ باقمىدى، ھەممىسى تالا - تۈزدىكى ئەيقاچتى گەپلەر. باشقىلار ھەر نېمە دېسە ئۆزىنىڭ ئاغزى، سىلى بالىنىڭ ئانىسى بولغاندىكىن ئۇنداق

گەپلەرنى قىلماڭلا ماخما! ئايىم خانىمنىڭ ئاغزىغا قارايلى.

— ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ تارتقۇلۇقىنى تارتىدىغان جاھان بۇ! ئىمامبەگ ئايىم خانىمنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتىمۇ؟ قىزلىرىدا گۇناھ بولمىغان بولسا يېزا باشلىقى مۇشۇ كەمگىچە قاراپ تۇرارمىدى؟ ئۇ نېمىشقا ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە ئايىم خانىملا ئەۋەتىپ قويۇپ ئۆزى بارمايدۇ؟

— يېزا باشلىقىمۇ قاراپ تۇرمىدىغۇ! قىلىدىغان ئىشى بېشىدىكى چېچىدىن تولا بولغاچقا، ئېھتىمالىم ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا چولىسى تەگمىگەندۇ.

— سىلىگە يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، مۇبادا رەھمەتلىك رازىقاخۇننىڭ بېشىغا چىققان ئۇ بەشەم قىزلىرىنى بۇ ئۆيگە ئەكېلىمەن دەيدىكەنلا، ئالدى بىلەن مېنى سىلىنىڭ ئىلكىلىرىدە ئىشلىگەن نەچچە يىللىق ھەققىياتىم بىلەن قوشۇپ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىلا. ئۇ شۇم ئاياغ بۇ ئۆيگە ئەمدى قەدەم باسىدىغان بولسا ھەممىمىزنى نەس باسىدۇ!

— ۋاي - ۋۇي، بېشىمنى ئەجەبمۇ ئاغرىتتىڭلا، پۇشتۇمدىن تامغان قىزىم خەقنىڭ قولىدا خورلىنىۋاتسا قاراپ تۇرسام بولامدۇ؟ ئاڭلىسام، خەلچەم كېسەل بولۇپ قاپتۇمىش. بىر ئامال قىلىپ ئۆيگە ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلمامدىمىز! ئۇنىڭمۇ ئېغىرىنى يەر كۆتۈرەر، رىزقىنى خۇدايىم بېرەر.

— نېمە، نېمە دېدىلە؟ ئىككى بالىنى يېتىم قىلىپ ئېرىنىڭ بېشىغا چىققان شۇم ئاياغنى يەنە ئەر ئالدۇ دەپ چۆچۈرىنى خام ساناۋاتاملا سىلى؟ ئىمامبەگ ئىككى نەۋرىسىنى دېمىسە، ئۇ بەشەم قىزلىرىنى ساراڭ ئوغلىغىمۇ چېتىپ قويمىغان بولاتتى!

زورىخاننىڭ تەئەددى بىلەن ئېيتقان بۇ گەپلىرى قادىر ئاخۇننى بۇرۇن - قۇلىقىغىچە تويدۇرۇپ غىققىدە قىلىپ قويدى. ئۇ دەردىنى مىڭ تەستە ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇھسىنغىنىچە تالاغا چىقىپ

كەتتى. دېمىسمۇ، زورىخان باھانە تېپىپ يامانلاپ كەتسىلا ئېغىلدىكى بىر قوينىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇۋالاتتى، يەنى ئۇ قادىر ئاخۇننى بىرنەچچە كۈن يىلىندۇرغاندىن كېيىن، قوي ساتقۇزۇپ، كىيىم - كېچەك ئالدۇرۇپ ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. بۇنداق ئىشلار ئىلگىرىمۇ كۆپ ئۆتۈلگەچكە قادىر ئاخۇن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەندى.

قادىر ئاخۇن خىيال سۈرۈپ مېڭىپ كېۋەزلىككە بېرىپ قالدى. توساتتىن ئۇنىڭ يېنىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھوشۇر موزدۇز پەيدا بولدى. ئىككىسى قىر بېشىدا ئولتۇرۇشتى. ھوشۇر موزدۇز قادىر ئاخۇننىڭ روھىي ھالىتىدىكى پەرىشانلىقنى كۆرۈپ، بىردەم كۆڭلىنى ياسىغاندىن كېيىن دېدى:

— خەلچەمگە ھەقىقەتەنمۇ ئۇۋال بولدى، قادىراخۇن. باللارنىڭ ئانىسىدىن ئاڭلىسام، مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئايال تۇنۇگۈن ئاچمىدىكى تېۋىپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قايتاشىدا خەلچەمنى يوقلاپ ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىكەن، ۋاي، قايسىبىرىنى دەي، ئۇ ئۆيدىكى ئىشلارنى خۇدايىم بىلمىسە...... بىز بەندىلەر...... بىقوۋۇل ئىكەنمىز......

— چاپسانراق دېسىلە! خەلچەمگە بىر ئىش بوپتىما؟ گەپ قىلسىلىچۇ؟ — قادىر ئاخۇننىڭ يۈرىكى سىيىلىپ، جىسمىنى بىر خىل ئەنسىزچىلىك تۇيغۇسى ئىلكىگە ئالدى.

ھوشۇر موزدۇز ئەزمىلىك بىلەن تىلىنى چايناپ تەقەززا قىلىۋەرگەچكە، قادىر ئاخۇن تاقەت قىلمايلا يەنە ئالدىراتتى:

— ھەرقانداق گەپ بولسا مەندىن يوشۇرماي دېسىلە! مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى مادىيابەگدىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارالمىدىم. ئەممازە، چۈشۈم تولا بۇزۇلۇپ، خەلچەمدىن ئەنسىرەپلا تۇراتتىم. ھېلىراقتا زورىخان بىلەن خەلچەمنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇپ كۆڭلۈم رەنجىگەچكە بىردەم يالغۇزلۇقنى خالاپ بۇ يەرگە

كەلگەنىدىم، قىينى يوشۇرماي دېسىلە!

ــ قارىغانىدا سىلى بۇ ئىشلاردىن تېخى خەۋەر تاپمىغان ئوخشايلا، باللىنىڭ دەردى ئاتىغا بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ، مەنمۇ راشىدىنىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىپ بولغۇچە سىلىدەك يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن. بىزنىڭ سىپىرەمخانىنىڭ دېيىشىچە، خەلچەم ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بولسا تېززەك قايتۇرۇپ كېلىپ رەدنامە ئوقۇتساق ياخشى بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن.

ــ بىچارە قىزىم، ساڭا نېمە تارتقولۇق بۇ ئەمدى! ئاناڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان كۆڭلۈڭ بىر كۈنمۇ ئاراملىق تاپمىدى. ھەممە ئەيىب مەندە، ئىشنى باشتا خاتا قىلغان ئىكەنمىز. ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن!؟

قادىر ئاخۇن مىشىلداپ يىغلاپ نالە قىلىشقا باشلىدى. ھوشۇر موزدۇز چىرايلىق گەپلەر بىلەن قادىر ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى ياسىغان بولسىمۇ، ھەسرىتى پەسىيىش تۈگۈل، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى.

ــ ماڭسىلا، سىلىنىڭ ئۆيگە بارايلى، خەلچەمنىڭ ئەھۋالىنى سىپىرەمخانىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىر ئاڭلاي. يۈرىكىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ماڭسىلا...... ــ دېدى قادىر ئاخۇن تېخىمۇ تاقەتسىزلىنىپ. قادىر ئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ھوشۇر موزدۇز تەمكىن ھالدا ئېيتتى:

ــ سىلى سىپىرەمخاندىن گەپ ئاڭلاشنى قويۇپ، ياخشىسى ھازىرلا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ بارات نىياز بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئېيتسىلا. مېنىڭچە، ئىمامبەگ بىزنىڭ گېپىمىزنى ئالمىغان بىلەن، يېزا باشلىقنىڭ گېپىنى يىرالمايدۇ. ئىمامبەگنىڭ ئۆيىدىن خەلچەمنى پەقەت يېزا باشلىقلا ئەكېلىپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمىسىلە! بۇ يەردە ھەسرەت يۈتۈپ تۇرغاننىڭ پايدىسى يوق، ماڭسىلا، تېز بارسىلا......

ــ توغرا دېدىلە، بۇ ئىش ئەجەب مېنىڭ خىيالىمغا كەلمەپتا!

مەن دەرھال يېزا باشلىقىنى ئىزدەي، ئەمىسە! ــ قادىر ئاخۇن ئۆندەرىگەندەك ئالدىراش مېڭىۋىدى، ھوشۇر موزدۇز:

ــ نەگە بارىلا؟ ماۋۇ تەرەپكە ماڭسىلا، يېزا باشلىقىنى يېزىدىن تاپىمىلا! ــ دېدى ئەجەبلىنىپ.

ئەمەلىيەتتە قادىر ئاخۇننىڭ بېشى قايغان بولۇپ، شۇ تاپتا يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە ماڭدىم دەپ، ئاچما كەنتىگە قاراپ ماڭغىنىنى ئاڭقىرالمىغانىدى. شۇڭا، ھوشۇر موزدۇزنىڭ گېپىدىن كېيىن ئورنىدا چىپپىدە توختاپ، ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىر تىنىۋېتىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

يېقىندىن بۇيان رازاقنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى تۈپەيلى يۈرىكى يەتكۈچە زىدىلەنگەن ئىمامبەگنىڭ ئائىلىسىمۇ ئەلۋەتتە تىنچ ئەمەس ئىدى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى گۇمان كۆپ بولۇۋاتاتتى. رازاقنىڭ قاتىلىنىڭ زادى كىملىكى توغرىسىدا ئۆلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن تارتىپ قولۇم - قوشنىلىرىغىچە ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىپ گەپ - سۆزلەرنى قۇمدەك ئاۋۇتۇۋاتاتتى. بەزىلەر: «قانۇن ئورۇنلىرى ئابدۇللانى تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈۋاتقان بىلەن، ئابدۇللا ‹مەن گۇناھسىز› دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، ساقچىلارمۇ ‹كىچىك باللارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئابدۇللانى قاتىل دەپ بېكىتكىلى بولمايدۇ› دەپتۇ» دېيىشسە؛ يەنە بەزىلەر: «رازاقنى ئابدۇللانىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ ھازىرغىچە يەكۈن چىقارماسلىقىدا سەۋەب بار. يېزا باشلىقى ئابدۇللانى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يول مېڭىۋېتىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتسە بۇ ئىشنىڭمۇ قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ» دېيىشەتتى. بۇنداق گەپلەر ھەرھالدا ئىمامبەگكە بەك تەسىر قىلمىدى. ئۇ ئاچما كەنتىدە ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، نەزەر دائىرىسى باشقىلارغا قارىغاندا بىرقەدەر كەڭ

كىشى بولغاچقا، مۇشۇ كۆنگىچە ئېغىر - بېسىق مىجەزىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئارىسىدا مىش - مىش گەپلەر بىردىنلا ئاۋۇپ، كۆتۈلمىگەندە ئىمامبەگنى غەزەپلەندۈرۈشكە باشلىدى. ئۆتكەن بىر كۈنى غازلىقتىن كەلگەن تۇغقىنى ئۇنىڭغا: «ئابدۇللا گۇناھىنى زىممىسىگە ئالماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىنايەت بېكىتىشكە پاكىت تولۇق ئەمەسمىش. شۇڭا، پات ئارىدا ئابدۇللانى قويۇۋېتىدىكەن» دېگەندە بىردىنلا دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە؟ رازاقجاننىڭ بېشىنىڭ زەخمىلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، قانۇن دوختۇرى شۇنداق بېكىتكەندىن كېيىن دۆڭ مازارغا ئاپىرىپ يەرلىكتە قويغىنىمىز پاكىت ئەمەسمىكەن؟ بۇنداق گەپنى دېگۈچىنىڭ ئەقلى دۈمبىسىگە چىقىپ قاپتۇمۇ؟

بۇ سوئالغا تۇغقىنى جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، خېلىدىن بېرى باشقىلار قاتارىدا ئۇلارنىڭ ھەسرىتىگە شېرىك بولۇۋاتقان قوشنىسى ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭچە، بۇ ئىشقا سەل شەيتان ئارىلاشتى بولغاي. ساقچىلار ھېچقانداق ئىزنىمۇ قالدۇرمىغان ئوغرىلارنى تەكشۈرۈپ بىرنەچچە كۈندە تېپىپ بولاتتى. ئۇلارنىڭ شۇنچە ئېنىق تۇرغان ئىشنى قەستەن كەينىگە تارتىشىدا چوقۇم باشقىچە مۇددىئاسى بار. ئاڭلىسام، ئابدۇللانى يېزا باشلىقى بىر قوللۇق يۆلەپ يېقىندا كادىر قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزگە پايدىسىز بولغان يېرى، يېزا باشلىقى ناھىيەگە يۆتكىلىپ كەتكەن جاڭ شۇجى بىلەن قەدىناسمىش. جاڭ شۇجى ھازىر ناھىيەنىڭ بېشى تۇرسا، يېزا باشلىقىنىڭ گېپىنى ئالماي قالامدا؟ چوقۇم ئۇلار ئارقا بۇلۇڭدا كۇسۇرلاشقان گەپ..... شۇڭا، بۇ ئىش مۇشۇ چاغقىچە بىر تەرەپ بولماي سۆرىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

— مەن بۇنداق بولۇشنى ھېچ خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەنغۇ؟! پولات تاۋلاشقا بارغاندىن تارتىپ يېزا باشلىقى بىلەن يېقىن ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن، ھەرقانچە بولسا ئۇ ماڭا بۇنداق يۈزسىزلىك قىلماس، تۇغقانلىرىم!

ئىمامبەگ شۇنداق دېيىشكە ئەتراپىدا تۇرغانلار بىر - بىرلەپ ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى:

— قاتىلنى ھۆكۈمەت نېمىشقا ھازىرغىچە ئاتمايدىغاندۇ دېسەم، ئەسلىدە مۇنداق چىگىت چاقىدىغان يېرى بار ئىكەن - دە!

— توۋا دەيدىغان ئىش بۇ، قاتىلنىڭ ئارقا تىرىكى نېمانچە كۈچلۈك - ھە! ئابدۇللا يېزىلىق ھۆكۈمەتتە كاتىپ ئىدى. يېزا باشلىقىدىن تارتىپ ناھىيەنىڭ شۇجىسىغىچە ئۇنى قوغدىغانلىقىغا قارىغاندا، كاتىپلىق چوڭ ھوقۇق ئوخشىمامدۇ؟

— كادىر دېگەن كادىرنىڭ قاياشى، دېھقان بىلەن ئۇلارنىڭ نېمە كارى!

— ھەممىنىڭ جاجىسى پۇل، پۇل سۆڭگۈتكەن گەپ.

— «مانا مەن ئادىل» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان ھەرقانداق ئادەم ۋاقتى كەلگەندە، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماي قالمايدۇ.

— توغرا، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ.

— چوقۇم يېزا باشلىقى ناھىيەدىكىلەرنىڭ چۆنتىكىگە پۇل سالغان گەپ......

— بۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس. مۇبادا رازاقجاننىڭ قان قىساسىنى ھۆكۈمەت ئېلىپ بەرمەي قاتىلنى قويۇۋەتسە، مەنمۇ مادىيابەگنى توسۇۋالماي قويۇۋېتەرمەن! ئەنە ئۇنىڭمۇ پالتىسىنىڭ بىسى ناھايىتى ئىتتىك. تەخىر قىلىپ مۇشۇ يەرگىچە كەلدۇق، ھېلىھەم بولسىمۇ يەنە تەخىر قىلايلى، ئۇلار بىرنېمە دېسۇن قېنى!

ئىمامبەگ شۇ كۈندىكى پاراڭنىڭ ئاخىرىنى مانا مۇشۇنداق

خۇلاسىلەپ، ئۆزىنىڭ سالماقلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلغان بولىسمۇ، بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدەك سالماق بولالمىدى. كەۋسەر كۈتۈلمىگەندە ئۆيىگە كېلىپ ئۆزى بىلەن زاكونلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئىمامبەگ بىردىنلا ئويغا چۆمدى: «كېلىنىم بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ قىزى دوست بولغان تەقدىردىمۇ، ئارىدا ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بەرگەن تۇرسا، ئۇنىڭ بىشەملىك قىلىپ كېلىنىمنى ئىلىپ كېتىمەن دېيىشى بەكمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق ئەمەسمۇ، مۇبادا بىرەر ئىشەنچىسى بولمىسا مۇشۇنداق قىلالارمىدى؟ ئۇنىڭ مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلىشىدىن قارىغاندا يېزا باشلىقى ھەقىقەتەنمۇ قاتىلغا يان بېسىۋاتقان ئوخشايدۇ. رازاقجاننىڭ مېيىتى يەرلىكتە قويۇلغان كۈنى ئۇنىڭ ماڭا نەسىھەت قىلىپ ‹قانۇنغا ئىشىنىڭ› دەپ كۆڭلۈمنى ياسىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ياسالمىلىق ئىكەن - دە! ئۇ ماڭا شۇنداق يۇمشاق گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ، سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈپتۇ ئەمەسمۇ. دېمەك، ئىشنى كەينىگە تارتىپ، ئاخىرىدا ئىزنى ئۆچۈرۈشكە يول مېڭىپتۇ......» ئىمامبەگ ئويلىغانسېرى كاللىسى ئېچىلغاندەك، خېلىدىن بېرى كۆڭلىدە سىرلىق تېپىشماق بولۇپ قالغان تۈگۈنلەر بىر - بىرلەپ يېشىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. مانا بۈگۈن كەچتە ھويلىسىغا بىردىن - ئىككىدىن كېلىپ جەم بولغانلارنىڭ گەپلىرى ئىمامبەگنى چۆچۈتتى. ئۆزىنى گويا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۆندەرەپ ئويغانغاندەك ھېس قىلدى. بۇ گەپلەر ئىمامبەگ ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن زەربە بولۇپ تۇيۇلسىمۇ، ئاخىرىغىچە تاقەت قىلىپ ئاڭلىدى.

— يېزا باشلىقىنىڭ قىزى كەنتلەرنى ئارىلاپ پاكىت ئىزدەپ يۈرگۈدەك. ئۇ «ئابدۇللا گۇناھسىز» دەپتۇمىش......

— ئاتىكە خانىم يېزا باشلىقىنىڭ قىزىغا ئىنتايىن مەخپىي يىپ ئۇچىنى دەپ بەرگەنمىش. ئۇ يىپ ئۇچى ئارقىلىق يېزا

باشلىقنىڭ قىزى ئابدۇللانى ئاقلاپ تۇرمىدىن چىقىرارمىش......
— يېزا باشلىقى قىزىغا غېنى ساقچىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. ئىككىسى ئايتاغقا بېرىپ ھېلىقى ھىپىز دېگەن بالىدىن پاكىت ئېلىپ كەپتۇمىش......
— يېزا باشلىقىنىڭ قىزى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئابدۇللا بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ بوپتىكەن، يېزا باشلىقى شۇڭا بۇ ئىشقا قول تىقىپ ئابدۇللانى قۇتقۇزماقچى بوپتۇ......
گەپلەر بارغانسېرى ئاۋۇپ، قانات - قۇيرۇق چىقىرىشقا باشلىغاندا ئىمامبەگنىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ، چىرايى ئۆڭدى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— بولدى بەس! ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى دەۋەرمەڭلا! مەن تاقەت قىلىپ بولالمىغۇدەكمەن. ئەڭ ياخشىسى ھازىرلا ئۇدۇل ناھىيەگە بېرىپ ھاكىمنى تاپاي. ئۇنى ئوبدان تونۇيمەن، ئۇمۇ مېنى تونۇيدۇ. ھەممە گەپنى ئۇنىڭغىلا دەي. ئەگەرچەندە رازاقجاننىڭ قىساسىنى قانۇن ئېلىپ بەرمىسە، ئۆزۈم، ياق، مادىيابەگ پالتا بىلەن ئالدىغانلىقنى ئېنىق دەپ قويۇپ كېلەي! — دېگەنىدى، ئەتىدىن بېرى باشقىلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇچەتەك ئاقارغان ساقىلىنى خىيالچان ھالدا سىيپاپ تۇرغان مويسىپىت كىشى سۆز نۆۋىتى ئېلىپ دېدى:
— ئۇكام، كونىلار «ئادەم ئاچچىقى كەلگەندە ئەقلىدىن ئادىشىدۇ» دېيىشىدۇ، ئەتىدىن بېرى بۇ ئۆيدە سىزنىڭ زەردىڭىزنى قايىنتىدىغان گەپلەر كۆلىغا ئۇچ قويغاندەك ئۈزۈلمەي چىقىۋەردى. تالا - تۈزدىكى گەپنىڭ ھەممىسگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەرگىز قىزىققانلىق قىلماڭ. مەن بۇ يەردە ھەممىڭلاردىن ياشتا چوڭ ئىكەنمەن، سىزگە مەسلىھەتىم شۇكى، ياخشىسى ناھىيەگە بارماي، ئالدى بىلەن يېزا باشلىقىنى

ئىزدەپ كۆرۈشۈپ بېقىڭ......

ــ بەلەن گەپ بولدى، ئۇدۇل يېزا باشلىقىنىڭ يېنىغا بارغان تۇرۇڭ!

ــ گېپىمنى بۆلمەي تۇرغىن. ماۋۇلار ئەتىدىن بېرى ئاغزىنغا كەلگەننى دېگەنىيلەن، مېنىڭچە يېزا باشلىقى قاراپ تۇرۇپ بىر قاتىلنى قانات ئاستىغا ئالغۇدەك دېۋەڭ ئادەم ئەمەس. مۇبادا سىز ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق ناھىيەگە بارسىڭىز ھاكىم سىزنى يەنىلا باشقا ياققا بۇيرۇپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا نېمە قىلىشىڭىزنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىسىز. بىزنىڭ بېشىمىزدا يېزا باشلىقى بولغاندىكىن، ئۇنى چىڭ تۇتسىڭىز ماڭىدىغان يولنى سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئۇ ماڭىدۇ، گېپىم توغرىمۇ - يا؟

ئىمامبەگ مويسىپىتنىڭ چىرايىدىكى ئىشەنچ ئىپادىلىرىگە ئازراق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

ــ دېگەنلىرى دۇرۇس، سىلى ئېيتقاندەك ئالدى بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ قېشىغا باراي. ئۇنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ «مەن خەلقمۇ، ئەمەسمۇ» دەپ سوراي، ئۇ «سىلى خەلق» دېسە، «ئۇنداق بولسا سىلى ماڭا نېمىشقا ئىگە بولمايلا» دەي - دە، ئۇنى بۇ ئىشقا ئىگە بولۇشقا كۆندۈرەي...... ــ دېدى ئۆز-ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

شۇنداق قىلىپ، ئىمامبەگنىڭ ئەتىدىن بېرى ئۆرتىنىپ تۇرغان كۆڭلى بىرئاز پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى.

*　　　　*　　　　*

بۇ كۈنلەردە يېزا باشلىقى بارات نىيازنىڭ بېشىدىكى خاپىلىقمۇ يېتىپ ئاشاتتى. دېمىسىمۇ، ئەتنىيازدىكى بوران ئاپىتى بىلەن باش تومۇزدىكى گەزلىمە قۇرت ئاپىتى ئاقتاشلىقلارنى خېلىلا

ھالسىراتقانىدى. ئەسلىدە كېيىنكى ئىشلار ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش بىلەن تۈگىسىغۇ مەيلى ئىدى، بىراق ئىش ئۇنداق بولمايۋاتاتتى. نۆۋەتتە يېزىنىڭ يىل بېشىدا ناھىيە بىلەن تۈزۈشكەن پىلان، كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ھېسابى بارات نىيازدىن تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈلەتتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئورۇنلانمىغان ھەربىر تۈرنىڭ پىلاندىكى جەرىمانىسى قىلچە يۈز - خاتىر قىلىنماي ئېلىناتتى. رازاقنىڭ ئۆلۈمى ئېلىپ كەلگەن ئەنسىزچىلىك يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا بېلىنى رۇسلىيالمايۋاتقان بارات نىيازغا تۆپىلەپ كەلگەنىدى. تەگلەپ كۆرسەك، كېيىنكىسىنىڭ دەردى ھەممىدىن يامان بولۇۋاتاتتى. رازاق ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن گەرچە بارات نىياز ئايىم خانىمنى خەلچەمنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشقا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئايىم خانىم مادىيابەگدىن قورقۇپ رولىنى تۈزۈكرەك جارى قىلدۇرالماي، ئىمامبەگدىن قاقشاپلا يۈرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسى ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەچكە، ئىمامبەگنىڭ پەيلى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتاتتى. بەزى كۈنلىرى بارات نىياز كەنتلەرنى ئارىلاپ ھېرىپ - ئېچىپ ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلگەندە، مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارنى ئويلاپ بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ خىيالى چوڭقۇرلىغانسېرى كەلگۈسى ئۈمىدى باغلانغان ئابدۇللا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى ئاقتاش يېزىسىدا ھەرقانداق ئىشنى ئىلگىرىكىدەك ئانچە كۈچىمەيلا جايىدا قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم ئەمەس، بەلكى بارچە ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىنى توسۇۋېلىۋاتقان تەتۈر پېشانىدەك سېزەتتى. راست، ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە ۋۇجۇدىكى جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان چىدامچانلىقى، ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىكى ئادىللىقى، ئاقتاشلىقلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىشقا يېتەكلەشتىكى

تەدبىركارلىقى بىلەن ئەل ئاغزىدا ماختىلىپ كەلگەنىدى، ھەتتا ناھىيە مەسئۇللىرىمۇ ئۇنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتىدىكى تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئالاتتى. ئەپسۇس، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئىلگىرىكىدەك تۆھپىكار ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەيىبكار ھېسابلاۋاتاتتى. شۇڭا، ھېچ ئىشقا رايى بارماي، ئىزتىراپ بىلەن ھەسرەتلىك قەلبىنى تىنىمسىز ئازامسىزلاندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. يېقىنغىچە ئۇ ئۆزىنى ئاقتاشلىقلارغا باشلامچى بولۇشقا ھەقلىق ساناپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمدى ئۆزىگە ئارتۇقچە باھا بېرىپ قالغاندەك، ئۆزى ئەسلىدە ئۇنچىمۇ قالتىس ئادەم ئەمەس، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ھېچبىر پەرقى يوقتەكلا ھېس قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئاقتاش يېزىسىدىكى بىردىنبىر يىلتىزى چوڭقۇر مۇستەھكەم تېرەك دەپ سۈپەتلىشىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ مەرھۇم ئايالى زۇلەيخانىنى ئويلايتتى، ئۆزى ھەرقېتىم مۇشكۈلچىلىككە دۇچار بولغاندا مەرھۇمنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىپ، روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ئادىتىنى سېغىناتتى.

بارات نىياز بۈگۈن چۈشكىچە ۋاقتىنى كەنتلەرنى ئارىلاپ، كەنجى قوناقلارنىڭ پىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە قارىتىپ، كۆڭلى يېرىم ھالدا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ ماڭدى. بارات نىيازنىڭ كەنجى قوناقلارنىڭ ھازىرغىچە پىشماي كۆكباش پېتى تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. دېمىسىمۇ، ناھىيە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلاردا «بەش بىرتۇتاش» دەيدىغان بىر خىل دېھقانچىلىق ئەندىزىسىنى يولغا قويغان بولۇپ، ھەرقايسى يېزىلار زىرائەتلەرنى بىرتۇتاش تېرىش، بىرتۇتاش باشقۇرۇش، بىرتۇتاش يىغىش دېگەندەك تەلەپلەر بويىچە دېھقانلارغا يېتەكچىلىك قىلغاچقا، كەنجى قوناق پىشمىغان تەقدىردىمۇ ناھىيەنىڭ بىرتۇتاش يىغىش ئورۇنـ

ـلاشتۇرۇشى يولغا قويۇلسلا خام پېتى ئورۇلۇۋېرەتتى. بۇ چاغدا دېھقانلارغا ئېغىر زىيان بولاتتى. بارات نىياز ئالدىنقى يىلى ناھىيەدە ئېچىلغان يىغىندا «بەش بىرتۇتاش» ئەندىزىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى ھەققىدە دادىل پىكىر قىلىپ، ناھىيەگە قاراشلىق يېزىلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ چوڭلۇقىنى، ناھىيە مەركىزىگە يېقىن يېزىلاردا كەنجى قوناق بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە پىشقان بىلەن، چەت ۋە تاغلىق يېزىلاردا پىشمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ناھىيە ئاۋۋالقىدەك «بەش بىرتۇتاش» ئەندىزىسى بويىچە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىسە، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يېتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەينى چاغدا ناھىيە مەسئۇللىرى بۇ ئىشنى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، سىياسەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. يامان يېرى، يىغىندىن بۇيان ناھىيەدە ئېچىلۋاتقان يىغىنلارنىڭ روھىدىن قارىغاندا، بۇ يىلقى كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسىمۇ ئالدىنقى يىلدىكىدەك «بەش بىرتۇتاش» ئەندىزىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدىن بېشارەتلەر بولۇۋاتاتتى. بۇ ھالدا يېزا كادىرلىرى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان سۈركىلىش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئېنىق ئىدى. بىراق، بارات نىيازنىڭ ئويلايدىغىنى بۇ سۈركىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئاقتاشنىڭ بۇ يىلقى كەنجى قوناق مەھسۇلاتىنىڭ كەملەپ كېتىشى ئىدى. چۈنكى، كەنجى قوناق مەھسۇلاتىنىڭ كەملەپ كېتىشى ماھىيەتتە ئاقتاش يېزىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ چېكىنىشى بولسا ئاقتاشلىقلارغا نامراتلىقنى چىللايتتى. بىر-بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان بۇ خىل ئىگىلىك شەكلى ئۈستىدە بارات نىياز ئىلگىرىمۇ تالاي ھېسابلارنى قىلىپ كۆرگەنىدى. ئۈنىڭچە بولغاندا ناھىيە رەھبەرلىرى «بەش

بىرتۇتاش ئەندىزىسى»نى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىنى ئاساس قىلىشقا يول قويۇشى كېرەك ئىدى. پەقەت خىزمەتلەرنى ناھىيە بويىچە بىرلا ۋاقىتتا خۇلاسىلەشنىلا مەقسەت قىلغان بۇ ئۇسۇل ئاقتاش يېزىسىغىلا ئەمەس، باشقا قوشنا يېزا - بازارلارغىمۇ ماس كەلمەيتتى. بارات نىياز مۇشۇلارنى ئويلاپ، ھاكىم بىلەن شۇجىغا دەرھال بىر پارچە دوكلات يېزىش مۇددىئاسىدا يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىردى-يۇ، ئابدۇللا ئولتۇرىدىغان كاتىپ ئىشخانىسىغا قاراپلا كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغىنىچە ئىشخانىسىغا قاراپ كېتىۋېتىپ، تال بارىك ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئۆزىنى كۇتۇپ تاقىتى تاق بولۇپ ئولتۇرغان قادىر ئاخۇنغا كۆزى چۈشتى. يەنە بىر بۇلۇڭدا جالالىدىن ئاخۇن كۆرۈندى. نىمىشقىدۇر شۇئان جىسمىدا بىر خىل ئاچچىق سىزىم پەيدا بولدى. ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىككە يۆلىنىپ پەرىشان ھالدا ئولتۇرغان ئىمامبەگنى كۆرۈپ چۆچۈدى، ئەتىيانىنى سوغۇق تەر باستى. ئىلگىرىمۇ بۇنداق ھالەتلەر كۆپ يۈز بېرەتتى. بىراق، ئۇنى كۇتۇپ تۇرغانلار بۈگۈنكىدەك چىرايىنى غەزەپ قاپلىغان كىشىلەر بولماستىن، كەنت كادىرلىرىدىن كۆڭلى ئازار يېگەنلەر، ئېچىق بېشىدا ئۆزئارا سۇ تالىشىپ جېدەللەشكەنلەر ياكى بېشىغا كۇتۇلمىگەن قىسمەت يېتىپ ئۆزىدىن شەپقەت تىلەپ كەلگەن ھاجەتمەنلەر بولۇپ چىقاتتى. بۇنداق چاغدا بارات نىياز ھەممىسىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپ، ئۇلارنى چىرايلىقچە ئۆز يولىغا سېلىۋېتەتتى. ئەپسۇس، ھازىر ئۇنى ساقلاپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايىدا ئۆزىگە يارىشا دەرد - ئەلىمى باردەك، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈردىكى، بۈگۈن «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەك تۇتۇپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردىن

ئۆزىنى چەتكە ئالالمايتتى. شۇڭا، ئۇچەيلەننىڭ چىرايلىرىدىكى سوغۇق ئىپادىلەردىنلا ئەمەس، تال باراڭلىق ئازادە قورۇدا بىر - بىرىدىن يىراق ئولتۇرۇشىدىن ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى، بۈگۈن ئۆزىگە ئوبدانلا باتنايدىغانلىقىنى جەزم قىلىپ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى. ئۇ ئاۋۋال ئىمامبەگ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ھەمدە ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئالدىراپ ئېچىپ كىرىشكە ئىجازەت بەردى. كۆڭلىدە: «ئىمامبەگ مېنىڭ ئايىم خانىمنى ئاتايىن ئۆيىگە ئەۋەتىپ، خەلچەمنى غازلىققا قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇرۇنغانلىقىمغا نارازى بولۇپ كەلدى بولغاي، ئالدى بىلەن ئۇنى يولغا سېلىۋالسام، قالغانلارنى يولغا سېلىش تەسكە توختىمايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردى. ئەمما، قادىر ئاخۇننىڭ ئىمامبەگكە ئەگىشىپ بۇ يەرگە كېلىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. مۇبادا رەقىبكە ئايلانغان بۇ قۇدىلار بۇ يەردە تۇتۇشۇپ قالسا بالانىڭ تېرىلغىنى شۇ ئىدى.

ئىمامبەگ بارات نىيازنىڭ سالىمىنى سۇسلا ئىلىك ئالدى ۋە ئىشخانىغا كىرىپ ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بارات نىياز سىرتتىكىلەرگە «سىلەر بىردەم كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دېگەندەك ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋەتتى.

— يېزىنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ سىلىنىمۇ يوقلاپ بارالمىدىم، ھەرقانداق بولسا بۇ تەرەپلەرگە قەدەملىرى يېتىپتۇ. قانداق، بالىچاقىلار ئامان - ئېسەن تۇرغاندۇ، — دېدى بارات نىياز كۆڭلىدىكى تۈگۈنىنى يېشىش مەقسىتىدە ئىمامبەگكە سىپايە تەلەپپۇزدا.

— رازاقجان ئاللىقاچان يەرلىكتە قويۇلغان بولسىمۇ، قاتىل ھازىرغىچە جازالانمىسا، سىلىچە ئامان - ئېسەن تۇرغىلى بولارمۇ، يېزا باشلىقى!؟ ئىشقىلىپ، جېنىم ھەرھالدا تېنىمدە بار. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆزلىرىنى كۆپ ئىزدەپ كەتتىم. بۈگۈن ھەرنېمە

بولسا كۆرۈشۈش نېسىپ بولدى. باشقا گەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى. مېنىڭ ئۆزلىرىدىن سورايدىغان بىرلا سوئالىم بار ئىدى، شۇنى سوراي دەپ كېلىۋىدىم......

بارات نىياز ئىمامبەگنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ سەل ئەجەبلەندى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ دېدى:

ــ سىلى بىلەن مەن ئاقتاشنىڭ كونىلىرى ھېسابلىنىمىز، بىر ھېسابتا بىز ئەل - ئاغىنە دېسەكمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق گەپلىرى بولسا تارتىنماي ئۇدۇل دەۋەرسىلە!

ــ ماقۇل ئەمىسە، رازاقجان خەقنىڭ قولىدا قازا قىلغاندىن بۇيان دەرد - ئازابىنىڭ دەستىدىن ئىرۋامۇ قۇرۇپ كەتتى. ئاتا بولغۇچىغا بالىنىڭ ئىچ ئاغرىقى يامانكەن. شۇڭا، گەپلىرىم تاققا- تۇققا بولۇپ قالسا مېنى ئەيىبلىمىسىلە. دېمەكچى بولغىنىم، مەن ئاقتاشنىڭ خەلقىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، يېزا باشلىقى؟ مۇشۇ سوئالىمغا بىر جاۋاب بەرسىلە ئەمىسە!

ــ سىلىنى ئاقتاشنىڭ خەلقى ئەمەس دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ سىلى دېگەن يېزىمىزدىكى قولى گۈل چېۋەر دېھقان، يەنە تېخى ئالدىن بېيىش ئۈلگىسى تۇرسىلا......

ــ ياق، بۇگۈن ئۇ قۇرۇق گەپلەرنى قويۇپ، مەن زادى خەلقمۇ - ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنىڭغىلا جاۋاب بەرسىلە!

ــ سىلى ئەلۋەتتە خەلق، قانداق، سىلىنى خەلق ئەمەس دېگۈچىلەر بارمىكەن؟

ــ ئۇنى سورىمىسىلا، مەن خەلق بولسام ھۆكۈمەت نېمىشقا ماڭا ئىگە بولمايدۇ؟ رازاقجاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىل ئېنىق تۇرسا، نېمىشقا ئۇنى ھازىرغىچە جازالىمايدۇ؟

ــ سىلىگىمۇ مەلۇم، بۇ ئىشنى قانۇن ئورۇنلىرى تەكشۈرۈ- ۋاتىدۇ، سىلى قانۇننىڭ ئادىللىقىغا ئىشەنسىلە بولىدۇ. قاتىل ھامان جازالىنىدۇ، ئەمما...... ھازىرچە ئۇلار قاتىلنى

مۇقىمدىيالمىغان چېغى، مۇقىمدىلىپ سوتلانسا ھەممە ئىش پۈتىدۇ ئەمەسمۇ......

— نېمە دېدىلە؟ قانۇن ئورۇنلىرى قاتىلنى مۇقىمدىيالماپتۇ دېدىلىما؟ مۇقىمدىيالمىغان بولسا كاشىلا بولماي، ئۇدۇل مېنىڭ يېنىمغا كەلسۇنا! مەن مۇقىمداپ بېرەي! ئۇلارنىڭ ئەقلى دۆمبىسىگە چىقىپ قالمىغاندۇ!؟ قاتىلنى ئۆزلىرى تۇتۇپ تۇرۇپمۇ يەنە مۇقىمدىيالمىغان بولسا بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟

— بۇ ئىش پات ئارىدا بىر ياقلىق بولىدۇ، سىلى تەشكىلگە ئىشەنسىلە!

— مۇشۇ كۈنلەردە قاتىلنى قانات ئاستىغا ئالىدىغانلار كۆپ بولۇپ كەتتى. شۇڭا، بۇ ئىش مۇشۇ كۈنگىچە ھەل بولماي ئۇزىراپ كەتتى. سىلىگە راست گەپنى دېسەم، مەن بۇگۇن ئەسلى ناھىيەگە بارماقچىدىم. ئەمما، ئۆزلىرى بىلەن كۆڭلۈمنىڭ يېقىنلىقىنى ئويلاپ ئىككى تەرىپىمگە قارىمايلا ئۇدۇل يانلىرىغا كەلدىم. مېنى قانداق چۈشەنسىلە مەيلى، نېمىلا دېگەنبىلەن رازاقجان ئۆلۈپ كەتتى. ئاتا بولغۇچىنىڭ بېشىغا بۇنىڭدىن ئېغىر كۈن كەلمەس. شۇڭا، مەن يالغۇز بولۇپ قالدىم، نومۇسۇمنى قايرىپ قويۇپ، ئىشنى تەگلىمىسەم بولمايدىغان يەرگە يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ قىزلىرى بۇ ئىشقا ئارىلىشۋالدى، شۇنچە نەسىھەت قىلسامۇ گېپىمنى ئىلىك ئالمىدى، تېخى تانابىمنى تارتقانىنى ئاز دەپ، مېنى «قانۇنسىزلىق قىلدىڭىز» دېدى. قېنى، سىلى دەپ باقسىلا! كېلىنىم ئىككى نەۋرەمنى ئېلىپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئۆگەي ئانىسى ئۇنى ئۆيىگە پاتقۇزارما؟ كېلىنىمنى مادىيابەگكە نىكاھلىتىپ قويغىنىم نەۋرىلىرىمنى كۆزدە تۇتقىنىم ئەمەسمۇ؟ مادىيابەگ كېسەلچان بولسىمۇ، بىز يېنىدا بولغاندىكىن نەۋرىلىرىمنىڭ يۈزىگە توپا قونمايدۇ ئەمەسما، يېزا باشلىقى!......

— بۇنداق قىلىش قانۇنغا مۇخالىپ كېلىدۇ.

— توختىسلا، مەن گېپىمنى دېۋالاي، يەنە خەقلەر ماڭا ئوچۇقتىن - ئوچۇق: «ئابدۇللا دېگەن قاتىلنى يېزا باشلىقى قانات ئاستىغا ئېلىۋېتىپتۇ» دېگەن بولسىمۇ، مەن بۇ گەپلەرگە ھۆددەس ئىشەنمىدىم. ھازىر سىلىنىڭ قىزلىرى غېنى ساقچى بىلەن بىرلىشىپ ئابدۇللا دېگەن قاتىلنى ئاقلاپ، مېنى جازالاتماقچى بولۇۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئۆزۈم ئالدىلىرىغا كەلدىم. جازالايدىغان ئىش بولسا مېنى ئۆزلىرى جازالىسىلا مانا! بۇ گەپلەرنى تېخى مادىيابەگ ئاڭلىمىدى. مەن بايا ئۇنىڭ پالتىسىنى پىچان دۆۋىسىگە يوشۇرۇپ قويۇپ سىلىنى ئىزدەپ ماڭغان، ئۇ پىچان دۆۋىسىدە ئۇخلاپ قالغان، ئالىمادىس ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ قولىغا پالتا چىقىپ قالسا...... ئىشقىلىپ، مەن دەيدىغاننىڭ ھەممىسىنى دەپ بولدۇم.

ئىمامبەگ گېپىنى تۈگىتىپ، «قېنى ئەمدى قانداق قىلىلا» دېگەندەك قىلىپ، ئويغا پېتىپ ئولتۇرغان بارات نىيازغا تىكىلدى. شۇ تاپتا بارات نىيازنىڭ چىرايى بارغانسېرى ئۆڭۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ نېمىدۇر دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. ئىشخانىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى. ئەسلىدە ئىمامبەگنىڭ ئاغزىدىن خۇددى پىلموتنىڭ ئوقىدەك چىقىۋاتقان ئاچچىق گەپلەر ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسىدا قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ، ئۈنىدەرەپ ئويغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا ھېچ ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاندەك گاراڭ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. «خەقنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كەتتى. قاتىل ھازىرغىچە جازالانغىنى يوق، ئۇنداقتا دادا بولغۇچى نېمىلەرنى دېمەيدۇ. سەن يۇرتنىڭ ئاتىسى بولغاندىكىن پۇقرالىرىڭنىڭ مۇشۇنداق ئورۇنسىز دەشنامىلىرىغىمۇ چىدىشىڭ كېرەك! ھەرقانچە نارازى بولساڭمۇ: ‹سېنىڭ بالاڭنى مەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇممۇ؟ گېپىڭ بولسا جايىنى تېپىپ دېمەمسەن!› دېيەلمەيسەن. ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئورۇنسىز

ماجىرا چىقىرىپ جەمئىيەتنى قالايمىقان قىلىشنى چەكلىمىسەڭ بولمايدۇ. مۇبادا يەنە كۈتۈلمىگەن ئىش چىقىپ قالسا ئاخىرىدا خاپىلىققا ئۆزۈڭ قالىسەن. چۈنكى، سەن يىل بېشىدا ناھىيە مەسئۇللىرى بىلەن يېزىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى توغرىسىدا مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىغان. ئاقتاشتا قاتىللىق دېلوسىدىن بىرى سادىر بولسا، سېنىڭ پۈتۈن بىر يىللىق خىزمەتلىرىڭ بىراقلا ئىنكار قىلىنىدى دېگەن گەپ. ئەمدى يەنە ئۈستىلەپ ۋەقە يۈز بەرسە بۇنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالمايسەن. شۇڭا، چىدىمىساڭ بولمايدۇ. ئەڭ يامان بولغىنى، ئۆز قىزىڭ نادانلىق قىلدى، خەقنىڭ ئالدىدا سېنى تىل قىسىنچىلىققا قويدى. ئەمدى ئىمامبەگكە نېمىمۇ دېيەلەيتتىڭ؟ ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىشكە قادىر بولالىغىنىڭ بىلەن، ئۇ يەنىلا ئەركىن پۇقرالىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ ئاغزىغا كەلگەننى تەمتىرىمەي دېيەلەيدۇ. گېپى كەلسە سېنى خەلقئالەم ئالدىدا ھەر خىل بەتنامالار بىلەن رەسۋا قىلالايدۇ. بايا ئۇ گەپ ئارىسىدا «مەن يالىڭاچ بولۇپ قالدىم» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويدىغۇ! بۇ دېگىنى «يامان يەرگە كەلگەندە يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايمەن» دېگىنى ئەمەسمۇ!»

بارات نىياز سۆكۈتكە پېتىپ ئولتۇرۇپ شۇلارنى ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە بارات نىياز ئىمامبەگنىڭ زەردىلىك گەپلىرىدىن كۆرە، بايا ئۇنى قورۇدا كۆرگەنىدىلا ھەممىنى پەرەز قىلىپ كۆڭلىدە سارىسىمىگە چۈشكەنىدى. تۇرۇپلا بارات نىيازنىڭ يۈرىكىدە ئارىلاپ يىڭنە سانجىلغاندەك بىر خىل ئاغرىق پەيدا بولدى. ئىمامبەگ تېخىچىلا كۆز ئۈزمەي جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ قانداقلا بولسۇن كەيپىياتىنى تەڭشەپ مۇۋاپىق جاۋاب ئارقىلىق ئىمامبەگنى قايىل قىلىپ، ئاچما كەنتكە يولغا سېلىشى كېرەك ئىدى.

بىر چاغدا بارات نىيازنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى قاراڭغۇلۇق سەل يورۇغاندەك بولۇپ، يۈرىكىدىكى ئاغرىقمۇ بېسىقتى ـ دە،

بىشنى كۆتۈرۈپ ئىمامبەگكە قاراپ سەممىي تەلەپپۇزدا ئېيتتى:
— رازاقجاننىڭ ئۆلۈمى سىلىگە ئوخشاشلا مېنىمۇ ئېغىر قايغۇغا سالدى. چۈنكى، ئۇ كۆز ئالدىمدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، يېزىنىڭ خۇمدىنىنى ھۆددە ئېلىپ بىر ئوبدان ئىستىقبال يولى تاپقانىدى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز كېتىپ قالغانلىقى ھەممىمىزنى ئېچىندۇردى. ئۆزلىرىنى ئاۋايلىسىلا، كونىلار «ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولماس» دەپ توغرا ئېيتقانغۇ! ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىز رازاقجاننىڭ بالىلىرىنى يۇزىگە توپا قوندۇرماي قاتارغا قوشۇش بولىدۇ. قالغان ئىشلارنى قانۇن ئورۇنلىرى چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ۋاقىت ئۆزىرىپ كەتكەن بىلەن قانۇننىڭ قاتىلنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ.
— ئۇنداقتا، ماڭا مۆھلەتنى دەپ بەرسىلە، قانۇن قاتىلنى قاچان جازالايدۇ زادى؟
— مۆھلەتنى مەن ئەمەس، سوت بەلگىلەيدۇ. ئەمدى قىزىمنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىشىغا كەلسەم، سىلى بىلىلا، كېلىنلىرى بىلەن قىزىم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، بىر - بىرى بىلەن كۆڭلى بەكمۇ يېقىن ئىدى. قىزىمنىڭ يېقىندا سىلىنىڭ ئۆيگە بېرىپ كۆڭۈللىرىنى ئاغرىتىپ قويغانلىقىنى مەنمۇ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ نادانلىق قىلغانلىقىغا بەكمۇ ئاچچىقلاندىم، قىزىمغا يەتكۈچە تاپا قىلدىم. ئەسلىدە ئۇ كېلىنلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇش ئۈچۈن بېرىپ قاملاشمىغان ئىشنى تېرىپتۇ.
— مەن يەنىلا سىلىنىڭ يۈزلىرىنى قىلدىم. مادىيابەگنىڭ پەيلىنى بىلىلا، توسۇۋالمىغان بولسام چوڭ چاتاق چىقىراتتى!
— سىلىگە كۆپ رەھمەت، قىزىمنىڭ ئورنىدا سىلىدىن ئەپۇ سورايمەن. خاتىرجەم بولسىلا، قىزىم بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئەمدى قىزىمنىڭ غېمى بىلەن

بىرلىشىپ سىلىنى جازالاتماقچى بولغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ھېچقانداق ئاساسى يوق يالغان گەپ. قىزىم ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى، ئۇنى باشقۇرىدىغان تەشكىل بار. يەنە كېلىپ قانۇن خالىغان كىشىنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقى ئەمەس. سىلى ئەقىللىك ئادەم، خەقلەرنىڭ بۇنداق يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ يۈرمىسىلە، مانا ماڭا ئىشەنسىلە.

— بوپتۇ، سىلىگە ئىشىنەي، يېزا باشلىقى. ئەمما زە، سىلىمۇ ماڭا يانتاياق بولۇپ بەرسىلە.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن. ئەمدى خەقلەرنىڭ ئۇستۇمدىن «ئابدۇللانى قانات ئاستىغا ئالدى» دەپ گەپ تارقاتقانلىقىغا كەلسەك، راستىنى ئېيتسام، ئابدۇللانىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالغانلىقىغا ئېچىنغىنىم ئېنىق. لېكىن، بۇ ئۇنى قانات ئاستىمغا ئالغىنىم ئەمەس. مۇبادا ئابدۇللا ھەقىقەتەن قاتىل بولسا كاتىپىملا ئەمەس، ئۆز ئۆزۈمنىڭ ئوغلى بولغان تەقدىردىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي قانۇن ئورۇنلىرىغا ئۆزۈم ئاپىرىپ بەرگەن بولاتتىم. سىلىچە مەندەك بىر يېزا باشلىقى قاپ يۈرەكلىك قىلىپ، ئۇنى قانات ئاستىمغا ئالسام قانۇن ماڭا يول قويارمۇ؟ سىلىنىڭ بۇ گەپلەرگە ئىشەنمىگەنلىرى ناھايىتى توغرا بوپتۇ. مەن ھەرقانچە بولسىمۇ قانۇن بىلەن ئويناشقۇدەك دەرىجىدە ئەقىلسىز ئاداشماسمەن.

قالغان ئىشلارنى سىلى زېرەك ئادەم بولغاندىكىن ئوبدان ئويلاپ باقسىلا، — بارات نىيازنىڭ شۇنچە سەممىي دېگەن بۇ گەپلىرى ئىمامبەگكە تازا تەسىر قىلمىدى بولغاي، ئۇ ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى. بارات نىياز كۆڭلىنى ئاقتۇرۇپ ئەمدى قايسى گەپلەرنى قىلسا ئۇنى قايىل قىلالايدىغانلىقىنى دەڭسەپ ئېيتتى، — تالادا قادىر ئاخۇن كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئېھتىمال خەلچەمنىڭ ئىشى بىلەن كەلدىمىكىن، سىلى قايتىپ تۇرسىلا، مەن تېخى قادىر ئاخۇنغا نەسىھەت قىلمىسام بولماس. سىلىمۇزە،

ئىشلار بىر ياقلىق بولغۇچە كۈتۈپ تۇرمايلا خەلچەمنى مادىيابەگكە نىكاھلىتىپ بېرىپلا. شۇ تاپتا قادىر ئاخۇن چىڭ تۇرۇۋالسا بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى يىغىشتۇرماق تەس. گەرچە سىلى نەۋرىلەرنى ئويلاپ مۇشۇنداق قىلدىم دېگەنلىرى بىلەن، قانۇن ئۇنداق سەۋەبلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە نەدىمۇ ئۇكىسىنىڭ خوتۇنىنى ئاكىسىغا، يەنە كېلىپ ئەقلى - ھوشى تازا جايىدا بولمىغان ئادەمگە يەڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىدىغان ئىش بار!؟ مەن ئەھۋالنىڭ شۇنداقلىقىنى بىلسەممۇ، سىلى تەرەپتە تۇرۇپ قادىر ئاخۇنغا بىرئاز بېسىم ئىشلىتەي دەيمەن. ئەگەر قادىر ئاخۇن قىزى توغرۇلۇق سوتقا سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدىن ئەرز سۇنسا جازالىنىشلىرى ئېنىق......

بارات نىيازنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ دېگەن بۇ گەپلىرى ئىمامبەگكە كۈتۈلمىگەندە تەسىر كۆرسەتتى. «مۇستەھكەم قورغانىڭمۇ ھامان بىر ئاجىز يېرى بولىدۇ» دېگەندەك، بارات نىياز ئىمامبەگنىڭ ئاجىز يېرىگە تېگىپ ئۇنى ئاخىر يۇمشاتتى.

— سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئىلىك ئالمىساممۇ بولماس. قالغان ئىشلارنى ئۆزلىرى ئوبدانراق يولداپ بەرسىلە. مەن قامغا[1] كەلگىنىم بىلەن مادىيابەگ قامغا كەلمەيدۇ. مەن بېرىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ پالتىسىنى پىچان دۆۋىسىدىن ئېلىپ بىرەر يەرگە يوشۇرۇپ تۇراي ئەمىسە.

ئىمامبەگ گېپىنى تۈگىتىپ سىرتقا ماڭدى. بارات نىياز ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ قادىر ئاخۇننى چاقىرتۋاتقانىدا يۈرىكىنىڭ ھېلىقى ئاغرىقى يەنە قوزغالدى. ئىمامبەگ قادىر ئاخۇن بارات نىيازنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا قورۇدىن چىقىپ كەتتى. قادىر ئاخۇن بارات نىياز بىلەن كۆرۈشۈپلا بىردەم مىشلداپ

[1] «ئەيۋەشكە» مەنىسىدىكى يەرلىك شېۋە.

يىغلىدى. ئاندىن يەكتىكىنىڭ پېشى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ دېدى:

— خەلچەمگە بەكمۇ ئۇۋال بولدى، يېزا باشلىقى. ئىمامبەگ مادىيابەگنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ بىزنى ئانىي تاپتى. ئاڭلىسام، خەلچەم كېسەل بولۇپ قاپتۇ. قىزىمنىڭ ھەرقانچە ئېغىر گۇناھى بولسىمۇ ھېلىغىچە تۆگىگەندۇ. كىچىككىنە تۇرۇپ بېشىغا شۇنچە دەرد ـ ئەلەم كەلدى ئەمەسمۇ! مەرھۇم ئانىسى ھايات بولغان بولسا بۇنچە بىقوۋۇل بولۇپ كەتمەس ئىدى. مەن ئەر كىشى تۇرۇپ بەكمۇ ئاجىز كەلدىم. ئۆز قىزىمنى ئىمامبەگنىڭ ئۆيىدىن قايتۇرۇپ كېلىشكە قۇربىم يەتمىدى. ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا كىرە ـ كىرمەيلا مادىيابەگ پالتىسىنى كۆتۈرۈپ قوغلاپ چىقاردى.

— بايا ئىمامبەگ بىلەن مۇشۇ ھەقتە سۆزلەشتىم، ئازراق تەخىر قىلايلى.

— ئەمدى يەنە تەخىر قىلساق، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن خەلچەمنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ كەلگۈدەكمەن. قىزىمدا گۇناھ بولسا ھۆكۈمەت ئۇنى ئابدۇللانى ئېلىپ كەتكەندەك ئېلىپ كېتىپ نېمە قىلسا قىلسۇن، مەن مىڭ مەرتىۋە رازى. قىزىم ئىمامبەگنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندىن كۆرە، تۈرمىدە تۇرسا خاتىرجەم بولغۇدەك. بۇ ئىشقا ئەمدى ئۆزلىرى ئىگە بولسىلا، يېزا باشلىقى. ئالىمادىس قىزىمغا بىرەر پېشكەلچىلىك بولۇپ قالارمۇ دەپ يۈرىكىم سۇ مېنىڭ!

قادىر ئاخۇننىڭ ئۆتۈنۈشى بارات نىيازنىڭ بېشىنى يەنە قاتۇردى. گەپ يەنە ئۇدۇل بېرىپ ئىمامبەگكە چېتىلغاچقا، بارات نىياز بۇ ئىشقا ئالدىراپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى. ئىمامبەگنى تېخى ھېلىلا يولغا سېلىۋەتكەن تۇرسا، ئەمدى قادىر ئاخۇننىڭ ھاجىتىنى دەپ ئىمامبەگكە خەلچەمنى دادىسىنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلالىسۇنمۇ؟ ئويلىغانسېرى بېشى قاتقان بارات نىياز شۇ تاپتا نېمە قىلارىنى بىلمەيۋاتاتتى، ئۇستىخانلىرى

سىرقىراپ ئاغرىپ، يۈرىكى سىقىلغانداك ئارامسىزلىنىۋاتاتتى. ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ ئويلانغىنىبىرى كاللىسىغا ھېچبىر چارە كەلمەيۋاتاتتى. قادىر ئاخۇن ئېغىر موھتاجلىق نەزەرىدە ئۇنىڭغا ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. تۇرۇپلا بارات نىيازنىڭ كۆز ئالدىغا خەلچەمنىڭ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى نۆبەر چاغلىرى — كەۋسەر بىلەن خۇشال - خۇرام كۈلۈشۈپ ئويناپ يۈرگەن مەزگىللىرى كېلىۋېلىپ، يۈرىكى پارە - پارە بولغاندەك سېزىلدى، قاتتىق تەڭقىسلىق تۈپەيلى ئۆزىنى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. كېيىن خىيالىغا ھويلىدا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان جالالىدىن ئاخۇن كىرىۋېلىپ، سەل تىت - تىت بولدى. شۇ ھالدا ئۇ بەكمۇ ئۇزۇن مۇساپىنى پىيادە باسقاندەك ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. شارائىت يار بەرسە ھازىرلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ سوزۇلۇپ بىر ياتقۇسى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ قەددىنى رۇسلاپ قادىر ئاخۇنغا شۇنداق دېدى:

— كەۋسەر خەلچەمنى يوقلاپ بېرىپ ئىمامبەگ بىلەن زاكونلاشقانىكەن. ئىمامبەگ شۇ ئىشقا خاپا بولۇپ مەن بىلەن دېيىشكىلى كەپتۇ، ھېلى ئۇنى تەستە يولغا سالدىم. رازاقنىڭ ئۆلۈمى ھەممىمىزنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئابدۇللانىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سىز كېتىپ تۇرۇڭ. مەن ھېلى ئايىمخانغا ئۇرۇنلاشتۇرۇپ قوياي، ئۇ ئەتە دوختۇر ئېلىپ بېرىپ خەلچەمنى تەكشۈرتۈپ داۋالاتسۇن. كېسىلى ئېغىر بولسا دەرھال يېزىنىڭ دوختۇرخانىسىغا يۆتكىسۇن. سوت ئېچىلسا خەلچەمنىڭ ئىشىمۇ ھەل بولۇپ كېتىدۇ، — بارات نىيازنىڭ ئاۋازى نېمىشقىدۇر پەسلەپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ كەيپىيات جەھەتتە بەكمۇ زەئىپتەك، قادىر ئاخۇندىن قانداقتۇر بىر ئىشنى ئۆتۈنۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

قادىر ئاخۇن بۇنى سېزىپ، ئۇنى بوگۈن تار يەردە قىستاپ

ئامالسىز قويغاندەك تۈيغۇغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— سىلىنىمۇ دەم ئالغىلى قويماي ئاۋارە قىلىۋەتتىم. مەن قايتىپ كېتەي، بوپتۇ، يەنە سەۋر قىلايلى ئەمىسە. بولسا ئايىم خانىمغا ئوبدانراق تاپىلاپ قويسىلا، قىزىمنىڭ كېسىلىنى تېزرەك داۋالىتايلى. ئەمدى مەنمۇ سىلىنى ئىزدەپ كېلىپ ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي...... — قادىر ئاخۇن شۇلارنى دېگەندىن كېيىن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

بارات نىياز ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ جالالىدىن ئاخۇننى چاقىرماقچى بولغانىدى، بىردىنلا بېشى قېيىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇنى بىلگەندەكلا شۇ ئەسنادا ئىشخانىغا جالالىدىن ئاخۇن كىرىپ كەلدى. بارات نىياز بايا ئۇنى قورۇدا كۆرگەن ۋاقتىدا ئېھتىمال سەدىردىن ئۈچۈن ماڭا كۆڭۈل قويغىلى كەلدى دەپ گۇمان قىلغانىدى. بىراق، جالالىدىن ئاخۇن ئويلىمىغان يەردىن ئېغىز ئاچتى:

— ماڭا نۆۋەتنىڭ بۇنداق ئۇزاقتا تېگىشىنى بىلگەن بولسام قايتىپ كېتىپ ئەتىلىككە كېلىدىكەنمەن. كېلىنىم كۆڭلۈمنى ئارام تاپقۇزغان بولسىغۇ، بۇ يەرگە سىلىنى ئىزدەپ كەلمەس ئىدىم.

بۇ گەپ ئەتىدىن بېرى ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي ئارانلا ئولتۇرۇۋاتقان بارات نىيازنىڭ يۈرىكىگە ئۇستىلەپ خەنجەر ئۇرۇلغاندەك تەسىر قىلىپ دېمى سىقىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ دېدى:

— قىزىم قانداق بولۇپ دىللىرىنى رەنجىتىپ قويدىكىن، ھېچ بىلمىدىم. گەپنى ئېنىقراق قىلسىلا!

راستىنى ئېيتقاندا، كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ ئادەتلەنگەن جالالىدىن ئاخۇننىڭ بۈگۈن خۇددى ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك قاتتىق گەپلىرى بارات نىيازنى بەكمۇ ئەجەبلەندۈرگەنىدى.

— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، باشتا سىلى بىلەن قۇدىلىشىپ بېشىم كۆككە تاقاشقانىدى. بىراقزە، مۇشۇ كۈنلەردە كەۋسەر بىزنى پەقەت كۆزگە ئىلمىدى. سىلى بىلىلا، ھازىر سەدىردىنمۇ ناھىيەدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، بىر ھېسابتا سىلىگە ئوخشاش دەرىجىلىك باشلىق بولدى. شۇنداقكەن ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق يۈز - ئابرۇيى بولىدۇ - دە، شۇڭا ھۆرمىتىنى بىز قىلمىساق باشقىلار قىلامدۇ! سىلى - بىز ياشىنىپ قالدۇق، ئەمدى بۇ ھالدا تۇرۇۋەرمەيمىز. ئەتە - ئۆگۈن ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، سىلى - بىزگە يەنە شۇ سەدىردىن ئەسقاتار ھەقاچان؟

جالالىدىن ئاخۇن شۇ يوسۇندا سۆزلەۋاتاتتى، بارات نىياز گەۋدىسىنى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ جىمجىت ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا بارات نىيازنى جىمجىت ئولتۇردى دېگەندىن كۆرە، ئۆمرىدىكى ئەڭ ئازابلىق مىنۇتلارنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى. چۈنكى، جالالىدىن ئاخۇننىڭ باش - ئاخىرى يوق بۇ سۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى بارات نىيازنىڭ خىلىدىن بېرى ئاغرىپ ئارامىلىق بەرمەيۋاتقان يۈرىكىگە يېتىپ بارغانىدى. گەرچە يېقىندىن بېرى سەدىردىن بىلەن كەۋسەرنىڭ ئارىسىدا ئارازلىق يۈز بېرىپ، ئىككىسى ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئارىغا كىرىپ، ئۆزىگە مۇشۇنداق زەردىلىك گەپ قىلىشى ھېچقاچان ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى.

— كەۋسەردىن دىللىرى رەنجىگەن بولسا مەن ئۇنىڭ ئورنىدا سىلىدىن ئەپۇ سورايمەن. بالا كىچىك، بەزى ئىشلاردا نادانلىق قىلغان بولسا سىلىمۇ ئۇنى ئەپۇ قىلىۋەتسىلە. مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا بىز بەك ئارىلىشىۋالمايلى. ئىككىلىسى زىيالىي بولغاندىكىن بارا - بارا يولىنى تېپىۋالىدۇ......

بارات نىيازنىڭ سۆزى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا، جالالىدىن ئاخۇن ئورنىدا ئولتۇرالماي قىمىرلىغىلى تۇردى. بارات نىياز ئۇنىڭ كەيـ-

ـپياتىدىكى بۇ غەيرىي ھالدىن ئەجەبلىنىپ گېپىنى توختىتىۋىدى، جالالىدىن ئاخۇن شۇنى كۈتكەندەك سۆزلەپلا كەتتى:

— سىلى بىلمەيدىغان ئوخشايلا، سەدىردىن ۋىلايەتكە ئۆگىنىشكە كەتكەندىن بۇيان كەۋسەر ئۆز يولىدا ئەمەس، باشقا يولدا مېڭىۋاتىدۇ. كەۋسەرنىڭ غېنى ساقچى بىلەن يېتىلىشىپ ئايتاغقىچە بارغانلىقىنى مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يېتىپ بارغاندىمۇ سىلى يەنە: «ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا بىز ئارىلاشمايلى» دېسىلە يوللۇق بولماس! سەدىردىن ۋىلايەتتىن قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ باللارنىڭ ئانىسىمۇ ئاچچىق يۇتۇپ يېتىپ قالدى. سىلىنى «دادىسى بولغاندىكىن نەسىھەت قىلىپ توغرا يولغا سالار» دەپ كەلسەم...... بۇ ئىش...... سىلى...... ھەي، مەن قايتىپ كېتەي، سەدىردىن كەلگەندە بىر گەپ بولسۇن ئەمىسە......

جالالىدىن ئاخۇن بارات نىيازنىڭ ئۆزىتىپ قويۇشىنى كۈتمەيلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بارات نىيازدىن يەتكۈچە رەنجىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. بارات نىياز ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. توختاۋسىز تىترەۋاتقان جىسمىغا ئاچچىق بىر سىزىم يامراپ كىرىۋاتقاندا قېرىشقاندەك تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. رايى بولمىسىمۇ، ناھىيەدىن قىلىنغان مۇھىم تېلېفون بولۇپ قالمىسۇن يەنە دېگەنلەرنى ئويلاپ ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي!...... ۋەي!...... مەن نىياز! گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزما؟ مەن بېيجىڭدىن تېلېفون قىلىۋاتىمەن، — دېدى قارشى تەرەپتىن بىرسى بوغۇق ئاۋازدا.

بارات نىياز تېلېفون قىلغۇچىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نىياز ئىكەنلىكىنى غاژ - غۇژ ئاۋازلار ئارىسىدىن ئارانلا ئىلغا قىلالىدى.

«بۇ بالا قانداق بولۇپ ماڭا تېلېفون قىلىپ قالغاندۇ، بىرەر ئىش بولغانمىدۇ-يا؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ سەل ئەنسىككىنىچە ئۈزۈپ-ئۈزۈپ دېدى:

— ۋەي، باش ئاپاراتما! تېلېفوندا غىژ - غىژ كۆپىقۇ؟ گەپنى تازا ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايۋاتىدۇ. تەكشۈرۈپ باققان بولسىڭىز، ھە، ھە، بۇ مۇھىم تېلېفون ئىدى...... مۇھىم...... ھە، ئەمدى بىرئاز ياخشىلاندى، ھە، ئاڭلىدىم. نىياز، ئۆزلۈكۈڭ گەپ قىل، بىز ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، سىلەرچۇ؟

— بىزمۇ ياخشى...... مەن سىزگە...... ئۈچ كۈندىن بېرى تېلېفون قىلىۋاتىمەن. ھەر قېتىم تېلېفون قىلسام...... سىز ئىشخانىڭىزدا يوق بولۇپ چىقتىڭىز...... بۈگۈن تەلىيىم ئوڭدىن كەپتۇ...... ھەرنېمە بولسا كۆرۈشتۇق...... مەھەللىدە بىرەر ئىش بولدىما؟ يېقىندىن بېرى...... چۈشۈم تولا بۇزۇلدى. دادام - ئانىلار ساقمۇ؟ كەۋسەر سالامەتمۇ، يەنە...... سەدىردىن، ئابدۇللا سالامەتمۇ؟

— ئاقتاشتا...... غازلىقتا نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ كەتتى...... بالام...... بولسا راشىدىن بىلەن قايتىپ كېلىڭلار! ئابدۇللا ئۇ......

— ۋەي!...... ۋەي!...... ئاڭلىيالمىدىم، ئۆزلۈكۈڭ گەپ قىلىڭە؟ پەقەت ئاڭلىيالمىدىم...... ۋەي، ۋەي!......

تېلېفون تۇرۇپكىسى بارات نىيازنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ گەۋدىسىنى ئىش ئۈستىلىگە قويۇپ بەرگەنىدى. شۇ ئەسنادا ئورۇق بىر ئايال ئىشخانىغا تارتىنىپراق كىرىپلا قايتىپ چىقتى - دە، ياندىكى ئىشخانىنىڭ ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان ئىككى كىشىگە قاراپ:

— ھوي غوجىلىرىم، يېزا باشلىقى ئىشخانىسىدا يىقىلىپ قاپتۇ، چاپسان بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار دەرھال بارات

نىيازنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى.

* * *

بارات نىياز ئون نەچچە كۈندىن بېرى يېزىنىڭ دوختۇر-خانىسىدا يېتىۋاتاتتى. ھېلىقى كۈنى ئۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئەتىسى كۆزىنى ئاچقاندا، يېزىنىڭ باشقا مەسئۇللىرى دەرھال ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ ياخشىراق داۋالىنىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، بىراق بارات نىياز: «مۇشۇ يەردە بىرنەچچە كۈن داۋالانسام ياخشى بولۇپ كېتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كۆزلۈك يىغىم - تېرىم ۋاقتى كېلىپ قالدى، يېزىدىن ئايرىلسام بولمايدۇ» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئارىدا ھاكىم بىلەن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسىمۇ ئاتايىن ئاقتاشقا كېلىپ، بارات نىيازغا ناھىيەگە بېرىپ ياخشىراق داۋالىنىشنى ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا ئۇنىمىدى. دېمىسىمۇ، بارات نىياز بۇ يىل كۈزدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاقتاشنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماس كېلىدىغان بىر قىسىم ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى سىناق تەرىقىسىدە تېرىشنى پىلانلىغانىدى. مۇبادا ئۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ناھىيەگە يۆتكىلىپ داۋالانسا، بۇ پىلانلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باساتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەممىسى بارات نىيازنىڭ رايىغا ھۆرمەت قىلدى. بىراق، دوختۇرلارنىڭ دىياگنوزىغا ئاساسلانغاندا، ئاقتاشلىقلار «ساغلاملىقتا تۆمۈر كالىدەك مەزمۇت ئادەم» دەپ تەرىپلەيدىغان بارات نىيازنىڭ كېسىلى يۈرەكتە بولۇپ، دىققەت قىلمىسا يەنە قوزغىلىپ، يامانلىشىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى.

بۈگۈن پېشىن مەھەلدە كەۋسەر كىرا ماشىنىسىدا ئاقتاشقا كەلدى. بۇ كەۋسەرنىڭ دادىسى دوختۇرخانىدا ياتقانىدىن بۇيان

ئىككىنچى قېتىم كېلىشى بولۇپ، بۇ نۆۋەت ئۇ دادىسىغا قاراش ئۈچۈن ھەپتىلىك رۇخسەت ئالغانىدى. كەۋسەر دادىسىنىڭ كېسىلىدىن ئەنسىرىگەچكە، ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ داۋالىنىشقا قوشۇلمىغانلىقىغا بەكمۇ ئۆكۈنەتتى. گەرچە بارات نىياز «ئەمدى ناھىيەگە بېرىپ داۋالىنىدىغان گەپنى تىلىغا ئالما» دەپ تۇرسىمۇ، بىراق كەۋسەر ھە دېگەندە دادىسىنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى ئاغرىتىدىغان شۇ گەپنى شاتۇتىدەك تەكرارلايتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، ئۇ ئاسما ئوكۇل ئېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋېتىپ:

— دادا، يېزىنىڭ ئىشلىرى سىز بولمىسىڭىزمۇ يۈرۈشۈۋېرىدۇ، بۇنداق جاھىللىق قىلماي ناھىيەگە بېرىپ داۋالىنىڭ، — دېگەنىدى، بارات نىياز ئۇنىڭغا يەنە تېرىكتى:

— ساڭا نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، قىزىم. بۇ گەپنى ئەمدى ئاغزىڭغا ئالما. مانا ئۆزۈڭمۇ كۆرگەنسەن، ئەھۋالىم كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. مەن تېخى ئەتىلىككە بالىنىستىن چىقاي دەۋاتىمەن......

— دوختۇرلار سىزنى «ئۇزاق مۇددەت داۋالانمىسا بولمايدۇ» دېگەن تۇرسا نېمىگە ئالدىرايسىز؟ نەچچە يىلدىن بېرى دەم ئالماي ئىشلەۋېرىپ چارچىغانلىقىڭ كاساپىتى بۇ. ئەمدى ئوبدانىراق داۋالانمىسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ.

— قىزىم، مەن باشقىلارغا ئوخشىمايمەن، ئۇزاق دەم ئالساملا كېسەل بولۇپ قالىمەن. ئىشلەپ تۇرمىسام كېسىلىم ساقايماقتا يوق، ئېغىرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

بارات نىياز ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، تۇرۇپلا ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ، مۇشۇ كۈنگىچە كېسەل كارىۋىتىدا بىرنەچچە كۈن يېتىپ قالغىنىنى ئەسلىيەلمەيتتى. قانداق چاغدا قارىسا ئېتىز-قىرلاردا، ئۆستەڭ، توما باشلىرىدا چېپىپ يۈرگىنى يۈرگەنىدى.

بارات نىيازنىڭ بۇنداق ساغلاملىقى ئاقتاشلىقلارنىلا ئەمەس، ناھىيەدىكى بىر قىسىم تەكتۇشلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. قاچان ناھىيەدە يىغىن ئېچىلىپ، تەكتۇشلار جەم بولۇپ قالغاندا ھەممىسى دېيىشىۋالغاندەكلا بارات نىيازدىن قانداق قىلغاندا ساغلام بولغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا بارات نىياز: «زاغرا بىلەن قېتىقنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىڭلار، مۇھىمى ماشىنىدا ئۇزاق ئولتۇرماي، ئامال بار پىيادە مېڭىڭلار، مېنى ساغلام قىلغان دورا مانا مۇشۇ» دېگىنىچە سۆيۈنۈپ كۈلۈپ كېتەتتى. بىراق، مۇشۇنداق ساغلام ئادەمنىڭ بۇ قېتىم ئىشخانىسىدىلا يىقىلىشىدا مەلۇم يوشۇرۇن سەۋەب بار ئىدى. ھەممىنى قىزلىرىغا دەپ بولغىلى بولاتتىمۇ! راستىنى دېگەندە زۇلەيخان قازا قىلغاندىن كېيىن بارات نىيازنىڭ ئاشۇ ساغلام جىسمى لەسسىدە بوشىدى. ئۇ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى تۇنجى قېتىم سەزگەندە، ھەيران بولغان ھالدا: «توۋا، ئادەم دېگەن ئاجايىپ مەخلۇقكەنغۇ، ۋاقتى كەلسە بېتونىدەك مەزمۇت تەندىنمۇ چاتاق چىقىۋېرىدىكەن» دېمەي تۇرالمىدى. ئىلگىرى ئۆز - ئۆزىگە مۇشۇنداق پىچىرلىغان بولسا، ئەمدىلىكتە كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ: «ئادەمگە كېسەللىكنىڭ ئەڭ ئېغىرى يۈرەكتىن — باشقىلارنىڭ بىھۇدە ئازارلىرىدىن ھەم بېشىڭغا كەلگەن قىسمەتلەردىن تېگىدىكەن» دەپ پىچىرلايتتى. راست، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ كۆڭلىدە بۇنى تالاي قېتىم ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق ئەتراپىدا پەرۋانىدەك كۆيۈپ - پىشىپ يۈرۈشكەن قىزلىرىغا ياكى باشقا تۇغقانلىرىغا دەپ باقمىدى، ھەتتا ئۇ ئىمامبەگ بىلەن جالالدىن ئاخۇننىڭ ئاغزىنى ئۇچلاپ يۈرىكىنى ئاغرىتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، كەۋسەرگە تەنبىھ بېرىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. كۆڭلىدە «مۇشۇنداق ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇپ باشقىلارغا چاندۇرمىسام ئارام تاپىمەن» دەپ ئويلايتتى. لېكىن، بۈگۈن ئىشلار ئىلگىرىكىدەك بولمىدى. كەۋسەر كەلگەندىن

كېيىن ئاچىسى ئۆيىگە كەتتى. كەۋسەر بالىنىستتا دادىسى بىلەنلا قالدى. ئۇ دادىسىنىڭ زەئىپ ھالىغا قاراپ، «مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە دادام بىردىنلا قېرىپ، مۈكچىيىپ قاپتۇ. بىرگە چاندۇرمىغان بىلەن كېسىلى ئېغىر بولسا كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلاپ بەكلا ئەندىشە قىلدى. بىر چاغدا بارات نىياز ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا دېدى:

— قىزىم، سەندىن يوشۇرمايمەن. ساڭا دېسەم، كونىلارنىڭ «ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن» دېگەن گېپىنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى باركەن. مەن مۇشۇ يېشىمغىچە ئاقىتاشنى گۈللەندۇرىمەن دەپ تىنىمسىز ئەجىر قىلدىم. بۇ جەرياندا بېشىمدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتتى. يېزا ئىگىلىكىدە ھە دېگەندە ھەممە ئىشلارنى تەكشى قىلىپ كەتكىلى بولمايدىكەن. بەزىلەرنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، يەنە بەزىلەرنى نارازى قىلىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن. نارازى بولغانلار سەندىن ھامان ئۆچىنى ئېلىشنىڭ كويىدا بولىدىكەن. ئۆز يولىدا ئۆچىنى ئالسىغۇ ئۆزۈمنىڭ شورى دەپ بەرداشلىق بېرىدىكەنسەن. ئەمما، باشتىن - ئاخىر ياخشىلىقىڭغا نائىل بولغانلار كۈتۈلمىگەندە سېنى چىشلىسە ئادەمگە بەكمۇ ھار كېلىدىكەن، قىزىم...... — بارات نىياز گېپىنى توختىتىپ بىردىنلا جىمىپ قالدى.

كەۋسەر دادىسىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ، كىمدۇر بىرسىدىن دىلى قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— بولدى، دادا، ھەرقانداق ئىش بولسا كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، خاتىرجەم داۋالىنىڭ. كۆپ گەپ قىلسىڭىز چارچاپ قالىسىز، — دېدى كەۋسەر دادىسىنىڭ يىرىك بارماقلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

بارات نىياز تورۇسقا قاراپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن،

كەۋسەرنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئەنسىرىتىپ كېلىۋاتقان ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچتى.

— سەن نېمىشقىمۇ غېنى بىلەن ئايتاغقا بېرىپ يۈر-گەنسەن...... بەزى كىشىلەر سېنىڭ خەلچەم بىلەن ئابدۇللانى دەپ جاپا چەككىنىڭنى كۆڭلىگە ھەرگىزمۇ سىغدۇرالمايدۇ، قىزىم......

بارات نىياز نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي، كېسەللىك تۈپەيلى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئالدى. ئۇنىڭ كۆكۈچ لەۋلىرى ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك تىترەيتتى. دادىسىنىڭ بۇ قەدەر مىسكىن ھالىغا قاراپ ۋۇجۇدىغا يىغا ئولاشقان كەۋسەر بېشىنى دادىسى يېتىۋاتقان كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە قويدى. شۇ ئەسنادا كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلگەن ياشلار دادىسىنىڭ ئالقانلىرىنى ھۆللىدى. ئۇ ئەسلىدە دادىسىنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىۋاتقان ئازابنى ئۆزىنىڭ غېنى ساقچى بىلەن ئايتاغقا بېرىپ پەيدا قىلغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. راست، ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن كەۋسەر ئۆزىنى تىقابلاپ، ۋاقتىنى ۋە غېنى ساقچى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئورۇنى ياخشى تاللىغانىدى. شۇنداقتىمۇ يامان كۆزلەرنىڭ نازارىتىدىن چەتتە قالالمىغىنىغا ھەيرانلىقى ئېشىۋاتاتتى. گەرچە سەھرانىڭ باغرى كەڭ، ئادەملىرى شالاڭ بولغان بىلەن، گېپى كەلگەندە مانا مۇشۇنداق كىچىككىنە غەيرىيلىكنى ئۆز باغرىغا سىغدۇرمايتتى. قايسىدۇر پىنھان بۇلۇڭدا بولۇنغان خۇپىيانە گەپ - سۆزلەرمۇ بەئەينى رادىيو دولقۇنىدەك تېزلىكتە باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولاتتى. بارات نىياز دىلىنى قاتتىق رەنجىتىپ، ئاخىرىدا جىسمىنى كېسەل كارىۋىتىغا سۆرەپ چىققان دەرد - ئەلەملىرىنى ئېنىق دېمەي، پەقەت گەپنى يوپۇتۇپ ئېيتقان بولسىمۇ، كەۋسەر ھەممىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ

ئۆلگۈردى. ئۇ جالالىدىن ئاخۇنىنىڭ مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ دادىسىغا ئازار بەرگەنلىكىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمايتتى. ھەرھالدا بۇ يەردىكى سىر بارات نىيازنىڭ ئاشۇ كەڭ كۆكسى - قارنىغا دەپنە قىلىنغانىدى.

— دادا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن...... مەن...... ھەممىنى بىلدىم، ئەسلىدە ئۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن، بەكمۇ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن!

كەۋسەرنىڭ بۇ ھەسرەتلىك نىدالىرىغا بارات نىياز باشقا ئىپادە بىلدۈرمەيلا، چىرايلىق پېشانىسىنى ئاتىلىق مېھرى بىلەن سىلاپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، كەۋسەر بىلەن غېنى ساقچىنىڭ ئايىتاغقا بېرىپ، ئاقتاشتا ئۇشتۇمتۇت يەر - جاھاننى تىترەتكەن گۈلدۈرماملەك ھەممىنى چۆچۈتىۋەتكەن ئىشنىڭ خۇلاسىسى ئاخىر بېرىپ بارات نىيازنىڭ يۈرىكىنىڭ زېدە بولۇشى، مانا ئەمدىلىكتە ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ مۇشۇنداق ئۇنسىز مۇڭدىشىشى بىلەن ئاخىرلاشقان بولدى. گەرچە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بارات نىياز بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، كەۋسەرنىڭ ۋىجدان ئازابى تۈگىمەيۋاتاتتى. شۇڭا، دادىسىنىڭ ھالىغا نەزەر سالسىلا ئۆزىنى ئەيىبلەپ كېتەتتى. بارات نىياز بارا - بارا كەۋسەرنىڭ بۇ خىل روھىي ئازابىنى سېزىپ، ھەر ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. دېمىسىمۇ ئۇ كەۋسەرنىڭ ئازابلىنىشىنى ئەسلا خالىمايتتى.

بۈگۈن ئاقتاشنىڭ كالتا بازىرى قىزىيدىغان كۈن ئىدى. ئۆرۈكلۈك باغقا جايلاشقان بۇ يېزا بازىرىنىڭ داڭقى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ موللۇقى بىلەن يىراقلارغىچە تارقالغانىدى. چۈشكە يېقىن كەۋسەرنىڭ ئوتتۇرانچى ئاچىسى بالىنىستقا كېلىشىگىلا بارات نىياز كەۋسەرگە:

— قىزىم، يېنىمدا ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپمۇ قالغانسەن،

ئەمدى ماڭا ئاچاڭ قارىسۇن، بۈگۈن يېزىمىزنىڭ بازىرى قىزىيدۇ، كۆرسەڭ بىلىسەن، بۇ بازار بارغانسېرى ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بازارغا چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ كىرگىن، — دېدى مېھرىبانلىق بىلەن. كەۋسەر ئۇنىمىغانىدى، ئاچىسىمۇ زورلاپ تۇرۇۋالدى. شۇ ئەسنادا بىرنەچچە كىشى بارات نىيازنى يوقلاپ بالنىستقا كىرىپ كىلىۋىدى، كەۋسەر نائىلاج سىرتقا ماڭدى. كەۋسەرنىڭ بازار ئايلىنىشقا ئازراقمۇ رايى يوق ئىدى، خېلىدىن بېرى قەلبىنى قاماللاپ تۇرۇۋاتقان ئازاب روھىي كەيپىياتىنى خۇددى توقايلاردىكى توختام سۇغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم دادىسىنىڭ بالنىستقا كىرىپ قېلىشىغا ھېلىقى بەڭباشلىقى سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلگەنىدىن كېيىن ئازابى تېخىمۇ كۈچىيىۋاتاتتى. كەۋسەر دوختۇرخانا قورۇسىدا خىيالغا چۆكۈپ، شۇ كۈنى ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىن باشلاپ، ئەتىسى غېنى ساقچى بىلەن ئايتاغقا بېرىپ، باشتىن كەچۈرگەن بىر قاتار ئىشلارنى كۆڭلىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى. بىر ھېسابتا ئۇ دادىسىغا بىھۇدە ئازار بەرگۈچىنىڭ كىملىكى ئۈستىدە ئويـ ـلىنىۋاتاتتى. ئەپسۇس، ئۇ شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ بىرەر نىشانىنى جەزملەشتۈرەلمەيۋاتاتتى. دادىسىنى تۈنجى قېتىم يوقلاپ كېلىپ غېنى ساقچى بىلەن تاسادىپىي كۆرۈشكەندىمۇ، غېنى ساقچىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق شەپىسىنى سەزـ مىگەنىدى. بۇنى ئويلىغانسېرى كەۋسەرنىڭ خىياللىرى قالايمىقانـ ـلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېشى ئۇشتۇمتۇت قېيىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالغىلى تاسلا قالدى. كېيىن ھەرھالدا يېنىدىكى قورۇ تېمىنى تۇتۇۋالدى. شۇ ئەسنادا ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئاق خالاتلىق بىر ئايال پەيدا بولۇپ ئۇنى ياندىكى بۆلۈمگە باشلاپ كىردى. كەۋسەر بۇ ئايالنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. دوختۇر كەۋسەرگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن نەزەر

سالغاندىن كېيىن قان بېسىمىنى ئۆلچەشكە تۇتۇندى ۋە:
— دېرىزىدىن قارىسام بىئارام بولۇۋېتىپسىز، چارچاپ كەتكەندەك تۇرىسىز، يېزا باشلىقىنىڭ كېسىلىمۇ ئاساسەن تۇراقلىشىپ ساقىيىشقا يۈزلەندى، بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ. ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بەكمۇ جاپالىق، ئۆزىڭىزنى ئاسرىمىسىڭىز بولمايدۇ. قارىمامسىز، خېلىلا جۇدەپ قاپسىز، سىز دېگەن تېخى بالا تۇرسىڭىز...... — دېدى كۆيۈنگەن هالدا. دوختۇر كەۋسەرنىڭ قان بېسىمىنى تەكشۈرۈپ قانائەت هاسىل قىلمىدى بولغاي، ئەمدى ياندىكى كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. گەرچە كەۋسەر ئۇنىڭ بۇنچە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كېتىشىنى ئارتۇقچە دەپ بىلسىمۇ، بىراق ئۆزىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىۋاتقاچقا، رايىشلىق بىلەن ماسلىشىپ بەردى.
— يېقىن ئارىدا تەكشۈرتۈپ باققانمىدىڭىز؟— سورىدى دوختۇر بىر چاغدا تىڭشىغۇچنى قۇلىقىدىن ئېلىۋېتىپ.
— ياق، تېنىمدە باشقا كېسەل بولمىغاچقا...... — دېدى كەۋسەر دوختۇرنىڭ مۇددىئاسىنى تازا ئاڭقىرالماي.
— سىزگە خۇش خەۋەر ئېيتاي، كەۋسەر، بويىڭىزدا باركەن، مۇبارەك بولسۇن! يېزا باشلىقى ئۇقسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر.
ئەپسۇس، دوختۇرنىڭ بۇ گېپى كەۋسەرنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغاچقا، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يېقىندىن بېرى ئۆزىدە كۆرۈلۈۋاتقان نورمالسىزلىقلارنىڭ مۇشۇنداق خۇلاسىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بولدى قىلغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىر مەزگىل بولسىمۇ ئۆزىنى ئالداپ ئۆتتۈشنى ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى بويىدا بارلىقى ئاشكارىلىنىۋىدى، شۇ تاپتىكى هېسسىياتىنى دوختۇرنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىققا هەرقانچە تىرىشسىمۇ، بىئارام بولۇۋاتقانلىقى چىرايىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ...... مەن...... راست، ئۆزۈممۇ بىلگەنىدىم......
بىراق......

كەۋسەرنىڭ تىت - تىت بولۇۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ دوختۇرمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئەسلىدە دوختۇر «كەۋسەر بۇ خەۋەردىن تازا خۇش بولۇپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ھازىر ئىش كۈتكەن يەردىن چىقمىغاچقا، نېمە دېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. بۇنى سەزگەن كەۋسەر ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپلا چىقىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يالغۇزلۇقنى خالاپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ، سەدىردىن بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ھالى پەيدا بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، دوختۇر يەتكۈزگەن بۇ خەۋەر كەۋسەرنى ھەرگىزمۇ خۇش قىلالمايتتى. دوختۇرخانا قورۇسىدا كېتىۋاتقان كەۋسەر بىردىنلا ئانىسىنى ئېسىگە ئېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. كېيىن مىڭ تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بازار ئايلىنىش ئارقىلىق ئازابلىق خىياللارنى كۆڭلىدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى قىلىشنى ئويلاپ قەدەمنى تېزلەتتى. دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا، ئىككى كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدا چېپپىدە توختىدى. دېگەنەدەك ئۇلارنىڭ بىرسى كەۋسەرنى ھەمراھىغا كۆرسىتىپ: «ئەنە كەلدى، نەق تېپىپتۇق. مۇشۇ خانىم شۇ، يېزا باشلىقىنىڭ قىزى» دېگىنىچە كېلىپ ئىككىسى كەۋسەرگە تەڭلا سالام قىلىشتى. كەۋسەر قاراپلا ئۇلاردىن بىرسىنىڭ ھېلىقى كۈنى كەۋسەر غېنىي ساقچى بىلەن ئايتاغىنىڭ يولىدا ئۇچراتقان ئوك مەگزىدە تەگكەندەك تارتۇقى بار باقى ئىسىملىك يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلدى. يەنە بىرسى باقىدىن ياشتا چوڭ كىشى بولۇپ، كەۋسەرگە ناتونۇش ئىدى. كەۋسەر دەماللىققا «بۇلار دادامنى يوقلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. دېمىسىمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە بارات نىيازنى يوقلاپ يىراق - يېقىندىن كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى.

ــ ھە، باقى، سىزكەنسىز ـ دە! ــ دېدى كەۋسەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ.

باقى ھەمراھىغا «قانداق، مېنى راستتىنلا تونۇمىدىكەن» دېگەندەك قاراپ قويۇپ دېدى:

ــ ھەرنېمە بولسا مېنى تونۇدىلا، خانىم. بىز سىلىنى بەك ئىزدەپ كەتتۇق. ناھىيەدە سىلى ئىشلەيدىغان مەكتەپكە بارساق، سىلىنى «دادىسى كېسەل بولۇپ قاپتىكەن ئاقتاشقا كەتتى» دېدى. شۇڭا، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلدۇق.

ــ قارىغاندا، ئىش ھەققىڭلارنى ھازىرغىچە ئالالمىغان ئوخشايسىلەر ـ ھە؟ ئۆتكەندە غېنىكام ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنغۇ! ئۇنىڭ چولىسى تەگمىگەن چېغى، بىز ھازىرلا ئۇنى تېپىپ كۆرۈشەيلى.

ــ بولسا شۇ ھاجىتىمىزنى راۋا قىلىپ بەرگەن بولسىلا، خانىم...... ھەم يەنە...... مەن ئىلگىرى نادانلىق قىلىپ بەزى بىر يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالغان. شۇڭا، غېنى ساقچى ھازىر مېنىڭ يامان ئىشتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئادەم بولغىنىمغا ئىشەنمەيدۇ. دېمەكچىمەنكى، سىلى...... ــ باقى نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي يېنىدىكى ھەمراھىغا قاراپ قويدى. ھەمراھى بولسا ئارىسالدىلىق ئىلكىدە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كەينىگە قارايتتى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ غەيرىيلىك كەۋسەرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

ــ باقى، سىز ئۆزگەرگەنلا بولسىڭىز، ياخشى ئادەم بولغانلىقىڭىزغا غېنىكام ئىشىنىدۇ. مۇبادا ئۇ ئىشەنمىسە مەن چۈشەندۈرىمەن. قېنى، ھەرقانداق گېپىڭلار بولسا تارتىنماي دەڭلا! قولۇمدىن كەلسىلا سىلەرگە ياردەم قىلىمەن، ــ دېدى كەۋسەر سەممىي تەلەپپۇزدا.

ــ ماۋۇ سەيدۇللاكام بىلەن مەتنىياز مارۇق رازاقنىڭ ئۆلۈمىنىڭ

سىرىنى بىلىدىكەن. مەن بۇلارغا سىلىنى غىنى ساقچىغا دەپ ئىش ھەققىمىزنى ئېلىپ بېرىدۇ دېگەنىدىم ...... شۇڭا...... — باقى نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ يېنىدىكى ھەمراھىغا قاراپ قويدى. سەيدۇللا ئىسمىلىك كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ، باقىنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى.

شۇ چاغدا كەۋسەر باقىنىڭ باش - ئاخىرى يوق گەپلىرىدىن رازاقىنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى. دەردلىك كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ، يۈرىكىمۇ تېز - تېز سوقۇشقا باشلىدى. ھېلىلا كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغان ئىشلار قاياققىدۇر يوقىلىپ تاقەتسىزلەنگەن ھالدا:

— سەيدۇللا ئاكا، چاپسانراق ئېيتىڭە، رازاقىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا زادى نېمىلەرنى بىلىسىز؟ بۇ بەكمۇ مۇھىم! — دېدى جىددىيلىشىپ.

سەيدۇللا ئەتراپقا يەنە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— خانىم، ماۋۇ باقى سىلىنىڭ ياخشى تەرىپلىرىنى كۆپ قىلدى. ئاڭلىسام، سىلى بوسۇغىسى ئېگىز ئائىلىنىڭ قىزى بولسىلىمۇ، بىزدەك نامراتلارغا كۆڭۈل بۆلىدىكەنلا، خۇدايىم دەرىجىلىرىنى زىيادە قىلسۇن. مەن بىلىدىغان ئىشلارنى سىلىگە دەپ بېرەي: ئايتاغلىق مەتنىياز مارۇق، توختى تېكە ئۈچىمىز رازاق ياربىلانىغان ھېلىقى كۈنى ئاشۇ يەردىن ماشىنا بىلەن ئۆتكەن. مەن ماشىنا كوزۇپىدىكى سېمونتنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغان بولسامۇ، رازاقىنىڭ زەخمىلەنگەنلىكىنى توختى تېكە بىلەن مەتنىياز مارۇق ئېنىق كۆرۈپتىكەن، ئۇلار ماڭا شۇنداق دېگەن. شۇ ئىشتىن كېيىن بىز باش توسىمىدا ئىشلەپ، بىرنەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا ماۋۇ باقىلار ئىشلەۋاتقان يەرگە يۆتكىلىپ كەلدۇق. بىز تاغنىڭ تۆرىدە بولغاچقا، رازاقىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەپتۇق. يېقىندا ماۋۇ باقىدىن

ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ ئىش ئورنىدا تارقالدى. ئىش بېشى «بۇ ۋەقەنى بىر كىمگە دېمەڭلار، ئەگەر بىرگە چاتاق تېپىپ بەرسەڭلار ئىش ھەققىڭلارنى بەرمەيمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن......

— چاپسان دەڭە، رازاق قانداق بولۇپ يارىلانغان؟

— يارىلانمىغان، بېشىغا پولات چىۋىق تېگىپتىكەن شۇ......

— ھە...... ھە...... جەريانىنى چاپسان دەڭ؟

— بۇ ئىشنى توختى تېكە بىلەن مەتنىياز مارۇق ئېنىق بىلىدۇ. ئۇلارغا «بۇ يەرگە بىللە كېلەيلى» دېسەك، «بىزگە جىنايەت ئارتىلىپ قالىدۇ، بىر كىمگە دېمەيلى» دەپ ئۇنىمىدى. ئۇ ئىككىسى ھازىر بازاردا بار.

— ئەمىسە چاپسان بولۇڭلار، ئۇلارنى تاپايلى، — كەۋسەر شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى. بىراق، باقى بىلەن سەيدۇللا كېلىشىۋالغاندەكلا ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇرۇشتى.

— خانىم، — دېدى سەيدۇللا دېلىغۇللۇق ئىلكىدە، — ئۇنداق بولسا سىلى غېنى ساقچىغا دەپ بىزنىڭ دامبا قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگەن ئىش ھەققىمىزنى ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولسىلا، بىز ھازىرلا ئۇ ئىككىسىنى باشلاپ كېلەيلى.

ئۇنىڭغا ئۇلاپلا باقى ئېيتتى:

— خانىم، ئۆتكەندە سىلى بىلەن ئايناغدىن تىراكتوردا كېلىۋاتقۇچە رازاقنىڭ قاتىلى دېيىلىپ تۈرمىگە كىرىپ قالغان ئابدۇللا توغرىسىدا كۆپ مۇڭداشقاندۇق. مەن شۇ چاغدا سىلىنىڭ بېشىغا كۆپ چۈشكەنلەرگە يار - يۆلەك بولىدىغان ياخشى خۇلق-مىجەزلىرىنى بىلگەنىدىم. «ياخشىلىققا ياخشىلىق» دېگەن گەپ بار، سەيدۇللاكام دېگەندەك غېنى ساقچىغا بىز ئۈچۈن تۈت ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا. مەن ئۆتكەندە بىلگەن، غېنى ساقچى سىلىنىڭ گەپلىرىنى بەك ئاڭلايدىكەن، ھېلىقى ئىككىسىنى تېپىپ

كېلىشنى ماڭا قويسىلا!

كەۋسەرنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىگە قاراپ باقىمۇ جىددىيىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، شۇ تاپتا كەۋسەر زىيادە هاياجانلانغانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، بەدەنلىرى تىترەۋاتاتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، غېنىكامغا دەپ ئىش ھەققىڭلارنى ئېلىپ بېرىشكە مانا مەن كېپىل! بىز دەرھال ھېلىقى ئىككى ھەمراھىڭلارنى تېپىپ غېنىكامنىڭ يېنىغا بارايلى ئەمىسە، — دېدى كەۋسەر مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىققاندا، باقى:

— بىز ئاتايىن دوختۇرخانىغا كېلىپ يېزا باشلىقىنى يوقلىمايلا ماڭامدۇق؟ — دېۋىدى، كەۋسەر كەسكىن ھالدا:

— سىلەرگە رەھمەت، بىزگە ھازىر بۇنىڭدىن مۇھىم ئىش يوق. سىزگە دېسەم، داداممۇ مۇشۇ ئىشلارنىڭ خاپىلىقىدىن كېسەل بولۇپ قالدى. بۇ دېلو ئايدىڭلاشسا ھەممىمىزگە ياخشى بولاتتى. كونىلارنىڭ «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگىنى راستكەن. مەن سىلەرنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن...... باقى، سىز ھەقىقەتەنمۇ ياخشى يىگىتكەنسىز...... — دەپ، ئۆزىگە سوڭدىشىپ كېتىۋاتقان باقىنى ئوڭايسىزلاندۇرۇۋەتتى.

— بۇنچە دەپ كەتمىسىلە، خانىم، مەنمۇ قولۇمنى يۇيۇپ نان يەيمەن. قاراپ تۇرۇپ گۇناھسىز ئادەم ئۇۋالچىلىق تارتسا ۋىجدانىم ئازابلىنىدۇ. شۇ كۈنى تىراكتوردا مۇڭدىشىش جەريانىدا كۆڭۈللىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. بىز ئەتىسى ناھىيەدىن سېمونتنى ئېلىپ ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلگەن ئاخشىمى ياتاقتا سەيدۇللاكامغا رازاق خۇمدانچىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېگەنىدىم، شۇنداق قىلىپ، بۇ گەپ ئارىمىزدا تارقىلىپ

كەتتى.

ــ رازاقنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئىش ئورنىدىكىلەرگە دەپ خويمۇ ئوبدان قىپتىكەنسىز، باقى، بولمىسا بۇ يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمايدىكەنمىز.

كەۋسەرنىڭ يىقىنچىلىقى باقىنى سۆيۈندۈرۈپ رىغبىتىنى بارغانسىرى ئاشۇرۇۋاتاتتى. دىمىسىمۇ، ئۇنىڭ كىشىلىك ئىززىتىنى هازىرغىچە كەۋسەردىن ئۆتە ۋايىغا يەتكۈزگەن ئادەم يوق ئىدى. ئەتراپىدىكىلەر هە دىسىلا ئىلگىرىكى هايتاقلىقىنى چىشلەپ تارتىشىپ باش كۆتۈرگۈزمەيتتى. شۇڭىمۇ ئۇ توغرا يولغا كىرگەندىن بىرى رەستىلەردىن يالتىيىپ، ياقا - پۇچقاقلاردا تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرەتتى.

ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدا ئالدىراش كىتىۋاتاتتى. باقىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى هەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ، هىلىقى ئىككى كىشىنى ئىزدەيتتى.

ــ تاغلىق دىگەن بەكمۇ قورقۇنچاق كىلىدىكەن، ــ دەيتتى باقى كەۋسەرگە ياندىشىپ مىڭىۋىتىپ، ــ مەن ئۇلارنى بۇ يەرگە «ئىش هەققىڭىزنى ئىلىپ بىرىدىغان بىرسى بار، ئۇنىڭ يىنىغا بارايلى!» دەپ ئاران باشلاپ كەلگەنىدىم. بىراق، غىنى ساقچىدىن قورقۇپ يالتىيىۋىلىشتى. هە راست، خانىم، سىلى غىنى ساقچىغا تاپىلاپ قويسىلا، ئامال بار تاغلىقلارغا قاتتىق تەگمىسۇن، ئۇلار ساقچىلاردىن قەۋەتلا قورقىدىكەن......

باقىنىڭ سۆزلىرى كەۋسەرگە شۇنچە قىزىق تۇيۇلۇۋاتسىمۇ، قايتىلاپ گەپ سورىسام مىڭىش سۈرئىتىمىز ئاستىلاپ قالىدۇ دەپ ئويلىدىمۇ «هە، بەك ياخشى قىپسىز» دىگەندىن باشقا گەپ قىلماي مىڭىۋەردى. دىگەندەك باقىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇ ئىككى كىشىنى قىم - قىم ئادەملەر ئارىسىدىن ئاخىر تىپىۋالدى. ئۇلار ساقچىخانىغا كەلگەندە، قىرىنىشقاندەك غىنى ساقچى ئىشخانىسىدا

يوق بولۇپ چىقتى. ياندىكى ئىشخانىدا نۆۋەتچى ساقچى بىر كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇ كەۋسەر بىلەن باقىنى كۆرۈپ سۆزلەپلا كەتتى:

— ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆرۈڭ ئەمدى! ھوي، باقى پەشتاق، ئۇزاقتىن بۇيان يوقاپ كەتكەنىدىڭ، بۈگۈن يىزا باشلىقىنىڭ قىزى ئاران دېگەندە بۇ كالتە بازارغا كەلگەندە، ئادەم تېپىلمىغاندەك ئۇنىڭ يانچۇقىغا قول سالدىڭما، دەيلىز؟! باشقىلار سەن پەشتاقنى «ھوشىنى تېپىپ ياخشى ئادەم بولدى» دېسە، مەن ھەرگىزمۇ ئىشەنمىگەنىدىم. دېگىنىم ئىسپاتلىنىپ، ئاخىر قولغا چۈشۈپسەن مانا!......

تاقەتسىزلەنگەن كەۋسەر نۆۋەتچى ساقچىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئېتىراز بىلدۈردى:

— نېمە دەۋاتىسىز؟ ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەۋەرمەڭ، ساقچىخانىغا كەلگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى يامان ئادەم بولامدىكەن؟ بىلىپ قويۇڭ، باقى ھازىر يېگىتتەك ياخشى ئىش قىلىۋاتىدۇ. گەپ سىېتىپ تۇرماي دەرھال غېنىكامنى تېپىپ كېلىڭ. ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا كۆرۈشمىسەك بولمايدۇ، — كەۋسەرنىڭ چىرايىدىكى كەسكىنلىكنى كۆرگەن نۆۋەتچى ساقچى سەل پەسكويغا چۈشتى ۋە:

— نېمە، بۇ پەشتاق بۈگۈن ياخشى ئىش قىلدىما تېخى! توۋا، خۇدايىم! — دېدى مەنىستىمىگەندەك تەلەپپۇزدا.

— يەنە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىز؟ چاپسان بولمامسىز! بىز بۇ يەرگە بېشىمىز ئاغرىپ قېلىپ كەلمىدۇق! دېلو مەلۇم قىلغىلى كەلدۇق! — كەۋسەرنىڭ بۇ گېپى نۆۋەتچى ساقچىغا تەسىر قىلدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن تېلېفوننىڭ يېنىدىن نېرى كەتسەم بولمايدۇ، بىرسىنى ئەۋەتەي، غېنى سوجاڭنى چاقىرىپ كەلسۇن ئەمىسە، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

— قارىسىلا، ماۋۇ تاغلىق ياۋايىلارنىڭ ھالىغا، ساقچىلارنى كۆرسە قورققىنىدىن زوۋانى تۇتۇلىدىكەن ئەمەسمۇ. چېقىلىشنىڭ ئارىسىدا ياشىغان ئادەم دېگەن خۇددى ياۋا توشقانغىلا ئوخشايدىكەن، خانىم. دائىم ئادەمدىن قېچىپلا يۈرگەن، — دېدى باقى قىزىقچىلىق قىلىپ. كەۋسەر كۈلۈمسىرەپ قويۇۋىدى، ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، — كۆرگەنسىلەر، ساقچىخانا دېگەندە ئادەم يەيدىغان يولۋاس يوق، سىلى - بىزدەك ئادەم بار مانا!......

شۇنداقتىمۇ ھېلىقى ئىككىيلەن نېمىدىندۇر خاۋاتىرلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ لام - جىم دېمەستىن، بىردە قورۇنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا، بىردە كەۋسەرگە قاراپ مەڭدەپ تۇرۇشلىرىدىن قورۇنۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يېتىپ كەلگەن غېنى ساقچى كەۋسەرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىچە ئالامەتلەرنى كۆرۈپ جىددىيلەشتى.

— بەك ئالدىراش كۆرۈنىسىز، بىرەر ئىش بولدىمۇ، قانداق؟ قەدىمىڭىز بۇ يەرگە ئاران بىر يەتكەندە ساقلىتىپ قويۇپتىمەن. ھازىرلا دوختۇرخانىغا باراي دەپ تۇراتتىم، سەل ئالدىراش بولۇپ قېلىپ...... نېمە، ماۋۇ يانچۇقچى...... ياق...... ياق...... باقىمۇ كەپتىغۇ؟......

— غېنىكا، ئاۋۋال ئىشخانىڭىزغا كىرەيلى. گەپنى مەندىن ئەمەس، ماۋۇ ئاكىلاردىن ئاڭلاڭ! رازاقنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم يىپ ئۇچى تېپىلدى......

غېنى ساقچى سەل گاڭگىراپ قالغان بولسىمۇ، كەۋسەرنىڭ چىرايىدىكى قەتئىيلىك ئىپادىلىرىگە قاراپ ئەندىككىنىچە ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ھەممەيلەن ئىشخانىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، غېنى ساقچى بايا سىرتتىن ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىپ قورۇدا قاراپ تۇرۇشقان ئىككى ساقچىنىمۇ چاقىرتىۋالدى.

باشتا باقى، ئاندىن سەيدۇللا، ئاخىرىدا توختى تېكە بىر - بىرلەپ سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى دەسلەپتە رازاقنىڭ ئۆلۈمگە چېتىلغان بولسىمۇ، كېيىن دامبا قۇرۇلۇشىدا ئىشلەپ ھازىرغىچە ئىش ھەققىنى ئالالمىغانلىقتىن ئىبارەت شىكايەتكە باغلىنىپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، غېنى ساقچىنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك گاڭگىرىتىپ قويدى. كەۋسەر ھەقىقي ئەھۋالنى باقىدىن تەپسىلىي سوراشنى ئويلاۋاتقاندا، ئەتىدىن بېرى زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغان مەتنىياز مارۇق ئالدىغا بىرئاز سۈرۈلۈپ گەپ باشلىدى:

— ھاي، بىرىڭلار گەپ قىلغاندا، باشقىلار جىم تۇرۇڭلار! تاغلىق بولساقمۇ ھەق گەپ قىلمىساق بولمايدۇ. ئەتىدىن بېرى شۇنچە جىق گەپ قىلغىنىڭلار بىلەن، ماۋۇ سوجاڭ بىلەن خانىم ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى. بۇ ئىشقا ئىش ھەققىمىزنى ئالالمىغانلىقىمىزنى قوشۇۋالماي، ئىككى ئىشنى ئايرىم - ئايرىم دەيلى مۇنداق. باقى باشتا دېگەنغۇ، ئىش ھەققىمىزنى غېنى ساقچى چوقۇم ئېلىپ بېرىدۇ.

— توغرا، توغرا، مەن ئىش ھەققىڭلارنى ئەتىلا ئېلىپ بېرىمەن. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى غېنى ساقچى مەتنىياز مارۇققا قاراپ. ئاندىن «گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەتنىياز مارۇق سالماق ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇ كۈنى بىز ئىش بېشىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە سېمونت بىلەن پولات چىۋىق ئەكېلىشكە ناھىيەگە ماشىنىدا بارغانىدۇق. كەچقۇرۇن پولات چىۋىق بىلەن سېمونتنى ئېلىپ قايتىپ كېلىۋاتساق، رازاق تېرىچى يولدا بىرسى بىلەن ياقا سىقىشىپ تۇرۇپتىكەن. بىز ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىشىمىزگە، ئۇلاردىن بىرسى موتوسىكلىتنى مىنىپلا غازلىق تەرەپكە كېتىپ قالدى. رازاق تېرىچى ئىلگىرى ئايىغىغا تېرە سېتىۋالغىلى باراتتى. بىز خېلى

ئۇبدان تونۇشاتتۇق. رازاق موتوسىكلىتىغا مىنىپ بىزگە ئەگىشىپ ماڭدى. يول ئەسكى بولغاچقا ماشىنا ئاستا ماڭغانىدى. تۇختى بىلەن مەن كوزۇپتىكى سېمونتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتۇق، رازاق: «ھەي مارۇق، سېمونتنىڭ ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپسەنغۇ!» دەپ چاقچاق قىلدى. قارىسام كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى يىرتىلىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا، مەنمۇ چاقچاق قىلىپ: «خوتۇنۇڭلا ياقاڭلىغا ئېسىلغان ئوخشىمامدۇ، باي!» دېسەم، رازاق كۈلدى، ئاندىن غازلىق تەرەپكە قاراپ قويۇپ: «ئەنە ئاۋۇ يالاڭ تۈش يىرتىۋەتتى، زاڭقىغا ئىككىنى قويسام قۇيرۇقنى خادا قىلىپ قاچتى» دېدى. غازلىق تەرەپكە قارىساق، خېلى ئۇزاقتا بىرسىنىڭ قارىسى غۇۋا كۆرۈندى. شۇ چاغدا رازاق: «ھەي، تاغلىق ياۋلار! شۇمشىيىپ ئولتۇرماي سېمونتنى تۈت - بەش قاپ تاشلاڭلار، شوپۇر كۆرمەيدۇ. خەجگىلارنى بېرىمەن، گۆشكىردە ئېلىپ يەيسىلەر!» دېدى. مەن «ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، شوپۇر كۆرۈپ قالىدۇ» دېدىم. شۇ چاغدا رازاق موتوسىكلىتنى يېقىن ھەيدەپ كېلىپ، بىر قولىدا رولنى، يەنە بىر قولىدا كوزۇپنىڭ يېنىنى تۇتۇپ ماڭدى. ئۈستى تەرەپتە پولات چىۋىق ساڭگىلاپ تۇرغاچقا مەن ئۇنى توسۇپ: «سىلى كىچىك بالا بولمىغاندىكىن ماشىنىغا ئېسىلماڭلا!» دېسەم، رازاق گېپىمنى ئاڭلىماي بەخىرامان مېڭىۋەردى. بىردەمدىن كېيىن ماشىنا چاقى كاتاڭغا چۈشۈپ قاتتىق چايقالدى، قانداق بولغىنىنى بىلمەي قالدۇق، بىر قاپ سېمونت كوزۇپتىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بىز «رازاقنىڭ رىزقىكەن، كۆرمەسكە سالايلى، سېمونتنى ماشىنىغا ئالماقمۇ تەس» دەپ ئويلاپ، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردۇق. رازاق ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغان سېمونتنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. كۆڭلىدە «ماشىنىدىن يەنە سېمونت چۈشۈپ قالدۇ» دەپ ئويلىدى بولغاي، بايىقىدەكلا كوزۇپقا ئېسىلىپ مېڭىۋەردى، خېلىدىن كېيىن ئۇ بىزگە قاراپ «سېمونتنى

تاشلاڭلا» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى، بىز بېشىمىزنى چايقىدۇق. مەن «بۇ باي كەينىمىزدىن ئەگىشىپ يۈرگۈچە، ئاۋۇ يىراقتا قالغان بىر قاپ سېمونتنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتسە بولمامدۇ» دەپ ئويلىدىم. ماشىنا ئاچما كۆۋرۈككە يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ يەنە كاتاڭغا چۈشۈپ قاتتىق سىلكىندى. شۇنداق قارىساق، رازاق موتوسىكلىتتىن يىقىلىپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قارىدى، مەن «يىراقتا قالغان ئاۋۇ بىر قاپ سېمونتنى ئۇنتۇپ قالماڭلا» دېگەن مەنىدە قولۇمدا ئىشارەت قىلدىم، رازاقمۇ مەقسىتىمنى بىلگەندەك بىر قولىدا بېشىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى پۇلاڭلىتىپ «خوش» دېگەندەك قىلدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە ئۇنى كېيىن كۆرەلمەي يىراقلاپ كەتتۇق. مەن «بايا ماشىنا سىلكىنگەندە رازاقنىڭ بېشىغا پولات چۆقۈر تېگىپ كەتتى بولغاي» دېگەن گۇمانىمنى ئېيتسام، ماۋۇ توختى: «بېشىغا پولات چۆقۈر تەگكەن بولسا قولىنى كۆتۈرۈپ بىزنى ئۇزىتىپ قويمىغان بولاتتى» دېدى. ئەينى چاغدا بولغان ئىش مانا مۇشۇ. ئەتىمالىم، ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغان ھېلىقى بىر قاپ سېمونتنى شۇ كۈنى كېچىسى ئوتۇنچىلار ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بىز بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى باقىدىن يېقىندىلا ئاڭلىدۇق. ئويلاپ باقساق، ئابدۇللا دېگەن يىگىت قارىغا كەتكەندەك تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ يەرگە كەلدۇق.

مەتنىياز مارۇقنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن، غېنى ساقچىنىڭ تەلىپى بويىچە توختى تېخە تولۇقلىما سۆز قىلماقچى ئىدى. سوتتا باشتىن يەنە بىر قېتىم دەپ چىقتى. سۆھبەت ئىككى سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلدى. سۆھبەت خاتىرىسىنى كەۋسەر ناھايىتى رەتلىك ھەم تولۇق يازدى. مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر سۆھبەت خاتىرىسىدىكى ئىسمىنىڭ ئۈستىگە بارمىقىنى باستى. ئاخىرىدا باقى بىلەن سەيدۇللا باشقىلارغا ۋاكالىتەن داملا قۇرۇلۇشى ھۆددىگىرىدىن ئىش

ھەققىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى، غېنى ساقچى كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەر چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭلار. ئىش ھەققىڭلارنى تولۇق ئېلىپ بېرىشكە مانا مەن كاپالەتلىك قىلىمەن. يۈرۈڭلار، ئالدى بىلەن سىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ ئوبدان بىر مېھمان قىلاي! — دېدى. ئاندىن ھاياجانلانغىنىدىن چىرايلىق لەۋلىرى تىترەپ كۆزلىرىدە شادلىق ياشلىرى تاشقىنلىغان كەۋسەرگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — كەۋسەر، مەن پەرىزىڭىزنىڭ توغرا چىققىنىغا ھەيران بولۇۋاتىمەن. ھەر نۆۋەت سىز «كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرىدۇ، ئابدۇللا ھەرگىزمۇ رازاقنى ئۆلتۈرمىگەن» دېسىڭىز، كۆڭلۈمدە گېپىڭىزگە ئىشەنمەيتتىم. مانا ئەمدى پەرىزىڭىزنىڭ توغرىلىقى ئاخىر ئىسپاتلىنىدىغان بولدى. سىز ھەقىقەتەنمۇ زېرەك ئىكەنسىز......

بۇ ماختاشتىن كەۋسەرنىڭ چىرايى گۈل بەرگىدىكى شەبنەمگە تاڭ قۇياشى نۇر سەپكەندەك پارقىراپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى غېنى ساقچىغا گويا ئەپسانىلەردىكى ھۆر - غىلمانلاردەك كۆرۈنۈپ كەتكەچكە، كەۋسەرگە جاھاننىڭ باشقا ئىشلىرىنى تامام ئۇنتۇغاندەك تىكىلىپ قاراپلا قالغاندى.

— غېنىكا، مەن پەقەت چىن دوستلۇقنىڭ ئىخلاسىغا تايىنىپلا ئابدۇللانى گۇناھسىز دەپ قارىغانىدىم. مانا، بۇ مۆجىزىگە ماۋۇ ئايتاغلىق ئاكىلار سەۋەبكار بولدى. ئەمدى قالغان ئىشلار سىزگە يۈكلەندى. سىز دەرھال ناھىيەگە مېڭىڭ، بۇلارنى مەن مېھمان قىلاي، ئىشنى كېچىكتۈرمەيلى......

نېمىشقىدۇر غېنى ساقچى ئەمدى سالماقلىشىپ قالغاندى. ھازىرغىچە ئاقتاشنىلا ئەمەس، پۈتكۈل ناھىيەنى زىلزىلىگە سالغان «قاتىللىق» دېلوسىدا شۇنداق زور بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەزەرىگە ئېلىنمىغاندەكلا قىلاتتى. غېنى ساقچىنىڭ

كەيپياتىدا كۆرۈلۈۋاتقان بۇ غەيرىي ئەھۋال كەۋسەرنى ھەيرانلىققا چۆمدۈردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى غېنى ساقچى بىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، قولىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىنى قول سومكىسىغا سېلىۋېتىپ دېدى:

— كەۋسەر، خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمدى بۇ دېلودا تۈپتىن بۇرۇلۇش بولىدىغان بولدى. قارىغاندا ئابدۇللانىڭ ھازىرغىچە: «ئۇ كۈنى مەن رازاق بىلەن ئېغىر ماجىرالىشىپ قالماي دەپ يولۇمغا كېتىۋەرگەن» دېگەن گېپى راستكەن، ماۋۇ مەتنىيازكام دېگەندەك ھېلىقى بىر قاپ سېمونتنى شۇ كۈنى كېچىسى ئوتۇنچىلار ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. مۇبادا سېمونت يوقالمىغان ھەم شۇ كېچىسى بوران چىقمىغان بولسا، ھېلىغىچە بۇ دېلونى ئۆزۈملا بىر تەرەپ قىلىۋېتەتتىم. ھېلىمۇ سۆھبەت خاتىرىسىدىكى ئىشلار ئىسپاتلانسا، ئابدۇللا جەزمەن ئاقلىنىدۇ. ئىدارىدىكىلەر ھەرقانچە تەكشۈرۈپمۇ رازاقنىڭ بېشىغا ئۇرۇلغان قاتىللىق قورالنى بىلەلمىگەنىدى، قارىغاندا رازاق ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگەندەك تۇرىدۇ. مەن بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولۇپ ئىدارىگە بارىمەن. سىز دوختۇرخانىغا كېتىۋېرىڭ. بۇلارنى ئۆزۈم مېھمان قىلىپ يولغا سېلىۋېتىپ، قالغان ئىشلارنى بېجىرىشكە كىرىشەي.

كەۋسەر شۇئان دادىسىنى خىيال قىلىپ، «بۇ خەۋەرنى دادام ئاڭلىسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر - ھە!» دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۆزىگە قىزىقىش ئىچىدە قاراپ تۇرغان ئايىتاغلىق كىشىلەرگە قاراپ:

— سىلەرگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ھەقىقەتنى ياقلاپ قالتىس ئىش قىلدىڭلار. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، ئىش ھەققىڭلارنى غېنىكام بىر سىنتىسىنى قالدۇرماي ئېلىپ بېرىدۇ. مەن كېيىنچە ئايرىم رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن، — دېدى. ئارقىدىن باش لىڭشىتقىنىچە سۆزىنى تەستىقلاپ تۇرغان غېنى ساقچىغا يۈزلىنىپ ئېيتتى، — غېنىكا، مەن دەرھال دوختۇر-

خانىغا بېرىپ بۇ ئىشتىن دادامنى خەۋەرلەندۈرەي، قالغان ئىشلار سىزگە قالدى ئەمىسە.

كەۋسەر يولىغا ماڭغاندىن كېيىن، غېنى ساقچى باقىنىڭ ھەمراھلىرىنى بازاردىكى داڭلىق ئاشخانىغا باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى. بۇ يېزا بازىرىدا ئەزەلدىن باشقىلارغا مېھمان بولۇپلا كېلىۋاتقان غېنى ساقچىنىڭ بۇگۈن تۆت نەپەر دېھقاننى شۇنچە ئىززەت - ئىكرام بىلەن مېھمان قىلىشى ئەتراپتىكى ھۆپىگەرلەرنى ھەيران قالدۇردى. دېمىسىمۇ غېنى ساقچىنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقى كەۋسەرنىڭ خۇشاللىقىدىن قېلىشمايتتى. چۈنكى، ئۇ ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدىكى نامدار ساقچىلار شۇنچە تەكشۈرۈپ ئاخىرىنى چىقىرالمىغان «مۇرەككەپ» دېلونى ئۆزى پاش قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ئەلۋەتتە غېنى ساقچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە كەۋسەرنى خۇش قىلغانغا ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك ئىدى.

*                *                *

بارات نىياز بۈگۈن ئەتىگەندىلا يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدا پەيدا بولۇۋىدى، ئەتراپتا تازىلىق قىلىۋاتقانلار بىر - بىرلەپ كېلىپ كۆرۈشتى. بارات نىيازنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغاچقا، ھەممەيلەن قىزغىن تىنچ - ئامانلىق سوراشتى. قىزىق يېرى، ئالاھىدە خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ئەھۋال سوراپ كەتكەنلەرنىڭ ئارىسىدا تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا: «يېزا باشلىقىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك، پات ئارىدا ئورنىغا ناھىيەدىن يېڭى يېزا باشلىقى ئەۋەتكۈدەك» دېگەن گەپنى تارقىتىپ يۈرگەنلەرمۇ بار ئىدى. قانداقلا بولسۇن، بۈگۈن ئۇلار بارات نىيازنىڭ بىرئاز جۈدەپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، روھى

كۆتۈرەڭگۈ ھالدا ئىشقا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈشۈپ خۇشال بولۇشۇپ كېتىشتى. شۇنداقتىمۇ، بارات نىيازنىڭ رايى بويىچە ئىپتىقاندا، ئۇ ھەپتە بۇرۇن ئىشقا چۈشكەن بولسا جايىدا بولاتتى. دەرۋەقە، ھەپتە ئىلگىرى بارات نىيازغا ئاجايىپ كۈچلۈك مادار بېغىشلاپ، چاپلىشىپ ياتقان بالنىست كارىۋىتىدىن چەبدەسلىك بىلەن تۇرغۇزۇۋەتكەن ئىش ھەقىقەتەنمۇ كەۋسەرنىڭ ئابدۇللانىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق ئېلىپ كەلگەن خۇش خەۋىرى ئىدى. ئۇ كۈنى كەۋسەرنىڭ بالنىستقا خۇشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا ئالدىراپ كىرىپ ئۆزىگە دېگەن ھەربىر جۈملە سۆزى بەئەينى شىپالىق يامغۇردەك بارات نىيازنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا يېڭىدىن كۈچ - مادار بەخش ئەتكەنىدى. شۇڭا، بارات نىياز دوختۇرلارنىڭ توسۇشىغىمۇ قارىماي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنى بۇگۈن ئەجەبمۇ خۇش قىلىۋەتتىڭا، قىزىم! مەن ساقىيىپلا قالدىمغۇ، بۈگۈنلا بالنىستتىن چىقىپ كېتىمەن. شوپۇرنى چاقىرىڭلار! مەن ئىشخانىغا بارىمەن ھەم يەنە غېنىنى چاقىرىڭلار، ھازىرلا ئىشخانىغا كەلسۇن. ھەقىقىي گەپنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر ئاڭلاي، — دېگەندە، كەۋسەرنىڭ شادلىق نۇرلىرى چاقناۋاتقان شەھلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگەنىدى. كېيىن دوختۇر بارات نىيازغا سەممىي ھالدا:

— يېزا باشلىقى، ھازىر بىز كېسەلنى تىزگىنلىگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ يەنە قوزغىلىش ئېھتىمالى بار. شۇڭا، سىلى كارىۋاتتىن چۈشۈۋالسىلا، يەنە كېلىپ ھەددىدىن ئارتۇق خۇشال بولسىلا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك. چاپسان ئورۇنلىرىدا يېتىۋالسىلا، — دېگەندە، بارات نىياز ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— مەن بىر ئوبدان تۇرىمەن. ئەمدى بالنىستتىن چىقىپ ئېتىزغا بارمىسام بولمايدۇ. مېنى شۇ تاپتا نۇرغۇن ئىش كۈتۈپ

تۇرىدۇ، بۇ يەردە يېتىۋېرىپ زېرىكىپ كەتتىم. مېنى ئەمدى تونۇماڭلار، — دېگەنىدى.

بارات نىيازنىڭ يۈزى چوڭ كەلگەچكە، دوختۇر باشقا گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقى بىردەمدىن كېيىنلا ئىسپاتلاندى. دېگەندەك، بارات نىيازنىڭ نەپەس ئېلىشى سەل قىيىنلىشىپ، چېكىسىنى سوغۇق تەر باستى، چىرايى ئاقىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ قالدى - دە، دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ ئاستا يېتىۋالدى. ئېنىقكى، بارات نىيازنىڭ يۈرىكىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاشلا ھەددىدىن ئارتۇق دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغاندەك، ئارتۇق خۇشاللىقنىمۇ سىغدۇرالمايتتى. دەرۋەقە، بارات نىيازغا نىسىپ بولغان خۇشاللىق خۇددى كەم ماغدۇر بولۇپ قالغان ئادەمگە دەماللىققا قۇۋۋەتلىك تائام سىڭمىگەندەك، ئۇنى يەنە بىر ھەپتە بالنىستتا يېتىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. بۇ داۋالىنىش جەريانى بارات نىيازغا گويا بىر يىلدەك ئۇزاق بىلىندى. دوختۇرلارمۇ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئامالنى قىلىپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ ھەرھالدا بۇگۈن ئىشقا چۈشتى. ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۇ كۆپىنچە ۋاقتىنى دېگۈدەك ئېتىز - قىرلاردا تىرىقچىلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تاپتا يېزىنىڭ كۆزلۈك يىغىم - تېرىم ئەمگىكى باشلىناي دەپ قالغانىدى. ئەمما، بۈگۈن ئۇنىڭ ئېتىزغا بارماي، ئۇدۇل ئىشخانىسىغا كېلىشىدە مۇنداق سەۋەب بار ئىدى: ئايىتاغلىق گۇۋاھچىلار ئابدۇللانىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئۇچۇرنى غېنى ساقچىغا بەرگىنىگە ھەپتىدىن ئاشقان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا: «جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى قابىل ساقچىلار پاش قىلالمىغان رازاقنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى سىرنى غېنى ساقچى ئۆزىلا پاش قىلىۋېتىپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلىپ يۈرگەندىن باشقا،

ھېچقانداق تىنىش يوق ئىدى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، ئۆتكەن بىرنەچچە كۈندە غېنى ساقچىمۇ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. كەۋسەرمۇ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالماي تىت - تىت بولغان ھالدا مەكتىپىگە قايتىپ كەتكەنىدى. بۇ ھال بارات نىيازغا ئاسمان سۈپسۈزۈك تۇرۇپمۇ نىمشقىدۇر قۇياش كۆرۈنمەيۋاتقاندەك غەيرىي تۇيغۇ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئابدۇللا ئاللىبۇرۇن قويۇپ بېرىلىشى، ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆزئارا پاراڭلىشىۋاتقان ئورگان كادىرلىرىنىڭ ئاغزىدىن يەنە شۇ «غېنى ساقچى كارامەت ئىقتىدارلىق ئىكەن. ئاخىر رازاقنىڭ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىپتۇ. ج خ ئىدارىسى ئابدۇللانى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قويۇۋېتىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئۇ كۆڭلى غەش ھالدا شوپۇرنى ساقچىخانىدىن غېنى ساقچىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىۋېتىپ ئىشخانىسىغا كىردى. ھاۋا شۇنچە ئىسسىق بولسىمۇ، ئىشخانا بارات نىيازغا نىمشقىدۇر سوغۇق بىلىندى. ئۇ شىرە ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ تۇرغان گېزىت-ژۇرناللارنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن باشقا ئىشقا رايى بارماي، غېنى ساقچىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. قارىغاندا بۈگۈن غېنى ساقچىنىڭ تانابىنى تازا تارتىپ قويغۇسى باردەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى، غېنى ساقچى سىرتتا ئۆزگىچە ئەركىنلىگەندەك قىلغان بىلەن، بۇ ئىشخانىغا كىرگەندە ھوشىنى يىغىۋالاتتى. چۈنكى، بۇ ئىشخانا ئۆز ئىگىسىنىڭ يېزا باشلىقلىق سالاھىيەتتە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، غېنى ساقچىنىڭ روھىيىتىدىكى «ھارام پۇتاق»لارنى تالاي قېتىم چاتىغانلىقىغا شاھىت ئىدى. شۇڭا، غېنى ساقچى بوسۇغىدىن ئاتلاپلا تەمتىرىمەي قالمايتتى. بىردەمدىن كېيىن شوپۇر غېنى ساقچىنىڭ ئۈچ كۈن ئىلگىرى ناھىيەگە كەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

بارات نىيازنىڭ تاقىتى تاق بولدى - دە، قوشۇمىسىنى

تۇرۇپ خىيالغا پاتتى. ئاندىن شوپۇر بىلەنمۇ كارى بولماي سىرتقا چىقتى. ئۇ «مۇبادا كەۋسەر ئېلىپ كەلگەن خەۋەر راست بولسا، بۇ چاغقا ج خ ئىدارىسىدىكىلەر ئابدۇللانى قويۇۋەتمەسمىدى، بۇ ئىشتىن يەنە كۆتۈلمىگەن چاتاق چىقتىمۇ ـ نېمە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆلگۈردى. شۇ تاپتا ناھىيەگە بېرىپ، دېلو ئەھۋالىنى تىلك ـ تىڭلاپ كېلىشنىمۇ ئويلىدى ـ يۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ «يېزا باشلىقى ئابدۇللاغا يەنە چاپان يېپىۋاتىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىشىدىن ئەنسىرىدى. دېمىسىمۇ، بۇنداق گەپلەر ئىمامبەگنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، ئۆتكەنكىدەك ئۆزىنى ئارامىدا قويماي ـ دىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

بارات نىياز ئەنە شۇنداق دېلىغۇللۇقتا تۇرغاندا، يېنىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا نىياز پەيدا بولدى.

— ۋوي، نىيازمۇ سەن؟ يەردىن ئۈندۈڭمۇ ياكى كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈندۈڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغان ھالدا. دەرۋەقە، كۆز ئالدىدىكىسى نىياز بولۇپ، كىيىنىشى ئالپتە بولسىمۇ، ئۆسكىلەڭ بويى ئېلگىرىكىدەكلا ئىدى.

ئىككىيلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، سەممىي ئەھۋاللاشتى.

— ھەئە، مەن نىياز، بېيجىڭدىن كەلدىم.

— قايتىپ كېلىپ ئوبدان قىپسەن، بالام! راشىدىنمۇ كەلدىمۇ؟

— راشىدىن بېيجىڭدا قالدى، مەن ئۆزۈملا كەلدىم. دادام بىلەن كۆرۈشۈپلا، ئاۋۋال سىزنى يوقلاي دەپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بارغانىدىم. دوختۇرلار سىزنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتكەنـ ـلىكىڭىزنى ئېيتتى. شۇڭا، سىزنى ئىشخانىسىدا بولسا كېرەك دەپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئاغرىپ قالغىنىڭىزنى ئۇقۇپ ئەنسىرىگەنىدىم، ھەرقانداق بولسا بىر ئوبدان ساقىيىپ قاپسىز، ئەمدى خىزمەتنى

ئارام ئېلىپراق ئىشلەڭ.

— ساڭا دېسەم، دادالڭ ياشىنىپ كۈچ - مادارىدىن قالدى، قايتىپ كېلىپ بەكمۇ توغرا قىپسەن، بالام، ئۆتكەندە تېلېفوندا كۆرۈشكەندە نېمە بولدىكىن، گېپىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. سەن كەتكەندىن بۇيان ئاقتاشتا كۆپ ئىشلار يۈز بەردى. سېنى كۆرۈپلا ئابدۇللا كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى مانا، ئەخمەتكام ساڭا دادامنىڭ ئىسمىنى قويغاچقىمىكىن، كىچىك ۋاقتىڭدىن تارتىپ ساڭا كۆڭلۈم بەكلا يېقىن تۇرىدۇ. ماڭە، ئىشخانىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى.

نىياز بارات نىيازغا ئەگىشىپ ئىشخانىغا كىرىپ ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— مەن تۇنۇگۈن ناھىيە بازىرىغا كېلىپلا بېكەتتە غېنى ساقچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا يېزىمىزدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارنى دەپ بەردى. بەكمۇ ھەيران بولدۇم، كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بېشىمىزغىلا كېلەمدىغاندۇ! دەپ بەكمۇ ئازابلاندىم. ئابدۇللا بىلەن خەلچەمگە ھەقىقەتەن ئۇۋال بوپتۇ......

— شۇنى دېمەمسەن، بالام، مېنىڭمۇ بۇ ئىشقا كەلگەندە بېشىم بەكمۇ قاتتى. ئۆتكەندە سېنى قايتىپ كەلگىن دېيىشىمدە ئابدۇللاغا ياردىمى تېگىپ قالامىكىن دېگەن ئويۇم بار ئىدى. مانا، يۇرتقا قەدىمىڭ يېتىپلا ئۇنىڭغا ياردىمىڭ تېگىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ! غېنى دېگەن لايغەزەل ئەجەب يوقاپ كەتتا! قورسىقىدا، مېنى كېسەل بولدى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۇ بىغەرەز!؟ ناھىيە بازىرىدا يەنە ھاراق ئىچىپ لەيلەپ يۈرەمدىغاندۇ - يا؟

— ياق، ياق، ئۇ ھاراق ئىچمەپتۇ. ئابدۇللانىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت تېپىپ كارامەت ئىش قىپتۇ. ھەرنېمە دېگەنبىلەن غېنى ساقچى ئاقتاشنىڭ نېنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ، سىزنىڭ پەرۋىشىڭىزدە ئۆسكەن ئەمەسمۇ!؟ تۈنۈگۈن بىرنەچچە

سائەت ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدۇم. ئۇ ئايتاغدىن بىر يۈك ماشىنىسىدا بىرنەچچە گۇۋاھچىنى باشلاپ بېرىپتىكەن. بىز جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە باردۇق. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكىلەرمۇ ئابدۇللانى «قاتىل» دەپ بېكىتىشكە پاكىت تولۇق ئەمەس دەپ تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانىكەن. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ، غېنىي ساقچىنى ماختاپ كېتىشتى. قارىغاندا ئابدۇللانى ئالدىمىزدىكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قويۇۋېتىدىكەن.

— ھە، مۇنداق دېگىن. مەن تېخى غېنىينى ئىلگىرىكىدەك بىغەرەزلىك قىلىپ يۈرۈۋاتامدىكىن دەپتىمەن. گېپىڭچە ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھەتلىرىم بىكار كەتمىگەن ئوخشايدۇ. قارا، بالام نىياز، سەنمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپسەن. كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى ئابدۇللا بىلەن خەلچەمنىڭ بېشىغا كېلىپ بىز چوڭلارنىمۇ بىسەرەمجان قىلىۋەتتى. ئاقتاشتا كۆڭلى پاراكەندە بولمىغان كىم قالدى دەيسەن؟ مەنىلا ئەمەس، داداڭ ئەخمەتكامۇ مۇشۇ كەلگۈلۈكنىڭ دەردىدە ساقىسىز بولۇپ قالدۇق.

— راست، مەن بەكمۇ خىجىل، بىز سىلەرنى كۆپ بىسەرەمجان قىلىۋەتتۇق.

— ھېس قىلدىڭمىكىن، ھەممە ئىش ئابدۇللانىڭ تەقدىرىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى. مۇبادا ئۇ ئاقلىنىپ قويۇۋېتىلسە ئىشلار بىراقلا ئىزىغا چۈشىدۇ. بالام نىياز، تېلېفوندا دېگەن گېپىمنى ئىلىك ئېلىپ بېيجىڭدەك يىراق يەردىن كەلگىنىڭگە قەۋەتلا خۇش بولدۇم. بولسا راشىدىنغىمۇ ئەھۋالنى ئېيتقىن، ئۇمۇ قايتىپ كەلسۇن. بېشىڭلارغا مۇشۇنداق كۈن چۈشكەندە بىرىڭلار باغدا، بىرىڭلار تاغدا يۈرسەڭلار قاملاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز چوڭلارنىڭ يېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەمدى خاپىلىق تارتىپ بولالمايمىز...... گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، دادامۇ سىزدەكلا نەسىھەت قىلدى. پۈتى

ئاغرىپ قالغاچقا سىرتلارغا چىقالماپتۇ. سىزنى يوقلىيالماي كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ. شۇڭا، مېنى يېنىدا بىردەم ئولتۇرغۇزمايلا سىزنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

— مانا، داداڭ ئاجايىپ ئېسىل ئادەم، ياشتا ھەممىمىزدىن چوڭ، يەنە كېلىپ ئاجىزلاپ قالغىنىغا قارىماي، ئاقتاشتا يۈز بەرگەن كىچىككىنە ئىشمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. باشقىلار ئۆز ئائىلىسىنىڭلا خاپىلىقىنى تارتسا، بوۋاي پۈتۈن ئاقتاشلىقلارنىڭ خاپىلىقى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ. سىلەر ئۇنىڭ مۇشۇ روھىدىن ئۈگەنسەڭلار بولىدۇ. غېنىنىڭ ئابدۇللانى قۇتقۇ- زۇشنىڭ يولىنى مېڭىۋاتقىنىنى دەپ كۆڭلۈمنى ئارام تاپقۇزدۇڭ. ئەمدى سەن بىلەن بىرىپ بوۋاينى يوقلىۋېتىپ ئېتىزغا باراي، ئۇ يەنە مەندىن بىھۇدە ئەنسىرەپ يۈرمىسۇن.

بارات نىياز دەيدىغاننى دەپ بولغاندىن كېيىن نىيازنى كەينىگە سېلىپ غازلىق كەنتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.



## ئون تۆتىنچى باب

# جاراھەتنىڭ دېغى بار

ئاقتاشتا كۈزلۈك يىغىم - تېرىم باشلانغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى. بارات نىيازنىڭ سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن، كېسىلى ئارىلاپ قوزغىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، كۆپىنچە ۋاقتى ئاساسەن ئېتىزدا ئۆتۈۋاتاتتى. گاھىدا سومكىسىدىكى دورىسىنى ئىچىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. يېقىن - يورۇقلىرى سالامەتلىكىنى ئاسراشنى، بىر مەزگىل ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي ئارام ئېلىشنى ئېيتىسىمۇ، «كۈز پەسلىنىڭ بىرنەچچە كۈنى دېھقانىنىڭ بىر يىللىق تۇرمۇش كاپالىتىنى بەلگىلەيدۇ، يىغىم - تېرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ دەم ئالساممۇ بولۇۋېرىدۇ» دەپ تۇرۇۋالاتتى. دەرۋەقە، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى بار ئىدى. گەرچە ئۆتكەندە ناھىيە مەسئۇللىرىغا دېھقانچىلىقتا «بەش بىرتۇتاش» ئەندىزىسىنى بۇزۇش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپى چىرايلىقچە رەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ ئاقتاش يېزىسىنىڭ ناھىيە مەركىزىگە يىراق، تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ تارقاق بولۇشىدەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ «بەش بىرتۇتاش» ئەندىزىسىنىڭ شەكلىنى ساقلاپ قېلىپ، مەزمۇنىنى ئۈستىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋەتتى. نەتىجىدە كەنجى قوناقنىڭ پىشقانلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئورنىغا كۈزگى بۇغداي تېرىش، پىشمىغانلىرىنى تولۇق پىشقاندا يىغىش، ئاڭغۇچە كېۋەزگە قالدۇرۇلغان يەرلەرگە كۈزگى

بوٗغداي تېرىپ، تېرىقچىلىق كۆلىمىنى تەڭشەش ئۇسۇلى دېھقانلارنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم ناھىيەنىڭ كۆزگى بوٗغداي تېرىش پىلانىنى تولۇق ئورۇنلىغىلى، ھەم كەنجى قوناقتىن مول ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. كەنجى قوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىنسا يېزىنىڭ چارۋىچىلىقى ۋە ئائىلە باقمىچىلىقى يۈكسىلەتتى، بۇنىڭغا ماس ھالدا دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشاتتى. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەچكە، بارات نىيازنىڭ ئاقتاشقا يەرلىك ئىكەنلىكىنى، تېخىمۇ مۇھىمى يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىغا ماھىرلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، خىزمىتىنى قوللاپ بەرمەكتە ئىدى. قىزىق بولغىنى، ئاقتاشقا ناھىيەدىن كۆزلۈك يىغىم - تېرىم ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىككى نەپەر كادىر بارات نىيازنىڭ تەلىپى بويىچە كوٗندە دېگۈدەك مېۋىلىك باغ، بېلىق كۆل، يەنە ئاللىقانداق مەنزىرىلىك جايلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىلاتتى. بوٗگۈن چۈشتىن كېيىن بارات نىياز دۆڭباغ كەنتىنىڭ ئېتىزلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەچ پىيادە مېڭىپ غازلىق كەنتىگە كەلدى. بارات نىياز يەرلىك ھۆكۈمدارلار ئىچىدە قاۋۇل سېكرېتاردىن تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. چوٗنكى، قاۋۇل سېكرېتار ھازىرقىدەك كۆزگى بوٗغداي تېرىقچىلىقى مەزگىلىدە تۇرلۇك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ يېرىنى مەجبۇري ئالماشتۇرۇۋېتىپ ئۇلارنى ئۆزگە يېلىنىدۇراتتى، گېپىزى كەلسە ئاز - تولا بىرنەرسە ئۇندۇرۇۋېلىشنى ئويلايتتى. ئۆتكەن يىلى بىرنەچچە دېھقان بارات نىيازغا بۇ ھەقتە دەرد ئېيتقاندا، قاۋۇل سېكرېتارغا تەربىيە بېرىش بىلەنلا كۇپايىلەنگەنىدى. بوٗگۈن غازلىق كەنتىگە گۇمانىي ئويدا كەلگەن بارات نىياز كۆتۈلمىگەندە دەل شۇنداق قاملاشمىغان ئىشنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. ئەسلىدە قاۋۇل سېكرېتار نىساخاننىڭ باغلىق يېرىدىكى جانانە ئۆرۈكنىڭ سايىسىغا قويۇلغان كارىۋاتتا

يىنچە ئۆلتۈراتتى. ئانايەت كۇدەك يەشىك قەغىزىدە ياسىۋالغان يەلپۈگۈچتە ئۇنى ھەدەپ يەلپۈۋاتاتتى. داستىخاندا مېۋە ـ چېۋە، قېتىق، تۇخۇم، نان ئېشىپ ـ تېشىپ تۇراتتى. ئۆرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چوت سوقۇۋاتقان روزى كاداڭنىڭ يېنىدا بىرنەچچە دېھقان پەرىشان ھالدا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قادىر ئاخۇن بار بولۇپ، بىردە قاۋۇل سېكرېتارغا، بىردە روزى كاداڭغا كۆزگى بۇغداي تېرىيدىغان يېرىنى ئالماشتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلىپ يېلىنىۋاتاتتى. كۆتۈلمىگەندە بۇ يەرگە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بارات نىيازنى كۆرگەن قادىر ئاخۇنغا ماغدۇر كىرگەندەك بولدى ـ دە:

ــ جېنىم سېكرېتار، بېشىمدا خاپىلىق قايناپ تۇرۇۋاتقاندا ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا. ئاران ئەيلەندۈرگەن[1] يېرىمنى ئەمدى ئالماشتۇرۇۋەتسىلە قانداق بولغىنى!؟ ــ دېدى ئەتەي بارات نىيازنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا.

قاۋۇل سېكرېتار بارات نىيازنى كۆرۈپ كارىۋاتتىن دەررۇ چۈشكەن بولسىمۇ، قادىر ئاخۇننىڭ خۇددى «تويىدا ئىشتىنىمنى بەر» دېگەندەك، تار يەردە قىستاپ قىلغان گېپىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى. قادىر ئاخۇنمۇ دەرھال ھوشىنى تېپىپ، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىدىكى «خەپ توختاپ تۇر، كۆرگۈلۈكۈڭنى ھېلى كۆرىسەن» دېگەن مەنىنى ھېس قىلىپ جىمىپ قالدى. بىراق، بارات نىياز قاۋۇل سېكرېتارنىڭ يەنىلا ھېلىقى كونا ئۇسۇلنى قوللىنىپ، كەنتتىكى بىر قىسىم ياۋاش دېھقانلارنى ئۆزىگە يېلىندۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغاچقا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سۆزلەپلا كەتتى:

ــ قاۋۇلاخۇن، يەرنى ئالماشتۇرۇشنى سىلىگە كىم ئورۇنلاشتۇردى؟ مەن ئۆتكەندە «دېھقانلارغا ھۆددە بەرگەن

[1] كۆچلەندۈرۈش، مۇنبەتلەشتۈرۈش مەنىسىدە.

يەرلەرنى قالايمىقان ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە يېزىلىق پارتكوم، هۆكۈمەت ناھىيەگە مەلۇم قىلىپ ئالماشتۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدۇ» دەپ نەچچە قېتىم دېمىدىمما!؟ كېسەل بولۇپ بىرنەچچە كۈن يېتىپ قالسام، سىلى يەنە ئۆز بېشىمچىلىق قىلغىلى تۇردۇڭلىما؟ سىلىدىن بۇ ھېسابنى كېيىن ئوبدان ئالىمەن. مېڭىڭلا، قاراپ تۇرماي ئاۋۇ ئەزالارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ كېلىڭلا! ئۇلارغا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ......

قاۋۇل سېكرېتار پېشانىسىدىكى تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ئالدىراش مېڭىپ كەتتى. قادىر ئاخۇن ۋە ئۇنىڭغا سوگدىشىپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەر بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ ئۆزئارا كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى. بارا - بارا ئۇلارنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، يېگىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. بارات نىياز ئەمدى ھېسابات دەپتىرىنى تۇتقانچە جانانە ئۆرۈككە يۆلىنىپ ھاڭۋېقىپ قالغان روزى كاداڭغا تىكىلدى. روزى كاداڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سوغۇق نۇرنى كۆرۈپ تېنى شۈركۈندى. شۇئان دەپتەرنى تۇتۇپ تۇرغان قولى تىترىگىلى تۇردى.

— روزاخۇن، قولۇڭلىدىكى دەپتەرنى بۇ قېتىم قالدۇرۇپ قوياي، ئۆزۈڭلا ئوبدان توغرىلىۋېلىڭلا. ئەمما، يەنە يەرنى ئۆزگەرتىمىز دەپ دەپتەرنى كۆتۈرۈپ يۈرسەڭلا، قولۇڭلىدىن تارتىۋېلىپ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن، ئاڭلىدىڭلىما؟ — دېدى بارات نىياز زەردە بىلەن.

— ھەرگىز...... ھەرگىز...... سىلى دېگەندەك ئۆزۈم توغرىلاي...... ئۆزۈم...... — دېدى روزى كاداڭ جاۋابەن.

شۇ چاغدا جانانە ئۆرۈكنىڭ تۈۋىگە ئەتراپتا ئىشلەپ يۈرۈشكەن باشقا دېھقانلارمۇ بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كەنجى قوناقلىرىنى چېپىۋاتقان، بەزىلىرى كېۋەزلىرىنى يۇلۇۋاتقان بولۇپ، روھىي ھالىتىدىن نارازىدەك

كۆرۈنەتتى. بارات نىياز ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا دېدى:
— يولداشلار! ئالدىراش ئىكەنلىكىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن. شۇڭا، گەپنى قىسقىلا قىلاي، كىۈزگى بۇغدايىنى ناھايىتى تولۇپىلەپ تېرىڭلار، بولۇپمۇ ئائىلە ئوغۇتىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار. سىلەرگە يەنە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قوياي، ئىلكىڭلاردىكى يەر قەتئىي ئۆزگەرتىلمەيدۇ. بۇ دېگەن قانۇن! تېخى پىشمىغان كەنجى قوناقلارنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كېۋەز تېرىيدىغان ئوخشاش كۆلەمدىكى يېرىڭلارنى ئالماشتۇرۇپ كۈزگى بۇغداي تېرىساڭلا بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەر ئىككى زىرائەتنىڭ پىلاندىكى كۆلىمىنى خالىغانچە ئاشۇرۇشقا ياكى كېمەيتىشكە بولمايدۇ. تېخىمۇ ئېنىق دېسەم، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ھەم ماۋۇ روزىئاخۇننىڭ قولىدىكى دەپتەرگە قاراپ يەرلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدۇ. مۇبادا شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا دەررۇ مېنىڭ يېنىمغا بارساڭلار بولىدۇ، گەپ تۈگىدى، ئەمدى ئىشىڭلارنى قىلىڭلا! — بارات نىيازنىڭ بۇ گېپى ھەممەيلەننى خۇش قىلىۋەتتى بولغاي، ئۇلار بىر - بىرلەپ بارات نىيازغا رەھمەت ئېيتىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئارىدا بىرسى:
— ۋاي، ئاۋۇ ياققا قاراڭلار! غېنى ساقچى كېلىۋاتىدۇ. يېنىدا ئابدۇللامۇ تۇرامدۇ نېمە؟ — دېدى ئۈنلۈك ئاۋازدا.
ئاڭغىچە موتوسىكلىت يېقىنلاپ، ئىككى تەرىپى ئورمان بەلبېغى بىلەن قاپلانغان چوڭ يولنىڭ چېتىدە توختىدى - دە، ئىككىيلەن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى. شۇئان ھەممەيلەن گۈرىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقان غېنى ساقچى بىلەن ئابدۇللانى كۆرۈپ: «راستىنلا ئابدۇللاكەن، ئابدۇللاكەن» دېيىشكىنىچە ئۇلارغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ھەش - پەش دېگۈچە جانانە ئۆرۈكنىڭ ئەتراپى ئۆرستۆپە بولۇپ كەتتى.
راست، غېنى ساقچى ئابدۇللانى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ،

بۈگۈن كۆپ سانلىق ئاقتاشلىقلارنىڭ، جۈملىدىن غازلىقتىكىلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى تىلىكى ئەمەلگە ئاشقانىدى. بارات نىياز يۆتىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەسلىدە ئابدۇللانى يىراقتىن كۆرۈپلا يۈرىكىنىڭ سوقۇشى سەل تېزلىشىپ قالغاچقا، باشقىلاردەك يۈگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، قەلبى دولقۇنلىنىپ، كېسەل تارتىپ ئولتۇرۇشۇپ قالغان كۆزلىرى چوڭ ئېچىلغانىدى. ئۆز ھالىنى ئۆزى بىلگەچكە ئاۋايلاپ كېلىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋالدى. شۇ ئەسنادا ئابدۇللا يېنىدا پەيدا بولۇۋىدى، بارات نىياز ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ تولىسى ھە دەپ غېنى ساقچىنى ماختىشاتتى. غېنى ساقچىنىڭ كارامىتى توغرۇلۇق مەھەللىدە ئېقىپ يۈرگەن پاراڭلارنىڭ راست چىققىنىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشەتتى. بىر قىسىملار ئابدۇللانى ئارىغا ئېلىپ ئۇنى - بۇنى سورىشاتتى. بارات نىياز ئابدۇللاغا ئارانلا:

— سالامەت كەلدىڭمۇ؟ ئوبدان بولدى، سېنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىڭغا مەن ئىشىنەتتىم، — دېدى. ئۇنىڭ مىجەزى بايىقىدىن سەل بوشاپ قالغاندەك قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ ئابدۇللاغا سەپسېلىپ قارايتتى. ئابدۇللا خېلىلا جۈدەپ قالغانىدى، ساقال - بۇرۇتلىرىنى بايىلا ئالدۇرغاندەك قىلاتتى.

— ھەممە...... ھەممىيلەننى بىسەرەمجان قىلىۋەتتىم، دادامنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارامەن...... — دېدى ئۇ جاۋابەن پەس ئاۋازدا.

شۇئان غېنى ساقچى يېنىدىكىلەرگە بېشىنى يېنىك چايقاپ «ئابدۇللا تېخى دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىمىدى، ئېھتىيات قىلىڭلار!» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن قول سومكىسىدىن ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن تەيتىش مەھكىمىسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم تامغىسى بېسىلغان ئۇقتۇرۇشنى چىقىرىپ بارات نىيازغا سۇندى. ئۇقتۇرۇشتا،

رازاقنىڭ يۈك ماشىنىسىغا ئېسىلىپ، كوزۇيقا بېسىلغان پولات چۆنۈق باش قىسمىغا ئۇرۇلۇش تۈپەيلى مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، گەرچە شۇ كۈنى ئابدۇللا بىلەن رازاق يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ يېنىك ماجىرالاشقان بولسىمۇ، كېيىن ئابدۇل-لانىڭ ئۆز يولىغا كەتكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، شۇڭا رازاقنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە ئابدۇللانىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى يوقلۇقى، ھازىردىن باشلاپ ئۇنىڭ تەشكىلىي ئىشلىرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق كۆرسەتمە بېرىلگەنىدى. بارات نىياز ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇۋېتىپ يەلكىسىنى خېلىدىن بېرى بېسىپ تۇرغان يۈكنى بىر خىل غايىۋى كۈچ بىراقلا ئېلىۋەتكەندەك تۇيغۇغا كەلدى. ئارقىدىنلا غېنى ساقچى ناھىيەلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى بىلەن ج خ ئىدارىسىنىڭ خەلچەمنىڭ مادىيابەگ بىلەن بولغان غەيرىي «نىكاھى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ روھىغا خىلاپ ئىكەنلىكى، ئۇنى دەرھال بىكار قىلىپ خەلچەمنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش كېرەكلىكى، ھەرقانداق كىشىنىڭ خەلچەمگە بېسىم ئىشلىتىپ، نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغۇشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئالاقىسىنى قادىر ئاخۇنغا ئوقۇپ بەردى. گەرچە بۇ ھەممەيلەن خۇش بولۇشقا تېگىشلىك خەۋەر بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ھېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىدى. قادىر ئاخۇنمۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەكلا ئۈنچىقماي تۇراتتى. ئويلىمىغان يەردىن بارات نىيازنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئابدۇللاغا دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى قانداق ئېيتىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. كونىلارنىڭ «بىر خۇشاللىققا، بىر قايغۇ شېرىك» دېگىنى ھايات قانۇنىيەتلىرى تەرىپىدىن يەكۈنلەنگەن ھەقىقەت بولسىمۇ، ئابدۇللادەك بىر قانىتى ئاللىبۇرۇن سۇنغان بىنەلەيگە ئەمدى «دادىڭ قازا تاپتى» دېيىش ئەلۋەتتە ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولاتتى. ئۇنىڭغا «يەنە بىر

قانىتىڭمۇ سۇندى، ئەمدى سەن قاناتسىز قۇشقا ئوخشاپ قالدىڭ»
دېيىشكە بارات نىيازنىڭ قانداقمۇ تىلى بارسۇن؟!

دېھقانلار بىر - بىرلەپ ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. جانانە ئۆرۈكنىڭ تۈۋىدە غېنى ساقچى بارات نىيازنىڭ ماختىنىشىنى كۈتسە، قاۋۇل سېكرېتار ئەكسىچە يەنە قانداق تەنقىد ئىشتىدىغانلىقىنى بىلمەي ئېسەنگىرەيتتى. قادىر ئاخۇن بىلەن نىساخان چەينەك بىلەن پىيالىنى تۇتۇشقىنىچە ئۇنچىقماي تۇرۇشاتتى. روزى كادالاڭ بىلەن ئانايەت كۇدەك بولسا يۇرتداشلىرىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىچە ئىپادىگە قاراپ گاڭگىراپ قالغان ئابدۇللاغا بىتەرەپ نەزەردە قارىشاتتى. شۇ ئەسنادا بارات نىياز لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سەل چەتكىرەك باردى - دە، ئانايەت كۇدەكنى يېنىغا چاقىرىپ پەس ئاۋازدا:

— سەن چاپسان بېرىپ ھوشۇر ئاخۇنغا ئېيتقىن، ئۇ قاسىم قارىمنى، نىيازنى، جالالىدىن ئاخۇننى ۋە مويسىپىتلەردىن بىر-نەچچەيلەننى باشلاپ ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە بارسۇن. ھە راست، يەنە ئەخمەتكامنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولسا ئۇنىمۇ چاقىرىۋالسۇن، — دېدى.

ئانايەت كۇدەك كەتكەندىن كېيىن، بارات نىياز قاۋۇل سېكرېتارغا چېچىلىپ بىردەم ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەن بولدى، ئاندىن باشقىلارنى ئەگەشتۈرۈپ جانانە ئۆرۈكنىڭ تۈۋىدىن يىراقلاشتى.

سۇلايمان ياۋاشنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگۈچە ھەممەيلەننىڭ باشلىرى ئىختىيارسىز ساڭگىلاپ كەتتى، قەدەملىرى بوسۇغىغا يېتەر - يەتمەي ئۆيدىن چولپانخان ھازا ئېچىپ چىقىپ ئابدۇللانى قۇچاقلىدى - دە: «ۋاي دادام! ئامراق بالاڭ قايتىپ كەلدى، دادام! كۆزۈڭ ئوچۇق كەتتى، دادام!» دەپ پەرياد چېكىشكە باشلىدى. مۇسىبەت بولغىنىنى كۆڭلى تۇيغان ئابدۇللا چولپانخاندىن ئاجراپ، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە دادىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ئۇ قويۇن كەبى چىپىپ يۈرۈپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قازناق ئۆيىمۇ قويماي ئاختۇرۇپ دادىسىنى تاپالمىدى. دادىسى بۇ ئالەم بىلەن ئاللىقاچان خوشلاشقان بولۇپ، ھەرقانچە ئاھ ئۇرسىمۇ، ئازابلىق پەرياد چېكىپ چاقىرسىمۇ ئاڭلىمايدىغان قارا تۇپراقنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەنىدى. بىراق، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئابدۇللانى بۇ تەقدىر - قىسمەتكە ئىشىنىشكە، سەۋر - تاقەت قىلىشقا قىستىغان بىلەن، ئابدۇللا بۇنى دەماللىققا قوبۇل قىلالمايتتى. ئاخىر ئۇ دادىسىنى قېرىنداشلىرىدىن سۈرۈشتۈردى.

— ئاچا، دادام قېنى؟ ئاكا، ماڭا دېگىنە، دادام نەگە كەتتى؟...... سىلەر ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپاردىڭلارمۇ؟ ئۇ دوختۇرخانىغا بارغىلى ئۇنىمايتتىغۇ؟!......

ئابدۇللا بىردە ئاچىسىدىن، بىردە ئاكىسىدىن تەكرار سۈرۈشتۈرەتتى. شۇ ئەسنادا بارات نىياز سۇپىدىكى مويسىپىتلارنىڭ قاتارىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ سۈكۈتتە ئولتۇرغان قاسىم قارىغا قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. قاسىم قارى بارات نىيازنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، گېلىنى قىرىۋەتكەندىن كېيىن مۇڭلۇق ئاۋازدا «سۈرە ياسىن»نى قىرائەت قىلدى. ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىنى مومدەك ئېرىتىپ، ئېغىر سۈكۈتكە پاتۇرىدىغان قىرائەت ئاۋازى سورۇندىكى جامائەت ئۇياقتا تۇرسۇن، بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقان ئابدۇللانىڭمۇ ئۈنىنى ئۆچۈردى. قىرائەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن قاسىم قارىغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلدى. قاسىم قارى ئاخىرىدا «ھەدىس شەرىف»تىن تەبلىغ قىلىپ شۇنداق دېدى:

— جانابىي ھەقتائاللا بەندىلەرنى قازاغا رىزا بولماققا بۇيرۇغان. مۇسۇلمان بەندە ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىندىشى ۋاپات بولغاندا قازاغا رىزا بولۇپ، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىشى لازىمكى، ھەرگىزمۇ ئاۋازىنى چىقىرىپ، بولۇپمۇ سۆز قېتىپ يىغلاش جايىز

ئەمەستۇر. مۇبادا كىمەرسىكىم ئاللانىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا رىھلەت قىلغان بەندىگە سۆز قىتىپ يىغلىسا، مالائىكىلەر ئۇل بەندىنى گۆر ئىچىدە ئازابلايدۇ. ئۇنىڭ روھىغا دىلىمىزدا دۇئا قىلساقلا شۇ كۇپايىدۇر. مەرھۇم سۇلايمان ئاخۇن ئۆز ئۆمرىدە كېسەلنى كۆپ تارتقان. ھەدىستە: «كېسەلنى كۆپ تارتقان بەندىنىڭ پانىي دۇنيادىكى گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېيىلگەن. بالام ئابدۇللا، سەۋر قىلىڭ، مۇسۇلمان ئۈچۈن سەۋر بەكمۇ ئۇلۇغدۇر. سەۋر قىلغۇچىلارنى قادىر ئىگەم قىيامەت كۈنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئىگەمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇشۇنداق ئىكەن، بىز ئۇنىڭغا بويسۇنۇشىمىز جايىزدۇر!

ئاندىن ھەممەيلەن ئابدۇللاغا بىر ئېغىزدىن تەسەللى بىرىشتى. كېيىنرەك مەيدە ئېلىپ كېلىنگەن ئەخمەت بوۋايمۇ ئارىلاپ يۆتەلگىنىچە سەۋر - تەسەللى ئېيتتى. ئابدۇللا ئۇلن سىلىپ يىغلاشتىن توختىغان بولسىمۇ، بىراق جىسمى توختاۋسىز تىترەپ، كۆزلىرىدىن ھەسرەتلىك ياش كەلكۈنى تاشقىنلاۋاتاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ قانداقتۇر تەگسىز پۇشايماندا لەۋلىرىنى، بارماقلىرىنى چىشلەيتتى. كېيىن ئۆيىگە جەم بولۇپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنلەر بىلەن دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىمۇ، قەلبىنى تىنىمسىز غاجاۋاتقان ھەسرەت - نادامەتتىن نېرى بولالمىدى. دەرۋەقە، ئابدۇللانىڭ ئەمدىلا قاباھەتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن سوقۇشقا باشلىغان يۈرىكى دادىسىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى تۈپەيلى قايتىدىن لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا چۈشۈپ كەتكەندى......

شۇ كۈنى كەچلىكى بىرمەھەلگىچە ئەھۋال سوراپ كىرگەن يۇرتداشلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كېيىن ئاچىسى چولپانخان بىلەن نىياز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، «سەۋر»گە ئۇندەپ كۆڭلىنى

ھەرقانچە ياسىسىمۇ يەنىلا بوغۇلۇپ يىغلىغىنى يىغلىغانىدى. ئۇ رازاق ئۆلۈپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ساقچىلار قولىغا كويزا سېلىپ تۈرمىگە سولىغاندا، ئۆزىنىڭ شور پېشانىلىكىگە ئېچىنىپ ياش تۆككەندەكلا ھەسرەتلىك ياش تۆكەتتى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن كەۋسەر ھال سوراپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ئاخىرلاشقان بولۇپ، دەرس باشلانغىچە يەنە ئون نەچچە كۈنلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بار ئىدى. دوستلىرىنىڭ شۇنچە تەسەللىلىرىمۇ ھېچبىر كار قىلمايۋاتقان ئابدۇللانىڭ يۈرىكى يەنىلا ئاشۇ ھەسرەت گۈلخىنىدا چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى......

ئەتىسى چۈشكە يېقىن غېنى ساقچى تولىمۇ جۇشقۇن كەيپىياتتا ئىككى نەپەر ھەمراھىدىن باشقا يەنە ئايىم خانىم ھەم ئاچما كەنتىنىڭ كادىرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە كەلدى. دېمىسىمۇ ئۇ بايا كەۋسەرنى يول ئۈستىدە كۆرۈپلا ئىلگىرىكىدەك روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار كەلگەندە مادىيابەگ ئالدىنقى كۈنى ھېلىقى «بالاخور» پالتىسىدا ئوتىۇن يارىمەن دەپ ئوڭ پۇتىنى ناكار قىلىۋالغاچقا لەمپە ئاستىدا ياتاتتى. زېدىنىڭ ئەتراپىدا چىۋىنلەر گىژىلدايتتى. ئۇنىڭ بىقوۋۇل سۇنايلىنىپ ياتقان ھالىتى غېنى ساقچىنىڭ قورقۇمسىراپ تۇرۇۋاتقان كۆڭلىنى تىندۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ غېنى ساقچىنى كۆرۈپ:

— ھوي، توخۇ ئوغرىسى، قىليوغامنى تۆلەپ بەر! — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ مادارى يەتمىدى. پالتىسىنى ئىزدەپ ئەتراپىغا بويۇنداپ قارىدى. شۇ چاغدا ئايىم خانىم بىلەن غېنى ساقچى بايا يول ئۈستىدە كېلىشىۋالغىنى بويىچە ئالدى بىلەن ئىمامبەگكە ج خ ئىدارىسى بىلەن، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رازاقنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ھۆكمىنى ئۇقتۇرۇپ، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ قائىدىلەرنى چۈشەندۈردى. لېكىن، ئىمامبەگ ئىلگىرىكىدەكلا ئۆز سۆزىنى يورغىلىتىپ، بۇ

ھۆكـۈمگە رازى بولمايـدىغانلىقىنى، يۇقىرىغـا ئەرز قىلىـدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. غېنى ساقچىمۇ بۇ قېتىم بوش كەلمىدى.

— ھۆكۈمنامىگە نـارازى بولـسىڭىز، يۇقىرىغـا نـارازىلىق ئەرزى بەرسـىڭىز بولىـدۇ. بىـراق، قولۇمدىكـىسى قانۇنىنـىڭ بىۇيرۇقى، خەلقچەمنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغدايـدىغان ئەڭگۈشـتەر، بۇنىڭغا شەرتـسىز بويـسۇنۇشىڭىز لازىـم. سـىزگە يەنە چۈشەندۈرسـەم، بىۇ تەشـكىلنىڭ سـىزگە ئېتىبـار بەرگىنـى. قوشۇلمىـسىڭىز مەسـلىھەت سىلىپ ئولتۇرمايلا مەجبۇرىي ئىجرا قىلىمىـز، — دېـدى كەسكىن ھالـدا، ئانـدىن ئـۆزىگە ئـۇن - تىنىسىز قـاراپ تۇرغـان خەلقچەمـگە ئېيتتى، — سىزنىڭ مادىيابەگ بىلەن بولغـان غەيرىـي نىكاھىڭىز قـانۇن تەرىپىـدىن بىكار قىلىنـدى. تەييـار بولـۇڭ، سىزنى ئاتـا-ئانىڭىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمىز. ئارىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنـى كېيىن ئۆزئارا كېلىـشىپ بىر تەرەپ قىلساڭلار بولىـدۇ. كېلىـشەلـ-مىسەڭلار مۇرەسسە ھەيئەتلىرى كېلىشتۈرۈپ قويىدۇ!

— كېلىنىمنى مادىيابەگكە نىكاھلىتىپ قويغىنىمنىڭ ئەسلىدە دۇرۇس بولمايـدىغانلىقىنى مەنمـۇ ئۇبـدان بىلەتـتىم، — دېـدى ئىمامبەگ بىـردىنلا يۇمشاپ، — بىراقـزە، مېنىـڭ باشقا مەقسىتىم يوق ئىدى. پەقەت كىچىك تۇرۇپ ئاتىسىدىن يېتىم قالغـان بىچارە نەۋرىلىرىمنىـڭ يـۈزىگە توپـا قونـۇپ قالامـدىكىن دەپ مۇشـۇنداق قىلغانـدىم. ھـازىر سـىلەر مېنـى تـاش يۈرەكلىـك قىلـدى دەپ قارايسىلەر. ئەمما، ئۆز بېشىڭلارغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈن كەلگەندە ئانـدىن بىلىسىلەر...... يېتىملىـك بەك يامـان...... ئۆگەيىنىـڭ دەردى ئۇنىڭدىنمۇ يامان......

ئىمامبەگ شۇنداق دېگىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ ياندىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ گېپى بـۇ يەرگە يىغىلغانلارنىـڭ كـۆڭلىنى ئېزىۋەتتى، خەلقچەممۇ مىشىلداپ يىغلىـۋەتتى. ئايىم خانىم بىلەن غېنى ساقچىمۇ بىر - بىـرىگە قارىـشىپ جىمىپلا كېتىشتى. كېيىن

قانداقلا بولسۇن خەلچەم بوغچىسىنى تەييارلاپ ھازىرلاندى. ئۇنىڭ يېنىدا مۇتەللىپ بىلەن ئىپارگۈل ئىبسەنگىرەپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئىمامبەگ ئاران دېگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مېنىڭ قانۇن بىلەن ئويىنىشىدىغانغا بېشىم ئۇن ئەمەس. بوپتۇ، كېلىنىمنى ئېلىپ كەتسەڭلار كېتىڭلار، ئىككى نەۋرەمنى ئۆزۈم باقاي! — دېدى زەئىپ ئاۋازدا. قامەتلىك، كۆزلىرىدىن كۆپنى كۆرۈپ پىشىپ يېتىلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئىمامبەگنى رازاقنىڭ ئىچ ئاغرىقى ھەقىقەتەنمۇ تولۇقەشتۇرۇۋەتكەنىدى.

— باللار تېخى كىچىك. شۇڭا، ئۇلارنى ھازىرچە خەلچەمنىڭ باققىنى تۈزۈكمىكىن. ئاتىسىدىن ئايرىلغان باللارنى ئەمدى ئانىسىدىنمۇ ئايرىۋەتسەك قاملاشماس، — دېدى غېنى ساقچى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمىغان سىپايىلىك بىلەن.

ئايىم خانىم ئەتىدىن بېرى ئىمامبەگنىڭ مۇشۇ تەلەپنى قويۇپ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆلگۈرگەنىدى، شۇڭا غېنى ساقچىنىڭ ئەقلىنى جايىدا ئىشلىتىپ، ئىمامبەگكە گەپنى ناھايىتى ئورۇنلۇق دېگەنلىكىگە كۆڭلىدە خۇش بولدى.

— سىلەرنىڭ ئەقلىڭلا نەگە كەتتى؟ كېلىنىم تېخى ياش تۇرسا!؟ — دېدى ئىمامبەگ ھېلىتىنلا غىرىبسىنىۋاتقاندەك كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ گەپنى ئېنىق دېمىسەممۇ مەنىسىنى ئەتراپىمدىكىلەر بىلەلەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ يوچۇن مەنىسىنى باشقىلاردىن كۆرە ئايىم خانىم دەرھال ھېس قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. «راست، رازاقنىڭ ئۆلۈمىنى دەپلا خەلچەمنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. ئالدىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن ئادەم ھامان يىراقنى كۆرەلەيدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز ئۇ يەرلەرگە يەتمىگەن بىلەن، مانا، ئىمامبەگ ئۇنى ئويلاپ ئۈلگۈرۈپتۇ. كېيىنچە خەلچەم ياتلىق بولسا باللار ئۆگەينىڭ قولىدا قالامدۇ؟......» ئايىم

خانىم كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلاپ، ئىمامبەگكە قايىل بولۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، يۇمشىغان ۋەزىيەت بىردىنلا يامانلاشتى. بەزىدە جاھاندىكى ئىشلارنىڭ مۇرەككەپلىكى خېلى كەسكىن ئادەملەرنىمۇ تەمتىرىتىپ قويىدۇ. غېنى ساقچى ئۆزىنى غازلىقتا پىچىقى ئەڭ ئىتتىكلەردىن ھېسابلاپ يۈرگەن بىلەن، مۇشۇنداق چىگىش مەسىلىگە دۈچ كەلگەندە كېسىپلا بىرنېمە دېيەلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇمۇ ئويلىنىپ قالدى ـ دە، بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندەك، ئايىم خانىمغا «ئەمدى قانداق قىلساق بولار» دېگەن مەنىدە قاراپ قويدى.

ــ ئىمامبەگ ئاكا، ئۆزلىرى كۆپنى كۆرگەن ئەقىللىك ئادەم، بەزى قائىدىلەرنى مەن دېمىسەممۇ ياخشى بىلىلا. مېنىڭچە، باللارنى ھازىرچە ئانىسىدىن ئايرىۋەتمەيلى، كېيىنكى ئىشلارنى ۋاقتى كەلگەندە مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلساق قانداق دەيلا!؟ ــ ئايىم خانىم شۇنداق دېگەندى، ئىمامبەگ ئىپادە بىلدۈرمەي، ئازراق ئويلانغاندىن كېيىن خەلچەمگە قاراپ دېدى:

ــ قىزىم، مەن ئاجىزلاپ قالدىم، بۇرۇنقى ھالىم ھۆددەس يوق. گەپنى بېشىدا ئوچۇق دېيىشىۋالايلى، ئېنىق دېمىسەممۇ ئۆگەينىڭ دەردىنى سىز ئوبدان بىلىسىز. نەۋرىلىرىمنى ئۆزىڭىز تارتقان كۈنلەرنى كۆرمىسۇن دېسىڭىز ماڭا قالدۇرۇپ كېتىڭ. ئەگەرچەندە باش ـ كۆزىگە توپا قوندۇرماي، ئۆگەينىڭ دەردىنى تارتقۇزماي باقالايمەن دېسىڭىز مەيلى، بىز كەم ـ كوسىڭىزنى غەملەپ بېرىپ تۇرايلى، باللارنى ئېلىپ كېتىڭ. مانا قاراڭ، ماۋۇ بەش بارمىقىمنىڭ قايسىسىنى چىشلىسەم ئوخشاش ئاغرىيدۇ......

ــ ماڭا ئىشىنىڭ، دادا، سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن، باللىرىمنى ھەرگىزمۇ ئۆگەينىڭ قولىغا قالدۇرمايمەن! ــ دېدى خەلچەم قەتئىيلىك بىلەن. شۇئان كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش قۇيۇلۇپ، ئاغزىدىن چىققان سۆزنىڭ راستلىقىنى تەستىقلىدى.

قارىغاندا ئۇ ئىمامبەگنى ھازىرغىچە «ماڭا تاش يۈرەكلىك قىلدى» دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاخىرىدا ئىمامبەگ مۇتەللىپ بىلەن ئىپارگۈلنى باغرىغا بېسىپ ئۆپكىدەپ يىغلىغىنىچە:

— ئاھ، بىچارە نەۋرىلىرىم، بېشىڭلاردا نېمە تارتقۇلۇق بولغىيتتى...... نارەسىدە تۇرۇپلا بىر قانتىڭلار سۇندى...... مەن سىلەرگە قانداقمۇ پايلايمەن...... قانداقمۇ چىدايمەن!؟...... — دەپ نالە قىلدى. بۇ چاغدا ھويلىدا كۆزى ياشلانمىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى، ھەتتا ئەتىدىن بېرىكى پاراڭلارنى تازا ئاڭقىرالمىغاندەك گاڭگىراپ ياتقان مادىيابەگمۇ بېشىنى ھەسرەتلىك چايقىغىنىچە يىغلاپ كەتكەنىدى......

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى. غېنى ساقچىمۇ كەۋسەرگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاپ، خەلچەمنى قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىگە سالامەت قايتۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاقتاشنى بىر مەزگىل لەرزىگە سالغان ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ خۇلاسىسى تۈگەللەنگەن بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاقتاشتا خەلچەم بىلەن ئابدۇللانىڭ ھۆرلۈككە چىققانلىقى ھەممىنىڭ ئاغزىدا قىزىق پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا غېنى ساقچىنىڭ دېلو تەكشۈرۈشتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارى ماختىلاتتى. دېمىسىمۇ، غېنى ساقچى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ قالتىس ئادەمگە ئايلانغاندەك، بۇ قېتىممۇ ئاقتاشلىقلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە غېنى ساقچى ئابدۇللانى قۇتقۇزۇشتا ئۆز مەسئۇلىيەت تەرتىپى بويىچە ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدىكى دېلوغا كونكرېت مەسئۇل بولغان ساقچىلارغا ماسلىشىپ تېگىشلىك كۈچ چىقارغان بىلەن، ئاقتاشلىقلار تۆھپىنى غېنى ساقچىغىلا مەنسۇپ دەپ بىلىشەتتى.

غېنى ساقچىمۇ كەۋسەرگە ئۆزىنى تازا بىر كۆرسىتىپ مەقسىتىگە تولۇق يەتكەندەك كېرىلىپ يۈرەتتى. قارىغاندا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆزگە ئىلماي، «غېنى كورت»، «غېنى توخۇ» دەيدىغانلارنىڭ تىلى كۆيىدىغاندەك قىلاتتى.

ئەمەلىيەتتە تاسادىپىي كېلىپ قالغان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن غېنى ساقچى ئۈچۈن كەۋسەر بىلەن بارات نىيازدىن ئۆزگىلەرنىڭ قانداق قارىشى ئانچىمۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى. پەقەت كەۋسەر بىلەن بارات نىياز ئۇنىڭ كارامىتىگە قايىل بولسىلا شۇ كۇپايە ئىدى. نەتىجە ئاخىر شۇنداق بولدى. ئۇلار ھەممىنى چۈشىنىپ، ئارىدا بىھۇدە ئاغرىنىپ يۈرۈشكەنلىكلىرىگە پۇشايمان قىلىشتى. كەۋسەر تەكرار رەھمىتىنى ئايىمىغان بولسا، بارات نىياز «پىشىپ يېتىلىپسەن» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاقتاشتا بىر مەزگىل نورماللىقنى يوقاتقان تۇرمۇش تەرتىپى ئەسلىگە كەلدى .

بۇگۈن بارات نىيازنىڭ ئۆيى خېلى يىللاردىن بېرى كۆرۈلمىگەن ئاۋاتچىلىققا شاھىت بولۇۋاتاتتى. گەرچە بارات نىياز چاشگاھ مەھەللىدە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىچىسى ئەيسا تەرىپىدىن «ناھىيەدىن رەھبەرلەر كەلدى» دەپ چاقىرىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، ئابدۇللا، خەلچەم، نىيازلارنىڭ ئاخشام ئابدۇللانىڭ ئۆيىدە كېلىشىۋالغىنى بويىچە، ئەتىگەندىلا بۇ ئۆيگە جەم بولۇشى ئەلۋەتتە بارات نىيازنىڭ تەشەببۇسى ئىدى. نېمىلا بولسۇن زۇلەيخان قازا قىلىپ، بارات نىيازنىڭ ھالىدىن قىزلىرى ئۆۋەتلىشىپ خەۋەر ئېلىۋاتقاندىن بۇيان بۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم كۆپ ئادەم توپلىنىپ، چوڭ قازاندا تاماق ئېتىلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، بارات نىيازنىڭ كۆپ ۋاقتى سىرتتا ئۆتكەچكە، بۇ ئۆيگە بۇرۇنقىدەك ئاۋات بولۇش ياتلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، كەۋسەرنىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا كۆتۈرۈلۈپ، ئانىسى ھايات

ۋاقتىدىكى خۇشال ئائىلە مۇھىتىنى ئەسلىمەي تۇرالمىدى. ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن ھوشۇر موزدۇز بارات نىيازنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قوتانىدىكى ئېرىكتىن بىرنى سويۇپ تونۇر كاۋىپى تەييارلىدى. بۈگۈنكى ئائىلە يىغىلىشىغا ئالايىتەن چاقىرىلغان غېنى ساقچى بەكمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ مۇشۇ كىچىكچە كەنجىلەرنىڭ بۇنداق يىغىلىشىغا تاسادىپىي ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، بىرنەچچە قېتىملا قاتناشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۈگۈنكىدەك مەخسۇس چاقىرىلىپ باقمىغانىدى. چۈشكە يېقىن مەپسىگە ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلگەن ئەخمەت بوۋاينى نىياز ئىشىك ئالدىدىن يۆلەپ كىرىپ ئازادە سۇپىدىكى كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى.

— بالىلىرىم، سىلەرنىڭ جەم بولغىنىڭلارنى كۆرسەم بۇرۇنقى ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كېتىدۇ، — دېدى بوۋاي تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشماي نەپەسنى ئاران بېسىپ، — قېرىلىق يەتتى. ئۇ يەر - بۇ يېرىم ئاغرىپلا تۇرىدۇ. قارىسام بۈگۈن خېلى ياخشى قوپۇپتىكەنمەن، سىلەرنى كۆرۈۋالاي دەپ كەلدىم. سەدىردىن بىلەن راشىدىن كەلگەن بولسا بەك ئوبدان بولماسمىدى!

بىردەمدىن كېيىن ئۇ كەۋسەردىن سەدىردىننى سورىغانىدى، كەۋسەر نېمىشقىدۇر ئارىسالدىلىق ئىلكىدە «كاللا دېسەم، پاقالچاق دەيدۇ» دېگەندەك جاۋاب بەردى:

— داستىخاندا بىر مۇھىم مېھمان كەم ئىدى، مانا، ئۇ دەل سىزكەنسىز! بۇ يىغىلىشنىڭ ئەمدى گۈلى گۈلگە كەلدى.

كەۋسەر ئەخمەت بوۋاينىڭ سوئالىدىن ئەتەي ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئابدۇللاغا لەپپىدە قاراپ سېلىپ، ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇۋاتقان ئىشنى چاندۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالدى. بۇ يەردە كەۋسەرنىڭ سەدىردىن بىلەن بولغان ھازىرقى

مۇناسىۋىتىنى غىبنى ساقچىدىن باشقىلار ئاساسەن بىلمەيتتى. كەۋسەرنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى ئەخمەت بوۋاينى سۆيۈندۈرۈپ، قورۇقلار ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن چىرايىنى ئاپتاپتەك ئېچىلدۇرۇۋەتتى. كەنجىلەرنىڭ كەيپىياتىمۇ بۆلەكچىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. شۇ ئەسنادا ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا بىر چاغلاردا ئەخمەت بوۋاينىڭ قوغۇنلۇقىدا باشتىن كەچۈرگەن قىممەتلىك كۆرۈنۈشلەر زاھىر بولۇپ، ئۇنىڭ زوق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلىرى قۇلاقلىرى تۈۋىدە ئاڭلىنىۋاتقاندەك بولدى.

توساتتىن ئەخمەت بوۋاي خەلچەمگە:

— يېنىمغا كەلگىنە، قىزىم، سېنى ئۇبدانىراق كۆرۈۋالاي، كىچىك تۇرۇپ بېشىڭغا كۆپ قىسمەت يەتتى سېنىڭ، — دېۋىدى، كەۋسەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خەلچەم ئەخمەت بوۋاينىڭ يېنىغا سۈرۈلدى. ئۇ بەكلا جۈدەپ، ئىلگىرىكى خۇش پېچىم ھالىتى يوقالغان. ئاقىقا مايىل چىرايىدىن ياشلىق نۇرى ئۆچۈپ، خىيلىلا قارىداپ، ئۇ يەر - بۇ يېرىگە تەڭگىدەك داغلار ئىز سالغانىدى. گەرچە كەۋسەر بايا سومكىسىدىن قانداقتۇر بىر خىل يۇز مايىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە سۈركەپ بىرئاز «جابدۇپ» قويغان بولسىمۇ، سولاشقان گۈل بەرگىدەك ھالىتىنى يوشۇرالمىغانىدى.

ئەخمەت بوۋاي باشقىلارغا ئوخشاشلا خەلچەمنىڭ مىسكىن ھالىغا ئېچىنىپ بېشىنى چايقىدى. سەل كۆكىرىپ قالغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ئاۋازدا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېدى. لېكىن، ئابدۇللا ئۈچۈن خەلچەم يەنىلا ئىلگىرىكىدەكلا سۆيۈملۈك ھەم غۇبارسىز ئىدى. جىسمىدىن باشلاپ گەپ - سۆز ھەم ھەرىكىتىگىچە گۈزەل تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلچەم بۈگۈن ئابدۇللاغا ئەڭ گۈزەل كۆرۈنىدىغان، ئېتىكىگە گۈل ئىشلەنگەن ھېلىقى ئاق رەڭلىك كىيىپ كۆڭلىكىگە

ئوخشاپراق كېتىدىغان يارىشىملىق كۆڭلەكنى كىيىۋالغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئابدۇللاغا ئىلگىرىكىدەكلا بىر پارچە ئوت بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى. بىراق، ئۇلار ئەمدى بىر - بىرىگە قارىسىلا ئارىسالدى بولىدىغان، ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشى ئۆزلىرىنى يوشۇرۇن نازارەت قىلىۋاتقاندەك ئەنسىرەيدىغان ھەم ئۇيياتلىق يەرلىرى ئېچىلىپ قالغان ئادەم كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك خۇدۇك- سىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەجايىكى، سالامىلىشىپ تىنچ - ئامانلىق سورىشىش ھېسابىدا قىسقىلا پاراڭلاشقاندىمۇ، ئەتراپىغا شۈبھە بىلەن قاراپ دەرھال جىم بولۇۋېلىشى باشقىلارنى ئويغا سالاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى تۇنجى بولۇپ سېزىۋالغان نىياز ئويلىغانلىرىنى كەۋسەرگە دېمەي تۇرالمىدى. كەۋسەر: «ئۇلار بېشىدىن ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. مۇھىمى رازاقنىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنى مۇشۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى بولغاي، كېيىنچە ھەممە ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ» دەپ چۈشەنچە بەردى. بىراق، نىياز كەۋسەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ئانچە قانائەت ھاسىل قىلالمايۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈن نىيازنى ھەممىدىن بەك سۆيۈندۈرگىنى، خەلچەمنىڭ ئوغلى مۇتەللىپ بىلەن ئابدۇللانىڭ ئاكىسى راخماننىڭ تېخى ئاخشاملا سارەمنىڭ يېنىدىن ۋاقتلىق ئېلىپ كەلگەن قىزى نۇسرەتنىڭ ھويلىدا يېتىلىشىپ شۇنچە ئېجىل ئويناۋاتقانلىقى بولدى. نۇسرەت يۈگۈرەيمەن دەپ يىقىلىپ كەتكەنىدى، مۇتەللىپ دەرھال ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدى.

— قاراڭلار! ئاۋۇ ئىككىسىگە، كونا تونۇشلاردەك ئويناپ كېتىشكىنىنى. بەلكىم ئۇلار ئىلگىرى تونۇشمايتتىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى نىياز مۇتەللىپ بىلەن نۇسرەتنىڭ نەدىندۇر تېپىۋالغان رەڭلىك لىنتىنى تارتىشىپ ۋىلىقلاپ كۈلۈشكىنىچە شۇنچە خۇشال ئويناۋاتقان ھالىتىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ.

— راست دەيسەن، ئۇلار بۇگۈن مۇشۇ ئۆيدە يۈز كۆرۈشتى تېخى، — دېدى كەۋسەر خەلچەمنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە چاي قۇيۇۋېتىپ.

باللارغا قاراپ بەكرەك سۆيۈنگىنى خەلچەم بولدى. گەرچە بۈگۈن ئۇنىڭ ئوغلى مۇتەللىپ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا شوخلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق خەلچەمنىڭ كۆزى ئەتىدىن بېرى ئابدۇللانىڭ قىزى نۇسرەتتە ئىدى. دېمىسىمۇ، نۇسرەت ھەقىقەتەن كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك ئوماق چوڭ بولغان بولۇپ، ناچىدەك بۇرنى، ئويماقتەك ئاغزى، چوڭ - چوڭ غۇبارسىز كۆزلىرى گويا ئۇستا رەسسام سىزغان ماي بوياق رەسىمدەك جەلپكار ئىدى. ئابدۇللامۇ نۇسرەتنى ئۇزاقتىن بۇيان كۆرمىگەنىدى. شۇ تاپتا نۇسرەت ئۇنىڭ دىلىدىكى ھەسرەتنى بىرئاز ئۇنتۇلدۇرغاندەك بولدى. ئاردا ئەخمەت بوۋاي مۇتەللىپ ئىككىسىنى يېنىغا چاقىرغان بولسىمۇ، ياتسىرىدى بولغاي كەلگىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي يانچۇقىدىن بىر چاڭگال گۈلنى ئېلىپ ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ تۇتۇۋالدى - دە:

— ۋوي، قوزىچاقلار، چوڭ بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ؟! ئاناڭلار بىلەن داداڭلارغا قوغۇنلۇقتا چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىم تۇنۇگۈنكىدەك يادىمدا بار، ئەمدى سىلەرگە چۆچەك ئېيتىپ بېرەمدىمەن؟ — دەپ ئەركىلەتتى. كېيىن توساتتىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئابدۇللاغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بالام ئابدۇللا، ماۋۇ خەلچەمنىڭ ئوغلىغا قارا، چوپچوڭ يىگىت بولاي دەپتۇ. سېنىڭ قىزىڭمۇ يوغىناپتۇ. سىلەرنىڭ باللىرىڭلار مۇشۇنداق چوڭ بولۇپ كەتكەن تۇرسا، نىياز بىلەن راشىدىن تېخىچە سالتاڭ[①] يۈرسە قاملىشامدۇ؟ ماۋۇ نىياز دېگەن بەزۇللاقا نەسىھەت قىلىڭلار! ئەمدى ئىچكىرىگە بارماي، دەرھال

[①] سالتاڭ — بويتاق مەنىسىدە.

ئـۆي - ئوچـاقلىق بولـسۇن، مەنمـۇ كۆزۈمنىـڭ ئوچـۇق ۋاقتىـدا نەۋرەمنى كۆرۈۋالاي.

ــ بەك بەلەن گەپ قىلـدىڭىز، ئەخمەتكـا. بىزمـۇ جاھانغـا تـۈۋرۈك بولمايمىز، بىـر كـۈنى ئۆلـۈپ كېتىمىـز شـۇ. نەۋرىمىزنـى كۆرەلمەي دۇنيادىن كەتـسەك قانداق بـولغىنى. شـۇڭا، راشـىدىنمۇ دەرھال قايتىپ كەلسە بولاتتى. ئۇنىڭمۇ تـويىنى قىلىـپ، بېـشىنى ئىككـى قىلـدىغان ۋاقىــت ئالالىقاچـان ئۆتـۈپ كەتتـى. ئەمـدى كېچىكتۈرسـەك ئـاللامۇ راۋا كۆرمەيـدۇ، ــ دېـدى ھوشـۇر مـوزدۇز ئەخمەت بوۋاينىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.

ئابدۇللا جاۋابەن ئېغىز ئېچىـپ بولغـۇچە ئارىغا غېنـى ساقچى قىسىلدى:

ــ سىلەر بۇ ئىككىسىنىڭ ئىچكىرىدە ئىشلەپ تېپىـپ بەرگەن پۇلىغا كۆنۈپ كەتكەندىكىن، بولدى بـۇ گەپنـى قىلماڭلار ئەمـدى. بۇلارنىـڭ تـويىنى قىلىـپ پـۇتىنى بـاغلاپ قويىـساڭلار، سـىلەرگە ئىلگىرىكىدەك پۇل تېپىپ بېرەلەمدۇ؟

ــ قـويە ئۇنـداق گەپنـى، بـالام غېنـى. پـۇل دېـگەن مۇشـۇ يەردىمۇ بار، خاتىرجەملىككە نېمە يېتىدۇ؟ ئەندىشىسى كۆپ پـۇلنى خەجلىمەيـلا قويـايلى بولـدى! پـۇل خەجلىمىگەنـگە ئـادەم ئۆلـۈپ قالمايـدۇ. پـۇلىمىز بولمىـسىمۇ يەيـدىغان نېنىمىـز ئېتىـزدىن چىققانـدىكىن شـۇمۇ يېتەرلىـك. ئابـدۇللانىڭمۇ سـەن قۇتۇلـدۇردۇڭ. راشـىدىن ئىچكىرىـدە ئالىمـادىس بىـرەر پېشكەلچىلىككە ئـۇچراپ قالـسا ئـۇنى كىـم قۇتقۇزىـدۇ؟ ــ ئەخـمەت بوۋاينـىڭ بـۇ گېپىگە ھەممەيلەن كۈلۈپ تاشلىدى.

شۇ چاغدا سىرتتىن قادىر ئاخۇن كىرىپ:

ــ نەۋرەمنـى كۆرگـۈم كېلىـپ ئۆيـدە ئولتۇرغـۇم كەلمىدى، ــ دېدى سەل تارتىنغان ھالدا.

ــ يېنىمىزدا سىز بولمىسىڭىز كـۆڭلىمىز يېرىم بولمامدۇ! ــ

دېدى نىياز قادىر ئاخۇن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ. ئاغچە ئابدۇللا بىلەن غېنى ساقچىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قادىر ئاخۇننى ئەخمەت بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. شۇ ئەسنادا هوشۇر موزدۇز تونۇر كاۋىپىنى ئېلىپ كىردى. ھەممەيلەن كاۋاپقا ئېغىز تەگكەچ ئۆزئارا مۇڭدىشىشقا چۈشتى. خەلچەم بىلەن كەۋسەر باشلىرىنى يېقىن ئەكىلىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشسە، ئابدۇللا غېنى ساقچى بىلەن ئايتاغلىق كىشىلەر توغرىسىدا پاراڭلىشاتتى. نىياز بولسا هوشۇر مۇزدوزغا راشىدىن ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. باشقىلارنىڭ ئۆز ھالىغا يارىشا داۋام قىلىۋاتقان سۆھبىتى بارا - بارا غېنى ساقچىغا مەركەزلىشىپ، ئۇنىڭ مۇرەككەپ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىغا تۆگەللىنىۋاتاتتى.

— غېنى ئۇكام، خەق «ئۆز ئېغىلىڭدىن چىققان توپاق ئۇي بولمايدۇ» دېگەن بىلەن، سەن بۇ قېتىم ئابدۇللانى قۇتۇلدۇرۇپ قالتىس ئىش قىلدىڭ ماخما! سەن بۇ بىگىسلىك ئارقىلىق ھەممىمىزنىڭ خاپىلىقىنى بىر يولى تۆگەتتىڭ ئەمەسما! — دېدى قادىر ئاخۇن غېنى ساقچىنى ماختاپ.

— نېمىلا دېگەنبىلەن غېنى ئۆزىمىزنىڭ، مۇشۇ ئاقتاشنىڭ بالىسى - دە، قادىرئاخۇن. بۇ يوغانباش مۇشۇ ئۆيدە چوڭ بولغاندىكىن بارتاخۇننى دورىماي قالامدا.

— بارتاخۇن دېگىنىڭ كىم ئەمدى؟

— يېزا باشلىقى بولماي كىم بولاتتى، بالام! سەنمۇزە، شەھەر كۆرۈپ كۆزۈم ئۇنداق ئېچىلدىيەي دەپ يۈرەتتىڭ. مۇشۇنچىلىك گەپنى چۈشەنمىدىڭما؟ يېزا باشلىقىمۇ مۇشۇ ئەخمەتكامنىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ بولغان. ئىلگىرى بىز ئۇنى بارتاخۇن دەيتتۇق، — چۈشەندۈردى قادىر ئاخۇن ئەخمەت بوۋاي ئىنكاس قايتۇرۇپ بولغۇچە ئالدىراپ.

— غېناخۇن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى

بىر يولى تىندۇردى. ئۇنى قانچە ماختىساق ئەرزىيدۇ، ــ ئەتىدىن بېرى تونۇر كاۋىپىنى تەييارلاشقا تۇتۇنۇپ پارالا سىرتىدا قالغان ھوشۇر موزدۇزمۇ لوقما سېلىپ غېنى ساقچىنى ماختىدى.

پەقەت كەۋسەر بىلەن خەلچەملا ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا بەند ئىدى. باياتىنقى ماختاشلار روھىنى ئۇبدانلا كۆتۈرۈپ قويغان غېنى ساقچى خەلچەم بىلەن قايسىدۇر بىر ئىش توغرۇلۇق پەس ئاۋازدا مۇڭدىشىۋاتقان كەۋسەرگە ئارىلاپ قاراپ لېۋىنى يالاپ قوياتتى. شۇ تاپتا بۇنداق ماختاشلار غېنى ساقچىغا بەرىبىر دەك ئىدى. «مۇھىمنىڭ مۇھىمى بار» دېگەندەك، ئۇنى پەقەت كەۋسەرلا ماختىسا، ھېچبولمىغاندا ئۆزىدەك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان تەقدىردىمۇ، ئىلگىرىكىدەك «تومپاي» پېتى قىلىۋەرمىگەنلىكىنى بىلسىلا شۇنىڭغا كۇپايىلىنەتتى. بىراق، كەۋسەرنىڭ پۈتۈن دىققىتى خەلچەمنىڭ پەس ئاۋازدا دەۋاتقان گېپىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئەتراپىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلاشقا ھەپىسلىسى يوقتەك قىلاتتى. بۈگۈن خەلچەم بىلەن كەۋسەرنىڭ ئۆز پارىڭىغا بۇنچە بېرىلىپ كەتكىنىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. ئىككىسىنىڭ مۇشۇنداق خاتىرجەم ئولتۇرۇپ بەھۇزۇر مۇڭداشمىغىنىغا بىرنەچچە يىل بولۇپ قالغانىدى. نېمىلا بولسۇن غېنى ساقچى بۈگۈنكىدەك پۇرسەتنى ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك بىلىۋاتاتتى. مۇھىمى ئۇ كەۋسەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنىڭ ئۈيلىغىنىدەك ئۈنۈم بېرىشىنى ئىستەيتتى. مۇبادا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يامان كۆز تەگمەي مۇشۇنداق داۋام قىلسا يەنى كەۋسەر بىلەن بىرگە بولىدىغان مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتلەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆپەيسە، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىناۋىتىمۇ ئۆسۈپ، كەۋسەرنىڭ نەزەرىگە ئېلىنسا، تېخىمۇ مۇھىمى كەۋسەر سەدىردىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولسا......

غېنى ساقچىنىڭ شېرىن خىياللىرى داۋام قىلىپ مۇشۇ يەرگە

كەلگەندە، كەۋسەر خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا:
— مەن بۇگۈنكىدەك خۇشاللىق دەملىرىنى بىزگە بەخش ئەتكەن غېنىكامغا رەھمەت ئېيتماقچىدىم. پارك بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇنى ئۇنتۇپتىمەن. غېنىكا، سىزگە كۆپ رەھمەت، بۇنىڭدىن كېيىن...... — كەۋسەر شۇنچە ھېسسىياتلىق تەلەپپۇزدا شۇلارنى دېدى - يۇ، نېمىشقىدۇر گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مادارى يەتمىگەندەك ئاۋازى پەسلەپ تۇرۇپلا قالدى.

ئەسلىدە كەۋسەر خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بىرسى سىرتتىن بەكمۇ تاسادىپىي ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلگەندى. ئۆيگە يېڭىدىن كىرگىنى سەدىردىن بولۇپ، ئۇنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇشى كۆپچىلىكنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، كەۋسەردىن كۆرە، يەنە بىر كىشىنى تېخىمۇ ئارامسىزلاندۇرۇۋەتتى. ئەلۋەتتە، غېنى ساقچى شۇ تاپتا چىرايىدىكى ئەجەبلىنىش، ئارامسىزلىنىش ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆزگىچە روھىي ھالىتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. غېنى ساقچىنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش يەنىلا ھازىرقى نورمالسىز ھالىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئارىدا سەدىردىن دەسلەپتە ئابدۇللا بىلەن، ئاندىن باشقىلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ بولۇپ، نۆۋەت غېنى ساقچىغا كەلگەندە كەيپىياتى ئەسلىگە كەلمىگەچكىمۇ، سەدىردىنگە قولىنى سوزۇشنى كېچىكتۈرۈپ قويدى، غېنى ساقچىنىڭ بۇ قىلىقى باشقىلارغا ئانچە بىنورمال كۆرۈنمىگەن بىلەن، خەلچەمگە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ قويۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان كەۋسەرگە بەكمۇ غەلىتە بىلىندى. كەۋسەر سەدىردىننىڭ ھېلى ئۆزىگە قارىغاندىكى چىرايىدا ئېنىق گەۋدىلەنگەن تولىمۇ رايىش ئىپادىنىڭ تېگىگە يەتكەندى. ئېنىقكى، ئابدۇللانىڭ ھۆرلۈككە چىقىشى كەۋسەر بىلەن سەدىردىن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئارازلىقتا سەدىردىننىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

سەدىردىننىڭ ئەينى چاغدىكى ئويىچە بولغاندا، كەۋسەرنىڭ ئابدۇللانى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقى بىھۇدە ئىدى. شۇ تاپتا بولسا سەدىردىننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا قولىدىكى ئۇستىخان بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرغان ئەخمەت بوۋاي ئارىدىكى غەيرىي نورمال ھالەتكە خاتىمە بەرمەكچى بولغاندەك كۆزىنى چىمىلداتقىنىچە دېدى:

— سەدىردىن بالام، بۈگۈن ھەرنېمە بولسىمۇ كەپسەن، كەلمىگەن بولساڭ داداڭغا ئۆتكۈدەك بىر گەپ قىلاتتىمەن. قارىمامسەن، ئابدۇللانىڭ بېشىغا كۈن چۈشكىنىنى ئاڭلاپلا نىيازمۇ جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن كېلىپ بولدى. سەن تاۋىلىڭ ئۆسكەنىسېرى غازلىقتىن يىراقلاپ كەتكىلى تۇردۇڭ، بۇنداق قىلساڭ بىزنى رەنجىتىپ قويىسەن، — ئەخمەت بوۋاي سۆزلەۋېتىپ ئۆي ئىچىنىڭ چوۋىن ئۇچىسىمۇ ئاڭلانغۇدەك سۈكۈتكە چۆمگەنلىكىدىن خۇدۈكسىرەپ، خاتا گەپ قىلىپ قويدۇممۇ - نېمە دېگەندەك ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ گېپىنى توختاتتى.

— ئەخمەتكام دائىم كەنجىلەرنىڭ مېھرى بىرتۇتاش دەيتتى ئەمەسمۇ مانا! ئەتىدىن بېرى ئارىمىزدا سەدىردىن بىلەن راشىدىنمۇ دەرقەمتە بولغان بولسا كۆڭلىمىز توق بولاتتى دېيىشكەنتۇق، بىلگەندەك سەدىردىن كەلدى. قارىغاندا يەنە بىردەم تەخىر قىلساق راشىدىنمۇ كېلىپ قالغۇدەك، — دېدى قادىر ئاخۇن ھوشۇر موزدۇزغا مەنىلىك قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە.

— راست، كەلمىگەن بىزنىڭ راشىدىنلا قالدى. مۇشۇ تۇرقۇم كەنجىلەرنىڭ جەم بولغىنىنى كۆرۈپ راشىدىننى بەكمۇ سېغىندىم. ماۋۇ نىياز بالام ئادىشىغا غاچچىدە ئۇچۇر بېرىۋەتسە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلەرمىدىكىن. قانداق، گېپىم توغرىمۇ؟— ھوشۇر موزدۇز نىيازغا ئۈمىدلىك نەزەردە قاراپ ھىجايدى.

نىياز نېمىنىدۇر دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا سەدىردىن:
— ۋىلايەتتىن ئاخشام قايتىپ كېلىپ ئابدۇللانىڭ قويۇۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇڭا، بۈگۈن ھەممە ئىشنى تاشلاپ بۇ تەرەپكە يول ئالدىم. يولدا ماشىنىدىن چاتاق چىقىپ كاشىلا بولۇپ قالمىغان بولسام خېلى بۇرۇنلا كېلىپ بولاتتىم، — دېدى ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك تولىمۇ سىپايە ھالدا.
— ھېلى سىرتتا ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئوللاھۇ ئالەم يېزا باشلىقى قايتىپ كەلدى بولغاي دەپ ئويلىغانىدىم، ئەسلىدە ئۇ سەن ھەيدەپ كەلگەن ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئىكەن - دە، بالام، — دېدى قادىر ئاخۇن سەدىردىنگە قىزىقىش ئىچىدە قاراپ. ئاندىن يېنىدا نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ ئولتۇرغان ئەخمەت بوۋايغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قارىغاندا بۈگۈن ئەخمەتكام سىلەرگە قىزىق گەپ قىلىپ بېرىدىغاندەك تۇرىدۇ، بەلكىم بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى دەپ بېرەمدىكىن. قاراڭلار، ئۇ تازا ئويلىنىۋاتىدۇ.
ئارىدا كەۋسەر كىرىپ خەلچەمنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ، نېمىشقىدۇر كەيپىياتىنى تەڭشىيەلمەيۋاتاتتى.
— ئەخمەتكام يۇرتىمىزنىڭ چىرىغى، كۆرگەن - بىلگەنلىرى سىلى - بىزنىڭ چېچىمىزدىن كۆپ. ئاجايىپ مەنىسى بار گەپلەرنى دەپ بېرىدۇ. ئوبدان ئاڭلاڭلار باللىرىم. ھەي ئىسىت، راشىدىنمۇ ئاڭلىغان بولسا بەلەن بولاتتى. نىياز، ئەخمەتكامنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى ئادىشىڭغا ئۇنتۇپ قالماي دەپ بەرگىن ماخما، بالام!؟ — دېدى ھوشۇر موزدۇز راشىدىنىنىڭ بۈگۈن بۇ يەردە يوقلۇقىغا ھەسرەتلىنىپ.
كەنجىلەرگە غېنى ساقچىمۇ قوشۇلۇپ ئەمدىلا كۆرۈشۈۋاتقاندەك بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. گەرچە چوڭلار بۇ ئۆيگە باشقا-

باشقا باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كىلىپ تەبىئىي ھالدا توپلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گەپلىرىنى قۇۋۋەتلەپ كېتىشلىرى كەنجىلەرنى «چوڭلار ئەسلىدە كىلىشۋالغانىكەن - دە» دېگەن گۇمانغا كەلتۈرمەيمۇ قويمىدى. نىياز يېنىدىكى سەدىردىنگە كۆسۈرلاپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتقاندا ئەخمەت بوۋاي گەپ باشلىدى:

— قادىر ئاخۇن بىلەن ھوشۇر ئاخۇن توغرا ئېيتتى. مەن سىلەرگە دادام رەھمەتلىك سۆزلەپ بەرگەن بىر ئىشنى دەپ بېرەي. سىلەر چوڭ بولدۇڭلار، ئەمدى چۆچەكنى سىلەرگە ئەمەس، ئەنە ئاۋۇ باللىرىڭلارغا سۆزلەپ بەرسەم دۇرۇس بولىدۇ. سىلەر دائىم جاھان ئۆزگەردى دەيسىلەر، مېنىڭچە جاھان ئەمەس، بەزى ئادەملەرلا ئۆزگەردى. مېنىڭچە، ئادەملەر بىلەن جاھاننىڭ ئىشلىرى ھازىرقىدەكلا ئۆزگىرىدىغان بولسا، ئەتە - ئۆگۈن سىلەر خىيالىڭلارغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىشلارنى كۆرىدىغان ئوخشايسىلەر. ئىلگىرى قىر بېشىدا بىر زاغرىنى بىرنەچچە پارچە قىلىپ ئولاش- چولاش يەيتتۇق. ئەمدىسزە، ھەممىمىز تاپقىنىمىزنى ئۆيىمىزنىڭ بۇلۇڭىغا تىقىدىغان بولدۇق. يامان بولغىنى، ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ، جامائەت توپىدىن چەتلەشتۇق. بۇنداق ئىشلار مەندەك قېرىلار بىلەن تۈگىسە، سىلەرگە مىراس بولۇپ قالمىسا ياخشى بولاتتىغۇ! سىلەر ئۇچۇرما بولۇپ كەتكەندىن بېرى، نەسىھەتىمنى ئاڭلايدىغان ياش باللار قالمىدى. قارىسام، ئۇلارغا مېنىڭ نەسىھەتىمدىن كۆرە، ئىچىدىن كىنو چىقىدىغان ئەنە ئاۋۇ ساندۇق ئەۋزەل بولۇپ كەتتى. خەيرىيەت، بۇ ھەقتە چېچىلسام مۇشۇنداق گېپىمنى توختىتىۋالالماي قالىمەن. ئەمدى نەق گەپكە كېلەي، زېھنىڭلارنى يىغىپ ئوبدان ئاڭلاڭلار، دادام رەھمەتلىك ماڭا مۇنداق بىر رىۋايەتنى دەپ بەرگەن: بۇ ئالەمنىڭ ئابادى ئاخىرلىشىپ قىيامەت قايىم بولغاندا ھەممە كىشىنىڭ ياخشى-

يامان ئەمەللىرى تارازا ـ مىزاندا تارتىلىدىكەن. ساۋابى گۇناھىدىن ئارتۇق كەلگەنلەر جەننەتكە، گۇناھى ساۋابىدىن ئارتۇق كەلگەنلەر دوزاخقا مەھكۇم قىلىنىدىكەن. ئىبرىشكەن ساۋابى بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھى تەڭ كېلىپ قالغانلار بولسا جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا قالىدىكەن. بىر كىشىنىڭ گۇناھى بىلەن ساۋابى تەڭ كېلىپ مۇشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بوپتۇ. ئۇ ئاللاغا يېلىنىپ ئۆزىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى تىلەپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولماپتۇ. شۇ چاغدا بىر مالائىكە ئۇنىڭغا: «سەن بىر دەرىجە ساۋابلىق تاپالىساڭلا جەننەتكە كىرەتتىڭ، بىر ئامالىنى قىلىپ باق!» دەپتۇ. ئۇل كىشى دەرھال ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر دەرىجە ساۋابلىق سورىغانىكەن، ئانىسى «مەن پانىي دۇنيادا توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ سېنى تەۋەللۇت قىلغانمەن ھەم سېنى بېقىپ قاتارغا قوشۇپ، بىرىشكە تېگىشلىكنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بەرگەنمەن. ئەمدى ساڭا ھېچ نەرسە بېرەلمەيمەن. شۇ تاپتا مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولالمايۋاتىمەن» دەپتۇ. ئۇل كىشى كېيىن دادىسىنىڭ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلاردىنمۇ ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر دەرىجە ساۋابلىق بېرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇل كىشى تەقدىرگە تەن بېرىپ، دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسىدا قېلىشقا تايىن تېپىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇل كىشىنىڭ پانىي دۇنيادا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دوستلۇققا قول بېرىشىپ، جاپا مۇشەققەتنى، بەخت ـ سائادەتنى تەڭ كۆرگەن بىر دوستى جەننەتكە مېڭىۋېتىپ، ئۇنىڭ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرىشان بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئەي دوستۇم، بېشىڭغا نېمە مالامەتلەر يەتتى؟ سېنىڭ بۇ ھالىڭنى كۆرۈپ يۈرەك باغرىم ئېزىلدى. سېنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالىڭنى كۆرۈپ تاقەت قىلالمىدىم. ماڭا دەردىڭنى

ئېيتقىن دەپتۇ. دوستى دەردىنى ئېيتىپ: «ساۋابلىق دەرىجەم بىلەن گۇناھىم تارازا - مىزانىدا تەڭلىشىپ قالدى. سەندىن ئايرىلىپ مۇشۇ يەردە قالدىغان بولدۇم» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جەننەتكە ماڭغان دوستى: «مەن ئەسلىدە گۇناھىمدىن بىر دەرىجە ساۋابلىقىم ئارتۇق بولغاچقا جەننەتكە ماڭغانىدىم. مەن ئاشۇ بىر دەرىجە ساۋابلىقىمنى ساڭا بېرەي، سەن جەننەتكە كىرگىن. مەن مۇشۇ يەردە سېنىڭ ئورنۇڭدا قالاي» دەپتۇ. ئىككى دوست بىر - بىرىگە چىداشماي، قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ تۇرغاندا ئاللادىن: «سىلەر پانىي دۇنيادا دوستلۇقنى قەدىرلەپ، بىر-بىرىڭلارغا ۋاپا قىلىشىپ ئۆتكىنىڭلار ئۈچۈن، ھەر ئىككىڭلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىدىم. بىلىڭلاركى، مېنىڭ دەرگاھىمدا دوستلۇق ھەممىدىن قىممەتلىك، قېنى، ھەر ئىككىڭلار مەن تەييارلىغان جەننەتكە مەرھەمەت قىلىڭلار!» دېگەن پەرمان كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككىسى جەننەتكە كىرىپتۇ. بۇنىڭدىن بىلگەنسىلەر باللىرىم، دوستلۇق مۇشۇ پانىي دۇنيادىلا ئەمەس، ئاللانىڭ دەرگاھىدىمۇ ئاشۇنداق ئۇلۇغلىنىدۇ. ئۇنىڭ دەرىجىسىمۇ ئەڭ ئۈستۈن بولىدۇ. شۇڭا دەيمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەر ھەم جاھاننىڭ ئىشلىرى مەيلى قانداق ئۆزگەرسە ئۆزگەرسۇن، ئاراڭلاردىكى دوستلۇقۇڭلار ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن. مۇبادا بىرىڭلارنىڭ بېشىغا ئابدۇللانىڭكىدەك ئېغىر كۈن كېلىپ قالسا، ھەممىڭلار دەرھال ياردەم قىلىپ ئۇنى مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇڭلار. ئەكسىچە، شەخسىيەتچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ، ئۆز ئىشىڭلار بىلەنلا بولۇپ كەتسەڭلار ھەرگىزمۇ دۇرۇس بولمايدۇ، ئىشىڭلار ئىلگىرى باسمايدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزۈڭلارمۇ يۆلەنچۈكسىز قالىسىلەر. بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە تۈگەيدۇ، ئەمما دوستلۇق ئەبەدىلئەبەد كۆكلەيدۇ. پېقىرچىلىقتا قالماي دېسەڭلار دوستلۇقنى جېنىڭلاردەك ئاسراڭلار. مەن سىلەرگە دەيدىغاننى دەپ بولدۇم، ئەمدى

دېگەنلىرىمنى ئوبدان ھەزىم قىلىڭلار!
ئەخمەت بوۋاينىڭ نەسىھەتى ھەممەيلەننى ئويغا سالدى بولغاي، ئۆينىڭ ئىچى بىردەم ئېغىر جىملىققا چۆكتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەدىردىنلا باشقىلارنىڭ يەر تىگىدىن ئۆزىگە ئارىلاپ قاراپ قويۇشلىرىدىن «بوۋاي بۇ گەپلەرنى ساڭا قارىتىپ دېدى، بىلدىڭمۇ» دېگەندەك مەنىلەرنى قىياس قىلىپ خۇدۇكسىرىمەكتە ئىدى. دېمىسىمۇ، سەدىردىن ئاقتاشقا كەلگەندىن بېرى نىياز ھە دېگەندە «سەن غېنىچىلىكمۇ بولالماپسەن» دەپ گەپتە چېقىپلا كېلىۋاتاتتى. سەدىردىننىڭ بولسا نىيازنىڭلا ئەمەس، باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇ خىل قاراشتا بولۇشىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۆزىنى دەڭسەپ ھەرقانچە ئويلىنىپ باقسىمۇ نېمىشقىدۇر كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. شۇ ئەسنادا داستىخاننىڭ ئەتراپىدا ئويناپ يۈرگەن مۇتەللىپ قولىدىكى كاۋاپنى يېنىدىكى نۇسرەتكە تەڭلىگەنىدى، ئىككىسىنىڭ بۇ خىل ئوماقلىقى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتىپ ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇۋەتتى. غېنى ساقچى سۇغۇرۇلۇپ قوپۇپ سىرتقا ماڭدى. نېمىشقىدۇر ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە بايىقىدەك خۇشال كەيپىياتتا ئولتۇرغۇسى كەلمىگەنىدەك قىلاتتى. كەۋسەر ئاشخانا ئۆيدە ئاچىسىغا ياردەملىشىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان خىياللاردىن نېرى بولالمايۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن سەدىردىن ئابدۇللا ھەم نىياز بىلەن قىزغىن مۇڭدىشىۋېتىپ، بىردىنلا دادىسى جالالىدىن ئاخۇننى ئويلاپ قالدى. يېقىن-يورۇقلار خۇشال - خۇرام جەم بولغان بۇ سورۇندا دادىسىنىڭ بولماسلىقى كەۋسەرنىڭ ئەتىدىن بېرى ئۆزىگە ئېتىبار بەرمىگەنـ-لىكىگە ئوخشاشلا سەدىردىننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلسىمۇ، بىراق ئۇ قىلچە چاندۇرمىدى.
ئۇلار كەچكە يېقىن سورۇندىن تارقىغاندا، سەدىردىن ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە ماشىنىسىغا ئابدۇللا بىلەن قىزى نۇسرەتنى

ھەم نىيازنى چىقىرىپ ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويلىرىنى بىردەم ئايلاندى، ئاندىن ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار نىيازنىڭ تەلپىي بويىچە خېلى بىرمەھەلگىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشتى. بۈگۈنكى جەم بولۇشتىن نىيازلا تازا قانائەت ھاسىل قىلالمىغانىدى، بولۇپمۇ سەدىردىن كەلگەندىن كېيىن كەۋسەرنىڭ چىرايىنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشى، ئەتىدىن بېرى قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ ئولتۇرغان غېنى ساقچىنىڭ ھويلىدا بىردەم ئايلىنىپلا «ساقچىخانىدا مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالدى» دېگەننى باھانە قىلىپ تىكىۋېتىشى كۆپچىلىكنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپكەنىدى. نىيازمۇ بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە كەنجىلەر ئارىسىدا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل بوشلۇقنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى غىل - پال ھېس قىلغانىدى. كەۋسەر سەدىردىننى كۆرۈپلا بۇزۇلغان كەيپىياتىنى دەماللىققا تەڭشىيەلـ ـمەيۋاتقان بولسا، خەلچەم مادىيابەگنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان بىلەن، ئەمدى ئابدۇللا بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىل تامنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ خىيال قايىنىمىدا ئۈزەتتى. سەدىردىن بۈگۈنكى جەم بولۇشتا دادىسى جالالىدىن ئاخۇننىڭ نېمىشقا ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ھەرقانچە قىلسىمۇ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزەلمەي ئاچچىق يۇتاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا ھەممەيلەن جەم بولغان بۇنداق سورۇنغا كەۋسەر ياكى بارات نىياز جالالىدىن ئاخۇننى چاقىرىپ قويۇشى كېرەك ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئۆيىدە كەۋسەر توغرىسىدا پاراڭ بولغاندا، سەدىردىن بارات نىيازنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشنى تىلغا ئالغانىدى، جالالىدىن ئاخۇن بارات نىيازدىن خاپا بولۇپ:

— مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا بىلگەنىدىم، — دېدى

تومتاقلا قىلىپ. ئەسلىدە جالالىدىن ئاخۇنىنىڭ بارات نىيازغا قورساق كۆيۈكى بار ئىدى. جالالىدىن ئاخۇنىنىڭ ئويىچە بولغاندا، بارات نىياز ئەمدى جالالىدىن ئاخۇنغا ھەم جەمەتىدىكىلەرگە ئىلگىرىكىدەك يېزا باشلىقلىق ئەمىلىنى پەش قىلماي، بېشىنى ئېگىشى، ھېچبولمىغاندا ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرۈشى كېرەك ئىدى. نېمىشقىدۇر بارات نىياز بۇنداق قائىدە - يوسۇنلارغا ئانچە ئېتىبار بەرمەيۋاتاتتى. شۇ تاپتا جالالىدىن ئاخۇنىنىڭ بۇ گېپى سەدىردىنىنىڭ كاللىسىدا غەلىتىلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، كۆڭلىگە ھەر خىل گۇمانلار سايە تاشلاپ ئۆلگۈردى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزى ۋىلايەتكە ئۆگىنىشكە كەتكەندە ئائىلىسىدە بىرەر كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى جەزم قىلالماي، دادىسىدىن ئەتەي سۆز كوچىلىۋىدى، جالالىدىن ئاخۇن: «سەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، يەنە كېلىپ ناھىيەدە بىر ئىدارىگە باشلىق بولدۇڭ. بەزى بىر ئىشلارنى ئۆزۈڭنىڭ سالاھىيىتىڭگە قاراپ بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىۋال» دەپلا ئېتىزغا كېتىپ قالدى. دادىسىنىڭ ئىلگىرىكى گېپىنى ھەزىم قىلالمايۋاتقان سەدىردىن تېخىمۇ گاڭگىرىدى.

سىرلىق تېپىشماق سەدىردىننى قىيناۋاتاتتى. ئۇ ئارىدىكى سىرنى بىلىشكە تازا تەشنا بولۇۋاتقاندا، باغ تەرەپتىكى شاخ - شۇمبىلارنى تونۇرنىڭ يېنىغا ئاپىرىۋاتقان يەڭگىسى ئاستا يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— ئۇكام، بىر گەپ بار ئىدى، سىزگە دېمەي دېسەم كۆڭلۈم قويمايدۇ، دەي دېسەم سەل تىلىم كۆيىدۇ. مېنىڭچە، كەۋسەرنى بۇ قېتىممۇ ئېلىپ كەتمەي، بىر مەزگىل سەل چۆچۈتسىڭىز بولامدىكىن. ھە راست، بايا جالالىدىن دادامنىڭ سىزگە دېگەن گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى، سەزدىڭىزمىكىن؟

— مەن گاڭگىراپلا قېلىۋاتىمەن، ھەممىڭلار مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلىسىلەر. قېنى، ھەرقانداق ئىش يۈز

بەرگەن بولسمۇ مەندىن يوشۇرماي چاپسانراق ئېيتىڭە!

— سىز ۋىلايەتتە ئۆگىنىشتە بولغان مەزگىلدە قۇلىقىمىز گەپ ئاڭلاپ قالغاچقا، ھەممىمىزنىڭ ئىچى پۇشۇق...... كەۋسەر ھېلىقى غېنى ساقچى بىلەن يېتىلىشىپ ئايتاغقا بېرىپتۇ......

سەدىردىننىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭۈپ كەتتى، تىنىقى ئىتتىكلەشتى، لەۋلىرى كۆكىرىپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى. يەڭگىسى ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى بولغاي، گەپنىڭ ئاخىرىنى دېمەيلا دەرھال تونۇرنىڭ يېنىغا كېتىپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئۆيدىن سۈپرىنى كۆتۈرۈپ چىققان چىناخان سەدىردىننىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، تونۇرنىڭ يېنىدا تۇرغان كېلىنىگە ھومىيىپ قاراپ قويدى. سەدىردىن روھىي ھالىتىنى ئانىسىغا چاندۇرماسلىقنى ئويلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، باغقا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، جىسمىنى قورشىۋالغان ئاچچىق سېزىم يەنىلا ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. باغنىڭ مەنزىرىسى كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالماي، كۆز ئالدىدىكى ئىشلار ئۇنى خىيال قايىنىمىغا چۆمدۈرۈۋاتاتتى. بىراق، قانداقلا ئويلىسۇن شۇ تاپتا كەۋسەر بىلەن تازا دېيىشكۈسى، ئۆزى ۋىلايەتتىكى ۋاقتىدا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرغىچە سۈرۈشتۈرۈپ، بەڭۋاشلىقىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلغۇسى كېلەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ھەر قېتىم ئارازلىشىپ قالغاندا، كەۋسەر سوغۇق ـ قانلىق بىلەن سۆزلىرىنى پاكىت ئارقىلىق دەلىللەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالاتتى. سەدىردىن بولسا گەپ تېپىپ بېرەلمەي، پاسسىپ ئۇسۇل — ۋارقىراشنىلا بىلەتتى. مانا، بۇ قېتىم ئەڭ مۇھىم پاكىت قولىغا چۈشتى، ئەمدى كەۋسەرنى بوش قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. شۇنداقتىمۇ، بىراقلا چاندۇرۇپ ئۈركۈتۈۋەتمەي، ياخشىسى ھەر ئاماللار بىلەن ئەپلىشىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇپ ئەدەپلەش كېرەك. بۇ ئەڭ ئاقىلانە چارە...... سەدىردىن ئويلاپ

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىلگىرىكى پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، بار ئامال بىلەن كەۋسەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ ناھىيەگە بىللە قايتىش قارارىغا كەلدى. بىراق، ئارىدىكى ئارازلىقنى قانداق تۈگىتىش ۋە كەۋسەرنى قايسى ئۇسۇلدا قايتۇرۇپ كېلىشتە يەنىلا بېشى قاتتى. سەدىردىن بىلەتتىكى، بۇ قېتىم كەۋسەردىن قاتتىق رەنجىگىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ مەكتىپىدە ياتاق تۇتۇپ تۇرۇشى، ئۆزىدىن كۆرە سەدىردىن ئۈچۈن ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. كەۋسەرنىڭ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئاجرىشىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكى سەدىردىنگە ئايان ئىدى. سەدىردىن ئوي-خىياللار قاينىمىدا ئۆزگىنىچە باغدا ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. باغقا بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ كىرىپ - چىقىپ تۇرۇۋاتقان چىناخان ئوغلىنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلاتتى. چوڭ كېلىنىنىڭ بايا سەدىردىنگە نېمىلەرنىدۇر دەپ ئارامىنى بۇزغانلىقىغا ئىچى پۇشاتتى. قېشىغا چاقىرىپ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولاتتى - يۇ، بىراق كەۋسەر ھەققىدە گەپ تېپىشلىپ قالسا نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى. ئانىنىڭ ئويىچە بولغاندا ئارىدىكى ئىشلارنى بۇنچە مۇرەككەپلەشتۈرمىگەن تۈزۈك ئىدى. لېكىن، جالالدىن ئاخۇننىڭ تەرسالىقى ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. بىرچاغدا سەدىردىننىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرى نېمىشقىدۇر ئەسلىگە قايتىپ، تۇتۇلغان چىرايى بىرئاز ئېچىلغاندەك بولدى - دە، باغدىن چىقىپ تالاغا ماڭدى. ھويلىدا كېلىنىگە نېمىدۇر دەپ دوق قىلىۋاتقان چىناخان سەدىردىننىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدى.

دەل شۇ چاغدا بارات نىيازنىڭ ئۆيىدىمۇ سەدىردىننىڭ گېپى بولۇۋاتاتتى. تۈنۈگۈن بارات نىياز ناھىيەدىن كەلگەنلەرنى ئۇزىتىپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندە، كەۋسەر بىلەن ئاچىسى ئۇخلاپ قالغانىدى. شۇڭا، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا ئالدىنقى كۈنىدىكى جەم بولۇش ئۈستىدە گەپ ئاچتى.

ــ تۇنۇگۈن سىلەر بىلەن بىللە بولالمىدىم. قايتىپ كېلىشكە شۇنچە تىرىشقان بولساممۇ، ناھىيەدىن كەلگەنلەر قىرىشقاندەك بىرمەھەل بولغۇچە يىغىن ئېچىپ كاشىلا قىلدى. قانداق، تۇنۇگۈن ئابدۇللانىڭ كۆڭلى ئېچىلدىمۇ؟ ئۇ بىچارە دادىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي ھەسرەت ئىچىدە قالدى. ھەممىڭلار جەم بولۇپ ئىختىيارىي مۇڭدىشىپ ئولتۇرساڭلار، ئابدۇللانىڭ كۆڭلى بىرئاز بولسىمۇ ئېچىلىپ قالارمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ــ دېدى بارات نىياز كەۋسەرگە سوئال نەزەرىدە قاراپ.

كەۋسەر ئىغىز ئېچىپ بولغۇچە چاي دەملەۋاتقان ئاچىسى:

ــ ھەممەيلەن خۇش بولدى، دادا، ئابدۇللانىڭ چىرايىمۇ ئېچىلىپ قالدى. ھە راست، بىرچاغدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا سەدىردىن كېلىپ، كۆڭلىدە كەۋسەردىن دادامنى چاقىرماپتۇ دەپ خاپا بولدىمىكىن، كەيپىياتى بەكمۇ تۆۋەن، گەپ - سۆزسىز ئولتۇردى. قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك باشقىلارمۇ جىمىپلا قېلىشتى، ــ دېدى ئەجەبلىنىش ئىلكىدە.

ــ نېمە؟ سەدىردىن كەلدى!؟ ــ بارات نىياز سەل ئەندىكىپ بېشىنى چايقاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ تۇنۇگۈن چوڭلارنى چاقىرمىغان تۇرساق، سەدىردىن نېمىشقا دادامنى چاقىرماپتۇ دەپ بىزدىن يامانلىغۇدەك؟ مەن پەقەت ئابدۇللا بىلەن نىيازنى ھەم يەنە خەلچەمنى كۈتۈپ قويۇشنىلا ئويلىغانىدىم. ئابدۇللا بىر ھېسابتا گۆرنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ كەلدى. نىيازمۇ بېيجىڭدىن كەلگەچكە، ھاردۇق سورىغانىنىڭ ھېسابىدا چاقىرىپ قويدۇق شۇ. سەدىردىن تولا ئوت قۇيرۇقلۇق قىلمىسۇن! ھېلىغۇ تۇنۇگۈن چوڭلارنى چاقىرمىدىم، چاقىرغان تەقدىردىمۇ جالالىدىن ئاخۇننى ئويلىشىپراق چاقىرغان بولاتتىم.

راستىنى ئېيتقاندا، بارات نىيازنىڭمۇ خۇددى جالالىدىن ئاخۇندەكلا قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا جالالىدىن

ئاخۇن سەدىردىننىڭ ئەملىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمىسە، ئۆزى بىلەن ئۇزەڭگۈ سوقۇشتۇرمىسا بولاتتى.

— هە راست، تۈنۈگۈن ئەخمەت دادام بىلەن قادىر ئاكامۇ كەلگەن. جالالىدىن ئاكامدىن باشقىلار جەم بولغانىدىكىن، سەدىردىن شۇنداق ئويلاپ قالغان چېغى، — كەۋسەر ئاچىسىنىڭ گېپى ئۈزۈلۈشىگىلا ئۇنىڭغا «ئەمدى بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى دېمەيلا قوي» دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويدى.

— يامانلىغۇسى كەلگەن ئادەمگە ئاسماندىكى شامالمۇ سەۋەب بولىدۇ، قىزىم. بولىدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، كېيىن چۈشىنىپ قالار. بۈگۈن سەل ئالدىراش بولىدىغاندەك تۇرىمەن، دورامنى سومكامغا سېلىپ قوي، — دېدى بارات نىياز سەل خاپا ھالدا. كەۋسەر شۇ تاپتا دادىسىنىڭ ئۆز سالامەتلىكىنى ئاسراش ئۈچۈن دىلىنى رەنجىتىدىغان خىياللارنى ئىمكان بار كۆڭلىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدى. دەرۋەقە، بارات نىيازنىڭ ئەمدى سەدىردىن بىلەن جالالىدىن ئاخۇننى تىلغا ئالغۇسى يوقتەك قىلاتتى. سەدىردىننىڭ خۇلقىنىڭ ئۆزگىرىۋاتـ-قانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ئۆزىگە ئەزەلدىن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئۆتكەندە يۈزىدىن-يۈزىگە تەئەددى بىلەن دېگەن گەپلىرى يۈرىكىدە خۇددى بىر پارچە مۇزدەكلا ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئېرىشى سەل تەستەك قىلاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئاشۇ ئىشنى ئويلىسا، كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالاتتى. ئەتىدىن بېرى خىيالغا پېتىپ، لام - جىم دېمەي ئولتۇرغان كەۋسەر دادىسىغا لاپپىدە قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاچىسىغا يۈزلىنىپ بېشىنى يېنىك چايقاپ قويدى. ئاچىسى ئۇنىڭ ئەمدى بۇ ھەقتە گەپ قىلمايلى دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ گەپنىڭ تېمىسىنى ئابدۇللاغا يۆتكىدى.

— ئابدۇللا ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن زەربىدە بىر قىسمىلا

بولۇپ قاپتۇ. مېنىڭچە، تېزرەك خىزمەتكە چۈشسە روھى كۆتۈرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ ئەمدى يېزىدا نېمىش قىلىدۇ؟

— ئۇنىڭ خىزمىتىنى بېكىتىپ بولدۇق، قىزىم. بىر مەزگىل ئىتتىپاق شۇجىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. كېيىن باشقا ئىشقا قويىمىز، — بارات نىياز شۇنداق دېگىنىچە سائىتىگە قارىدى - دە، سومكىسىنى ئېلىپ سىرتقا ئالدىراش چىقىپ كەتتى. كەۋسەر دادىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۆيۈپ بولۇپ ئاچىسى بىلەن بىرچاغقىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردى. ئاچىسى ئۇنىڭ بويىدا بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن خۇش بولغان بولسىمۇ، كەۋسەرنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى.

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن جالالىدىن ئاخۇن قاسىم قارىمنى ئەگەشتۈرۈپ بارات نىيازنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ ئىشتىن ھويلىنى سۈپۈرۈۋاتقان كەۋسەرلا ئەمەس، ئىشقا مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان بارات نىيازمۇ ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئۆزئارا سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن بارات نىياز ئۇ ئىككىيلەننى مېھمانخانىغا باشلىدى. ئۇلار كۆرپىدە جايلىشىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ، قايتىدىن تىنچ - ئامانلىق سوراشتى، ئاندىن قاسىم قارىم ئېغىز ئاچتى:

— جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، باللار نادانلىق قىلىپ بىر - بىرىنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويغان چېغى. دانالار: «يامان ئىشمۇ، دىلنى رەنجىتكەن يامان گەپمۇ ئۈچ كۈندە ئۇنتۇلىدۇ» دېگەنىكەن. ئاڭلىسام، باللار ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقىلى خېلى ئۇزاق بوپتۇ. «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دەپ بۇ ئىش سەمىمىزنىڭ سىرتىدا قېلىپ ئوبدان بولماپتۇ. بۈگۈن ھۇزۇرلىرىغا مۇشۇ ئىش بائىسىدا كەلدۇق. سەدىردىن ئىدارىسىغا باشلىق بولغاندىن بۇيان خىزمىتى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. شۇڭا، كەۋسەرنى ئېلىپ كەتسەم دەپ كۆتۈپ تۇرىدۇ. مەن باللارنى چىرايلىق يولغا سېلىپ

قوياليمىكىن دەيمەن. قالغان ئىشلارنى ماۋۇ جالالىدىن ئاخۇن ئۆزى يولدايدىغان بولدى، سەدىردىنگە ئوبدان نەسىھەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش يۈز بەرمەس، سىلىچە......

قاسىم قارىم شۇلارنى دېگەندىن كېيىن بارات نىيازنىڭ بۇ ئىشتىكى رايىنى بىلمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئەسلىدە بارات نىيازنىڭ جالالىدىن ئاخۇننىڭ پىكرىنى ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. بىراق، جالالىدىن ئاخۇن ئۇستاتلىق قىلىپ ئارىغا قاسىم قارىمنى قىستۇرۇپ كېلىپ، بارات نىيازنى تار يەردە قىستىغاندەك ئىش قىلىۋاتاتتى. بارات نىياز مېھمانلارغا چاي سۇنۇپ داستىخاندىكى مەزىگە بېقىشقا ئۈندىگەچ جىددىي ئويلاندى. ئۇ بىرتۇرۇپ مۇشۇ پۇرسەتتە جالالىدىن ئاخۇن بىلەن بەزىبىر ئىشلار توغرىسىدا ئوبدانراق دېيىشىپ، خېلىدىن بېرىقى قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىشنى ئويلىسا، بىرتۇرۇپ سەدىردىننىڭ ئەملى ئۆسۈپلا خۇي - پەيلىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، كەۋسەرنىڭ دىلىنى بىرنەچچە قېتىم ئاغرىتقانلىقىنى، دادىلىق سۆيپىتى بىلەن ھەرقانداق كىشىنىڭ كەۋسەرنىڭ دىلىنى رەنجىتىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى. بىراق، بارات نىياز ئاخىرىدا ھەر ئىككى ئويىدىن ۋاز كەچتى. ئەسلىدە بۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۇ مەرھۇم ئايالى زۇلەيخانىنى ئەسلەپ قالغان بولۇپ، رەھمەتلىك زۇلەيخان ھايات ۋاقتىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ھەر ئىككى تەرەپنى قايىل قىلىدىغان ئەپلىك ئۇسۇلنى قوللىناتتى. ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئادىتىنى ھەممىسى ماختىشاتتى. قايسىبىر يىلى چوڭ قىزى ئېرى بىلەن ئارازلىشىپ يامانلاپ كەلگەندە، بارات نىياز: «قىزىمىزنى ئانىي تاپقاندىكىن ئەكەتكىلى كەلسە قوشۇپ بەرمەي بىر مەزگىل......» دېگەندە، زۇلەيخان: «سىلىنىڭ تۇتقان ئەمىلىڭلار بىلەن بىزنىڭ قىز ئىگىسى ئىكەنلىكىمىز ھەرگىزمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

بۇنداق ئىشتا قىز ئىگىسى چوقۇم مۇلايىم ھەم ئېغىر - بېسىق بولۇشى لازىم. كونىلارنىڭ: ‹چۈگۈن قايىنسا ئۆز بويىنغا تاشار› دەيدىغان تەمسىلى بار، ئاچچىقلانمايلى!» دەپ، يامانلاپ كەلگەن قىزنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئۆزى ئاپىرىپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەرگىزمۇ ئارازلاشماي ئىناق ئۆتۈشكەنىدى. مانا مۇشۇ ئىش بارات نىيازنىڭ خىيالىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. يەنە كېلىپ ئۇ ئاخشام كەۋسەرنىڭ بويىدا بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھەمدە كەۋسەرنىڭ ئاچىسى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بولۇپ: «كەۋسەرگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى چاپسانراق سەدىردىن بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويمىساق بولمىغۇدەك» دېگەنىدى. شۇڭا، يېنىكلىك قىلىشقا بولمايتتى. ئارىدا تۇغۇلغۇسى بالا بولغانىكەن تېخىمۇ سوغۇققان بولۇشقا توغرا كېلەتتى، ئاچچىقىغا پايلىماي قاسىم قارىمنىڭ ئالدىدىلا جالالىدىن ئاخۇن بىلەن دېيىشسە تازا قامالاشمايتتى. ئارىنى بىردەم سۈكۈت باستى. جالالىدىن ئاخۇن يەر تېگىدىن قاسىم قارىمغا قاراپ قويدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاخشام سەدىردىن «كەۋسەرنى قايتۇرۇپ كېلىمەن» دەپ چىڭ تۇرمىغان بولسا، بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭمۇ رايى يوق ئىدى.

ئۇ تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرغاندا بارات نىياز ئېغىز ئاچتى:

— قارىم، مېنىڭچە بالىلارمۇ كىچىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر ئىككىسى ئوقۇمۇشلۇق. شۇڭا، بۇ ئىشنى بالىلارنىڭ ئۆز رايىغا قويۇپ بەرگىنىمىز تۈزۈكمىكىن دەيمەن. ئىككىسى ئوبدانراق مۇڭداشسۇن، ئارىدا ئەپۇ قىلىشالمايدىغان چوڭ ئىشمۇ يوق. سەدىردىنمۇزە، ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارە قىلىپ تازا قاملاشمايدىغان ئىش قىپتۇ. كەۋسەر مۇشۇ ئۆيدە بولغانىدىكىن ئۆزى كېلىۋەرسە بولماسمىدى! كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا بەكمۇ ئېچىنىمەن. كىچىك ۋاقىتلىرىدا شۇنداق ئىناق تۇرۇپ، چوڭ بولۇپ ئەقىل

تاپقاندا تېخىمۇ ئېناق بولماقتا يوق، بىر - بىرىدىن خاپا بولۇشۇپ يۈرۈشسە ھەممىمىزگە سەت ئەمەسمۇ؟ بىز بىر يۇرت، بىر مەھەللىلىك، يەنە كېلىپ ئەسل - نەسلىمىزنى ئوبدان بىلىشىدىغان تۇرساق، ئارازلىشىپ يۈرۈش ئەرزىمىدۇ! ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ زىيىنى ناھايىتى كۆپ. بىز ھەرقانداق ئىشتا تەشكىللىك بولۇپ، مۇقىملىقنى، ئومۇملۇقنى ئويلاپ......

جالالىدىن ئاخۇن يېنىك يۆتىلىپ قويۇۋىدى، قاسىم قارىمۇ جاۋابەن قىمىرلىدى. بارات نىياز دەرھال سۆزىنى توختىتىۋالدى. دىمىسىمۇ ئۇ سۆزلەۋېتىپ قىزىشىپ، ئۆزىنى ئۆيىدە ئەمەس، بەلكى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يىغىن زالىدا مەجلىس ئېچىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالغانىدى.

— مانا، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى چوڭ - دە، تازا بەلەن گەپ قىلدىلا. زۇلەيخان رەھمەتلىكمۇ بۇنداق ئىشلارنى ناھايىتى ئوبدان يولدايتتى. كونىلارنىڭ: «قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس» دېگىنى بەرھەقتۇر. بۇ ئىشنى سىلى دېگەندەك باللار ئۆزلىرى كېلىشىپ ھەل قىلىۋالسۇن، ھېلى سەدىردىن ئۆزى كەلسۇن ئەمىسە. ئەمدى يەنە بىر مۇھىم ئىش بار ئىدى، كونىلار: «ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھىغا دۇئا قىلماق، ھاياتلار قازاغا رىزا بولۇپ ياشىماق لازىم» دەپ توغرا ئېيتقان...... — قاسىم قارىم نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي بىردە بارات نىيازغا، بىردە جالالىدىن ئاخۇنغا مەنىلىك قاراپ قويدى. شۇئان جالالىدىن ئاخۇننىڭ چىرايىدا «بۇ ئۆيگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى مەسلىھەتىمىزدە باللارنىڭ ئىشىنى دېيىشىشتىن باشقا ئىش يوق ئىدىغۇ؟» دېگەن ئىپادە ئەكس ئەتتى. بارات نىيازمۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

— ئەيىبكە بۇيرۇشمىسىلا، ناھىيەگە يىغىنغا باراتتىم. سەل ئالدىراپ قېلىۋاتىمەن. سەدىردىن كېلىپ كەۋسەر بىلەن ئۆزى سۆزلەشسۇن، — دېدى تاقەتسىزلىنىپ.

ئەسلىدە بارات نىياز قاسىم قارىمنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. قاسىم قارىم مۇۋاپىق لايىق تېپىپ ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش ئويىدا بولۇپ، بۇ پىكرىنى ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئېيتقانىدى. گەرچە ئۇ زۇلەيخان قازا قىلغاندىن كېيىن يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، تۇرمۇشتىكى بەزىبىر ئىشلاردا قولاي بولۇشنى كۆزلەپ، قاسىم قارىمنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتىنى ئويلاپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قىزلىرىنىڭ رايىنى بىلمىگەچكە ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلىرى نۆۋەت بىلەن كېلىپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۆيلىنىشكە تازا قىزىقمايۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قىزلىرىنىڭ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئۆزىدىن رەنجىپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. دېگەندەك، قاسىم قارىم بۇگۈنكى قىسقا پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمەي، جالالىدىن ئاخۇن ھەرقانچە تىت ـ تىت بولسىمۇ يەنە شۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ:

— مېنى ئەجەب تولا كۆزۈمگە كىرىۋالدى دەپمۇ كەتمىسىلە. مەنلا ئەمەس، ئاقتاشتىكى جامائەتنىڭ ھەممىسى سىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىدۇ. سىلى مۇشۇ كۈنلەردە كېسەلچان بولۇپ قالدىلا، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىمەن دەپ ئەتىدىن كەچكىچە چېپىپ يۈرۈۋاتىلا. باللارغۇ چوپلىرىنى چۆلدەرەتمەي ھاللىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. شۇنداقتىمۇ سىلىگە ھامان بىر ھەمراھ بولمىسا بولمايدۇ. يەنىلا ئۆيلىنىپ باللارنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكەنلىرى دۇرۇس بولامدىكىن. بۇ دورەم جامائەت سىلىگە مۇشۇ مەسلىھەتنى بېرىشنى تاپىلاشتى. مەنمۇ بىر ھېسابتا جامائەتنىڭ ئەلچىسى.

— قارىم، يېزا باشلىقى ناھىيەگە بارغۇدەك، بىز كاشىلا قىلىۋەرمەي، بۇ ئىشنى كېيىنچە مەسلىھەتلەشسەك بولارمىكىن، —

جالالىدىن ئاخۇن ئاخىر تاقەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى قاسىم قارىمنىڭ نەزەرىگە ئېلىنمىغان بىلەن، شۇ تاپتا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلمەيۋاتقان بارات نىيازغا تازا ياقتى. چۈنكى، قاسىم قارىم غازلىقتىكى جامائەتنى شىپىي كەلتۈرۈپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك يېنىكلىك بىلەن جاۋاب بەرگىلى بولمايتتى.

— جالالىدىن ئاخۇن دېگەندەك بۇ ئىشنى كېيىنچە مەسلىھەتلىشەيلى ئەمىسە. مەن ناھىيەگە بېرىپ كېلەي، — دېدى بارات نىياز گەپنى كېسىپلا.

شۇنداق قىلىپ، قاسىم قارىم بىلەن جالالىدىن ئاخۇن قايتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى. ياندىكى ئۆيدە ئۆز پارىكى بىلەن ئولتۇرۇشقان كەۋسەر بىلەن ئاچىسىمۇ «ئۇلار يەنە دادامغا ئۆيلىنىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگىلى كەلگەن چېغى» دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. قاسىم قارىم بىلەن جالالىدىن ئاخۇن كەتكەندىن كېيىن كەۋسەر دېرىزىدىن هويلىدىكى گۈللۈككە قاراپ:

— ئاچا، مەن بۇ ئىش توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندىم. مۇبادا دادام يەنە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالسا بىزگە تەس بولىدۇ. تەرىتىگە قوپالمىغۇدەك ئاغرىسا بىز بېقىپ بولالمايمىز، سەنمۇ دائىم بۇ ئۆيگە كېلىپ بولالمايسەن. بالىلىرىڭ چوڭ بولغانسېرى ئۇلارنىڭ باش ئاغرىقىمۇ چوڭىيىدۇ. ياخشىسى، دادام قوشۇلسىلا ئېپىدە لايىق تېپىپ ئۆيلەپ قويايلى! — دېدى.

— ساڭا بۈگۈن نېمە بولدى؟ ئەجەب قاملاشمىغان گەپ قىلىسەنغۇ؟ قاراپ تۇرۇپ «دادامنى بېقىپ بولالمايمىز» دەۋاتىسىنا. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار بولغان بىلەن مەن بىكارغۇ، بىر ئوبدان بېقىۋاتمامدىم!؟ مەن سېنىمۇ ئانامغا ياردەملىشىپ بېقىپ چوڭ قىلغان. خىزمىتىڭنىڭ ئالدىراشلىقىنى بىلگەندىكىن، سېنى ۋاقتى - قەرەلىدە دادامنى يوقلاپ كەلمىدى دەپ رەنجىمەيمىز. رەھمەتلىك ئانام بىر قوللۇق بەرپا قىلغان ئۆيگە يات بىر ئايال

كىرىپ كەلسە، تېخى مەرھۇم ئانامنىڭ قولى تەگكەن سەرەمجانلارنى تۇتۇپ ھەم ئىشلىتىپ يۈرسە سەن چىدىيالامسەن؟ سەن چىدىساڭمۇ، بىراق مەن...... مەن ھەرگىزمۇ چىدىيالمايمەن!

ئاچىسى شۇنداق دېگىنىچە ئۆپكىدەپ يىغلىۋىدى، كەۋسەرمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئاندىن ئاچىسى ئۇنى باغرىغا بېسىپ بەزلىدى:

— ساڭا...... قاتتىق...... قاتتىق تېگىپ قويدۇم. مېنى...... ئەپۇ قىل، ئەسلىدە ئۇنداق دېمىسەم بولاتتى. مۇشۇ گەپ تىلغا ئېلىنسىلا ئانام ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ. ئىچ ئاغرىقى بەك يامانكەن، سىڭلىم! ئانام ماڭا ھازىرمۇ ھاياتتەكلا بىلىنىدۇ. ھېلىلا باغدىن بىر باغلام بېدىنى قولتۇقلاپ چىقىپ كېلىدىغاندەكلا سېزىمەن!

كېيىن بۇ ئامراق ئاچا - سىڭىللار قوللىرىنى تۇتۇشۇپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇشتى. كەۋسەر ئاچىسىنىڭ تېز تېرىكىپ، يەنە تېزلا ئەسلىگە كېلىدىغان ئادىتىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىردەملىك ئاچچىقىدا دېگەن گەپلىرىنى ئېغىر ئېلىپ كەتمىدى.

— سەن ئويلىغان بۇ ئىشلارنى مەنمۇ ئويلىغان ئاچا، — دېدى كەۋسەر ئاچىسىنىڭ قولىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — دەرۋەقە، بۇ ئىشلار بىزگە راستتىنلا ئېغىر كېلىدۇ. ئەمما، بىز ئۆزىمىزنىلا ئويلاپ، دادامنى ئويلىمساق بولمايدۇ. دادام ئۆتكەندىكىدەك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالسا، بىز تەرىتىگە قاچا تۇتالماي بەكمۇ تەڭلىكتە قويىدىكەنمىز. ئەمدى جاھىللىق قىلىۋەرمەيلى بولامدۇ!؟

— مەن بىر ئۆمۈر دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئويلىغان، ئاكاڭمۇ مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىشكە قوشۇلغان، — دېدى ئاچىسى سەممىمىي ھالدا، — گېپىڭدىن قارىغاندا بۇنىڭلىق بىلەنمۇ ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كەتمىگۈدەك. ساڭا يەنە بىر ئىشنى ئېيتاي، ئانام قازا قىلىشتىن ھەپتە ئىلگىرى ماڭا: «مەن

كۆز يۇمغاندىن كېيىن بەك كىچىكتۇرمەي داداڭلارنى ئۆيلەپ قويۇڭلار. داداڭلار ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئىتتىز - قىرلاردا كۆپ جاپالارنى چەكتى. يېزا باشلىقى بولغان بىلەن قولى ئىتتىزنىڭ ئىشىدىن بوشىمىدى. ئالمادىس كېسەل تارتىپ يېتىپ قالسا، سىلەر ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ بولالمايسىلەر. ئۇنى ئۆيلەپ قويساڭلار سىلەرمۇ خاتىرجەم بولىسىلەر، ئەرلىرىڭلارنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ رازىلىقىنى ئالالايسىلەر. داداڭلارنى ئۆيلەپ قويمىساڭلار، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىز دەپ ئەرلىرىڭلارنى رەنجىتىپ قويىسىلەر. ئايال كىشى ئاتا - ئانىسىنىڭلا ئەمەس، يەنە ئېرىنىڭمۇ رازىلىقىنى ئالمىسا ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ، جەننەتكىمۇ كىرەلمەيدۇ» دېگەن، مەن ئانامنىڭ بۇ نەسىھەتىنى سىلەردىن سىر تۇتقانىدىم.

— نېمە؟ ئانام راستىنلا ساڭا مۇشۇ گەپلەرنى قىلغانما، ئاچا؟ رەھمەتلىك ئانام بەكمۇ مۇلايىم، سەممىي ئايال ئىدى، — كەۋسەر شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالماي ئاچىسىغا ئېسىلىپ ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى.

قاسىم قارىم بىلەن جالالىدىن ئاخۇننى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەن بارات نىياز قىزلىرىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى. گەرچە بۇنداق ئېزىلىپ يىغلاشلار زۇلەيخان قازا تاپقاندىن كېيىن بۇ ئۆيدە ئارىلاپ كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بۈگۈنكىسى بارات نىيازغا باشقىچىرەك بىلىندى. بارات نىيازنىڭ ئويىچە ھەممىگە قاسىم قارىم بىلەن جالالىدىن ئاخۇن سەۋەبچى ئىدى. ئۇلار بامداتتىن يېنىپلا كېلىپ، ئۆزىنى بىسەرەمجان قىلىۋەتكەندەكلا، كەۋسەر بىلەن ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭمۇ يۈرەك يارىسىنى تاتىلىغاندەك قىلاتتى. بارات نىياز كۆڭلىدە: «قىزلىرىم ئېھتىمال قاسىم قارىمنى يەنە مېنى ئۆيلەپ قويىدىغان مەقسەتتە كەلدى دەپ چۈشىنىپ قالدى بولغاي، نېمە بولسا بولسۇنكى،

ئۆيلىنىپ ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتكىنىمدىن كۆرە، قىيىنچىلىق تارتسامىمۇ تەنھا ئۆتەي» دېگەن يەرگە كەلدى.

ــ قىزلىرىم، ئەتىگەندە بۇنداق يىغلىغىلى تۇرساڭلار، كەچكىچە بىر كۆزۈم كەينىمدە سىلەردىن ئەنسىرەپ قولۇم ئىشقا بارمايدۇ. سەۋرلىك بولۇڭلار. ھە راست، كەۋسەر قىزىم، ھېلىراقتا سەدىردىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق سۆزلەشكىن، ئىلاج بار ئېغىر - بېسىق بول. مېنىڭچە، بۇ ئىشتا ئاناڭ رەھمەتلىكنىڭ خىسلىتىدىن ئۈلگە ئالغىن. مەن قاسىم قارىم بىلەن جالالىدىن ئاخۇنغا: «بۇ ئىشنى باللار ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلسۇن» دېدىم. ئاراڭلاردا كەچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان كۆڭۈل ئاغرىقى بولمىسا چىرايلىقچە ئەپلىشىپ قېلىڭلار. سەدىردىن بىلەن قايتىپ كېتەي دېسەڭ، ماڭا قارىماي كېتىۋەرگىن. مەن كەچرەك قايتىپ كېلىشىم مۇمكىن.

دادىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كەۋسەر بىلەن ئاچىسى بىر - بىرىگە قارىشىپلا قېلىشتى.

*　　　　　*　　　　　*

چۈشكە ئاز قالغاندا كەۋسەر ئاچىسى بىلەن يوتقان - كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سېلىۋاتاتتى. دەرۋازا ئالدىدا كىچىك ماشىنىنىڭ گۈر- كىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاچا - سىڭىللار «دادام قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئىشىككە قارىۋىدى، ھويلىغا سەدىردىن بىلەن نىياز كىرىپ كەلدى. كەۋسەر ئۇلارنى كۆرۈپلا ئىچىدە: «سەدىردىن بۈگۈن ھەددىدىن ئارتۇق ئۇستاتلىق قىلدى. ئەتىگەندە جالالىدىن دادام بىلەن قاسىم قارىمنى ئەۋەتىپ قانائەت قىلماي، ئەمدى نىيازنىمۇ ئارىغا ساپتۇ» دەپ تېرىكتى.

نىياز بىلەن سەدىردىن ئۆيگە كىرىپ كەۋسەرنىڭ ئاچىسىنىڭ

زورى بىلەن بىرئازدىن مىۋە - چىۋە يېيىشتى. ئارىدا سەدىردىن كەۋسەرگە ناماقۇل بولۇپ ئەپلىشىپ قىلىش ھەققىدە گەپ ئېچىۋىدى، كەۋسەر ئۇنچىقماي تۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا نىياز ئارىغا كىرىپ كەۋسەرگە سەدىردىن بىلەن قايتىپ كېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋىدى، كەۋسەر: «بۇ ئىشقا سەن ئارىلاشما» دېگىنىچە ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى. سەدىردىن كەۋسەرنىڭ چىرايىنىڭ غەزەپتىن ئاقىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قەددىنى قايتىدىن رۇسلاپ، نېمىدۇر دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا كەۋسەر:

— ئارىمىزدىكى ئىشلارنى ئىككىمىز بىر تەرەپ قىلالايدىغان تۇرساق، باشقىلارنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ نىيازغۇ ئۆزىمىزنىڭ دوستى. قاسىم قارىمنى ئارىغا سالغىنىڭ نېمىسى!؟ تەتىل ۋاقتىم توشۇپ قالدى، مەنمۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قايتىمەن. ھەرقانداق گەپ بولسا مەن ئىشقا چۈشكەندە دېيىشەيلى. سەنمۇ قايتىپ ئىشىڭنى قىلىۋەر، — دېدى تەئەددى بىلەن.

— بىلىمەن، سېنى كۆپ رەنجىتىپ قويدۇم. دۇنيادا خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق. ۋىلايەتكە ئۆگىنىشكە بارمىغان بولسام سەندىن بۇرۇنلا ئەپۇ سورىغان بولاتتىم. مېنى بۇ قېتىم ئەپۇ قىلىۋەتكىن. بۇنىڭدىن كېيىن ئارىمىزدا بۇنداق قاملاشمىغان ئىش ھەرگىز يۈز بەرمەيدۇ. ھېلىمۇ ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئۇزاق بولدى. بۇنداق كېتىۋەرسەك ھەر ئىككىمىزگە ياخشى ئەمەس. مۇبادا يەنە جاھىللىق قىلىۋەرسەڭ، بولدى مەنمۇ ئىدارىغا بارماي، مۇشۇ ئاقتاشتا تۇراي...... — دېدى سەدىردىن ئۆتۈنۈش بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن تەلەپپۇزدا. ئۇ بايا يولدا كەلگۇچە نىياز بىلەن كېلىشىۋالغىنى بويىچە، ئۆزى دېمەكچى بولغان گەپنى ھەرھالدا جايىدا دېۋالدى. بىراق، كەۋسەر يەنىلا

ئۇندىمەي ئولتۇراتتى.
سەدىردىن يەر تېگىدىن نىيازغا قاراپ قويغانىدى، نىياز بۇنىڭدىن «ئەمدى سەن گەپ قىل» دېگەن مەنىنى ھېس قىلىپ، سالماق ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:
— مەن بۇ قېتىم بېيجىڭدىن كېلىپ، چوڭ بولغانسېرى ئارىلىقىمىزنىڭ يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. مېنىڭچە، بۇ دوستلۇق ئەھدىمىزگە مۇخالىپ ئىش. سىلەرنىڭ ئابدۇللا بىلەن خەلچەمنىڭ بېشىغا چۈشكەن قىسمەت توغرىسىدا بىزگە خەۋەر بەرمىگەنلىكىڭلار ھەم مۇشۇنداق ئارازلىشىپ ئولتۇرغىنىڭلار بۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. مۇبادا مەن چۈشۈم تولا بۇزۇلۇپ بارات نىياز دادامغا تېلېفون قىلمىغان بولسام ھەممىدىن خەۋەرسىز قالىدىكەنمەن. مېنىڭچە، مۇشۇ بىر قاتار ئىشلاردا سەدىردىن سەنمۇ ياخشى قىلماپسەن. ئەمەلدار بولدۇم دەپ بۇنداق ئۆزگىرىپ كەتسەڭ قاملاشماس. بىلگىنىڭكى، دوستلۇق سېنىڭ ئۇنداق ئەمەلىڭدىن قىممەتلىكتۇر! — نىياز تازا قايناپ سۆزلەۋېتىپ، سەدىردىننىڭ قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەپنى كەۋسەرگە يۆتكىدى، — كەۋسەر، سەنمۇ بۇنداق جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالمىغىن. سەدىردىن ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈۋەتكەن تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلغانىدىكەن، كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈۋەتكىن. مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، ئاراڭلاردا سىلەر ھەل قىلالمىغۇدەك چوڭ ئىشمۇ يوقكەن. چىرايلىق ئەپلىشىۋېلىڭلار. بۇ ئاداشمۇ ئىدارىسىدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بوپتۇ. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئىدارىسى بىلەن ئاقتاشنىڭ ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈۋەردى. يەنە بۇ يەردە سېنى ساقلاپ كاشىلا بولۇپ يۈرسە ياخشى بولماس.
نىياز دەيدىغاننى دەپ، بىر ياندا شىرە ئۈستىدىكى يەل - يېمىشلەرگە قاراپ ئۈنچىقماي ئولتۇرغان كەۋسەرگە سوئال نەزەرىدە

قارىدى. ئۇ بايىدىن بىرىقى گەپلىرىنىڭ كەۋسەرگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. بىراق، كەۋسەر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي ئىلگىرىكىدەكلا ئولتۇراتتى. سەدىردىن بولسا نىيازنىڭ بايا يول ئۈستىدە ئۆزىگە كەۋسەرنى قايتۇرۇپ كېلىشتىن باشقا گەپ قىلماسلىق ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقىغا كۆڭلىدە نارازى بولۇۋاتاتتى. بۇنىڭسىزمۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان سەدىردىن نىيازنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىدىن بىزار بولۇپلا كېلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، سەدىردىن بۇ قېتىم ئاقتاشقا كەلگەندىن بېرى نىياز ماڭدامدا بىر چېقىپ، مەيلى ئابدۇللا ياكى خەلچەمنىڭ ۋە ياكى كەۋسەرنىڭ گېپى بولسۇن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇ ئىشلاردىكى ياردىمىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دوستلۇقتىكى مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، تار يەردە قىستىدى. بۇنداق چاغدا ئابدۇللا ئارىغا چۈشۈپ، سەدىردىننى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇراتتى. بىراق، بۈگۈن بۇ يەردە ئابدۇللا بولمىغاچقا، يەنە كېلىپ كەۋسەرنىڭ ئالدىدا يىغىرىنىڭ ئېچىلىشى سەدىردىن ئۈچۈن ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. «ماۋۇ يورغىنىڭ گەپدانلىقىنى كۆرمەمدىغان، خەپ توختاپتۇر، سېنىمۇ پەيتىنى كەلتۈرۈپ تازا بىر بابلىمىسام ھېساب ئەمەس......» سەدىردىن ئىچىدە شۇلارنى دەۋاتاتتى، كەۋسەرنى ئاچىسى يانىدىكى ئۆيگە چاقىرىپ ئەكىرىپ كەتتى.

— خەپ يورغا، بايا يولدا كەلگۈچە بەرگەن ۋەدەڭدە تۇرمىدىڭغۇ؟ ماڭا ھەرقانداق گېپىڭ بولسا كېيىن دېسەڭ بولمامدۇ؟ كەۋسەرنىڭ ئالدىدا نېمانداق كاسىلدايسەن؟ — دېدى سەدىردىن ئارىدىكى غەنىيمەت پۇرسەتتە نىيازغا باتناپ.

— مەن دېگەن سەن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىدىغان كىچىك بالا بولمىسام. بۇنداق ئىشلار كىچىك ۋاقتىمىزدا بولغان بىلەن ئەمدى بىزگە ياراشمايدۇ. قارىمامسەن، ماۋۇ زاڭاقتىكى ساقالغا! بىز

ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس. ھەرقانداق ئىشقا قارىتا مېنىڭمۇ ئۆز قارىشىم بولىدۇ ـ دە، سىنى دورايدىغانىغا شاتۇتى بولمىغاندىكىن، ئۆز قارىشىمنى دېدىمغۇ!

ــ «جاھان كۆرۈپ كۆزلۈم ئېچىلىپ قالدى» دەپ يۈرەتتىڭ. قارىغاندا سەنمۇ چاغلىقكەنسەنغۇ؟ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالمىساڭ، «كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىمەن» دەپ يۈرگىنىڭ پو ئوخشىمامدۇ سىنىڭ!؟

ــ يەنە دېسەم، يەنە شۇ گەپ. قارىغاندا پىكرىمىز بىر يەردىن چىقمايدىكەن. بۇنىڭغا سىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭ سەۋەبچى. ئوچۇق ئېيتسام، سەن ئەمەل تۇتقاندىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىرىپسەن. بولدىلا ئاغزىمنى ئۈپرىتىپ نېمە قىلاي، ئەمدى نېمە قىلساڭ كارىم يوق. ئەمما، شۇنى باشتا دېۋالاي. مەن خىزمەت، ئەمەل، ئىمتىياز دېگەنلەرنى كۆزۈمگە ئىلىپ قالمايمەن. پەقەت دوستلۇقنىلا قەدىرلەيمەن. مۇبادا ماڭا ئەمەلىڭنى پەش قىلىپ، باشقىلارغا قىلغاندەك ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان بولساڭ، ساڭا ھەرگىزمۇ يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايمەن جۇمۇ!؟

ــ بۇنچە دەپ كەتمە، مەن ئۆزگىرىپ باشقا مەخلۇققا ئايلىنىپ كەتمىدىم، يەنىلا سەدىردىن شۇ. بىرئاز سەمرىپ قورساق سالغان يېرىم بار. كۆزۈڭگە باشقىچە كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشايمەن......

ئۇلار شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كەۋسەر ئاچىسى بىلەن كىرىپ كەلدى. سەدىردىنىڭ ئويلىغىنىدەك كەۋسەرگە ئاچىسى ئايرىم نەسىھەت قىلغانىدى. ئاچىسىنىڭ نەسىھەتى ئۇنىڭ بەردىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، كەۋسەر ئوبدانلا يۇمشىغاندەك قىلاتتى. ئۇ سەدىردىنگە ئوچۇق ـ يورۇق ھالدا ئېيتتى:

ــ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئارازلىقنى باشتا ئىككىمىز پەيدا

قىلغاندىكىن، ئەمدى مەسئۇلىيەتكە باشقىلارنى چاتماي، ئۆزىمىز ئىگە بولايلى. ئەتىگەندە قاسىم قارىم، ھازىر بولسا نىياز ماڭا نەسىھەت قىلىپ يۈرسە بەكمۇ قورۇنۇپ قالىدىكەنمەن. بىر ھېسابتا مەھەللىمىزدىكى يامانلىغاق ئاياللاردىن پەرقىم بولمايدىكەن. بوپتۇ، سەن بىلەن كېتەي. ھېلىمۇ ئارىمىزدىكى جارا- ھەتنىڭ ئېغىز ئالىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، مەنمۇ بۇنداق تارتىشىپ يۈرۈشنى خالاپ كەتمەيمەن. قالغان گەپنى ئىككىمىز ئايرىم دېيىشەيلى.

كەۋسەرنىڭ بۇ گېپى سەدىردىننى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. نىياز دەسلەپتە كەۋسەرنىڭ سۆزىدىن قانداقتۇر بىر خىل مۇرەككەپ مەنىنى قىياس قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزىنى كەۋسەرنى سەدىردىن بىلەن قايتىشقا مەنىلا قايىل قىلدىم دەپ مەغرۇرلاندى. شۇنداق قىلىپ، كەۋسەر سەدىردىننىڭ كىچىك ماشىنىسىدا ناھىيەگە بىللە قايتىدىغان بولدى. نىياز ئۇ ئىككىسىگە:

— سىلەر مېڭىۋېرىڭلار، مەن مەھەللىنى ئارىلاپ پىيادە كېتىمەن، — دېگەنىدى، سەدىردىن ئۇنىماي:

— سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويۇپ، بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ ماڭىمىز، — دەپ تۇرۇۋالدى.

نىياز ماشىنىغا چىقىپ بىردەمدىن كېيىن، سەدىردىننىڭ ئۆزىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى-دە:

— سەدىردىن، پەرىزىمچە سەن بىرەر شۇملۇقنى پىلانلىدىڭغۇ دەيمەن. مۇبادا يەنە دادامنىڭ قورسىقىنى ئەسسەڭ، مەنمۇ كەۋسەرنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋالىمەن جۇمۇ! — دېدى كۈلۈپ.

— بۇرۇنقىدىنمۇ ھوشيارلىشىپ كېتىپسەن، يورغا. ئەمما،

خاتىرجەم بول! ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى سەدىردىن جاۋابەن.

ئۇلارنىڭ چىقىشىشلىرىدىن كەۋسەر ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ، بىردە سەدىردىنگە، بىردە نىيازغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— گېپىڭلارنى ھېچ چۈشەنمىدىم، بىرەر ئويۇن ئويناۋاتامسىلەر نېمە؟

— بىزنىڭ ئۆيگە بارغاندا بىلىسەن، — دېدى نىياز سەدىردىنگە مەنىلىك بېقىپ.

— چاقچاقلارنى قويۇپ تۇرۇڭلار، مەن خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈۋالاي!

— مانا، خەلچەمنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق! — سەدىردىن شۇنداق دەپلا ماشىنىنى تورمۇزلىدى. ماشىنا قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىۋىدى، كەۋسەر ماشىنىدىن چۈشۈپ لاسىدە بولۇپ قالدى. چۈنكى، قادىر ئاخۇننىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىقلىق تۇراتتى.

— زورىخان يامانلاپ كەتكەنىدىكىن ئېتىزنىڭ ئىشلىرى يىغىلىپ قالغان گەپ. بىچارە خەلچەم ئەمگەكتىن بوشىنالماي يۈرگەندۇ بەلكىم، ياخشىسى سىلەر كېتىۋەرسەڭلار بولغۇدەك، — دېدى نىياز تاقەتسىزلەنگەندەك ئەتراپقا تىكىلىۋاتقان كەۋسەرگە قاراپ.

شۇ گەپ بىلەن ماشىنا قوزغىلىپ ئەخمەت بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى. ھويلىدا ئولتۇرغان ئەخمەت بوۋاي ھاسىسىنى تۈكۈلدىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە سەدىردىن پەرەز قىلغاندەك سۆزلەپلا كەتتى:

— ئوبدان كېلىپسىلەر، باللىرىم، ئاقتاشتىن كېتىشتىن ئىلگىرى ماڭا ماۋۇ ئاساۋ تاينى كۆندۈرۈپ بېرىپ كېتىڭلار. بولدى،

ئەمدى پۇل خەجلىمىسەممۇ مەيلى. ئابدۇللادىن ئۇمىد كۈتسەم، ئۇنىڭ بىلەن ماۋۇ بەز قۇلاق تىلىنى بىر قىلىۋالدى. نەچچە كۈندىن بېرى نەسىھەتىمگە كۆنمەي، يەنە كۇلىغا بارىمەن دەيدۇ. مېنىڭ ھالىم مۇشۇ تۇرسا، ئۇ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كەتسە قانداق قىلىمەن؟ مەن مۇكا سۆيى ئىچمىگەن، بۇ ئالەمدىن كېتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى. ئالىمادىس قازايىقەدەر يېتىپ ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسام، ئابدۇللا دادىسى سۇلايمان ئاخۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىگەنىدەك، بۇ بەز قۇلاقمۇ مېنىڭ يۈزۈمنى كۆرەلمەيدۇ. مەن بىلەن ئاكىسىنىڭ گېپىنىغۇ پەقەتلا ئىلىك ئالمىدى. ئەمدى سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئىلىك ئالماي باقسۇنچۇ، مەن بىر كۆرەي!

ــ ناھايىتى بەلەن گەپ قىلدىڭىز ئەخمەت دادا، نىياز ئەمدى ئىچكىرىگە كەتسە بولمايدۇ. سىز ياشىنىپ قالغان تۇرسىڭىز، سىزنى تاشلاپ ماڭسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ بەز قۇلاقنى قويۇپ بەرسەك ھەرگىز بولمايدۇ...... بۇ يورغا ئىچكىرىگە كەتكەندىن بېرى مۇشۇنداق ۋاپاسىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە كەتسە كېيىنچە ھەممىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ...... يەنە...... ئىچكىرى دېگەندە ئەسكى ئادەملەر بار دەيدۇ، ئۇلار نىيازنى بىرنېمە قىلىۋەتمەي قالامدۇ!؟......

ــ ئەمدى بولدى قىل، ۋۇ ئوت قۇيرۇقى! ئاخىر قىلىدىغىنىڭنى قىلدىڭ مانا، مەقسىتىڭ مۇشۇ ئىدىغۇ سېنىڭ!؟ ــ دېدى نىياز سەدىردىننى ئەخمەت بوۋاينىڭ قورسىقىنى يەنە ئېسىشتىن توسۇپ.

دېگەندەك، سەدىردىننىڭ نىيازنى قەستەن تېرىكتۈرۈپ، ئەخمەت بوۋاينى ئېچىتىش پىلانى كۆڭۈلدىكىدەك ئۇنۇم بەردى. ئەخمەت بوۋاي سەدىردىننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئەمەلىيەتتە ئەخمەت

بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا ئالدىن پىلانلانغان كىچىككىنە بىر كومېدىيە ئوينىلىۋاتاتتى.

ــ ئەجەب ئوبدان گەپ قىلدىڭغۇ، سەدىردىن بالام، ئەمەلدار بولۇپ ئەقلىڭ ئېچىلىپتۇ سېنىڭ! بۇ بەز قۇلاق ئەمدى كەتمىسۇن، جاھاندا ئاقناشتىن ئوبدان يەر نەدە باركەن؟ پۇل تېپىپ كەلدى دېگەن بىلەن، مەن ئەتىدىن كەچكىچە ئەنسىرەپلا ئۆتىدىكەنمەن. بولدى، قېرىغىنىمدا پۇل خەجلىمىسەممۇ خەجلىمەي، سەن ئەمدى يېنىمدىن نېرى كەتمە. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايان، يېشىم بىر يەرگە باردى، تۇيۇقسىز كۆز يۇمۇپ قالسام ئابدۇللادەك ئۆزۈڭنى كاچاتلىساڭمۇ بىكار!

ــ دادا، بۇ يوغان باشنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭ. ئىچكىرى دېگەنمۇ بىزنىڭ يۇرتىمىزدەكلا ئوبدان، ياخشى ئادەملەر كۆپ. يوغانباش سىزنىڭ قورسىقىڭىزنى قەستەن ئېسىپ، مەندىكى ئەنتىنى ئالماقچى. ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەڭ...... مەن سىزگە شۇنچىلىك ۋاپادار، دادا، راست......

ــ ماۋۇ يورغا قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ. قارىمامسىز، تۇرقىنىڭ ئۆتكەندىكىگە قارىغاندا ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى! ئەمدى كەتسە پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىدۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى قايتىپ كەلسە ئۇنى تونۇيالماي قالىمىز...... ھەرگىز كەتكىلى قويمايلى......

ــ مەقسىتىڭگە يېتىپ بولغاندىكىن ماڭە كەت ئەمدى! ھېلىمۇ دادام مۇشۇ ئەلپازدا ماڭا يەتكۈچە سۆزلەيدىغان بولدى ئەمدى، ــ دېدى نىياز سەدىردىننى مۇرىسىدىن ئىتتىرىپ.

ئاردا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كەۋسەر ئەمدىلا چۈشەندى. سەدىردىن يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ ئەخمەت بوۋاينى تېخىمۇ ئېچىتماقچى بولغاندى، نىياز ئۇنى توسۇۋالدى. كەۋسەر بىلەن سەدىردىن كەتكەندىن كېيىن، دېگەندەك ئەخمەت بوۋاينىڭ

ئـاغزى بىرچـاغقىچە بىـسىقمىدى. نىيـاز قـۇلىقىنى يوپـۇرۇپ بىـردەم ئولتۇرغانـدىن كـېيىن سائىتىگە قـاراپ قويـۇپ ئورنـىـدىن تـۇردى - دە، ئابدۇللانىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

ئەلۋەتتە، ئەخمەت بوۋاينىڭ گەپلىرىنىمۇ ئاساسسىز دېگىلـى بولمـايتتى. نىيازنىـڭ تـۇنجى قېتىم ئىچكىرىـدىن ئېلىـپ كەلـگەن پـۇلى تـازا ئەسـقاتقاچقا، ئاغزىنىـڭ ئۇچىـدا ئـۇنى - بـۇنى دەپ قويـۇپ، نىيـازنى بـۇ يولـدىن كەسـكىن توسـمىغانىدى. يەنە بىـر تەرەپتىن ئۇنىڭغا بەزىبىر ئىشلارنى ئـانچە ئىنچىكىلەپ كەتمەيـ ـدىغان هـوشۇر ئاخۇنىـڭ راشـىدىننى ئـۆز مەيلىـگە قويۇۋېتىـپ، بەخىرامان يۈرۈشىمۇ تەسىر قىلغانـدى. بىـراق، هـازىرقى ئەهـۋال ئىلگىرىكىگە تۈپتىن ئوخشمايتتى. نىيازنى ئۆيلەيـدىغان ۋاقتىنىـڭ ئۆتـۈپ كېتىۋاتقـانلىقىنى دېمىگەنـدىمۇ، ئـۆزى كۈنـدىن - كـۈنگە ئـاجىزلاپ قېلىۋاتـاتتى. تېخىمـۇ مـۇهىم بـولغىنى، ئابـدۇللانىڭ بـۇ قېـتىم كۆتـۈلمىگەن پېـشكەلچىلىككە ئۇچرىغـانلىقى كاللىـسىغا كىرىۋېلىـپ، نىيازنىڭمۇ ئىچكىرىدە بىـرەر پېـشكەلچىلىككە يولۇقـۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، «ئەمدى يېنىمدا تۇرسۇن، بېشىغا كۆن چۈشۈپ قالسا مەن نېمىمۇ قىلالايمەن» دەپ ئولتۇرسا - قوپسا نىيازنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتـاتتى. لـېكىن، نىياز بېيجىڭدىكى ئىش - ئوقتىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلغا ئېلىـپ، ئۇنىڭ كـۆڭلىنى تىنىـدۇرۇش مەقـسىتىدە هە دەپ پۇلغـا قىزىقتۇرۇشـقا ئۇرۇنـاتتى. ئەمەلىيەتتىمـۇ ئۇنىـڭ توسۇشـقا ئۇرۇنـۇش يولىـدىكى تىرىـشچانلىقى كارغـا كەلمەيدىغانـدەك قىلاتتـى. ئۆتكەنـدە نىيـاز بىـلەن راشـىدىن بېيجىڭغـا مېڭىـشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانـدا، مەهەللىـدىكىلەر ئەخـمەت بـوۋاي بىـلەن هوشـۇر ئاخۇنغـا ئـۇ ئىككىسىنى بىر ئامال قىلىپ توسۇپ قېلىش توغرىسىدا مەسلىهەت بېرىشكەندە، هوشۇر ئاخۇن ئەخمەت بوۋايغا: «باشتا مەن ئۇلارنى ئەمدى ئىچكىرىگە بارمىسۇن دەپ ئويلىغانـدىم. هـازىر خەق هەر

ئامالارنى قىلىپ پۇل تېپىشقا بېشىچە كىرىپ كېتىشىۋاتىدۇ، بىزنىڭ باشقا تاپاۋىتىمىز بولمىغاندىكىن باللار پۇل تېپىپ كەلسە نېمە يامىنى؟ شۇڭا، توسمايلى» دېگەنىدى. لېكىن، ئەمدى......

نىياز ئابدۇللا بىلەن قاش قارايغاندا چۇشۇرگە بېشىدا كۆرۈشتى. ئەسلىدە نىياز بايا ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە بارغان بولسىمۇ، ئابدۇللا سىرتتىن قايتىپ كەلمىگەچكە كۆرۈشەلمەي، ئەتىدىن بېرى مەھەللىدە ئايلىنىپ يۈرگەنىدى. ئابدۇللا يېنىك قەدەم ئېلىپ كېلىۋېتىپ، نىيازنىڭ چۇشۇرگۇ يېنىدا ئۈمىدسىز كەيپىيات ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندى.

— نېمە بولدۇڭ، چىرايىڭ تۇتۇلۇپلا قاپتۇغۇ؟ بوۋاي ھاسىسى بىلەن توڭكىيىڭغا ئۆتكۈدەك سالدىمۇ ـ يا؟ — دېدى ئابدۇللا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ.

— ھاسىسى بىلەن سالسىمۇ سېلىپ، مېنى ۋاقتىدا يولغا چىققىلى قويسا بولاتتى شۇ!

— نېمە؟ بوۋاي بىلەن راستتىنلا تاكاللاشتىڭما؟ ساڭا دېگەنتىمغۇ، ئۇ ھازىر بەكمۇ نازۇكلىشىپ كېتىپتۇ دەپ. سەنمۇزە، نېمە دېسە «ماقۇل» دەپ قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىلساڭ بولمامدۇ!؟

— مەن تاكاللاشمىدىم، سەدىردىن دادامنىڭ قورسىقىغا يەل بېرىپ قويدى. شۇنىڭدىن بېرى ھويلىدا ئاغزى بېسىلماي سۆزلەۋاتىدۇ.

— سەدىردىن چاقچاقنى ئاشۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە!

— چاقچاق دېگەنمۇ شۇنداق بولامدا؟ مەن ئۇنى كەۋسەرنىڭ ئۆيىدە بىرئاز تەنقىدلەپ قويغاچقا، ئەنتىنى ئېلىۋالدى شۇ. ھە راست، كەۋسەر بىلەن سەدىردىن ئەپلىشىپ ناھىيەگە بىللە قايتىپ كېتىشتى، بۇ مېنىڭ تۆھپەم جۇمۇ!

— راستما؟ ھەرھالدا ياخشى ئىشتىن بىرنى قىپسەن، بۇنى

تـۆھپە دېـسەك يارىـشىدۇ، مەنمۇ مۇشـۇ ئىـشنى ۋاقتىـدا ئىزىغـا سېلىشنى ئـويلاپ يۈرەتتىم. كـادىرلىق دېگەنمۇ تـازا بىـر ئىشكەن دېگىنە، ئادەم ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىكەن ئەمەسمۇ!

— نېمە، كادىر بولا - بولمايلا قاقشىغىلى تۇرۇپسەنغۇ؟

— ساڭا دېسەم، ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن مائاش ئېلىش ئۇنداق ئاسان ئەمەسكەن. يېزىنىڭ ئىنتىپاق شۇجىسى دەپ ئېلان قىلىپ قويۇۋىدى، ۋاي خۇدايىم! پۇتـۇم يەرگە تەگـمەي قالدى. يېزىنىڭ كـادىرلىقى كوپېراتـسىيەنىڭ ھېلىقـى چـامبۇل ھاڭگىتسىنى ئـارام تاپقۇزمـاي ھەمـمە كىـشى ئىـشلەتكەندەكلا بىـر ئىـشكەن دېگىـنە تازا......

— ھى - ھى - ھى...... تازا جايىدا ئوخشاتتىڭغۇ، بۇنچە ۋايساپ كەتـمە، بـارا - بـارا كۆنۈپمـۇ قالىـسەن. ئـاداش، ئەمـدى سەنمۇ دادامنى مېنىڭ بېيجىڭغا بېرىشىمغا كۆندۈرۈپ، دوستلار ئـارا تۆھپە ياراتقىن. راستىنى دېسەم، مېنىڭ ئۈمىدىم سەندىلا قالدى. دادام ھەقىقەتەنمۇ ئـاجىزلاپ قـاپتۇ. ماڭـا تېرىكىـپ چېچىلىۋەرسە، سـالامەتلىكىگە زىيـان يېتەمـدىكىن دەپ ئەنـسىرەيمەن. ياخشىـسى زىنخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەيـدىغان ئەپلىك بىـر چـارە تاپـساق بـولاتتى. بۇنىڭغا مېنىڭچە سەن ئامال قىلالايسەن.

— مېنـى ئۆچـۈرۈپ ئـاۋارە بولمـا، راسـتىنى دېـسەم، مەنمـۇ بوۋايغا ئوخشاشلا سېنىڭ كۆلىغا بېرىشىڭغا قارشى.

— سـەن راشـىدىننىڭ خـۇيىنى ئوبـدان بىلىـسەن، باشـقىلار بىـلەن ئاسـانلىقچە چىقىـشالمايدۇ. ئۇنىـڭ ئۇسـتىگە بـۇ قېـتىم بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئۆزگىرىۋالدى. شۇڭا، بىـر كـۈن ئەمەس، بىر سائەت بولسىمۇ بالدۇر يولغا چىققىنىم تۈزۈك.

— ھەممىڭلارنى بىسەرەمجان قىلىۋەتكىنىمگە بەكمۇ ئۇيىلىمەن. بېـشىمغا پېـشكەلچىلىك كەلمىـگەن بولـسا، سـەنمۇ ھـېلىغىچە بېيجىڭدا ئۆزۈڭنىڭ ئىشنى قىلغان بولاتتىڭ. بـوۋاينى ئۆتكەنـدە

گەپكە كۆنـدۈرگىنىم بىلەن بۇ قېتىم قانـداق بولاركىن، بىـرنېمە دېيەلمەيمەن. قېنـى، بىـر ئۇرۇنـۇپ كـۆرەي. مـاگە، ئالـدى بىـلەن بىزنىڭ ئۆيگە بىرىـپ قورساقنى توقلىۋالغانـدىن كېيىن بوۋاينىـڭ يېنىغا بارايلى.

ئابدۇللانىڭ ئاخىرقى گېپى نىيازنى سەل خـاتىرجەم قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئورنىدىن قوزغالمايلا دېدى:

ــ ئاداش، ئەڭ ياخشىسى قورساقنى بىزنىڭ ئۆيدە توقلىساق بولامدىكىن. بەلكىم ئاچاڭ ئۆزىنىـڭ ئـۆيگە كەتـتىمىكىن. سېنىڭ ئۆيۈڭگە بارساقمۇ شۇ قاتتىق نـان يەيمىـز ھەقاچـان. شـۇڭا، ئانـام ئىككىمىزگە ھېلىقىدەك ئۆرۈك مېغىزىدا چۆچۈرە تۈگۈپ بەرسۇنمۇ؟

ــ ئاغزىمغـا سىرىق سـۇ يىغىلـدى مانـا. ھۆۋىخـان ئانامنىـڭ ئاشـۇ تـامىقىزە، ئادەمنىـڭ ئىشتىيىنى بەكمۇ ئېچىۋېتىـدۇ. بوپتـۇ، شۇنداق قىلايلـى ئەمىـسە، چاپسانراق ماڭـايلى، قورسـىقىم ئېچىـپ كوركىراپ كەتكىلى نەۋاق مىنىڭ.

ئۇلار ئـۆيگە يېتىـپ كەلگـۈچە ئابـدۇللانىڭ تۇرمۇشـى ھەققىـدە مۇڭداشـتى. نىيـاز گەپ ئارىـسىدا ئابـدۇللاغا خەلـچەم بىـلەن تـوي قىلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى، ئابدۇللا ئارىسالدى بولـۇپ ئەتراپقـا شۈبھە بىلەن قارىدى، نىيازمۇ ئابدۇللانـى تەڭلىكتە قويـىدىغان بۇ گەپنى ئاغزىغا قايتا ئالمىدى. شۇ كۈنى ئابـدۇللانىڭ بىرمەھەلگىچە ئەخمەت بوۋايغا ئىشلىگەن خىزمىتـى كۆتۈلمىگەنـدە ئۇنـۇم بەردى. بىر ھېسابتا ئـۇنى ھەقىقـي ئۇنـۇم دېگىلىمـۇ بولمـايتتى. ئەخـمەت بـوۋاي نىيـازنى بىيجىڭغـا ماڭدۇرماسـلىقتا تـاش چىشلەپ تۇرغـان، ئاكىـسى سوپى ئـاخۇنمۇ دادىـسىغا بولۇشـۇپ ھەرىـكەت قىلىۋاتقـان ئەھۋالدا ئابدۇللانىڭ ئەخـمەت بـوۋاينى «نىيـاز بىيجىڭغـا بىرىـپ، نەرسـە ـ كېرەكلىرىنـى ھەم راشـىدىننى ئېلىـپ بىـراقلا قايتىـپ كېلىـدىغان بولـدى» دەپ ئالدىـشى ۋاقىتلىـق چـارە ئىـدى. مۇبـادا ئەخمەت بوۋاي كېيىن ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلسە، ئابدۇللانىڭ

بېشنى ئوچاق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، پۈتۈن ئاقتاشنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئىشىم دەپ، باشقىلارنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئەجىر قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئەخمەت بوۋاينى ئالداشمۇ ئەڭ چوڭ خاتالىق ئىدى. ئابدۇللا مۇشۇنداق چوڭ خاتالىقتا پەقەت نىيازنى ئارزۇسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا تەۋەككۈل قىلغانىدى. قانداقلا بولسۇن، نىياز پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەتىسلا بېيجىڭغا يول ئالدى. ئەمدى ئاقتاشتا بىر مەزگىل دەۋرىگەن يۈرەكلەر ھەرھالدا ئۆز جايىغا چۈشكەندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئىككى كىشى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، بىرى خەلچەم ئىدى. زورىخان: «بىر ئەرنىڭ بېشىغا چىققان تەتۈر پېشانە بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرمايمەن» دەپ يامانلاپ كەتكەچكە، خەلچەم قادىر ئاخۇننىڭ تاپا - تەنىسىگە كۆمۈلۈپ قېلىۋاتاتتى. يەنە بىرى غېنى ساقچى بولۇپ، كەۋسەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن شۇنچە كۆپ تىرىشچانلىقىنىڭ تۇزۇكرەك ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەنىدى. قىسقىسى، سەدىردىن كەۋسەرنى قايتۇرۇپ كېتىپ، غېنى ساقچىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىكى پىلانلىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەنىدى. كەۋسەر سەدىردىن بىلەن ئەپلىشىپ ناھىيەگە كەتكەن كۈنى ئاقتاشتا ھەسرەت يۇتقان بىردىنبىر كىشىمۇ دەل غېنى ساقچى ئىدى.



## ئون بەشىنچى باب

# قىسمەتنىڭ نىسۋىسى

قۇياش ئاسماننىڭ غەربىدە نۇر چاچاتتى. پويىزنىڭ يېنىك سىلكىنىشى ئۇستۇنكى كارىۋاتتا ياتقان نىيازنىڭ ئاقتاش يېزىسىدىكى ھەربىر گىياھقا ئاشىقلارچە باغلانغان خىيالىنى ئەللەيلەۋاتاتتى. بۇ خىل ھالەت نىيازنىڭ ئانا يۇرتىنى تەرك ئېتىپ، سىرتلارغا چىقىپ كەتكەن بىرقانچە يىلدىن بېرى تەكرارلىنىپ كېلىۋاتاتتى. نىياز ھەر قېتىم مۇشۇنداق سەپەرگە ئاتلانغاندا، يەنە ئاقتاش بىلەن دىدارلىششقا قاچان نېسىپ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ تەگسىز خىيالغا پاتاتتى. بۇنداق چاغدا ئالدى بىلەن غازلىق كەنتىدە قالغان دوستلىرىنى، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، ئاندىن غازلىقتىكى ئەگرى-بۈگرى چىغىر يوللاردىن تارتىپ، قومۇش ھەم يۇلغۇن چىتەنلىرىگە ئورالغان كۆجۈم مەھەللىدىكى ھەربىر گىياھ بىلەن سىردىشىپ چىقاتتى. بۈگۈنكى ئەھۋالمۇ ئىلگىرىكىدەك بولدى. پويىز قوز-غالغاندىن كېيىن نىياز پويىز ئىستانسىسىدا مۇھىم نەرسىسى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك بىردەم ئۇياق - بۇياققا بويۇنداپ خاتىرجەمسىزلەندى. ئاخىر ئاستا - ئاستا ئەسلىگە قايتىپ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتتى. بىراق، كۆز ئالدىدىن ئەخمەت بوۋاينىڭ قېرىلىق سوۋغىلىرىغا تولغان سولغۇن چىرايى نېرى كەتمىدى. ئابدۇللانىڭ

ياردىمى بىلەن بوۋاينى كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك ئالداپ قويۇپ يولغا چىققانلىقىغا بىرئاز پۇشايمانمۇ قىلدى. «دادام بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئاجىزلاپ قاپتۇ، پۇرسەت بولسا يېنىدا ئۇزاقراق تۇرۇپ دۇئاسىنى ئېلىۋالغان بولسام ياخشى بولاتتى. قارىغاندا پۇل تېپىپ بېرىمەن دەپ يىراقلارغا كەتسەم دۇرۇس بولمايدىكەن......» نىياز شۇلارنى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ بىردەم يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆردى. سىم - سىم يامغۇردا تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن خىلۋەت كوچىدا ئۇستىگە ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىغا هاۋا رەڭ گاز ياغلىق ئارتىۋالغان چىرايلىق بىر قىز ئالاقزادىلىك ئىچىدە يۈگۈرگۈدەك. چوقۇر يۈزلۈك بىر ئەر قولىدىكى پىچىقنى پۇلاڭلاتقان هالدا قىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك. كوچا شۇنچە تار هەم ئېگىز - پەس بولۇپ، سەللا ئېهتىيات قىلمىسا يىقىلىپ كېتىش ئېهتىمالى بارمىش. قىز جان - جەهلى بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، بىرەركىمنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تەمە قىلىپ ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قارىغۇدەك. شۇ ئەسنادا نىياز قىزنى قارا نىيەتنىڭ تەهدىتىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلىغۇدەك. قىز يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ نېمىدۇر بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، قورققىنىدىن غال - غال تىترىگىنىچە ياندا قاراپ تۇرغان نىيازغا ئۈمىد بىلەن باققۇدەك. دەل شۇ چاغدا چوقۇر يۈزلۈك ئەر هاسىرىغىنىچە كېلىپلا، قىزنىڭ ئۆسكىلەڭ ئۆرۈمە چېچىدىن قامالالاپ تۇتۇپ، قولىدىكى پىچاقنى قورسىقىغا تىقىش ئۈچۈن هاۋادا پۇلاڭلاتقۇدەك. قىز قورققىنىدىن ۋەھىمىلىك ۋارقىرىغۇدەك. شۇئان نىياز ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئەرنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانمىش. بىراق، ئەر بوي بەرمەي، قىزنى يانغا ئىتتىرىۋېتىپ نىيازنىڭ گېلىنى بوغقۇدەك. نىياز جان ئاچچىقىدا تېپىچەكلەپ كەتكەنمىش...... دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرسى نىيازنى نوقۇپ ئويغىتىۋەتتى. نىياز تەستە كۆزىنى ئېچىپ،

بايىدىن بىرى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، رىئاللىق بىلەن چۈش ئارىسىدا ئازراق گاڭگىرىغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ پەسكە قارىدى. ئاستىنقى كارىۋاتتا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ «ئەمدى ياخشى بولدى» دېگەندەك مىيىقىدا كۈلدى. ئەسلىدە نىياز بايا قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ بوغۇلۇپ تېپچەكلەۋاتقاندا، ئۇنى نوقۇپ ئويغاتقۇچى تەپكەن كىشى مۇشۇ بوۋاي ئىدى. نىياز جاۋابەن بوۋايغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويغان بولسىمۇ، قارشى تەرىپىدىكى كارىۋاتتا ئۆزىگە كەينىنى قىلىپ ياتقان قىزغا قاراپ يەنە گاڭگىراپ قالدى، بايا كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشى كۆڭلىدە يەنە كۆلەڭگە پەيدا قىلىشقا باشلىدى. «توۋا، بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى ئەمدى، — دەپ ئويلىدى نىياز، — ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتتا ئەسلىدە بىر ئوغۇل بالا بار ئەمەسمىدى. ئەجەبا، ئوغۇل بالا ئەمدى قىزغا ئۆزگىرىپ قاپتۇغۇ؟ بۇ قىز بايا چۈشۈمدە كۆرگەن قىزمىدۇ ياكى مەن شۇ تاپتىمۇ چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟ ياق، چۈشۈمدە كۆرگەن قىز ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا گاز ياغلىق ئارتىۋاپتىكەن، ماۋۇ قىزنىڭ ئۈستىبېشى ئوخشىمايۋاتىدۇ......» نىياز ئويلىغانسېرى ئەجەبلىنەتتى. قانداقتۇر بىر خىل ئۆزگىچە سېزىم ھېلىلا رىئاللىققا قايتىپ كەلگەن نېرۋىلىرىنى يەنە غايىۋى ماكاندىكى چۈش قوينىغا سۆرەيتتى. نىياز گادىرماچلىشىپ كەتكەن قىياسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ قارشى تەرەپنىڭ ئاستىنقى كارىۋىتىغا قارىدى ـ يۇ، جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىسى لاسسىدە پەسكويغا چۈشتى. چۈنكى، قارشى تەرەپنىڭ ئاستىنقى كارىۋىتىدا بۇدۇر چاچلىق، پاكار بوي ئۇيغۇر ئايال پىستە كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تۇرقىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئۇ نىيازغا قاراپ ئاۋۋالقىدەكلا نازلىق ھىجايدى ۋە:

— شۇنداقمۇ قاتتىق جۆيلۈپ بوغۇلدۇڭغۇ، ئۇكاڭزا! ماۋۇ بوۋاڭزا ئويغىنىۋەتمىگەن بولسا خودۇك - پودۇك قىلىپ پويىزنى ئۆرۈۋېتەتتىڭسەن. كۈلچى ئوخشايسەن - ھە!؟ ئەتىدىن بېرى سۈنايىلىنىپ ياتىسەن، بىلىك سۇنۇقمۇ - يا سېنىڭ!؟ — دېدى ئايال سېمىز بەدىنىگە مۇناسىپ كەلمىگەن ھالدا دولىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ. ئۇنىڭ يەنە نىيازغا قاراپ كونا تونۇشلاردەك قىلىن لەۋلىرىنى پۈرمىلەپ قويۇشىدىن، مۇبادا نىياز خالىسا ئوبدانراق مۇڭداشقۇسى باردەك قىلاتتى. ئەپسۇس، ئۇ باشتىلا نىيازغا يېقىمسىز كۆرۈنگەنىدى. شۇڭا، نىياز بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلماي بېشىنى ياستۇققا قويۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا نىيازغا قارشى تەرەپنىڭ ئۈستۈنكى كارىۋاتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلماقتا ئىدى. ئوغۇل بالا بىردىنلا قىزغا ئۆزگىرىپ قالسا ئەجەبلەنمەي بولامتىمۇ؟ نىياز بۇدۇر چاچلىققا ئوخشاش ئاياللارنى ئوبدان بىلەتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بولۇك - پۇچقاقلىرىدا تۇرامەت بىلەن خودەكتەك كىشىلەرنىڭ خىزمىتىدە بولۇشاتتى. بىر ھېسابتا «خان ئاچىلار» ئاتىقىنى ئالغان بۇنداقلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق شۇملۇق كېلەتتى. نىياز ئەتىگەندە بۇ ئايالنىڭ قىزنىڭ ئورنىدا ياتقان ئوغۇل بالىغا بىرقاپ پېچىنە بىلەن بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇ سۇنۇپ بەرگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. «بۇ قىز ۋە يوقاپ كەتكەن ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ بۇدۇر چاچلىق ئايال بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ» دېگەنلەرنى تەكرار ئويلاپ ئۆزىچە ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ پەرەزلىرىنى بىر نۇقتىغا مۇقىمدىيالماي ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، قارشى كارىۋاتتىكى قىز ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى. نىياز قىزغا ئاستىرتتىن نەزەر سالدى. قىزنىڭ قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىنى تۇرمەللەپ قىستۇرۇۋالغان چاچ قىسقۇچى ئاجراپ كەتكەنمۇ،

ئەيتاۋۇر، بېشىنى كۆتۈرۈشكە چاچلىرى سالۋاراپ كەتتى. شۇئان ئاق سۆزۈك يۇمىلاق يۈزى چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇندى. بۇ هال نىيازغا خۇددى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينى بۇلۇت توسۇۋالغاندەكلا كۆرۈندى. «ۋاھ، كاساپەت، قالتىس چىرايلىقكىنا. ئەتىدىن بېرى ئۇنىڭغا ئەجەب دىققەت قىلماپتىمەنغۇ!» نىياز كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلىدى. ئارىدا قىز پەسكە بىر قارىۋېتىپ، ياندىكى كىچىككىنە كۆزنەكتىن سىرتقا تىكىلىپ ئولتۇردى. نىياز ياندىن ئارىلاپ قاراپ قىزنىڭ چىرايىنى قانداقتۇر بىر خىل مۇڭ قاپلىغانلىقىنى سېزىپ ئۈلگۈردى. ئۇ يېنىچە يېتىپ قىزنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى ئىنچىكە كۆزىتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، قىز تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆڭلى ئېلىشقاندەك ئارامسىزلىناتتى. مۇھىم بىرنەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك تىت - تىت بولاتتى. يۈرىكىدە چوڭقۇر ھەسرىتى باردەك ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. قوشنا بۆلۈمچىلەردە ئەتىدىن بېرى ئېزىلىپ ياتقان، ئۇخلىغان كىشىلەر پۇت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە ھاجەت قىلىش ئۈچۈن كارىۋاتلىرىدىن چۈشۈۋاتقاندەك قىلاتتى. سەزگۈر بۇرنىغا بىردىنلا تەييار چۆپ تېتىتقۇسىنىڭ ئۆزگىچە پۇرىقى ئۇرۇلغان نىياز پەسكە ئېڭىشىپ قاراپ، بوۋاينىڭ يېڭىلا دۈملىنىپ ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قاچىلىق تەييار چۆپنى يەۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇدۇر چاچلىق ئايال يۈزىگە گۈللۈك لۆڭگىسىنى يېپىۋالغان ھالدا ئۇخلاۋاتاتتى. نىيازنى ئۇنىڭ كاتاكچە كوپتىسىغا سىغدىلىپ تۇرغان چوڭ كۆكسىدىن كۆرە، ياستۇقنىڭ يېنىدا تۇرغان سومكىسىدىن بىرقىسمى چىقىپ قالغان ئەتلەس كۆڭلەك جەلپ قىلىۋالغانىدى، نىياز دەرھال بايا كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشىنى ئېسىگە ئالدى. راست، نىياز چۈشىدە كۆرگەن قىز دەل ئاشۇنداق ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. «ۋوي، نېمە ئىشتۇ بۇ - ھە؟» نىيازنىڭ خىيالى كۆز ئالدىدىكى قىز بىلەن، يوقاپ كەتكەن

ھېلىقى ئوغۇل بالىغا ئۈلىنىپ داۋام قىلىپ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سىرتتا قۇياش پېتىپ كەچكى ئۈپۈقنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزارغانىدى. نېمىشقىدۇر نىيازنىڭ كۆڭلى قۇياشنىڭ پېتىشىغا چىدىمىغاندەكلا يېرىم بولدى.

نىياز بىردەم شۇ ھالدا ياتقاندىن كېيىن ئۆزىنى بۇنچە جەلپ قىلىۋالغان ئىشلارنى قىز بىلەن مۇڭدىشىپ ئايدىڭلاشتۇرۇشنى ئويلىدى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەچكە سىرتنى كۆرگىلى بولمايتتى. پويىز بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. نىياز سومكىسىدىن بىرنەچچە دانە ئالما ھەم ئاپېلسىن ئېلىپ بىر پارچە گېزىت ئۈستىدە قويدى. كۆڭلىدە قىزنى بۇ ئاددىي داستىخىنىغا تەكلىپ قىلىشنى پەملىگەن نىياز تۇرۇپلا تاشمۇھەممەتنى خىيال قىلىپ قالدى. پويىزدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەل - يېمىش سۇنۇپ باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش تاشمۇھەممەتنىڭ ئادىتى ئىدى. قىزغا ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋاتقان نىياز دىقماق بىر قولنىڭ ئۇنىڭ كارىۋىتىغا خۇددى بوغما يىلاندەك سوزۇلۇپ تولغان يوتىسىغا ياققىدە ئۇرۇلغىنىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى، قىز بولسا بۇنداق بولۇشىنى بىلىدىغاندەكلا ئۈنچىقماستىن ئورنىدىن قوزغىلىپ پەسكە چۈشتى. نىياز شۇ چاغدىلا ھېلىقى دىقماق قولنىڭ ئاستىنقى كارىۋاتتىكى بۇدۇر چاچلىق ئايالنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قىزنىڭ ئېچىدە ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇدۇر چاچلىق ئايال قولىدىكى يۇمىلاق ئەينەككە قاراپ چېچىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى. قىز يانىدىكى سومكىدىن ھاۋا رەڭلىك گاز ياغلىقنى چىقىرىپ بېشىغا ئارتىۋالدى، شۇئان ئۇ نىيازنىڭ كۆزىگە ئاقتاشنىڭ قايسى مەھەللىسىدىدۇر ئۇچراتقان سەھرا گۈزىلىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مۇبادا قىز ئاۋۇ ئەتلەس كۆڭلەكنىمۇ كىيگەن بولسا...... نىيازنىڭ ئارمان قۇشى قانات يېيىۋاتقاندا

بوۇدۇر چاچلىق ئايال ئىشىنى توۇگەتتى، كېيىن قىزغا نېمىشقىدۇر ئاچچىقلاندى - دە، بېشىدىكى گاز ياغلىقنى يۇلۇپلا ئېلىپ سومكىغا سېلىۋەتتى، ئاندىن سائىتىگە قارىۋېتىپ قىزنى ئەگەشتوۇرۇپ ۋاگون بۆلوۇمچىسىدىن چىقىپ كەتتى. نىياز قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ پادىچىلار ئىشتىنىنىڭ تازا ماس كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. نىيازنىڭ ھەيرانلىقىغا ھەيرانلىق قوشۇلۇپ تۇرغاندا، پويىز ساقچىلىرى كىرىپ بىلەت تەكشۇرگەچ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قارىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بوۇدۇر چاچلىق ئايالنىڭ ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى ئەگەشتوۇرۇپ كىرىشى نىيازنى بايىقىدىنمۇ بەتتەر ھەيران - ھەس قىلىۋەتتى. بوۋاي بولسا ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق ھالدا كارىۋىتىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. نىياز ئەجەبلىنىش ئىچىدە بوۇدۇر چاچلىق ئايالغا قارىغاندى، ئۇ خۇددى كونا تونۇشتەك ئوڭ كۆزىنى ھەييارلىق بىلەن قىسىپ قويۇپ ئۆز ئورنىدا ياتتى. قىزنىڭ ئورنىغا چىقىپ ياتقان سېرىق چىراي، ئورۇق ئوغۇل بالا نىياز ئەتىگەندە كۆرگەن پاكار، بۇغداي ئۆڭلوۇك بالىغا ئوخشمايتتى. نىياز ئەمدىلا ھەممىنى چوۇشەنگەندەك بولدى. ئۇلارنىڭ پويىزنىڭ باشقا ۋاگون - بۆلوۇمچىلىرىدە ئۆزئارا قەرەللىك ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدىغان ھەمراھلىرىنىڭ بارلىقى ئېنىق ئىدى. نىياز ئۇدۇلىدا ياتقان بالىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، يەنىلا بايىقى قىزنىڭ گاھ پويىزنىڭ كۆزنىكىدىن سىرتقا قارىسا، گاھ يېنىدىكىلەرگە ئەنسىز قاراپ نۆۋەتتىكى سەپەردىن تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتقاندەك بىسەرەمجان ھالىتىنى كۆز ئالدىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتكوۇزدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق بەخىرامان يېتىۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، كۆڭلىدە قىزنىڭ ھېلىقى پەرىشان ھالىتى بىلەن ھازىرقى ئىشلارنى بىرلەشتوۇرۇپ پىكىر يوۇرگوۇزۇۋاتاتتى. مۇلاھىزىسى چوڭقۇرلاشقانسېرى كۆز ئالدىدىكى تۇمان تارقاپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى. دەرۋەقە،

شۇنچە بۇرمىلانغان ھەقىقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى سىرلىق تۇيۇلمايۋاتاتتى. بۇدۇر چاچلىق ئايالنىڭ بۇ بالىلارنى ئالداپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ ماڭغانلىقى ئېنىق بولۇپ، ئەتىدىن بېرى ئۇلار ھەمراھلىرى بىلەن قەرەللىك ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق پويىز ساقچىلىرىنىڭ نازارىتىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. نىياز يېقىنقى يىللاردا ئىچكىرىگە قىلغان سەپىرىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قانچە قېتىملاپ كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خېلىدىن بېرى ئۆزى بىلەن بىللە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان راجى بىلەن تاھىر ئۇنىڭغا ئاشۇ بەختسىز نارەسىدىلەرنىڭ قارا كۆڭۈللەرنىڭ چاڭگىلىدا تارتىۋاتقان كۈلپەتلىرىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. تېخى مۇشۇ قېتىم بارات نىيازنىڭ گېپى بىلەن بېيجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىۋاتقاندىمۇ، پويىزدا سەپىرى ئوخشاش جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئىككى كىشىنىڭ كەچۈرمىشىدىن يىرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئون نەچچە ياشلاردىكى ئوغۇللىرىنىڭ بىر كۈندىلا قارا كۆڭۈللەر تەرىپىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى، ئۇلار يۈرەك پارىلىرىنى ئۈچىنچى قېتىم ئىزدەپ كېلىپمۇ يەنە قۇرۇق قول قايتقانلىقىنى بىلىپ، ئىچى سىيرىلىپ كەتكەنىدى. مانا بۈگۈنمۇ نىيازنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇنداق كىچىك بالىلارنى ئالداپ ئەپقېچىپ، ئاتا - ئانىسىنى چەكسىز ھەسرەت-نادامەتكە يەم قىلىدىغان ئەشەددىي قىلمىش تەكرارلىنىۋاتاتتى. كۆز ئالدىدىلا بىمالال يۈز بېرىۋاتقان بۇ قاباھەتلىك قىلمىشتا نىيازنى ھەممىدىن بەك ئەجەبلەندۈرگىنى، مۇشۇنداق پاجىئەنىڭ قارا كۆڭۈللەرنىڭ ئۇستاتلىقى ھەم كۆز بويامچىلىقى بىلەن شۇنچە راۋان داۋام ئېتىۋاتقانلىقى ئىدى. نىياز ئۇخلاۋاتقاندەك يېتىپ خىيال سۈرەتتى، ئارىلاپ ئۇھسىناتتى. قارىغاندا بۇدۇر چاچلىق ئايال پويىزنىڭ باشقا ۋاگونىدىكى شېرىكلىرى بىلەن ماسلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار ھېلىقى چىرايلىق قىزنىمۇ

ئوغۇللارغا ئوخشاشلا ئالداپ ئېلىپ مېڭىپتۇ - دە، نېمىدېگەن رەزىللىك بۇ! باللار باشتا ھېچنېمىنى سەزمىگەن بىلەن، پويىز شىنجاڭدىن يىراقلاشقانسېرى كېيىنكى كۈنلەردە تارتىدىغان كۈلپەتلىرىنى كۆڭۈللىرى تۇيماي قالمايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، باللارنىڭ روھىي ھالىتىدە بارا - بارا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقاچقا، بۇ ناكەسلەر مۇشۇنداق ئورۇن ئالمىشىپ، باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ساقلانماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇستاتلىقىنى كۆرمەمدىغان. قىزىق يېرى، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا بۇ باللارنى ئۆز بالىسى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتەي: «جۇرە ئوغلۇم، جۇرە قىزىم» دەپ چاقىرىشچۇ تېخى! ھەي، ئۇلار مەنزىلىگە يېتىۋالسا، بۇ باللار خۇددى بىرنەچچە تال شېغىل تاش چەكسىز دېڭىزغا تاشلىنىپ يوقالغاندەكلا، چۇمۇلىدەك مىغىلداپ يۈرۈشكەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ. باللار ئۆزلىرىنىڭ ئالدانلانغانلىقىنى بىلىشىپ زار - زار يىغلىسا، ئاتا - ئانىلىرى ھېلىقى ئىككى كىشىدەك باشقىلارغا دەرد - ئەلىمىنى ئېيتىسلا كۆزلىرىدىن كەلكۈندەك ياش تاشقىنلايدىغان بولۇپ قالىدۇ......

ھەي، بىچارە باللار! كۆزۈڭلار ئوچۇق تۇرۇپمۇ نېمىشقا بۇ قارا كۆڭۈللەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنسىلەر!؟ قايسى يۇرتتىن ئېلىپ كېلىنگەنسىلەر!؟ ئاتا - ئاناڭلار شۇ تاپتا سىلەرنى ئىزدەپ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ!؟ بىلسەڭلار، سىلەرنى قارا كۆڭۈللەر ياسالمىلىق بىلەن تونۇشتۇرۇپ ۋەدە بەرگەن قانداقتۇر غايىۋى بەخت ئەمەس، قاباھەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ...... نىياز شۇلارنى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقاندا، خىيالىغا بىردىنلا تاھىر بىلەن بىللە راشىدىنىنى ئىزدەپ گۇاڭجوۋغا بېرىپ، خودەكلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغىنى كىرىۋالدى. خودەكلەر ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن. بەلكىم يامانلىقى چەككە يېتىپ ئۆز ۋاقتىدىلا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەندۇ ياكى يەنىلا كىچىك باللارنى ئالداپ، يامان ئىشلارنى

داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندۇ. نىياز خېلى ئويلىنىپمۇ ئېنىق بىر قاراشقا كېلەلمىدى. كېيىن كاللىسى چارچىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بولارنى ئويلاشنىڭ ھېچبىر قىزىقى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، پىكىر-خىيالىنى كۆز ئالدىدىكى بۇ بەختسىز باللارنى خەتەرلىك ھاڭنىڭ ئېغىزىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ ئامالىنى تېپىشقا ئاغدۇردى. گويا قولىدىن كېلىدىغاندەك، بۇ ئىشنى شۇنچە تەبىئىي، شۇنچە بىمالال ئويلاپ قالدىكى، ئۇرۇمچىدىن يولغا چىققاندىن بۇيان ئۆزىنى مۇشۇ ئىش ئۇچۇن چېلىشىۋاتقاندەك، ئىلگىرى كۆرگەن قايسىدۇر كىنودىكى باتۇر ساقچىلاردەك پىداكارلىق كۆرسىتىپ باللارنى قارا كۆڭۈللەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، كارامەت كۆرسەتمەكچى بولغاندەكلا ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇئان بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئورتكىسىدە يانغا ئۆرۈلۈپ، ئۇدۇلىدىكى كارىۋاتتا يېتىۋاتقان بالىغا نەزەر تاشلىدى. بالا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، قولىدا يەپ يېرىمى قالغان پېچىنە تۇراتتى. كېيىۋالغان پادىچىلار شىمى قىسقا كېلىپ قالغىنى بىلەن، يوللۇق مايكىسى ئۆزىنىڭ ئۇستىخىنىدىن خېلىلا چوڭ ئىدى. ئاستىنقى كارىۋاتتا بولۇر چاچلىق ئايال نېمىدۇر بىرنەرسىنى ماچىلدىتىپ چاينىغىنىچە يانپاشلاپ ياتاتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقاندەك قىلاتتى. نىياز بوينىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا شۇنداقلا قاراپ قويغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە: «باللارغا ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغىنىنى بىلدۇرۇپ، قارا كۆڭۈللەرگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۆندۇرگىلى بولسا ياكى ئەھۋالنى پويىز ساقچىلىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۇرگىلى بولسا ياخشى بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بىراق، ئىشلارنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، يەنە كېلىپ باللارنىڭ ئۆزىگە ماسلىشىشىنى ئالدىن جەزم قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ لاسىدە بولۇپ قالدى. مۇبادا ئىش نىيازنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالسا، ئاقىۋىتى بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى. قارا كۆڭۈللەر نىيازنى ئەلۋەتتە بوش

قويۇۋەتمەيتتى. نىياز تەگسىز خىياللارغا چۆمۈپ يېتىپ ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى سەزمىدى. سىرتتا قاراڭغۇلۇق قويۇقلاشماقتا، دېرىزىدىن قارىغاندا بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. سەپەرچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىقاچان كېچىلىك ئۇيقۇ ئەسىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭلارمۇ خېلىلا بېسىقىپ قالغانىدى.

بىر چاغدا نىيازنىڭ يېنىدىكى كارىۋات تۇيۇقسىز سىلكىنىپ غىچىرلاپ كەتتى. قارىغاندا بۇدۇر چاچلىق ئايال نىيازنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوغۇل بالىنى نوقۇپ ئويغاتقاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، ئۇلار چىقىپ كېتىپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇدۇر چاچلىق ئايال بىلەن ھېلىقى قىز كىرىپ، خۇددى ھەرىكەت نىشانى ئالدىن ئاپتوماتىك بەلگىلەپ قويۇلغان ئېلېكترونلۇق ئادەملەردەك، قىز ئۇستۇنكى كارىۋاتقا، بۇدۇر چاچلىق ئايال ئاستىنقى كارىۋاتقا ئۇرۇنلىشىپلا باشلىرىنى ياستۇققا قويۇشتى. بۇ ھال نىيازنى سەل جىددىيلەشتۈردى. چۈنكى، ئۇ بايا مۇشۇنىڭغا تەقەززا بولغانىدى. ئۇنىڭ ئويىچە كەلگۈسى خەتەرنى يېشى كىچىك ئوغۇل بالىلارغا دېگەندىن كۆرە، غەرەز ئۇقىدىغان مۇنۇ قىزغا دېسە مەقسىتىنى ئوڭايلا بىلدۈرەلەيتتى.

نىياز خېلى بىرچاغقىچە ئەتراپنى ۋە ئۇ ئىككىسىنى كۆزىتىپ ياتتى. «كارىدور»دا ھاجەتكە بېرىپ يېنىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى بىلەن كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. نىياز بىردەم ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق بۇدۇر چاچلىق ئايالنىڭ بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ جەينىكىگە تايانغىنىچە يېرىم ئولتۇردى. ئاندىن ئېھتىيات بىلەن يېنىدىكى گېزىت بولاقنى ئېلىپ يايدى-دە، قەلەمتىراشتا بىر دانە ئالمىنى سويغاچ قىزغا قارىدى. قىز يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. نىياز ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى. دېمىسىمۇ،

تاڭ يورۇپ قالسا پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىشى ياكى ئۇلارنىڭ قەرەللىك ئــورۇن ئالمــىشىش ۋاقتــى توشــۇپ قېلىــشى مــۇمكىن ئىــدى. قىرىشقاندەك قىز ئويغانمايۋاتاتتى. نىياز تاقاتسىزلىنىپ، كۆڭلىدە: «ئەمدى كۈتۈۋېرىشكە بولمايدۇ. ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئويغىتىپ، دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دېيىشىم كېرەك. چاتاق چىقىشتىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋەرسەم پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ قولىنى ئاستا سوزۇپ قىزنى يېنىك نوقۇدى. نوقۇدى - يۇ، قىزنىڭ كۈتۈلمىگەندە بۇنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ غوۋغا كۆتۈرۈپ بۇدۇر چاچلىق ئايالنى ئويغىتىۋېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرىدى. دەرۋەقە، «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك، قىز چۆچۈپ ئويغىنىپلا نىيازغا چەكچىيىپ قارىدى. ئاندىن پەسكە ئېگىشىپ بۇدۇر چاچلىق ئايالغا نېمىدۇر دېمەكچى بولغاندى، نىياز شۇئان:

— سىڭلىم، گەپ قىلماڭ. مەن ئەسكى ئادەم ئەمەس، سىزگە ياردەم قىلاي دەيمەن. باشقا غەيرىي مەقسىتىم يوق، — دېدى بۇدۇر چاچلىق ئايالنىڭ ئويغىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پەس ئاۋازدا.

ھەرھالدا قىز نىيازغا پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ بېشىنى يەنە ياستۇققا قويدى. نىياز تىت - تىت بولۇپ، قىزغا بىر دانە ئالمىنى سۇنۇپ يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، قىز ئەمدى قىرىشقاندەك يانغا ئۆرۈلۈپ نىيازغا كەينىنى قىلىپ يېتىۋالدى. نىياز ئامالسىز قىلىۋاتسىمۇ بولدى قىلمىدى. قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتاتتى. ئەمما، بۇ ئىشنى قانداق رويابقا چىقىرىشنى ئويلىغانسېرى پىكرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇ شۇ ھالدا كارىۋىتىدا ئازراق سوزۇلۇپ ياتقاندىن كېيىن، تەۋەككۈلىسىگە پەسكە چۈشۈپ پويىزنىڭ باش قىسمىغا بېرىشنى ئويلاپ قالدى. ئۇ يەردە ئۆزىگە يان تاياق بولىدىغان بىركىم باردەك، مۇشۇنداق

پەيداكارلىق كۆرسىتىپ باللارنى قۇتقۇزۇۋالىدىغاندەك بىر خىل سېزىم نىيازنى ئالدىرىتىۋاتاتتى. ئاستىنقى كارىۋاتتىكى بىۋاي قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى. نىياز جەينىكىگە تايىنىپ قوپۇپ، پەسكە چۈشۈش ئۈچۈن تەرەددۇتلاندى. شۇ چاغدا بۇدۇر چاچلىق ئايال «غىت» قىلىپ يەل قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بىركىم پەللىكىنى چىمدىغاندەك چۆچۈپ ئويغىنىپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىغان پېتى ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئايال زاتى ئۈچۈن نومۇس سانىلىدىغان ھېلىقى سەت ئىشنى باشقىلارنىڭ سەزگەن ياكى سەزمىگەنلىكىنى كۆزىتىپ باققانلىقى ئېنىق ئىدى. نىياز ھېچبىر چاندۇرماي ئۇنى كۆزەتتى. بۇدۇر چاچلىق ئايال ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە ئازراق ئولتۇرغاندىن كېيىن سېمىز قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ، سومكىسىدىن تازىلىق قەغىزى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. نىياز ئەمدى بايىقىدىنمۇ بەتتەر جىددىيلەشتى. دېمىسىمۇ، شۇ تاپتا ئەڭ غەنىيمەت پۇرسەت كەلگەنىدى. ئۇ دەرھال قىزنى نوقۇپ:

— سىڭلىم، چاپسان ئويغىنىڭ! مەن ئەسكى ئادەم ئەمەس. گېپىمنى ئاڭلاڭ! مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن، — دېدى ئالدىراپ.

قىز ئالاھىدە سەزگۈرلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەرھال يانغا ئۆرۈلۈپ بېشىنى يېرىم كۆتۈردى. چاچ قىسقۇچى يەنە چۈشۈپ كەتتىمۇ ياكى ئۆزى ئېلىۋەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۆسكىلەڭ چاچلىرى چۇۋۇق پېتى تۇراتتى. ھەرھالدا قىز بايىقىدەك جىددىيلەشمەستىن نىيازغا ئېسەنگىرەش نەزەرىدە قاراۋاتاتتى.

— مەن راستىنلا ئەسكى ئادەم ئەمەس. قارىسام، سىز يۇرتىڭىزدىن بۇ تەرەپلەرگە ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەندەك تۇرىسىز. ماڭا ئىشىنىڭ، ئالدامچىلار سىزنى ئىچكىرىگە ئاپىرىۋالسا يامان ئىشلارنى قىلىشقا زورلايدۇ. ئېسىڭىزنى تاپسىڭىز ھازىرمۇ قۇتۇلۇشقا

ئۆلگۈرىسىز. مېنىڭ ئىسمىم نىياز، بېيجىڭدا كاۋاپچىلىق قىلىمەن. مەن سىزگە ئىچىم ئاغرىپ ياردەم قىلاي دەۋاتىمەن. پويىزدا ساقچىلار بار. ئەھۋالنى دېسەك سىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ! ــ نىياز بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك تېز دېدىكى، مەقسىتىنى ئۇيقۇسىدىن تېخى ھېلىلا ئويغىنىپ، ئۆزىگە قىزىقىسىنىپ قاراپ ئولتۇرغان قىز ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرەلمىدى. شۇڭىمىكىن، بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئىلگىرىكى ھالىتى بويىچە يېتىۋالدى. نىيازنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ كۆكرەك قەپىسىگە ئۇرۇلاتتى. ھەي ئىسىت، قىز ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۆز يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، نەدىن ئېلىپ كېلىنىـ ـگەنلىكىنى، ھېلىقى ئوغۇل باللارنىڭ ئەھۋالىنى...... ئىشقىلىپ، بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەرھال دېسە بولاتتى. نېمىشقا ھوشىنى تاپمايدىغاندۇ؟ بەلكىم قارا كۆڭۈللەر بۇ بىچارىنى يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇتۇۋەتكەن بولسا كېرەك. ياق، ھەر خىل يالغان ـ ياۋىداق تاتلىق گەپلەر بىلەن ئۆزلىرىگە زىيادە ئىشەندۈرۈۋەتكەن گەپ. نىياز چاقماق تېزلىكىدە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ ئەسنادا بۇدۇر چاچلىق ئايال كىرىپ پۇشۇلدىغىنىچە سومكىسىدىن نېمىدۇر بىرنېمىسىنى ئاقتۇرغاندىن كېيىن، كارىۋىتىدا ئاۋۋالقىدەكلا ياتتى. نىياز دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ قاچانلاردىدۇر كۆزى ئۇيقۇغا ئېلىندى.

بىر چاغدا قۇلىقى تۇۋىدىلا ئاڭلانغان قوپال بىر ئاۋاز نىيازنى ئويغىتىۋەتتى. كۆزىنى ئېچىپلا كۆردىكى، ئالدىقاچان تاڭ ئاتقان بولۇپ، يولۇچىلار يۆتىلىپ ـ چۆشكۈرۈپ، ئۆزگىچە تۇرمۇشنى باشلىۋەتكەنىدى. نىياز ئۇدۇلىدىكى كارىۋاتقا نەزەر تاشلاپ، قىزنىڭ ئورنىدا ئىلگىرىكى ئوغۇل بالىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىزىنى تۇتۇپلا قالدى. ئاندىن ئويچان كۆزلىرى كارىۋىتىدا لاپچىيىپ ئولتۇرۇپ پەرداز قىلىۋاتقان بۇدۇر چاچلىق ئايالغا

چۈشتى. بۇگۈن ئۇ كاتاكچە گۈللۈك كوپتىسىنى قارا رەڭلىك سىدام كوپتىغا ئالماشتۇرغانىدى. نىياز شۇ تاپتا بىرەر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە كۆڭلىنى ئارامىدا قويمىغان ئوي - خىيالدىن بىر يولى خالاس بولۇشنى ئىستەيتتى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ياسىنىشنى تۈگەتكەن بۇدۇر چاچلىق ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈستۈنكى كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان بالىغا قارىۋېتىپ چىقىپ كەتتى. نىياز ئالدىراپ كارىۋىتىدىن چۈشۈۋىدى، ئاستىنقى كارىۋاتتا ئاپپىلسىن يەپ ئولتۇرغان بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ «سەنمۇ كارىۋىتىڭدىن چۈشىدىكەنسەن - ھە» دېگەندەك مەنىدە ھىجىيىپ قويدى. دېمىسىمۇ، نىياز بىر قېتىملا ھاجەتكە بارغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پويىزغا چىققاندىن بېرى ئورنىدىن قوزغالمىغانىدى. ئۇ كارىدورغا چىققاندىن كېيىن بۇدۇر چاچلىق ئايالنىڭ پويىزنىڭ كەينى تەرىپىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەررۇ ئەگەشتى. ئۇ ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. ئېنىقكى، نىياز: «مۇشۇنداق قىلسام بۇدۇر چاچلىق ئايالنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى بىلىپ، قىز ۋە ھېلىقى ئوغۇل باللارنى ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى تاپالايمەن» دەپ ئويلايتتى. شۇ ئەسنادا نىيازنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندەك بۇدۇر چاچلىق ئايال كېتىۋاتقان تەرەپتە پويىز ساقچىسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. قارىغاندا تەقدىر ئىلاھ نىيازغا ياردەم قولىنى سۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇبادا بۇدۇر چاچلىق ئايال بارغان ۋاگوندا قىز بىلەن ھېلىقى ئوغۇل باللارنىڭ بىرەرسى بار بولسا ئىش ھەقىقەتەنمۇ ئوڭدىن كەلگەن بولاتتى. نىياز قەدىمىنى بىردىنلا تېزلەتتى. ئەمما، ھاجەتكە مېڭىشقان بىرنەچچە كىشى قىستاڭچىلىق شەكىللەندۈرۈپ ئۇنىڭ قەدەم سۈرئىتىنى چەكلەپ قويۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا بۇدۇر چاچلىق ئايال بىلەن پويىز ساقچىسىنىڭ قارىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان نىياز تىت - تىت بولغان ھالدا ۋاگوندىكى ھەربىر ئورۇننى دىققەت بىلەن

كۆزنتىشكە باشلىدى. دېگەندەك ئانچە كۆچمەيلا ئۆزىنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئادەتتىكى ياتاقتا بۇدۇر چاچلىق ئايالنىلا ئەمەس، بەلكى ھېلىقى چىرايلىق قىز بىلەن يەنە بىر ئوغۇل بالىنى كۆردى...... بۇدۇر چاچلىق ئايال قولىدىكى لۆڭگىدە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ - ئولتۇرۇپ نەپەس ئېلىپ ياتقان بوۋاينىڭ چېكىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋاتاتتى، قىز بىلەن ئوغۇل بالا ئۇلسا بوۋاينىڭ قورايدەك ئورۇق پۇتلىرىنى تۇتۇۋاتاتتى. بۇ يەردە بىر پويىز كۈتكۈچىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇ بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سېرىق چىراي يىگىتكە تەسەللى بېرىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بۇدۇر چاچلىق ئايالغا:

— سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى بەكمۇ ۋاپادار ئىكەنسىلەر، كۆيۈمچانلىقىڭلاردىن بەكمۇ تەسىرلەندىم. ئەندىشە قىلماڭلار، دوختۇرلار داداڭلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىدۇ، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. نىيازنى كۆز ئالدىدىكى ئىشلار گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئىچىدە: «تووۋا خۇدايىم، مەن ئەتىدىن بېرى نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم - ھە!» دېگىنىچە دەرھال كەينىگە ياندى. شۇ چاغدا ئۇنى كۆرۈپ قالغان بۇدۇر چاچلىق ئايال لېۋىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن نېمىدۇر دېمەكچى بولۇۋىدى، ئاغزىغىچە يىراقلاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، نىيازنىڭ بايىدىن بېرىقى گۇمانلىرى يوققا چىققانىدى. ئۇ كارىۋىتىغا چىقىپلا بېشىنى بوغما چاپىنىدا پۈركەپ ئۇخلىغانچە پويىز جېڭجوۋغا كېلىپ توختىغاندىلا ئويغاندى. بۇ چاغدا بۇدۇر چاچلىق ئايال بىلەن ھېلىقى ئوغۇل بالا كارىۋىتىدا كۆرۈنمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن ئېغىر سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرگەن ئىككى ئەر يولۇچى ھېلىقى بوش كارىۋاتلارغا ئورۇنلاشتى. نىياز شۇ چاغدىلا كونا ھەمراھلىرىنىڭ پويىزدىن چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن كۆرە، ھەمراھ-

لىرىنىڭ ھەرىكىتىدىكى غەيرىيلىك گۇمانلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئاۋۋالقى قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى كېسەلمەن بوۋاينىڭ ئەتراپىنى كۆزەتتى. بوۋاي كارىۋاتتا ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە ياتاتتى، يىگىت بولسا قارشى تەرەپتىكى كارىۋاتتا ئولتۇراتتى. نىيازنىڭ ئويى بويىچە بۇدۇر چاچلىق ئايال بۇ يەردە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇدۇر چاچلىق ئايال تۇگۇل، ھېلىقى مېھرى ئىسسىق قىز بىلەن ئوغۇل بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى. شۇندىلا نىياز كۆزىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى بىلدى. يىگىتتىن بۇدۇر چاچلىق ئايالنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى، يىگىت سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئېيتتى:

— ئۇ بەكمۇ ياخشى خانىمكەن، بىز گەرچە تونۇشمىساقمۇ يول بويى دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىپ بەردى. خۇدايىم نېسىپ قىلسا ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى چوقۇم قايتۇرىمەن. قاچانلاردىدۇر كۆزۈم سەل ئىلىنىپتىكەن، ئويغىنىپ قارىسام يېنىمدا يوق تۇرىدۇ، مۇشۇ جېڭجۇۋدا پويىزدىن چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىيازنىڭ ۋۇجۇدىغا ھەسرەتنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك يالقۇنى تۇتاشتى. پويىزدا بەئەينى قۇرت كەبى مىغىلداپ يۈرۈشكەن كىشىلەرنىڭ بۇدۇر چاچلىق ئايالنىڭ شۇنچە ئاددىي نىقابىنىڭ كەينىدىكى ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكىگە يەتكۈچە ئېچىندى. ھېلىھەم بولسىمۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگۈسى كەلمىگەن نىياز دەرھال كەينىگە يېنىپ ئىشىك تەرەپكە يېقىنلىشىۋىدى، پويىز بىردىنلا سىگنال بېرىپ مېڭىپ كەتتى. نىياز مۇشۇ كۈنگىچە ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلاپ يۈرگەنلىكىدىن تۇنجى قېتىم ئۇيىلىپ، كېيىنكى سەپىرى داۋامىدىمۇ ئۇ كۆز ئالدىدىلا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارنى خىيالىدىن پەقەت چىقىرىۋېتەلمىدى. ھېلىقى چىرايلىق قىزنىڭ سىيماسى ئۇزاققىچە كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمىدى.

*          *          *

نىياز بىيجىڭغا يېتىپ كېلىپ پويىزدىن چۈشۈپلا تاھىر بىلەن ئۇچراشقىنىغا تولىمۇ ھەيران بولدى. تاھىر نىيازنىڭ بۈگۈن كېلىدىغانلىقىنى پال بېقىپ بىلىۋالغاندەك پويىز ئىستانسىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەنىدى. روھىي ھالىتى بەكمۇ پەرىشان كۆرۈنەتتى. كىيىملىرىنىڭ كىرلىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنىڭ قارىداپ قالغانلىقىنى دېمىگەندىمۇ، لەۋلىرىنىڭ گەز باغلاپ، قاپاقلىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىدىنلا ئەھۋالىنىڭ خېلىلا ناچارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

تاھىر بىلەن نىياز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. نىياز بايا تاھىرنى كۆرگەندىلا قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. دېگەندەك تاھىر نىيازنى قۇچاقلاپلا مىشىلداپ يىغلىۋەتتى.

— تاھىر، ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا يىغلايسەن؟ ئېيتە، بىرەر ئىش بولدىما؟ سەن مېنىڭ بۈگۈن كېلىشىمنى قانداق بىلدىڭ؟

نىياز تاھىردىن شۇلارنى سورىغان بولسىمۇ، بىراق تاھىر ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمەيچىكە بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتى، كۆڭلىدە ھەر خىل گۇمانلار تۇغۇلدى. كېيىن تاھىرنى يانغا تارتىپ يەنە سورىدى:

— گەپ قىلە! قانداق ئىش يۈز بەرگەن بولسا ماڭا دېگىن، قولۇمدىن كەلسىلا ياردەم قىلىمەن.

— راشىدىن...... راشىدىن ئاكام، ئۇ...... ئۇ...... — تاھىر ئۆپكىدەپ يىغلاپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

— راشىدىن نېمە بولدى، بىركىم بىلەن جېدەللەشتىمۇ ياكى سېنى ئانىي تاپتىمۇ؟ تىلىڭنى چاينىماي ئېنىق گەپ قىلمامسەن؟

ــ راشىدىن ئاكام، ئۇ...... يوقاپ كەتتى...... بەش كۈننىڭ ئالدىدا «ئايلىنىپ كېلەي» دەپ كېتىپ ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. بىز ئۇنى ئىزدەپ......

ــ نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ راشىدىن نېمىشقا يوقاپ كېتىدۇ؟ ئېنىقراق ئېيتقىنا، زادى نېمە ئىش بولدى؟

ــ باشقا ئىش بولمىغان، شۇ...... مەن بىلمەيمەن. راست، تاشمۇھەممەت ئاكام مېنى: «سەن پويىز ئىستانسىسىدا تۇرۇپ 3ئوبدان كۆزەتكىن، راشىدىن بېيجىڭدىن كەتمەكچى بولىسا پويىز ئىستانسىسىغا كېلىدۇ، مەن باشقا يەرلەرنى ئىزدەي» دېگەنىدى. ئۈچ كۈندىن بېرى مۇشۇ يەردە كۆزەتكەن بولساممۇ، راشىدىن ئاكامنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. مېنىڭچە، ماشىنا بىلەن گۇاڭجۇ تەرەپلەرگە كېتىپ قالدىمىكىن.

ــ گېپىڭدىن قارىغاندا، مەن يۇرتقا كەتكەندىن كېيىن راشىدىن يەنە تاشمۇھەممەت بىلەن تەگىشىپ قاپتۇ ـ ھە!؟

ــ مەن...... تاشمۇھەممەت ئاكام...... راست، راشىدىن ئاكام...... ئۇلار سوقۇشمىغان. راشىدىن ئاكام بىرمەھەل بولغاندا: «ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، بىردەم ئايلىنىپ كېلەي» دەپ چىقىپ كەتكەن، شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى......

نىياز گۇرۇچى چىقىپ كەتكەن ھېسپىتەك بوششىپلا كەتتى. بايا تاھىرنى كۆرگەندە ھارغىنلىقنى ئۇنتۇپ يۈت ـ قولىغا مادار كىرگەن بولسىمۇ، ئەمدى پۈتۈن جىسمىغا ھەسسىلەپ ھارغىنلىق ياماشتى. تاھىرنىڭ كۈتۈلمىگەندە يەتكۈزگەن بۇ شۇم خەۋىرى نىيازغا ئېغىر زەربە بولغانىدى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە چېكىسىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ماڭدى. تاھىر ئۈن ـ تىنسىز ئەگەشتى. نىياز پۈتىغا تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك قەدىمىنى تەستە يۆتكەپ كېتىۋېتىپ، راشىدىننىڭ يوقاپ

كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى. لېكىن، دەماللىققا بىرەر خۇلاسىگە كېلەلمىدى. كېيىن نېمىلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئاۋۋال تاھىرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشنى ئويلاپ، يېقىنلا يەردىكى تۇڭگان ئاشخانىسىغا كىردى. تاشمۇھەممەت پويىز ئىستانسىسىغا ئەۋەتكەنىدە جىددىيلىشىپ كېتىپ، يېتەرلىك پۇل بېرىشنى ئۇنتۇغاچقا، تاھىرنىڭ قورسىقى ھەقىقەتەنمۇ ئاچقانىدى. تاھىر يېنىدىكى ئازراق پۇلنى ئاۋايلاپ خەجلىگەن بولسىمۇ، قورسىقىنى غورىگىل بېقىشقا ئارانلا ئىككى كۈن يەتتى. تونۇگۈنىدىن باشلاپ يولۇچىلارنىڭ يوك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىپ جېنىنى جان ئەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق كىشىلەر مەقسىتىنى خاتا چۈشىنىپ يېقىن يولاتمىدى، شۇنداقتىمۇ راشىدىن پويىز ئىستانسىسىغا تاسادىپىي كېلىپ قالسا، توسۇۋېلىش ئۈمىدىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇشۇ يەردىن ئايرىلمىدى. بايا قورسىقى ئېچىپ ھالىدىن كېتەي دېگەنىدە نىيازنىڭ كېلىپ قېلىشى كارامەت ئىش بولغانىدى.

تاھىر ئاشخانىدا مەززىلىك تاماقنى ئاچ كۆزلەرچە يېيىشكە باشلىغاندا نىياز كۆيۈنگەن ھالدا دېدى:

— قورسىقىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاچ قاپتۇ، تاھىر. خاتىرجەم بولغىن، بۈگۈندىن كېيىن مەنىلا بولىدىكەنمەن ھەرگىز ئاچ قالمايسەن. ئاچ قورساققا بەك كۆپ يېۋالما، تاماق سىڭمەي ھەرەج قىلىدۇ، ئەمدى بولدى قىل.

— راست دېدىڭ، ئاكا، قورسىقىم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سىزنىڭ يېنىمدا بارلىقىڭنى ئۇنتۇپتىمەن. ساڭا دېسەم، ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئاچ قالغانىدىم. ئەمما، بۇ قېتىمقىسى بەكلا ئېشىپ چۈشتى. ئاچ قورساققا سۇنى ئىچىۋېرىپ يىقىلغىلى تاسلا قالدىم دېگىنە. ئەمدى يېمەي ئەمىسە، ئاشقازىنىمغا ئېغىر كەلمىسۇن يەنە!

نىياز بىلەن تاھىر گەنجاكۇغا كەلگەندە، چىرايى ئاقپىشماق، كۆزلىرى چوڭ، بويى پاكار بىركىشى ئالدىغا چىقتى. ئۇ كىبىر ھاجىنىڭ يىقىنى، ئىنىقراق ئېيتقاندا، نىياز بىلەن تاشمۇھەممەت راجى بىلەن تاھىرنى ئەگەشتۈرۈپ بېيجىڭغا كەلگەندىن بىرى، بىشنى سىيلىغان غەمگۇزارى كامال ئۇستام ئىدى. كامال ئۇستام گەرچە 60 ياشلارغا يىقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، جۇدىمىگەچكە ياشلا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا نىياز بىلەن كۆرۈشتى - يۇ، سۆزلەپلا كەتتى:

— ھەي ئۇكام، ئەمدى كەلگىنىڭ نىمىسى! راشىدىن يەر يۇتقاندەكلا يوقاپ كىتىپ، تاشمۇھەممەتكە خاپىلىق تىپىپ بەردى دىگىنە! سەنمۇ بولمىغاندىكىن تاشمۇھەممەت يىتىشەلمەي، كاۋاپ- دانىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، راشىدىننى ئىزدەپ كەتتى مانا! ماۋۇ تاھىرمۇ ئۇنى دىرەكلەپ ھاردى......

كىيىن ئىككىيلەن تاشمۇھەممەتنىڭ راشىدىننى ئىزدەپ بىرىش ئېھتىمالى بولغان ئورۇنلار ئۇستىدە خېلى تالاش - تارتىش قىلىشقان بولسىمۇ، بىر قارارغا كىلەلمىدى. ئاخىرىدا كامال ئۇستام:

— مىنىڭچە، ئىككىڭلار مۇشۇ يەردە تاشمۇھەممەتنى كۈتۈپ تۇرساڭلار بولامدىكىن، سىلەرنىڭ كىلىشىڭلارغا تاشمۇھەممەت كىلىپ قالسا، مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىغاندەك بىر - بىرىڭلارنى قوغلىشىپ ۋاقىت ئۆتۈپ كىتىدۇ. راشىدىن كىچىك بالا بولمىغاندىكىن چاتاق چىقىرىپمۇ يۇرمەس. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەن بولسا پۇشايمان قىلىپ قايتىپ كىلىشى مۇمكىن، — دىدى كۆيۈنگەن ھالدا.

نىياز كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى دەڭسەپ بىقىپ، كامال ئۇستامنىڭ دىگەنلىرىنىڭ ئورۇنلۇقلۇقىنى ھىس قىلدى. شۇنداق قىلىپ، تاھىر ئىككىسى بېيجىڭغا كەلگەندىن بىرى ئۆزلىرىگە پاناھگاھ بولۇپ كىلىۋاتقان بۇ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ

بەرگەچ تاشمۇھەممەتنى كۈتۈشتى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. راشىدىن تۆگۈل ئۇنى ئىزدەپ كەتكەن تاشمۇھەممەتنىمۇ ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىدى. نىياز بۇ كۈنلەرنى بىمىشقىدۇر ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. كۈتۈلمىگەندە بىركىم راشىدىن ياكى تاشمۇھەممەت توغرۇلۇق ۋەھىملىك خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغاندەك بىر خىل سېزىم ئۇنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئويىچە تاشمۇھەممەت راشىدىننى تاپالمىسا ئۆزىگە يۈز كېلەلمەيتتى. شۇڭا، تاشمۇھەممەت دوستلۇق سادادىقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، راشىدىننى ئىزدەپ تېپىش يولىدا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسە قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرمايتتى. نىياز بۇ يەردىكى ئۆزئارا باغلىنىشنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، مۇبادا تاشمۇھەممەت راشىدىننى تاپالمىسا بېيجىڭغا قايتىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. نىيازنى ئويغا سالىدىغان يەنە باشقا ئىشمۇ بار ئىدى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇ سەھەر پەيتىدە ھېلىقى كۈنى پويىزدا كۆرگىنىگە ئوخشاش قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى ئارىلاپ كۆرۈۋاتاتتى. قىسقىسى، قانداقتۇر بىر يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا پۇراۋاتقاندەك قىلاتتى. نىياز بۈگۈنمۇ راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى خىيال قىلىپ، خىيالنى مۇشۇ غەلىتە چۈشكە ئۇلاپ ئولتۇرغاندا، ئوتياشلارنىڭ ئارىسىدىكى تارچۇقتا يېتىۋاتقان تاھىرنىڭمۇ ئۆيقۇسى قاچقان چېغى، تىنۇش چىقارمايلا يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نىياز ئاكا، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش راشىدىن ئاكام بىلەن تاشمۇھەممەت ئاكامدىن ئەنسىرەپ قالدىم. بىز بۇنداق ئېغىرلىق قىلماي ئۇلارنى ئىزدەيلى. ئاۋۋال گۇاڭجۇۋغا بېرىپ راشىدىن ئاكامنى تاپايلى، كېيىن تاشمۇھەممەت ئاكامنى......

تاھىرنىڭ ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق گۇاڭجۇۋنى تىلغا

ئېلىشى نىيازغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى.

— نېمە، سەن راشىدىنىنىڭ گۇاڭجۇۋدا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسەن؟ ياكى ئۇ ساڭا گۇاڭجۇۋغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانمىدى؟ — سورىدى نىياز تاھىرنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا ئالدىراپ.

— ياق، راشىدىن ئاكام ماڭا ئۇنداق دېمىگەن. بۇ مېنىڭ پەرىزىم، ئاكا! مېنىڭچە، راشىدىن ئاكامنى خودەكنىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ كەتتىمىكىن دەيمەن. بىز گۇاڭجۇۋدىن قاچقاندا خودەكنى تازا بابلىغان ئەمەسمۇ!؟ ئۇ بىزنى ئۇنداق ئاسان بولدى قىلىۋەتمەيدۇ. سەن بىلمەيسەن، ئۇنىڭ شوركىلىرى كۆپ، تېخى كىچىك ماشىنىسمۇ بار......

تاھىر خودەكنىڭ گېپىنى قىلىۋەرگەچكە، نىياز بارا - بارا بىزار بولدى. گەرچە نىياز تاھىرغا ئارىلاپ قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويىسمۇ، يەنىلا ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. تاھىر خودەكنى تەبىئىيلا تىلغا ئالسىمۇ، نىياز بۇنىڭدا مۇرەككەپ بىر سىر بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتاتتى. نىيازنى ھەممىدىن بەكرەك ئويغا سالغىنى، ئارىدا راشىدىنىنىڭ تاشمۇھەممەت بىلەن بىرەر ئىشتا ئارازلىشىپ، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئىدى. ئىلگىرىمۇ نىياز «ھاي - ھاي»لاپ تۇرمىسا راشىدىن تاشمۇھەممەت بىلەن تەگىشىپ قالاتتى. شۇڭا، نىياز يۇرتقا مېڭىشنىڭ ئالدىدا راشىدىنىنى يانغا تارتىپ يېتەرلىك نەسىھەت قىلغانىدى. ئۇ تاھىردىن نېمىنىدۇر سوراشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا كامال ئۇستام كىرىپ قالدى.

— ياتاق بەك دىمىق بولۇپ كەتكەچكە ئۇخلىيالمىدىم، پەرىزىمچە سىلەر غەم - ئەندىشە قىلىپ ئۇخلىماپسىلەر - ھە! مەنمۇ ئۇ ئىككىسىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئەخمەت شەخمەتنى ئىزدەپ مېڭىپ، ھەر ئىككىلىسى يوقالسا ئەنسىرىمەمدۇ كىشى!؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇشۇ يىللاردا شىنجاڭدىن بۇ تەرەپلەرگە ھالال

ئوقەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە قوشۇلۇپ، خۇددى بۇغدايىنىڭ ئارىسىغا بىرەر يېرىم تال قارمۇق ئارىلىشىۋالغاندەك ئاز بىر قىسىم قۇلاق كەستىلەر، مۇتتەھەم لۈكچەكلەرمۇ كېلىۋاتىدۇ. مىللەتنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان ئۇ كازراپلارنى ھەرقانداق شۇملۇقلارنى قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. راشىدىننى ئۇلار ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن يانا! شۇڭا، نىياز ئۇكام، سەن ئەتىدىن باشلاپ راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى ئىزدىگىن. ماۋۇ تاھىر ئاشخانىدا سىلەرنى كۈتۈپ تۇرسۇن، — دېدى سالماق ھالدا.

— بايىدىن بېرى مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتاتتىم. ھېلىغىچە تاشمۇھەممەتنىڭمۇ ئۈچۈرى بولمىغىنىغا قارىغاندا راشىدىننىڭ دېرىكىنى ئالالمىغان ئوخشايدۇ. مەن راشىدىندىن بەكرەك ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇنىڭ مىجەزى سەل ئۆزگىچىرەك، بىرەر چاتاق تېرىپ قويمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق مۇھىم ئىشى بولسىمۇ مەن كەلگۈچە جىم ئولتۇرسا بولمامدۇ!

— قارىغاندا سەن تېخىچە راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ تەگىشىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپماپسەن - دە، ئۇكام!؟ مەن تېخى ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق تاھىر ئاللىقاچان سۆزلەپ بەرگەندۇ دەپتىمەن. تاھىر، سەن تېخىچە نىيازغا دېمەپسەن - دە؟ — كامال ئۇستام تاھىرغا سوئال نەزەرىدە قارىدى، تاھىر شۇئان ئۇنىڭغا كۆز يۇمچەكلەپ بېشىنى چايقاپ قويدى. كامال ئۇستام دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ دېدى، — ئاپلا! ئېسىم قۇرۇسۇن، «ئىشى كۆپ ئادەم ئۇنتۇغاق كېلىدۇ» دەپ ئەمدى ئېسىمگە كەلگىنىنى، راست، تاشمۇھەممەت يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا ماڭا: «نىياز كېلىپ قالسا راشىدىن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بولغان ئىشلارنى ئاڭلىمىسۇن» دەپ تاپىلىغان تۇرسا! مانا، مەن مۇشۇنداق تۈز كۆڭۈل، قورسىقىمدا گەپ ياتمايدىغان ئادەممەن. ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق مۇھىم مەخپىيەتنى ئاشكارىلاپ

قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ!

— نېمە، ئۇ ئىككىسى يەنە سوقۇشۇپ قالغانما؟

— گەپنىڭ بېشىنى ئاچقاندىكىن، ئەمدى ھەممىسىنى دېۋېتەي. سەنمۇ راشىدىننىڭ تاشمۇھەممەتكە ئۇساللىق قىلغىنىنى بىلىپ قالغىن. ساڭا دېسەم، ئۇكام نىياز، راشىدىن دېگەن ئۇ ئاغىنەڭ سەل ياۋايى، بىغەرەز بالىكەن قارا. ئۇ تاشمۇھەممەتنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ كەچلىكى سىرتقا چىقمىسا، بەتخەجلىك قىلمىسا بولاتتىغۇ! ھېس قىلىشىمچە، سەن يۇرتۇڭغا كەتكەندىن كېيىن راشىدىننىڭ نىيىتى سەل بۇزۇلدى، ئۇكام. كۈندە كەچلىكى دېگۈدەك تاشمۇھەممەتنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماي نەگىدۇر كېتىپ، كۆپىنچە تۈن نىسپىدە، گاھىدا ئەتىسى پەيدا بولدى. ئۇغۇ مەيلى ئۆزىنىڭ ئىشى، چاتاق يېرى، تەگ - نەسلىنى سەن - بىز بىلمەيدىغان ئەركىن ئىسىملىك بىرسى بىلەن دوستلىشىۋالدى. مېنىڭچە، راشىدىننى ئاشۇ سېرىق ئاسلان باشلاپ كەتتى بولغاي. ئاق چېكىشنى ئۆگىنىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ! ساڭا مۇشۇنچىلىك دەي، ئەمما تاشمۇھەممەتنىڭ ئەجرىنى كۆيدۈرمە!

— ئۇستام، مەن تاھىردىن بۇ ھەقتە چالا - بۇلا ئاڭلاپلا مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغان. سىز دېگەندەك راشىدىننىڭ خۇيى سەل ئۆزگىرىپ قالغاندى. مەن يۇرتقا مېڭىشنىڭ ئالدىدا ئۇ ئىككىسىگە ئايرىم - ئايرىم نەسىھەت قىلغاندىم بولمىسا. مەن ئەتىلا يولغا چىقىپ ئاۋۋال شاڭخەيگە باراي، ئۇ يەردىكى ئوقەتچى تونۇشلىرىمدىن ئۇلارنىڭ دېرىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرەي.

— شۇنداق قىل، ئۇكام. مېنىڭچە، سەن ئۇلارنى تاپالايسەن. چاپسانراق قايتىپ كېلىپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، خېرىدارلىرىڭلارنى تېزىتىۋەتمەڭلار. ھېلىمۇ سىلەرنىڭ زىخ كاۋىپىڭلارغا كۆنۈپ قالغان

بىيىجىڭلىقلاردىن نەچچىسى كېلىپ ئۈمىدسىز قايتىشتى......
مۇھىمى......
كامال ئۇستامنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، تاھىر:
— نىياز ئاكا، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە باراي، ساڭا چوقۇم ئەسقاتىمەن. مىنىڭمۇ شاگخەيدە تونۇشلىرىم خېلى بار، — دېدى ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.
نىياز دەماللىققا ئىپادە بىلدۈرمەي، «قانداق قىلسام بولار» دېگەندەك كامال ئۇستامغا قارىغانىدى، كامال ئۇستام:
— مەيلى، تاھىرنى ئېلىۋال ئەمىسە. گېپىدىن قارىغاندا بۇ مارۇق ساڭا ئەسقاتقۇدەك، — دېدى - دە، تاھىرنىڭ بېشىغا يېنىك شاپىلاقلاپ قويدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — نىشانسىز ئادەم ئىزدەش بەكمۇ تەس، ئۇكام. بارغانلا يەردە تونۇشلاردىن، ھېچبولمىغاندا ئۇيغۇرلاردىن سوراپدىغان گەپ. مەندىكى خەزىنەگىلەردە يىغقان پۇلۇڭلار خېلى ئاۋۇغانىدى. كۆز تەگكەندەكلا ئىش بولدى مانا. ئەتە ئەتىگەندە بانكىدىن ساڭا يېتەرلىك پۇل ئاجرىتىپ بېرەي. پۇل دېگەننى مانا مۇشۇنداق باشقا كۈن چۈشكەندە يۈرەكلىك خەجلىگۈلۈك.
ئۇلار بىردەم راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يېتىپ قېلىشتى.

* * *

نىياز پىلانى بويىچە تاھىر بىلەن شاڭخەيگە كەلدى. ئۇلارنىڭ راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى ئۇدۇللا شاڭخەيدىن ئىزدىشىنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار ئىدى. مۇشۇ يىللاردا شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوقەت قىلىشقا كېلىۋاتقانلارلا ئەمەس، خېلى ئىلگىرىلا كېلىپ كونىراپ قالغانلارمۇ قەرەللىك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تاپاۋىتىنى

شاگخەينىڭ سودا كىلىماتى ئارقىلىق تەڭشەپ تۇراتتى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە قۇرۇق مېۋە يۆتكەيدىغانلار ماللىرىنى ئالدى بىلەن شاگخەيگە توپلاپ، ئاندىن بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن شەرقىي شىمالغا، جەنۇبىي جۇڭگو تەرەپلەرگە يۆتكەيتتى. يۇرتىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكەنلەرمۇ ئالدى بىلەن شاگخەيگە كېلىپ تەلىيىنى سىناپ باقاتتى ياكى ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشاتتى. بىر ھېسابتا شاگخەي ئۇلارنىڭ جاھاندارچىلىق ۋە ئوقەتچىلىك سەپىرىدە ئۆزىنى تاۋلايدىغان ھەم بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم ئۆتەڭگى ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىلگىرى جېڭجۇۋنى مەركەز قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتەتتى. قىسقىسى، شاگخەي ئۆزىنىڭ كاتتىلىقى بىلەن باي، زەردارلارنىلا ئەمەس، تەۋەككۈلچىلەردىن باشلاپ، سەرگەردانلارغىچە بولغان ھەممە تائىپىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ كېلەتتى. مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچىلىككە ئاساسەن، نىياز بىلەن تاھىرمۇ ئەڭ ئاۋۋال بۇ شەھەرگە ئاياغ باسقانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزى شاگخەيدە ئېچىلغاچقا، راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى شاگخەيدىن تاپالايدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلاۋاتاتتى. دېگەندەك، ئۇلارنىڭ شاگخەيدىكى بىرنەچچە كۈنلۈك ۋاقتى بىكار كەتمىدى. گەرچە جاپانى يەتكۈچە تارتىپ، راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىجارەتچىلەردىن ئېرىنمەي سوراپ بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشتى.

نىياز ئەينى ۋاقىتتا ئابلەيجاننىڭ قۇرۇق مېۋە يايمىسىدا ئىشلىگەندە، زۇنۇن ئۇستام بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. زۇنۇن ئۇستام سۆزمەن ھەم ئوچۇق - يورۇق كىشى بولۇپ، ئۇلار ھۇزۇرىغا كەلگەندە، ئۇ نىيازغا چۈشەندۈرۈپ ئېيتتى:

— ئۇكام، سەن بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىمۇ ئاغىنەمنى ئىزدەيمەن دەپ يۈرەتتىڭ. ھازىرغىچە تاپالمىغىنىڭغا قارىغاندا دوستۇڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. مۇبادا ھايات بولۇپ ساقا

تۇتۇق بەرمىگەن بولسا...... مىنىڭچە، ئاغىنەك بۇ تەرەپلەردىكى بىر قىسىم مۇتتەھەم لودالارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇلار خۇددى شەپەرەڭگە ئوخشاش كۈندۈزى پىنھانلارغا يوشۇرۇنۇپ، كېچىلىرى ھەرىكەت قىلىشىدۇ. شۇڭا، ئاغىنەڭنى تاپالمايسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇ قۇلاق كەستىلەر ئىلگىرىكىدەك ئەدەپ كېتەلمىدى.

— سىلىنىڭچە مىنىڭ دوستۇم......

— توختا، ئاۋۋال گېپىمنى دېۋالاي، ساقچىلارمۇ يېقىندىن بېرى ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ بەرمىدى. تۇتىدىغاننى تۇتۇپ، سولايدىغاننى سولىغاندىكىن قوغنى قىسىدىغان گەپكەن شۇ. ئاڭلىسام، گۇاڭجۇۋدىمۇ مۇشۇنداق قىپتۇ. شۇڭا، ئاغىنەڭنى شاڭخەيدىن ئىزدىمەي، چاڭشاغا بىرىپ ئىزدەپ باققىن. ئىككى شاگىرتىم ئۇ يەردە يايما ئاچىدۇ، ئۇدۇل بىرىپ ئۇلارنى تاپقىن. ئۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى، ئوي - چوڭقۇرىنى ئۇلار ئوبدان بىلىدۇ.

زۇنۇن ئۇستامنىڭ بۇ گەپلىرى نىياز ئۈچۈن مۇھىم ئۇچۇر ئىدى. كەچلىكى تاھىرمۇ مۇھىم ئۇچۇردىن بىرنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ دىيىشىچە، خودەك ئەينى ۋاقىتتا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن بولۇپ، جازا مۇددىتىنى ئەتىيازدا تۈگىتىپ چىقىپتۇ، ئۇ تىبخى ئاردا راشىدىندىن ئۈچ ئىلىشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدەپمۇ يۈرۈپتۇ. گەرچە ئۇ گۇاڭجۇۋدا تۇرالماي چاڭشاغا يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق شايكىلىرى ھەممە يەردە بار ئىمىش. مۇبادا راشىدىن ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا، چوقۇم خودەكنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. تاھىرغا بۇ خەۋەرنى خودەكنىڭ يېنىدىن يېقىندىلا قاچقان بىر بالا دەپ بېرىپتۇ، ھازىر ئۇ ئۆرۈمچىدىن كەلگەن تىجارەتچىلەرنىڭ ھامىيلىقىدا ئىكەن، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆرۈمچىگە كېتىدىكەن. بۇ خەۋەرلەر

نىيازنىڭ كۆڭلىنى ئارامسىدا قويمىغان گۇمان ھەم تولغىنىشلىرىنى بىراقلا يېشىۋەتتى. نىياز ئەمدى «راشىدىننى خودەكىنىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ كېتىپتۇ» دەپ جەزملەشتۈردى. بىراق، تاشمۇھەممەتنىڭ ئەقدىرىگە ھازىرچە بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. بىر تۇرۇپ: «ئۇ مەندىن يۈز ئۆرۈپ كېتىپ قالغانمىدۇ» دەپ ئويلىسا، يەنە بىر تۇرۇپ: «مەن يۇرتقا كەتكەندە راشىدىن بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ، ماڭا يۈز كېلەلمەي ئۆزىنى چەتكە ئالغانمىكىن» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ بۇ گۇمانى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا، دەرھال چاڭشاغا بېرىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئالدى بىلەن راشىدىننىڭ دېرىكىنى ئالالىسىلا، تاشمۇھەممەتنىڭ قايسى يولغا ماڭغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايتتى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ چاڭشاغا بېرىش پىلانىغا تاھىر قوشۇلمىدى.

— ئاكا، خودەككە بىز تەڭ كېلەلمەيمىز. يامان يېرى مەن ساڭا ئۇچۇر ئىگىلەپ بېرىشتىن باشقىغا يارىمايمەن. مۇشۇنداقلا چاڭشاغا بارساق، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى خودەككە تۇتۇپ بېرىمىز. شۇڭا، ئوبدانراق ئويلىنىپ ئىش قىلساقمىكىن.

— نېمە، قورقۇۋاتامسەن؟ يۈرەكلىكرەك بول. بىز ھەرگىزمۇ راشىدىندەك قاراملىق قىلمايمىز، بەلكى ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ ئەپلىك ئۇسۇل بىلەن ئىشنى ئەپلەيمىز.

— مەنغۇ كىچىك بولسامۇ ھەرقانداق ئىشتىن قورقمايمەن. سەن ئۇچۇن جان كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئالدى - ئارقامغا قارىمايمەن، لېكىنزە......

— بولدى، ئەنسىرىمە، خۇدا ئۆزى بىر يولغا باشلايدۇ. ئارام ئېلىپ ئەتە سەھەردە يولغا چىقايلى.

نىياز ئاخىرقى قارارغا كېلىپ بولغاچقا، تاھىر باشقا ئىنكاستا بولمىدى. ئەتىسى يولغا چىقىدىغاندا زۇنۇن ئۇستام نىيازغا تاپىلاپ:

— سەگەك بولۇڭلار، ئەھۋال ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇشقا قىستاپ قالسا، ئىسىڭلاردا بولسۇنكى، ھەرگىز يېنىكلىك قىلماڭلار، ئامال تېپىپ شۇ يەردىكى ساقچىلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىڭلار، بولۇپمۇ سەن مارۇق، چاققانلىقىڭنى جايىدا ئىشلەت ماخما، — دېدى.

نىياز بىلەن تاھىر زۇنۇن ئۇستام بىلەن خوشلىشىپ پويىز ئىستانسىسىغا كەلگەندە، تاھىر نېمىنىدۇر خىيال قىلغاندەك سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— زۇنۇن ئۇستام دېگەندەك ساقچىلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلساق، ئۆزىمىزگە بالا تېپىۋالىمىز. خودەكلەر كېيىن بىزنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ. شۇڭا، ئەپلىك ئۇسۇل تېپىپ ئىشنى جۆندەيلى، — دېدى مەسلىھەت تەرىقىسىدە.

نىياز تاھىرغا رازىمەنلىك بىلەن بېقىپ پىسىڭدە كۈلۈپ قويدى. ئەسلىدە تاھىرنىڭ زېرەكلىكىگە قايىل بولغانىدى. ئۇلار پويىزغا چىقىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندا، نىياز تاھىرغا:

— ھازىردىن باشلاپ بىر راشىدىنىلا ئەمەس، تاشمۇ-ھەممەتنىي ھەم راجىنى ئىزدەيمىز، دېمەكچى بولغىنىم، سەزگۈر ھەم ئېھتىياتچان بولمىساق بولمايدۇ. ھەربىر قەدەم ئالغاندىمۇ مېنىڭ ئاغزىمغا قارىغىن، — دېۋىدى، تاھىر جاۋابەن:

— خاتىرجەم بول، نىيازكا، بۇ قېتىم ساڭا كارامىتىمنى تازا بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلاۋاتىمەن. مېنى بىللە ئېلىپ بارغىنىڭغا خۇش بولمىغىنىڭنى مەن بىر كۆرەي قېنى! — دېگىنىچە ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى.

نىياز بىلەن تاھىر چاڭشاغا كېلىپ زۇنۇن ئۇستامنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ قورۇق ئۈزۈم، گۈلە - قاق قاچىلانغان تاغارلار بىلەن تارلىشىپ كەتكەن ياتىقىغا ئورۇنلاشتى. نىياز تاھىرنىڭ شاڭخەيدە ئىگىلىگەن ئۇچۇرىغا ئاساسەن خودەكنى ھازىر چاڭشادا بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغاچقا، ھەربىر

قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن باستى. كۆپ ھاللاردا ئۆزى كوچىغا چىقماي، تاھىرنى چاڭشاغا ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغان باللار سىياقىدا ياساندۇرۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ھەر خىل كەسىپ- ئوقەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى دېرەكلەتتى. لېكىن، تاھىر بىرنەچچە كۈن قاتراپ كەچلىكى ئۇمىدسىز ھالدا قايتىپ كەلدى. بۇ ھال نىيازنى ئىلگىرىكىدىن بەتتەر تىت - تىت قىلىۋەتتى. قارىغاندا ئەمدى نىيازنىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ، ھەرقانداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش نىيىتىگە كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ زۇنۇن ئۇستامنىڭ شاگىرتلىرى تەمىنلىگەن نىشانلارغا ئۆزى بىۋاستە بارماقچى بولدى - يۇ، شۇئان كاللىسىدا خودەك ئەينى چاغدا پىچاق بىلەن كېسىپ چوناق قىلىپ قويغان قۇلىقى ئۇشتۇمتۇت ئاغرىغاندەك سېزىم پەيدا بولۇپ ئىككىلەندى. تاھىر نىيازنىڭ تۇرۇپلا جىم بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، «مەندىن نارازى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ:

— نىيازكا، راشىدىن ئاكامنى تاپالمىدىمىزكىن دەپ ئۇمىدسىزلەنمە، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتىلىككە چوقۇم خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.

نىياز تاھىرنىڭ بۇ گېپىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئەتىسى كەچكە يېقىن كۆڭلى قانداقتۇر بىر خىل شۇملۇقنى سېزىپ، ئەتىگەن كوچىغا چىقىپ كەتكەن تاھىردىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. دېگەندەك تاھىر شۇ كۈنى كەچ تۈگۈل، ئەتىسى، ھەتتا ئۆگۈنى كەچتىمۇ قايتىپ كەلمىدى. قارىغاندا تاھىر نىيازغا قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن قانداقتۇر بىر خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغاندەك ئىدى. نىياز نېمە قىلارىنى بىلمەيۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ نەزەرىدە راشىدىن ئەمدى ئەپسانىلەردىكى غايىۋى ئادەملەرگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ

ئىز - دېرىكىنى قىلغۇچىلارنىڭ خۇددى يەر يۇتقاندەكلا يوقاپ كەتكەنلىكى بۇنى ئىسپاتلايتتى.
نىياز ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئەينى ۋاقىتتا بارات نىيازنىڭ تېلېفوندا دېگەن گېپى بىلەن يۇرتقا بېرىپ، قايتىپ كەلگۈچە بولغان قىسقا جەرياننى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى. مانا، مۇشۇ قىسقا جەرياندا ھەممە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنىدى. ياقا يۇرتتا، يەنە كېلىپ سۈركىشىپ يۇرسىمۇ ئۆزئارا تىل ئۇقۇشمايدىغان كىشىلەر ئارىسىدا پەقەت چىن دوستلۇقنىڭ ياقۇنلۇق مېھرى بىلەنلا يېقىن تۇغقاندەك باغلىنىپ كېلىۋاتقان دوستلىرىنى يوقىتىپ قويسا ئادەم قانداقمۇ ئۆرتەنمەي تۇرالايدۇ؟ نىيازنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كۈنمىگىدا ئۆزئارا قول بېرىشىپ، ئايرىلماسلىققا ئەھدە قىلىشقان دوستلىرى ھازىر نەدە؟ تېخى ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا يېنىدا تۈگۈلۈپ ياتقان تاھىرچۇ!؟ نىيازنىڭ خىيال قەسىرىدە خۇددى دەھشەتلىك بوران قارلىغاچ باللىرىنىڭ ئىسسىق ئۇۋىسىنى بۇزۇۋەتكەندەك ئېچىنىشلىق بىر ھالەت ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. قەلبىنى چەكسىز غېرىبلىق ئىلكىگە ئالدى. تاھىرغا قاراملىق قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلمىغىنىغا يەتكۈچە پۇشايمان قىلدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، زۇنۇن ئۇستامنىڭ ھېلىقى شاگىرتلىرى قولى ئىشتىن بوشىسىلا «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىپ، ئۆزئارا كەلسە - كەلمەس پەرەزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، نىيازنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى بارغانسېرى ئۇلغايتماقتا ئىدى.
— ئەپتىگە قارىسامغۇ تاھىر كىچىك بولغان بىلەن ساپىقىدا پىشىپ قالغان يامان تازدەك قىلاتتى، قانداق بولۇپ لۈكچەكلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟
— شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بىرسىنىڭ يانچۇقىغا قول سالغان بولسا...... ھەي، ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىمۇ تېخى، كىم بىلىدۇ!

— بىرسى گېلىدىن بوغۇپلا يۈندى ئورنىغا تاشلىۋەتمەي، جېنى تېنىدە بولسىلا مەيلىتتىغۇ......

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش تەس جۇمۇ! خەقنىڭ يۇرتىدا كىشى نېمە كۈننى كۆرمەيدۇ دەيسىلەر!؟ بىزمۇ ھالال تىجارەت قىلىپ تۇرۇپ، سەللا ئېسەنگىرىسەك پالاكەت باسقىلى ئاران تۇرغان يەردە، شۇنچە چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان تاھىرنى ساق - سالامەت قايتىپ كېلىدۇ دېگىلى بولسۇنمۇ!؟

— ئاغىنىلەر، كونىلار «نەپەسنىڭ جېنى بار» دەپ توغرا ئېيتقان، ئاغزىڭلارنى ئۇششۇتۇپ بۇنداق شۇم گەپلەرنى دېمىسەڭلار قانداق! تاھىرنىڭ رايىغا بارغىنىمغا يەتكۈچە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ نېمىشقا مۇشتۇمدەك بىر بالىنىڭ گېپىگە كىرگەندىمەن؟ ئىست، مېنىڭ ئەقلىمگە! — نىياز تاقەت قىلالماي شۇنداق دېۋىدى، ئېگىز بويلۇقى:

— خاپا بولما، ئاداش، «گۇمان ئىماننى قاچۇرار» دەپ، بىزمۇ ئاغزىمىزغا كەلگەننى دەۋېرىپتىمىز. ياتاقتا گۇماننى يەتكۈچە قىلىپ ئولتۇرغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئەتىلىككە بىزمۇ ئىشىمىزنى قويۇپ تۇرايلى، تاھىرنى ھەممەيلەن ئىزدەيلى. مېنىڭچە، ھىلىقى لوبو باشنىڭ ئاشخانىسىدا گۇمان بار. ئاڭلىسام ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن. بۈگۈن ئاشخانىدا ئىشلىگىنى ئەتىسى نەگىدۇر يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسى پەيدا بولىدىكەن. تېخى تېنىنى ساتىدىغان بىرنەچچە قىزنىمۇ ياللىۋاپتۇ دېيىشىدۇ. پەمىمچە ئۇلار ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئېھتىمال تاھىر دېگەن غۇرتەك تىگىتىڭلايمەن دەپ بېرىپ شۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىمۇ بىرنېمە دېيىش تەس. ئۇلار تاھىردەك كىچىك بالىلارنى تېپىۋالسا، خۇدا بەردى دەپ بىلىدۇ. بىز بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن يېقىنلىشالىساق ئىش پۈتەتتى.

— «ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەيدۇ» دېگەندەك گەپ بولىدىغۇ بۇ!؟ ئۇستىخىنىمىزدا لوبو باشنىڭ ئادەملىرى يارىلاندۇرغان جاراھەتلەرنىڭ تارتۇقى تۇرۇۋاتسا، يەنە قورقماي ئۇلارنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشامدۇق؟ ئادەمنىڭ جېنى ئون ئەمەس، ئارانلا بىر! ئىشقىلىپ، مەن ئۇنداق جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلمايمەن! — ئېگىز بويلۇقنىڭ گېپىنى ياغاق يۈزلۈك ھەمراھى شۇنداق دەپ رەت قىلدى.

نىياز ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ھېچ ئاڭقىرالماي، ياغاق يۈزلۈكتىن سورىدى:

— مەن ھېچ بىلمىدىم، سىلەر زادى كىمنى دەۋاتىسىلەر؟ لوبو باش دېگىنىڭلار كىم؟ تاھىر راستىنلا شۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟

— چوقۇم شۇنداق، مۈشۈ قېتىم تاھىر سىرتقا ماڭغاندا مەن لوبو باشنىڭ گېپىنى قىلغان. لوبو باش دېگىنىمىز، ئۆتكەن يىلى نەدىندۇر كېلىپ مۈشۈ يەردە ئوقەت قىلىۋاتقان بىرسى. ئىسمىنى ئېنىق بىلمەيمىز، شورىكىلىرى ئۇنى پىدا دەمدۇ ياكى جۆگدا دەمدۇ ئىشقىلىپ، ئاغزىغا تازا كەلمەيدىغان بىرنېمە دەپ ئاتىشىدۇ. بىز ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ ئۇنى لوبو باش دېۋالغان، ئۇ ئۆزىنى شىنجاڭدىن چاڭشاغا كەلگەنلەرنىڭ غوجىسى ھېسابلايدۇ.

— پىدا، جۆگدا...... بۇ قانداق ئىسىم بولدى ئەمدى......

— ھەيران بولماي تۇرغىن، لوبو باش بۇ يەردىن يەتتە بېكەت يىراقلىقتىكى كوچىدا كاۋاپخانا ئاچقانىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن كاۋاپخانىنى ئاشخانىغا ئۆزگەرتتى. ئاڭلىساق، ئاشخانىنىمۇ ئاچمىغانمىش. ھازىر نېمىش قىلىدۇ بىلمەيمىز. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى بىز تاسادىيپى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ شور- كىلىرىدىن تاياق يېگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ تەرەپلەرگە

بارمىدۇق. ئىشقىلىپ، بەكمۇ قەبىھ بىرنېمە ئۇ، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. بولدى، مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشمايمەن، ــ ياغاق يۈزلۈك شۇلارنى دەپ بولۇپ بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ياتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ نىياز جىمىپلا قالدى.

ئېگىز بويلۇق ئويچان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ نىيازغا ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن نىيازغا ياردىمى تېگىدىغان ئەپلىك ئامال ئىزدەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. كېچە ئەلياتقۇدىن ئۆتكەن بولۇپ، سىرتتا ماشىنىلارنىڭ ناگان ـ ناگاندا ئاڭلىنىدىغان سىگناللىرى جىملىقنى بۇزاتتى. ئېگىز بويلۇقنىڭ ئاردىكى جىملىقتىن ئىچى سىقىلدى بولغاي، نىيازنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە دېدى:

ــ غەم قىلماي ئۇخلىغىن، ئاداش، ۋاقتى كەلگەندە ئامال تېپىلىدۇ. ھازىرچە بىھۇدە ئەنسىرىمەي ئارام ئېلىپ ئۇخلايلى، ئەتىلىككە چوقۇم بىر ئامالىنى قىلىمىز.

نىياز ئۈنچىقماي بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. كۆڭلىدە ئەتە قانداق ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر سىرتقا چىقىپ دوستلىرىنى ئىزدەپ تېپىشنى نىيەت قىلدى. شۇندىلا كۆڭلىدىكى تەشۋىش بىرئاز بېسىققاندەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن بېشىنى ياستۇققا قويۇپ ئۇخلاشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، تاھىر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇيقۇسى كەلمىدى. يېنىدا ياتقان ئىككىسى ئاللىقاچان خورەكنى باشلىغانىدى. قايسىنىڭدۇر تولىمۇ قوپال ئاڭلىنىۋاتقان خورىكى ئۇنى بىزار قىلغاچقا، چاپىنى بىلەن بېشىنى يۆگىۋالدى. ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى تەشۋىش تۈپەيلى تالغان نېرۋىسى ھېچ ئارام تاپاي دېمەيتتى. قاچاندۇر بىرسىنىڭ «ئۇيقۇڭ كەلمىگەندە بىردىن تارتىپ مىڭغىچە سانىساڭ ئۇخلاپ قالىسەن» دېگىنى خىيالىدىن كەچتى ـ دە، مىڭغىچە ئەمەس، بەشمىڭغىچە سانىغان

بولسمۇ يەنىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇيقۇسى كەلمىگەنىنىڭ ئۇستىگە ئەمدى تۇرۇپ - تۇرۇپ دىمى سىقىلىدىغان، خۇددى ئىغىر يۈكنىڭ ئاستىغا بېسىلىپ قىلىپ، قۇتۇلۇشقا ھېچ ئامال تاپالمىغاندەك ئارامسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىرچاغدا كۆڭلىدە: «ئۇخلىيالماي بۇنداق سىقىلىپ ياتقۇچە، سىرتقا چىقىپ ھاۋالىنىپ بىردەم ئولتۇرايچۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ، شەپە چىقارماي ئورنىدىن تۇردى. ياتاق تار بولغاننىڭ ئۇستىگە قويۇلغان نەرسە - كېرەكلەر كۆپ ھەم قالايمىقان ئىدى. ئادەم ئاۋايلاپ ھەرىكەت قىلمىغاندا بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلاتتى. شۇڭا، نىياز لامپۇچكىنى ياندۇرۇشنى ئەپسىز بىلىپ، پۇتىنى شىپقاپ ئىشىك تەرەپكە يۆتكىدى. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت بىرسىنىڭ ئىشىكنى ئارقا - ئارقىدىن چېكىشى نىيازنى چۆچۈتىۋەتتى. بۇ ھال نىيازغا نامەلۇم بىرسى ئۇنىڭ ئىگىز بىنا ئاستىدىكى گۆردەك تار ياتاقتا ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىز قورقۇتماقچى بولغاندەك ئەنسىز تۇيغۇ بەردى. ئارقىدىنلا ئىشىكنىڭ قوپال ئۇرۇلۇشى نىيازنى يۈرەكئالدى قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئىككىسىنىڭمۇ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. قورقۇش بىلەن چۆچۈش قوشۇلۇپ نىيازنىڭ تىلىنى كالۋالاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن ئىگىز بويلۇق خۇدىنى يوقىتىپ، جايىدىلا بىر پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن سەل ئېسىنى يىغىپ چىراغنى ياندۇردى. نىياز بولسا تېخىچىلا قىقىپ قويغان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي تۇراتتى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئىشىك يەنە ئۇرۇلدى، ئارقىدىن بىرسىنىڭ: «ئىشىكنى چاپسان ئېچىڭلار! مەن تاھىر!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇندىلا نىياز ئېسىنى تېپىپ دەرھال ئىشىكنى ئاچتى. دەرۋەقە، تاھىر بىلەن ناتونۇش بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ھەيرانلىقتىن بىر -

بىرسىگە قاراپلا قىلىشتى. دىمىسىمۇ بۇ ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىش ئىدى. ياتاق بىردىنلا بۆلەكچە جانلىنىپ كەتتى. تاھىر خىلىلا جۇدەپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكىنىگە قارىماي روھى ئۇستۇن كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان بولۇپ، گاز ياغلىقى قولىدا تۇراتتى. بايا يۈگۈرگەن بولسا كېرەك، تېز - تېز نەپەس ئالاتتى. نىياز تاھىرغا نېمىدۇر دېيىشكە تەمشىلىشىگە تاھىر ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— كەينىمىزدىن بىرسى قوغلاپ كەلگەندەك قىلىۋىدى، قورقۇپ كېتىپ ئىشىكنى قوپالراق ئۇرۇپ سالدىم. سىلەر چۆچۈپ كەتتىڭلار بەلكىم، قارىسام بىزنى ھېچكىم قوغلاپ كەلمەپتۇ. مەست بولسا كېرەك، بىر نېمىلەرنى دەپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن......

— بۇنداق گەپلەرنى قوي، تاھىر! سەن زادى نەلەرگە كەتتىڭ؟ مېنى شۇنچىمۇ ئەنسىرىتەمسەن! ئەمدى قانداق بولۇپ يېرىم كېچىدە كەلدىڭ. ماۋۇ قىز...... ئۇ كىم؟...... سەن...... تازا......

— بولدى قىل، نىياز! تاھىر ئالدى بىلەن ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالسۇن، ئۇنى بۇنداق سوتىلىغىلى تۇرساڭ نېمىمۇ دېيەلەيدۇ!؟

ئېگىز بويلۇقنىڭ نىيازغا قىلغان بۇ گېپىدىن سەل جانلانغان تاھىر يېنىدا نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي، خۇددى چوغنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغاندەك ئوڭايسىزلىنىۋاتقان قىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئارقىدىن ئۆزىمۇ تاغارنىڭ ئۈستىگىلا ئولتۇردى. قىز ئۆزىگە قىزىقىش ئىلكىدە قاراۋاتقان يىگىتلەردىن ئەيمىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى كىشىگە خۇددى ئۆز پەغىرىدىن ئۈركۈپ كېتىپ، ئامالسىز باشقا پەغەزگە قونۇپ قالغان دەمدەرنى ئەسلىتەتتى. تاھىرنىڭ ئۈچ كۈن بۇرۇن يوقاپ كېتىپ، ئەمدىلىكتە بۇ قىزنى ئەگەشتۈرۈپ پەيدا

بولۇشى ھەممەيلەننى تەئەججۈپلەندۈرۈۋاتاتتى.

نىياز تاھىرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسى بويىچە بۇ ناتونۇش قىزنى ئەمەس، راشىدىننى ياكى تاشمۇھەممەتنى تېپىپ كەلمىگەنلىكىگە ئۆكۈندى:

— ھەي، تاھىر، سېنىزە!...... ساڭا نېمە دېسەم بولا......

تاھىر نىيازنىڭ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزگەن بولسىمۇ ئېتىبار بەرمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بەخىرامان ھالدا قىزغا ئالدى بىلەن نىيازنى، ئاندىن زۇنۇن ئۇستامنىڭ ئىككى شاگىرتىنى تونۇشتۇردى. تاھىرنىڭ بۇ قىلىقى نىيازنى تېخىمۇ تېرىكتۈردى. دېمىسىمۇ نىياز شۇ تاپتا تاھىرنىڭ ئاغزىدىن راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ ئىز - دېرىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر خۇش خەۋەر ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتاتتى.

— زەينەپگۈل ئاچا، گېپىمگە ئەمدى ئىشەندىڭىزمۇ؟ مانا، بۇ نىياز ئاكام بولىدۇ. مەن گېپىنى قىلىپ بەرگەن راشىدىن ئاكامنى ئىلگىرى مۇشۇ نىياز ئاكام خودەكنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرغان. ئەمدى ھېلىقى گەپلەرنى مۇشۇ نىياز ئاكامغا دېسىڭىز بولىدۇ. قورقماڭ، ئۇ بەك ئوبدان.

تاھىر بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك ئىپتىخارلىنىش تەلەپپۇزىدا دېدىكى، روھىي ھالىتىدىن ئۇزاقتىن بۇيان نىيازنىڭ مۇشۇنداق بىر تەرىپىنى قىلىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقىنى چىقىپ تۇراتتى. نىيازنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرى قىزغا قادالدى. زۇنۇن ئۇستامنىڭ شاگىرتلىرى بولسا بىر-بىرسىگە چۈشىنىكسىز ئىپادىدە قاراپ قويۇشۇپ ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، بايا نىياز قىزغا لاپپىدە كۆز يۈگۈرتۈپلا، تاھىرغا چېچىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ تەپسىلىي قاراشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىلدىكى قىزلار ئىلگىرىمۇ ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ئۇچراپ تۇراتتى. كۆپ قىسمى

چاكىنا كىيىنىپ، سورۇنلاردىكى ئەخلاقىغا مىتە چۈشكەن ئەرلەرگە ھەمىراھ بولۇپ، بولۇشىغا ئىچىپ، چېكىپ، چار يىلانىدەك تولغىنىپ يۈرۈشەتتى. كەچۈرمىشلىرى ئاساسەن ئوخشايتتى، بەزىلىرى ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ قايتا نىكاھلانغاچقا، ئۆگەينىڭ خورلىشىغا چىدىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالغان بولسا، يەنە بەزىسى ئالدامچىلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن بۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشقانلار ئىدى. بۇ قىز گەرچە ئۇنداق ياسانمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۈزىدىكى گىرىم بىلەن چېچىنى شۇلارغا ئوخشاش قىلىۋالغاچقا، نىياز دەسلەپتە ئانچىمۇ ئېرەنسىمىگەنىدى. بىراق، ئەمدى بۆلەكچە قىزىقىپ قالدى. بۇ قىزنىڭ ھېلى تاھىر بېشارەت بەرگەنىدەك، قىزنىڭ راشىدىنىڭ ئىز - دېرىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە تونۇش ئىكەنلىكىدىن ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، قىز نىيازغا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان بىرسىگە ئوخشاۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا قىزنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق ئۆز كارامىتىنى ئىسپاتلاشقا ئالدىراۋاتقان تاھىر ئۇنىڭغا:

— سىزگە نېمە بولدى، زەينەپگۈل ئاچا؟ گەپ قىلمامسىز! ماڭا دەپ بەرگەن گەپلىرىڭىزنى قورقماي دەۋېرىڭ. بۇلار مېنىڭ ئاكىلىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن بىز سىزنى قوغدايمىز. گەپ قىلىڭە! بىز بۇ يەردە ئۇزاق تۇرساق بولمايدۇ، تاڭ ئېتىپ بولغۇچە كېتىۋالايلى! — دېدى تاقەتسىزلەنگەن ھالدا.

قىز گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا نازۇك ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ پاڭگىدە يىغلاپ تاشلىدى. نىياز شۇندىلا قىزنى تونۇپ ئۆلگۈردى. باشقىلار قىزنىڭ نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇشقاندا، نىيازنىڭ كۆڭلىدە ھېلىلا تۇغۇلغان گۇمانىنىڭ چىگىش يىپلىرى بىردىنلا يېشىلىپ، قىز كونا تونۇشقا ئايلاندى. نىياز بۇ دۇنيانىڭ ئانچىمۇ چوڭ ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم

ھېس قىلدى. زەينەپگۈل ئىسمىلىك بۇ قىز نىياز ئۆتكەندە
ئۇرۇمچىدىن بېيجىڭغا كېلىۋېتىپ پويىزدا ئۇچراتقان، تەپسىلىيرەك
ئېيتقاندا، ئۆزىنى شۇنچە مەپتۇن قىلىپ، يېرىم يولدا دەرگۇماندا
قويۇپ غايىب بولغان ھېلىقى قىز ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ قىزدىكى
يېڭى ئۆزگىرىشلەر نىيازنىڭ كۆزىنى ئالدىيالىغان بىلەن
تۇيغۇسىنى چالغىتالمىغانىدى. شۇ تاپتا نىيازنىڭ كۆزىدىن كۆرە،
تۇيغۇسى قىزنىڭ ئۆزگىچە ياسالغان چاچلىرى، قاش - كۆز-
لىرىدىكى گىرىملىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەسلىي قىياپىتىنى
كۆرۈۋاتاتتى. نىياز شۇ چاغدا ئۇنى يارىنىڭ لېۋىدىن تارتىۋېلىشقا
ئۇرۇنۇپ، ئاخىرىدا كېيىنكى تەقدىرىنى ئەمەس، ھەتتا ئىسمىنىمۇ
بىلەلمەي كۆڭلى يېرىم بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ كۈتۈلمىگەندە ئۆز
ئايىغى بىلەن كېلىپ يېنىدا پەيدا بولۇۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، بۇنى
مۆجىزە دېگەندىن كۆرە، جاھان ئىشلىرىنىڭ يەنە بىر قىزىقلىقى
دېسە دەل جايىغا چۈشەتتى. نىياز تۇرۇپلا ئۆزىنى خام خىيال
بىلەن رېئاللىق جىپسىلىشىپ تۇرىدىغان ئەپسانىۋى دۇنيادا گويا
شېرىن چۈش قوينىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بىراق،
ئەتراپىدىكى ھەربىر مەۋجۇداتتىن رېئال دۇنيانىڭ ھىدى كېلىپ
تۇرغاچقا، ئاستا - ئاستا ئەسلىگە قايتتى. قىزنىڭ بۇنچە ئۆكسۈپ
يىغلىشىدىن، قەلبىدە يەتكۈچە ھەسرەت ھەم نادامەت تۈگەللىمىسى
بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. نىيازنىڭ قەلبى ئۆرتىنىپ، يۈرىكى شۇ
كۈندىكىدەكلا ئېچىشتى. قىز تېخىچىلا يىغلاۋاتاتتى، نىيازمۇ ئۇنىڭ
بايا ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى تونۇۋالغانلىقىنى، ۋۇجۇدىدا كۆيۈۋاتقان
پۇشايمان ئوتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، قەلبىدىكى ھەسرەتنىڭ
خۇددى گۈلخانغا چۈشكەن بومبىدەك بىراقلا پارتلىغانلىقىنى ھېس
قىلغانىدى. شۇ تاپتا تاھىرنىڭ بىردە نىيازغا، بىردە زەينەپگۈلگە
قاراپ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىغا ھېچكىم ئېتىبار قىلمايۋاتاتتى.

ئاردىكى جىملىقنى نىياز بۇزدى:

— ئەسلىدە ئىسمىڭىز زەينەپگۇل ئىكەن - ھە؟ ھېچ ئەقلىم يەتمىدى، سىز قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇ تاھىر بىلەن......

نىيازنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ بولغۇچە تاھىر ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەجەب بەلەن بولدى! نىياز ئاكا، قارىغاندا سەن زەينەپگۇل ئاچام بىلەن تونۇشىدىكەنسەن - ھە! ئىككىڭلار يۇرتداشمۇ - يا؟ مەن ساڭا دېگەنغۇ، كىچىك بولغىنىم بىلەن قولۇمدىن ئىش كېلىدۇ جۇمۇ، ئۇنى مانا مەن قۇتۇلدۇردۇم، — ئاندىن تاھىر «قانداق، قالتىسمىكەنمەن» دېگەندەك مەنىدە زوڭزىيىپ ئۇستامنىڭ شاگىرتلىرىغا قاراپ مەيدىسىنى كېرىپ قويدى.

— زەينەپگۇل، ئەمدى يىغلىماڭ، تاھىر دېگەندەك بىز سىزگە ياردەم قىلىمىز، سىزنى قوغدايمىز، ئەمدى سىزنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ. قېنى، گەپ قىلىڭا! دەرد - ئەلەملىرىڭىزنى تۆكۈۋا-لىسىڭىز ئىچىڭىز بوشاپ قالىدۇ.

نىيازنىڭ ھاياجانلىق تەلەپپۇزىدىكى گەپلىرى زەينەپگۇلگە تەسىر قىلدى بولغاي، يىغىسىنى توختىتىپ ئالىقانلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— زەينەپگۇل ئاچامنى ئۇلار كىنو ئىشلەيمىز دەپ ئالداپ ئېلىپ كەپتىكەن. نەدىمۇ كىنو ئىشلەشسۇن، ئۇلار ئوغۇللارنى كوچىغا چىقىپ يانچۇق كولاشقا، قىزلارنى ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ غوجايىنلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا سېلىپ پۇل تاپىدىغانلار تۇرسا! ھەرھالدا بۇ زەينەپگۇل ئاچام ئۇششا ئىكەن، ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى تېزلا بىلىۋاپتۇ. لېكىنزە، ياۋاش بولغاچقا قېچىشقا پېتىنالماي يۈرۈپتىكەن.

— تاھىر، گېپىڭنى باشتىن دېگىنە، كۆپ گەپ قىلىپ كەتتىڭ، بىراق مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم، — دېدى ئېگىز بويلۇق بېشىنى چايقاپ.

بىراق، تاھىر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي سۆزلەۋەردى:
— پىدا دېگەن لوكچەكنىڭ پۈتىدىكى جاراھەت يامانلىشىپ كەتكەن چېغى، كەچتە ئاغرىققا چىدىماي ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ ساپا ئۈستىگىلا يىقىلىپ ياتتى. شۇ چاغدا خالىدە پىدانىڭ ئىككى شورىكىسىنى سىرتقا بىر ئىشقا بۇيرۇغانىدى، ئۇلار چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. مەن پۇرسەت كەلگەنلىكىنى بىلىپ، زەينەپگۈل ئاچام بىلەن كېلىشۋالغىنىمىز بويىچە قېچىپ كەلدۇق. شۇنداقمۇ، زەينەپگۈل ئاچا؟
تاھىر ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي شۇلارنى دەپ، ئاخىرىدا زەينەپگۈلنى گۇۋاھلىققا تارتتۇىدى، نىياز تېرىكىپ:
— ئەمدى ماۋۇ زەينەپگۈلنى گەپ قىلغىلى قويۇپ، بىردەم ئاغزىڭنى يۇمغىنا! ئەجەب جىق گەپ قىلىپ كەتتىڭغۇ سەن......— دېدى.
نىياز شۇلارنى دەۋاتقاندا، زەينەپگۈل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا:
— مەن...... مەن، راست، پىدىزدا گېپىڭىزگە ئىشەنىسەم بوپتىكەن، كېيىن بەكلا پۇشايمان قىلدىم. خالىدە ئاچام بىلەن بىز ئىلگىرى قوشنا ئىدۇق. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ، تىجارەت قىلىمەن دەپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن. بۇ قېتىم يۇرتقا تۇغقانلىرىنى يوقلاپ بېرىپتىكەن. ماڭا: «ئىچكىرىدە كىنو ئىشلەۋاتىمىز، سەن فىلىمدىكى بىر ئۇسسۇلچى قىزنىڭ رولىنى ئېلىپ ئۆزۈڭنى سىناپ باق» دېگەن. نەدىكىنى، ھەممىسى يالغانكەن. ھەممىسى...... مەن...... مەن...... ئالدىنىپتىمەن، — دېدى ھەسرەتلىك ياشلىرىنى يەنە تۆكۈپ.
زەينەپگۈلنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ نىيازنىڭ يەنە گەپكە زورلىغۇسى كەلمىدى. بىردەمدىن كېيىن زەينەپگۈل ئالىقىنى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۈمىچان كۆزلىرىنى تاھىرغا تىكتى. تاھىر

ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن قانداقتۇر بىر مەنىنى چۈشەندى - دە، تولىمۇ مەغرۇر قىياپەتتە يەنە گەپ باشلىدى:

— نىياز ئاكا، زەينەپگۈل ئاچام ئالدانغانلىقىنى بىلگەندە بەكلا قورقۇپ كېتىپتىكەن. شۇڭا، ھەممىگىلار ئاغزىغا تىكىلىۋال-غاچقا گەپ قىلالماي قالدى. قالغان ئىشلارنى ساڭا مەن دەپ بېرەي، مەن ئەسلىدە ماۋۇ ئاكىلار گېپىنى قىلغان لوبو باشنىڭ ئاشخانىسىغا بارغان. لوبو باش دېگىنى خودەكنىڭ شېرىكى ئوخشايدۇ، ئىسمى پىدا ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا: «مەن يېتىم بالا، شىنجاڭدىن يېقىندا كەلدىم. مېنى ئېلىپ قېلىڭلار، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن» دېسەم، ئۇ: «بىر ھەپتىگىچە بۇ شەھەرنىڭ ئۇجىۇر - بۇجۇرنى ئوبدان كۆرۈۋال، كېيىن مەن سېنى كوچىدىن پۇل تاپالايدىغان قىلىۋېتىمەن» دېدى. مەن ماقۇل دەپ چاندۇرمىدىم......

تاھىرنىڭ بەئەينى قىزىقارلىق چۆچەك ئېيتىۋاتقاندەك ھۇزۇرلىنىپ دەۋاتقان گەپلىرىگە زۇنۇن ئۇستامنىڭ شاگىرتلىرى قىزىقىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق نىياز ئاتچىمۇ ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ نىيازنىڭ ئەس - يادى راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتتە بولغاچقا، شۇ تاپتا تاھىرنىڭ ھەرقانچە قىزىقارلىق گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا ياقمايتتى. شۇڭا، ئويلىمىغاندا تەرىنى تۇرۇپ:

— ئۇ گەپلەرنى قويۇپ، راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ گېپىنى قىلساڭچۇ! — دېدى تەقەززالىق ئىلكىدە.

— ئاڭلىسام، خودەك بىلەن پىدانى بىر قويمىچى قارا قويۇپ، نەچچە توقماق پۇلنى ئېلىپ غىپپىدە تىكىۋېتىپتىمىش. خودەك بىلەن پىدانىڭ ئۇ قويمىچىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇمىش. ھە راست، خودەك يېقىندا بىر كىملەر بىلەن بەك قاتتىق چېپىشقان ئوخشايدۇ. ساقچىلاردىن قېچىپ مۆكۈنۈپ يۈرىدۇ. پىدا ئۇنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ، شۇڭا بۇ يەردىن تېزرەك

كېتەيلى! ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق چاتاق چىقىدۇ......— دېدى تاھىر مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئەندىكىپ.

— ھەي كالۋا، ئەقلىڭدىن ئاداشمىغانسەن؟ مەن ساڭا راستىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ گېپىنى قىل دەۋاتىمەن! ئۇ لۈكچەكلەرنىڭ ئىشلىرى بىلەن بىزنىڭ نېمە چاتىقىمىز، — دېدى نىياز تاھىرنىڭ بايىدىن بېرىقى گەپلىرىدىن يەتكۈچە بىزار بولغاندەك ئەلپازدا.

بىراق، تاھىر بەخىرامان سۆزلەۋەردى:

— مەنمۇ شۇ گەپنى دەي دېگەن ئەسلىدە...... ساڭا دېسەم، نىياز ئاكا، خالىدە بىلەن پىدا توي قىلغان ئوخشايدۇ......— تاھىر شۇلارنى دەپلا گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالماي زەينەپگۈلگە قارىدى. زەينەپگۈل نىيازغا لاپپىدە قاراپلا ئۇنىڭ تاھىرغا يەنە چېچىلىشىنى پەرەز قىلدى - دە:

— بۇ گەپنى مەن دەپ بېرەي، — دېدى تولىمۇ رايىشلىق بىلەن. نىياز ئۇنىڭ بىردىنلا تەشەببۇسكارلىق قالغانلىقىغا خۇش بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. زەينەپگۈل قولىدىكى گاز ياغلىقنى ئورۇق بارماقلىرىغا ئوراپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن خالىدە ئاچام بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، كەچتە ھېلىقى خودەك دېگىنى ئىككىيلەننى ئەگەشتۈرۈپ ئاشخانىغا پەيدا بولۇشتى. ئۇلار يۈز - كۆزلىرى زېدە بولۇپ كەتكەن يەنە بىرسىنى ماشىنىسىدىن يۆلەپ چۈشۈرۈپ يەر ئاستىدىكى ئۆيگە سولاپ قويۇشتى. ئەتىسى مەن پىدا بىلەن خودەكنىڭ قىلىشقان گېپىدىن زەخملەنگۈچىنىڭ ئىسمىنىڭ راشىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ جاراھىتى خېلىلا ئېغىر بولسا كېرەك، خودەكلەر بىرنەچچە كۈنگىچە دورا ئىچۈرۈپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولسىمۇ، بىراق بېشىدىكى جاراھەت يەنىلا يامانلىشىپ كېتىپتۇ. پىدا خودەككە: «سەن ماڭا خاپىلىق تېپىپ بەردىڭ»

دەپ تاپا - تەنە قىلدى. شۇ تولپەيلى ئىككىسى جېدەللىشىپ قالغىلى تاسلا قالدى. خالىدە ئاچام ئارىغا كىرىپ ئارازلىقنى پەسەيتىپ قويدى. شۇ كۈنىمىكىن...... ياق......
ئەتىسىكەن، راست، ئەتىسى بىرمەھەل بولغاندا خودەك بىرسى بىلەن راشىدنىنى يەر ئاستى ئۆيدىن يۆلەپ چىقىپ ماشىنىسىغا سېلىپ نەگىدۇر كېتىپ قالدى. ئارىدىن ھەپتىچە ئۆتۈپ خودەك يەنە كەلدى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى زەخىملىنىپتۇ. خودەك، پىدا ۋە خالىدە ئاچام ئۈچى كېچىچە بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كېتىشتى. مەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن خودەكلەرنىڭ راشىدنىنى قايسىدۇر كۆۋرۈكنىڭ ئۇستىدە قالدۇرۇپلا تىكىۋېتىشكەنلىكىنى ئاڭقىرالىدىم.
— خودەك راشىدىن ئاكام بىلەن ئىلگىرى ئۇلپەتلىشىپ ئۆتكەنلىكىنى ئويلاپ ئۇنى جايلىۋېتىشكە قىيماپتۇ...... بولمىسا...... ھە راست، ماۋۇ زەينەپگۈل ئاچام ئۆگەي ئاتىسىنىڭ تىللىشىغا چىدىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتىكەن، بىز ئۇنى ئېلىپ كېتىپ ئۇرۇمچىگە يولغا سېلىپ قويايلى! بولمىسا خالىدە بىلەن پىدا ئۇنى بوزەك ئېتىدۇ، — تاھىر يەنە ئارىغا قىسىلىپ شۇلارنى دېگەندى، نىيازنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:
— ئاغزىڭغا توپا تىققۇدەك بولدۇم شۇ تاپتا! بىردەم جىم ئولتۇرساڭ گاچا دەمدۇ سېنى؟— دېدى تەئەددى بىلەن ئالىيىپ قاراپ. ئاندىن زەينەپگۈلگە «سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.
— مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم مۇشۇ، ئەمدى تاھىر دېسۇن، ئۇ جىق ئىشلارنى بىلىدىكەن، — دېدى زەينەپگۈل، — مۇشۇ بىرنەچچە كۈندە ئۇ كۆپ جاپا تارتتى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئاچچىقلىماڭ......
نىياز زەينەپگۈلنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىق ئىپادىلىرىنىڭ بارا - بارا يوقاۋاتقانلىقىنى كۆردى. دېمىسىمۇ زەينەپگۈلنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدە باشقىلارغا مەردانىلىك بىلەن ياردەم قىلىپ،

مۇشكۇلىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن كىشىدە كۆرۈلىدىغان بىر خىل ئىپتىخارلىق نۇرلىرى چاقناۋاتتى. نىيازنىڭ كۆزى بىردىنلا زەينەپگۈلنىڭ تاھىرغا مەنىلىك قاراۋاتقانلىقىغا چۈشتى. تاھىر شۇ تاپتا نىيازغا ئۆز قىممىتىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە بېشىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇراتتى. قىزىق يېرى، بايىدىن بېرى تولا گەپ قىلىپ نىيازنى بىزار قىلغۇچەتكەن بولسىمۇ، ئەمدىكى ھالىتىدە ئەتەي «مېنى ئۇنچە بوش چاغلىما» دېگەن مۇددىئانى ئىپادىلەۋاتاتتى. نىياز ئۇنىڭ بۇ مەقسىتىنى دەرھال چۈشىنىپ، كونا ئۇسۇل بىلەن روھىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى:

— راستىنى ئېيتقاندا، ھەممىمىزدىن تاھىرنىڭ ئەقلى زىيادە، پۇتى چاققان ھەم يەنە بەكلا ھوشيار. شۇڭا مەن، راست، مەنلا ئەمەس، بېيجىڭدا ئوقەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئامراق، مەن دەيمەنكى......

— بولدى، بولدى. مېنى مۇنداق قۇرۇق ماختاپ ئۇچۇرمىغىنە، نىياز ئاكا، — دېدى تاھىر نىيازنىڭ گېپىنىڭ بىلگە تېپىپ ئۆزىچە چوڭ سۈپەت بولۇۋېلىپ. ئاندىن شۇنچە قىزغىن مەد-ھىيەلەرنى مەنىستىمىگەندەك تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بايا ساڭا راشىدىن ئاكام بىلەن تاشمۇھەممەت ئاكامنىڭ ئۇچۇرىنى ئېيتىپ كۆڭلۈڭنى تىندۇرۇپ قوياي دېسەم، «تولا گەپ قىلما» دەپ ماڭا ئاچچىقلانغىنىڭ...... ئەمدى مەن ھەرقانچە زورلىساڭمۇ گەپ قىلمايمەن مانا......

— خاپا بولمىغىنا، تاھىر. سەندىن ئەپۇ سوراي بولمىسا، قېنى چاپسان دېگىن. راستىنلا راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ ئۇچۇرىنى ئالدىڭما؟ — نىيازنىڭ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن زەينەپگۈل بىلەن زۇنۇن ئۇستامنىڭ شاگىرتلىرى ئۆزئارا دېيىشىۋالغاندەكلا تاھىرنى گەپ قىلىشقا ئۈندىدى. تاھىر شۇنى كۈتكەندەك زەينەپگۈلگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ سۆزلەشكە

باشلىدى:

— نىيازكا، مېنى ئۇنداق بوش چاغلىما. مانا، ئەمدى ساڭا راستىدىن ئاكام بىلەن تاشمۇھەممەت ئاكامنىڭ ئۇچۇرىنى دەپ بېرەي. مەن ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئۇلۇشكۇنلا ئېلىپ بولغان. ماۋۇ زەينەپگۇل ئاچامنى قۇتۇلدۇرىمەن دېمىگەن بولسام ئۇلۇشكۇنلا قايتىپ كېلىپ ساڭا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزەتتىم. ئۇلۇشكۈن كوچىدا ماتاڭ ساتىدىغان ئىككىيلەن بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇلارنىڭ بىرسى ئىلگىرى ئابلەيكامنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل ئىشلەپ يوقاپ كەتكەن تۇرغۇن سىرىق ئىكەن، ئۇ مېنى دەرھاللا تونۇۋالدى. ھەممە گەپنى ئۇنىڭغا دېگەنىدىم، ئۇ: «ئۇن نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا سەن گېپىنى قىلغان ئۇ تاشمۇھەممەت بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەن، ئۇ ‹دوستۇمنى خەقلەر قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ، چاراھىتى ئېغىر. دەرھال شاڭخەيگە ئاپىرىپ داۋالاتمىسام بولمايدۇ. بىراق، يېنىمدا پۇل بولمىغاچ ئامالسىز قالدىم، ھەرقايسىڭلار ياردەم قىلغان بولساڭلار› دېدى. قارىساق، ئۇنىڭ ھالى راستىنلا خاراب ئىكەن. يەنە كېلىپ ئۇ ئابلەيكامنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى. شۇڭا، مەن باش بولۇپ بىرنەچچەيلەندىن بىرئاز پۇل يىغىش قىلىپ بەردىم. ئۇ پۇلنى ئېلىپلا ئالدىراپ كېتىپ قالغان، ئۇنى شاڭخەيدىن ئىزدىگىن» دېدى. بىز ئەمدى بۇ يەردە كاشىلا بولۇپ يۈرمەيلى...... تاشمۇھەممەت ئاكام ھېلىغىچە خاپىلىققا تويدى بولغاي......

تاھىر شۇلارنى دەپ بايامقىدەكلا مەغرۇر ھالدا كېرىلىپ قويدى. شۇئان قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغان ئېگىز بويلۇق تىزىغا ياققىدا ئۇرغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەي ئىست، ئۇنتۇغاقلىقىمنى كۆرمەمدىغان!؟ شۇ كۈنى راست ئۇ تۇرغۇن سىرىق بىزنىڭ يېنىمىزغىمۇ كەپتىكەن ئەمەسمۇ! — دېۋىدى، ياغاق يۈزلۈك سۆزلەپلا كەتتى:

— راست، تۇرغۇن سىرىق سىزگە: «بىشىغا كۈن چۈشكەن بىرسى كەپتىكەن، بىزمۇ بىرئاز پۇل يىغىش قىلدۇق. سىلىمۇ ئوغۇل بالىچىلىقتا ئاتىغىنىڭلارنى چىقىرىڭلار» دېگەنىدە بىزمۇ بىرئازدىن پۇل بەرگەنىغۇ! ئۇنىڭ سىلەر ئىزدەپ يۈرگەن تاشمۇھەممەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساقچۇ ئىگەگىم. ھەي...... بىرنەچچە كۈندىن بېرى بۇ ئىشنى ئەجەب خىيالىمغا كەلتۈر- مەپتىمەنىيا......

— تاھىر، مەن دېگەنىغۇ، سەن راستتىنلا بوش ئەمەس. بولدى، ئىش ئايدىڭلاشتى. بىز ئەمدى...... — نىياز شۇنداق دەپلا جىددىيلەشكەن ھالدا ئورنىدىن چاچراپ قوپتى. زىيادە ئەنسىرەشنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، ئەيتاۋۇر، ئەقلى دەماللىققا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. تاھىر ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ:

— نىياز ئاكا، بىز ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەي ھازىرلا ماڭايلى، قانچە تېز قوزغالساق شۇنچە ياخشى، بولمىسا پىدا بىلەن خودەك چاتاق سالىدۇ...... — دېدى زەينەپگۈلنى نوقۇپ قويغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

نىياز زۇنۇن ئۇستامنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن ئالدىراپ خوشلاشتى:

— ئاغىنىلەر، خەير - خوش! بىز ھازىرلا ماڭايلى. سىلەرگە جاپا سېلىپ قويدۇق. كېيىنچە بىزمۇ سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولارمىز. كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭلار!

نىياز چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، زەينەپگۈل مەڭدەپ تۇرغانىدى، تاھىر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپلا سىرتقا تارتتى. بۇ ئىشلار شۇنچە تېز بولدىكى، زۇنۇن ئۇستامنىڭ شاگىرتلىرى كۆز ئالدىدا روي بېرىۋاتقىنى ئوڭىمۇ - چۈشىمۇ بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئېگىز بويلۇق ئىشىكتىن سىرتقا بويۇنداپ قاراپ:

— ماۋۇلارنىڭ ئىشىنى قارا، شۇنچە تېز كېتىشتىغۇ! بۇ كېچىدە شاڭخەيگە بارىدىغان پويىز نەدە؟ — دەۋاتقاندا، ئۇ ئۆچىنىڭ قارىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولغانىدى.

*　　　　*　　　　*

ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا كوچا دوقمۇشىغا بويۇنداپ قاراپ تۇرغان كامال ئۇستام نىيازنىڭ چىرايلىق بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. «خاتا كۆرۈپ قالمىغاندىمەن» دەپ كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىغانىدى، ئاڭغۇچە نىياز بىلەن زەينەپگۈل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى.

— ئەجەب قىزىق بالىكەنسەنغۇ، نىياز! راستىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى تېپىپ كەلمەكتە يوق، ئەمدى تاھىر دېگەن غورتەكنى ماۋۇ قىزغا ئالماشتۇرۇپ كەلدىڭمۇ نېمە!؟ قېنى ئېيتە، نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى زادى؟ — دېدى كامال ئۇستام ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

نىياز ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئېگىلىپ سالام بەرگىنىچە قولىنى سوزغانىدى، كامال ئۇستام كۆزىنى مەنىلىك قىسىپ قويۇپ:

— كۆزۈڭنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئىش چاتاقتەك تۇرىدۇ. ئەمما، ماۋۇ قىزنى يېنىڭغا قىستۇرۇۋالغىنىڭغا قارىغاندا بۇ قېتىم بوش كەلمىگەندەكمۇ تۇرىسەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى نىيازنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا.

نىياز زوۋان سۈرمەي يېنىدىكى زەينەپگۈلگە قاراپ قويدى. زەينەپگۈل بويۇنلىرىغىچە قىزارغان ھالدا پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ جىمغىنە تۇراتتى. كامال ئۇستام بىردىنلا نىيازنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنىڭ تەكتىگە يەتتىمۇ ياكى سىرتتا سوئال سوراۋېرىشنى

بىئەپ ھېس قىلدىمۇ، ئۇلارنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى.
— كونىلار «بىر ھارغاندىن گەپ سورىما، بىر ئاچقاندىن» دېگەنىكەن. ئالدى بىلەن قورساقنى توقلاڭلار، كېيىن ئالدىرىماي مۇڭدىشارمىز، — دېدى ئۇ قىزغىن ھالدا. نىياز بىلەن زەينەپگۈل ئاشخانىنىڭ تۆرىدىكى ئايرىمخانىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. كامال ئۇستام بىرسىگە چاي ئەكېلىشنى بۇيرۇۋاتقاندا، نىياز ئىككى جەينىكىنى شىرەگە تىرەپ ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى. كامال ئۇستام شۇ چاغدىلا ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلدى:
— ئۇكام، بولدى يىغلىما، — دېدى ئۇ سەممىي ھالدا، — ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ھەرقانداق ئىش يۈز بەرگەن بولسا ماڭا دېگىن، قولۇمدىن كەلسىلا ياردەم قىلىمەن. سەن كەتكەندىن كېيىن مەنمۇ باللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېيجىڭنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنىمۇ قويماي ئۇلارنى ئىزدىدىم. راست گەپنى دېسەم، يىراققا بېرىپ ئىزدەشكە ۋاقتىم يەتمىدى. نېمىشقا دېسەڭ، قارا، ماۋۇ ئابباس ئۇستام «يۇرتۇمغا كېتىمەن» دەپ بېشىمنى ئاغرىتىپ ئارامچىلىق بەرمىدى. ئاغرىغان چىشنى ھامان تارتىۋەتمىسەڭ بولمايدىكەن، ئۇكام، باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلاي دەپ ئابباس ئۇستامنى يولغا سېلىۋەتتىم. بىراقزە، شۇنىڭدىن كېيىن ئاشخانىنىڭ سودىسى...... ھەي بۇ گەپنى قويۇپ تۇراي، ئاۋۋال سەن ماڭا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتقىن!
تېخىچىلا يىغلاۋاتقان نىياز مۇشۇنداق بۇقۇلداپ يىغلاپ قەلبىدىكى بارلىق ئازابلىرىنى بىر يولى چىقىرىۋېتىشنى ئويلىدىمۇ ياكى مۇشۇنداق يىغلىسا كۆڭلى بىرئاز ئارام تېپىپ قالامدۇ، بىلىپ بولمايتتى. نىيازنىڭ بۇ خىل ھەسرەتلىك ھالىغا قاراپ زەينەپگۈلنىڭ كۆزلىرىمۇ ياشلاندى. كامال ئۇستام يېنىدا ئولتۇرۇپ يەنە بەزلىگەندى، ئۇ يېشىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ

دېدى:

— ئۇستام، مېنىڭ پەقەت بىرلا ئۈمىدىم بار ئىدى. ئەمدى ئۈمۈ يوق بولدى...... مەن يولدا كېلىۋېتىپ تاشمۇھەممەت بىلەن راشىدىننى بۇ يەردە كۆرۈشنى ئاللادىن تىلىگەن، راست، ئۇلارنى ھېلىغىچە بۇ يەرگە كېلىپ بولدى دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى بىلدىم، راشىدىن ھەقىقەتەنمۇ......

نىيازنىڭ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ دېگەن بۇ گەپلىرىنى كامال ئۇستام دەماللىققا چۈشىنەلمىدى. كېيىن نىياز ئۇنىڭغا گەپنى چاڭشادىكى ئىشلاردىن باشلاپ، بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى زور ئۈمىد بىلەن شاڭخەيگە كېلىپ، دوختۇرخانىلارنى شۇنچە ئاربلاپمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغانلىقى، يەنە تاھىرنىڭ پويىز ئىستانسىسىغا كېلىپ بولۇپ غايىب بولغانلىقىغىچە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— كۆپ جاپا چېكىپسەن، ئۇكام، — دېدى كامال ئۇستام ئىچ ئاغرىتىپ، — لېكىنزە، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنلەر كېلىپ تۇرىدۇ، بۇنچە ئەنسىرەپ كەتمە. تاشمۇھەممەت راشىدىننىڭ جاراھىتىنى چوقۇم ياخشى داۋالىتىدۇ. ئۇلار كىچىك بالا بولمىغاندىكىن سالامەت قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىشەن. تاھىر كىچىك بولغان بىلەن بەك يامان تازكەن، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ.

نىياز كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئېيتتى:

— ئۇستام، ماۋۇ زەينەپگۈلنىڭ دېيىشىچە راشىدىننىڭ جاراھىتى ئېغىركەن. ئالمادىس ئۇنىڭغا بىر ئىش بولۇپ قالغان بولسا تاشمۇھەممەت بۇ يەرگە كەلمەيدۇ...... ھازىرغىچە ئۇلارنى تاپالمىغانلىقىمىزغا قارىغاندا راشىدىنغا بىرەر ئىش بولدىمىكىن دەيمەن، مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا مەن قانداق قىلىمەن؟

— ئۇكام، ئىشلارنى بۇنچە ئارتۇق ئويلاپ كەتمە، قارىغاندا بەك چارچاپ كېتىپسەن. ئۇ ئىشلارنى ئويلاۋەرمەي، قورساقنى ئوبدان توقلاپ، تازا بىر ئۇخلاپ هاردۇقۇڭنى چىقىرىۋال، قالغان ئىشلارغا مەن بار.

كامال ئۇستام شۇلارنى دېگەندىن كېيىن مۇلازىمەتچىلەرگە تاپىلاپ نىياز بىلەن زەينەپگۈلنى ئوبدان كۈتتى. نىياز ئۇنىڭ بۇنچە قىزغىن بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى كۆپ ئۆتمەيلا بىلىۋالدى. دېمىسىمۇ، ئابباس ئۇستامنىڭ ئۆز يۇرتىغا كېتىپ قالغانلىقى، يەنە كېلىپ نىيازنىڭ دوستلىرىنى ئىزدەش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كاۋاپچىلىق كەسپىنى تاشلاپ قويغانلىقى ئۇنى ئەمدى كامال ئۇستامنىڭ نەزەرىدە تولۇق ئېتىبارغا ئىگە قىلغانىدى. ئىلگىرى كامال ئۇستام كۆپ تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇ دوستلىرى بىلەن كاۋاپچىلىق قىلغاچقا قولغا كەلتۈرەلمىگەنىدى. دېگەندەك، ئەتىسى كەچتە كامال ئۇستام ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىۋاتقان زەينەپگۈلنى بىردەم ماختىغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە گەپ ئاچتى:

— ئۇكام، ئۇلارنى ئىزدەپ كۆپ جاپا چەكتىڭ، ئەمدى ئاشخانىغا باش بولۇپ ئىشلارنى يۈرۈشتۈرگەچ هاردۇقۇڭنى ئال. مەن تونۇش - بىلىشلەر ئارقىلىق راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ دېرىكىنى قىلاي. بىلىسەنغۇ، مېنىڭ تونۇش - بىلىشلىرىم كۆپ، قەيەرگىلا بارسام ياردەملىشىدىغان بىر - ئىككى ئادەم تېپىلىدۇ.

نىياز كامال ئۇستامنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، بىراق راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى ئىزدەشكە بۇنچە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا، كامال ئۇستامنىڭ گېپى ئۈزۈلۈشىگىلا:

— سىز بېيجىڭغا كەلگەندىن بۇيان كۆپ ئاتىدارچىلىق

قىلدىڭىز، سىزگە ئىغىرچىلىقىمىز كۆپ چۈشتى، مەنمۇ ياندۇرمىسام بولماس. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئەتىدىن باشلاپ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان يۈرۈشتۈرىمەن، — دېدى ھاياجان بىلەن.

نىياز بىر تەرەپتىن كامال ئۇستامنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپ، تاپاۋىتى بىر ئىزدىلا توختاپ قېلىشقا يۈزلىنىۋاتقان ئاشخانىنى قايتا جانلاندۇرمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن راشىدىن بىلەن تاشمۇ-ھەممەتنىڭ دېرىكىنى داۋاملىق قىلمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە مىغىلداپ يۈرۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرەرسىنى ئىزدەپ تېپىش ھەقىقەتەنمۇ دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك مۈشكۈل ئىدى. ھەرقانداق ئىشتا تونۇش-بىلىشلەرنىڭ ياردىمىگە تايانماقتىن باشقا يول يوق ئىدى. بۇ ئەقەللىي قائىدىنى نىيازمۇ ئوبدان بىلەتتى. ياخشى يېرى كامال ئۇستامنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقسا ئىشلار ئاسانلىشاتتى. شۇ تاپتا نىياز بۇ ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرغىچە ئويلاپ ئۈلگۈرگەنىدى.

نىياز كامال ئۇستامنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىن گەپنى زەينەپكۈلگە يۆتكىدى:

— بۇ قىزنى ئالدامچىلار «كىنو ئىشلەيمىز» دەپ چاڭشاغا ئېلىپ كەپتىكەن. مەن ئۇنى شىنجاڭدىن كەلگەن ئىشەنچلىك كىشىلەرگە قوشۇپ يۇرتىغا ئەۋەتىۋېتەي دەپ بىللە ئېلىپ كەلگەنىدىم. ئۇ ئەسلىدە ئۆگەي ئاتىسىنىڭ خورلىشىغا چىدىماي ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتىكەن. «بۇ يەردە بىر مەزگىل ئىشلىسەم» دەيدۇ، سىز قوشۇلسىڭىز ئاشخانىدا بىر مەزگىل ئىشلىتىپ، كېيىن ئىشەنچلىك بىرسىگە قوشۇپ يولغا سېلىپ قويساقمىكىن دېۋىدىم. سىزچە......

— ئۇكام، — دېدى كامال ئۇستام نىيازنىڭ بۇ گېپىگە سەل خاپا بولۇپ، — مەن تېخى سېنى دوستلىرىنى تاپالمىغان بولسىمۇ

ئەقلىنى ئىشلىتىپ، چىرايلىق بىر قىزنى تېپىپ كەپتۇ دېسەم، بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟ هەي، سېنىزە...... ئۆزۈڭ ئۇنى ئاشخانىمىزدا ئاسانراق بىر ئىشقا مۇئەككەل قىلىپ قويساڭ بولمىدىمۇ! قارىسام، باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدىغان پەزىلەتلىك قىزدەك تۇرىدۇ. سەنمۇ بۇنداق بىخۇد بولما، ئۇنى ئۆزۈڭگە ئەرمەك قىلۋال، هەر باشقا بىر بۆك لازىمغۇ......

نىياز كامال ئۇستامنىڭ بۇ سۆزىگە بېشىنى قاشلاپ ھىجايغاندىن باشقا ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئەسلىدە نىيازنىڭ ئەس-يادى ئەمدى تاھىردا قالغانىدى. شۇ تاپتا بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىكى ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا زاھىر بولۇشقا باشلىغانىدى.

*　　　*　　　*

ئەسلىدە نىيازغا زەينەپگۈلنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋېلىشنى چاقشادا تاھىر ئېيتقانىدى. ئۇلار زۇنۇن ئۇستامنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن خوشلىشىپ پويىز ئىستانسىسىغا كەلگەندە، تاھىر نىيازنى چەتكىرەك تارتىپ پەس ئاۋازدا:

— نىيازكا، ئېسىڭدە بارمۇ؟ مەن خېلى بۇرۇنلا ساڭا «چىرايلىق بىر قىز تېپىپ بېرىمەن» دېمىگەنمىدىم، مانا مۇشۇ زەينەپگۈل ئاچام دەل شۇ. بىلسەڭ، مەن ئۇنى سەن ئۈچۈن باشلاپ كەلگەن. ئۇنىڭ خۇلق - مىجەزى بەكمۇ ياخشى ئىكەن، ئامال بار قولدىن چىقىرىپ قويما. ئۇنىڭغا هەممە گەپنى دېدىم، بىز بىلەن بىللە تۇرۇشقا ماقۇل بولدى، — دېدى كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

راست، بىر چاغدا راشىدىن بىلەن نىياز خەلچەمنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ، رازاق بىلەن بولغان نىكاھى توغرىسىدا دەتالاش قىلىشقانىدا، ئۇلارنى يۇرتىدىكى بىرەر قىزنى تالىشىۋاتىدۇ

دەپ چۈشەنگەن تاھىر نىيازغا: «سەن راشىدىن ئاكامدىن قىز تالاشما، ساڭا كېيىنچە ئۆزۈم چىرايلىق بىر قىز تېپىپ بېرىمەن» دەپ ھەيبارلىق قىلغانىدى. مانا ئەمدى نېمە دېگۈلۈك، تاھىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى چاقچىقى رېئاللىققا ئايلاندىمۇ ياكى بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ؟ «نەپەسىنىڭ جېنى بار» دېگەنىدەك، شۇ مىنۇتتىن ئېتىبارەن زەينەپگۈل نىيازغا باشقىچە مېھرىلىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ زەينەپگۈلنىڭ «مېنى بىللە ئېلىپ كېتىڭ، مەن سىزگە ئىشىنىمەن» دېگەنىدەك بىر خىل مەنىدە تەلمۈرۈپ قاراشلىرى نىيازنىڭ كۆڭلىدە ئىسسىق بىر ئېقىم ھاسىل قىلىپ ئۆلگۈردى. شۇئان تاھىر نىيازنىڭ چىرايىدا نەچچە كۈندىن بېرىقى پەرىشانلىققا ئوخشىمايدىغان بىر خىل مەمنۇنىلۇقنىڭ زاھىر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى. نىيازمۇ ئىككىلەنمەيلا ئۈچ كىشىلىك پويىز بېلىتى سېتىۋالدى. زەينەپگۈلمۇ گەپ - سۆزسىزلا ئۇلار بىلەن بىللە پويىزغا چىقتى. ئىشلار شۇنچە تەبىئىي بولۇۋاتاتتى. گەرچە نىياز بىلەن زەينەپگۈل تېخى ياخشىراق مۇڭداشقۇدەك پۇرسەتكە ئېرىشمىگەن بولسىمۇ، تاھىرنىڭ ۋاستىسى بىلەن قەلبلىرى ئاللىقاچان بىر - بىرىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى. سەپەر ئۈستىدە نىيازنى ھەممىدىن بەك سۆيۈندۈرگىنى زەينەپگۈلنىڭ بارغانسېرى ئېچىلىپ، راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىنى سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشى بولدى. نىيازغا ئىچكىكەنسېرى ئۆزىنىڭ ھەققەتەنمۇ ھاراقكەش ئۆگەي ئاتىسىنىڭ خورلىشىغا چىدىماي، ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، يۇرتىدىكى بىر ئاشخانىدا ئىشلىگەنلىكىدىن باشلاپ، ئاخىرىدا خالىدەگە ئالدىنىپ چاڭشاغا كېلىپ قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقى، نېمە قىلارىنى بىلمەي يۈرگەنىدە، يېنىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تاھىر پەيدا بولۇپ، سۆزمەنلىكى

بىلەن كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنى ۋاللىدە يورۇتۇۋەتكەنگە قەدەر بىرمۇبىر دەپ بەردى. نىياز زەينەپگۇلنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە بەكمۇ قىزىقتى. گەرچە ئالدىنقى كۈنلەردىكى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئېرەنشىمىگەن بىلەن، ئەينى ۋاقىتدا خالىدەنىڭ كۆز بويامچىلىقى ئالدىدا ئاجىز كېلىپ، ئاخىرىدا پۇشايمانغا بوغۇلۇپ قالغانلىقى نىيازنىڭ كۆڭۈل تەكتىدە ساقلىنىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا زەينەپ-گۇلنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى نىيازغا ئەينى ۋاقىتتىكى پاراسىتىنى دەڭسەيدىغان ئىمتىھاننىڭ جاۋابىدەك تۇيغۇ بېرىۋاتاتتى.

— شۇ چاغدا سىزگە، ماڭغان يولىڭىزنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى شۇنچە ئېنىق دېسەممۇ نېمىشقا ماڭا ئىشەنمىدىڭىز؟ — سورىدى نىياز كۆڭلىدىكى يەنە بىر تۈگۈننى يەشمەكچى بولغاندەك قىزىقىش ئىچىدە.

— ئۆرۈمچىدىن يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا خالىدە ئاچام ماڭا: «پويىزدا ئەسكى ئادەملەر كۆپ، باشقا ھەرقانداق ئادەم گەپ سورىسا جاۋاب بەرمەي جىم ئولتۇرغىن» دەپ تاپىلىغان، مەن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، ئەسلىدە......

زەينەپگۇلنىڭ گېپى ئۈزۈلمەيلا تاھىر لوقما سېلىپ:

— زەينەپگۇل ئاچا، ساڭا خالىدە دېگەن ئۇ جەددالنى «ئاچام» دېمىگىن دەپ نەچچە قېتىم دېدىمغۇ! ئۇنى ئاچام، ئاچام دەۋەرسەڭ قۇلىقىمغا ياقمايدىكەن مېنىڭ. ئۇنداق ئەسكىنى ئاچام دېمىگىنە بولدى، — دېۋىدى، نىياز ئالىيىپ قاراپ قويىدى. تاھىر تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ جىم بولدى.

— مېنىڭمۇ ئۇ ئالدامچىنى ئاچا دېگۈم يوق، بىراق شۇ كۈنۈپ قاپتىمەن، — دېدى زەينەپگۇل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ يەنە: «پويىزنىڭ بېلىتى قىممەت. تۆتىمىزگە ئۈچ بېلەت ئالدىم، شۇڭا ئورۇن ئالمىشىپ ماڭىمىز. مەندىن باشقىلار بىلەن ھەرگىز گەپ قىلمايسىلەر» دەپ تاپىلىغان. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىقىنى

يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىكەن، — ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى قايتا ئەسلەشنى خالىمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— نىياز ئاكا، ئۇ چاغدا سەنمۇ بوش كەلمەيتىكەنسەن - دە! زەينەپگۈل ئاچامنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ بەكمۇ قاپ يۈرەكلىك قىپسەن ئەمەسمۇ! بەزى قىنىدىن چىققان گۈيلار مۇشۇنداق چاغدا ئادەمگە پىچاق سېلىشتىن يانمايدۇ، — دېدى تاھىر قانداقتۇر بىر قانلىق ۋەقەنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ. شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا ئۇ كاچكۇلغا ئۇشتۇمتۇت يالىڭاچ تىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك شۈركۈندى.

نىياز ئۇنىڭغا ئاۋۋالقىدەكلا «گەپ قىلما» دېگەن مەنىدە ھومىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن زەينەپگۈلدىن:

— يوپىزدا سىز بىلەن ئورۇن ئالمىشىپ كەلگەن ھېلىقى ئوغۇل باللار ھازىر ئاشۇلارنىڭ يېنىدا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

زەينەپگۈل كۆڭلىدە: «بەلكىم ئۇ مۇشۇ گەپلەرگە مەلىكە بولۇپ يۈرىكىدىكى ئارامسىزلىقنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇماقچى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. تاھىر بولسا زەينەپگۈل بىلەن نىيازنىڭ خۇددى ئىلگىرى بەكمۇ ئېچىل ئۆتكەن قەلبداشلار ئارىدا ھىجرانغا يەم بولۇپ، ئەمدى قايتا ۋىسال تاپقاندەك قىزغىن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغانلىقىغا قىزىقىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، زەينەپ- گۈلنى ئورۇنلۇق گەپلىرى بىلەن قايىل قىلىپ، نىيازنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلگەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى.

ئارىدا زەينەپگۈل ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— خالىدە ئاچام، ياق، خالىدە ئۇ باللارنى دەسلەپتە ماڭا: «كۈلىدىكى دوستلىرىمنىڭ باللىرى» دېگەن. كېيىن بىلدىمكى، ئۇ باللارنىمۇ بىزنىڭ يۇرتتىن ئالداپ ئېلىپ كەپتىكەن. مەن ئۇلارنى پوپىزغا چىقىپ بولغاندىلا كۆردۈم. بىرنەچچە كۈننىڭ

ئالدىدا «پىدا» دېگىنى ئۇ باللارنى نەگىدۇر ئاپىرىۋەتتى. يېقىندىن بىرى خالىدە، پىدالار تازا خاتىرجەم ئەمەس، ساقچىلار ئارىلاپ كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھېلىقى خودەك دېگىنى بىلەن پىدا بىرەر چاتاق ئىش قىلغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى خىيالچان ھالدا.

— ئۇلارنى چوقۇم ئاشۇ نارەسىدە باللارنىڭ ئۇۋالى تۇتىدۇ. دۇنيادا ئەسكىلىكنى ئۆزى قىلغانغا قانائەت قىلماي، باشقىلارنىمۇ ئەسكىلىك قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئادەمدىن ئۆتە ناكەس ئادەم بولماس. نامىمىزنى بۇلغاشنى كەسىپ قىلىۋالغان ئۇ لۈكچەكلەر ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىنى ۋەيران قىلىشىدۇ.

نىيازنىڭ تولىمۇ ۋەزىنلىك بۇ سۆزلىرى تاھىردىن كۆرە، زەينەپگۈلنىڭ قەلبىگە مۆھۈردەك ئورناپلا قالدى. ئۇلار ھاياجان، ئۈمىد، ئەنسىرەش ھېسلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل كەيپىيات ئىچىدە ئاخىر شاگىخەيگە يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەردە زۇڭ ئۇستامدىن باشقا، ھەر خىل تىجارەتلەر بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىدىغان بىرنەچچە تونۇشلىرىنىمۇ ياردەمگە چاقىردى. ئەپسۇس، ئۇلار ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلىنىپ، ئاساسلىق دوختۇرخانىلارنى دېگۈدەك ئارىلىغان بولسىمۇ، راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نىيازنىڭ پويىزدا زەينەپگۈل بىلەن مۇڭدىشىپ بىرئاز ئېچىلغان چىرايى ئاۋۋالقىدەكلا تۇتۇلدى. تاھىر تىت - تىت بولغىنىدىن توختىماي ئۇھسىنسا، زەينەپگۈل نىيازغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلمەي پەرىشان بولاتتى. شۇ ھالدا ئۇنىڭ ئوماق چىرايىمۇ نىيازنىڭكىدەك تۇس ئالغانىدى. نىياز راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى ئىزدەپ مۇشۇ كۆنگىچە تارتقان جاپالىرىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولدىمۇ ياكى راشىدىنغا چوقۇم بىرەر ئىش بوپتۇ دەپ جەزم قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۆزىنى تۇتۇۋالماي ئۆكسۈپ يىغلىغانىدى، زەينەپگۈلمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆپكىدەشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن

يىغىسىنى توختىتىپ نىيازنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا ئۇرۇنۇپ:

— مەن ئۇلارنى سىز گېپىنى قىلغان ھېلىقى كامال ئۇستامنىڭ يېنىغا بېرىپ بولدىمىكىن دەيمەن، — دېگەنىدى، نىيازنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇغاندەك بولدى. شۇ يوسۇندا ھەر خىل ئېھتىمال-لىقلارنى نەزەردىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى. ئاخىرىدا كۆڭلى-دىكى قاباھەتلىك گۇماننى زەينەپگۈل بەخش ئەتكەن يېڭى ئۈمىد مەغلۇپ قىلدى. زەينەپگۈلنىڭ قىياسەن دېگەن بۇ گېپى نىيازنىڭ سولغان جىسمىغا ھەقىقەتەنمۇ يېڭى كۈچ بەخش ئەتكەنىدى.

نىياز سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— راست، ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. بەلكىم ئۇلار بېيجىڭغا بېرىپ بولغان بولسا...... ھەي، مەن ئەجەب بۇنى ئويلىماپتىمەنغۇ!؟ بىز دەرھال بېيجىڭغا قايتايلى! — دەپلا ئورنىدىن تۇردى.

نىيازنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىغا تاھىر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈر-مىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلگەندە ئۆز قارىشىنى ئېيتتى:

— نىياز ئاكا، مۇبادا تاشمۇھەممەت ئاكاملار بېيجىڭغا بارمىغان بولسا، مۇشۇ شەھەرنىڭ بىر يېرىدە بولۇشى مۇمكىن. شاڭخەي دېگەن شۇنچە چوڭ شەھەر تۇرسا، بىز بىرنەچچە كۈندىن بېرى ھەرقانچە بولسا بۇ شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى دوختۇرخانىلارغا بارغاندىمىز. شۇڭا، سەن زەينەپگۈل ئاچام بىلەن كېتىۋەرگىن، مەن بۇ يەردە قېلىپ ئۇلارنى يەنە ئىزدەي.

— بولدى بۇنداق گېپىڭنى قوي! بېيجىڭغا بىللە كېتىمىز، سەن ئاۋۇ يەردىن مىنېرال سۇ ئېلىپ كەل، مەن بېلەت ئالاي، — دېدى نىياز كېسىپلا.

تاھىر نىيازنىڭ چىرايىدىكى قەتئىيلىكنى كۆرۈپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى - دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا كىشىلەرنىڭ

ئارىسىدا غايىب بولدى. نىياز ئۇنى چاقىرغىنىچە بىردەم يۇگۇرگەندىن كېيىن ئامالسىز قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا زەينەپگۈلنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەنىدى.

— مەيلى، تاھىر بۇ يەردە قالسا قالسۇن، بىز مېڭىۋېرەيلى. ئىويلاپ باقسام، ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرىدەك تۇرىدۇ، — دېدى نىياز تاھىر كەتكەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز!؟ تاھىر كىچىك بالا تۇرسا!؟ ئۇنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇپ قانداق كېتىمىز؟ مېڭىڭ، ئۇنى تېپىپ كېلەيلى، مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم، — دېدى زەينەپگۈل يىغلامسىرىغىنىچە.

نىياز زەينەپگۈلنىڭ بۇنچە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ پىسەڭگىدە كۈلدى. زەينەپگۈل نىياز بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان كۈلگىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ مەمنۇن بولدى.

— تاھىرنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقىغا قارىماڭ، ئۇ كىچىك بالىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن يېشى چوڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈلىغا ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدا كەپتىكەن. شۇڭا، بوش چاغلىقلى بولمايدۇ. بۇ يەردە يەنە زۇنۇن ئۇستام بارغۇ، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ......

نىيازنىڭ بۇ گېپىگە زەينەپگۈل يەنە قوشۇلماي، تاھىر كەتكەن تەرەپكە ئەنسىرەش ئىلكىدە قاراپ دېدى:

— سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن مەن ئەنسىرەپ قالدىم، دوستلىرىڭىزنى تاپالمىغانىنى ئاز دەپ، ئەمدى تاھىرنى يىتتۈرۈۋەتسەك قانداق بولغىنى؟

— تاھىرنىڭ يېنىدا مەن بەرگەن ئاز - تولا پۇلمۇ بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى تاھىرغا بەك ئامراق. ئۇ يىتىپ كەتمەيدۇ، قاراپ تۇرۇڭ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېنىمىزغا سالامەت بارىدۇ.

زەينەپگۈلنىڭ كۆڭلى شۇندىلا ئارامغا چۈشكەندەك بولدى.

*　　　*　　　*

زىمىستان قىش كېتىپ، ئانچە - مۇنچە ئەسكەن سالقىن شامال دىماقلارغا باھار ھىدىنى سوۋغا قىلىشقا باشلىدى. بۇ كۈنلەردە نىياز كامال ئۇستامغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇپ، ئاشخانىنىڭ ئىشلىرى ئىلگىرىكىدىنمۇ ياخشى يۈرۈشكەندى. نىيازنىڭ پۈتۈن ئىقتىدارى ئارقىلىق ئاشخانىنى جان كۆيەرلىك بىلەن باشقۇرۇۋاتقانلىقىغا ئەتراپىدىكىلەر ھەر خىل تەبىر بېرىشتى. بەزىلەر: «نىياز ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئىشلەپ كامال ئۇستامنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ياردىمى ئارقىلىق دوستلىرىنى تاپماقچى» دېيىشسە، بەزىلەر: «نىياز ئەمدى دوستلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئارىدا دوستىنى ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تارتقان زىيىنىنى تولدۇ- رۇۋالماقچى» دېيىشەتتى. مۇلاھىزە - تەبىرلەر قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر مۇشۇنداق تىنىمسىز ئىشلەش نىيازنىڭ كۆڭلىدىكى غەم - ئەندىشىلەرنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەلۋەتتە، ئاشخانىنىڭ ئەسلىدىكى قايناق ھالىتىگە قايتىۋاتقانلىقى كامال ئۇستامنى خۇشال قىلاتتى. شۇڭا، ئاشخانىنى خاتىرجەم ھالدا نىيازغا تاشلاپ، ئارىدا دۇنيا باغچىسى، گۇگۇڭ ۋە داگويەنلەرگە، شىسەنلىڭ، بادالىڭ تەرەپلەرگە، كېيىن تېخىمۇ غەيرەت قىلىپ تيەنجىن...... تەرەپلەرگە بېرىپ راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى ئىزدەپ كەلدى. گەرچە ئۇنىۋم كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، نىياز ئۇنىڭ بۇ يولدىكى ئەجرىدىن خۇش ئىدى. زەينەپگۈلمۇ بۇرۇن ئاشخانىدا ئىشلەپ باققاچقا، بۇ يەردىكىلەر بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى. قىزىق يېرى، نىياز بىلەن

ئىككىسى هازىرغىچە تاھىرنىڭ باللارچە دېگەن ھېلىقى گېپىدىن باشقا، كۆڭۈل ئىزهار قىلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئاشخانىدىكى ھەممەيلەن ئۇلارغا «خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر»، ئۆزئارا ئۇمۇم-ـلاشقان مودا گەپ بويىچە «ئارقا بۇلۇڭدا تېپىشقانلار» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى. بۇنداق چاقچاقنى ئاڭلىغاندا نىياز زەينەپگۈلگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويسا، زەينەپگۈل يەرگە قارىغىنىچە ئۇلاردىن نېرى كېتەتتى. قانداق چاقچاقلار ياكى پەرەزلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زەينەپگۈل نىيازنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھامىيسى ھېسابلايتتى. نىياز بولسا بۇرۇنلا شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، ئىككىسىنىڭ سۆيگۈ مېھرىنى تەقدىر تاھىرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن قوشۇۋەتكەندەك، بۇ ھالدا يەنە بىر - بىرىگە كۆڭۈل ئىزهار قىلىش ئارتۇقچىدەك ھېس قىلاتتى. راست، دۇنيادىكى بەزى ئىشلار مۇشۇنداق غەلىتە. قارىماققا كىشىلەرگە بەسى مۇشكۈل بىلىنىدىغان ياكى نەتىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغان ئىشلار، گېزى كەلگەندە مۇشۇنداق تاسادىپىي، مۇشۇنداق ئاسانلا رويابقا چىقىپ قالىدۇ. زەينەپگۈل بىلەن نىيازنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەنە شۇ تەقدىرنىڭ بىر قېتىملىق تاسادىپىيلىقى دېيىشكە بولاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى زەينەپگۈل نىيازنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزىگە ئېنىقراق گەپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭمۇ قۇلاقلىرى توۋىدە تاھىرنىڭ ئۆزىنى نىيازغا بېغىشلاشقا دەۋەت قىلىپ دېگەن گەپلىرى جاراڭلاپ ئۆزگىچە مېھىر بەخش ئېتىپ تۇراتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئاشخانىدا نىيازنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشنى ئويلىغانلار، ئالدى بىلەن ئاشمۇھەممەتنىڭ پات ئارىدا راشىدىن بىلەن سالامەت قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۆز مەقسىتىگە كۆچىدىغان ئادەتنى تاشلىدى. كامال ئۇستامۇ سىرتلارنى ئايلىنىشتىن بارا - بارا زېرىكتى بولغاي، ئەمدى كۆپ ۋاقتىنى ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى كارىۋاتتا

مۇشۇ شەھەردىكى قايسىدۇر ئورۇندىن دەم ئېلىشقا چىققان ئاق چاچلىق دوستى بىلەن شاھمات ئويناپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇۋالدى. قىسقىسى، راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ قايتىپ كېلىش ئېھتىماللىقى ئەمدى پانىي دۇنيانىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بەزى ئىشلىرىغا ئوخشاشلا غۇۋالىشىپ بىرىۋاتاتتى. پەقەت نىيازنىڭ ئۆرتىنىپ تۇرۇۋاتقان قەلبىدىلا ئۈمىدنىڭ ئاجىز نۇرى پىلىلداپتتى. نىياز بەزى كۈنلىرى ئۇ ئىككىسىنى خىيال قىلىپ جىمپلا قالغاندا، پەقەت زەينەپگۈللا ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئېنىق ئاڭلايتتى. شۇئان بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنى ئازابلىق ئەسلىمىلەر قوينىدىن قايتۇرۇپ چىقىشقا تىرىشاتتى.

ئۇ كۈنى ئاشخانىغا شىنجاڭدىن ساياھەتكە كەلگەن بىر توپ كىشى كىرىپ كېلىپ، قاينام - تاشقىنلىق كەيپىيات ھاسىل قىلغانىدى. كامال ئۇستامنىڭ كەڭ يۈزى باھار ئاسمىنىدەك ئېچىلىپلا كەتكەن بولسا، ئاشخانىدىكى مۇلازىملارنىڭ ئايىغى بورۇنقىدىن چاققانلىشىپ كەتكەنىدى. زەينەپگۈل باشقا قىز مۇلازىملار بىلەن مېھمانلارغا چاي قۇيۇش، قورۇما - تاماقلارنى كەلتۈرۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. يۈزى يۇمىلاق، كۆزى خۇمارلىق، زىننىخىدىن نازاكەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان زەينەپگۈلگە ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن چىمەن دوپپا بەكمۇ ياراشقانىدى. ئاشخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىماي قالمايتتى. شۇ تاپتىمۇ بىر قىسىم مېھمانلارنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئىدى. ئارىدىن سەل ئۆتۈپ ئاشخانىدىكى جىددىيچىلىك پەسكويغا چۈشتى. ئەمدى شىنجاڭدىن بېيجىڭغا ھەر خىل مۇددىئا - مەقسەتلەر بىلەن كېلىپ، بۇ ئاشخانىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. بۇنداق چاغلاردا كامال ئۇستامنىڭ شادلىقى تاغ سۈيىدەك كۆۋجەپ، مەردلىكى تۇتۇپ كېتەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، مېھمانلار ئۆزلىرى بۇيرۇتقان

قورۇما - تاماقلارنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن، قىزلار كامال ئۇستامنىڭ بۇيرۇشى بىلەن ئۇستەللەرنى دەرھال تازىلاپ، مېۋە-چىۋە كەلتۈرۈشتى. مېھمانلار كامال ئۇستامنىڭ تاپاۋىتىگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىگەچ مېۋىلەرگە ئېغىز تېگىشتى. كىمدۇر بىرى ئاشخانىنىڭ تاماقلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىۋىدى، كامال ئۇستام شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، يان ئىشىكتىن بويۇنداپ ئۇچاق تەرەپكە قارىدى، ئۇ كۆڭلىدە نىيازنى ماختاپ قويۇشنى ئويلىغانىدى. بىراق، بۇ چاغدا نىياز ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى كارىۋاتتا كوچا دوقمۇشىغا قاراپ ئولتۇراتتى. دېمىسىمۇ، ئەتىدىن بېرى باشقا ئۇستىلارغا يېتەكچىلىك قىلغاچ، بىرنەچچە خىل قورۇمىنى ئۆزى تەييارلىغاچقا سەل ھېرىپ قالغانىدى. نېمە بولدىكىن بىر چاغدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان نىيازنىڭ ھارغىن كۆزلىرى ئۇشتۇمتۇت چوڭ ئېچىلىپ، ۋۇجۇدىغا بىردىنلا تىترەك ئولاشقاندەك بولدى - دە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. نىيازنىڭ كۆز ئالدىدا خېلىدىن بۇيان كاللىسىنى رام قىلىۋالغان خام خىيال توساتتىن رېئاللىققا ئايلانغانىدى. بۇنى رېئاللىق دېگەندىن كۆرە، مۆجىزە دېسىمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى. مۆجىزە بولغاندىمۇ تەقەززالىقى چەكتىن ئاشقان، ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان مۆجىزە ئىدى. ئەسلىدە نىياز دەسلەپتە تاھىرنى، ئاندىن ئۇنىڭغا سوگدىشىپلا كېلىۋاتقان راشىدىن بىلەن تاشمۇھەممەتنى كۆرگەنىدى. نىياز مۇشۇ كۈنگىچە بۇنداق خاسىيەتلىك كۆرۈنۈشنى تولا ئارزۇ قىلىۋېرىپ، ھېرىپ تالجىققاندا ھەسرەتلىك ئۇھسىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، شۇ تاپتا نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قېلىۋاتاتتى. قارىغاندا نىيازنى تاشمۇھەممەت بىلەن راشىدىننى ئىزدەش جەريانىدا تارتقان جاپالىرىنىڭ ھاردۇقى بىر يولى تۈگىگەندەك قىلاتتى. راست، يېقىنلا يەردە، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاشخانا تەرەپكە قاراپ

كېلىۋاتقانلار ھەقىقەتەنمۇ راشىدىن، تاشمۇھەممەت ۋە تاھىر بولۇپ، تاشمۇھەممەت راشىدىننى يېتىلىۋالغانىدى. تاھىر مەيدىسىنى كېرىپ بەكمۇ مەغرۇر چامدايتتى. نىياز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي، بۇ چۈشۈم بولۇپ قالمىسۇن يەنە دەپ ئۇلاغا تىكىلىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا نىيازنىڭ يېنىغا پەيدا بولغان زەينەپگۈل ھاياجان ئىلكىدە «تاھىر كېلىۋاتىدۇ!» دېگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى، تاھىرمۇ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى. زەينەپگۈل نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تاھىرنى قۇچاقلىدى. نىياز راشىدىنغا قاراپ يۈگۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، جىددىيلەشكىنىدىن پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە تاشمۇھەممەت كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆككىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپلا نىيازنى قۇچاقلىۋالدى. شۇ ۋاقىتتا ئاشخانىدىن چىقىشقان شىنجاڭلىق مېھمانلار ئاشخانا ئالدىدىكى خۇددى كىنولاردىلا چېلىقىدىغان ھاياجانلىق كۆرۈنۈشكە قاراپ ئۆزلىرىمۇ ھاياجانغا چۆمۈلۈشتى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ئىچكى ئۆلكە-شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، كۆز ئالدىدىكى بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشكە ئىشىنەلمىگەندەك بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشاتتى. راشىدىن روھى چىقىپ كەتكەندەك بەخىرامان ھالدا نېملەرنىدۇر دېگىنىچە بىر ياندا تۇراتتى، تاشمۇھەممەت بىلەن قۇچاقلىشىۋاتقان نىياز راشىدىندىكى بۇ غەيرىي ھالەتنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. شۇئان راشىدىننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولۇۋىدى، كۈتۈلمىگەندە راشىدىن نىيازنى ئىتتىرىۋېتىپ يانغا بۇرۇلۇۋالدى. نىياز تېڭىرقىغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەيۋاتاتتى. تاشمۇھەممەت دەرھال كېلىپ راشىدىننىڭ قولىدىن تۇتتى. مۇلازىملاردىن بىرى يەتكۈزگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاشخانىدىن ئالدىراپ چىققان كامال ئۇستام راشىدىننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ياقىسىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا

قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ھاياجانلىق تۇيغۇلار بىردىنلا نادامەتكە ئورۇن بوشاتتى. توپلانغانلار بىر - بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى. نىياز ئەمدى تاقەت قىلالماستىن راشىدىنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سىلكىگىنىچە:

— راشىدىن، ساڭا نېمە بولدى؟ ماڭا قاراپ گەپ قىلغىنە! نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ — دەيتتى. بىراق، راشىدىن نىياز بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەك كىشىلەرگە قاراپ گاھ كۈلسە، گاھ چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىيتتى.

نىياز تاشمۇھەممەتكە قارىغانىدى، تاشمۇھەممەت تولىمۇ مەيۈس ھالدا:

— ئەمدى راشىدىننى گەپ قىلىشقا قىستىما، ئۇ گەپ قىلالمايدۇ، — دېدى بېشىنى چايقاپ.

نىياز قولىقىغا ئىشىنەلمەيلا قالدى. زەينەپگۈل ھازىرغىچە ئىسمىنى كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغان تاشمۇھەممەت بىلەن راشىدىنغا قاراپلا قالغانىدى. كامال ئۇستام تالادا بۇنداق تۇرۇۋېرىشنى بىئەپ ھېس قىلدى بولغاي:

— راشىدىننىڭ قايتىپ كەلگىنى بەلەن بولدى. مېڭىڭلار، ئاشخانىغا كىرىپ كېتەيلى، — دېدى كۆڭۈل ياساپ. ئۇ نىيازنىڭ چىرايىنىڭ بىردەمدىلا بۇنچە تاتىرىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئارامسىزلانغانىدى.

تاھىر راشىدىننىڭ قولىنى تۇتۇپ كىچىك بالىدەك يېتىلەپ ماڭدى. قارىغاندا ئۇ راشىدىننى مۇشۇنداق يېتىلەشكە ئادەتلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. باشقىلار راشىدىننىڭ بەئەينى قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاشلىق بىلەن تاھىرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئاشخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچىنىش ئىچىدە قاراپ قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەيتتى. نېمە دېگۈلۈك؟ بايىلا ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانغا چۆمگەن قەلبلەر ئەمدى

ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئازابلىنىۋاتاتتى. ئەسلىدە راشىدىنىڭ نېرۋىسى كاردىن چىققاچقا، مۇشۇنداق ھالغا كېلىپ قالغانىدى. گەرچە راشىدىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى نىيازنىڭ خېلىدىن بېرىقى قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرىنى يوققا چىقارغان بولسىمۇ، بىراق تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالغىنى نىيازنى ئوتتىن ئېلىپ سۇغا، سۇدىن ئېلىپ يەنە ئوتقا سالغانغا باراۋەر ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى نىيازنى بىرنەچچە ئايدىن بېرى پاراكەندە قىلغان ئىشلارنىڭ سىرى تاشمۇھەممەتنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق بىر - بىرلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى.

— خودەك خېلى بۇرۇنلا پىدا بىلەن بىرلىشىپ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرىگە ئايلىنىپتىكەن، — دېدى تاشمۇھەممەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مەن كۈنمىڭغا بارغاندا خودەكلەر راشىدىنى چاڭشاغا ئەكېتىپ بوپتىكەن. راشىدىنى شۇلار ئۇرۇپ كوچىغا تاشلىۋەتتىمىكىن دەيمەن. ئوقەتچىلەردىن ئاڭلىسام، خودەكلەر پىدا بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن بەكمۇ ئەسكىلىشىپ كېتىپتۇ. ساقچىلارغا مەلۇم قىلاي دېسەم قولۇمدا پاكىت بولمىغاندىكىن ئامال بولمىدى. قارىسام، ئۆزۈم يالغۇز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىكەنمەن. كوچىدا بېشىم قېتىپ تۇرسام، يېنىمغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىككى ساقچى پەيدا بولۇپ، مەندىن نېرى - بېرى گەپ سورىغىلى تۇردى. ئۇلارغا دوستۇمنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىمنى دېگەنىدىم، ئۇلار: «بىز ئىككى كۈن ئىلگىرى كوچىدا يېتىپ قالغان بىرسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغان، دوختۇرخانىغا باشلاپ بارايلى، دوستۇڭ شۇمۇ كۆرۈپ باق!» دېدى. ئۇلار بىلەن دوختۇرخانىغا كەلسەم، راشىدىن كارىۋاتتا بىھوش يېتىپتۇ......

تاشمۇھەممەتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك سۈكۈتكە چۆمگەن بولسىمۇ، كامال ئۇستام غەزىپىنى باسالماي دېدى:

— ئۇكام نىياز، بۇ ئىش مەن پەرەز قىلغاندەك بوپتۇ مانا! سەن يۇرتۇڭغا كەتكەندىن كېيىن راشىدىن تېپىشقان ھېلىقى ئەركىن دېگىنى ماڭا سەل غەيرىي كۆرۈنگەن. كەچلىكى راشىدىن ئۇنىڭ بىلەن نەگىدۇر كېتىپ، بىرمەھەلدە قايىپ كېلىپ يۈردى. راشىدىنغا «ئارىلاشما» دەپ نەسىھەت قىلسام گېپىمنى ئاڭلىمىدى. ئەسلىدە ئۇ راشىدىنغا ئاق چەكتۈرۈپ، ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!؟

— نىياز، ئىككىمىز قىيامەتلىك دوست، ماڭا ئىشەنگىن. بۇ ئىشنا مەن بەكمۇ تەڭلىك تارتتىم. باشتىكى ئىشلار كامال ئۇستامغا ئايان، ئۇ ماڭا گۇۋاھ بولالايدۇ. سەن يۇرتۇڭغا كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا راشىدىن نېمىشقىدۇر مەن بىلەن قەستەنگە جېدەللىشىدىغان بولۇۋالدى. ھە دېگەندە غەللىدىكى پۇلنى ئېلىپ نەگىدۇر كېتەتتى. بىر كۈنى غەللىدىكى پۇلنى ئېلىپ ئەركىن بىلەن كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئويلىشىمچە، ئەركىن راشىدىننى ئاققا قىزىقتۇرۇپ، كۆنىمگۈدا باشلاپ بارغاندا خودەك بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئوخشايدۇ...... دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، راشىدىن ئاققا خۇمار بولۇپ بولغۇچە زەخىملىنىپتۇ.

— مانا، پەرىزىم دەل توغرا چىقتى. ھەممىنى قىلغان ئاشۇ ئەركىن. ئۇ خودەكتىن قېلىشمايدىغان ئەسكى بىرنېمە بولسا كېرەك. تېخى خودەكنىڭ شايكىلىرىدىنمۇ، كىم بىلىدۇ! مەنمۇزە، ئاڭقاۋلىق قىپتىمەن، ئۇنىڭ ئوسالىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسامچۇ!

— بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا خودەك، پىدا دېگەنلەر خىروئىن سودىسى ئۈستىدىلا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. مېنىڭچە، بۇ قېتىم ئۇلار تەلتۆكۈس تۇگەشتى ئەمدى.

— مانا، مەن دېمىگەنمىدىم! زەھەر بىلەن ھەپىلەشكەن ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق بولىدۇ. «ئۆزىنىڭ

پۈتنغا ئۆزى پالتا چاپتى» دېگەن شۇ!

— بىز ئىلگىرى خودەكنى گۇاڭجۇۋدا كېلىشتۈرۈپ بابلاپ، راشىدىن ئاكامنى ئىپلاس قولىدىن قۇتۇلدۇرغانىدۇق. مانا بۇ قېتىم ئۇ راشىدىن ئاكامدىن ئۆچىنى ئاپتۇ، — بايىدىن بېرى زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغان تاھىر تاشمۇھەممەت بىلەن كامال ئۇستامنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىدى.

زەينەپگۈل تاھىرنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان نىيازغا قاراپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن نىياز خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ دېدى:

— خودەك بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۆچ ئېلىشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدەپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق چاغدا راشىدىننىڭ ئۇنىڭ يېنىغا بارغىنىنى قارىمامدىغان! ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، راشىدىن قانداق بولۇپ خىرويىن دېگەن نېجىسقا يولۇقۇپ قالغاندۇ؟

— قانداق يولۇقۇپ قالاتتى؟ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بولمامدۇ! مېنىڭچە، راشىدىننىڭ مىجەزى سىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن. جاھىل، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان ئادەملەر كۆپ ھاللاردا مۇشۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ چاتاق تېرىيدۇ. بولدى، بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى، بايا تاشمۇھەممەتنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتۇق. قېنى، تاشمۇھەممەت، دېگىنە ئۇكام، كېيىن قانداق بولدى زادى؟

— يېنىمدىكى پۇل دوختۇرخانىنىڭ يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك داۋالاش چىقىمىغا ئارانلا يەتتى. دوختۇر راشىدىننى: «مېڭىسى ئېغىر زەخىملىنىپ خاتىرىسى يوقالغان، ئەسلىگە كېلىشتىن ئۈمىد ناھايىتى ئاز» دېدى. مەن شۇنداقتىمۇ راشىدىننى دەرھال شاڭخەيدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا يۆتكەشنى ئويلاپ، چاڭشادىكى ئوقەتچىلەردىن ئازراق پۇل غەملىدىم. شۇ كۈنلەردە بىز تۇرۇۋاتقان

دوختۇرخانىغا شاگخەيدىن ئىككى نەپەر داڭلىق دوختۇر كېلىپ قالدى. مەن ئۇلاردىن راشىدىننى كۆرۈپ بېقىشنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈندۈم. ئۇلار ھەر ھالدا بىزنى «ئاز سانلىق مىللەتتىن ئىكەن» دەپ ئېتىبار قىلدى بولغاي، راشىدىننى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئىلگىرىكىدىكىگە ئوخشاش يەكۈن چىقاردى، «بىمارنى ھەرگىز ئورنىدىن يۆتكىمەڭلار، بېشىدىكى جاراھەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار» دېدى. ئامالسىز شۇ دوختۇرخانىدا بىر ئايغا يېقىن تۇردۇق. يېنىمدا پۇل قالمىغانىدا، شۇ يەردىكى ئوقەتچىلەر بىزگە ياردەم قىلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر ساناتورىيەنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويىدى. بۇ يەردىمۇ خېلى داڭلىق دوختۇرلار بار ئىكەن، دوختۇرخانا باشلىقى بىزگە كۆڭۈل بۆلدى. شارائىت بولغانىدىكىن راشىدىننى تەلتۆكۈس ساقايتىپ ئاندىن كېتەي دەپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن راشىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق مۇشۇنداق ئەس ـ ھوشىنى بىلمەس بولۇپ قالدى. مەن راشىدىننىڭ سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگۈچە قايتىپ كەلمەسلىككە نىيەت قىلغانىدىم. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن تاھىر پەيدا بولۇپ: «دەرھال قايتايلى! بولمىسا نىياز ئاكام ئەنسىرەپ قالىدۇ» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، بولغان ئىشلار مۇشۇ.

تاشمۇھەممەت دەيدىغاننى دەپ بولۇپ، مىسكىن قىياپەتتە بېشىنى تۆۋەن سالدى. باشقىلار تاھىرغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تەرىپىنى قىلىشقا باشلىدى. تاھىر بولسا قەددىنى تىك تۇتۇپ «ئىقتىدارىمغا ئەمەدىغۇ ئىشەنگەنسىلەر» دېگەنىدەك كېرىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدەك گەپكە قوشۇق سالماي، ئېسىل سۈپەت ئولتۇرغىنىغا باشقىلاردىن كۆرە، زەينەپگۈل بىلەن نىيازنىڭ سۆيۈنۈش ئىلكىدە رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىشى ھەممىدىن قىممەتلىك تۇيۇلدى.

ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىشتا تاھىرنىڭ ئەجرى كۆپ ئىدى. ئۇ چاگشادا راشىدىننىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ نىيازنى خۇش قىلغان بىلەن، ئەمما شاگخەيدە راشىدىننى تاپالماي پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى. ھەرھالدا مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، قايتا باسقان تەۋەككۇلانە قەدىمى ئۈنۈم بەردى. ئۇ شاگخەيدە ئوقەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتراپىدا زىرىكمەي - تىرىكمەي تىمىس-قىلاپ يۈرۈپ، يېقىندىلا چاگشادىن شاگخەيگە قانداقتۇر بىر زۆرۈرىيەت بىلەن كەلگەن تۇرغۇن سىرىق بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تۇرغۇن سىرىق تاشمۇھەممەت بىلەن تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا چاگشادا كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر شۇ يەردىكى ئوقەتچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن راشىدىننى قايسىدۇر بىر سانا-تورىيەنىڭ دوختۇرخانىسىدا داۋالىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مانا مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن دەرھال چاگشاغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئاخىر تاشمۇھەممەتنى تاپتى. دېگەندەك، تاشمۇھەممەت نىيازنىڭ ئۆز ۋاقتىدا راشىدىنغا ياخشى قاراشنى جېكىلەپ تەكرار دېگەن گەپلىرىنى ئەستە تۇتۇپ بېيجىڭغا قايتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. تاھىر ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى بىلەن تاشمۇھەممەتنى بېيجىڭغا قايتىشقا كۆندۈردى......

ئارىنى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان جىمجىتلىق ئىلكىگە ئالدى. تاشمۇھەممەتنىڭ قايسىدۇر چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كەچمىشلىرى باشقىلاردىن كۆرە زەينەپگۈلنى بەكرەك جەلپ قىلغانىدى. زەينەپگۈل شۇ تاپتا دوستلۇق ئۈچۈن شۇنچە كۆپ رىيازەتلەرنى ئۆزى خالاپ تارتقان تاشمۇھەممەتكە قايىل بولماي تۇرالمايتتى. چاگشادا خالىدەنىڭ ئالدامچىلىقىنى بىلگەندىن كېيىن سۇنغان روھىنىڭ ئەمدى قايتىدىن كۆتۈرۈلۈۋات-قانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇرمۇشتا يامانلىقتىن ياخشىلىقنىڭ ھامان كۆپلۈكتە بولغان ئىشەنچىسى ئېشىۋاتاتتى. ھەممەيلەن كۆڭلىدە

راشىدىننىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىش بىلەن بىر چاغدا كېسەلنى داۋالىتىپ ساقايتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتاتتى.

— غەم قىلمايلى، نى - نى ئېغىر كېسەللەر بېيجىڭغا كېلىپ ساقىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ كاتتا شەھەردە دوختۇرخانىدىن تولا نېمە يوق. تېبابەت ئىشلىرى راۋاجلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە راشىدىننى داۋالاپ ساقايتىدىغان دوختۇرلار چوقۇم چىقىدۇ، — دېدى كامال ئۇستام نىيازنىڭ دېمىنىڭ بارغانسېرى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ.

شۇ ئەسنادا ياندىكى ياتاق ئۆيدىن بىرسىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلاندى.

— راشىدىن ئويغىنىۋالغان ئوخشايدۇ، ئۇيقۇسى مۇشۇنداق ناھايىتى كەم، ئەمدى تاڭ يورۇغىچە ئۇخلىغىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا مەن باراي، — دېدى تاشمۇھەممەت ئورنىدىن تۇرۇپ. بۇ ھالدىن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى.

نىياز ئەتىسى تاشمۇھەممەت بىلەن راشىدىننى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ئەڭ داڭلىق ھېسابلىنىدىغان شىنخۇايەن دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. دوختۇرلارنىڭ تەكلىپى بويىچە يىگىرمە نەچچە كۈن بالنىستتا ياتقۇزۇپ داۋالاتتى. بىراق، بۇ قېتىمقى داۋالاش ئەكسىچە نەتىجە بېرىپ، راشىدىننىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى. راشىدىن چاڭشادىن كەلگەندە ئەس - ھوشىنى بىلمىگەن بىلەن، قولىنى تۇتۇپ يېتىلىسە ئەگىشىپ ماڭاتتى. كۆپ ھاللاردا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ جىممىدە ئولتۇراتتى. كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ بىرچاغقىچە ئۇخلىمىسىمۇ، قوپال ھەرىكەتلەرنى قىلمايتتى. ئەمدى پەقەت جىم تۇرمايتتى، گاھىدا قولىغا چىققاننى ئاتاتتى، تېخىمۇ يامان يېرى كېچىسى توسۇۋالمىسا سىرتقا چىقىپ كېتىۋېرەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىغا «ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرىمىز» دېگەندىن باشقا گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى

دەپ ئېلان بىرىدىغان دوختۇرلارمۇ لام ـ جىم دېمەستىن، بىر-بىرىگە قاراپ قويۇشۇپ بېشىنى چايقاشتى. شۇنداق قىلىپ، نىياز دوختۇرلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە راشىدىننى بالنىستىن قايتۇرۇپ چىقتى. ئەمدى تەقدىرگە تەن بېرىپ، بىئارامچىلىقتىن قۇتۇلسا بولاتتى. بىراق، ئۇنداق بولمىدى، راشىدىن نىيازنى بىردەممۇ تىنچ قويمىدى. ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلالماي ھەر خىل چاتاقلارنى تېرىۋەرگەچكە، ئاخىر قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق ئاقتاشقا قايتۇرۇپ كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. نىياز بۈگۈن بۇ ھەقتىكى ئويلىرىنى تاشمۇھەممەت بىلەن كامال ئۇستامغا ئېيتتى.

— شۇنداق قىلمايمۇ بولمىغۇدەك، قارىغاندا راشىدىننىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. ياخشىسى ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىسىغا خەۋەر بېرەيلى، بىرەرسى كېلىپ راشىدىننى ئېلىپ كەتسۇن، مۇشۇنداق بولغاندا ساڭا ياخشى بولىدۇ ئۇكام، — دېدى كامال ئۇستام بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن.

— راشىدىننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياشىنىپ قالغان، ئۇستام. قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ھالى بۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ، ھەممىسى نامراتچىلىقنىڭ كاساپىتى ئەمەسمۇ! ياخشىسى ئۆزۈملا ئېلىپ باراي، — دېدى نىياز كامال ئۇستامغا كەسكىن ھالدا.

تاھىر بىلەن زەينەپگۈل نىيازنىڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تاشمۇھەممەتكە ئوخشاشلا پەرىشان بولدى. ئۇلارنىڭ نىيازدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى، تاشمۇھەممەت نىيازغا باشقىچە مەسلىھەت بېرىشنىمۇ ئويلىدى ـ يۇ، ئەمما قانچە ئويلاپمۇ نىيازنىڭ ھازىرقى قارارىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىسى تېگىدىغان بىرەر ياخشى ئامال تاپالمىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن نىياز راشىدىننى ئېلىپ يولغا چىقىش ئالدىدا تاشمۇھەممەتنى يانغا تارتىپ، زەينەپگۈل بىلەن تاھىرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى، شۇنداقلا كامال ئۇستامنىڭ

ئـۆزلىرىگە قىلغـان ياخـشىلىقلىرىغا جـاۋابەن، ئاشـخانىغا بـاش بولغۇدەك ئۇسـتا ئاشـپەز كېلىـپ بولغـۇچە ئۇنىڭغـا يـېقىن تـۇرۇپ، ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈشنى تاپىلىـدى. زەينەپگۈلنىـڭ كۆزلىرىـدە يـاش لىغىرلايتتـى. گـەرچە نىيـاز ئـايرىم پاراڭلىـشىپ پـات ئارىـدا قايتىـپ كېلىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاشخانىدىن نېرى كەتمەسـ ـلىكنى قايتا ـ قايتا ئېيتقان بولسىمۇ، زەينەپگـۈل چـۈش كـۆرۈ ـ ۋاتقانـدەك تۇيغـۇدا بولـۇپ، چۈشـىدىن ئويغانـسىلا ھەممـە ئـىش ئـۆز ئەسلىگە قايتىدىغاندەك ئەنسىزلىكتە قالغانىدى. نىيـاز خوشلىـشىپ يولغـا چىقىــپ بولغانــدىمۇ تــېخىچىلا ھېلىقــى تۇيغــۇ ئىلكىـــدە ئېسەنگىرەۋاتاتتى.

نىيـاز راشـىدىن بىـلەن ئۆمرىـدە تولىمـۇ مۈشـكۈل توختىغـان سـەپەرنى ئاخىرلاشـتۇرۇپ، ئـاخىر ئاقتاشـقا قايتىــپ كەلـدى. ئـۇ خۇددى كۆندۈرۈلمىگەن تورپاقتەك ھەر تەرەپكە پۇشـاڭدايلا تۇرغـان راشــىدىننى تەســلىكتە ھوشــۇر موزدۇزنىـــڭ ھويلىــسىغا باشــلاپ كىرگەنـدە، بۇلۇڭدا قوي قىرقىۋاتقـان ھوشـۇر مـوزدۇز يـېشىغا مـاس كەلمىــگەن چەبدەســلىك بىــلەن ئورنىـــدىن تــۇرۇپ، راشــىدىننى قۇچـاقلاش ئۈچـۈن يۈگـۈردى. ئەپـسۇس، راشـىدىن ئـۇنى ئىتتىــ ـرىۋېتىپ باغ تەرەپكە قاراپ ئەلەڭلەپ ماڭدى ھەمدە شـۇ ماڭغـانچە باغــدىن ســېۋەتتە چــامغۇر ئېلىــپ چىقىۋاتقــان ســېپىرەمخانىغىمۇ قارىماي، باغنىـڭ ئىچكىرىـسىنى كـۆزلەپ كېتىـپ قالـدى. شـۇئان سېپىرەمخاننىڭ قولىدىكى سـېۋەت يەرگە چۈشـۈپ كەتتـى. سـېۋەت چۈشۈپ كەتسىغۇ مەيلى ئىدى، يامان بـولغىنى سـېپىرەمخان يەرگە يىقىلدى......

## ئون ئالتىنچى باب

# قوش تولغاق

باھار كېلىپ، يەر - زېمىن ۋە قۇرت - قوڭغۇزلار قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشقا باشلىدى. ئاقتاشلىقلار ئاللىقاچان ئەتىياز پەسلىدىكى ئالدىراشلىققا تۇتقۇن بولغانىدى. ھەممە ئېتىز قىرلاردا تورلۇك ئىشلار بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. بۇ يىلمۇ بارات نىيازنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ئۆتكەن يىللاردىكىگە ئوخشاش ئۆزگەرتىلىۋاتاتتى. ئالدى بىلەن جاغدا كۆممىقوناق تېرىيدىغان يەرنى كۈزدىن ئەتىيازغىچە ئاق قالدۇرۇشتەك كونا ئۇسۇل ئۆزگەرتىلىپ، كۆممىقوناق تېرىشقا قالدۇرۇلىدىغان يەرگىمۇ كۈزگى بۇغداي تېرىلدى. ئورمىدىن كېيىن بۇغداي ئېڭىزى ئورنىغا كەنجى قوناق تېرىلىپ قوش مەھسۇلات ئېلىشقا ئاساس يارىتىلدى. يەنە قىر ئۈستى ۋە ئېرىق بويلىرىدىكى بىكار يەرلەرگە قوشۇمچە ئوتياش تېرىلغىنىغا قارىماي، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە داڭلىنىپ كېلىۋاتقان ئاق چامغۇر، سەۋزە ۋە ئاق يېسسۋېلەك قاتارلىق ئاساسلىق ئوتياشلار ئۈچۈن مەخسۇس يەر ئاجرىتىلىپ، كۆلەملەشتۈرۈش يولغا قويۇلدى. ئوتياش تېرىشتا قادىر ئاخۇندەك؛ توخۇ، كەپتەر قاتارلىق ئۆي قۇشلىرىنى بېقىشتا ھوشۇر موزدۇزدەك؛ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە جالالدىن ئاخۇندەك بىر بۆلۈك تەجرىبىلىك دېھقانلارغا مەدەت بېرىلىپ، ھەركىم ئۆز

قىزنقىشى بىويىچە يېتەكلەنىدى. بۇنىداق ئۆزگەرتىشكە ئاقتاش يېزىسىدا ھەممىدىن بەك خۇش بولغان كىشى ئەخمەت بىوۋاي بولدى. گەرچە ئۇ ئەتىيازدىن بېرى يۆتەلدىن قۇتۇلالماي ئىپتىرغا كۆپ بارالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى پات - پات يوقلاپ كەلگۈچىلەر بىلەن يىېقىن قوشنىلىرىدىن دېھقانلارغا پايدىلىق خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، بارات نىيازنىڭ تەرىپ - تەۋسىپىنى قىلىشنى ئۆكسۈتمەي كېلىۋاتاتتى.

— ھەرنېمە دېگەنبىلەن بارتاخۇن دېھقان بالىسى بولغاچقا، كۈچىمىزنىڭ ئىلگىرىكىدەك بىھۇدە سەرپ بولۇشىغا ئەمدى پايلىمىغان چېغى، — دېدى ئەخمەت بوۋاي بۆگۈنمۇ چاشگاھ مەھەلدە ھويلىسىغا توساتتىن پەيدا بولغان روزى كاداڭغا مەنىلىك قاراپ، — ئىلگىرى قىش - ياز دېمەي، سەھەر - ئاخشامدا دولقۇن قوزغاپ ئىشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىگەن بولساقمۇ قورساقنى باقالمىدۇق. نېمىشقا دېسەڭلار، پايدا بىلەن زىيانىنى دەڭسەپ باقمىدۇق. مانا، ئەمدى مەنمۇ قوغۇندىن پايدا ئالالمىغان بولسامۇ، بىر - ئىككى مو يەرگە ھېلىقى مەككە چامغۇرى تېرىسام پۇل كۆرىمەن ئەمەسمۇ!؟

— مەككە چامغۇرىنى ئەمدى بىز تېرىيلى، سىز پۇلنىڭ غېمىنى قىلماي، نىيازنىڭ كۆلىدا تاپقان پۇللىرىنى كەڭتاشا خەجلەپ، ئاشقىنىنى ھېلىقى ئورۇس ساندۇقىڭىزدا ساقلاپ بەرسىڭىز بولا!

روزى كاداڭنىڭ ئەتەي نىيازنى تىلغا ئېلىشى بىرنەچچە كۈندىن بېرى نىيازنىڭ يەنە بېيجىڭغا بېرىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەخمەت بوۋاينى تېرىكتۇرۇپ قويدى:

— ئاھاي، روزاخۇن! سەنمۇ نىيازنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ئىشىنىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن ئۇكام، ياكى ئۇ ھېلىگەر تۇلكە سېنىڭ ئاغزىڭنىمۇ جالالىدىن ئاخۇن بىلەن قادىر ئاخۇننىڭ

ئاغزىدەك ياغلىۋەتتىمۇ ـ يا؟

ــ ھــى ـ ھــى ـ ھــى، نىيــاز ئــۇ ئىككــىسىنى شــۇنداق بابلاپتىمــا؟ ئــۇ ھەرنــېمە قىلغــان بىــلەن شــەھەر كــۆرگەن ـ دە! شــۇنىڭغا قارىغانــدا ئۆمــۈرنى ســىز ـ بىــزدەك مۇشــۇ ئاقتاشــنىڭ سىرتىغا چىقماي قۇدۇقتىكى پاقىدەك ئۆتكۈزسەكمۇ بولمايدىكەن ـ ھە، ئەخمەتكا!؟

ــ ئۇكام روزاخۇن، قارىسام بۈگۈن سەنمۇ بىزنىڭ نىيازنىڭ دېيىشــا ئۇســسۇل ئوينــاپ كەلگەنــدەك قىلىــسەنغۇ!؟ ســاڭا گەپنــى باشــتىلا ئېنىــق دەپ قويــاي، ئــۇ ئەقىلــسىز يەنە كۇلىغــا بــارىمەن دېسە، مەن تامغــا ئۇســۇپلا ئۆلــۈپ تۈگــشىپ دەردىسەدىن بىــراقلا قۇتۇلىمەن. ماڭا ھەرقانچە نەسىھەت قىلما، جالالىدىن ئاخۇن بىلەن قادىر ئاخۇنچىلىك نەسىھەت قىلما. يەنە تېخى يېزا باشلىقى بارتا ـ خۇنمۇ ئالايىتەن كېلىپ نەسىھەت قىلغانىدى، مەن قوشۇلمۇدۇم. سىلەر نېمىشقا ھوشۇر ئاخۇننىڭ ھالىغا قاراپ باقمايدىغانسىلەر! ئــۇ راشــىدىننىڭ ھــالىنى كــۆرۈپ تۈگــشىپلا كەتتىغــۇ؟ مۇبــادا ئۇنىــڭ بېشىغا كەلگەن كۈن مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ قالسا، مەن ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيمەن!

ــ ئەخمەتكا، مەن بۈگۈن ئۇ ئىش ئۈچۈن كەلمىدىم، سىزدە ئۇماچ قەرزىدىن ئىككى يۈز بەش كوي قالغانغۇ؟ شۇنى بېرىۋېتەمــدىكىن دەپ......

ــ نېمە دەيسەن، روزاخۇن؟ ئۆتكەندە «ھۆكۈمەت دېھقانلار ـ نىڭ كونا ئۇماچ قەرزىنى كۆتــۈرۈۋەتتى» دەپ ئاڭلىغــان ئىــدىمغۇ! ئەمدى بۇ گەپنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستىما؟

ــ ئۇ دېگەن ئانايەت كۇدەكنىڭ چاتىرىقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ تاپقان گېپى، ئەخمەتكا. يۇقىرىنىڭ كوپېراتسىيەدىن قالغان ئۇماچ قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق ئېنىق ئۇچۇر يوق تېخى.

ــ قوشنىلار: «يېزا باشلىقى بۇنىڭدىن كېيىن ئاقتاشنىڭ

تۇپرىقىدا ئۇخشايدىغان زىرائەتلەرنى تېرىيمىز دېدى» دەپ كەپـ-
ـتىكەن. تازا خۇش بولسام، ئەمدى سەن ئۇماچ قەرزىنى سۆيلەپ
كېلىپ خۇشاللىقىمنى بىر تىيىن قىلدىڭغۇ، روزاخۇن!

— يېزا باشلىقىغۇ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەي بەلەن
قىلغانىدى. ئەمدى ئاڭلىساق، ناھىيە رەھبەرلىرى يېزا باشلىقىنى
يەنە تەنقىدلەپتىمىش. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇ بۇغداي بىلەن
قوناق، زاغۇن بىلەن كېۋەز تېرىمدىمىزكىن - تاڭ!

— نىياز ئىككى كۈندىن بېرى كۈلىنىڭ گېپىنى قىلماي
قۇلىقىمنى ئارامىدا قويۇۋىدى، سەن شۇم خەۋەر كۆتۈرۈپ كەپسەن
مانا. ئەمما، يېنىمدا ساڭا بەرگۈدەك پۇل يوق، كېيىنچە بىرگەپ
بولار ماخما، ئۇكام!

— بۇگۈن قاق پودا سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم، ئەخمەتكا.
بولسا مېنى قۇرۇق قول قايتۇرماڭ. ئازراق بولسىمۇ پۇل بېرىپ، ماڭا
دەسلەپ قىلىپ بېرىڭ.

— يېنىمدا ساڭا بەرگۈدەك پۇل يوق دېدىمغۇ ھېلى، سېنىڭ
مۇشۇنداق بىزدىن پۇل سۆيلەيدىغان كۈنۈڭ قاچانمۇ تۈگەر
روزاخۇن!؟ بىز ئىشلىسەك، سەن دەپتىرىڭنى كۆتۈرۈپ كېلىپ
تاپقىنىمىزنى ئېلىپ كەتسەڭ قانداقمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلىمىز؟

— ھەي تاڭەي، مەنمۇ بىلمىدىم، ئەخمەتكا، داش قازاننىڭ
ئۇمىچىدىن مىلىڭ تەستە قۇتۇلۇپ ئەمدىلا ئېتىمىزگە گۆش
قونۇۋىدى، ئۇماچ قەرزىنىڭ گېپى چىقتى، كېلەر ئايدا يەنە تېخى
قايسى ئىش چىقىدۇ كىم بىلىدۇ دەيسىز!؟ ھە راست، سىز «يېنىمدا
پۇل يوق» دېسىڭىز قاملاشمايدۇ ماخما؟

— مەن سەندەك كەنتنىڭ بوغالتىرى بولمىسام پۇل نېمىش
قىلىدۇ؟

— نىياز بۇ دورەم كۈلىدىن ئېلىپ كەلگەن پۇلنىڭ پىچتى
بۇزۇلمىغاندۇ ھەقاچان؟

— نەدىكى پۇلكەن ئۇ؟ نىياز كەلگەندىن بېرى، سوپاخۇن «ئۇن زاۋۇتى قۇرىمەن» دەپ قوي، كالىنى سېتىپ جۇغلىغان پۇلىنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇپ بولدى!

— ئاڭلىسام، نىياز ناھىيە بازىرىدا چوڭراق سودا قىلىمەن، شىركەت قۇرىمەن دەپ يۈرگۈدەكقۇ؟ پۇل بولمىسا شۇنداق چوڭ ئىشنى نېمىدە قىلىدۇ؟

— مانا، بۇ گەپنى ئەمدى ھۆددەس ئانايەت تارقاتتى دېسە بولىدۇ. دۇكاننى قايسى پۇلغا ئاچىدۇ؟ تاپقان - تەرگىنى كۆلىدا قاپتىكەن، ئۇ: «كۆلىغا بېرىپ بانكىدىكى پۇلۇمنى ئېلىپلا كېلەي» دېگەن بولىسمۇ، كەينىگە سوپاخۇننى سېلىپ قويۇپ ماڭغىلى قويمىدىم.

— ھۆكۈمەت سىياسەتنى مۇشۇنداق كەڭ قۇيۇۋەتكىلى تۇرسا، نىيازنى ئۇنداق چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتمەيدۇ دېگىلىمۇ بولماس، كۆرگەنسىز ھازىر ناھىيە بازىرىدىكى تەنزىكەشلەرمۇ چوڭ سودىگەرلەرگە ئۆزگىرىۋاتامدۇ!

— شەھەرلىكلەرنى بىز سەھرالىقلار قانداقمۇ دورىيالايمىز روزاخۇن؟

— قاراپ تۇرۇڭ، بىز دورىيالمىغىنىمىز بىلەن، نىيازدەك شەھەر كۆرگەنلەر ئۇلاردىن ئېشىپ كەتمىسە ھېساب ئەمەس! نىياز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— سوپاخۇن بىلەن ئېتىزغا كەتتىمىكىن.

— قارىغاندا سىز بۇگۈن ماڭا پۇل بەرمىگۈدەكسىز، ئەس-يادىڭىز نىيازدا قاپتۇ سىزنىڭ. مەن ھازىرچە كېتىپ، كېيىن ئايرىم بىر كەلسەم بولغۇدەك.

— ھەببەللى، بايا دەيدىغاننى دېدىمغۇ، بولسا شۇنداق قىل، روزاخۇن!

روزى كاداك كەتكەندىن كېيىن ئەخمەت بوۋاي تونۇرنىڭ

سۇپىسىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى. دېمىسىمۇ بوۋاينىڭ نىيازنىڭ كەينىگە چوڭ ئوغلى سوپى ئاخۇننى سايىدەك ئەگەشتۈرۈپ قويغانلىقىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. ئۆتكەندە نىياز راشىدىننى مىكبىر مۇشەققەتتە بېيجىڭدىن ئەكېلىپ ھوشۇر موزدۇزغا تاپشۇرۇپ بەرگەندە، ئەخمەت بوۋاي راشىدىننىڭ ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ بەئەينى تىرىك مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرنەچچە كۈنگىچە تۈتقان - قويغىنىنى بىلمەي يۈردى. ھوشۇر مۇزدوزنىڭ ئائىلىسىدە كۆتۈرۈلگەن يىغا - زار ئەخمەت بوۋاينىڭ ئاجىز يۈرىكىنى تىلغىدى. «مۇبادا بۇنداق قىسمەت نىيازنىڭ بېشىغا كېلىپ قالغان بولسا مەن نېمە بولۇپ كېتەر ئىدىم» دېگەنلەرنى خىيالىدىن نېرى قىلالمىدى؛ خۇدانىڭ نىيازنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقىغا يۈزمىڭ شۈكۈرلەر ئېيتتى. بىرنەچچە كۈنگىچە جەينىمازغا تەكرار چىقىپ ئىستىخارە نامىزى ئۆتىگەندىن باشقا، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، ئاللاغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق ھەمدۇسانالار ئېيتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي نىياز يەنە بېيجىڭغا بېرىشنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، بوۋاي: «ئەمدى بۇ گەپنى تىلغا ئالىدىكەنسەن، تامغا ئۇسۇپلا ئۆلگىشىمەن» دەپ تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدى. ئابدۇللا كېلىپ ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى. كېيىن جالالدىن ئاخۇن بىلەن قادىر ئاخۇنمۇ نىيازغا بولۇشۇپ تەكرار يېلىندى. ئىككىسى بوۋاينىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچا - ئاچمايلا دەككىسىنى يېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، نىياز قانىتى بوغۇچلانغان كەپتەردەك تېپىرلاپ، غازلىقتىن نېرى بارالماي ئاچچىق يۇتۇپ يۈردى.

دەرۋەقە، راشىدىننىڭ ئېچىنارلىق ھالى ھوشۇر موزدۇز ئائىلىسىنى ھەقىقەتەنمۇ بىسەرەمجان قىلىۋەتكەنىدى. ئابدۇللانىڭ تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە خىزمەتكە چۈشۈشى بىلەن ئىلگىرىكى تىنچ ھالىتىگە قايتقان ئاقتاش يەنە بىردىنلا

تەۋرەپ كەتتى. شۇ كۈنى قولنى ئېغىرراق بولغاچقا، ئادەم توپلانغان يەرلەردىن ئۆزىنى تارتىپ، ئەتىدىن كەچكىچە ئۆز ئىشى بىلەنلا بەند بولۇپ، كىشلەرنىڭ ئاغزىدا «ئاسمان ئۆرۈلىسمۇ پەرۋايى پەلەك يۈرىدۇ» دەپ تەرىپلىنىدىغان سىپىرەمخان مۇلايىم-لىقتا مەرھۇم سۇلايمان ياۋاشتىن، بىنەزەرلىكتە ئۆزىدىن قېلىشماي-دىغان ھوشۇر موزدوزدىن ئۆتە ئازابلاندى. ئازابلاندىلا ئەمەس، باغ ئىشىكىنىڭ يېنىدا يىقىلغانچە يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئون نەچچە كۈن داۋالىنىپ بېشىنى ياستۇقتىن ئاران كۆتۈردى. كىچىك بالىنىڭ گېپىنىمۇ ئىلىك ئېلىپ كۈنۈپ قالغان ھوشۇر موزدوز بۇ قېتىم قاسىم قارىمدىن باشلاپ، ئەخمەت بوۋايغىچە بولغان مويسىپىت ھەم تەقۋادارلارنىڭ نەسىھەتىگە باقماي، ئۇن سېلىپ يىغلاپ خۇداغا نالە قىلدى. راشىدىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق ئىزدىگۈچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلەتتى. «پالانى يەردىكى، پالانى تېۋىپ راشىدىنىڭكىدەك كېسەلنى داۋالاپ ساقايتالايدىكەن» دېگەندەك ئۇچۇرلار قۇلاقتىن - قۇلاققا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلاتتى. دەسلەپتە ئەخمەت بوۋاي مەسلىھەت بېرىپ: «راشىدىن ئىلگىرى بىلىپ - بىلمەي باغنىڭ تۆرىدىكى چىڭگىلىكنىڭ تۈۋىگە تەرەت قىلىپ قويغان بولسا شامال دارىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، يول تەمچى تېرىپ ئىسرىق سالايلى، قوي ئۆلتۈرۈپ قان قىلايلى» دېدى. باشقىلار ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلمىسىمۇ، دېگەن سەۋەبنى قىلماسلىققا ئامالى يوق ئىدى. دېگەندەك، ئىسرىق سېلىنىپ، قوي ئۆلتۈرۈلۈپ قان قىلىندى. بىراق، راشىدىنىڭ كېسىلىگە ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمىدى. كېيىن داڭدار تېۋىپلار-نىڭ ھۇزۇرلىرىغىمۇ ئاپىرىلىپ، داۋاسىز قايتۇرۇپ كېلىندى. ساقايمىسىمۇ بىر خىللا تۇرسا مەيلى ئىدى، ئەكسىچە، «كېچە ئۇزارغانسېرى چۈش كۆپ بولۇر» دېگەندەك، راشىدىنغا سەۋەب قىلىنغانسېرى كېسىلى يامانلىشىپ، تۇرۇپلا كۈلسە، تۇرۇپلا

يىغلايدىغان، گاھى جىمپلا كەتسە، گاھى تۆگمەننىڭ تاقىلدىغۇ-چىسىدەك تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

— راشىدىنغا كۆلىدا شامال دارىپتۇ. سىلەر يەنە جاھىللىق قىلماڭلار، دەرھال رەدىنامە ئوقۇيلى. ۋاقىت ئۆزىرىپ كەتسە بولمايدۇ، — دېدى بىر كۈنى قاسىم قارىم دوختۇرخانىدىن يېڭىلا قايتۇرۇپ كېلىنگەن سىپىرەمخاننى يوقلاپ كېلىپ ھوشۇر موزدۇزغا.

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى قاسىم قارىم راشىدىننى ئەمدى بىر يەرلەرگە ئېلىپ بارماي رەدىنامە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆيدە تىنچ قويۇشنىڭ جايىزلىقىنى دېگەن بولسىمۇ، بۇ مەسلىھەتكە ھوشۇر موزدۇز كۆنمىگەنىدى. ئەسلىدە كۆنۈشنىغۇ كۆنەتتى، بىراق راشىدىننىڭ كېسىلىنى «ساقايتىدىغان» كارامەتلىك دوختۇر، تېۋىپلارنىڭ ئۇچۇرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋەرگەچكە، سادىدىلىقى تولۇپ تۇرىدىغان ئۇ نەچچە قويى بىلەن، يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىپىرەمخاننىڭ ئانىسىدىن تەۋەررۈك قالغان تۆت مىسقاللىق ئالتۇن زىرىنىڭ پۇلى چورت تۈگەپ، يەنە پۇل سەرپ قىلىشقا ھېچقانداق ئامالى قالمىغاندىلا بولدى قىلدى. شۇنداقتىمۇ راشىدىن ئىلگىرىكىدەك سىرتلارغا ئېلىپ بېرىلمىغىنى بىلەن، توخۇ، ئۆردەكلەرنى قايىسىدۇر ئۇلۇغ زاتنىڭ روھىغا ئاتاپ قان قىلىش ئۆزۈلمەيۋاتاتتى، يەنە بىر ھېسابتا بولدى قىلدى دېگىلىمۇ بولمايتتى. كېيىن ئەخمەت بوۋاي بىلەن قاسىم قارىمنىڭ ھە دېگەندە شۇ گەپنى دەۋرىشى نەتىجىسىدە، ئابدۇللا بىلەن نىياز نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن بوز ئېرىكنى قان قىلىپ رەدىنامىمۇ ئوقۇلدى. لېكىن، بۇنىڭ راشىدىننىڭ كېسىلىگە پايدىسى بولمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي راشىدىن بىر چۈشتە ئۇخلىغىنىچە ئەتىسى كەچتە ئويغاندى - دە، شۇنىڭدىن باشلاپ نېمىشقىدۇر جىمغۇرلىشىپ قالدى. ئەمدى ئىلگىرىكىدەك باغقا، تالا - تۈزگە ماڭمايتتى. قوپال ھەرىكەتلەرنى، چۈشىنىكسىز گەپلەرنىمۇ

قىلمايتتى. كۆپ ۋاقتىنى ھويلىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ تۇراقلاشقان بۇ خىل روھىي ھالىتى ئالدىدا كېيىن ھوشۇر موزدۇزمۇ تەقدىرگە تەن بەردى. ئادەم نېمىگە كۆنمەيدۇ دەيسىز، ئەمدى راشىدىنىڭ ئىلگىرىكى جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى نورماللىقى ئەمەس، ھەرھالدا جېنىنىڭ تېنىدە بارلىقى مۆجىزە ئىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنداق، بەزىلەر زۇۋۇلىسىنىڭ تەقدىر تەرىپىدىن كىچىك ئۆزگىرىشلىرىگە قانائەت قىلسا، يەنە بەزىلەر ئەكسىچە، پانىيدىن باقىيغا كەتكۈچە رىزىق ـ نېسىۋىسىگە قانائەت قىلمايتتى. ئىنسانىنىڭ قىممىتى گەرچە ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق كىشىلىك دۇنيادىكى ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى مانا مۇشۇ تەڭسىزلىكنىڭ يەكۈنى ئىدى. «راشىدىن ئالىمادىس خەقنىڭ يۇرتىدا كۆز يۇمۇپ قالغان بولسا قانداق قىلار ئىدۇق؟ خۇدايىمنىڭ ئوغلۇمنى مۇشۇ ھالدا بولسىمۇ بېشىمغا يەتكۈزگىنىگە يۈز مىڭ شۈكۈر» دەيتتى ھوشۇر موزدۇز ئەمدى باشقا ئۈمىدلەردىن ۋاز كېچىپ. ئەپسۇس، دەرەخنىڭ مىدىرلىشىغا شامال سەۋەبكار بولغاندەك، كەنجىلەرنىڭ بۇ كۆڭۈلدىكى چېچىلاڭغۇلۇقىغا راشىدىنىڭ بەختسىزلىكى سەۋەبچى ئىدى. خەلچەم بىلەن كەۋسەر راشىدىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ياش تۆككۈشتىن باشقىغا يارىمىغان بىلەن، بىراق ئابدۇللا بىلەن سەدىردىن نىيازغا: «پۇل تېپىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ راشىدىن بىلەن كارىڭ بولماپتۇ» دەپ دوق قىلىشتى. بۇ گەپنى نىيازنىڭ ئۆزىگىلا دېگەن بولسىغۇ مەيلى ئىدى، يامان يېرى چوڭلارنىڭ ئالدىدا دەپ نىيازنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتى. بۇنداق دوق ـ دەشناملار ئاز كەلگەندەك، «ساۋابنىڭ قوگى تۆشۈك» دەپ نىيازنىڭ راشىدىنى ئىزدەپ تارتقان جاپالىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغانلاردىن كۆرە، ئۇنىڭ راشىدىنى مۇشۇ ھالدا ئاقتاشقا ئەكېلىشكە «يۈزىنىڭ

چىدىغانلىقى»نى، تېخىمۇ مۇھىمى، راشىدىننىڭ يىغقان پۇللىرىنىڭ قانچىلىك ھەم نەدە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدىغانلار كۆپ ئىدى. يۈرەكلىكرەكلىرى تېخى ھوشۇر موزدۇزنى ئاتايىن ئىزدەپ كېلىشىپ، نىياز بىلەن ئوبدانىراق ھېسابلىشىشقا قۇترىتاتتى. دېگەندەك، ئۇنداقلارنىڭ «تىرىشچانلىقى»مۇ يەردە قالمىدى. ئەزەلدىن مەھەللىدە ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ھەم ساددا ھېسابلىنىدىغان ھوشۇر موزدۇز ئەمدىلىكتە ئىلگىرىكى مىجەز - خۇلقىغا يات ھالدا ئىشلارنى زىغىرلايدىغان، گاھىدا ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ھوشۇر موزدۇز ئەخمەت بوۋاينىڭكىگە كېلىپ بىردەم راشىدىننىڭ گېپىنى قىلغاندىن كېيىن، راشىدىننىڭ تاپقان - تەرگىنىنى ئۈستىدە گەپ ئېچىۋىدى، ئەخمەت بوۋاينىڭ ئوغىسى قايناپ:

— ئىككىسىنىڭ يىغقان - تەرگىنى كۈلىدا بار چېغى، نىياز: «مەن بېرىپ ئېلىپ كېلەي» دېگەندى، بارغىلى قويمىدىم. مۇشۇ خاپىلىقمۇ يېتىپ ئاشامدۇ. راشىدىننىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ تۇرۇپ نىيازنى ئۇ يەرگە ئەۋەتسەك قاملىشامدۇ؟ بۇ ئىشنى بەك تەگلىگۈگىز بولسا مېنىڭ زاڭىقىمنى تېگىپ بولغاندىن كېيىن بىر ئىش قىلارسىز...... — دېدى ھوشۇر موزدۇزغا ئەل ئۆمرىدە قاتتىق تېگىپ.

ھوشۇر موزدۇز ئەخمەت بوۋاينىڭ زەھەردەك گېپىنى ئاڭلاپ، بىردەم پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ خاپا ھالدا كېتىپ قالدى. بايا ھوشۇر موزدۇزنىڭ قورايدەك ئېگىلىپلا قالغان تۇرقىغا قاراپ ھۆۋىخانىنىڭ كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ئەمدى ئەخمەت بوۋايغا تاپا - تەنە قىلىشقا باشلىدى:

— ھوشۇر ئاخۇن سىلىنى ئۆز بىلىپ ئاران دېگەندە دەردىنى تۆككىلى كەلسە، دىلىغا ئازار بېرىپ ئوبدان قىلمىدىلا. نىيازدىن

ئالالمىغان ئاچچىقلىرىنى بىچارە ھوشۇر ئاخۇندىن ئالغانلىرى دۇرۇس بولمىدى!

— خوتۇن، قىرىغاندا راستتىنلا ئەقلىڭدىن ئاداشقىلى تۇرۇپسەنغۇ! مەن ھوشۇر ئاخۇننىڭ دىلىغا ئازار بەردىممۇ ياكى ھوشۇر ئاخۇن مىنىڭ دىلىمغا ئازار بەردىمۇ، ئاڭقىرىپراق گەپ قىلمامسەن مۇنداق!؟

— تىرىكمىسلە، ھوشۇر ئاخۇن كۆلى بىلەن نىيازنىڭ گېپىنى قىلدى، زەنلىرىگە تەگكۈدەك باشقا گەپ قىلمىدىڭغۇ؟

— مانا، مانا، دانالارنىڭ «خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگىنى دەل سەندەكلەرگە قارىتىلغان چېغى. ھوشۇر ئاخۇن: «كۆلدا نىيازنىڭ راشىدىن بىلەن كارى بولماپتۇ» دېدى. يەنە راشىدىننىڭ كۆلدا قالغان پۇلنى نىيازدىن سۈيلىدى. مۇشۇنىڭدىن ھوشۇر ئاخۇننىڭ مەقسىتىنى بىلمىدىڭما؟ مەن دەپ قويايكى، كېيىنكى ئۆمرۈمدە پۇل دىدارى كۆرمەي، دىۋانە بولۇپ كەتسەممۇ نىيازنى كۆلغا بارغىلى قويمايمەن. مەيلى، ئۇنىڭ كۆلدا تاغدەك ئالتۇنى بار بولسىمۇ جايىدا قالسۇن!

— راست، شۇنداق دېگەنمىدۇ ـ يا؟

— ماڭىلى! ئۆيگە كىرىپ ئىشىمىزنى قىلىلى، بۇ يەردە مىنى تولا ئىلىشتۇرماي!

ھۆۋىخان دېلىغول ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ھوشۇر موزدۇزنىڭ مەقسىتىنى ئەخمەت بوۋاي تېزلا بىلىۋالغانىدى. چۈنكى، ھوشۇر موزدۇزنىڭ قورسىقىنى ئېيتسىپ: «راشىدىننىڭ نەچچە يىلدىن بېرى تاپقان پۇلنى نىياز بابىلىۋالسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە راشىدىننىڭ قانداق بولۇپ مۇشۇنداق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى نىيازدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. راشىدىن گەپ قىلالمىغاچقا، نىيازنى ھەرقانداق شۇملۇقنى قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. پۇلنى دوست تۇتمايدىغان كىم بار» دېگۈچىلەرنىڭ

نىسبىتى بىلەن، ئەخمەت بوۋايغا: «هوشۇر ئاخۇن نىيازنىڭ راشىدىننى تاشلىۋەتمەي، كۆلدىن غازلىققا هايات ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ئۆلگۈچە رەھمەت ئېيتسىمۇ كەملىك قىلىدۇ. راشىدىنىڭ تاپقان پۇلى ئۇنى داۋالىتىشتىن ئاشاتتىمۇ؟» دېگۈچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇۋاتاتتى. ھەركىم ھەرنېمە دېيىشتى، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھامىيلىرى بولغانغا ئوخشاشلا يەنە رەقىبلىرىمۇ بار ئىدى. بۇنداق پاراڭلار نىياز راشىدىننى غازلىققا ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ كۈندىن تارتىپ باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە بېسىقمايۋاتاتتى. بېسىقمىغانلىقنىڭ ئۈستىگە ئەمدى هوشۇر موزدۇز بىلەن ئەخمەت بوۋاي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىغا نىزا تېرىشقا يۈزلەنگەنىدى. جۇدۇنى بارغانسېرى قوزغىلىۋاتقان ئەخمەت بوۋاي گەرچە هوشۇر موزدۇز بىلەن سەن - يەن دېيىشىپ قالمىغان بولسىمۇ، ئارىدا ھېلىقىدەك قىرى بار گەپلەر بولۇندى. بۇنى مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ تەتۈر قارىشىپ قالمىغان كۆڭلى نازۇك مويسىپىتلەر ئۇچۇن ئاددىي چاغلىغىلى بولمايتتى. بىر ھېسابتا بۇ ئىشلار بەئەينى مەززىلىك تائامغا ئۇشتۇمتۇت چىۋىن چۈشكەندەك رايىش كۆڭۈللەرنى غەش قىلىۋاتاتتى. ئەخمەت بوۋاي باشقىلاردىن هوشۇر موزدۇزنىڭ نىيازغا قورساق كۆپۈكى قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىمۇ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەن، ئىككى ئائىلىدىكىلەر ئەزەلدىن بارنى تەڭ كۆرۈپ، بىر - بىرىگە هال - مۇڭ بولۇپ كېلىۋاتقاچقا، ھەرقانچە بولسىمۇ ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى.

بىر چاغدا هويلىغا كىرىپ كەلگەن نىياز ۋە ئاكىسى سوپى ئاخۇن ئەخمەت بوۋاينىڭ تۇمانلىق ئاسماندەك تۇتۇلغان چىرايىغا قاراپلا، ئەتىدىن بېرى ئۆيدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغانلىقىنى قىياس قىلىشتى. ئەخمەت بوۋاي نىيازنىڭ يەنە «كۆلىغا بارىمەن» دەپ بېشىنى ئاغرىتىشىدىن ئەنسىرەپ زۇۋان سۈرمىگەن بولسىمۇ،

بىراق نىياز ئانىسىدىن سوراپ يۈرۈپ ئاخىر ھوشۇر ئاخۇنىنىڭ ھېلىقى گېپىدىن ئۆز ۋاقتىدىلا خەۋەر تاپتى. ئەمەلىيەتتە ئەخمەت بوۋاي ئۆچۈن يىگىت سانالغان بۇ گەپ نىياز ئۈچۈن كونىراپ بولغانىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىر قىسىم كىشىلەر ھوشۇر ئاخۇنغا يەل بېرىپ قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ بولغۇچە، راشىدىنىنىڭ ئۇستۇن مەھەللىدىكى ئاچىسى بۇ ئىشنى نىيازدىن يول ئۈستىدىلا سۈرۈشتۈرۈپ ئۆلگۈرگەنىدى. بىراق، «ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ۋەزنى بار» دېگەندەك، ھوشۇر موزدۇزنىڭ بۇ گەپنى تىلغا ئېلىشى نىيازنى يەنە ئۇيغا سالماي قالمىدى. ئۇ مۇشۇ ھەقتە خىيال سۈرۈۋاتقاندا، كۆز ئالدىغا بىردىنلا ئابدۇللا كېلىۋالدى. راست، ئابدۇللا شۇ كۈنى راشىدىنىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپلا نىيازغا دوق قىلغان، «راشىدىنىنىڭ يېنىدا سەن يوقمىدىڭ؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۇبدان قارىمىدىڭ؟» دەپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش پۇرسىتى بەرمەيلا ئەيىبلەپ كەتكەنىدى. گەرچە بۇ خىلدىكى تاپا - تەنىلەر كېيىنكى كۈنلەردىمۇ تىلغا ئېلىنىپ نىيازنى ئۇۋالچىلىققا ئۇچراتقان بولسىمۇ، راشىدىنىنىڭ بەختسىزلىكى ئالدىدا نىياز يەنىلا ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلاپ باشقا ئىپادە بىلدۈرمىگەنىدى. بىراق، ئەمدىكى ئىش سەل تاپتىن چىقىۋاتاتتى. «تامچە يىغىلىپ كۆل بولار» دېگەندەك، بۇ گەپ تالا - تۈزدە تولا تىلغا ئېلىنىۋېرىپ، مانا ئەمدى نىياز راشىدىنىنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبكارىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. باشقىلارنىڭ ئۆسەك گەپلىرى نىياز ئۈچۈن بەرىبىر بولسىمۇ، بىراق ئابدۇللانىڭ جىنىدىن ئۆتۈۋاتاتتى، ھوشۇر موزدۇزمۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەي تۇرالمايتتى. نىيازنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئابدۇللا بىلەن ياخشىراق سۆزلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى - دە، ئاكىسى سوپى ئاخۇنغا ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشكىلى باردىغانلىقىنى دەپ قويۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ يول ئالدى. ئۇيغا چۆمۈپ كېتىۋېتىپ،

بىشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاچچىق يۇتتى. «ھەي...... ئابدۇللا ھېلىقى كۈنى خەقنىڭ ئالدىدا مېنى ئەيىبلىمىگەن بولسا، باشقىلار ماڭا بۇنداق يامان كۆزدە قارىمىغان، كەينىمدە گەپ قىلمىغان بولاتتى، ‹يېغى ياندىن قوپۇر، بالا كەلسە قېرىنداشتىن› دېگەندەك، ئابدۇللا نېمىشقا بۇنداق ئوساللىق قىلدىغاندۇ؟ مەن يا ئۇنىڭ چىشىغا تېگىدىغان بىرەر ئىش قىلمىسام، پەقەت خالىس نىيەتتە ‹كادىر بولغاندىن بېرى ھاكاۋۇرلىشىپ قاپسەن، ئەسلىڭنى ئۇنداق تېز ئۇنتۇپ قالما› دېگەن يېرىم بار شۇ. بۇ گېپىمنىڭ نەرى خاتا؟ ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا! نېمىشقا ھازىر ئىلگىرىكىدەك بىرگە بولالمايمىز؟ ھەر قېتىم ئىزدەپ كەلسەم، يوقلىلاڭ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئاران كۆرۈشكەن ۋاقتىمىز-دىمۇ ئۇچۇق چىراي ئاچمايدۇ......» نىياز توپىلىق يولدا كېتىـ-ۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە شۇلارنى پىچىرلايتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ خىيالىدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىكى بىر ئىش كەچتى. ئۇ كۈنى ئاكىسىغا ياردەملىشىپ ئەتىگەندىن بېرى سۇ تۇتقان نىياز چۈشكە يېقىن تاماق يېيىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، چوڭ كۆل بېشىدا ئانايەت كۇدەكنىڭ بىرنەچچە بىكارچىلارنى يېنىغا يىغىۋالغانلىقىنى كۆردى. كۆڭلىدە: « ئانايەتكام قىزىقچىلىق قىلىۋاتقان چېغى» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئالدىراپ كېلىپ توپقا قوشۇلدى. ئەپسۇس، ئانايەت كۇدەك قىزىقچىلىق ئەمەس، ئابدۇللانىڭ ئۈستىدىن ھەدەپ شىكايەت قىلىۋاتاتتى.

— ئابدۇللا ئەگەر سەدىردىنچىلىك چوڭ كادىر بولۇپ قالغان بولسا ئىش چاتاقكەن! ئۇ كادىر بولۇپلا بىزنى تونۇماس بولۇپ كېتىپتۇ دەڭلا. تۈنۈگۈن ئۇ قەرز كوپىراتىپىغا بېرىپتىكەن، «قەرز بېرىدىغانلارغا مەن ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويغىن، ئۇكام» دەپ ئاغزىمنى تاتلىق قىلىپ تۇرۇۋېتىمەن تېخى،

نەدىكىنى! ئۇ مېنىڭ ماۋۇ تۇرۇقۇمدىن نومۇس قىلدى بولغاي، يېنىمدىن تېزلا كېتىپ قالدى، — دېدى ئانايەت كۇدەك ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي. كېيىن باشقىلارمۇ ئانايەت كۇدەككە ھەمدەم بولۇپ، ئابدۇللانىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇللانىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن باشلانغان گەپ بارا - بارا مەرھۇم سۇلايمان ياۋاش، مۆھتىرەمخانلارغىچە ئۇلاشتى.

بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىغان نىياز شۇئان ئانايەت كۇدەككە دوق قىلىپ:

— ئانايەتكا، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان ئەسكى ئادىتىڭنى قېرىغان ۋاقتىڭدىمۇ تاشلىماپسەن - ھە! ئابدۇللانى چىشلەپ تارتىشقا كۆڭلۈڭ قانداق يول قويغاندۇ سېنىڭ؟ — دېگەنىدى، ئانايەت كۇدەك تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ سۆزلەپلا كەتتى:

— ۋوي، ماۋۇ كۇلچىنىڭ ماڭا گۆلەيگىنىنى قارىماسىلەر! سىنى شەھەر كۆرۈپ كۆزى ئېچىلدى دېسەم، سەنمۇ چاغلىقكەنسەنغۇ نىياز! ئابدۇللانىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ئىشەنمىدىڭما؟ ئىلگىرى ئىككىڭ شۇنچىلىك يېقىن ئىدىڭغۇ! يەنە سەدىردىن، راشىدىنمۇ بار ئىدى. ھە، ئەمدىچۇ؟ ئابدۇللاغا بويۇڭ يەتمىگەندۇ ھەقاچان؟ سەدىردىنگىغۇ ئەسلا بويۇڭ يەتمەيدۇ سېنىڭ! ئۇغۇ مەيلى، ئابدۇللانىڭ تالا - تۈزدە سېنى «راشىدىننىڭ پۇلىنى قەستلەپ، ئۇنى مەھەللىگە سارالڭ قىلىپ ئەكېلىپتۇ» دەپ يۈرگىنى نېمىگە ھېساب؟

نىياز ئانايەت كۇدەكنىڭ ئاغزىدىن خۇددى پىلموتنىڭ ئوقىدەك چىقىۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدى. باشقىلار ئانايەت كۇدەكنىڭ مۇشۇ گەپلەر بىلەن نىيازنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغىنىغا قايىل بولدىمۇ ياكى ئۇلارنىڭمۇ ئابدۇللادىن ئاللىقاچان رايى يانغانمۇ، ئەيتاۋۇر، ھەممىسى ئانايەت كۇدەككە بولۇشۇپ «دورۇس» دېيىشكىنىچە باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. شۇئان

نىيازنىڭ ۋۇجۇدىغا خورلۇققا ياتىدىغان بىر خىل ئاچچىق سىزىم يامراپ، چىرايى ئۆڭدى. شۇ تاپتا ئانايەت كۇدەكنىڭ دەككىسىنى تازا بىرىشنى ئويلىدى - يۇ، بىراق سورۇننى بىسەپ كۆرۈپ پەيلىدىن ياندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە ئۆزىگە بولۇشىدىغانلار يوقنەك قىلاتتى. ئاخىرىدا ئۇ ئانايەت كۇدەككە ئۆز مەيدانىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچى بولغاندەك تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— يالغاننى ئىككى تەرىپىگە قارىمايلا توقۇۋېتىدىغان تۇرساڭ سەن، بەلكىم بۇ گەپنى ئابدۇللا ئەمەس، ئۆزۈڭ توقۇغانسەن ھەقاچان!؟ ئەمدى بولدى قىل، يەنە ئابدۇللانى غاجىساڭ ئىككىمىز تۇتۇشۇپ قالىمىز ماخما!

نىياز گېپىنى تۈگىتىپ ئانايەت كۇدەككە ئالىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن يولىغا راۋان بولدى. ئانايەت كۇدەك ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ:

— ماۋۇ كۇلچىنىڭ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى كۆرمەمسىلەر! خۇددى مېنى ھاپ ئېتىپ يېۋېتىدىغاندەكلا ئالىيىدا! مەن دېمىسەممۇ ئابدۇللانىڭ كادىر بولغاندىن بېرى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەرغۇ! — دەپ غودۇڭشىدى.

مانا بۇ ئىشنىڭ روي بەرگىنىگە تېخى بىرنەچچە كۈنلا بولغانىدى. نىياز شۇ چاغدا ئېيتقاندەك، ئابدۇللا ھەرقانچە ئۆزگىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنى «راشىدىنىنىڭ پۇلىنى كۆزلەپ، ئۇنى مەھەللىگە ساراڭ قىلىپ ئېلىپ كەلدى» دېگەن گەپنى قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئابدۇللا بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلىششىنىمۇ خالىمىغانىدى. ئەمدى بۇ گەپ باشقىلاردىن ھالقىپ، ھوشۇر موزدۇزنىڭ تىلى ئارقىلىق ئەخمەت بوۋايغا يەتتى. گەرچە ھوشۇر موزدۇز گەپنى ئېنىق دېمىگەن بولسىمۇ، تىلىنى چايناشلىرى نىيازدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا، ئانايەت كۇدەكنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن بىلەن، ئابدۇللانىڭ

گېپىگە ئىشىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. مۇبادا بۇ پىتنە ـ پاساتلار ئائىلە ئانايەت كۇدەك چاتىرىقىغا قاراپ تاپقان يالغان گەپ بولماي، ھەقىقەتەنمۇ ئابدۇللا ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن گەپ بولسا بەكلا ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ؟ چۈنكى، نىياز ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇللاغا ئىچكىرىدە بولغان ھەممە ئىشلارنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ، راشىدىنىنىڭ بۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىدا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق مەسئۇ-لىيىتى يوقلۇقىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرگەن ئەمەسمىدى!

شۇ تاپتا شېغىللىق يولدا خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان نىيازنىڭ قورسىقىنى ئانايەت كۇدەكنىڭ ئۆتكەندىكى گېپى تازا كۆپتۈرۈ-ۋاتاتتى. كاللىسىنى «ئابدۇللا راستتىنلا خەقلەرگە شۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرگەنمىدۇ» دېگەن سوئال تىنىمسىز قوچۇيتتى. كېيىن ئابدۇللانىڭ بۇ گەپنى دېيىشىدىكى سەۋەب ئۈستىدە شۇنچە ئويلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قىياسەن پەرەزلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلالمىدى. دەرۋەقە، «ياتنىڭ ياندىن ئۆتەر، تۇغقاننىڭ جاندىن» دېگەندەك، ھەرقانداق ئادەمگە ياتتىن كۆرە، يېقىن دوستىدىن كەلگەن زەربە ھەقىقەتەنمۇ دەھشەتلىك بولىدۇ. نىياز كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى ئويلىغانسېرى ئازابلىناتتى. ھازىرقى زۆرۈرىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نىياز ئۈچۈن ئەخمەت بوۋاينى قايىل قىلىپ بېيجىڭغا بېرىشتىن باشقا ھەرقانداق ئىشنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. ئەپسۇس، ئەمدىلىكتە ئۆز ئابرۇيىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىشنى ھەرقانچە قىلسىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويالمايتتى، ئويلىغانسېرى نىيازنىڭ قەلبى ئۆرتىنەتتى، ۋۇجۇدىدا ئاچچىق بىر ئېقىم دەۋرەيتتى. «ئابدۇللا نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەي، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى گۇمانىنى ئەمدى باشقىلارغىمۇ دەپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى مىجەز-خۇلق جەھەتتىن تەدرىجىي ئۆزگىرىۋاتقانلىقى ماڭا بۇنداق تۆھمەت چاپلىشىغا سەۋەب بولغانمىدۇ ياكى ئۆزىگە ئايان بىرەر سەۋەب

بارمدۇ؟.......» نىياز كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ دېمى سىقىلغاندەك بولاتتى. دېمىسىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە نىيازنىڭ نېرۋىسىلا ئەمەس، جىسمىمۇ خېلىلا تالجىققان بولۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋاتاتتى. بەزىدە ئۆز يۇرتىدا دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ گۇمان ئوبيېكتى بولۇپ ياشاشتىن، خەقنىڭ يۇرتىدا ئەنسىزچىلىكتە ئۆتكۈزگەن ئىلگىرىكى كۈنلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھېس قىلىپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا ئەينى ۋاقتىدا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۈرۈمچىدىكى ھەشەمەتلىك ئاشخانىدىن قېچىش، كۇنمىڭدىكى قانلىق ماجىرا، راشىدىنىنى ئىزدەپ ئاۋۋال گۇاڭجۇۋغا، كېيىن چاڭشاغا بارغاندا تارتقان بىر تالاي جاپالار ئەمدى قىزىقارلىق ئويۇندەك، گېزى كەلگەندە بۇنداق قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ھاياتىڭدا بىرەر قېتىم ئويناپ قويۇشىڭمۇ ھېچقانداق يامان يېرى يوقتەك تۇيۇلاتتى.

نىيازغا ھاردۇق يەتتى. بايىدىن بېرى خىيالغا چوڭقۇرلاپ چۆكۈپ كېتىپ، يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىرنەچچە ئېشەك ھارۋىسى ھەم مەپىلەرگە دىققەت قىلمىغانىدى، ئەمدى قەدەم يۆتكەش ئېغىر كەلگۈدەك دەرىجىدە ھارغاندا ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. يېزا ئورگىنىنى قورشاپ تۇرغان سۆگەت ھەم تېرەكلەر تېخى خېلىلا يىراقتا كۆرۈنەتتى. نىياز ئېرىقتىكى سۇدىن قېنىپ ئىچىۋالغاندىن كېيىن يەنە مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. بىر چاغدا كۆز ئالدىغا تۇرۇپلا زەينەپگۈل كېلىۋېلىپ، شۇئان قەلبىگە سېغىنىشىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى تۇتاشتى. بۇ نىياز ئۈچۈن يېڭىلىقمۇ ئەمەس ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بېيجىڭغا بېرىشقا ئەخمەت بوۋاينى قايىل قىلالماي، دائىم ئاكىسى سوپى ئاخۇننىڭ نازارىتىدە يۈرۈپ بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن نىيازنىڭ دەردىگە زەينەپگۈلنىڭ پىراقى يېڭى دەرد بولۇپ قوشۇلغانىدى. مانا بۈگۈنمۇ قەلبى ئىلگىرىكىدەك دەردكە لىق تولدى. «دادام بېيجىڭغا بېرىشىمغا قوشۇلماي

تەرسالىق قىلىۋاتقانىدا زەينەپگۈل خىيالىمغا كىرىۋالدا، بىيجىڭدىن ئاقتاشقا قاراپ يولغا چىققاندا ئەجەب بۇنداق بولۇشىنى ئويلىماپتىمەنغۇ؟ توغرا، سۆيگۈ - مۇھەببەت دېگەننىڭ تاتلىق ھەم شېرىن ۋىسال پەيتلىرى بولغاندەك، ھىجراننىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا مۇشۇنداق دەردلىرى بار ئوخشايدۇ. دادام تەرسالىق قىلمىغان بولسا ھېلىغىچە زەينەپگۈلنىڭ يېنىدا بولاتتىم ئەمەسمۇ......» نىياز ئۆز - ئۆزىگە شۇلارنى پىچىرلىغىنىچە يېزا ئورگىنىغا يېتىپ كېلىپ ئابدۇللا بىلەن قورۇدىلا ئۇچراشتى. تال باراگدىكى قارا دوسكىغا ئىسلاھاتقا دائىر تەشۋىقات ئۇزۇنلىرىنى يېزىۋاتقان يىگىتكە بىرنېمىلەرنى دەۋاتقان ئابدۇللا نىيازنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر ئوڭايسىز-لانغاندەك بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئابدۇللا نېرىدىن قاراپلا نىيازنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەن قېتىم ئىككىسى مەھەللىدە راشىدىنىڭ گېپىنى قىلىشىپ خاپا بولۇشۇپ قالغاندىن بۇيان كۆرۈشمىگەنىدى. قىسقىسى، نىياز مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئابدۇللا بىلەن ياخشىراق پاراڭلىشىشنى ئۈمىد قىلغاندەكلا، ئابدۇللامۇ نىيازنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىپ، راشىدىنىڭ ئىشىدا ئۆزىنى يەنە ئاقلايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدى.

— سەن بىلەن دېيىشىدىغان گەپ بار ئىدى، ۋاقتىڭ بارمۇ؟...... — نىياز كېلىپلا شۇنداق دېۋىدى، ئابدۇللا جاۋابەن:

— بولە، سىرتقا چىقايلى! — دەپلا ماڭدى.

ئىككىسى ئۈن - تىنسىز مېڭىپ يېزا ئورگىنىدىن خېلىلا يىراقتىكى ئۆستەڭ بويىغا كېلىشتى. بۇ ئاقتاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن باشلىنىپ، يېزىدىكى ئون نەچچە كەنتنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان غول ئۆستەڭ بولۇپ، ئىككى قېشىدىكى سۆگەت ھەم قارا تېرەكلەر ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

ئۆستەڭنىڭ ئوڭ قىشى شىغىللىق يول بولۇپ، ئاخىرى قوشنا يېزىغىچە سوزۇلاتتى. نىيازدىن بىرنەچچە قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان ئابدۇللا چۇشۇرگۈنىڭ يېنىغا كەلگەندىلا قەدىمىنى توختىتىپ، ياندىكى بېتون كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇردى. نىياز ئەپلىكرەك ئورۇن ئىزدەپ ئەتراپقا بويۇنداپ قارىۋىدى، ئابدۇللا ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئولتۇرۇپ گېپىڭنى قىلمامسەن! — دېدى سوغۇقلا. ئەمەلىيەتتە بۇ يەر پاراڭلىششقا قولاي ئەمەس ئىدى. ياندىكى ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئارىلاپ ئۆتۈۋاتقان يولۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى دېمىگەندىمۇ، چۇشۇرگىدىن ئاڭلىنىۋاتقان سۇنىڭ شاۋقۇنى كىشىنى ئارامىدا قويمايتتى.

— بۇ يەر تىنچ ئەمەسكەن، تۆۋەنگىرەك بارايلى! — دېدى نىياز تۆۋەن تەرەپكە قاراپ. بايا يولدا كېلىۋېتىپ ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشۈپلا ھېچنېمىگە قارىماي تازا بىر دېيىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تاقەتسىزلىنىپ كەتكەن نىياز شۇ تاپتا ئىلگىرىكى ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپلا قالماي، مۇھىمى ئابدۇللانىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان ھاكاۋۇرلۇقىنىمۇ ئېغىر ئالمىغاندەك قىلاتتى. بىر ھېسابتا نىيازنى ئابدۇللاغا بولغان ئاچچىقىنى تەبىئىي ھالدا بېسىۋالدى دېگىلىمۇ بولمايتتى. نىياز ھېلىلا ئۆستەڭنىڭ قېشىدا ئابدۇللانىڭ كەينىدىن خىيال سۈرۈپ كېلىۋېتىپ، ھازىر ئابدۇللانىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. مۇبادا ئاچچىقىغا پايلىماي ئابدۇللا بىلەن ئارازلىشىپ قالسا، ئىش يامانغا ئۆزگىرىپ كېتەتتى. سەدىردىنمۇ ئابدۇللانىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، نىيازنىڭ گۇناھسىزلىقىغا باشقىلار ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى.

— بۇ يەرگە مۇھىم ئىشمنى تاشلاپ كەلگىنىمنى بايا كۆرمىدىڭمۇ؟ مېنىڭ كۆپ ۋاقتىم يوق، گېپىڭنى تېزرەك دېگىن، — ئابدۇللانىڭ بايىقىدىنمۇ ئۆتە سوغۇق تەلەپپۇزدا دېگەن بۇ گېپى

نىيازنىڭ يۈرىكىگە خۇددى نەشتەردەك ئۇرۇلدى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— بېيجىڭدىن كەلگىنىمگىمۇ ئۇزاق بولدى، دادامنى ئاچچىق يۇتۇپ قالامدىكىن دەپ يولغا چىقالمىدىم...... شۇڭا......

— ساڭا باشتا ئەسكەرتىپ قوياي، ماڭا بېيجىڭغا بارىدىغان ئىشىڭنى دېمىگىن. ئالدىنقى قېتىم ئاغزىم قېتىقتا پىشقان، ئۆيۈڭدىكىلەرنىڭ مېنى ھازىرمۇ تىللاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — ئابدۇللا كۆتۈلمىگەندە شۇنداق دەپ تېخى ئاخىرى چىقمىغان گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋىدى، نىيازنىڭ غۇررىدە ئاچچىقى كەلدى. ئەسلىدە ئابدۇللاغا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشنى ئويلىمىغان، پەقەت گەپنى سەل باشتىن باشلىماقچى بولۇپ مۇنداقلا تىلغا ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخمەت بوۋاينىڭ سەپرالىقتا دەپ قويغان بىرنەچچە ئېغىز گېپى ئابدۇللانى تىللىغانلىق بولمايتتى. قارىغاندا نىيازنىڭلا ئەمەس، ئابدۇللانىڭمۇ خېلىلا قورساق كۆپۈكى باردەك قىلاتتى.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى نىياز ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئۆتكەندە ساڭا راشىدىن توغرىسىدا دېيىشكە تېگىشلىك ھەممە گەپنى ئېنىق دېگەنىدىم. كۆڭلۈمدە سېنى ماڭا ئىشىنىدۇ دەپ ئويلايتتىم. بىراق، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن ماڭا ئىشەنمەيۋېتىپسەن. ساڭا ئۆتكەن ئىشلارنى يەنە سۆزلەپ بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، شۇڭا......

— سېنىڭ قايسى گېپىڭگە ئىشىنىمەن؟ «راشىدىننى باشقىلار ئالداپ كېتىپتۇ» دېگىنىڭگىمۇ ياكى ئۇنى «خىروئىن چەكتىمىكىن» دېگىنىڭگىمۇ ۋەياكى «لۈكچەكلەر ئۇرۇپتۇ» دېگىنىڭگىمۇ؟ ئېيتە! زادى قايسىسىغا؟

ئابدۇللانىڭ مۇزغا تەلەڭگە ئاتقاندەك قوپال گېپى نىيازغا چۈشۈرگىنىدىكى سۇنىڭ شاۋقۇنى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتكەندەك،

ئەتراپىنى ھازىرلا دەھشەتلىك سەل باسىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى:

— ھەممىسىگە ئىشىنىشلىك كېرەك! ئېيتە، مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئىشەنمەسلىككە نېمە ئاساسىڭ بار؟ — نىيازمۇ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. كۆرۈكتىن ئۆتۈۋاتقان ئىككى كىشى ئۇلارغا قاراپ قويۇشتى. ئابدۇللا نىيازنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ غەزەپلىك تەلەپپۇزدا دېدى:

— مەن ساڭا ئۆتكەندە، بۇ گەپنى قايتا دېيىشمەيلى دېگەنىدىم. لېكىن، سەن غەرەز ئۇققىلى ئۇنىمىدىڭ. كۆرۈشسەكلا مۇشۇ گەپنى تەگەيسەن. سېنىڭ ئۇ گەپلىرىڭگە مەن ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ باشقىلار ئىشىنەمدۇ؟ نېمىشقا ماڭىلا چاپلىشىۋالىسەن؟

— باشقىلارنىڭ ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكى بىلەن چاتىقىم يوق، پەقەت سەنلا ئىشەنسەڭ بولدى!

— مېنىڭ ئىشەنگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ مۇھىمى راشىدىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىشەنسە ھېساب!

— سەن ماڭا ئىشەنمەي، گۇمانىڭنى تالا تۈزدە دەپ يۈرسەڭ، ئۇلار ماڭا قانداقمۇ ئىشىنىدۇ؟

— سەن خەقنى شۇنچە دۆت چاغلامسەن؟ مەن سېنى دوستۇم دەپ ئاقلىغىنىم بىلەن، خەقنىڭ كۆزى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالالامدىمەن؟

— بۇ...... بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سەن بۇرۇنقى ئابدۇللاغا ھېچ ئوخشىماي قالدىڭغۇ؟ كادىر بولۇپ پۈتۈنلەي گۇمانخور بولۇپ كېتىپسەنغۇ! يۈز بەرگەن ئىشلارنى ساڭا ھەم باشقىلارغا ئەينەن دەپ بەردىمغۇ! ئىلگىرى راشىدىنىڭ مىجەزىمۇ سەل ئۆزگىرىپ قالغان. مەن بېيجىڭغا بارغاندا ئۇ ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەن تۇرسا، بۇنىڭغىمۇ مەن سەۋەبچىمۇ؟

— مانا، گەپ مۇشۇ يەردە! سەن راشىدىنىڭ ئاشۇنداق

بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىكىن، نېمىشقا شۇ چاغدا ئاقتاشقا بىللە ئېلىپ كەلمەيسەن؟

ــ ئابدۇللا، مەندىن بۇنداق تەتۈر ھېساب ئالما! مەنمۇ نۆۋەتتىكى كەلگەندە دېۋالاي، مۇبادا سەن تۈرمىگە كىرىپ قالمىغان بولساڭ، ماڭا يېزا باشلىقى تېلېفوندا «تېز كەلگىن» دېمىگەن بولسا مەنمۇ ئاقتاشقا كەلمەيتتىم. چۈنكى، بىز ئۇ چاغدا يېڭىدىن ئىش باشلىغاچقا بەكمۇ ئالدىراش ئىدۇق. ئىككىلىمىز كەلسەك قانداق بولىدۇ؟

ــ نېمە؟ ھېلى نېمە دېدىڭ؟ تۈرمىنىڭ گېپىنى قىلدىڭما؟ مەن خاتا قىلىپتىمەنما؟ ئەجەب ئەمدى مېنىڭ تۈرمىگە كىرگىنىمنى چىشلەپ تارتىپ كەتتىڭغۇ؟ ئاقلانغىنىم بولماپتىما؟ سېنىڭچە تۈرمىدە يېتىۋەرسەم بولامتى؟

ــ ئابدۇللا، سەن كادىر بولۇپ قالدىڭ، بۇنداق تەتۈرلۈك قىلما! ئۇ گەپنى باشقا مەقسەتتە تىلغا ئالغىنىم يوق. سەن بىلىسەن، دۇنيادا ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبى بار. مەن پەقەت شۇ چاغدا بېيجىڭدىن ئالدىراپ ئاقتاشقا كېلىشىمگە يېزا باشلىقىنىڭ تېلېفوندا دېگەن گېپى سەۋەب بولغان دېمەكچى.

ــ توغرا پەرەز قىپتىمەن، نەچچە يىلدىن بېرى كۆلىدا يۈرۈپ ھەقىقەتەنمۇ قارا نىيەت بولۇپ كېتىپسەن. قارا، ماۋۇ ئۇستاتــ ـلىقىڭنى! يۈزۈڭدىكى پوقنى ئېلىپلا ماڭا سۈۋىمەكچى بولۇۋاتىسەنغۇ!؟

ــ ماۋۇ گېپىڭ بەكلا ئېشىپ كەتتى، بىز دېگەن قىيامەتلىك دوست، بۇنى ئۇنتۇپ قالما!؟

ــ مۇشۇنداق ۋاقىتتا دوستلۇقىمىزنى تىلغا ئېلىشقا قانداقمۇ يۈزۈڭ چىدىدى؟ راشىدىنىڭ ئالدىدىمۇ دوستلۇقنى تىلغا ئالالامسەن؟

ــ ئەلۋەتتە ئالىمەن! بىلىپ قوي، دوستلۇقىمىزغا زەررىــ ـچىلىك دەخلى يەتكۈزمىگەنلىكىمگە راشىدىنلا ئەمەس، تاشمۇــ

ھەممەت، تاھىر، يەنە كامال ئۇستاملار گۇۋاھ بولالايدۇ.
— ئۇ ئالىقانات ئالدامچىلارنى كىم كۆرۈپتۇ؟ سەن ئۆتكەندە ئىزا تارتماي راشىدىننى ئاشۇ قۇلاق كەستىلەرنىڭ تېپىپ كەلگەنلىكىنى دېدىڭ. راشىدىننى نېمىشقا ئۆزۈڭ بېرىپ تاپمىدىڭ؟ يەنە: «بىز كاۋاپخانا ئاچقان» دەيسەن، راشىدىننىڭ تاپقان پۇلى قېنى؟ ئۇنى دوختۇرخانىدا داۋالاتتىم دەپلا ھەممىنى يوق قىلىۋەتسەڭ بولامدۇ؟ گەپلىرىڭ مۇشۇنداق چەك باسمىسا ساڭا كىم ئىشىنىدۇ؟
— ئەمدى بىلدىم، ئانايەتكامىنىڭ دېگەنلىرى توغرا ئىكەن. ھوشۇر دادامنىڭ قورسىقىنى ئېسىپ، دادامنىڭ يېنىغا بېرىشقا زورلىغان سەن ئىكەنسەن ـ ھە! بولدى، ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم، ھەممە چاتاق ئۆزۈمدە. سېنى ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ دەپ ھەددىدىن ئارتۇق ئىشەنگەنلىكىمدە ئىكەن.
— خاتىرەڭنى جەم قىل، سىرتتىكى گەپلەرنى مەن تارقاتمىدىم، گەپ تارقىتىپ يۈرۈشكە ۋاقتىمۇ يوق. ياخشىسى خەقنى ئەيىبلىمەي، ئۆزۈڭنى ئوبدان دەڭسەپ باق!
— قانداق چۈشەنسەڭ ئىختىيارىڭ، شۇنى دەپ قوياي، مۇبادا ھازىرمۇ ئارىمىزدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرىكىدەك سادىق بولالىغان بولساڭ، كۆڭلۈڭدىكى ھەممە تۈگۈنلەر يېشىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئەسلىدە بۇ ئىشلار سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق مۇرەككەپمۇ ئەمەس ئىدى. بىز ئىچكىرىدە بىرنەچچىمىز ھازىرغىچە ئايرىمچىلىق قىلماي، بارنى تەڭ كۆرۈپ كەلگەن، تاپقان پۇلىمىزنى كامال ئۇستامغا ئۆتكۈزۈپ يىغقان. راشىدىننى داۋالىتىمىز دەپ خېلى كۆپ چىقىم تارتتۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بۇ تەرەپكە ئالدىراپلا ماڭغاچقا، ئارىمىزدىكى ھېساباتنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. بېيجىڭغا بارسام بۇ ئىش ئايدىڭلىشىدۇ دېگىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ!

— بۇ گەپنى ماگا دېگىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟ مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان راشىدىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئۇنى داۋالىتىمىز دەپ نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ مۇبادا بۇ كۈن سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بولسا راشىدىن سېنى ئاشۇنداق ھالدا مەھەللىگە ئېلىپ كېلەرمىدى؟ يەنە دېسەم، راشىدىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدا سېنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتىڭ يوقما؟ راشىدىن يامان يولغا ماڭغاندا دوستلۇق بۇرچىڭنى ئادا قىلىپ ئۇنى توسۇۋېلىش مەجبۇرىيىتىڭمۇ باردۇ؟

— مەن دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بۇنداق قولۇڭنى شىلتىماي گەپ قىل، ئابدۇللا! سېنى تۈرمىگە مەن سولاتقۇزۇۋەتمىدىم! مۇبادا سەن شۇ قىسمەتكە دۇچار بولمىغان بولساڭ، مەنمۇ ئاقتاشقا كەلمەستىن، راشىدىننى يامان يولدىن توسۇۋالغان بولاتتىم! ھەممىنى ماڭىلا ئارتماي، ئۆزۈڭگىمۇ بىرئاز ئېلىپ قال، ياخشىسى دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ قوي!

— نېمە، سەن كەلمىگەن بولساڭ مەن تۈرمىدىن چىقالمايتتىم؟ بۇگۈن قەستەن چىشىمغا تېگىش ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەنما؟ — ئابدۇللا شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. نىيازمۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىدى. كىچىكىدىن ھەممىنىڭ ئاغزىدا ئېغىر - بېسىق ھېسابلىنىدىغان ئابدۇللانىڭ شۇ تاپتىكى جۇدۇنلۇقى نىيازنىڭ كۆزىگە پەقەت سىغمىدى. شۇنداقتىمۇ، ھېلىقى گەپنى سەل ئاشۇرۇپ دېۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ جىملا تۇرۇۋالدى، مۇبادا ئۇمۇ تەڭ جۇدۇنلىغان بولسا، ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن ئۇششۇق ھەرىسدەكلا بولۇپ قالغان ئابدۇللا شەكسىز چەكتىن ئاشاتتى. ئابدۇللانىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. ھەددىدىن ئارتۇق غەزەپلەنگەچكە ئاغزىغا دەمال گەپ كەلمەيۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا چۈشۈرگۈ

تەرەپتىن كېلىۋاتقان سۇنىڭ كۈچلۈك شاۋقۇنىمۇ كىرمەيتتى. ئابدۇللا يەنە نېمىدۇر دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىچىسى ئەيسا موتوسىكلىتى بىلەن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— سىلەرنى بەك ئىزدەپ كەتتىم. يېزىنىڭ بېغىدا ئىككىڭلار پاراڭلىشىدىغانغا شۇنداق ئەپلىك جايلار تۇرسا، بۇ كۆھىقاپنىڭ ئاغزىغا كەلگىنىڭلار نېمىسى! چاپسان بولۇڭلار، ماۋۇ تۆمۈر ئاتقا مىنىڭلار، يېزا باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئەيسا موتوسىكلىتىنى يولغا توغرىلاپ تۇرۇپ.

ئابدۇللا ئەيسانىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ئىپادىلىرىگە قاراپ ئالدىراش ھالدا موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە مىنگەنىدى، ئەيسا ئالدىغا سۇرۇلۇپ:

— نىياز ئاداش، قاراپ تۇرماي چاپسان بولمامسىلە، بۇ تۆمۈر ئات سىلىدەكتىن يەنە ئىككىنى بىمالال كۆتۈرەلەيدۇ ماخما، — دېدى.

— مەن بارمىساممۇ بولار، سىلەر مېڭىۋېرىڭلار. مەنمۇ قىسقا يول بىلەن ئۆيگە كېتىۋالاي، — دېدى نىياز ئۆزرە ئېيتقاندەك سىپايە تەلەپپۇزدا. ئاندىن ئۇ يانغا بۇرۇلۇپ مېڭىۋىدى، ئەيسا:

— قىزىق ئاداشكىنا ماۋۇ! «يېزا باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ» دېسەم، بەخىرامان ئۆز يولىغا كېتىۋاتىدا! ھوي ئاداش، يېنىمغا كېلىڭلا!— دېدى. نىياز قەدىمىنى توختىتىپ، ئازراق ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئەيسانىڭ يېنىغا كەلدى، ئابدۇللا يانغا قارىۋالدى. ئەيسا نىيازغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى،— كۆلدا كۆپ ئويناپ قائىدە ئۇقماس بولۇپ قالدىڭىزمۇ ياكى گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ سىلى ئەركىن دۇنيانىڭ قەھرىمانى بولغىنىڭلا بىلەن، ئاتا - ئاناڭلىنى ھازىرمۇ يېزا باشلىقى باشقۇرىدۇ، ئاداش، يېزا باشلىقى ئاتايىتەن چاقىرغاندىكىن

بارمىساڭلا بولماس!

— نېمە، يېزا باشلىقى مېنىمۇ چاقىرغانما؟ — سورىدى نىياز قىزىقسىنىپ.

— دەسلەپتە يېزا باشلىقى ماۋۇ ئابدۇللا باشلىقنى سورىغانىدى، بىرسى ئىككىڭلارنىڭ بايا سىرتقا چىقىپ كەتكىنىڭلارنى دېدى، شۇنىڭ بىلەن يېزا باشلىقى ماڭا: «نىياز بىلەن ئابدۇللانى يېنىمغا ھازىر قىل!» دەپ پەرمان بەردى شۇ. ئەمدىغۇ تۆمۈر ئاتقا مىنەرسىلە، — ئەيسا شۇلارنى دېگەندىن كېيىن ئالدىغا تېخىمۇ سۈرۈلدى. ئابدۇللامۇ ئۈنچىقماي سەل سۈرۈلگەن بولدى، نىياز موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە ئارانلا مىنگەشتى.

دېگەندەك، بارات نىياز ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈۋاتقان بولۇپ، ماشىنىسىمۇ ياندا توختىتىقلىق تۇراتتى...... شوپۇر بىلەن بارات نىيازنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر جىددىيلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنەتتى.

— ئابدۇللا، نىياز بىلەن ئىشخاناڭدا پاراڭلاشساڭ بولماسمىدى!؟— دېدى بارات نىياز جىددىي تەلەپپۇزدا. ئابدۇللا زۇۋان سۈرمەي بېشىنى قاشلاپ قويدى، — بولدى، قالغان گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، تېز ماشىنىغا چىقىڭلار. ھېلىراقتا سەدىردىن تېلېفون قىلدى، كەۋسەر كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، بىللە بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كېلەيلى!

نىياز ئىختىيارسىز ھالدا ئابدۇللاغا قارىغانىدى، ئابدۇللا ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك سوغۇقلا نەزەر تاشلاپ قويۇپ ماشىنىغا چىقتى. نىياز خۇددى ئاكىسى سوپى ئاخۇن يېقىن ئەتراپتا ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقاندەك تەمتىرەپ تۇرۇۋىدى، بارات نىياز:

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ چاپسان ماشىنىغا چىق،— دېدى.

نىياز شۇندىلا ماشىنىغا چىقىپ ئورۇنلاشتى. ماشىنا كوچىغا

مەھەللىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئاچما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتكەندىلا، بارات نىياز خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ سورىدى:

— راشىدىننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقراق؟

نىياز بىلەن ئابدۇللا بىر - بىرىگە «قايسىمىز جاۋاب بېرىمىز» دېگەندەك قاراپ قويۇشقاندىن كېيىن نىياز جاۋابەن ئېيتتى:

— ئۆتكەندىكىدىن بىرئاز ياخشى، ھازىر ھەرھالدا سىرتقا ماڭماي ھويلىدا ئولتۇرىدۇ.

— ئاجايىپ كېسەلكىنا بۇ، ئىچكىرىدە داۋاسى تېپىلمىغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۇرەككەپ كېسەل ئوخشايدۇ....... سەن ھەرقانداق بولسىمۇ ئۇنى سالامەت ئاقتاشقا ئېلىپ كېلىپ قالتىس ئىش قىلدىڭ. مۇشۇ ھالدا سەدىردىن يەنە ئىچكىرىدە يۈرگەن بولسا قانداق بولاتتى!؟

— شاڭخەيدىكى دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ خىلدىكى بىمارلارنىڭ كېيىنچە ئۆزلۈكىدىن ئەسلىگە كېلىش ئېھتىماللىقىمۇ بولىدىكەن.

— مەنمۇ ئۆتكەندە ئۇقۇشۇپ باققان، ئەسلىگە كېلىش نىسبىتى بەكمۇ تۆۋەنكەن. ھە راست، نىياز، سەن ئىچكىرىدە راشىدىننىڭ جاپاسىنى كۆپ تارتقانسەن - ھە؟ ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان ئادەمنى كۈتۈش ئوڭاي ئەمەس.

— مەن بېيجىڭغا بېرىپ ئىشلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ كېلەي دېگەن، — دېدى نىياز بارات نىيازنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك. دېمىسىمۇ ئۇ بارات نىياز ئۆزىنى ماختىغانسېرى ئوڭايسىزلىنىۋاتاتتى.

— ياخشى ئويلاپسەن، بېرىپ ئىشلىرىڭنى تۈگىتىپ دەرھال قايتىپ كەل! رازاق ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىمامبەگ ئاجىزلاپ قالدى. ئۇ خۇمدانىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك، سەن خۇمدانىنى ھۆددە ئېلىپ باشقۇرساڭمىكىن، قانداق، مەيلىڭ بارمۇ؟

— بۇ ياخشى ئىشكەن. بىراق، دادام مېنى يولغا چىققىلى

قويماي......

— سەن گېپىڭدە تۇرۇپ «ئاقتاشقا قايتىپ كېلىپ خۇمدانىنى باشقۇراي» دېسەڭلا بولىدى، بۇۋاينى مەن چوقۇم گەپكە كۆندۈرىمەن. سەپەرنى كېچىكتۈرمەي تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كەل!

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

نىيازنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇغاندەك بولدى. ئابدۇللا ئۆزىچە تىت - تىت بولۇۋاتاتتى. ئىنقىلاب ئىپتىداسىدا، بارات نىيازنىڭ تۇرۇپلا بۇگۇن نىيازغا شۇنچە كۆپ ئىلتىپات قىلىپ كەتكەنلىكى ئابدۇللاغا خۇددى بۇ ئىش ئالدىن پىلانلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەك، ئەتەي نىيازنى ئۆزىنىڭ يېنىدىلا ئاقلاپ گۇناھسىز قىلماقچى بولغاندەك تۇيغۇ بېرىۋاتاتتى. ھەرھالدا كېيىنكى مۇساپىدە ئابدۇللانىڭ روھىنى چۆشۈرىدىغان ھېلىقىدەك گەپلەر بولۇنمىدى. بىراق، ئۇلار دوختۇرخانىغا كېلىپ كەۋسەر يېتىۋاتقان بالىنىستنى سۈرۈشتۈرۈۋېتىپ ئەجەبلىنىشتى. چۈنكى، كەۋسەر ئادەتتىكى بالىنىستتا ئەمەس، بەلكى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ بالىنىستىدا ئىدى. بارات نىيازنىڭ ياغاق چىرايىلا ئەمەس، ئابدۇللا بىلەن نىيازنىڭ چىرايلىرىمۇ ئۆگدى. دېمىسىمۇ كەۋسەر كارىۋاتتا بۇرنىغا ئوكسىگېن شلانكىسى سېلىنغان ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ جىمجىتقىنە ياتاتتى. ئاق سۈزۈك چىرايى بىلىنەرلىك تاتارغان بولۇپ، نېپىز كەلگەن ئاستىنقى لېۋى ئازراق زەخىملەنگەندەك تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقان ياكى ئالمايۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بالىنىستقا بىرنەچچە دوختۇر - سېسترا توپلانغانىدى. ياشتا چوڭراق، سېمىزرەك كەلگەن دوختۇر تىڭشىغۇچ بىلەن كەۋسەرنىڭ يۈرەك ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. بۇلۇڭدا پەرىشان ھالدا تۇرغان سەدىردىن ئارىلاپ بارات نىيازغا قاراپ قويياتتى. ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ كونا كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. كېيىن دوختۇرلار

بالنىستتىن بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. ئاردا بىرسى سەدىردىننى چاقىرتۋالدى، بارات نىياز ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىچە كېلىپ كەۋسەرنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇۋۇسدى، سىرتتىن ئالدىراپ كىرگەن سېستىرا:
— سىرتقا چىقىپ كېتىڭلار. بىمار خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېلىراقتا بىرئاز ئۆزگىرىپ قالدى، بىزگە ماسلىشىپ بېرىڭلار! — دېدى.
— مەن ئۇنىڭ دادىسى، قىزىم نېمە كېسەلكەن، — دېدى بارات نىياز بەكمۇ زەئىپ ئاۋازدا. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇ ھالغا كېلىپ قالغانىدى.
— دورىدىن زەھەرلىنىپتۇ، ئەتىگەندە ئەھۋالى ياخشى ئىدى. مانا، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، ئەھۋالى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قالدى. بىزگە ماسلىشىپ بېرىڭ، — دېدى سېستىرا كەۋسەرنىڭ بىلىكىدىن ئېقىۋاتقان ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ تېزلىكىنى سەل ئاستىلاتقاچ.
— نېمە؟ زەھەرلىنىپتۇ دېدىڭىزما؟ بۇ....... بۇ....... قانداق گەپ بولدى ئەمدى، مەن تېخى باش ئاغرىقى كېسىلى قوزغىلىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەنغۇ!
سېستىرا بارات نىيازنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ھەممەيلەننى كارىدورغا چىقىرىۋېتىپ بالنىستنىڭ ئىشىكىنى ياپتى. بارات نىياز بايىقىدىنمۇ ھالسىزلىنىپ، ياندىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. نىياز بىلەن ئابدۇللا ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ يېنىغا سەدىردىن پەيدا بولدى، ئۇ سۇغا چۆشۈپ كەتكەن موزايدەك دۈگدەيگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى سالاپەت ھەم ھاكاۋۇرلۇقىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنى شۇ تۇرقىدا بىر ئىدارىنى چۆرۈيدۇ دېسە كىچىك بالىمۇ ئىشەنمەيتتى. بارات نىياز سەدىردىننىڭ بۇنداق غەيرىي ھالىغا قاراپلا، قانداقتۇر

بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى. بارات نىيازنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئابدۇللا شۇئان سەدىردىنگە مەنىلىك نەزەر تاشلىدى. سەدىردىن دەرھال يەرگە قارىۋالدى، نىياز ئۇلارنىڭ كۆز تىلىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

* * *

كەۋسەر راستىنلا زەھەرلەنگەنىدى. بۇنى سەدىردىن بىلەن كەۋسەرنىڭ ئارىسىدا خېلىدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى دېيىشكە بولاتتى. ھېلىقى كۈنى سەدىردىن دادىسى بىلەن قاسىم قارىمنى، ئاخىرىدا نىيازنى ئارىغا سېلىپ، كەۋسەرنى قايتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئەسلىدە سەدىردىن ئۆز پىلانى بويىچە كەۋسەرنى ئالداپ - سىلاپ ئۆيىگە ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن، يەڭگىسى يەتكۈزگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن، كەۋسەر بىلەن غېنى ساقچى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىلگىرىكىدەك بويۇنتاۋلۇق قىلالماس قىلىۋەتسە بولاتتى. بىراق، سەدىردىننىڭ بۇ ئارزۇسىنى كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئۆزگىچە تەرتىپلىرى چەكلەپ قويدى. ئۇ ھازىر ئىلگىرىكى سەدىردىن ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى، ئەمدىلىكتە كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ بۇ ياش ئەر - خوتۇنلار ئاقتاشتىن قايتىپ كېلىپلا قايناۋاتقان قازاننىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا چۈشتى، يەنى ئىككىسىنىڭ بەختىنى قۇتلۇقلىغۇچىلار ئۇلارنى ئارامىدا قويۇشمىدى. خەق شۇنداق قىلىۋاتقان يەردە، سەدىردىن

كەۋسەر بىلەن ھېسابلاشسا قاملاشمايتتى. ئەگەر ئەرلىك ھوقۇقىنى ئىشلىتىمەن دېسە، كەۋسەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ئېنىق ئىدى. ئىشنىڭ بېشىدىلا ئازارلىشىپ يۈرسە شۇئان ئەتراپقا «ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، بۇرنى ئاۋۋال تاشقا تېگىپتۇ» دېگەن گەپ تارقالماي قالمايتتى. ھەرھالدا سەدىردىنىڭ ئەقلى چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق مۇشۇ نازۇك يەرگە يەتكەنىدى.

ئۇ كۈنى كەۋسەر ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى خىيال قىلىپ تۇتۇلۇپ ئولتۇرغاندا، بىر قاراپلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەن سەدىردىن ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا دېدى:

— سەن بىلىسەن، مەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپلا ۋىلايەتكە ئۆگىنىشكە كەتكەچكە، بەزىبىر ئىشلارنى قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدىم. قارىغاندا بىرنەچچە كۈنگىچە ئالدىراش بولىدىغاندەك تۇرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدارە باشلىقى بولۇشقا ئىدىيەمدە تەييارلىق بولمىغاچقا تەمتىرەپ قېلىۋاتىمەن. شۇڭا، ماڭا ياردەم قىلغان بولساڭ، ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ بولغۇچە چىرايلىق ئۆتەيلى، ئارىمىزدىكى ئىشلار توغرىسىدا كېيىنرەك پاراڭلاشساقمۇ ئۈلگۈرىمىز.

سەدىردىن كەۋسەرنىڭ كۆزىگە بەكمۇ بىچارە كۆرۈنۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ سەدىردىنىڭ بۇ ھالىتى ئۆزىنى چاغلىماي ئۇچقان باچكىنىڭ ئاسمانغا چىقىپ بولۇپ، چۈشىدىغان پەغىزىنى تاپالماي ھودۇقۇپ كەتكىنىگە ئوخشايتتى. كەۋسەر سەدىردىنىڭ گويا موللا تاپقاقتەك خىيالىدىكى پىنھان ئويلىرىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغانلىقىغا ئەجەبلەندى. كەۋسەر شۇ تاپتا سەدىردىن بىلەن ئارىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق ئوبدان پاراڭلىشىشنى، مۇبادا سەدىردىن ئۆزىدىكى بېتەرسىزلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىپ تۈزىتىش پوزىتسىيەسىدە بولمىسا، قورسىقىدىكى بالىنىڭ تەقدىرى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي ئاجرىشىپ كېتىشنى ئويلاۋاتاتتى. تۇرۇپلا ئەمدى سەدىردىنگە ئىچى ئاغرىپ، بايىقى گەپلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

دېگەندەك ئىككىسىنىڭ ئىلگىرىكى تار ھەم كونا ئۆيدە ئۆتكۈزگەن ئاددىي تۇرمۇشىنىڭ تەرتىپى ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنىدى. دەرۋەقە، ئەمەل دېگەننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق راھىتى ھەم شەۋكىتى بولىدىكەن. سەدىردىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ، بۇ ئىشلارنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگۈچە ۋىلايەتكە ئۆگىنىشكە كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كۆز ئالدىدا بېجىرىشكە تېگىشلىك بىرمۇنچە رەسمىيەتلەر دۆۋىلىنىپ تۇرغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋۋال مەنسىپىگە لايىق كېلىدىغان ئۆيگە كۆچۈش بىلەن، ئۆزىنى مۇبارەكلەپ كەلگەنلەرنى كۈتۈش ھەم باشقىلار تەرىپىدىن مۇبارەكلىنىپ كۈتۈلۈش مۇھىم تەر-تىپلەرنىڭ بىرى ئىدى. دېگەندەك ئۇلار ئاقتاشتىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسىلا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ تىرىشچانلىقىدا بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىكارلىنىپ، بىر قىسىم يېڭى جابدۇقلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇلغان ھەشەمەتلىك ئازادە ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. تال باراڭلىق ھويلىدا ھەر خىل گۈل - گىياھلاردىن باشقا، ئەنجۈر، شاتۇت، گىلاس قاتارلىق ئەتىۋارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەر ئاينىغان، داچا شەكىللىك بۇ ئۆي بىرنەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ ئىدارىگە بىرىنچى قول باشلىق بولغان تەلەي ئىگىسىگە بەخشەندە قىلىنىپ كېلىنىۋاتاتتى. ئىلگىرىكى ئىدارە باشلىقى ئىقتىسادىي ئەھۋالى بۇ ئىدارىدىن خېلىلا ياخشى بولغان ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆيگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغاچقا، تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئاچقۇچنى كۆزى قىيمىغان ھالدا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. مۇبادا بۇ ئىشقا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىۋاسىتە قول تىقمىغان بولسا، سابىق ئىدارە باشلىقى بۇنچە تېز كۆچۈپ كەتمىگەنمۇ بولاتتى. سەدىردىن بىلەن كەۋسەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە بىر قىسىم لازىمەتلىكىلا بۇ يېڭى ئۆيگە يۆتكىلىپ، باشقا نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى كونا ئۆيدە قالدۇرۇلدى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى

ھېلىقى زېدە مۇشۇ بىر قاتار زوروريەتلەر تۈپەيلىدىن ۋاقىتلىق كۆمۈلۈپ قالغاندەك ئىدى.

ئۇ كونى كەۋسەر ھەشەمەتلىك ئۆيگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى- يۇ، تۇرۇپلا ئاتا - ئانىسىنىڭ غازلىقتىكى ئۆيىنى خىيال قىلىپ قالدى. كەۋسەرنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. بارات نىيازمۇ ئاقتاشتا نامى چوڭ باشلىق ھېسابلانغان بىلەن، ئۇلارنىڭ شۇ تەۋەدە ئەڭ ھەشەمەتلىك ھەم ئازادە سانىلىدىغان ئۆيىنى كۆز ئالدىدىكى بۇ ھەشەمەتلىك ئۆيىنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇ ئىدىكى، غازلىقتىكى ئۇ ئۆيىنى دادىسى بىلەن مەرھۇم ئانىسى ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلەپ بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، كۆز ئالدىدىكى بۇ ياسىداق ئۆي ئىلگىرىلا سېلىنغىنىغا قارىماي، سەدىردىن ۋىلايەتتىكى ئۆگىنىشتىن، ئۆزى غازلىقتىن كېلىپ بولغۇچە بىكارلىنىپ، باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. يېزىدا دادىسى ئىلكىدىكى گال پىچاقسىمان ھوقۇقنى ھەر خىل تەدبىرلەر ئارقىلىق بىلەپلا تۇرمىسا ئىش ئاقمىغان بىلەن، ناھىيەدىكى ئىدارىلەردە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا ئوخشاش ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىدىغان دىل كۆيەرلەر كۆپ ئىدى. كەۋسەرنىڭ ئەقلى مانا شۇلارنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقانىدا، ئۆيگە مېھمان كېلىشكە باشلىدى. بۇ توپ - توپ مېھمانلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولۇپ، قارىغاندا كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىڭ ئەپلىشىپ قالغانلىقىنىلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇلارنىڭ بۇ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ كېلىشكەندەك قىلاتتى. كەۋسەر دەسلەپتە ئۇلار كۆتۈرۈپ كېلىشكەن بىر قىسىم سوۋغاتلارغا قاراپ ھەيران بولدى، دېمىسىمۇ ئۇلار بىلگەندەكلا دەل بۇ ئۆيدىكى بىر قىسىم كەم جابدۇقلارنى ئېلىپ كېلىشكەنىدى. تېخىمۇ قىزىق يېرى، مۇئاۋىن ئىدارە

باشلىقنىڭ مېھمانلار ئېلىپ كېلىشكەن جابدۇقلارنى قويىدىغان مۇۋاپىق ئورۇننى ئۆزى كۆرسىتىپ بېرىۋاتقانلىقى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كەۋسەر بىلەن سەدىردىن بىرنەچچە كۈنگىچە مېھمان كۈتۈش بىلەن بولدى. مېھمانلارنى كۈتۈشمۇ باشقا ئىشلاردەك ئاسانغا چۈشتى، يەنى كەۋسەرگە بەجانىدىل ياردەملىشىدىغان-لارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەچكە، ئانچىمۇ ئېغىر كەلمىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرى مۇشۇنداق ئاسانغا چۈشۈ-ۋاتاتتى. ئۆيدە بىر نەرسە تۈگەپ بولغۇچە بىرسى چاقماق تېزلىكىدە بازاردىن ئەكېلىپ بولاتتى. مېھمان بولۇپ كېلىۋاتقان-لارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارغا خۇشامەتگۈيلۇق قىلىشاتتى. بىراق، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كەۋسەر نېمىشقىدۇر ئۆزىچىلا سىقىلىدىغان، قىلىۋاتقان ئىشىدىن تازا قانائەت ھاسىل قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. كەۋسەرنىڭ روھىيىتىدە باش كۆتۈرگەن بۇ خىل ھېسسىيات، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي سەدىردىننىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھۇزۇرىدىكى كۈتۈلۈشلەردە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. دېمىسىمۇ، دەسلەپتە مېھمان كۈتكەندە كەۋسەر باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئاز - تولا كۆڭۈل ئازادىچىلىكىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، كېيىنكى مەزگىلدىكى كۈتۈنۈشلەردە باشقىلارغا ھېسابسىز قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىۋاتقاندەك بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىققا پېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. بىراق، سەدىردىن كەۋسەرنىڭ ئەكسىچە، ماختاش ھەم خۇشامەتلەرگە كۆمۈلۈپ بەخىرامان يۈرۈۋاتاتتى. بەردەم كەلگەن جىسمى كۆرۈنەرلىك سەمرىپ، سۆز - ھەرىكەتلىرىمۇ مەنسىپىگە مۇناسىپ ئۆزگىرىۋاتاتتى. دەرۋەقە، بىر قىسىم ئادەملەرنى ئۇلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىلا ئەمەس، مانا مۇشۇنداق ئەتراپىدىكى ئادەملەرمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلەيتتى.

راست، سەدىردىن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىرىۋاتاتتى. كەۋسەر ھەر قېتىم سەدىردىندە داۋام قىلىۋاتقان بۇ يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى

ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندا، تەبىئىي ھالدا يەنىلا كۆز ئالدىغا دادىسى كەلدى. ئۇ ئۆز خىيالىدا سەدىردىننى دادىسىغا، كونكرېت ئېيتقاندا دادىسىنىڭ ئىلكىدىكى يېزا باشلىقلىق ئەمىلىنى سەدىردىننىڭ ئىلكىدىكى ئىدارە باشلىقلىق ئەمىلىگە سېلىشتۇرۇۋاتاتتى. گەرچە بارات نىيازنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە نەچچە ئون مىڭ نوپۇس، نەچچە مىڭ مو بىنەم يەر بولغان بىلەن، كەۋسەر ئۇنىڭ سەدىردىن مۇشۇ كۇنلەردە كۆرۈۋاتقان راھەتنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ كۆرمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەتىدىن كەچكىچە دېھقانلار بىلەن تونىغا مىلىنىپ جاپا تارتىپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ گاڭگىرىماي تۇرالمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ دېھقانلار بىلەن تارتقان جاپالىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ كۆرۈپ كېلىۋاتقاچقا، ئەمەلنى پەقەت باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ، جاپا تارتىش دەپلا چۈشىنەتتى. شۇڭا، بىركىم ئەمەلدار بولۇپتۇ دېگەندەك پاراڭلارنى ئاڭلىسا: «ئۇ چوقۇم دادامدەك جاپا تارتىدۇ شۇ» دەپ قوياتتى. بىراق، ئۇ مۇشۇ كۇنلەردە سەدىردىننىڭ ئىلكىدىكى ئەمەلنىڭ قۇدرىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئاخىر ئۇ چۈشەندىكى، ھوقۇق دېگەننىڭ گەرچە مەمۇرىي دەرىجىسى ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ۋەزنى ئوخشاش ئەمەسكەن. ئەپسۇس، كەۋسەرگە سەدىردىننىڭ ئىلكىدىكى جاپاسىدىن راھىتى كۆپ ئەمەلگە قارىغاندا، يەنىلا دادىسىنىڭ راھىتىدىن جاپاسى كۆپ بولغان ئەمىلى نېمىشقىدۇر سۆيۈملۈك تۇيۇلدى. چۈنكى، ئۆتكەن كۇنلەردىكى راھەت - پاراغەتلىك كۈتۈنۈش كەۋسەرنى ھاردۇرۇپ ھالىنى قويمىغانىدى. «ئەجەب ئىش ھە، — دەيتتى كەۋسەر گاھىدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — كىشىدە راھەت - پاراغەت كۆرۈشكىمۇ ھەۋەس ھەم ئىدىيەۋى تەييارلىق بولمىسا، ئۇ كىشىنى مەندەك تەمتىرىتىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ. تەبىئىيلىكتىن كۆرە، ئەتىدىن كەچكىچە سۈنئىي ھېجىيىپ يۈرۈش ئەجەبمۇ تەسكىنا!؟

مەن شۇنچە بولۇپ كەتكەن يەردە، ئاساسلىق ۋاقتىنى دېگۈدەك راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر قانچە چارچايدىغاندۇ!؟»

كۈنلەر شۇ تەرزدە داۋاملىشىپ، ئىلگىرىكى تەرتىپلەردىمۇ يەنە يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدى. تەپسىلىيرەك ئېيتقاندا، ئەمدى كىچىك تەنزىدىكى كۈتۈش ھەم كۈتۈلۈشلەرنىڭ ئايىغى بېسىقىپ، چوڭ تەنزىدىكى كۈتۈش ھەم كۈتۈنۈشلەر باشلىنىپ كەتتى. چوڭ تەنزە دېگىنىمىز ئەلۋەتتە ناھىيە دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ ھۇزۇرىغا يېتەرلىك سوۋغا - سالام بىلەن بېرىپ، تەمتىرەپ - ھودۇقۇپ كۈتۈنۈش بىلەن، ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرلىرىدا دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي، سۈنئىي ھىجىيىپ كۈتۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنىڭ ئالدىنقى خىلدىكىلەرگە ئوخشىمايدىغان بىرقانچە خىل ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا چوقۇم يېتەرلىك سوۋغا - سالام ئېلىپ بېرىشتىن باشقا، ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرلىرىدا كۈتۈۋالغاندا ناھايىتى كەڭ قورساق ھەم مەرد بولمىسا بولمايتتى. چۈنكى، بۇ مېھمانلار كونىلارنىڭ دېگىنىدەك «قويدەك ياۋاش» بولماستىن، بەلكى بەكمۇ يامان ئىدى. ئۆزلىرىدەك تارتىنىپ، ھودۇقۇپ ئولتۇرماستىن، ساھىبخانىغا ھەر خىل ئېغىر تەلەپلەرنىمۇ بىمالال قويۇۋېرەتتى. ھاراقنى چىلاشقۇچە ئىچىپ، تانسىنى ھارغۇچە ئويناپ، ئاخىرىدا ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقاندىلا بولدى قىلىشاتتى. ھاراقنى كىم كۆپ ئىچەلىسە شۇ نوچى ئىدى. بىراق، ھەرقانچە مەست بولۇپ كېتىشسىمۇ ئەمەلدىكى چوڭ - كىچىكلىك پەرقىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قېلىشمايتتى. دەرىجىسى كىچىكلەر دەرىجىسى چوڭلارغا خۇشامەت قىلىپلا تۇراتتى. ئۇلار بۇنداق قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەچكە، ئارىدىكى سۈنئىي كەيپىيات - لاردىن ھېچكىمنىڭ كۆڭلى غەش بولمايتتى، بەلكى ئىشلار ئەزەلدىن مۇشۇنداق بولسا ياخشى بولىدىغاندەك تەسىراتتا ئىدى.

بۇ قائىدىلەر كەۋسەرگە غەلىتە تۇيۇلغان، ھەتتا ئۇنىڭغا كۆنەلمىگەن بولىسمۇ، بىراق ئۇنى رەت قىلالمايتتى. بۇ چوڭ تەنزىدە ئادەتتىكى تەرتىپلەردىن باشقا، ۋىلايەتكە، ئۇرۇمچىگە يىغىنغا بارىدىغانلارنى ئۇزىتىش، يىغىندىن قايتىپ كەلگەنلەردىن ھاردۇق سوراش، يىگىمدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرنى قارشى ئېلىش...... دېگەندەك يىگىلىقلار بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ داۋام قىلىنۋاتاتتى. بۇ باھانىدىكى يەپ - ئىچىش، ئويناشلار ھېچ پەسكويغا چۈشمەيۋاتاتتى. كۆپ ھاللاردا كەچلىكى باشلىنىپ، تۈن نىسپىگىچە داۋام قىلىدىغان بۇ پائالىيەتلەرگە كەۋسەرنىڭ كەسپى ماس كەلمەيتتى. مۇھىمى، قورسىقىدىكى ھامىلە كۈندىن - كۈنگە يوغىناۋاتاتتى. كىچىسى بىر مەھەلگىچە دەم ئالماي، ئەتىسى يەنە مۇنبەر ئالدىدا ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈشكە كەۋسەردەك تاۋى نازۇكلارلا ئەمەس، بەلكى ئۇستىخىنى مەزمۇت ھەرقانداق كىشىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. يەنە بىرتەرەپتىن، كەۋسەرنى بىرمەھەل ئۆزىگە تارتقان بۇ ئۆزگىچە تۇرمۇشنىڭ جەلپكارلىقىمۇ ئەمدى خۇنۇكلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كەۋسەر خىزمىتىنى شىپى كەلتۈرۈپ ساھىبخانا بىلەن سەدىردىندىن ئۆزرە سورىغانىدى، ئۇلار سورۇندىن بۇرۇنراق ئايرىلىشىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، بىراق تۈرلۈك زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلىدىن ھەر قېتىملىق سورۇنغا كېچىكىپ كېلىدىغان ئەتىۋارلىق باشلىق ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇنى ماڭغىلى قويماي توسۇپ قويىدى. كەۋسەر بۇ كىشىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئالدىنقى يىلى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا كەۋسەرنىڭ مەكتىپىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سوراش باھانىسىدا قاتناشقاندا كەۋسەرنى تانسىغا تارتىپ، تانسا جەريانىدا نازۇك بارماقلىرىنى سىقىپ تۇتقان ھەمدە «بەك چىرايلىقكەنسىز» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىغان. ئاخىرىدا تەپسىلىي سوراش ئارقىلىق كەۋسەرنىڭ ئاقتاش

يېزىسىنىڭ باشلىقى بارات نىيازنىڭ قىزى، دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىكى سەدىردىننىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. ئۇ كەۋسەرگە تۇنجى يۈز كۆرۈشۈشتىلا ياخشى تەسىرات بەرمىگەچكە، شۇنىڭدىن بۇيان بۇ بىرەك، ئەتىۋارلىق باشلىقتىن بىزار ئىدى. بىراق، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭۈل راينىي سورۇندىكىلەر ئەۋزەل بىلىشتى. ساھىبخانىلا ئەمەس، بەلكى سەدىردىنمۇ دەرھال لەۋزىدىن ياندى. كەۋسەر يەنە ئامالسىز جايىدا ئولتۇردى - يۇ، كۆزى سەدىردىننىڭ ئەتىۋارلىق باشلىقنىڭ ئالدىدا ساھىبخانىغا ئوخشاشلا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان بىچارە تۇرقىغا چۈشتى. دېمىسىمۇ، ئەتىۋارلىق باشلىق سورۇنغا كىرىشىگىلا سەدىردىننىڭ ئىلگىرىكى مەغرۇرلۇقى بىردىنلا ئىتائەتمەنلىككە ئالماشتى. سەدىردىننىڭ تولىمۇ مۇلايىملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كەۋسەرنىڭ كەيپى بۇزۇلدى. كەيپى بۇزۇلسا مەيلى ئىدى، يامان بولغىنى ئەتىۋارلىق باشلىق بىلەن تانسا ئويناۋاتقاندا، كونا كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ بېشى چىڭقىلىپ، كۆڭلى ئېلىشتى. ئەتىۋارلىق باشلىق كەۋسەرنىڭ چىرايىنىڭ بىرقىسمىلا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيگە قايتىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى. كەۋسەرنى سەدىردىننىڭ شوپۇرى ماشىنىدا ئۆيگە ئەكىلىپ قويدى. يولدىلا ئەمەس، ئۆيدە ياستۇققا باش قويغاندىمۇ كەۋسەرنىڭ كۆز ئالدىدىن سەدىردىننىڭ ئەتىۋارلىق باشلىقنىڭ ئالدىدىكى بىقوۋۇل، بىچارە ھالىتى پەقەتلا كەتمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەۋسەر جىسمىنى ھاردۇرۇپ ماجالىنى قويمايدىغان، تېخىمۇ مۇھىمى روھىي جەھەتتە يەتكۈچە خورلۇق سېزىمىنى بېرىدىغان بۇنداق سورۇنلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا تىرىشتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى سەدىردىن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىرىۋاتاتتى. ئاساسلىق ۋاقتى سىرتلاردا ئۆتەتتى. ئۆيگە گاھىدا تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا قايتىپ كەلسە، گاھىدا ئەتىسى، ھەتتا ئۆگۈنى قايسىدۇر

يىزىدىن خەۋىرى كېلەتتى. كۆپ ھاللاردا مەست ـ ئەلەس ھالدا يۈرەتتى. كەۋسەر كۆڭلىدە: «سەدىردىن ھە دېگەندە مۇشۇنداق ھاراق ئىچىپلا يۈرسە ئىدارە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قانداق ئادا قىلالايدۇ، ناھىيە باشلىقلىرى تەنقىدلىمەي قالامدۇ ياكى ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق دەردمەن بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ئەھۋال راستتىن شۇنداق بولسا، بىز مۇۋاپىق پەيتتە ياخشىراق پاراڭلاشمىساق بولمىغۇدەك» دېگەنلەرنى ئويلىدى. دېمىسىمۇ، ھېلىغىچە ئۇلار ئارامخۇدا پاراڭلىشالمىدى. كەۋسەر پۈرسەت چىقارغاندا، سەدىردىن قايسىدۇر زۆرۈرىيەت بىلەن سىرتلاردا يۈرگەن بولاتتى. يىقىندىن بېرى كەۋسەرنىڭ نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا ئىچى تىتىلدايتتى. بىخەستەلىك قىلىپ نېمىنىڭدۇر ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا چۆمۈلەتتى. ئالدىنقى كۈنى كەچتە مەكتەپتىن خىيال سۈرۈپ كېلىۋېتىپ، ئۆزىدىكى بۇ خىل سېزىمنىڭ تېگىگە يەتتى. دەرۋەقە، ئارىدىكى ئۆتكۈنچى ۋاقىت ئۇنى سەدىردىن بىلەن بولغان كۆڭۈلسىزلىكنىڭ نەتىجىسىنى چىقىرىش ئارقىلىق، قورسىقىدىكى ھامىلىنىڭ كەلگۈسىنى بېكىتىشتىن مەھرۇم قويغانىدى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنى ئۇ ئاچىسىنىڭ «مۇبادا سەدىردىن بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە كۆزۈڭ يەتمىسە، قورسىقىڭدىكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكىن» دېگەن مەسلىھەتىنى مۇۋاپىق كۆرگەن، بۇنداق قىلىشنى بەختىسىز بالىنى تۇغۇشتىن ئەۋزەل بىلگەنىدى.

بۈگۈن سەدىردىن ئۆيگە ئەلياتقۇ بولغاندا قايتىپ كەلدى. كەۋسەر سەدىردىننىڭ ھەرقانداق بولسا بۈگۈن ھاراق ئىچمىگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇش بولدى. ئەمما، خېلىدىن بېرىقى ئارزۇسى بويىچە ياخشىراق پاراڭلىشىشنى ئويلاپ تۇرغاندا، سەدىردىن كىرىپسلودا ئولتۇرۇپلا شۇنداق تاتلىق ئۇخلاپ كەتتىكى، كېيىن كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ قويماقچى بولۇپ بىلىكىدىن سىلكىپ تارتسىمۇ

ئويغانمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سەدىردىن ناشتا قىلىۋاتقاندا كەۋسەر گەپ ئاچتى:

— ئاخشام پاراڭلىشارمىز دېسەم سافادىلا ئۇخلىۋالدىڭ، ئۆيگە هاراق ئىچمەي كېلىدىغان ۋاقتىڭ بەكمۇ ئاز بولغاچقا، ئارىمىزدىكى ئىشلار توغرۇلۇق هازىرغىچە پاراڭلىشالماي ۋاقىت ئۆتۈۋەردى. قارىسام، سېنىڭ بۇ باردى - كەلدىلىرىڭنىڭ ئايىغى بېسىقمايدىكەن. شۇڭا، خىزمىتىڭ هەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ بىرئاز ۋاقىت چىقارغىن. بۇنداق بىسەرەمجان ئۆتۈۋەرمەيلى، ياخشىراق پاراڭلىشىپ بىر قارارغا كېلەيلى. ئېنىقراق دېسەم، مېنىڭ شور پېشانە بالىغا ئانا بولغۇم يوق!

كەۋسەرنىڭ گېپى تۈگىشى هامان سەدىردىن قولىدىكى پىيالىنى شىرە ئۈستىدە قويۇپ كەۋسەرگە لاپپىدە قارىۋىدى، شۇئان ئۇنىڭ چىرايىدا ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان قايسىدۇر ئىشنى ئۇشتۇمتۇت ئېسىگە ئالغاندەك بىر خىل ئىپادە روي بەردى. ئېنىقكى، ئاردىكى خۇددى ئېزىقتۇرغۇچى ئالۋۇندەك ئەقلىنى بىرلا نۇقتىغا يەنى ئەمەلنىڭ خاسىيىتىگە بەخشەندە قىلغان ۋاقىت سەدىردىننىمۇ دەل كەۋسەرگە ئوخشاشلا بىخۇدلاشتۇرغانىدى. دەرۋەقە، باشتا سەدىردىن كەۋسەرگە بۇ ئىشنى كېيىنگە قالدۇرۇشنى ئېيتقاندا، ۋاقتىنىڭ بۇنچە ئۇزىرىپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىدى. مانا ئەمدى كەۋسەرنىڭ كەسكىن تەلەپپۇزدا دېگەن گېپى سەدىردىننى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. گەرچە سەدىردىننىڭ ئەقلى يېقىندىن بېرى ئىچىۋەرگەن هاراقنىڭ كۆپلۈكى بىلەن گاللاشقان بولسىمۇ، هەرهالدا كەۋسەرنىڭ «ياخشىراق پاراڭلىشىپ بىر قارارغا كېلەيلى» دېگەن گېپىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەنىنى ئىلغا قىلىشقا يەتتى. راست، سەدىردىن بىلدىكى، كەۋسەرنىڭ بۇ گېپى «مەن دېگەنگە

كۆنمىسەڭ خېتىمنى بەر، تارتىشىدىغان يېرىم يوق» دېگەندىن دېرەك بەردى. توي قىلغاندىن باشلاپ ئۆزى بىلەن تۇرمۇش تارازىسىدا مۇشۇنداق تەكشۈك تۇرۇپ كەلگەن كەۋسەرنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئەزەلدىن ئۆزىنى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ھېسابلىنىغانلىقى ياكى سەدىردىنگە دوستلۇق مېھرىدىن باشقا، چىن سۆيگۈ مېھرىنىڭ يوقلۇقى سەۋەب بولغان دېسەك، ئەمدى سەدىردىنمۇ يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئىدى. سەدىردىن گەرچە كەۋسەرنىڭ دادىسىغا ئىنائەت قىلىپ كېلىۋاتقان جاللىدىن ئاخۇننىڭ ئوغلى بولسىمۇ، ھازىرقى دەرىجىسى بارات نىيازنىڭكىگە بويلىيالايتتى. ئەھۋالدا مۇشۇنداق زور ئۆزگىرىش بولغانىكەن، كەۋسەر ئەمدى ئۆزەڭگىدىن چۈشۈشى، چۈشكەندىمۇ بۇنداق كەينىگە تىرەجىمەي تېزرەك چۈشۈشى كېرەك ئىدى. سەدىردىن شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆلگۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۆزىدىكى بۇ روھىي غالىبىيەتچىلىكتىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئەمەلىيەتتە سەدىردىن كەۋسەرنىڭ ئىمكان بار ئاجرىشىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىنى تازا ئانىي تېپىپ بولۇپ قۇيرۇقىنى قىسىپلا كېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. دېمىسىمۇ، ئاياللاردا ئەرلەرنى تولۇق كونترول قىلىدىغان غايىۋى كۈچ بولمىغان بىلەن، مۇشۇنداق قۇيرۇقىنى قىسىۋېلىپلا ئەنتىنى ئالىدىغان كىشىلىك ھوقۇق بار ئىدى. سەدىردىننىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن باشلاپ ئىنچىكە تىركىشىپ كېلىۋاتقان كەۋسەرنى مانا مۇشۇ كىشىلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، قورسىقىدىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىپلا قۇيرۇقىنى قىسمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. مۇبادا ئىش مۇشۇنداق خۇلاسىلەنسە، سەدىردىن ئۈچۈن بەكمۇ ئازابلىق بولاتتى. سەدىردىن ئۆزىنى دەگسەش ئارىلىقىدا غېنى ساقچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلىدە دەۋرىگەن ئاچچىقىنى ئاقلانىلىك بىلەن بېسىۋالدى. ئەگەر ئاچچىقىغا پايلىماي كەۋسەر بىلەن تىركەشسە،

ئاخىرىدا كەۋسەردىن ئايرىلىپلا قالماي، ئىخىمۇ مۇھىمى ئەنتىنى ئالالمايتتى. شۇڭا، يېقىندىن بىرى ئۆگىنىۋاتقان ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئۇستىلىق بىلەن مۇداپىئەگە ئۆتتى.

— مېنىڭچە، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بىز ھەل قىلالمايدىغان مەسىلە يوق. كېيىنچە ئالدىرىماي دېيىشەرمىز، مەن ئالدىمىزدىكى بىرنەچچە كۈندە بەكمۇ ئالدىراش بولىمەن، ئىشىڭغا بېرىۋەرگىن.

— سېنىڭ ئالدىراشلىقىڭنىڭ چېكى بارمۇ - يوق؟ يەنە قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتىمىز؟ ماڭا ئېنىقراق ئېيتقىن، ۋاقتىڭ زادى قاچان يېتىدۇ؟ — دېدى كەۋسەر سەل جىددىيلەشكەن ھالدا. ئۇ سەدىردىننىڭ يەنە ئۆيدىن غىپپىدە چىقىۋېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. دېگەندەك سەدىردىن چاققانلىق بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلىدى. كەۋسەر كەينىدىن ئىشىك ئالدىغا چىققاندا سەدىردىن قورۇدا پاراڭلىشىپ تۇرۇشقان ئىككى كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغانىدى. ئەتىسى كەۋسەر يەنە سەدىردىن بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ سىرتتىن قاچان قايتىپ كېلىشىنى ئۆزى بىلمەيدىغانلىقىنى، يېزىغا ناھىيە باشلىقلىرى بىلەن بىللە بارغاچقا، ئۇلاردىن سوراشنىڭ ئەپسىزلىكىنى باھانە قىلىپ كېتىپ قالدى. كەۋسەر ئۈمىدىنى يەنە ئەتىگە باغلىدى، بىراق ئەتىسى كەچتىمۇ سەدىردىن ئۆيگە ئالدىراش كېلىپلا:

— ۋالىي خىزمەت تەكشۈرۈپ كەپتىكەن، بىردەمدىن كېيىن «سەلتەنەت مېھمانخانىسى»دا كۈتىدىكەنمىز. مەن سېنى ئالغىلى كەلدىم، چاپسان تەييار بولغىن، تېزرەك ماڭايلى، — دېدى. سەدىردىننىڭ كۈتۈلمىگەندە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېگەن بۇ گېپى كەۋسەرنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. سەدىردىن كەۋسەرنىڭ چىرايىدىكى ئەجەبلىنىش ئىپادىسىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇسۇلنى

ئۆزگەرتتى ـ دە:

ــ ئۇزاق كاشىلا بولمايمىز. مېنى تار يەردە قىستىماي، بۇگۈنچە گېپىمگە كىرگىن، ــ دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا. شۇئان جۇدۇنى تۇتقان كەۋسەر ئالدىنقى قېتىمقىدەكلا ئۆزىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى:

ــ ۋالىي كەلسە مېنىڭ نېمە چاتىقىم! بىلىپ قويغىنكى، ساڭا ھەمراھ بولۇپ مېھمان كۈتىدىغان قوشۇمچە ۋەزىپەم يوق. ئىلگىرىغۇ ھۆرمىتىڭنى قىلىپ ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئۆزۈمنى خالىمايدىغان سورۇنلارغا قاتناشتىم، ئەمدى بولدى قىل! مەن دېگەن ئوقۇتقۇچى، سالاھىيىتىمگە بېقىپ ئىش قىلمىسام بولمايدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە كەينىڭدە سورۇن ئاتلاپ يۈرسەم قانداق بولىدۇ؟ بىلسەڭ، مەن ھازىر ئۇنداق مەززىسىز ئىشلاردىن بىزار بولۇپ كەتتىم.

كەۋسەرنىڭ زەردە بىلەن ئېيتقان بۇ گېپى، جىددىيلەشـ ـكىنىدىن تېپىرلاپ تۇرالماي قالغان سەدىردىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى:

ــ سەنمۇ بىلىپ قوي، ئايالىم بولغاندىكىن ھەرقانداق زۆرۈر پائالىيەتتە مەن بىلەن بىللە بولۇشۇڭ كېرەك! ئوقۇتقۇچى بولساڭ نېمە بوپتۇ؟ ئىلگىرىكى پائالىيەتلەردە كۆردۈڭغۇ، ئەرلىرى بىلەن سورۇنغا قاتناشقان ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇتقۇچىغۇ!؟ ئەمدى مۇشۇنچىلىك قائىدىنىمۇ بىلمەس بولۇپ كەتتىڭما؟......

سەدىردىن ئاچچىقىدا شۇلارنى دەۋېتىپ سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، دەرھال ئۆزىنى بېسىۋالدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم مۇشۇنداق قىلىپ زىيان تارتقانىدى. مۇبادا كەۋسەر بۇگۈنمۇ قېيىش قىلىۋېتەك بولۇۋالسا، ئاسانلىقچە گەپكە كىرگۈزەلمەيتتى. نەتىجىدە كەۋسەرنى ئېلىپ كېلىشنى ئالاھىدە تاپشۇرغان ئەتىۋارلىق باشلىقنىڭ كۆتكەن يېرىدىن

چىقالمايتتى.

— رەنجىمىگىن، كۆڭلۈڭگە ئازار بېرىپ قويدۇم. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، ئىدارە باشلىقى بولماقمۇ ئاسان ئەمەسكەن. مۇشۇ بىر قېتىم مەن بىلەن بىللە بارغىن، ساڭا ۋەدە بېرەي. چوقۇم بۇرۇن قايتىپ كېلەيلى، بۇگۈنكىسى ئالاھىدە ئەھۋال بولمىغان بولسا سېنى بېرىشقا زورلاپ تۇرۇۋالمايتتىم.

— بارمايمەن.

— ئۇنداق جاھىللىق قىلما، مېنىمۇ ئويلاپ قوي!

— بارمايمەن دېدىم بارمايمەن.

— سەندىن خۇش...... خۇش بولۇپ كېتەي......

— سەن...... نېمانداق قىلىسەن؟ بارغانسېرى ئۆزۈڭگە ئوخشىماي قېلىۋاتىسەنغۇ؟

— ئەر - خوتۇنلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغۇڭ بولمىسا، ئەمىسە دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىل، كەۋسەر!

— بولدى، ئەمدى گەپ قىلما!

— جېنىم كەۋسەر، گېپىمنى ئاڭلا، مېنى بۇنداق تار يەردە قىستىما! ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىسام بولمايدۇ......

— باشقىلاردىن كۆرە، ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ھۆرمەتلەشنى بىلگىن، سەدىردىن!

— سەندىن خۇش بولاي دېدىمغۇ، كەۋسەر......

— ماقۇل، سەن بىلەن بىللە باراي!

كەۋسەر ئىلاجسىز شۇنداق دېدى - يۇ، نېمىشقىدۇر كۆز چانىقىغا كېلىپ قالغان ياشنى چىقارماسلىققا تىرىشتى. بىراق، بىر قۇر ياسىنىپلا سەدىردىن بىلەن ماشىنىغا چىققاندا، ھېلىقى ياش كۆز چاناقلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك دوملاپ چۈشتى.

كەۋسەر ھەشەمەتلىك رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرىپلا بۈگۈنكى سورۇننىڭ ھەقىقەتەنمۇ سەدىردىن بايا دېگەندەكلا

مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى. ساناقلىق نامدارلارنىڭ ئەتراپىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پايپېتەك بولۇۋاتقانلار كۆپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە دەرىجىسىمۇ ئىلگىرىكىدىن يۇقىرى ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا سەدىردىنگە ئوخشاشلارنىڭ ئانچە بەك ئەتىۋارى بولمىغان بىلەن، كەۋسەردەك گۈزەللەرنىڭ قەدرى بۈگۈنمۇ ئىلگىرىكىدەكلا يۇقىرى بولىدىغاندەك قىلاتتى. سورۇننى بارا - بارا خۇشامەتچىلىكنىڭ سۈنئىي پاراڭلىرى قاپلاپ كەتتى. ھەممە كۆزلەر ۋالىيغا ھەم ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغانلارغا تىكىلگەنىدى. بىرەر باھانە ئارقىلىق ئۇلار بىلەن بىرنەچچە كەلىمە بولسىمۇ پاراڭلىشىش پۇرسىتىنى ئىزدىشەتتى. بىراق، بۇنداق ياخشى پۇرسەت بەكمۇ ئاز كىشىلەرگە نېسىپ بولۇۋاتاتتى. بىر چاغدا يەپ - ئىچىش پەسكويغا چۈشۈپ تانسا باشلاندى. مېھمانلارنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، قەلبىگە ئالاھىدە خۇشاللىق سىڭىپ كىرگەچكە، ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە كۈلكە پارلايتتى. كەۋسەر ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپلەردىن، دوختۇرخانا ۋە سەنئەت ئۆمەكتىن يۇقىرى تەلەپ ئارقىلىق تاللاپ كېلىنگەن قىز - چوكانلارنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھېلىقى ئەتىۋارلىق باشلىق بىر قاراپلا تونۇۋېلىپ تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئەتىدىن بېرى ئۇ سورۇننى قىزىتىش ھەم ۋالىينىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن پايپېتەك بولغىنىغا قارىماي ھاراقنى بولۇشىغا ئىچكەچكە، ئاۋۋالقىدەكلا كېكەچلەپ گەپ قىلىدىغان ھالغا كېلىپ بولغانىدى. كەۋسەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە خۇددى پاشا گىڭشىلدىغاندەك دېگەن گەپلىرىدىن «سەدىردىننىڭ ئىستىقبالى پارلاق» دېگەنگە يېقىنراق مەنىنى ناھايىتى تەستە ئىلغا قىلالىدى. كېيىن ئەتىۋارلىق باشلىق ئادىتى بويىچە كەۋسەرنىڭ بارمىقىنى سىقتى. كەۋسەرنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئاۋۋالقىدەكلا تىكەنلەشتى. ئۇ ئۆزىنى تونۇر ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بەكمۇ ئازابلىق ھېس

قىلىشقا باشلىدى. ئەتىۋارلىق باشلىق ئارىلاپ سەدىردىنگە قاراپ قويىاتتى. بىر چاغدا كەۋسەرمۇ ئىختىيارسىز هالدا سەدىردىنگە «مېنى ئازابتىن قۇتقۇزۇۋال» دېگەندەك ئەلپازدا قارىدى، قارىدى-يۇ، شۇئان ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتتى. چۈنكى، سەدىردىن ئۆزىنىڭ ئورنىدا شۇنچە خاتىرجەم، شۇنچە خۇشال هالدا چېچىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا خۇددى لەگمەن خېمىرىنى پىلتا قىلغاندەك تۈرمەللىۋالغان زىلۋا بوي، نازاكەتلىك ئايال بىلەن تانسا ئويناۋاتقان ۋالىيغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ رەڭدار قويۇنلارنىڭ ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقاۋاتقان بۇ كۆرۈنۈشكە شۇنچە ھەۋەسلىنىپ قاراپ كەتكەن ئىدىكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كەۋسەرگە قاراشقا ھەپىسلىسى يوقتەك ئىدى. ئىنسانلار مۇشۇنداق ئىدى، بەزىلەرنىڭ ئىلكىدە خار بولغانلار، يەنە بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە تۇتىيادەك قەدىرلىنەتتى. ئۇنىڭغا قارشى ھالدا بەزىلەرنىڭ ئىلكىدە قەدىرلەنگەنلەر، يەنە بەزىلەرنىڭ ئىلكىدە خارلىناتتى. مۇزىكا ئۇيۇقنىڭ لېۋىنى سۆيگەندەك جۇلالىنىۋاتقان نۇر تالالىرىنىڭ باغرىدا شۇنچە لەرزان داۋام قىلىۋاتاتتى. تانسىنىڭ ئايلانما قەدەملىرى ئاخىر كەۋسەرنى تالجىقتۇرۇۋەتتى. ئەتىۋارلىق باشلىق تېخىچىلا ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە بىرنېمىلەرنى دەپ گۇڭگۇلدايتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ھاراقنىڭ تەسىرىدىن يۇمۇلۇپ بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتكەن كۆزى كەۋسەرنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورسىقىغا چۈشتى - دە، بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ھاياجىنى ئاستا - ئاستا پەسەيدى. بىلگەندەك شۇ ئەسنادا مۇزىكا ئاخىرلاشتى. كەۋسەر قارچىغىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان تومۇچۇقتەك چاققانلىق بىلەن ئەرلەرنىڭ نەزەرىدىن يىراق بولغان ئورۇندا ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئەتىۋارلىق باشلىق ۋالىينىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھە دەپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئەتىدىن بېرى پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇرغان

سەدىردىن چاققانلىق بىلەن قولىغا رومكىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ۋالىيغا كۆڭۈل قويۇپ دېدى:

— ئۆزلىرىنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي خىزمەتلىرىمىزنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەنلىكلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن، بۇ بىز ئۈچۈن زور ئىلھام ۋە مەدەت!

خېلى ئىلگىرى قايىسدۇر بىر سورۇندا بىرسىدىن ئۆگىنىۋالغان بۇ گەپ سەدىردىننىڭ ئېسىگە دەرھال چۈشكىنى جايىدا ئىش بولدى. بايا ۋالىيغا هاراق تۇتۇشنى ئويلىغاندا بۇ گەپنى دېيىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، قىسقىسى ئۇ ۋالىيغا ئەل قاتارى كۆڭۈل ئىزهار قىلىشنىلا ئويلىغانىدى. شۇ تاپتا مۇشۇ گەپنى جايىدا قىلغانلىقىدىن ئۆزىچە سۆيۈنۈپ قالدى. ئۇنىڭغا يارىشا ئەتىۋارلىق باشلىقمۇ قاراپ تۇرمىدى:

— ئىسمى سەدىردىن، — دېدى ئۇ ۋالىيغا سەدىردىننى تونۇشتۇرۇپ، — دېهقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. ناهىيە-مىزدىكى ياش تايانچلارنىڭ ئىچىدىن تۇنجى قاراردا ئۆستۈرۈلگەن ئىستىقباللىق ياش، ئىلگىرى ناهىيەمىزدە دېهقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئالاهىدە تۆھپە ياراتقان......

سەدىردىن ئەتىۋارلىق باشلىقنىڭ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ قىلغان بۇ گەپلىرىدىن قەۋەتلا رازى بولدى. بىر هېسابتا سەدىردىننىڭ مۇشۇ كۆنگىچە كۆرسەتكەن ساداقىتىگە ئەتىۋارلىق باشلىق ناهايىتىمۇ كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، سەدىردىن كۆڭلىدە ئۇنى «قىلغاننى بىلىدىغان ئادەمكەن» دەپ قالدى. ئارىدا ئەتىۋارلىق باشلىق ئۆز ئالدىغا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن كەۋسەرنى ئىزدىدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، مۇبادا كەۋسەر يېنىدا بولغان بولسا ۋالىيغا تونۇشتۇرىدىغاندەك قىلاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەتراپقا بوينىنى سوزۇپ قاراۋاتقانلىقىدىن كۆڭلىدىكى بۇ خىل ئويىنى دەرھال

بىلــگەن ســەدىردىن كەۋســـەرنىڭ يېنىـــدا بولمىغانلىقىـــدىن ئەپسۇسلاندى. شۇنداقتىمۇ ۋالىـي سـەدىردىن بىـلەن بىـر رومكـا سوقۇشــتۇرۇپ ئۇنىــڭ كــۆڭلىنى قوبــۇل قىلــدى. مۇزىكــا يەنە ياڭرىـدى، كىمـدۇر بىرسـىنىڭ زورى بىـلەن چەتتىكـى ئورۇنـدىن ئاياللار توپىغا ئەمدىلا كىلىپ ئولتۇرغان كەۋسەرنى ۋالىـي تانىسغا تــارتتى. ئەمەلىيەتــتە بــۇ كۆتۈلمەســلىكمۇ ئەمەس، شــۇنىڭدەك ۋالىينىــڭ كــۆز ئالدىــدىكى شــۇنچە كــۆپ ئاياللارنىــڭ ئىچىــدىن كەۋسەرنى ئالاھىدە تاللىغانلىقىمۇ ئەمەس، بەلكى تاسادىپىي تـوغرا كېلىپ قېلىش ئىدى. بىراق، سورۇندىكى مېھمانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنــداق ئويلىمىـدى. تۇرمۇشـنىڭ تەرتىپـى شـۇنداق بولـۇپ، كـۆپ ھـاللاردا مـۇھىم ھەم ئەتىۋارلىـق كىشىلەر ئۆزىـمۇ سـەزمىگەن ھالـدا باشقىلارنىڭ نازارىتىگە چۈشۈپ قالاتتى. ئەتراپىـدا كـارامەت ئىشلار يۈز بېرىۋاتـسا ئۇنىـڭ بىـلەن چـاتىقى بولمـاي، ئۆزلىرىنىـڭ خاتـا سـېزىمىگە ئەگىــشىدىغان بىــر قىــسىم كىــشىلەر ھەمــمە يەردىـــن تېپىلاتتى. مانا، ۋالىينىڭ كەۋسەرنى تانـسىغا تارتىـشىدەك تەبىئىـي ئىـشقا ئەتـراپتىكىلەر ھەر خىـل تەبىـر بېرىـشكە باشلىدى. بەزىـلەر بـۇنى كەۋســەرنىڭ مۇشـۇ سـورۇندىكى ئايالارنىــڭ ئەڭ گــۈزىلى بولغانلىقىــدىن دېــسە، بەزىــلەر ۋالىينىــڭ كــۆزى ھەقىقەتەنمـۇ ئۆتكـۈركەن دېيىــشتى. يەنە بىــر قىــسىملار بــۇ ئىشنى ئەتىۋارلىـق باشـلىق بايـا سـەدىردىننى ۋالىيغـا تونۇشـتۇرۇپ توغرىلىـدى دەپ قاراشتى. خەقنىـڭ ئـاغزىنى توسـۇۋالغىلى بولاتتىمـۇ، ئـۇلار قانـداق ئويلىغۇسـى كەلـسە، قانـداق دېگۈسـى كەلـسە ئىككـى تەرىـپىگە قارىماي دەۋرىدۇ. ئەپسۇس، بۇنداق دەتالاشلاردا كـۆپىنچە ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنىغاچقا، ھەقىقەتنـى ياقىلىغۇچىلار بىھۇدە ئازار يەپ قالىدۇ. دېگەندەك كەۋسەرمۇ مۇشۇنداق ئـاقىۋەتكە دۇچ كەلـدى. نـۆۋەتتىكى تانـسا تۈگىــشىگىلا دەسـلەپتە ئايـاللار توپىــدا، كېيىـن ئەرلەر توپىــدا گــۇدۇڭ ـ گــۇدۇڭ باشــلاندى.

ھەممىدىن بەكرەك پىچىرلىغۇچىلار بايا ۋالىي كەۋسەرنى تانسىغا تارتقانىدا، كەۋسەرنىڭ گۈزەللىكىگە ئەزەلدىن ئىچى تارلىق قىلىدىغان چوكانلار بولدى. دېمىسىمۇ كەۋسەر ئىنغىرئاياغ ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئۆزىگە خاس بولغان گۈزەللىكىنى، كەم تېپىلىدىغان نازاكىتىنى يوقاتمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ بوگۈنكى بۇ كاتتا سورۇنغا ھەر خىل پاسوندا ياسىنىپ كېلىشكەن قىز-چوكانلار ئارىسىدا بەئەينى يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلنىڭ بەرگىدەك جۇلالاپ تۇراتتى. سەدىردىن ھېلىھەم ئەتىۋارلىق باشلىقىنىڭ بايىقى ماختاشلىرىدىن مەستخۇش بولۇپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا كەۋسەرنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋاتقان كۈس - كۈس گەپلەر سەدىردىننىڭ پەرۋايىغا كەلمەيتتى. كەۋسەرنى ئويغا سالىدىغان بۇنداق گەپلەر ئىلگىرىكى سورۇنلاردىمۇ بولغانىدى. ئەتىۋارلىق باشلىقىنىڭ ئۆزىنى تەكرار تانسىغا تارتىشىغا سەدىردىننىڭ سورۇندىكى خۇشال كەيپىياتىنى باغلاپ، قۇلاقتىن - قۇلاققا كۆچىدىغان بۇنداق تېتىقسىز گەپلەرگە كەۋسەر بىردەم جىم بولۇپ قېلىشتىن باشقا بوگۈنكىدەك ئازابلانمىغانىدى. بوگۈنكىسى خېلىلا چەكتىن ئېشىپ كەتكەچكە، كەۋسەر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىۋالدى. شۇ تاپتا ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىلار قاتار تىزىلغان ئازادە مەيداننىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە ئۆز ھالىچە پاراڭلىشىۋاتقانلارمۇ كەۋسەرگە خۇددى ئۆزىنى ئەيىبلەپ كۇسۇرلىشىۋاتقاندەكلا كۆرۈندى. ئەمدى بۇ يەردە يەنە تۇرۇۋېرىشكە تاقىتى قالمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، تېز - تېز قەدەم ئېلىپ كوچىغا چىقتى. خېلى بىرمەھەل بولغاچقا، كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ۋېۋىسكىلىرىدا ئالىيېشىل چىراغلار ۋاللىداپ تۇرغان قاۋاقلارنىڭ ئالدىلىرىدا مەستلەر كەلسە- كەلمەس ۋارقىرىشىپ، ئەلەڭ - سەلەڭ مېڭىشىپ يۈرەتتى. كەۋسەر پىيادىلەر يولىدا تېز قەدەم ئېلىپ كېتىۋېتىپ ئارىلاپ كەينىگە قاراپ قوياتتى. گەرچە كوچىدا، يەنە كېلىپ كېچىدە تەنھا مېڭىپ

كۆتۈلمىگەندە بىرەر پېشكەلچىلىككە يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىسمۇ، يەنە بىر ھېسابتا ئۆزى راۋا كۆرمەيدىغان بىر قىسىم مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا زورلىنىدىغان سورۇندىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇش ئىدى. كەۋسەر شۇ يوسۇندا كېتىۋېتىپ سەدىردىننى خىيال قىلاتتى. سەدىردىننىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئىلگىرىكىدەك ئاتتىن چۈشىسمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان روھىي غالىبىيەتچىلىك خۇلق - مىجەزىنىڭ ئەمدى نەگىدۇر يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بەئەينى خامېلېئوندەك ھەر خىل ئۆزگىرەلەيدىغان خۇسۇسىيەت يېتىشتۇرگەنلىكىگە بەكمۇ ئېچىناتتى. دېمىسىمۇ سەدىردىن يېقىندىن بېرى ئائىلىدە ھەم ئىدارىسىدە ئىلگىرىكىدەك روھى ئۇستۇن، گاھىدا تېخى تەكەببۇر، چوڭچى بولۇۋالىسمۇ، بۈگۈنكىدەك كاتتا بولمىسىمۇ ئەتىۋارلىق باشلىق ئىشتىراك قىلغان ئادەتتىكى پائالىيەتلەردىمۇ خۇددى قويدەك ياۋاش، كۆندۈرۈلگەن كۈچۈكتەك ئىتائەتمەن ئىدى. سەدىردىندىكى بۇ يېڭىلىق يېقىندىن بېرى كۆرۈلۈۋاتقان يېڭىلىقلار ئىچىدە ئالاھىدە ئىدى. ئويلىغانسېرى كەۋسەرنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ھەرھالدا ئۆيگە سالامەت قايتىپ كەلدى. خىلىدىن كېيىن پەيدا بولغان سەدىردىن ئىشىكتىن كىرىپلا، كەۋسەرنىڭ سورۇندىن غىپپىدە يوقاپ كەتكىنىنى ئەيىبلەپ كەتتى:

— بۇ...... بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ مۇشۇنداقمۇ قاملاشمىغان ئىش قىلامسەن؟ يۈزۈمنى مۇشۇنداقمۇ تۆكەمسەن؟

— نېمە؟ سورۇندىن بۇرۇنراق قايتىپ كەلگىنىم سېنىڭ يۈزۈڭنى تۆككىنىم بولامدا؟ گەپنى ئويلاپراق قىل! بارمايمەن دېسەم ئۆزۈڭ زورلىدىڭ، ساڭا باشتا دېگەنىدىمغۇ، مېنىڭ ئۇنداق سورۇنلار بىلەن خۇشۇم يوق دەپ!

— ھەممە ئىش سېنىڭ رايىڭچە بولسا بولامتى، مېنىڭ رايىم ھېساب ئەمەسما؟ سەن قائىدە سۆزلىگىلى بەك ئۇستىغۇ، قېنى

دەپ باقە! مېھمان كۈتۈلۈۋاتقان سورۇندىن ئۆزۈڭچىلا چىقىپ كەتسەڭ رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟

— قايتىپ كەلمەي خەقنىڭ مەسخىرىلىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرسام بولامتى ئەمىسە؟ سەن قولىقىڭنى يوپۇرۇپ ئولتۇرغىنىڭ بىلەن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن!

كەۋسەرمۇ بوش كەلمەي، سەدىردىننىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىگە تېگىشلىك جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، بىراق سەدىردىن ئۆزىنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ كەۋسەرنى ئەيىبلەۋەردى. بارغانسېرى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەۋسەرنىڭ سورۇندىن قايتىپ كېلىشىنى ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، ئۆزبېشىمچىلىق قىلىش، ھەتتا رەھبەرلەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ كېتىشى، سەدىردىننىڭ ھالىغا ئېچىنىپ زەردىگۈش بولۇۋاتقان كەۋسەرگە ئۇستىلەپ زەربە بولدى. ئىككىسى خېلىغىچە زاكونلاشقان بولسىمۇ بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كەۋسەر مەكتىپىگە مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، سەدىردىن ئاخشامقى ئىشنى يەنە تىلغا ئالدى. ئەلپازىدىن قارىغاندا ھازىرغىچە ئاچچىقى يانمىغاندەك قىلاتتى. كەۋسەر كۆڭلىگە ئاراملىق ئىزدىدى بولغاي، زۇۋان سۈرمەيلا چىقىپ كېتىۋەردى. سەدىردىننىڭ كۆڭلىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. گەرچە ئاخشام كەۋسەرنىڭ سورۇندىن كېتىپ قالغانلىقى چوڭ ئىش بولمىغان بىلەن، سورۇننىڭ ئاخىرىسىدا ئەتىۋارلىق باشلىق كەۋسەرنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، خاپا بولغانلىقىنى كىچىك ئىش دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەدىردىن مۇۋاپىق پۇرسەتتە باشلىقلارغا ئوخشاش كەۋسەرنى كەينىگە سېلىپ بېرىپ، ۋالىيغا ھاراق تۇتۇپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشنى ئويلىغانىدى. سورۇننىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا شۇنداق ياخشى پۇرسەتمۇ كەلگەنىدى. بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ئۇنىڭغا ئەتىۋارلىق باشلىق

توغرىلاپ بەرگەن بىلەن، گېزى كەلسە ئۆزىدەك ئىدارە باشلىقىدىن نەچچىسى بۇنداق كاتتا سورۇننىڭ ئەتراپىغىمۇ يېقىن كېلەلمەيتتى. خەق شۇنچىلىك قەدرىنى قىلىۋاتقان يەردە، ئىككىسى ئۇنىڭ كۆڭۈل رايىغا باقمىسا، تاپشۇرۇقنى بەجانىدىل ئورۇنلاپ، ھەر ۋاقىت ساداقىتىنى ئىپادىلەپ تۇرمىسا بولمايدۇ ـ دە! سەدىردىن ئويلىغانسېرى كەۋسەرگە شۇنچە غەزەپلىنەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېيىنكى بىرنەچچە كۈندىمۇ بېسىلمىدى. شۇڭا، كەۋسەر ئارىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىششقا ئالدىراۋاتاتتى.

كەۋسەر تۈنۈگۈن مەكتەپتىن ھارغىن ھالدا قايتىپ كەلگەندە، سەدىردىن كارىۋاتتا يوتقانغا يۆگىنىپ ياتاتتى. يېقىندىن بېرى كۈندۈزلىرى سىرتلاردا ئالدىراش بولسا، ئاخشاملىرى بىرمەھەلگىچە سورۇنلارغا قاتنىشىپ چارچىغانلىقتىن زۇكام بولغانىدى. كەۋسەر سەدىردىن بىلەن پاراڭلىشىدىغان پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنـ ـلىكىنى ھېس قىلىپ تاماقنى ئالدىراپ ئەتتى. دېمىسىمۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كەۋسەر قورسىقىدىكى ھامىلىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. ھەر قېتىم سەدىردىنىدىن رايى يانغاندا بالىنى تۇغۇشقا بولغان ئىشەنچىسى شۇنچە ئاجىزلىشاتتى. «سەدىردىن بىلەن ئۆي تۇتۇشقا كۆزۈم يەتمىسە، بۇ بالىنى تۇغۇپ بەختسىز قىلغاندىن كۆرە، ئاچام ئېيتقاندەك، ۋاقتىدا ئالدۇرۇۋەتكىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلايتتى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا كۆڭۈلسىزلىك ئۇرۇقى چېچىلغاندىن بېرى كەۋسەرنىڭ مەۋقەسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان بىلەن، سەدىردىن كۈنسېرى ئۆزگىرىپلا تۇرۇۋاتاتتى. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى شۇ دەرىجىگە يەتكەندىمۇ كەۋسەرنىڭ يەنىلا سەدىردىن بىلەن پاراڭلىششنى كۈتۈپ كېلىۋاتقانلىقى ماھىيەتتە سەدىردىنگە پۇرسەت بەرگىنى ئىدى. تاماقتىن كېيىن:

ــ خېلىدىن بېرى مەن بىلەن ئوبدان بىر دېيىششنى كۈتۈپ

كېلىۋاتاتتىلىڭ، قېنى ئەمدى دېيىشەيلى، — دېدى سەدىردىن خۇددى كەۋسەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا. گەرچە بۇ گەپنى ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان سوغۇق تەلەپپۇزدا ئېيتقان بولسىمۇ، كەۋسەر يەنىلا خۇش بولدى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، بۇنداق يۈرۈۋەرسەك ھەر ئىككىمىزگە ياخشى ئەمەس. زۆكامىدىن ساقىيىپ ئورنۇڭدىن تۇرساڭ يەنە ئالدىراش بولۇپ كېتەرسەن ھەقاچان، — دېدى كەۋسەر دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاندىن ياندىكى ئورۇندۇقنى تارتىپ سەدىردىننىڭ ئۇدۇلىغا قويۇپ ئولتۇردى.

— ئاۋۋال سەن گېپىڭنى دېگىن، مەن ئاڭلاپ باقاي،— دېدى سەدىردىن كارىۋاتتا ئۇدۇلىدىكى دېرىزىدىن ھويلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ.

— ئاۋۋال مەن ئەمەس، سەن دېيىشىڭ كېرەك. باشتىلا سېنىڭ ماڭا پىكرىڭ بار ئىدىغۇ!؟ شۇڭا، ئاۋۋال سەن دېگىن.

ئىككىسى شۇ يوسۇندا سۆزلەش نۆۋىتىنى بىر - بىرىگە «خوش» ئېتىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەتتىكى رەسمىيەت بولماستىن، شەكلى ئۆزگىچە تىركىشىش ئىدى. ئارىدىكى زىددىيەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇللانى مەركەز قىلىپ پەيدا بولغانلىقى ھەم تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى باسقۇچقا يەتكەنلىكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئېسىدە ئىدى. شۇڭا، كەۋسەر كۆڭلىدە: «مەن باشتا دېگەندەك ئابدۇللانىڭ گۇناھسىزلىقى ئىسپاتلانغاندىكىن، مېنىڭ يەنە چۈشەندۈرۈشۈم ئارتۇقچە» دەپ ئويلىسا، سەدىردىن: «كەۋسەرنىڭ غېنى بىلەن يېتىلىشىپ يۈرگەنلىكى، ئۇنى يەرگە قارىتىدىغان ئەڭ ئەجەللىك پاكىت» دەپ ئويلايتتى. سەدىردىننىڭ يەنە بۇنىڭدىن باشقا، «كەۋسەر ھازىرقى توققۇزى تەل ئائىلىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەسلىكى مۇمكىن» دېگەن ئۈمىد - گۇمانىمۇ بار ئىدى. ئاخىر كەۋسەر ئېغىز ئېچىپ ئابدۇللانى چالا - بۇلا تىلغا ئېلىپلا،

ئارقىدىن سەدىردىنىڭ ئەمەل تۇتقانىدىن كېيىنكى چاكىنىلىقنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھېلىقى ئۇمىدىنى ئاسانلا بەربات قىلىۋەتتى. قارىغانىدا يېقىنىدىن بېرىقى ئۆزگىچە تۇرمۇش كەۋسەرنىڭ ئىلگىرىكى مەۋقەسىنى دەسلەپتە ئازراق ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، كېيىن ئەسلىگە قايتۇرغانىدەك قىلاتتى. كەۋسەرنىڭ ھازىرقى پوزىتسىيەسى سەدىردىن ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ يامانلىقتىن بېشارەت ئىدى.

— سەن ئارىمىزدىكى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشىشقا شۇنچە ئالدىرىشمىدىكى سەۋەبىنى بىلسەڭمۇ، قەستەن بىلمەسكە سالدىڭ. كۆنىدۈزى خىزمەت، كەچلىرى مېھماندارچىلىق دەپ ۋاقىت ئۆتىۈۋەردى. مانا قورسىقىمدىكى ھامىلە چوڭىيىۋەردى. ساڭا دېسەم، مېنىڭ كەلگۈسىدە بەختسىز بولۇپ قالىدىغان بالىغا ئانا بولغۇم يوق! كەلگۈسىگە ئىشەنچ قىلالمىسام ھامىلىنى دەرھال ئالدۇرۇۋېتىمەن. سېنىڭ ماڭا ئېنىق جاۋاب بېرىدىغان ۋاقتىڭ ئاللىقاچان توشتى!

كەۋسەرنىڭ ئاخىرىدا كەسكىن تەلەپپۇزدا دېگەن بۇ گەپلىرى تەكەببۇرانە قىياپىتىدىن چۈشمەي ئولتۇرغان سەدىردىننى مەڭگىگە ئۇشتۇمتۇت تەگكەن تەستەكتەك ئېسەنگىرىتىۋەتتى. مۇبادا ئۇ ئەتىدىن بېرى تىترەپ ياتمىغان، يەنە كېلىپ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە بولمىغان بولسا، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ گەرچە كەۋسەرنىڭ تەرسالىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتسىمۇ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى.

— بولدى، ئەمدى بۇ گەپلەرنى دېمەيلا قوي! مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. ئەگەر بويۇڭدا بولمىغان بولسا مەنمۇ سەن بىلەن دېيىشىدىغان ۋاقىتنى بۇنچە كەينىگە سۈرمەيتتىم. ئارىمىزدا نېمە ئىش بولسا بولسۇنكى، «بالىنى ئالدۇرۇۋېتىمەن» دېگەن گەپنى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما!

— ماگـا سـىنىڭ بۇنـداق تەھـدىتىڭ ئەمەس، سـاداقىتىڭ كېرەك!

— نېمە، مەن ساگا سادىق بولماپتىمەنـما؟ توققۇزۇڭنى تەل قىلىپ بەردىم، يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولاتتى؟

— سەن ماگا ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىگىمۇ سادىق بولمايـ ـۋاتقىنىڭنى ھېس قىلمايۋاتامسەن؟ ئەمەلـدار بولـدۇم دەپ ھەممىنـى دوغا تىكسەڭ دۇرۇس بولامدۇ؟ سەن ئۇچۇن ئاشـۇ ۋاقىتلىـق ئەمەل مەندىنمۇ مۇھىممىدى؟

— ھەرقانچە بولسىمۇ سەندەك قىلمىدىم......

— مەن نېمە قىپتىمەن؟

— يەنە نـېمە قىلـساڭ بـولاتتى، مەن ۋىلايەتـكە ئۆگـىنىـشكە كەتكەنـدە غېنـى قـارا بـىلەن ئاقتاشـىنىڭ بۇلـۇڭ - پۇچقاقلىرىـدا، ھەتتا ئايتاغدا يېتىلىشىپ يۈرگىنىڭ ھېساب ئەمەسما؟ سـىنىڭ ماگـا ۋاپا، ساداقەت ھەققىدە گەپ قىلىشقا سالاھىيىتىڭ بارمۇ زادى؟

— سـەن...... — كەۋسـەر غەزەپـتىن تىتـرەپ گېپىنـى داۋاملاشـتۇرالمىدى. ئورنـىدىن قانداقلارچە تۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ سـەزمەي قالـدى. ئۇنىڭغـا سـەدىردىنىڭ غېنـى سـاقچىنى تىلغـا ئالغـانلىقىلا ئەمەس، مـۇھىمى گەپ - سـۆزىدىكى مەسـخىرىلىك تەلەپپۇزى بەكمۇ ھـار كەلـدى، — بـۇ ھەقـتە مەنـدىن بـۇرۇنراق سورىساڭ بولماسمىدى؟ — دېدى كېيىن غەزىپىنى ئارانلا بېسىپ، — مەن غېنىكام بىلەن ئابدۇللانىڭ ئىشى توغرۇلۇق كۆرۈشتۇم. ئايتاغقـا گۇۋاھچى بالىنى ئىزدەپ باردۇق شۇ، بـۇ ئىشىنىڭ سـەن ئەقلىڭـگە سىغدۇرالمىغۇدەك غەيرىي يېرى يوق!

— سەن دېلو تەكشۈرىدىغانغا ساقچىمىدىڭ!؟ غېنـى قارىنىـڭ بۇرۇندىن تارتىپ سېنى نىشانلاپ يۈرۈۋاتقانلـىقىنى مەن بىلمەمدىم؟ سېنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا دوپپامغا مۇشۇنداق جىگدە سالىدىغانـ ـلىقىڭنى ئاللىقاچان پەملىگەنمەن.

ــ ئابدۇللانىڭ گېپى بېسىقتۇردى، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىغا غېنىكام قوشۇلدىمۇ؟ مۇشۇنداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىشتىن ئۇيالمامسەن؟ مېنى بەك كۆڭلىگىلىك بولسا ئابدۇللا بىلەن غېنىكامـ ـدىن ئەمەس، يامان نىيەتتى قىلىقلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان ھېلىقى ئەتىۋارلىقلىرىڭدىن كۆڭلىسەڭ بولماسمىدى!

ــ يەنە شۇ گەپما؟ خەق مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ ئەتىۋارىڭنى قىلدى شۇ!

ــ ئەمەل ـ مەنسەپ ئالدىدا خۇدۇڭنى يوقىتىپسەن، مەن سەندەك ئار ـ نومۇسنى يوقىتىپ، ئەمەلنىڭ قولى بولۇشقا چىدايدىغان پەسكەش ئادەملەردىن بەكمۇ يىرگىنىمەن. بىز ھەرگىزمۇ بىللە ئۆتەلمىگۈدەكمىز، مەن بالىنى ئالدۇرۇۋېتىمەن، بىز چىرايلىق ئايرىلىپ كېتەيلى......

ــ قىلىدىغانىنى قىلىپ بولۇپ غىپپىدە تىكىۋەتمەكچىما؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! سەن ئەزەلدىن مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي كەلدىڭ. داداڭمۇ ئاتا ـ ئانامنى كۆزىگە ئىلمىدى، ئۇزاقتىن بېرى چىداپ مۇشۇ يەرگە كەلدىم. ئەمدى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭنى بىر ـ بىرلەپ ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرىمەن...... بىلىپ قوي، ساڭا يېلىنىپ ئولتۇرمايمەن!

سەدىردىنىڭ بۇ گېپى كەۋسەرنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. كۆز ئالدىدا ئەقىدە بىلەن ئىخلاسنىڭ جەلپكار گۈل ـ چېچەكلىرى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. كاللىسىدا يەر تەۋرىگەندەك، كائىناتنى تىمتاس قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە ئالغاندەك، قۇياشنى ھېلىقى قارا ئۆككۈر سۈمۈرۈۋاتقاندەك قورقۇنچلۇق سىېزىم پەيدا بولدى. بەلكىم غازلىق كەنتىدىكى ئۆيىدە ئانىسى زۇلەيخاندىن تەۋررۈك بولۇپ قالغان ئەتىۋارلىق جانان چىنىلەر سۇنۇپ پارا ـ پارە بولدىمىكىن. زۇلەيخان ئۆز ۋاقتىدا سەدىردىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، كەۋسەرنى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا ئۇندىگەنلىكىگە باقىي

ئالەمدە پۇشايمان قىلىپ روھى قورۇندىمىكىن......

— ئاخىر ئەپەت - بەشىرەڭنى ئاشكارىلىدىڭ، بىز دەرھال ئاجرىشىپ كېتەيلى. دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، مېنى تېزرەك يولۇمغا سېلىپ قوي!

ئەمەلىيەتتە سەدىردىن ئاچچىقىغا پايلىماي بايىقى گەپلەرنى دەپ سالغىنىغا ئارقىدىنلا پۇشايمان قىلغانىدى. ئەمەل - مەنسەپ تۇمانلىرى ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىنى خىرەلەشتۈرگەچكە، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپ - سۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايتتى. ئۆزگىرىشچان سەدىردىن كەۋسەرگە بۇگۈن كەچتە، ھېچ بولمىسا ئەتە ياكى ئۆگۈن (چوڭ تەنزىدىكى سورۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى)لا يېلىناتتى. دەرۋەقە، سەدىردىن شۇنچە قىسقا ۋاقىتتا ئەتىۋارلىق باشلىقىنىڭ: «ئىقتىدارلىق دەپ سىزگە چوڭ بىر ئىدارىنى تۇتقۇزغانمەن. ئايالىڭىزنى ئېلىپ كېلىشكە كۆچىڭىز يەتمىسە، قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى قانداق باشقۇرىسىز؟» دېيىشىنى ئويلاپ ئۆلگۈرگەنىدى. شۇڭا، ئەمدى سەل ھوشىنى يىغىپ مۇداپىئەگە ئۆتمەكچى بولدى:

— بالا يالغۇز سېنىڭلا ئەمەس، ھەر ئىككىمىزنىڭ بالىسى. ئۇنى ئالدۇرۇۋېتىشىڭگە ھەرگىز يول قويمايمەن! بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھەل قىلالمىغۇدەك زىددىيەت يوق.

— بالىنى ئالدۇرۇش - ئالدۇرماسلىق ئۆزۈمنىڭ ئىشى، سېنىڭ چاتىقىڭ بولمىسۇن!

— بۇنداق ئۆزبېشىمچىلىقىڭنى قاچانمۇ ئۆزگەرتەرسەن؟ بىر بالىغا ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغاندىمۇ جاھىللىق بىلەن تاكاللىشامسەن؟ بوپتۇ، مەن ئەركىشى بولغاندىكىن ئېغىرراق بولاي......

— ئەمدى بۇ گەپلىرىڭنى قوي، مەن ھەممىنى چۈشەندىم. ئەگەر كېيىنكى كۆنلەردە ھەقىقەتەنمۇ تارتقۇلۇقۇم بار بولسا، ئۇ

چوقۇم مېنىڭ دوستلۇقنى دەپلا سەن بىلەن توي قىلغان ھاماقەتلىكىمنىڭ كاپارىتى بولىدۇ، — كەۋسەر بۇ گەپنى شۇنداق ئۇرغۇلۇق ئېيتتىكى، تەلەپپۇزى قايسىدۇر دىرامىدىكى ھاياجانلىق بايانغا ئوخشاپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىسى قىلىشىدىغان گەپلىرى تۈگىگەندەكلا جىمىپ كېتىشتى. ئىككىيلەننىڭ باشتىكى ئەلپازىغا نىسبەتەن بۇ تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ھالەت ئىدى. كەۋسەر تېخى ھېلىلا سەدىردىنگە دەيدىغانىنىڭ ھەممىنى قالدۇرماي دەپ، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىشنى ئويلاۋاتاتتى. قىسقىسى، ئارىدىكى ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئاز گەپ كار قىلمايتتى. بىراق، گەپ شۇنداق تېز تۈگەپ، ئەمدىلىكتە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بىر ئېغىز گەپمۇ ئارتۇقلۇق قىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا سەدىردىن بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا ئۇخلاپ قالدى. قارىغاندا كەۋسەرگە قىسقا، ئەمما ۋەزنى ئېغىر گەپلەرنى دەپ قورسىقىنى بىر يولى بوشىتىۋالغاندەك قىلاتتى. قەلبى لەختە بولغان كەۋسەر سەدىردىننىڭ شۇنچە خاتىرجەم ھالدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ھالىتىگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ ھويلىغا چىقتى. ئەتراپ ئەتىيازنىڭ ئىللىق ھاۋاسىغا چۆمگەن بولسىمۇ، كەۋسەر توڭۇۋاتقاندەك شۈركىنەتتى. «قەلبىمنى زىمىستان قىش چىرمىۋالغاچقا توڭۇۋاتسام كېرەك» دەپ ئويلىغان كەۋسەر گەرچە ئۆزىنى سەدىردىننىڭ ئالدىدا ھەرقانچە ئىرادىلىك، غەيۇر كۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ يەنىلا نىكاھى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئاياللارغا ئوخشاشلا كۆڭلى ئاۋۋال يېرىم بولدى. ھەرقانداق ئىشنى ئېغىزدا دېيىش ئاسان بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە باشقا كەلگەندە ئادەم مۇشۇنداق تەمتىرىمەي قالمايدۇ. كەۋسەر مۇشۇ سائەتكىچە بۇ كۆڭۈلسىز نىكاھنىڭ تەقدىرىدىن ۋايىم يېمەي «مەيلىڭ بولسا مەيخانە، چىلىم بولسا

سەيخانە» دېگەندەك، بىپەرۋا پوزتسىيە تۇتۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مانا ئەمدى تەسەۋۋۇر كۆزى كەلگۈسى ھايات يولىدىكى قاراڭغۇلۇقنى كۆرۈپلا روھى قاغجىرىغاندەك بولدى. كەۋسەرنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىغا پۇشايمانلا ئەمەس، سەدىردىنگە قىلغان ئەقىدىسىمۇ جەملەنگەن ئىدى. كەۋسەر يىغلىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە ئابدۇللا ئاقلانغاندىكىن سەدىردىن ئىلگىرىكى خاتا قارىشى ئۈچۈن كەۋسەردىن كەچۈرۈم سورىسا توغرا بولاتتى. بىراق، سەدىردىن ئۇنداق قىلىش تۈگۈل، ئەمدى غېنىي ساقچىنى چىشلەپ تارتىپ، كەۋسەرنى سۇدىن ئېلىپ، ئوتقا تاشلىغاندەك ئىش قىلىۋاتاتتى. تۈن نىسپى بولغاچقىمىكىن، ئەتراپ گۆرىستان جىمجىتلىقىغا پاتقانىدى. كەۋسەرنىڭ خىيالى گادىرماچلىشىپ، ئويلىغانسېرى پىكرى چېچىلاتتى. ئۆيگە كىرىپ بېشىنى ئەدىيال بىلەن پۈركەپ يېتىپ باققان بولسىمۇ، كۆڭلى ھېچ جايىغا چۈشمەيۋاتاتتى. ئەسلىدە قورسىقىدىكى ھامىلىنى بۇرۇنلا ئالدۇرۇۋەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. سەدىردىن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ھاڭ پەيدا بولغىلى خېلى ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتنى توغرا دەڭسىيەلمەي مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئىنتىراپ چېكىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى بۇ ھالغا چۈشكەندىكىن، نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئەمدى قورسىقىدىكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتمىسە بولمايتتى. بۇ ئىشنى يەنە كېچىكتۈرسە ۋىجدان - غۇرۇرىغا، ئەقىدە - ئىخلاسىغا يۈز كېلەلمەيتتى.

كەۋسەر كېچىچە ھەسرەت چېكىپ كىرپىك قاقمىغان بولسىمۇ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئاخىر تاڭ ئاتتى. سەدىردىن بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتى. كەۋسەر مەكتەپكە كېتىۋېتىپ كونا كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. دوختۇرلار ھەر قېتىم تەكشۈرگەندە «قان ئازلىق ھەم كۆپ چارچاشتىن پەيدا بولغان» دەپ دىياگنوز قويىدىغان باش ئاغرىق كېسىلىگە زادىلا

داۋا تېپىلمايۋاتاتتى. ئىككىنچى سائەتلىك دەرستىن چۈشكەندە كەۋسەرنىڭ ھالى بىردىنلا بوشاپ كەتتى. مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بىرقىسمىلا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت بەردى. مۇدىر بىلەتتىنكى، كەۋسەرنىڭ باش ئاغرىق كېسىلى رەسمىي قوزغىلىپ قالىدىغان بولسا، ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي قالاتتى. ئۇ چاغدا ھەممەيلەن بىسەرەمجان بولاتتى. كەۋسەر سومكىسىدىكى ئاغرىق توختىتىش دورىسىدىن ئىككى تال يېۋېلىپ، دەرۋازا ئالدىدا ئازراق خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى. پىلانى بويىچە قورسىقىدىكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتمەكچى ئىدى. بىراق، دوختۇر: «يولدىشىڭىز كېلىپ قول قويمىسا بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. كەۋسەرنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي «تۈزۈم» نى پەش قىلدى. كەۋسەر بىردىنلا جىددىيلىشىپ ئۆزىنى خۇددى تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ نەپەس رىتىممۇ قالايمىقانلاشتى. ئۇ دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقىپ كوچىدا كېتىۋاتقاندا شەھەرنىڭ چېتىدىكى پۇقراۋى دوختۇرخانا خىيالىدىن كېچىپ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى. ئېسىدە قېلىشىچە، ئۆتكەندە بىر خىزمەتدىشىدىن ھامىلە ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولغان كۆپ قىسىم ئايالارنىڭ ئاشۇ پۇقراۋى دوختۇرخانىغا بارىدىغانلىقىنى، ئۇ دوختۇرخانىدا ئۇنداق ـ مۇنداق شەرتلەرنىڭ يوقلۇقىنى ئاڭلىغانىدى. كەۋسەر كۆڭلىدە «ھامىلىنى قانچە بالدۇر ئالدۇرۇۋەتسەم شۇنچە ياخشى» دەپ، ئىككىلەنمەيلا شۇ دوختۇرخانىغا كەلدى. بىراق، پېشقەدەم ئايال دوختۇر كەۋسەرنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

ـــ تېنىڭىز بەك ئاجىزكەن، بۇ ھالدا ھامىلىنى چۈشۈرسەك بەرداشلىق بېرەلمەيسىز، ـــ دېدى سەممىيلىك بىلەن.

ـــ قانداقلا بولسۇن ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتمىسەم بولمايدۇ. ماڭا

ياردەم قىلغان بولىسىز...... — دېدى كەۋسەر سەل جىددىيلىشىپ.
دوختۇر كەۋسەرگە بايىقىدىن بەكرەك سەپسېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا كەۋسەردەك ھامىلە ئالدۇرىدىغانلاردىن كۆندە نەچچىسى كېلەتتى. بەزىسى پىلانىدىن ئارتۇق بويىدا قالغانلار بولۇپ، ئۇنداقلار ئاساسەن يولدىشى بىلەن بىللە كېلىشەتتى. يەنە بىرقىسىملار نىكاھسىز ئېغىرئاياغ بولۇپ قېلىپ ئۆزىلا كېلىشەتتى. ئۇنداقلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇنداق يۈكتىن ئامال بار قۇتۇلدۇرماي بولمايتتى. شۇ تاپتا پېشقەدەم ئايال دوختۇر كەۋسەرنى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىتالماي ئەجەبلىنىۋاتاتتى. ئۆزى شۇنداق چىرايلىق بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۈستىبېشىمۇ ئالاھىدە رەتلىك، مەدەنىي بىر چوكانىنىڭ تۇنجى بالىسىنى ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولۇشى ئەقىلگە سىغمايتتى. ئاخىرىدا ئۇ كەۋسەرنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئېرى بىللە كەلمىگەن ئەھۋالدا ھامىلىنى ئېلىۋەتسە، كېيىنچە بىرەر چاتاقنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىككىلەندى بولغاي:
— ياخشىسى سىز ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بېرىڭ. ئاۋۋال داۋالىنىپ سالامەتلىكىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتسىڭىز بىخەتەر بولىدۇ، — دېدى.
— ئەمىسە سىز دېگەندەك بىرنەچچە كۈن داۋالىناي، ئاندىن ھامىلىنى......
— بۇنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىدىكىلەر بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭ، — پېشقەدەم ئايال دوختۇر كەۋسەرنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا بالىنىستقا كىرىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.
كەۋسەر شۇندىلا بۇ دوختۇرنىڭ ئۆزىدىن ئەتەي يالتىيىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، مەيۈس ھالدا دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى.

— شۇنداق ئۇز، پاكىز خانىمكەنلا، سىلىمۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەننىڭ دەردىنى تارتىۋېتىپلا - ھە؟ ھەي خۇدايىم، بىز ئاياللار نېمانچىمۇ ئاجىزدۇرمىز! سىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن بۇ كۈن ئىلگىرى مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلگەن. بىراق، ئۇ چاغلاردا دوختۇرلار بۇنداق جاھىللىق قىلماي قولىمىزدىكى پۇلغىلا قارايتتى، — دېدى دوختۇرخانىدىن كەۋسەرگە ئەگىشىپلا چىققان ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرى خۇمارلىق، بۇغداي ئۆڭ چوكان خۇددى كونا تونۇشلاردەك يېقىنچىلىق قىلىپ.

كەۋسەر بىر قاراپلا ئۇنىڭ بايا ئۆزى دوختۇرغا يېلىنىۋاتقاندا، ياندا قاراپ تۇرغان چوكان ئىكەنلىكىنى بىلدى. نېمىشقىدۇر بايا كەۋسەرگە شۇنچە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتكەن سالاپەتلىك بۇ چوكاننىڭ خېلى تەربىيە كۆرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. كەۋسەر تۇرقىغا قاراپلا: «مۇشۇ ناھىيە بازىرىدا بىرەر تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا كېرەك» دەپ ئويلىدى.

— ياق، بۇ...... بۇ سىلى ئويلىغاندەك كۆڭۈلنىڭ ئىشى ئەمەس، يولدىشىم ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىشىمگە قوشۇلمايدۇ شۇ...... — دېدى كەۋسەر چوكاننىڭ خاتا قارىشىغا دەرھال تۈزىتىش بېرىپ.

بىراق، چوكان كەۋسەرنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلمايلا ئۆز گېپىنى قىلىۋەردى:

— ئەركىشى دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاشكەن خانىم. ۋاي ئاپپىقىم، ۋاي تاتلىقىم دەپ قىلىدىغانىنى قىلىپ بولۇپ، مۇشۇنداق چاتاق چىققاندا قۇيرۇقنى خادا قىلىدىكەن. خاپىلىققا مانا سىلى- بىز قالىدىكەنمىز مۇشۇنداق. غەم قىلمىسىلا، بۇ ئىشنى رابىخان ھاجىمنىڭ شەربىتى يىغىشتۇرۇۋېتىدۇ. مەنمۇ سىڭلىمغا شەربەت ئالمەن، سىلىنى مەن باشلاپ باراي، — ئۇ چوكان سۆزلەۋېتىپ كەۋسەرگە زوقلىنىپ قاراپ قوياتتى. ئۇلار پىيادىلەر يولىدا

«مۇگدىششىپ» مېڭىپ دوختۇرخانىدىن خېلىلا ئۇزاپ كېتىشتى.

— رابىخان ھاجىم دېگەنلىرىنى...... مەن بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى كەۋسەر ئويچان كۆزلىرىنى چوكانغا تىكىپ.

— ئۆيى ئەنە ئاۋۇ دۆڭ كوچىنىڭ تۆپىدىرەك، تېبابەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەربىتى بۇنداق ئىشنى شەپە چىقارمايلا يىغىشتۇرۇۋېتىدۇ خانىم، مەنمۇ ئىلگىرى شۇنداق قىلغان.

— سىلىچە ئۇنىڭ شەربىتى ھامىلىنى راستتىنلا چۈشۈرۈۋېتەمدۇ؟

— چۈشۈرۈۋېتىدۇ، خاتىرجەم بولسىلا. كۆڭۈللىرىدە مېنى: «ناتونۇش تۇرۇپ نېمانچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟» دەۋاتىلا — ھە؟— دېدى چوكان كۈلۈمسىرەپ.

قارىغاندا ئۇ خېلى زېرەك چوكاندەك قىلاتتى. كەۋسەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى شۇنداق تېز بىلىۋالغانلىقىغا ئەجەبلەندى.

— ياق، مەن شۇ ھېلىقى رابىخان ھاجىمنىڭ شەربىتىنى......

— سىلىنىڭ بۇ ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولۇشىغا مەن ياردەم قىلسام، سىلىمۇ مېنىڭ ھاجىتىمنىڭ راۋا بولۇشىغا ياردەم قىلالا، خانىم؟

كەۋسەر ئورنىدا شىپپىدە توختاپ: « ‹بىكارغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ› دەپ، بۇ چوكان كىچىككىنە ئۇچۇر يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن مەندىن نېمە تەلەپ قىلىدىغاندۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، خانىم، — چوكان ئۆزىچىلا كۈلۈپ قويدى، — ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنى ئاز - تولا تۈزەپ يۈرمىسەك بولمايدىكەن. شۇڭا، سىلىدىن قايسى خىلدىكى ماينى ئىشلىتىدىغانلىقلىرىنى سورىۋالاي دېگەنتىم. مايلارنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ناچار - ياخشىسىنى ئايرىپ بولغىلى بولمايدىغۇ ھازىر. يۈز تېرىلىرى بۇۋاق بالىنىڭ تېرىسىدەك شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپتۇ. مېنىڭچە، سىلىدە بىرەر مەخپىي رېتسېپ بار

ئوخشايدۇ.

كەۋسەر پىسىڭگىدە كۈلۈپ سالدى. راستىنى ئېيتقاندا، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىنى بىردەمگىنە بولسىمۇ ئۇنتۇپ تۇنجى قېتىم كۈلۈشى ئىدى. بۇ كۈلكە ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇنچە يېقىنچىلىق قىلىپ كەتكەن بۇ چوكان توغرىسىدىكى گۇمان تۇيغۇلىرىنى بىردىنلا يېشىۋەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ كەۋسەر بۇنداق ئىشلارغا تولا يولۇقۇپ تۇراتتى. خىزمەتداشلىرىدىن باشقا، مۇشۇ چوكاندەك ناتونۇش ئاياللارمۇ ھەر خىل سورۇنلاردا ئاتايىن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، يۈزىگە قايسى ماينى ئىشلىتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يۈز تېرىسىنى قانداق ئاسرايدىغانلىقىنى زېرىكمەي سورىشاتتى. ئەمما، كەۋسەر ئەزەلدىن گىرىم قىلىشقا ئانچە بەك بېرىلمىگەچكە، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قوياتتى. بۈگۈنمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى.

— ۋىيەي، سىلىگە نېمە دېسەم بولا، — دېدى كەۋسەر مېڭىۋاتقاچ ئۇ چوكانغا ئوڭايسىزلانغاندەك قاراپ قويۇپ، — مەن ئەزەلدىن يۈزۈمگە ماي ئىشلەتمەيمەن.

— سىلىدىن ئۆتۈنەي، مەندىن يوشۇرمىسىلا، — چوكان شۇنداق دەپلا كەۋسەرگە تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ قولىنى تۇتۇپ ماڭدى.

— راست دەۋاتىمەن، مەن ھەقىقەتەنمۇ ماي ئىشلەتمەيمەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە، بىز تونۇشۇپمۇ قالدۇق......

— سىلىدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، مەندە سىلى دېگەندەك مەخپىي رېتسېپ يوق، خالىسىلا سىلىگە پەقەت يۈز تېرىلىرىنى ئاسراش توغرۇلۇق مەسلىھەت بېرەي ئەمىسە.

— رەھمەت سىلىگە، قېنى دېسىلە، خانىم.

كەۋسەر چوكانغا بىرنەچچە تۈرلۈك مەسلىھەت بەردى. ئاڭغۇچە ئۇلار رابىخان ھاجىمنىڭ ئۆيىگىمۇ يېتىپ كېلىشتى.

— مۇشۇ دورىلارنى سۈس ئوتتا يېرىم سائەت قاينىتىپ شەربەت تەييارلاپ ئىچسىلە، — تۆلۈمدەك سەمرىپ كەتكەن رابىخان هاجىم شۇنداق دېگىنىچە، بىرنەچچە خىل دورا سېلىنغان بولاقنى كەۋسەرگە سۇندى.

كەۋسەر دورىنى ئېلىپ، بۇ يەرگە ناتونۇش چوكاننىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەنلا ئۆزىنى چاغلىماي كەلگەنلىكىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ رابىخان هاجىمنىڭكىدىن ئۇزاپ، چوكان بىلەن كوچىغا چىققاندا سومكىسىغا قاراپ قويۇپ:

— مۇشۇ دورا هامىلىنى راست چۈشۈرۈۋېتەرمۇ؟ — دېۋىدى، چوكان ئويلىنىپ تۇرمايلا سومكىسىدىن كىچىك بىر قۇتىنى چىقىرىپ، بىرنەچچە تال دورىنى قەغەزگە تۈگۈپلا كەۋسەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— مۇبادا شەربەت تەسىر قىلمىسا، بۇ دورىدىن ئىككى تال ئىچىۋەتسىلە، — دېدى ئىشەنچ بىلەن. ئۇلار ئايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە قوشۇپ قويدى، — مەن دۆڭ بازاردا دۇكان ئاچىمەن. تەقدىرنىڭ تېپىشتۇرۇشى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، تاشلىشىپ كەتمەيلى.

چوكان كەۋسەرنىڭ قولىنى يەنە كونا تونۇشلاردەك سىقتى. كەۋسەرمۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە يارىشا دۇكىنىغا ئىزدەپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

كەۋسەر ئۆيىگە كەلگەندە، سەدىردىن ئاللىقاچان سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ ياسىداق ئۆي كەۋسەرگە بۈگۈن نېمىشقىدۇر شۇنچە سوغۇق ھەم مېھرىسىز تۇيۇلدى. ئۇ ھەرنېمە قىلىپ بولسۇن هامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، سەدىردىندىن ئايرىلىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئىشقا هامىلىنى ئالدۇرۇۋەتمەي تۇتۇش قىلسا، ئۇنىڭغا نەسىهەت قىلىدىغانلار ئاۋۋالقىدەكلا تەييار ئىدى. ئۇ چاغدا ئىش مۇرەككەپلىشىپ كېتەتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، كەۋسەر رابىخان ھاجىم بەرگەن دورىنى ئىچىشكە كۆڭلى تارتماي، پۇقراۋى دوختۇرخانىلاردىن يەنە ئىككىسىگە بىرىپ ئۈمىدسىز قايتتى. ئۇ دوختۇرخانىدىكىلەرمۇ كېلىشىۋالغاندەكلا: «يولدىشىڭىز كېلىپ رەسمىيەت ئۆتىسۇن» دېيىشتى. بۈگۈن ئەتىگەندە سەدىردىن سىرتقا مېڭىۋىدى، كەۋسەر ئۇنى بوسۇغىدىلا توستى.

— بۈگۈن مەن بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا بارغىن......

— نېمە؟ سەن تېخىچىلا نىيىتىڭدىن يانمىدىڭما؟ ساڭا ئېنىق دېدىمغۇ، بالىنى ئالدۇرۇۋېتىشىڭگە قەتئىي يول قويمايمەن! بالىنى سالامەت تۇغىسەن، ئۇنى ئىككىمىز مۇشۇ ئۆيدە بېقىپ چوڭ قىلىمىز، — دېدى سەدىردىن ئاۋۋالقىدەكلا كەسكىن تەلەپپۇزدا.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى يەنە بىر قەپەس دېيىشىپ قالدى.

— سەدىردىن، بىلىسەڭ مەۋقەسىز ئادەملەر كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن ئاسانلا چۈشۈپ كېتىدۇ. قانداقلا بولسۇن بىر ئىدارىنى باشقۇرغانىغا تۇشلۇق مەۋقەيىڭ بولسۇن، بىز ھەممە گەپنى دېيىشىپ بولغانغۇ!؟

— مەۋقەيىمنىڭ بار - يوقلۇقىنى كېيىن بىلىپ قالىسەن، ياخشىسى قىلىۋاتقانلىرىڭنىڭ توغرا - خاتالىقىنى چوڭلاردىن سوراپ باقايلى، ئۇلار نېمە دەيدىكىن.

— بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئىش، چوڭلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق!

— چوڭلار نەۋرىسىنىڭ تېزراق تۇغۇلۇشىغا تەقەززا بولۇۋاتقان تۇرسا، ئۇلارنىڭ قانداقسىگە مۇناسىۋىتى بولمىغۇدەك! مېنىڭ ئاتا-ئانامنى دېمىگەندىمۇ، سېنىڭ داداڭ نەۋرىسىنىڭ قورسىقىڭدىلا تۇنجۇقتۇرۇلۇشىغا قاراپ تۇرارمۇ؟ ئەتىلىككە مەن ئاقتاشقا بېرىپ ئانامنى ئېلىپ كېلىمەن، ئۇ ساڭا ئوبدان قارىمسا بولمىغۇدەك......

— سەن...... — كەۋسەر ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى.

سەدىردىننىڭ ئاخىرقى گېپى كەۋسەرگە ئاۋۋالقىدەكلا زەربە بولىدى بولغاي، جىسمىنى بىردىنلا تىترەك باستى. بۇ باش ئاغرىقى كېسىلىنىڭ قوزغىلىشىدىن ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. كەۋسەر بىلەتتى، ئەگەر بېشىنىڭ ئاغرىقى يەنە قوزغىلىپ قالسا، بىرنەچچە كۈنگىچە قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي ئازابلىناتتى. شۇڭا، زورىغا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سەدىردىن غىپپىدە سىرتقا چىقىۋالدى.

كەۋسەر بۈگۈن مەكتەپتە بىر كۈننى بەكمۇ ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئىشتىن چۈشكۈچە سائەتكە نەچچە قېتىم قارىدى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بولسا تېخىمۇ تىت - تىت بولدى. سەدىردىننىڭ «ئەتىلىككە ئانامنى ئېلىپ كېلىمەن» دېگەن گېپى قۇلاق تۈۋىدىن نېرى كەتمەيتتى. دەرۋەقە، سەدىردىننى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. سەدىردىن هازىر ئىلگىرىكى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارغا ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتاتتى. چىناخان راستتىنلا كېلىدىغان بولسا، كەۋسەرنىڭ ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كەۋسەر جىددىي ئويلىنىپ ئاخىر مۇرەككەپ سوئاللارنىڭ قورشاۋىدىن يولقۇنۇپ چىقتى. كەۋسەرنىڭ ئويىچە بۈگۈن ئىككىلىنىپ تۇرماسلىقى، سەدىردىن تاش سانىغۇچە قوم ساناپ، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىۋېلىشى، كېيىنكى ئىشلارنى سەدىردىنگە قالدۇرۇپ جىم تۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. قارىغاندا كەۋسەر ئەمدى پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق مۈشكۈلاتقا باش ئەگمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ، ئۆزىنى خۇددى قورسىقىدىكى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشكىلا ئۇرۇنۇۋاتقان ئاجىزە ئەمەس، بەلكى ساختىلىق ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى جەڭ قىلىۋاتقان بىر باھادىر جەڭچىدەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. كەچ كىرىپ

ئەتراپ قاراڭغۇلاشقانسېرى شۇنچە جۈرئەتلىنىپ كېتىۋاتقان كەۋسەر رابىخان ھاجىم بەرگەن ھېلىقى دورىنى قاينىتىپ شەربەت تەييارلىدى. ئارىدا ئازراق ئىككىلەنگەندىن كېيىن، شەربەتنى كۆزنى يۇمۇپلا ئىچىۋەتتى. كەۋسەر بۇ ئىشلارنى سەدىردىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق ئالدىراش پۈتكۈزدىكى، ئەتىدىن بېرى ئاشخانىدا نېمىنى تۇتۇپ، نېمىنى قويغانلىقىنىمۇ بىلىپ بولالمىدى. ئەمما، ئارىدىن بىر سائەتچە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆزىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاچقا، تۇرۇپلا تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئېسىگە ھېلىقى ناتونۇش چوكان بەرگەن دورا كېلىپ سومكىسىدىن ئالدى - يۇ، ئازراق ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىمۇ ئىچىۋەتتى. ئارىدىن يەنە بىرھازا ئۆتتى، قىرىشقاندەك ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيۋاتاتتى. قارىغاندا ھامىلە چۈشۈپ كېتىشنى خالىمايۋاتقاندەك قىلاتتى. كەۋسەر تىت-تىت بولغانسېرى بىر ئامال قىلىپ ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشنىلا ئويلايتتى. تۇرۇپلا ئەمدى ئۇنىڭ ئېسىگە خىزمەتدىشى قاچاندۇر بەرگەن تۇغۇت چەكلەش دورىسى كېلىپ، لازىمەتلىكلىرى سېلىنغان چامادانىدىن ئاسانلا تاپتى. كۆڭلىدە: «بۇ دورا ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. سىرتتا سىگنال بېرىپ مېڭىۋاتقان ھەربىر ماشىنا خۇددى سەدىردىنىڭ كىچىك ماشىنىسىدەك، ھېلىلا ئىشىك ئېچىلىپ سەدىردىن مەست ھالدا ئۆيگە كىرىپ كېلىدىغاندەك بىر خىل سېزىم كەۋسەرنى ئالدىرىتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا جۈرئەتلىنىپ بۇ دورىدىن ئىككى تال ئىچىۋەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنى شۇنداق شىرىن ئۇيقۇ تۇتتىكى، ئۇخلىدىمۇ ياكى نېرۋىسى تورمۇزلاندىمۇ سەزمەي قالدى. بىر چاغدا كۆڭلى ئېلىشىپ ھۆ تۇتۇۋىدى، ھەرقانچە كۆچەپمۇ قەي قىلالمىدى. ئۇ شۇنچە قىينىلىپ كېتىۋاتسىمۇ، قورسىقىدىكى ھامىلىنىڭ تېزرەك چۈشۈپ كېتىشىدىن باشقىنى ئويلىمايتتى.

ئەمما، شۇنچە زور جۇرئەت ۋە ئۈمىد بىلەن ئىچكەن دورىلىرى بىشىنى قايىدۇرۇپ، كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغاندىن باشقا نەتىجە بەرمەيۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ۋاقىت بەكلا ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئارىدىن يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا دېمى سىقىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. كېيىنكى ئىشلارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ھېس قىلالمىدى......

سەدىردىن بوگۇن قېرىشقاندەك تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە ئۆيگە قايتىپ كەلدى ـ دە، ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئەسلىدە كارىۋاتتا ياتقان كەۋسەر قاچانلاردىدۇر ئۇستىگە يېپىنىۋالغان ئەدىيال بىلەن قوشۇلۇپ، گىلەم ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشكەنىدى. سەدىردىن ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ چۇۋۇلۇپ، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

* * *

ئارىدىن بىرەر سائەتچە ئۆتكەندە كەۋسەر يېتىۋاتقان بالنىستقا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان دوختۇرلارنىڭ ئايىغى بېسىقتى. شۇ ئەسنادا سېسترا قىز چىقىپ غەمگە پېتىپ ئولتۇرغان بارات نىيازغا:

— بىمار ھوشىغا كەلدى، يېنىغا كىرسىڭىز بولىدۇ. ئەمما، كۆپ گەپ سوراپ چارچىتىپ قويماڭ، — دېدى.

بارات نىياز ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. ھېلىراقتا ئابدۇللا نىياز بىلەن سەدىردىننى ئەگەشتۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئارىدا بولغان ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭـ ـلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر ھېسابتا بۇ بارات نىيازنىڭمۇ ئۈمىدى بولۇپ، ئۆزى سەدىردىندىن بىۋاستە سوراشنى بىئەپ ھېس قىلىۋاتقاندا، بۇنى ئابدۇللا بىلەن نىيازنىڭ سۈرۈشتۈرگىنى يوللۇق ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بارات نىياز بايا دوختۇرخانىغا كەلگەندە،

سەدىردىنىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىچە ئىپادىلەرگە قاراپلا بەزىبىر گۇمانلارنى قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. بارات نىياز بالنىستقا كىرگەندە، كەۋسەر تورۇسقا قاراپ تىنچقىنە ياتاتتى. دادىسىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈرۈشكە ئىنتىلگەن بولىسىمۇ مادارى يەتمىدى. بارات نىياز كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ ئەھۋال سورىۋىدى، ئۇ گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۈنسىز يىغلىۋەتتى. يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتكەن ئاتا كەۋسەرنىڭ ماغدۇرسىز قولىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يىغلىما، قىزىم، ئۆزۈڭنى ئاۋايلا، ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېگىنىچە كۆڭلىنى ياسىدى. ئارقىدىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. ئاتىنىڭ قىز بالىغا ئامراق بولۇشى، ئۆز نۆۋىتىدە قىز بالىنىڭ دادىسىغا ئامراق بولغىنىغا ئوخشايدۇ. يەنە كېلىپ ئاتا - ئانىلارنىڭ كەنجى بالىغا ئالاھىدە ئامراق بولۇشى ئەجدادلاردىن قالغان ئادەت بولسا كېرەك. شۇڭىمۇ بارات نىياز كەۋسەرگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. كەۋسەرمۇ كىچىكىدىن باشلاپ دادىسىنى مەرھۇم ئانىسىدىن چارە كۆرەتتى. زۇلەيخان قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھېسسىيات تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كەتكەنىدى. بارات نىياز كەۋسەرنىڭ خىزمىتىنىڭ ناھىيەدە بولۇپ قالغانلىقىغا بەزىدە ئۆكۈنسە، كەۋسەرمۇ يېقىندىن بۇيان ئاقتاشتا — دادىسىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىشنى ئارزۇلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئارىدا كۆزلەر ياشلىنىپ، قەلبلەر ئۆرتەندى. كەۋسەرنىڭ كۆزلىرىدىن تاشقىنلاۋاتقان پىغانلىق ياشنى كۆرۈپ بارات نىياز ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايلا قالدى. ئۇ ئاشۇ ھەسرەتلىك ياشلاردىن ھەممىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. شۇڭا، يېنىغا پەيدا بولغان ئابدۇللا، نىياز ھەم سەدىردىنلەرگە قاراپمۇ قويمىدى.

كەچ كىرگەندە بارات نىياز ئابدۇللا بىلەن نىيازغا:

— بۈگۈن كەۋسەرگە ئۆزۈم قارايمەن، سىلەر ماشىنىدا قايتىپ

كېتىڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇن، بۇ ئىشنى ئاقتاشتا ھېچكىمگە ئېيتماڭلار. ھە راست، ئابدۇللا، سەن ھېلىقى تەشۋىقات دوستـ ـىڭنى ئەتىلا يۆتكىۋېتىڭ. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بىزنىڭ باھالاش گۇرۇپپىسى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى.

نىياز بىلەن ئابدۇللا بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. كېيىن ئابدۇللا:

— ھەرھالدا بىزنىمۇ ھەمراھ بولۇپ بۇ يەردە قالايلى، — دېيىشتى، بارات نىياز:

— بولدى، ئۆزۈم يېتىشىمەن، سىلەر كېتىۋېرىڭلار، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللا بىلەن نىياز ئاقتاشقا قايتىپ كەتتى. يولدا ئۇلار بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. ئۇلارغا شۇ تاپتا ئۆزلىرىنىڭ قورساق كۆپۈكى ئۈستىدە پاراڭلىشىشتىن كۆرە، كەۋسەرنىڭ زەھەرلىنىشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە ئويلىنىش ئەھمىيەتلىكتەك قىلاتتى.

كېچىچە كەۋسەرنىڭ يېنىدا بولغان بارات نىياز بىر چاغدا كەۋسەردىن قانداق بولۇپ زەھەرلىنىپ قالغانلىقىنى سورىۋىدى، كەۋسەر: «بېشىم ئاغرىغانىدى، بىخەستەلىك قىلىپ بىرنەچچە خىل دورىنى بىراقلا يەپ سايتىمەن» دېدى. ئۇ دادىسىغا يالغان ئېيتىۋاتقانىدا، كۆز ئالدىغا ھېلىقى ناتونۇش چوكان كېلىۋالغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر كۆڭلىدە ئۇنى ئەيىبلەشنى خالىمىدى، بەلكى ئۆزىنى ئەجەلنىڭ بوسۇغىسىغا سۆرەپ كەلگەن بۇ ئاقىۋەتنى ئۆزى خالاپ پەيدا قىلغاندەك تۇيغۇدا بولدى. بىراق، بارات نىياز قىزىنىڭ گېپىگە تازا ئىشەنمەي، سەدىردىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەنە ئاغرىتقانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، تاڭ ئاتقۇچە سەدىردىنگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. تاڭ ئاتقاندا كەۋسەر خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالغانىدى. سەدىردىن بارات نىيازغا كەۋسەرنىڭ بالنىستقا كىرىپ قېلىشىدا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتماقچى

بولغان بولسمۇ، يېقىندىن بۇيان كەۋسەرگە قىلغان يىرىك مۇئامىلىسىنى ئويلاپ جۇرئەت قىلالمىدى. كەۋسەر دوختۇرلار ياكى باشقىلار ئۆزىدىن قايسى دورىنى يېگەنلىكىنى سورىسا، دادىسىغا بەرگەن بىرلا جاۋابنى بېرىۋاتاتتى. بارات نىياز بىر قىسىم ئالامەتلەرگە ئاساسلىنىپ، «كەۋسەرنىڭ باش ئاغرىق كېسىلىنىڭ قوزغىلىشىغا سەدىردىن سەۋەبچى بولغانلىقى ئېنىق. سەدىردىن بەڭۋاشلىق قىلمىغان بولسا، كەۋسەرنىڭ باش ئاغرىق كېسىلى قوزغالمايتتى» دەپ ئويلاۋاتاتتى.

چۈشكە يېقىن نىياز جالالىدىن ئاخۇن، چىناخان ھەم خەلچەملەرنى باشلاپ بالنىستقا كىرىپ كەلدى. بارات نىياز ئۇلارنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندى. ئەمەلىيەتتە جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخاننىڭ ئويلىمىغاندا بۇ يەرگە كېلىشى، سەدىردىننىڭ تونۇغۇن ئابدۇللا بىلەن نىيازغا تاپىلىغان ئۆتۈنۈشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، خەلچەمنى ئابدۇللا چاقىرتقۇزۇپ كەلگەنىدى. چۈنكى، كەۋسەرنىڭ چوڭ ئاچىسى يېقىندىن بېرى كېسەلچان بولۇپ قالغان، ئوتتۇرانچى ئاچىسى بارات نىيازنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايدىغان ئەھۋالدا، كەۋسەرگە قاراشقا خەلچەم مۇۋاپىق كېلەتتى. ئەتىگەندە ئابدۇللا بۇ ئوينى نىيازغا ئېيتقاندا، نىياز دەرھال قوشۇلۇپ خەلچەمنى چاقىرىپ كەلدى. ئابدۇللا جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخانغا سەدىردىننىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا ئامال قىلىپ كەۋسەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشىشقا تىرىششىنى تاپىلىدى. مانا، مۇشۇ جەريانلاردىن كېيىن نىياز ئۇلارنى بالنىستقا باشلاپ كەلگەنىدى.

خەلچەم كەۋسەرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى. گەرچە ئۇنىڭ خاپىلىقى ئۆزىگە يېتىپ ئاشسىمۇ، كەۋسەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەتتىن ئازابلانماي تۇرالمىدى. بارات نىياز بىلەن جالالىدىن ئاخۇن ئاددىيلا تىنچلىق سوراشقاندىن باشقا گەپ قىلىشمىدى.

سەدىردىن تۇنۇگۇن ئابدۇللا بىلەن دېيىشكىنى بويىچە كەۋسەر بىلەن بارات نىيازنىڭ كۆڭلىنى ئۇنۇشقا تىرىشۋاتاتتى. كەۋسەر ئىپادە بىلدۈرۈشكە ئامالسىز بولغان بىلەن، بىراق بارات نىياز ھازىرچە قوبۇل قىلالمايدىغاندەك تۇراتتى. ئارىدا بارات نىياز گەپ ـ سۆزسىز ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭىۋىدى، جالالىدىن ئاخۇندىن كۆرە، ئۇلارغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان نىياز ئەجەبلەندى. ئەسلىدە بارات نىياز مەسئۇل دوختۇرنىڭ يېنىغا كەۋسەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقىلى كىرگەنىدى. سىرترا كەۋسەرنىڭ دورىدىن زەھەرلەنگەنلىكىنى ئېيتقاندىن بىرى ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى.

مەسئۇل دوختۇر بارات نىيازنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىرەش ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ:

ــ خاتىرجەم بولسىلا، قىزلىرى خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ــ دېدى. ئەمما، بارات نىياز نېمىشقىدۇر خاتىرجەم بولالماي، ئەندىكىش ئىلكىدە سىرتقا قاراپ قويۇپ بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋەتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا دېدى:

ــ قىزىمنىڭ بويىدا بار ئىدى...... شۇڭا...... ئۇنىڭدىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم...... بالىغا بىرەر ئىش بولۇپ قالارمۇ دەپ بەكمۇ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن...... دوختۇر...... سىزچە......

ــ ھامىلىنى ساقلاپ قالدۇق. ئەممازە، قىزلىرى ئېغىر زەھەرلىنىپتۇ. بۇ زەھەرلىنىشنى ھامىلىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا، بولۇپمۇ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئۆسۈپ ـ يېتىلىشكە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ دېيەلمەيمەن. كېيىنچە بالىدا بەزى نورمالسىزلىقلار كۆرۈلۈشى مۇمكىن......

ــ سىزگە دېسەم، دوختۇر، قىزىم يولدىشى بىلەن تازا ئەپ ئۆتەلمەي كېلىۋاتىدۇ. تېخى كىچىك ئەمەسمۇ، مۇبادا بۇ ئىش

سەۋەبلىك ھاملىگە تەسىر يېتىپ قالسا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تېخىمۇ چوڭ دەز كېتىدۇ. سىزدىن ئۆتۈنەي، دوختۇر، بۇ ئىشنى ئەمدى مەندىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەم بىلمىسۇن. كېيىنكى ئىشلارنى خۇدا بىر يولغا سالار. ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بۇزۇلمىسۇن......

— مەقسەتلىرىنى بىلدىم، يېزا باشلىقى، ماڭا ۋاقتىدا ئەسكەرتىپ ياخشى قىلدىڭلا، بۇ ئىش سىلى دېگەندەك بولسۇن. بىز ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن تىرىشايلى.

— ھەرقانداق بولسا مېنى تونۇيدىكەنسىز، دوختۇر.

— سىلىدەك پېشقەدەم يېزا باشلىقىنى تونۇمىسام قانداق بولىدۇ؟ نامشەرىپلىرى ئاقتاشنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ داڭقىدەكلا ئەتراپقا تارالغان تۇرسا!

— ھەرقانداق لازىمەتلىكلەر بولسا تارتىنماي دەڭ، ۋاقتىدا تەخ قىلىپ بېرىمەن. ئۆي سالىدىغان ئىش بولسا ياغاچتىن غەم قىلماڭ!

— قىيىنچىلىقىمنى بىلگەندەكلا گەپ قىلدىلىغۇ، يېزا باشلىقى!؟

— قانداق دەيسىز؟

— يانچۇقۇم بىلەن ھېسابلاشماي ئۆي سېلىشقا تۇتۇش قىپتىكەنمەن، يېرىم يولغا كەلگەندە تەس كۈنگە قالدىم ئەمەسمۇ؟

— نېمىدىن تەڭلىك تارتتىڭىز؟

ھېلىقى كونىلار «ياغاچچى بالا① دېسە بالاغا قالدىم، تۈۋرۈك دېسە جاپاغا قالدىم. ۋاسا دېسە ۋايجانلاپ، سىنجى② دېسە ئىشتانغا سىيىپ سالدىم» دېگەندەك كۈنگىچۇ! ھې - ھې - ھې...... — دوختۇر پىخىلداپ كۈلۈۋىدى، بارات نىيازمۇ بېشىدىكى

---

① جەگە ياغاچ.
② جەگە ئاستىغا قويۇلىغان ياغاچ، ھاراق.

شۇنچە ئىغىر غەملەرنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلدى. ئاخىرىدا:
— مەن بولغاندىكىن ئەمدى ئۇنداق كۆڭگە قالمايسىز، دوختۇر، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.

ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر دەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بارات نىياز بالنىستقا قايتىپ كىردى. بۇ چاغدا چىناخان كەۋسەرگە قايناق سۇ ئىچكۈزۈۋاتاتتى. بارات نىياز بىردەم ئىپادىسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن كەۋسەرنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ:

— قىزىم، ساڭا خەلچەم قاراپ تۇرسۇن. كەچتە يېزىدا مۇھىم يىغىن بار ئىدى، مەن بېرىپ ئەتە كېلەي، — دېدى. ئاندىن جالالىدىن ئاخۇنغا بىللە قايتىپ كېتىشنى ئىيتتۇدى، بىراق جالالىدىن ئاخۇن: «بىز قايتماي كەۋسەرگە ھەمراھ بولايلى» دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

ئەمدى بارات نىياز سەدىردىن بىلەن كۆسۈلدىشىپ نېمە توغرىسىدىدۇر پاراڭلىشۋاتقان نىيازغا دېدى:

— نىياز، سەن بولساڭمۇ مەن بىلەن قايتىپ كەتكىن. بىيجىڭغا بېرىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتمىتىڭ، مەن بوۋايدىن ساڭا رۇخسەت ئېلىپ بېرەي.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا نىيازنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپلا كەتتى. ئۇ ئىككىيلەن كەتكەندىن كېيىن، جالالىدىن ئاخۇن سەدىردىننى ئەگەشتۈرۈپ دوختۇرخانىنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ، ياندىكى بېتون ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

كېيىنكى ئىككى ھەپتە ئىچىدە يەنە بەزى ئىشلار يۈز بەردى. نىياز بارات نىيازنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، بىر ئايلىق مۆھلەت بىلەن ئىش - كۈشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن بىيجىڭغا ماڭدى. كەۋسەرنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنى داۋالىغان مەسئۇل دوختۇرغا قورسىقىدىكى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم يېلىنغان بولسىمۇ، دوختۇر: «ھازىرقى

بەدەن ئىقتىدارىڭىز ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە بەرداشلىق بېرەلـ ـمەيدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا، كەۋسەر سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىگە ئانچە خۇش بولمىدى. بىراق، كەۋسەرنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن سەدىردىن، بارات نىياز ۋە جالالىدىن ئاخۇنلار قەۋەتلا خۇش ئىدى. چۈنكى، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن سەدىردىن كۆتۈلمىگەن بىرەر پېشكەللىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرىگەنىدى. يالغۇز سەدىردىنلا ئەمەس، جالالىدىن ئاخۇن بۇ خەۋەرنى ئابدۇللادىن ئاڭلاپلا، قورقىنىدىن پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر باسقان. مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك سەدىردىنىنىڭ ئىستىقبالىغا دەخلى يېتىپ قېلىشتىن يەتكۈچە ۋايىم يېگەنىدى. سەدىردىن بىردىنلا جىمىپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش كەۋسەرنىڭ چىشىغا تېگىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كەۋسەرگە باشقىچە كۆيۈنۈش بىلەن بالىنى سالامەت تۇغۇشنى ئۈتۈندى. بۇ بىر ھېسابتا سەدىردىنىنىڭ ئەپلىشىپ قېلىش ئۈمىدى ئىدى. كىمدۇر بىرسى سەدىردىنگە ئېيتقاندەك، كەۋسەر تۇغۇپ تۇنجى بالىغا ئانا بولسىلا ئەقلىنى تاپاتتى، ئىلگىرىكى ھاكاۋۇرلۇقىنى قىلالمايتتى. قىسقىسى، قۇچاققا بالا چىققاندىن كېيىن، ئەزەلدىن ئۇستۇن بولۇپ كېلىۋاتقان نەزەرى بىراقلا تۆۋەنلەيتتى. ئۇ چاغدا سەدىردىن خالىغىنىنى قىلالايتتى. سەدىردىنىنىڭ بۇ قېتىمقى «ياۋاش»لاپ قېلىشى دادىسى جالالىدىن ئاخۇنىنىڭ دەسلەپتە بارات نىياز بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئارقىدىنلا يېقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىغا ئوخشايتتى. كەۋسەر ئەسلىگە كەلگىچە ئارىلىقتا، جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخان ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي پايپېتەك بولۇشۇپ، ئىلـ ـگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان مېھرىبانلىقنى يەتكۈزۈشتى. سەدىردىنمۇ بىراقلا ئۆزگىرىپ، تەكرار ئەپۇ سورىدى، ئىناق ئۆتۈشكە ۋەدە بەردى. بارات نىياز باشتا سەدىردىنگە ئوچۇق

چىراي ئېچىپ قارىماي لايىقىدا جازالىغان بولىسمۇ، كەۋسەر ئىرادىسىدىن قايتماي ئىرەجەپ تۇرۇۋالغان ئەھۋالدا، تۇغۇلغۇسى يۈرەك پارىسىنىڭ ئىستىقبالىنى نەزەرگە ئېلىپ بولىسمۇ، چىداپ ئەپلەشىپ قېلىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدى. ئاتىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن تۇغۇلغۇسى نەۋرىسىنى كۆرۈشكە قانچە ئىنتىزار بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. بارات نىياز ئاخىر بولمىغاندا، خەلچەمنىڭ قىسمەتلىرىدىن ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈپ نەسىھەت قىلىۋىدى، دەرھال ئۇنۇمى كۆرۈلدى. كەۋسەر قور- سىقىدىكى ھامىلىنىڭ كەلگۈسىدە تارتىدىغان كۈلپەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتكۈچە ئازابلاندى، كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياشلار تۆكۈلدى، ئۇنىڭ ئاچچىق كۆز ياشلىرىغا ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئاجىز، بىقوۋۇللۇقىغا بولغان ئۆكۈنۈشىمۇ سىڭىپ كەتكەنىدى. ئاخىر ئۇ ئۆز بەختىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، دۇنياغا كۆز ئېچىش «ھوقۇقى»دىن مەھرۇم بولۇشقا تاسلا قالغان بالىسىنىڭ كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن قۇربان بېرىش ئويىغا كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئاچالدا تۇرۇپ ئويلىنىش ئارقىلىق چىقارغان ئاخىرقى قارارى ئىدى. مانا بۇنى ھەقىقىي يوسۇندىكى تەقدىر دېيىشكە بولاتتى. ئۇ نۆۋەتتە كەلسە ئىنسانىنىڭ كۆڭۈل خاھىشىغا قىلچە ئېتىبار قىلمايتتى. شۇنداق قىلىپ، تۇرمۇش سەپىرىدە تالاي كىشلەرنىڭ ئارزۇلىرى بەربات بولغانىدەك، كەۋسەرنىڭ سەدىردىنىدىن ئايرىلىپ كېتىش خىيالىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىپ، دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىكى ياسىداق ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. چىناخان بۇ ياش ئەر - خوتۇنلارنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئاقتاشقا قايتىپ كەتمىدى. كەۋسەر بالىنىستىن چىققاندىن كېيىن خەلچەم ئاقتاشقا قايتماي، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات رەستىسىگە جايلاشقان «ئەۋرىشىم كەشتە ئىشلەش مەركىزى»دىكى ئۇستامغا شاگىرتلىققا كىردى.

ئون يەتتىنچى باب

## كاتاڭ يوللار

بۇ يىل بېيجىڭنىڭ ئەتىيازلىق ھاۋاسى يىللاردىكىدىن ئىللىق ئىدى، شىنجاڭدىن ساياھەت ۋە باشقا ئىشلار بىلەن كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا پايتەختتىكى ئاۋات مېھمانخانا ۋە ئاشپۇزۇللارنىڭ داڭلىق قورۇما - تاماقلىرىدىن زېرىكىپ، يۇرتىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىنى سېغىنىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەستىن گەنجاكۇغا كېلىشىپ، بىر مەزگىل كامال ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىنى ئاۋات قىلىشاتتى. ئوقەتنىڭ «خامان» مەزگىلى بۇ يىل خېلى بۇرۇنلا باشلانغاچقا، كامال ئۇستام ھېلىقى ئاق چاچلىق دوستى بىلەن ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى كارىۋاتتا شاھمات ئويىنىمىغىنىغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. شاھمات ئويناش تۈگۈل، ئۇھ دېيىشلىشقىمۇ پۇرسەت نەدە دەيسىز، ئۇ بىر تەرەپتىن ئالدىن تاماق زاكاز قىلغانلار بىلەن سۆزلىشەتتى، ئاشخانىغا تۇركۈملەپ كېلىۋاتقان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن تۈگىگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ھەيدەك- چىلىك قىلاتتى. قىسقىسى، كۈنبويى ۋاقتى تولىمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئاشخانىنىڭ تىجارىتى ئىلگىرىكىدىن ياخشى بولۇپ، داڭقى تەرەپ- تەرەپكە تارقالغاچقا، كامال ئۇستام غوجايىنلىق سۈپىتى بىلەن خۇشال

يــۈرەتتى. مېھمـــانلارغىلا ئەمەس، قـــازان بېـــشىدا ئالـــدىراش ئىشلەيدىغان ئاشپەزلەر بىـلەن كۆتكۈچىلەرگىمۇ ئۆز قېرىنداشـ ـلىرىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.

نىيـاز راشىـدىننى ئېلىــپ يۇرتىغـا كېتىــپ، ئـۇزاق ئـۆتمەي تاشمۇھەممەت كامال ئۇستامغا تـاھىر بىـلەن زەينەپگۈلنى كاۋاپـ ـچىلىققا قويۇش ئويىغا كەلگەنلىكىنـى ئېيتقانـدى، كامال ئۇسـتام دەرھال قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ خېرىـدارلار يوقـاپ كەتكىلـى ئـۇزاق بولغـان زىـخ كاۋاپقـا ئېغىـز تېگىـپ خـۇش بولۇشـتى. بۇنىـڭ بىـلەن تاشـمۇھەممەت ئاشـخانىنىڭ تاپـاۋىتىنى روناق تاپتۇرۇش ھەم كامال ئۇسـتامنى رازى قىلىـشتەك قـوش ئۇنـۇم يارىتىش مەقسىتىگە يەتتى. كامال ئۇستامنىڭ كۆڭـۈل- كۆكـسىنىڭ كەڭلىكىگە ھەممەيـلەن قايىـل بولۇشـتى. تاشـمۇھەممەت ئۇزۇكـسىز چارە - تەدبىر ئويلاشتىن سىرت، باشقىلارنى ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى چىن ئىخلاسى بىلەن يۇرۇشتۇرۇشـكە يېـتەكلىگەچكە، تىجارەتتىكى ئىلگىرىكى تۇرغۇن ھالەت بۇزۇپ تاشلىنىپ، بۈگۈنكىدەك جۇشقۇن كەيپىيــات شــەكىللەنگەنىدى. زەينەپگــۈل گەرچە تــاھىر بىــلەن كاۋاپچىلىق قىلىشقاتقان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل روھىي ھـالەت نىيـاز راشىـدىننى ئېلىـپ يۇرتىغا كەتكەندىلا پەيدا بولۇپ، تاشـمۇھەممەت بىـلەن تاھىرنىـڭ رىغبەت - تەۋسىـيەلىرىمۇ كـار قىلمايۋاتـاتتى. ئەلـۋەتتە، بۇنىڭغـا نىيـاز بىـلەن راشىـدىن توغرۇلـۇق ھېچقانـداق خەۋەر - ئۇچۇرنىـڭ بولمىغـانلىقى سـەۋەبچى ئىـدى. ئەمەلىيەتـتە نىيـاز شـۇ چاغـدىكى ۋەدىـسى بـويىچە ئاللىقاچـان بېيجىڭغـا كېلىـپ بولـسا بـولاتتى. زەينەپگۈل بىر تەرەپتىن دەسلەپتە بۇنـداق ئـاقىۋەتلەرنى تەسـەۋۋۇر قىلمىغانلىقى؛ يەنە بىر تەرەپتىن كۆزى ئەمدىلەتىن ئېچىلىۋاتقاچقا، بۇنداق تاسـادىپىيلىقلارغا ئىدىيەسـىدە ھېچقانـداق تەييـارلىقى يـوق ئىدى. ئەگەر كىشىلىك ھاياتتىكى تاسادىپىيلىقلار ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە

تاسادىپىيلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ دېيىلسە، زەينەپگۈلنىڭ نىياز بىلەن تونۇشۇشى، شۇنىڭدەك تاھىرنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن بىر يېپقا باغلىنىپ قېلىشى دەل ئاشۇ قوش تاسادىپىيلىقنىڭ نەتىـ ـجىسى ئىدى. دۇنيادا «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپتۇ» دېگەندەك تىمسال بولىدىغانلار ساناقسىز بولسىمۇ، نىياز بىلەن زەينەپگۈلدەك ئۆزلىرىدىن كىچىك بىر بالىنىڭ سەۋەبكارلىقى بىلەن بىر - بىرسىگە ئەبەدىيلىك باغلىنىپ قالىدىغانلارنى كۆپ دېگىلى بولمايتتى. دەسلەپتە بۇنداق ئىچەركىشىپ كېتىشكە ھەر ئىككىيـ ـلەننىڭ كۆزى يەتمىگەنىدى. لېكىن، نىياز راشىدىننى ئاپىرىپ قويغىلى يۇرتىغا كېتىشى ھامانلا زەينەپگۈل ھىجران ئۆتكىلىگە دۇچ كېلىپ، مۇشۇ يېشىغىچە تۇرمۇشتا كۆتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلارغا، جەمئىيەتتە يەكلەشلەرگە يولۇققاندا غايىبانە سېغىنىدىغان، ئۆزىنى بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان «ئاق ئاتلىق شاھزادە»نىڭ باشقا بىرسى بولماستىن، دەل نىياز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ ياشاش يولىدا يولۇققان ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەلگە ھېسابلاپ، كۆلپەتلىك كۈنلىرىنىڭ ئەمدى ئاخىرلىشىپ، بەختىيارلىق ئىلكىدە يايرايدىغان خاسىيەتلىك كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن قەۋەتلا خۇش ئىدى.

بۈگۈن بىرمەھەل بولغاندا ئاشخانىدا خېرىدارلارنىڭ ئايىغى بېسىقىپ، كامال ئۇستام ئىچكىرىكى ئۆيدە غەللە ساندۇقىدىكى پۇللارنى رەتلەپ ساناۋاتاتتى. ئۇستىلار بىلەن كۆتەكۇچىلەر كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئاشخانىنى بىر قۇر تازىلىۋېتىپ، كۆكۈل خاھىشى بويىچە ئۇنى - بۇنى يېگەچ دەم ئېلىشتى. بەزىلەر مېۋە- چىۋە يېسە، يەنە بەزىلەر سوغۇق سەي ۋە باشقا تەييار تاماقلاردىن يېيىشتى. زەينەپگۈل بىلەن تاھىرمۇ كاۋاپدانىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلغانىدى، ئۇلار ئاغزى قىچىشىپ

زەينەپگۈلنىڭ يۈرەك زېدىسىنى تاتىلاشقا باشلىدى. كۆڭلى ھېچنېمىنى تارتماي جىمغىنە ئولتۇرغان زەينەپگۈل يېنىدىكىلەرنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىنى ئېتىۋالالمايتتى. نىيازنى مەركەز قىلىپ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان پاراڭ ھېچ بېسىقاي دېمەيتتى.

— نىياز ئەمدى بېيجىڭغا كېلەلمەيدىغان بولدى مانا، كېلىمەن دېگەن مۆھلەتتىن بىر ئايچە ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ!

— سەن تېخى نىياز ئاكامنى بېيجىڭغا كېلىدۇ دەپ ئويلىغانما ئاخماق؟ راشىدىن ئاكام شۇ ئەھۋالدا تۇرسا، نىياز ئاكام قانداقمۇ كېلەلىسۇن؟

— مېنىڭچە، راشىدىن ئاكام مۇشۇ يەردىكىدەكلا تۇرغان بولسا، نىياز ئاكام بېيجىڭغا ھەرگىزمۇ كېلەلمەيدۇ.

— دېگىنىڭ توغرا، ئۇكام، نىياز يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا راشىدىنىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا نېمە دەرمەن دەپ بەكمۇ تەڭقىسلىقتا ماڭغان!

— كىم بىلىدۇ، راشىدىنىنىڭ ئاتا - ئانىسى «بالىمىز كەتكەندە ساپساق ئىدى، سەن كېسەل قىلىپ ئەكەپسەن» دەپ نىيازنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدىمۇ تېخى!

— راست، بۇنىمۇ يىراق چاغلىغىلى بولمايدۇ جۇما.

— ھەي ئىسىت، نىياز ئاكام بىلەن ئەمدى مەڭگۈلۈك خوشلىشىپتىمىز - ھە!؟

— قاراڭلار، نىياز توغرىسىدىكى پاراڭنى ئاڭلاپ زەينەپـ ـگۈلنىڭ مۇڭغا چۆكۈپ كەتكىنىنى!

— زەينەپگۈل، ئەمدى نىيازغا ئىشتەي ساقلىماڭ. ئۇ ھەرگىز كەلمەيدۇ، ئەگەر كېلىدۇ دەيدىغانلار بولسا باش بارمىقىمنى جادۇدا توغراشقا باغلىشىمەن.

— بارمىقىڭنى توغراپ نېمە كەپتۇ! نىياز بۇ چاغقا يۇرتىدا

توي قىلىپ خوتۇنىنىڭ قورسىقىغا بالا ئۇندۇرۇپ بولغاندۇ......
ها ـ ها ـ ها......

— ئۇ زەينەپگۈلنى ئۇنتۇپ كېتەرما، ھەي زەينەپگۈل......
زەينەپگۈل! سىزنىڭ ئەخمەقلىقىڭىزنى قارىمامدىغان!؟ ئەتراپىڭىزدا مەندەك كېلىشكەن يىگىتلەر تۇرغان يەردە، ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتكەن نىيازنى ئويلاپ نېمىمۇ قىلىسىز ـ ھە؟

زەينەپگۈل ئەمدى تاقەت قىلالماي ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپلا يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ ئەتەي چىقىشۋاتقانلار كۆز يۇمچەكلىشىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى. دېمىسىمۇ ئۇلار ئىلگىرى زەينەپگۈلنىڭ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنداق ئۆپكىدەپ يىغلىۋېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. باياتىن قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ كۈلۈپلا ئولتۇرغان تاشمۇھەممەت ئاۋۋال:

— نىيازنى كەلمەيدۇ دېگۈچىلەر بىلەن مانا مەن تىكىشىمەن. مۇبادا نىياز كەلمىسە باش بارمىقىمنى كېسىۋېتىمەن، — دېۋىدى، ئارقىدىنلا تاھىر ئاۋاز قوشتى:

— نىياز ئاكام ئۇنداق نامەردلەردىن ئەمەس، ئەگەر ئۇ كەلمىسە مانا مەن ماۋۇ پۇتۇمنى كېسىۋېتىمەن!

— ھاي ـ ھاي...... ئۇنداق قىلماڭلار، سەۋرى قىلىڭلار، پۇت ـ قولۇڭلارنى كېسىۋەتسەڭلار بۇ داڭلىق ئاشخانا بىراقلا توكۇر، چولاقلارنىڭ پاناھگاھىغا ئۆزگىرىپ كەتمەمدۇ! — كامال ئۇستامنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىۋېتىپ دېگەن بۇ گېپى باشقىلارنى كۈلدۈرگەن بولسىمۇ، زەينەپگۈلگە تەسىر قىلمىدى. ئۇ تېخىچىلا ئۇستەلدىن بېشىنى كۆتۈرمەيۋاتاتتى. كامال ئۇستام قىزلاردىن بىرىنى زەينەپگۈلنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، باشقىلارنى ئارام ئېلىشقا ئۇندىۋېتىپ تالاغا ماڭدى.

ئەتىسى چۈشتە كامال ئۇستام تاماق يېگىلى كەلگەن بىر تونۇشى بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى، سىرتتا كىملەرنىڭدۇر ۋاراڭ ـ

چۈرۈگى ئاڭلاندى. ئەسلىدە نىياز ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە تاھىر بۇ خەۋەرنى ئاۋۋال تاشمۇھەممەتكە، ئاندىن باشقىلارغا يەتكۈزگەنىدى. نىيازنى كۆرۈپ زەينەپگۈلنىڭ چىرايى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى. كامال ئۇستام «باللار چۈجە خورازلاردەك سوقۇشۇپ قالدىمۇ نېمە» دەپ ئويلاپ پايپاسلاپ چىققاندا، بىرنەچچەيلەن ھېلىقى كۈنى نىياز قايتىپ كەلسە، بارمىقىمنى كېسىۋېتىمەن دېگەن يىگىتنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، «ئەمدى بار-مىقىڭنى كېسىۋەت!» دېيىشىۋاتاتتى. نىيازنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە تاشمۇھەممەت ھەممىدىن بەك خۇش بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ نىيازنى قۇچاقلىۋېلىپ خېلىغىچە قويۇۋەتمىدى. كېيىن تاھىرمۇ شۇنداق قىزغىن قۇچاقلاشتى. ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجان-لانغانلىقتىنمىكىن، زەينەپگۈلنىڭ چىرايى ئاقىرىپ، يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك قاتتىق سوقۇۋاتاتتى. ئۇ نىيازدىن ئەھۋال سوراشقا ئىنتىلىپ باققان بولسىمۇ، «كەلدىڭىزمۇ» دېگەندىن باشقا گەپ قىلالمىدى.

— ئۆتكەندە يۇت - قولۇڭلارنى كېسىپ ئاشخانىنى توكۇر، چولاقلار دەرگاھىغا ئايلاندۇرۇۋەتمەڭلار دېگەنتىمغۇ! نىياز سالامەت قايتىپ كەلگەندىكىن ئەمدى بولدى قىلىڭلار، — دېدى كامال ئۇستام نىياز بىلەن قەددىناسلارچە قىزغىن كۆرۈشۈپ.

شۇئان ھەممەيلەن ئۆز ئىش ئورۇنلىرىغا قايتىشتى.

نىياز كەچتە راشىدىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ھەممەيلەنگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. نىيازنىڭ قايتىپ كەلگىنىدىن خۇشاللىقتا چۈمگەن كۆڭۈللەرنى قايتىدىن مۇڭ باستى. ئۇلار بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، ئۇنچىقماي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى. خېلىدىن كېيىن ئارىدىكى جىملىقنى كامال ئۇستام بۇزدى:

— سەن يولغا چىققاندا مەن راشىدىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان، ئۇكام. بىزدە «بالا چېدىغانغا

ئاتا ـ ئانا چىدىمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ. راشىدىن خۇدىنى بىلمەي يۈرگەن بىلەن، جىمى دەرد ـ ئەلەمنى بىچارە ئاتا ـ ئانىسى تارتىدۇ!

ــ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ راشىدىننى داۋالىتىمىز دەپ پۇل ـ ۋەجىدىن ئايرىلغىنى ھەقىقەتەن يامان بوپتۇ. دېھقانىنىڭ شۇ بىرنەچچە قوي ـ كالىسىدىن باشقا نېمىسى بولاتتى! ــ دېدى تاشمۇھەممەت ئېغىر تىنىپ.

پاراڭ شۇ يوسۇندا بىردەم داۋام قىلىپ، باشقىلار ھارغىنلىق يېتىپ، ئۇخلاش ئۈچۈن يېتىپ قىلىشقاندىن كېيىن، نىياز زەينەپگۈل بىلەن ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى.

ــ سىزنى كەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. ھەرنېمە بولسا كەلدىڭىز، ــ دېدى زەينەپگۈل ھاياجانلىق ئاۋازدا. بايىقى ئويى بويىچە ئۇ نىيازنىڭ مۇشۇ كۆڭلىچە ھېچقانداق ئۈچۈر بەرمىگەنلىكىگە باتنىماقچى ئىدى، بىراق ئەمدى ئۇنداق قىلالمىدى.

ــ كەلمىسەم قانداق بولىدۇ. بۇ يەردە سىز يەنە تاشمۇ ـ ھەممەت، تاھىرلار تۇرسا، سىلەرنى تاشلىۋېتىشكە قانداقمۇ چىدايمەن؟ بىز بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئايرىلمىساقكەن دەيمەن...... ھەرگىز...... ــ نىيازنىڭ بۇ سۆزى زەينەپگۈلنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

ــ مەن...... مەنمۇ پەقەت ئايرىلمىساقكەن دەيمەن، مۇشۇ كۈنلەرنى بەكمۇ تەستە ئۆتكۈزدۈم. تاشمۇھەممەت بىلەن تاھىردىن باشقىلار سىزنى «كەلمەيدۇ، بۇچاغقا يۇرتىدا توي قىلىپ بولدى» دەپ مېنى كۆندە تېرىكتۈردى......

ــ نېمە، ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭىزما؟

ــ مەن......

ــ سىز ئۇلارغا يۈرەكلىك ھالدا: «نىياز ئۇنداق ۋىجدانـ

ـسىزلاردىن ئەمەس، ئۇ مەن بىلەن توي قىلدۇ» دېمىدىڭىزما؟
— مەن......
— تىلىڭىزنى چايناپ تۇرماي گەپ قىلىڭە؟ نېمىشقا شۇنداق دەپ دەككىسىنى بەرمىدىڭىز؟
— سىز يۇرتىڭىزغا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا بۇ گەپنى ماڭا ئېنىق دېمىگەن تۇرسىڭىز......
— ھا ـ ھا ـ ھا...... — نىياز قاتتىق كۈلۈۋەتتى. زەينەپگۈل نىياز بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئۇنىڭ مۇشۇنداق قېنىشلىق كۈلگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتسىمۇ، لېكىن بۇنچە ئېچىلىپ كۈلۈشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە نىياز زەينەپگۈلنىڭ ساددىلىق چىقىپ تۇرغان گېپىگە ئەمەس، تەقدىرنىڭ كارامىتىگە كۈلگەنىدى. ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر سەۋەبلەر ئارقىلىق زەينەپگۈل بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا شەيدايىلارچە باغلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت تاسادىپىيلىق ئۇنىڭغا خۇددى قاچاندۇر بىر چاغلاردا كۆرگەن شېرىن چۈشىنىڭ بىردىنلا رېئاللىققا ئايلانغىنىدەك تەسىرات ھەدىيە قىلىۋاتاتتى. نىياز بۇ خىل تەسىرات قاينىمىغا چۆككەنسېرى ئۆزىنى باشقىچە بىر غايىۋى دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، مۇشۇنداق بولۇشىنى ئىلگىرى تەقەززالىق ئىلكىدە كۈتكەندەك، تەقدىر تاسادىپىي ھالدا ئوك كۆزىدە بېقىپ، زەينەپگۈلنى نېسىپ ئەتكەندەك سېزىۋاتاتتى. قىزنىڭ يېرى زەينەپگۈلمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى.
— بۇ گەپنى ماڭا ئېنىق دېمىدىڭىز دەڭ. بىراق، ئويلاپ باقسام بىرنەچچە يىل بۇرۇن دېگەندەك قىلمىغەنغۇ!
نىيازنىڭ بۇ گېپى زەينەپگۈلنى دەسلەپتە گاڭگىراتقان بولسىمۇ، مىنۇت ئۆتمەيلا گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، رازىمەنلىك بىلەن تەبەسسۇم قىلدى.
— سىز كېتىپلا مەنمۇ ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈۋاتقان ئادىمىمنىڭ

دەل سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم. ئىلگىرى ئۆگەيلىك دەردىنى تارتقان ۋاقتىمدا غايىبانە بىرسىنىڭ يىراقتىن كېلىپ مېنى ئېلىپ كېتىشىنى خىيال قىلاتتىم. كۆرمەمسىز، بۇنىڭ رېئاللىققا ئايلان-غىنىنى! ئەسلىدە ئۇ سىزكەنسىز......

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز. خىيالىڭىزدىكى ئۇ يىگىت ھەقىقەتەنمۇ مەن، سىزمۇ دەل مەن ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ساھىبجامال!

نىيازنىڭ ۋۇجۇدىمۇ شۇ تاپتا زەينەپگۈلنىڭكىگە ئوخشاشلا چىن سۆيگۈنىڭ يالقۇنىدا كۆيۈۋاتاتتى. ئۇلار خېلى بىرچاغقىچە مۇڭداشتى. ئاخىرىدا نىياز سەل ئارىسالدىلىق ئىلكىدە دېدى:

— زەينەپگۇل، سىزدىن كۈتىدىغان بىر ئۈمىدىم بار ئىدى، سىزنىڭ قوشۇلماي قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ بايىدىن بېرى دېيەلمىدىم.

— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بۇنچە تەكەللۇپ قىلىش كېتەمدۇ؟ قانداق ئۈمىدىڭىز بولسا چوقۇم ئاقلايمەن، قېنى دەڭە!

— راشىدىنىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاتا - ئانام مېنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىشىمگە قوشۇلمىغانىدى. نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرسام، يېزىمىزنىڭ باشلىقى ئاتا - ئانامغا سۆزلەپ ماڭا بىر ئايلىق رۇخسەت ئېلىپ بەردى. بۇلارنى دېمىگەندىمۇ دادام ياشىنىپ قالدى. قارىسام، كۆزى بەكلا ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. ئاناممۇ «بىز ياشىنىپ قالدۇق، يېنىمىزدىن نېرى كەتمە» دەپ يىغ-لىدى...... ئاناممۇ مۈكچىيىپلا قاپتۇ......

— بولدى سۆزلىمەڭ، مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى مەن بۇرۇنلا پەرەز قىلغان. مەنمۇ كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، سىز بىلەن مەڭگۈ بىللە بولۇشقا ئىدىيەمدە تەييارلىق قىلىپ قويغان. سىز نەدە بولسىڭىز ئەبەدىي يېنىڭىزدا بولىمەن. مەن سىزنى خاتا تاللى-مىدىم. مېنىمۇ چوقۇم قەدىرلەيسىز. شۇڭا، كېيىنكى تەقدىرىمدىن

ھەرگىز ئەنسىرىمەيمەن!

نىيازنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چوڭ ئېچىلدى. دېمىسمۇ، مۇلايىم، كەم سۆز زەينەپگۈلنىڭ ئۆزىگە بۇنداق ۋەزنىلىك گەپلەرنى قىلىپ، بۇنچىلىك شادلاندۇرۇۋېتىشىنى ئۇ ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. زەينەپگۈلنىڭ تاغدەك ئىشەنچىسى ئۇنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئازابلاپ كېلىۋاتقان روھىي بېسىمدىن بىراقلا ئازاد قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەۋەتلا يېنىكلەپ قالدى.

*　　　　*　　　　*

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بارات نىياز ئەخمەت بوۋاينى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن نىيازنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېلىشكە قوشۇلۇشىنى ئېيتقاندا، ئەخمەت بوۋاي:

— سىلى يەنە ئارىغا چۈشكەن يەردە، مەن تاش چىشلەپ تۇرسام قاملاشماس. بىراقىزە، بۇ ئاساۋ قۇلۇنغا يۈگەن سېلىپ بېرىشكە ماقۇل بولسىلا، ئاندىن دېگەنلىرىگە ماقۇل بولاي، — دېگەنىدى، بارات نىياز ئەخمەت بوۋاينىڭ مەقسىتىنى بىلىپ سورىدى:

— نىيازغا سالىدىغان يۈگەننى تەييار قىلىپ قويغانمىدىڭىز؟

— تەييار قىلمامدىغان، تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدىن ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغانمەن. ئەممازە، بۇ بەڭباش قوشۇلماي تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سىز يۈگىنىڭىزنى تەييارلاۋېرىڭ، ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ بىر ئاي ئىچىدە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كەلسۇن، شۇ چاغدا ئۆزۈم باش بولۇپ بۇ شاش تايغا يۈگەن سالىمىز......

بارات نىيازنىڭ بۇ گېپى ئەخمەت بوۋاينى خاتىرجەم قىلغانىدى. مۇبادا ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولسا، بۇ قېتىم بىر مەيدان كۆرەش يۈز بېرىپ، نىياز ئانىسى ھۆۋىخاننىڭ ئىككى تۇغقان

ئىنىسىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىناتتى. ئۇ هالدا كۆڭۈل مەيلىنى ئاللىقاچان زەينەپگۈلگە بېرىۋەتكەن نىيازنىڭ قىيامىتى باشلىناتتى. نىياز سەپەر ئۈستىدە مانا مۇشۇ باش قېتىنچىلىقنى تولا ئويلاپ، بىسەرەمجان بولغانىدى. هەر قېتىم زەينەپگۈلنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە يۈرىكىنى خۇددى مولۇن قاماللىغاندەك بىر خىل ئىزتىراپتا ئاچچىق تولغىناتتى. مانا ئەمدى زەينەپگۈل نىيازنىڭ ئارزۇسىدىكى گەپنى قىلىپ جىننى يايرىـ ـتىۋەتتى. زەينەپگۈل مۇشۇنداق غەيرەت بېغىشلايدىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى كۈرەشتە غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىسى زور ئىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ نىياز تاشمۇهەممەتنى تاهىر بىلەن زەينەپگۈلگە ياردەملىشىشكە بۇيرۇپ، ئۆزى ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىغا چىن ئىخلاسى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. بۇ خىل سەمىمىلىكىدىن قارىغاندا مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كامال ئۇستامنىڭ ئۆزلىرى بېيجىڭغا كەلگەندىن بېرى قىلغان ئاتىدارچىلىقىغا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تەشەككۈرنى بىلدۈرمەكچىدەك قىلاتتى. نىيازنىڭ ئىخـ ـلاسىدىن كامال ئۇستاملا ئەمەس، ئاشخانىدىكى هەممەيلەن سۆيۈنمەي قالمىدى. راست، دۇنيانى پەقەت مېهرلا مۇشۇنداق ئىللىتىپ كەلگىنى دەرهەقىقەت. پەقەت ئىنساندىن ئىنسانغا هەقىقىي نېسىپ بولىدىغىنى ئىنسانىي مېهردۇر. كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋاپا هەم ساداقەت پەقەت مۇشۇنداق چىن مېهر بىلەن سۇغىرىلغاندىلا سۆيگۈ، دوستلۇق هەم ياخشىلىقنىڭ جۇلالىق گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىدۇ.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى نىيازنىڭ ئىخلاسىدىن ئەڭ ئاۋۋال كامال ئۇستام هەسرەت چېكىشكە باشلىدى. گەرچە نىياز كامال ئۇستامغا دادىسىنىڭ تەلپىنى بويىچە بىر ئايدىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ كۈندىكى

بەزى گەپلىرىدىن كامال ئۇستام ئاللىقاچان گۇمان قىلىپ ئۈلگۈر-
گەنىدى. ھەر قېتىم نىيازنىڭ قورۇما قورۇغاچ يېنىدىكىلەرگە
بىرنېمىلەرنى چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، كۆڭلىدە: «راست،
نىياز پات ئارىدا يۇرتىغا قايتىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا
ئەتراپىدىكىلەرگە قورسىقىدىكى بارلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ، ماڭا
رەھمىتىنى بىلدۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مېنىڭچە، كەتمىسە ياخشى
بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلىدى. تاشمۇھەممەت بىلەن تاھىرمۇ
نىيازنىڭ قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ جىمغۇرلىشىپ
قالغانىدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۆزگە يۇرتتا بارنى تەڭ
كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولغان دوستىدىن ئايرىلىش
ئۇلاردەك ئىچكى ئۆلكىلەردە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭلا ئەمەس،
ئۆز يۇرتىدا جاھاندارچىلىق ھەلەكچىلىكىدە ھەمنەپەس بولۇۋاتقان
دوستلارنىڭ قەلبىنىمۇ ئازابلىماي قالمايتتى.

ھەرقانچە ئاھ - ۋاھلىغان بىلەنمۇ ئايرىلىدىغان كۈن ئاخىر
يېتىپ كەلدى. بۈگۈن كەچ بىرمەھەل بولغاندا ئاشخانىنىڭ بىر
كۈنلۈك تىجارىتى ئاخىرلىشىپ، باشقىلار ئىش كىيىملىرىنى
سېلىشىپ دەم ئېلىۋاتقاندا، نىياز تاشمۇھەممەت بىلەن كامال
ئۇستامنىڭ ھۇجرىسىغا غىپپىدە كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىردەم
ئاشخانىنىڭ تاماق تۈرلىرى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، نىياز
بىرنەچچە كۈندىن بېرى دېيەلمەي تەڭلىك تارتىپ كېلىۋاتقان
گېپىنى ئاخىر دېدى:

— مەن بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرالماي كۆپ قىينالدىم،
ئۇستام، ئاشخانىنىڭ سودىسى ئوبدان يۈرۈشۈپ، نامىمىز ئەتراپقا
تارقىلىشقا باشلىغاندا، مەن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.
دەرۋەقە، بۇ بەكلا قاملاشمىغان ئىش بولدى. مۇبادا كېسەلچان
ئانام بىلەن توقسان ياشلاردىن ھالقىغان دادام ئەمەس، باشقا
ھەرقانداق يۈزلۈك بىرسى مېنى بۇ شەھەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر-

لىغان بولسا، سىزنى تاشلاپ ھەرگىز كەتمەيتتىم. مېنى ئەپۇ قىلسىڭىز...... راست، ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر تەڭلىكتە قالدىم......

نىيازنىڭ ئاۋازى تىترەپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ خاس پارىڭىنى سىرتتىكى ئۆيدە تۇرۇپ ئاڭلىغان تاھىرمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلاردىن ۋاقتىنچە پىنھان تۇتۇلغان بۇ ئىش بىردىنلا ئاشكارىلاندى.

— خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك چىقىشىپ قاپتىكەنـ ـمىز، ئۇكام. مۇشۇنداق بولۇشىنى مەن باشتىلا پەرەز قىلغانىدىم. ئاخىر بۇ گەپنى سېنىڭ ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلاپ، بىر ياتامنى بىرسى سۆكۈۋەتكەندەك بولدۇم. ئەمما، توغرا چۈشەنمەي ئامالىم يوق. داداڭنىڭ يېشى توقسانلاردىن ھالقىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ياشىنىپ قاپتۇ. يېنىدا خىزمىتىنى قىلىپ دۇئاسىنى ئېلىشمۇ ساڭا پەرزدۇر. سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم، كېيىنچە پۇرسەت چىقىپ قالسا، ئىككى يېڭىڭغا قارىمايلا يېنىمىزغا كەلگىن. كەلگۈسىدە ئاشخانىمىز ھەرقانچە تەرەققىي قىلىپ كەتسىمۇ، سېنىڭ بىر كىشىلىك ئورنۇڭ ساقلىنىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەن. سېنى تەڭلىكتە تارتقۇزغۇم يوق، ساڭا مۇشۇنچىلىكلا دېيەلەيمەن.

كامال ئۇستامنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈشىگە تاشمۇھەممەت سۆز نۆۋىتى ئالدى:

— كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم، ئاداش، سەندىن پەقەتلا ئايرىلغۇم يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ كامال ئۇستام ھېلى دېگەندەك، مەنمۇ سېنى تەڭقىسلىقتا قويسام بولمايدۇ. راشىدىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقاندا، ھامان قايتىپ كېتىدىغانلىقىڭنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا، كېيىنكى كۈنلەردە يەنە بىللە بولۇشقا ئىشىنىمەن. ئىلاھىم شۇنداق كۈنلەر نېسىپ بولار. تاھىر ئىككىمىز سېنى مۇشۇ يەردە كۈتىمىز...... ۋاقتى - قەرەلىدە ئالاقىلىشىپ تۇرايلى.

باشقىلارمۇ بىردەك نىيازغا كېيىنچە چوقۇم قايتىپ كېلىشنى تاپىلىدى. تاھىر يىغلاپ تۇرۇپ:

— نىياز ئاكا، خاتىرجەم بول. بىز بىيجىڭدا كاۋېپىمىزنىڭ داڭقىنى چىقىرىۋېتىمىز. سەن ماۋۇ زەينەپگۈل ئاچامنى بىللە ئېلىپ كەت...... — دېۋىدى، باياتىن ئۇن - تىنسىز ئولتۇرغان زەينەپگۈل دەرھال ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپتى.

— نېمە، سەن زەينەپگۈلنى مەن بىلەن قالسدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن. ئۇ نىياز بىلەن كەتمەي، ساڭا قاچانغىچە ئاچا بولۇۋېرىدۇ؟ — دېدى كامال ئۇستام قىزىقچىلىق قىلىپ.

ھەممەيلەن تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى، زەينەپگۈل يەلكىسىدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلىشىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە يولغا چىقىدىغان ۋاقىت قىستاپ كەلگەنسېرى ئۇ ئۆزىنىڭمۇ نىياز بىلەن قايتماقچى بولغانلىقىنى كامال ئۇستامغا قايسى يوسۇندا دېيىشنى بىلەلمەي دېلىغۇللۇقتا قېلىۋاتاتتى. قارىغاندا كامال ئۇستام ھەممىدىن خەۋەرداردەك قىلاتتى.

ئەتىسى نىياز زەينەپگۈل بىلەن نەرسە - كېرەكلەرنى تەييار-لاۋاتقاندا، كامال ئۇستام ئۇنى چاقىرىپ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. بۇ يەردە ئۇنى تاشمۇھەممەت كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— سېنى ئەمدى كاشىلا قىلىۋەرمەيلى. كەچنىڭ پويىزىدا يولغا چىققىن، تاشمۇھەممەتنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى باركەن. قېنى، تاشمۇھەممەت گەپنىڭ ئەزمىسىنى ئەزمەي چاپسانراق دېگىن، — دېدى كامال ئۇستام تاشمۇھەممەتكە قاراپ. تاشمۇ-ھەممەت كىچىك بىر خاتىرىنى نىيازغا سۇنۇپ:

— ئاداش، ئاخىر يولغا چىقىدىغان بولدۇڭ. كونىلار «ھېساب-لىق دوست ئايرىلماس» دەپ توغرا ئېيتقان. مەن خەزىنىمىزنىڭ ھېسابىنى تەپسىلىي قىلىپ قويدۇم، ئاۋۋال بۇنى كۆرگىن، —

دېدى.

ــ بولدى كۆرمىسەممۇ بولىدۇ. مەن بىلىمەن، راشىدىننى ئىزدەيمىز، داۋالىتىمىز دەپ كۆپ چىقىمدار بولدۇق. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن. شۇڭا، مېنى بۇ خاتىرىنى كۆرۈشكە قىستاپ، ئۇستلەپ خىجىل قىلما، ــ دېدى نىياز سەممىي ھالدا. تاشمۇھەممەت ھەرقانچە تاقاراشقان بولسىمۇ نىياز خاتىرىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

ــ بولدى قىل، تاشمۇھەممەت، ئۇيلاپ باقسام نىيازنى ئەمدى خاتىرىنى كۆرۈشكە قىستىمىساق بولغۇدەك، ــ دېدى كامال ئۇستام تاشمۇھەممەتكە مەنىلىك قاراپ. ئاندىن يېنىدىكى خۇرۇم سومكىدىن بىرنەچچە باغلام 100 يۈەنلىك پۇلنى چىقىرىپ نىيازنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ داۋام قىلدى، ــ تاشمۇھەممەت، سەن تۈنۈگۈن دېگەن پۇلنى تەييار قىلىپ قويدۇم مانا. ئۇنى نىيازغا بەرگىن، ئۇ پويىز ئىستانسىسىغا تېزرەك بارسۇن، بولمىسا كېچىكىپ قالىدۇ.

تاشمۇھەممەت پۇلنى ئېلىپ نىيازنىڭ ئالدىغا ئىتتىرگىنىچە دېدى:

ــ ئاداش، يۇرتتا ساڭا پۇل كېرەك بولىدۇ. بۇ 75 مىڭ يۈەننى ساڭا تەييارلىتىپ قويغان، ئېلىۋالغىن. ياخشىراق بىر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتارسەن ھەم يەنە راشىدىننى داۋالىتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا ئىشلىتەرسەن. ئاخىرىدا شۇنى تاپىلاپ قوياي، ئەگەر قىيىنچىلىق تارتىپ قالساڭ دەرھال ماڭا ئۇچۇر بەرگىن.

نىياز شۇئان پۇلنى تاشمۇھەممەتنىڭ ئالدىغا ئىتتىردى:

ــ خەزىنىمىزدىكى پۇل بۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ھەممىسنى راشىدىن ئىككىمىزگە تەئەللۇق قىلىۋەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟ مېنى بۇنداق خىجىل قىلماي ئازراقلا پۇل بەرگىن، يۇرتقا ئامان ـ ئېسەن بېرىۋالسام بولىدى، ــ دېدى نىياز پۇلنى

ئېلىشنى رەت قىلىپ.

راست، نىياز بىلەتتى. تاشمۇھەممەت ئىككىسى كۈنمىگىدا قۇرۇۋالغان كىچىك خەزىنىدىكى پۇل راشىدىن پالاكەتكە يولۇقـ ـقاندىن بۇيان كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كەتكەنىدى. مۇبادا كېيىن جۇغلانغان دېيىلسە، ئۇ ئەلۋەتتە تاشمۇھەممەت بىلەن تاھىرغا تەئەللۇق بولاتتى.

ــ بۇنداق جاھىللىق قىلماي بۇ پۇلنى ئېلىۋالغىن، بولمىسا سەندىن رەنجىپ قالىمەن جۇمۇ!

ــ تاشمۇھەممەت، سەنمۇ جاھىللىق قىلما. مەن باشقا يەرگە ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ يۇرتىغا بارىدىغان تۇرسام، بۇنچە پۇلنى نېمە قىلىمەن؟ سەن تېخى ئابلەيكامغا ھېساب بەرمىسەڭ بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ پۇلدىن ماڭا ئازراقلا ئايرىپ بېرىپ، قالغىنىنى ئېلىپ قال.

ــ ھە راست، ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۆتكەندە كىبىر ھاجى دادام كېلىپ بىر ئايچە داۋالىنىپ كەتتى. ئۇ بىزنىڭ مۇشۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ خۇش بولدى. ئابلەيكام پۇتى كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن باشقا ئىش قىلالماي، كىبىر ھاجى دادامنىڭ دۇكىنىغا قارىشىپ بېرىپتۇ. مەن دوختۇرـ خانىغا ئازراق پۇل ئېلىپ بارغان. كىبىر ھاجى دادام ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ: «ياشىنىپ قالدىم، ساڭا باشقا ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن. بۇ پۇل بىلەن بىرەر ھالال تىجارەتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ جېنىڭنى باق، نىيىتىڭ دۇرۇس بولسۇن» دەپ تاپىلىدى. شۇڭا، سەن ئۇ ئىشلاردىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ.

ــ شۇنداقتىمۇ، يەنە دېسەم مەن باشقا يەرگە ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ يۇرتىغا كېتىۋاتىمەن. ئۆيگە سالامەت بېرىۋالسام تۇرـ مۇشنى قامدىغۇدەك بىر ئىش تاپالايمەن. بۇ پۇل كېيىنچە تاھىر بىلەن ساڭا كېرەك بولۇپ قالىدۇ.

— نىياز، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ كۆرۈشمەيدىغاندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىسەنغۇ! ئۇنتۇپ قالما، ئىككىمىز دوستلۇقىمىزنى مەڭگۈ قوغدايمىز دەپ قول بېرىشكەن. سەن باشقا ئىشلارنى ئويلىماي، بۇ پۇل بىلەن يۇرتۇڭدا بىرەر ئىش قىلغىن. ئاشخانا ئاچساڭمۇ بولىدۇ؟

— ئۇنداق بولسا بېرىمىنى سەن ئېلىپ قال، قالغان يېرىمىنى مەن ئېلىپ كېتەي، قانداق؟

— ھەممىسىنى ئېلىپ كەت.

— ياق.

ئىككىسى شۇ يوسۇندا دەتالىشىپ بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىدى. ئاخىر كامال ئۇستام ئارىغا چۈشتى:

— نىياز، بۇ تالاش - تارتىش قىلىدىغان ئىش ئەمەس. راشىدىننى ئىزدەش ھەم داۋالىتىشقا 50 مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇل كېتىپتۇ. قالغان پۇل ئۈچىڭلارغا 20 نەچچە مىڭ سومدىن تېگىپ، زەينەپگۈلگە يەنە 5000 سومچە قالىدىكەن، تاشمۇھەممەت بىلەن تاھىر سېنىڭ يۇرتۇڭدا قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىشىڭغا چىدىماي، ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىسىنىمۇ ساڭا بەردى، خالاس. مۇبادا ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قوبۇل قىلمىساڭ، دوستلۇقۇڭلارنىڭ قەدرى بولماي قالىدۇ. شۇڭا، جاھىللىق قىلماي بۇ پۇلنى ئېلىپ كەت، مەنلا بولىدىكەنمەن تاشمۇھەممەت بىلەن تاھىر پۇلسىز قالمايدۇ.

نىياز تاشمۇھەممەتكە قاراپ، ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل رازىمەنلىك بىلەن مەمنۇنلۇقنىڭ نۇرلىرى چاقناۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— پۇلنى ئېلىۋال ئاداش، يۇرتۇڭغا بارغاندا مەن دېگەندەك بىرەر تىجارەتنىڭ يولىنى تۇتقىن. راشىدىننىڭ قىسمىتى تۈپەيلى يەنە ئۆزۈڭنى ئەيىبلەۋەرمە. ئىشلار سەن - بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس، جانابى ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ.

نىياز تاشمۇھەممەت بىلەن كامال ئۇستامغا ھاياجانلىق نەزەردە

بىقسپ لەۋلىرىنى ئۇمچەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا نېمە دېيىشنى بىلمەيـ ـۋاتاتتى. ئاخىرىدا كامال ئۇستام يېنىدىن بىر باغلام پۇلنى چىقىرىپ:
— زەينەپگۈل ئىككىڭلارنىڭ تويىنى مۇشۇ يەردە ئۆزۈم باش بولۇپ قىلىپ قويارمەن دېگەنىدىم. ئەپسۇس، بۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى، — دېدى سەمىمىي تەلەپپۇزدا، — شۇنداقتىمۇ بۇ پۇل تويۇڭلارغا قىلغان ئازغىنە سوۋغام بولسۇن. قىز دۇرۇسكەن، يۇرتۇڭغا بارغاندىن كېيىن كىچىكتۇرمەي توي قىلىۋال. نېسىپ بولغاندا يېنىمىزغا بالاڭنى ئېلىپ كەلسەڭلار مەن بەك خۇش بولىمەن!
— ئاله، ئاداش، ئەمدى كاشىلا بولساڭ پويىزغا ئۈلگۈرەلـ ـمەيسەن، — دېدى تاشمۇھەممەت پۇلنى نىيازنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.
كامال ئۇستامۇ قولىدىكى پۇلنى دەرھال ئۇنىڭ ئۇستىگە قويدى. نىياز شۇ تاپتا هاياجانلانغىنىدىن نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي مەڭدەپ قالدى. تاشمۇھەممەت سىرتتا ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان زەينەپگۈلنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېلىپ كىردىـ ـدە، نىيازنىڭ قولىدىكى پۇلنى قاچىلىدى. نىياز خۇددى كىچىك بالىدەك كالپۇكلىرىنى ئۇمچەيتىپ:
— مەن...... مەن...... تاشمۇھەممەت، كامال ئۇستام، مەن سىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن، — دېدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، بىراق تاشمۇھەممەت قۇچىقىنى ئېچىپ مېهرى بىلەن قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلدى. ئىككى ۋۇجۇدـ ـتىن چىن دوستلۇقنىڭ يالقۇنلۇق مېهرى يېلىنجاپ يۈرەكلەرنى كۆيدۈردى. شۇ قىسقا مىنۇتلاردا نىياز تاشمۇھەممەت بىلەن تونۇشقاندىن بۇيانقى كەچۈرمىشلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈردى. ئۈرۈمچىدىكى ئاشخانىدىن قېچىش، كونىمىڭدىكى قانلىق ماجىرا، شاڭخەيدىكى تەمتىرەش...... ئىشقىلىپ، هەممەـ

ھەممە ئىشلار نىيازنىڭ كۆز ئالدىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. كېيىن تاھىر بىلەن قۇچاقلاشقاندا بولسا، گۇاڭجۇۋدا خودەكنى ئالداپ قاچقان تەسىرلىك دەملەرنى ئەسلىدى. تاشمۇھەممەتنى يانغا تارتىپ تاھىرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى. ئاندىن زەينەپگۈل بىلەن تاكسىغا ئولتۇرۇپ، ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە پويىز ئىستانسىسىغا يول ئالدى.

*　　　*　　　*

نىياز ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قارىغاندا ئۇ بارات نىيازنىڭ ئەخمەت بوۋايدىن ئۆزىگە پەقەت بىر ئايلىقلا رۇخسەت ئېلىپ بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، گاھىدا زەينەپگۈلنى ئەگەشتۈرۈپ، گاھىدا مېھمانخانىدا قالدۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بازىرىنى ئارىلايتتى. ئارىدا يەنە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپ-چىقىرىدىغان بىر قىسىم زاۋۇت - كارخانىلارغىمۇ بېرىپ مۇنا-سىۋەتلىك بىرقانچە كىشى بىلەنمۇ تونۇشۇۋالدى. بۇ ئۇنىڭ بېيجىڭدىن كەلگىچە پويىزدا سۈرگەن خىيالىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. راست، ئۇنى تاشمۇھەممەتنىڭ «يۇرتۇڭغا بارغاندىن كېيىن بىرەر تىجارەتنىڭ پېشىنى تۇتۇۋال» دېگەن گېپى ئويغاتقانىدى. گېپى كەلسە ئادەمنى تاسادىپىي چېقىلغان چاقماقتىن ياڭرىغان گۈلدۈرماما ئاۋازى ئەمەس، مانا مۇشۇنداق بىرنەچچە ئېغىز گەپمۇ غەپلەتتىن ئويغىتىۋېتىدۇ. نىياز پويىزغا چىققاندىلا ئاقتاشقا بارغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغا-نىدى. راشىدىن روھىي مېيىپ بولۇپ قالغان، سەدىردىن ئېغىز شاخقا يامىشىش بىلەن ھەلەك بولۇۋاتقان، ئابدۇللامۇ كادىرلىق پەلەمپىيىگە دەسسەپلا ئۆزىدىن يىراقلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، نىياز ئۆز

يـولنى تاپمـسا بولمـايتتى. ئـۇ باشـتا نـاھيە بازىرىـدا ئاشـخانا ئېچىشنى ئويلىدى، كېيىن بارات نىيازنىـڭ «يېزىنىـڭ خۇمـدىنىنى ھۆددىگە ئالغىن» دېگەن گېپى ئېسىگە چۈشۈپ ئۆزىنى باشـقىدىن دەڭسەپ كۆردى. بىر چاغدا كـۆز ئالـدىغا نەچـچە يىلنىـڭ ئالدىـدا ئاقتاشـتىن نـاھيە بازىرىغـا كۆچـۈپ كىرىـپ دەسـلەپتە قۇرۇلـۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن، ئارقىـدىن قۇرۇلـۇش ھـۆددىگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھـازىر سـاناقلىق بايلارنىـڭ قاتارىـدىن ئـورۇن ئالغـان سـادىر ھـاجى كېلىۋالـدى. ئۇنىـڭ مۇشـۇ بىرقـانچە يىـل مابەينىدە ئۆز مەبلىغىگە مەكتەپ، دوختۇرخانا سالغانلىقىنى ئـاڭلاپ ھەۋەسـلەنگەنىدى. «خىيـال خىيـالنى تۇغـدۇ» دېگەنـدەك، نىيازنىڭ خىش خۇمدىنى توغرۇلۇق ئويلىنىۋېتىپ، بىردىنلا سادىر ھاجىنى خىيال قىلىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. نىياز سادىر ھاجىنى خىيال قىلىۋېتىـپ، بىـردىنلا كـۆز ئالـدىنىڭ يـورۇپ كېتىۋاتقـانلىقىنى سەزدى. راسـت، خىـش خۇمـدىنى بولغـانىكەن، ئۇنىڭ يېنىدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بولۇشى كېرەك. خىش بىلەن قۇرۇلـۇش ماتېرىيـاللىرى تەل بولـسا...... قۇرۇلـۇش قىلغىلـى بولىدۇ...... بۇ ئۆزئارا زەنجىرسىمان باغلىنىـدىغان تىجـارەت...... نىياز ئىچىدە شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، زەينەپگۈل نىيازنىڭ يول بويى ئۈنچىقمايلا كەلگەنلىكىدىكى سەۋەبنى ئاڭقىرالماي، ئۆزىچە تىت-تىت بولۇۋاتاتتى. ئارىدا نىيازدىن ئۇنى - بۇنى سوراپمۇ باقتى، بىراق نىيـاز «ھەئە، يـاق»تىـن باشـقا تـۈزۈكرەك جـاۋاب بىـلەن ئۆزىنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. زەينەپگۈل ئاخىر دومسىيىپ ياتقىنىچە ئۇخلاپ قالدى. يېزا ئۆزۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە نىيازنىڭ خىيا-لىدىكى ھېلىقى پىلانلار خۇلاسىلىنىپ، يېزىنىـڭ خىش خۇمدىنى ھۆددىگەرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىنى بىرلەش-تۈرۈشنى كـۆڭلىگە پۈكـۈپ ئۈلگـۈردى. مانـا، نىيازنىـڭ ھـازىرقى ئالدىراشچىلىقى مۇشۇ قارارىنىڭ تۈنجى قەدىمى ئۈچۈن ئىدى.

نىياز بۇگۈن ئەتىگەندە زەينەپگۈلنى ئەگەشتۇرۇپ دۆڭ-كۆۋرۈككە كەلدى. كوچىلارنى بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن كىيىم-كېچەك سودىسى قىزىپ كەتكەن تار كوچىغا كىردى. زەينەپگۈل نىيازنىڭ كەم سۆز بولۇپ قالغانلىقىغا ئاۋۋالقىدەكلا خاپا ئىدى. نىياز ئەتراپتىكى كىيىم - كېچەك دۇكانلىرىنى ئارىلاپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن زەينەپگۈلنى يانغا تارتىپ:

— ئاتا - ئانىڭىزغا، ئىنى - سىڭىللىرىڭىز ھەم ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزغا بىرەر قۇردىن ياخشىراق كىيىم تاللاڭ، مەن ئۇلار بىلەن يۈز كۆرۈشمىسەم بولماس. چۈشتىن كېيىنلا يولغا چىقايلى، — دېيىدى، زەينەپگۈل ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. دېمىسىمۇ نىيازنىڭ بۇ قارارى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىگە ئوچۇق چىرايمۇ ئاچماي دەرگۇماندا قويۇپ، ئەمدى بىراقلا «ئاتا - ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشىمەن» دېسە، ئۇ ئەجەبلەنمەي، گۇمان قايىنىمىغا چۆكمەي قالاتتىمۇ؟

— سىز...... سىز...... بىرقىسىملا بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ مەن...... ياكى سىز، بولدى، كىيىم - كېچەك ئالمىساقمۇ بولىدۇ، — زەينەپگۈلنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى. نىياز ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «مىجەزى يوق ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى بولغاي:

— بايىدىن بېرى مېڭىۋېرىپ چارچاپ قالغان ئوخشايسىز، تاماق يېگەچ بىردەم ئارام ئالايلى، — دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى يېقىنلا يەردىكى ئاشخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ ئورۇنلاشتى.

— نىياز، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان سىز باشقىچە بولۇپ قالدىڭىز. قارىسام مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك، يەنە مەندىن رايىڭىز يانغاندەكلا قىلىسىز. سىزدىن ئۆتۈنەي، ھەرقانداق ئىش بولسا ماڭا ئوچۇقىنى دەڭ. سىزنىڭ ھەرقانداق

قارارىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، — دېدى زەينەپگۈل پىيالىدىكى چايدىن ئوتلىۋالغاندىن كېيىن. روھىي ھالىتىدىن قارىغاندا ئۇ سەل جىددىيلەشكەندەك ھەم مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقىلى خېلى بولغاندەك قىلاتتى.

نىياز ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن:

— ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىپسىز. مەن بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ، ئاخىر ئەپلىك بىر پىلاننى پۈتكۈزۈپ قويدۇم. سىزدىن رايىم يانغان - يانمىغانلىقىنى يۇرتىڭىزغا بېرىپ، مەن ئاتا - ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە بىلىپ قالىسىز...... — دېدى تېخىمۇ سىرلىق قىلىپ. بۇ گەپ زەينەپگۈلنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ سەل ئويلانغاندىن كېيىن كۆزىنى ئۈستەلدىكى سۇنئىي گۈلگە تىككىنىچە دېدى:

— ئويلىغىنىمدەك بولدى، دېسەم - دېمىسەم سىز مېنى ئاتا - ئانامنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ يۇرتىڭىزغا غىپپىدە كەتمەكچى، شۇنداقمۇ؟

— سىزنىڭچە مەن شۇنداق قىلىدىغاندەك تۇرامدىمەن؟

— بۇنى نەدىن بىلەي، ئەگەر شۇنداق قىلماقچى بولسىڭىز، بولدى ئاۋارە بولماڭ، مەن مۇشۇ ئۆرۈمچىدە قالاي، بىرەر ئاشخانىدا ئىشلەپ جېنىمنى جان ئېتەلەيمەن.

— شۇنداق قىلىشقا رايىڭىز بارامدۇ؟

— بۇ مېنىڭ ئەمەس، سىزنىڭ رايىڭىزغۇ! شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ سىزنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن. شۇڭا، ھەرقانداق تەلەپىڭىزنى ئورۇنلاشقا تەييارمەن.

— سىز مەندىن ئايرىلىپ كەتمەكچىمۇ؟

— مەن سىزنى رەنجىتىپ قويۇشتىن بەكمۇ قورقىمەن......

ــ ئەمدى بىلدىم، قارىغاندا سىز مېنى ئۆزىڭىزدىن رەنجىپ قالدى دەپ ئويلاۋېتىپسىز ـ ھە؟

ــ ھەئە، سىز بېيجىڭدا پويىزغا چىققاندىن باشلاپ، ھازىرـ غىچە ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىش تۇگۇل، تۈزۈكرەك چىرايمۇ ئاچمىدىڭىز. يەنە مېنى تاشلاپ قويۇپ نەلەرگىدۇر كەتتىڭىز، قارىسام مەندىن قۇتۇلالماي قالغاندەكلا قىلىسىز. قايسى ئىشنى خاتا قىلغان بولغىيدىم، تېگىگە ھېچ يېتەلمەي بەكمۇ ئازابـ لىنىۋاتىمەن.

ــ يەنە دەيدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

ــ نېمە بولسا بولسۇن، ئۆتۈنەيكى، مەندىن رەنجىپ قالماڭ نىياز، بولامدۇ؟

ــ ھا ـ ھا ـ ھا، ھى ـ ھى ـ ھى...... ــ نىياز ئۇنىنى قويۇۋېتىپ شۇنداق كۈلۈۋەتتىكى، شۇئان بولۇڭدا مۈگدەشىپ ئولتۇرغان بىر جۈپ قىز ـ يىگىتكە كۆزى چۈشۈپ ئالىقىنىدا ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. مۇبادا قوشنا شىرەدىكى بىر توپ مېھمان تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، ھېلىلا تۈۋەنگە چۈشۈپ كەتمىگەن بولسا بەكمۇ ئۇيياتلىق ئىش بولغان بولاتتى، ــ ئەخمەق، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ قارىغاندا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كاللامغا كىرىۋالغان ئىشلارنى سىزگە تەپسىلىي چۈشەندۈرمىسەم بولمىغۇدەك، بولمىسا مەندىن بىھۇدە رەنجىپ يۈرگۈدەكسىز. قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ، مەن يۇرتقا بارغاندا ئىككىمىز قىلىدىغان ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىنى تاللىدىم. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ تىجارەتنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئىگىلەپ يولىنى قىلىپ قويدۇم. ئەمدى ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ سىزنى ماڭا بېرىشنى ئۆتۈنمىسەم ھەم يەنە توپىمىزنىڭ ۋاقتىنى كېلىشىۋالمىسام بولماس. قانداق، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟

— مەن...... مەن...... سىز راستىتىنلا...... بولدى، مەن چۈشەندىم. مېنى ئەيىبلىمەڭ، ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىپتىمەن، بىراق......

— بولدى قىلىڭ، «ئارتۇقچە ئويلاپتىمەن» دەپ تۇرۇپ يەنە ئارتۇقچە ئويلىماڭ. بىز ئاۋۋال ئاتا - ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشەيلى، ئاندىن ئىككىمىز مېنىڭ يۇرتۇمغا بېرىپ تىجارەتنى باشلىۋېتەيلى. بىر مەزگىلدىن كېيىن سىز قايتىپ كېلىپ ئۆيىڭىزدە مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەن قائىدە - رەسىم بويىچە مېھمانلارنى باشلاپ كېلىپ سىزنى ئېلىپ كېتىمەن......

زەينەپگۈل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقمىدى. ئۇ نىيازنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىغا ھەقىقەتەنمۇ خىجىل بولۇۋاتاتتى. نىيازنىڭ دېگەنلىرىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزاق بولغان زەينەپگۈل قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئاۋۋال ئۆيىگە بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرمىسا بولمايتتى. بۇ نىيازنىڭ چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىنكى قارارى ئىدى.

ئۇلار ئىككى كۈندىن كېيىن زەينەپگۈلنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەلدى. زەينەپگۈل نېمىدىندۇر ئوڭايسىزلانغاندەك نىيازنى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي چېتىدىكى قىستاڭ كوچىغا باشلاپ كەلدى. ئۇلار سېغىز توپا بۇخسۇپ تۇرغان ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، قىرىق نەچچە ياشلاردىكى، ئاق سۇزۇك چىرايىدا ئېغىر غەم - ئەندىشە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئورۇققىنە بىر ئايال زەينەپگۈلنى كۆرۈپلا:

— ۋاي، بىچارە قىزىم! سەن ھاياتمۇ؟ كۆزۈمدىن ئۈچتۈڭ، جېنىم قىزىم! — دېگىنىچە قۇچىقىنى كېرىپ ئۇنىڭغا تاشلاندى. نىياز بىر قاراپلا بۇ ئايالنىڭ زەينەپگۈل دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان ئانىسى تىللاخان ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى. ئانا - بالا قەلبىدىكى جىمى دەرد - ئەلەملىرىنى يىغا ئارقىلىق چىقىرىۋال-

ماقچى بولغاندەك قىلاتتى. نىياز كۆز ئالدىدىكى يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ مەنزىرىگە يەنە قاراپ تۇرالماي نەزىرىنى هويلىغا ئاغدۇردى. دەسلەپتە دىققىتىنى ياندىكى سۇ جۈمەكنىڭ پىشىلدىغان ئاۋازى تارتتى. قارىغاندا سۇ جۈمەكى بۇزۇلغاندى، گەرچە جۈمەكنىڭ تۇتقۇچى يىپ بىلەن چىگىلگەن هەم ئۈستىدىن بىر دانە سوقىچاق تاش بىلەن باستۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا سۇ پۈركۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. هويلىدىكى كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە قويۇلغان كارىۋاتنىڭ بىر پۇتى سۇنغان بولۇپ، پۇت ئورنىدا كېسەك پارچىلىرى تىزىپ قويۇلغانىدى. كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كىگىز ئاپتاپتا چىرىپ، چاڭ - توزانغا كۆمۈلۈپ، يىرتىلىپ ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەچكە رەڭگىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. هويلىنىڭ كۈنگەي تەرەپ بۇلۇڭىدىكى خۇددى بويۇنتۇرۇقتەك ئەگرى ئۆسكەن يېگانە جىگدىنىڭ سايىسىدە بىرنەچچە توخۇ پوكىنىنى توپىغا يېقىپ پىتلىنىپ ياتاتتى. ئېغىر مىسكىنچىلىك هىدى چىقىپ تۇرغان هويلىدا نىيازنى يەنىلا بۇلۇڭدىكى سۆگەتگۈل بىلەن ئانارگۈل ئۆزىگە تارتتى. گەرچە بۇ ئىككى خىل گۈل سىرى تۆكۈلگەن كونا داس بىلەن داتلاپ كەتكەن كونا چېلەكتە ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، شۇنچە سوختا ۋە باراقسان ئىدى. بايا هويلىغا كىرىشى سولغان جىسمىغا قايتىدىن جان كىرگەندەك بولغان نىياز تېخىچىلا زەينەپگۈلنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقان تىللاخانغا رازىمەنلىك بىلەن نەزەر سالدى. تىللاخانىنىڭ كۆپ جاپا - مۇشەققەت تارتقانلىقى چېكە چاچلىرىنىڭ بالدۇر ئاقارغانلىقىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. چوڭ - چوڭ هەم مېهرلىك كەلگەن كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلار نىيازغا بىر دەستە چىرايلىق گۈل كۆتۈلمىگەندە قوقاسقا چۈشۈپ كەتكەندەكلا تۇيغۇ بەردى. شۇ تۇرقىدىكى هۆسن - لاتاپىتىدىن ئۇنىڭ ئەسلىدە زەينەپگۈلدەكلا چىرايلىق ئىكەنلىكى، قانچىلىغان

يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۈستىگە كىيىۋالغان چىبىكىت گۈللۈك گىرىپ كۆڭلىكى بىلەن، بېشىغا سىپايلا چىگىۋالغان ھاۋا رەڭ گاز ياغلىقى خويمۇ ياراشقانىدى. بۇ ھال نىيازنى قاقاس دالىدا مۆجىزە يۈز بېرىپ، بىر تاللا گۈل ئېچىلغاندەك تەسىراتقا كەلتۈردى. تىللاخان خېلى بىر ھازادا يىغىسىنى توختاتتى. ئاندىن ئۆيدىن بىر تاۋار كۆرپىنى ئېلىپ چىقىپ كارىۋاتتىكى كىگىز ئۈستىگە سالدى. ئۆي ئىچىدىكى سەرەمجانلارنىڭ كونا ھەم ئاددىي بولۇشىغا قارىماي، شۇنچە پاكىز ھەم رەتلىكلىكى تىللاخاننىڭ ھەقىقەتەنمۇ تۆجۈپىلۈك ئايال‌لىقىنى ئىسپاتلايتتى. نىياز كۆرپىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، تىللاخان نېمىشقىدۇر تەشۋىشلەنگەندەك سىرتقا قاراپ قويدى. شۇ چاغدا زەينەپگۈل نىيازنى ئانىسىغا تونۇشتۇرۇپ دېدى:

— ئانا، بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى نىياز، يەنە تاھىر ئىسىملىك بىرسىمۇ بار ئىدى، ئۇ بېيجىڭدا قالدى. بۇلار مېنى ئەسكىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى يىگىتلەر......

تىللاخان نىيازغا باشتىن ـ ئايىغىچە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— دىلىنىڭ ئاقلىقى ھەم ئوبدانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، قىزىم. خۇدايىمغا: بىچارە قىزىمنى ياخشىلارغا يولۇقتۇرۇپ، يامانلاردىن يىراق قىلا، دەپ كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلغانىدىم. مەندەك ئاجىزەنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بوپتۇ مانا، ئوكام. ئۆزلىرىگە يۈزمىڭ رەھمەت، مەن...... مەن بەكمۇ ئاجىز-كەنمەن. قىلغان ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا، ئۇلۇغ خۇدا-يىمدىن يانا...... خۇدايىم دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلا......

— تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇشۇنداق بىر ئۇدۇل كېلىپ قالدى، باشقىلار بولسىمۇ مۇشۇنداق قىلغان بولاتتى، — دېدى نىياز سىپايە تەلەپپۇزدا. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن

تاھىرنىڭ سىماسى يالت قىلىپ ئۆتتى.

— قارىغاندا بەكمۇ يىراقلارغا بېرىپ قاپتىكەنسەن - ھە، قىزىم؟ ھەرنېمە بولسا ياخشىلارغا ئۇچراپ......

— ئانا، خالىدە ئاچام بارغۇ، بەكمۇ ئەسكىلىشىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە مېنى: «ئىچكىرىدە كىنو ئىشلەيمىز، سەن ئۇسسۇلچى قىزنىڭ رولىنى ئالىسەن» دەپ ئېلىپ ماڭغان، بىراق ئۇ مېنى ئالداپتىكەن. پىدا، خودەك دېگەن لۈكچەكلەر بىلەن ھەممە ئەسكى ئىشلارنى قىلىدىكەن......

— توختا، قىزىم، جىق گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭ، مەن ھېچ ئاڭقىرالمىدىمغۇ، خالىدە دېگىنىڭ تاناي بېشىدىكى ئوغۇلخان گازىرچىنىڭ قىزى خالىدە شۇمۇ؟

— ھەئە شۇ، ئۇ ھازىر ئەسكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئادەم قېلىپىدىن چىقىپتۇ!

— ئۇنىڭ بىلەن بىز ئىلگىرى قوشنا ئىدۇققۇ! ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىۋاتىمەن دېگەندەك قىلغان.

— نەدىكىنى، تىجارەت قىلىمەن دېگىنى يالغانىكەن، خەقنى ئالدايدىكەن.

— تووا خۇدايىم، بىر ئوبدان چوكان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپ، شۇنداق يامان يولغا مېڭىپتۇ ئەمدى؟

زەينەپگۈل جاۋابەن نېمىدۇر دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، نىياز مەنلىك بېقىپ بېشىنى يېنىك چايقاپ قويدى. زەينەپگۈل بۇنىڭدىن نىيازنىڭ «ئۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئانىڭىزنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماڭ» دېگەن مەقسىتىنى چۈشىنىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— ئانا، سىڭلىم بىلەن ئىنىم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— مەكتەپكە كەتكەن، ھېلىراقتا كېلەرمىكىن.

— بۇ چاغقا مەكتەپتە بالا قالمىغاندۇ......

زەينەپگۈلنىڭ سۆزى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا، سىرتتىن سولياۋ بوتۇلكىلارنى كۆتۈرۈپ ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر قىز بىلەن ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا كىرىپ كەلدى - دە:

— ئاچا! ئاچام قايتىپ كەپتۇ! — دېيىشكىنىچە زەينەپگۈلگە تاشلاندى. ھويلىدا يەنە ھاياجانلىق مىنۇتلار باشلاندى. زەينەپگۈلنىڭ ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قىلىشقانلىقىنى كۆرۈپ نىيازنىڭ قەلبى يەنە دولقۇنلاندى.

ھەش - پەش دېگۈچە كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىرىۋاتاتتى. نىياز ھويلىدا مېۋە يېگەچ زەينەپگۈلنىڭ شادلىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان ئىنىسىدىن ئۇنى - بۇنى سورايتتى. زەينەپگۈلمۇ ئۆيدە ئانىسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن تىللاخاننىڭ نىيازغا بولغان مۇئامىلىسى بارغانسېرى ئىللىقلىشىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئاق سۈزۈك چىرايىدا يېڭىدىن ئەكس ئەتكەن جۇلا ئۇنىڭ مۇشۇ يېشىدا تۇنجى قېتىم بىرەر ئىشتىن ھەقىقىي سۆيۈنگەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. نىيازغا ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەسرەتلىك كەچمىشلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە تەمشىلەتتى - يۇ، نېمىشقىدۇر تەشۋىشلىنىۋاتقاندەك نەزەردە سىرتقا قاراپ، گەپنى دەرھال باشقا تەرەپكە بۇرايتتى. شۇنداقتىمۇ نىياز ئۇنىڭ گەپ ئارىسىدا زەينەپگۈلنىڭ ئىلگىرى تارتقان جاپالىرىنى تىلغا ئېلىپ: «ئۆزىنىڭ دادىسى بولغان بولسا بۇنداق يامان كۈنگە قالماس ئىدى» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەشلىرىدىن، مۇرەببى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن تىللاخاننىڭ قايتا نىكاھلانغانلىقىنى، ھازىرقى ئېرىنىڭ ناچارراق ئادەملىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. بىر چاغدا نىياز پەيتنى كەلتۈرۈپ تىللاخاننىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— ئەمدى غەم قىلمىسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن مەن زەينەپگۈل بىلەن سىلىگە ئوبدان قارايمەن، — دېۋىدى، تىللاخاننىڭ

چىرايىغا بۆلەكچە نۇر ياماشتى. بىراق، نىياز ئۆزى دېگەن گەپكە ئۇيۇلۇپ، بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي پوكاندەك قىزارغىنىچە يەرگە قارىۋالدى. تىللاخان شۇئان بۇنى سېزىپ:

— ھەممە ئىشنى بايا زەينەپگۈلدىن ئاڭلىدىم. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىككىڭلار خەقنىڭ يۇرتىدا تونۇشۇپ قاپسىلەر، بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇش بولدۇم. قارىغاندا زەينەپگۈلنى سىلىگە تاپشۇرسام غېمىم تۈگەيدىكەن. بىچارە قىزىم ئۆز دادىسى قازا قىلىپ كەتمىگەن بولسا بۇنچە خاپىلىق تارتماس ئىدى. زەينەپگۈلنىڭ دېيىشىچە، ئىككىڭلارنىڭ ئۆيلىنىشنى باركەن. ئىشلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ پىلانى بويىچە قىلىۋېرىڭلار، — دېگىنىچە نىيازنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇردى. دېمىسىمۇ نىياز بىرنەچچە كۈندىن بۇيان زەينەپگۈل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قانداق دەرمەن دەپ غەم قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

تىللاخاننىڭ زەينەپگۈل بىلەن مۇڭداشقاچ ئەتكەن چۆچۈرىسى بەك ئوخشىغانىدى، نىياز بىلەن زەينەپگۈل نەچچە كۈندىن بېرى سەپەر ھەم باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ ئوبدانىراق غىزالىنالمىغاچقا، چۆچۈرىنى شۇنداق مەززە قىلىپ ئىچىشتى. نىيازنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرۇپلا ئانىسى ھۆۋىخان كەلدى. ئانىسىمۇ چۆچۈرىنى مۇشۇنداق مەززىلىك ئېتەتتى. كونىلارنىڭ «كاتتا شەھەرلەردە كۈندە يېگەن بەتتە پولۇدىن، ئۆز ئۆيۈڭدە ئىچكەن ئۇماچ ياخشى» دېگىنى بەرھەق ئىكەن. ئوخشىغان چۆچۈرە نىيازنىڭ ھاردۇقىنى بىراقلا چىقىرىۋەتتى.

ئەتىسى زەينەپگۈلنىڭ ئىنىسى بىلەن سىڭلىسى مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن، نىياز ئاۋۋال سۇ جۇمىكىنى ئوڭشىدى. ئاندىن كارىۋاتنىڭ سۇنۇپ كەتكەن پۇتىنى ئوڭشاۋېتىپ، تۇرۇپلا زەينەپ-گۈلنىڭ ئۆگەي دادىسى توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدى. گەرچە

تىللاخان تۇنۇگۈندىن بېرى ھازىرقى ئېرى توغرۇلۇق پەقەت ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، سىرتقا تەشۋىشلىنىپ قاراشلىرىدىن بىرەر ئىشتىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇ ئەرمۇ ھازىرغىچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى. نىيازنىڭ ئۇ توغرۇلۇق تىللاخاندىن گەپ سورىشى ئەپسىز ئىدى. كېيىن نىياز زەينەپگۈل- دىن گەپ ئەگىتىپ سورىۋىدى، زەينەپگۈل ئېغىر تىنىۋېتىپ:

— ئۇنىڭ ئىسمى زاكىرجان، ئىلگىرى قۇرۇلۇش شىركىتىدە سىرچىلىق قىلاتتى، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئىش ئورنىدىن قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھاراققا بېرىلىپ كەتتى. ئانام نەچچە قېتىم ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، بىراق ئىنىم بىلەن سىڭلىمنى دەپ نىيىتىدىن ياندى. ئانامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھازىر ئۆيگە ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كېلىدىكەن، — دېدى.

— مەن كۆڭلۈمدە ئىككىمىزنىڭ ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ را- زىلىقىنى ئالايمىكىن دېگەنىدىم، سىزنىڭچە...... — دېدى نىياز سوئال نەزەرىدە. زەينەپگۈل دەرھال بېشىنى چايقىدى:

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەكمۇ بولىدۇ. ئانام بىلەن ھەممىنى دېيىشىپ بولدۇم، كېيىنكى ئىشلارنى سىز دېگەندەك قىلىدىغان بولدۇق. بىز تېزراق يولغا چىقايلى، مۇبادا ئۇ ئۆيگە دادام كېلىپ قالسا، ئەسكىلىك قىلىپ ئىشىمىزنى بۇزۇشى مۇمكىن.

زەينەپگۈل شۇلارنى دەۋېتىپ ئىشىككە ئەنسىرەش ئىلكىدە قاراپ قويدى. نىياز ئۇنىڭ كۆڭۈل تەشۋىشىنى سېزىپ:

— ماقۇل، سىز دېگەندەك قىلايلى، دەرھال تەييار بولۇڭ ئەمىسە، — دېدى.

باياتىن شۇنى كۈتۈۋاتقان تىللاخانمۇ زەينەپگۈلنىڭ يېكىرىگە قوشۇلدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن ئالدىراش ھالدا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا نىياز ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئوڭشاپ بولۇپ، تېخى ئەمدى قولىنى

يۈيۈپ تۇراتتى، ئىشىك قوپال ئېچىلىپ ھويلىغا ئوتتۇرا بوي، ئورۇقلۇقىدىن ئېڭەك سۆڭىكى ئىسكىلىتىنىڭكىدەك چىقىپ قالغان، ياپىلاق بۇرۇن، چىرايى سېرىققا مايىل بىر ئەر ئەلەڭلەپ كىرىپ كەلدى. نىياز ئۇنىڭ كىيىملىرىدىكى سىر يۇقۇندىلىرىغا قاراپلا زەينەپگۈلنىڭ ئۆگەي دادىسى زاكىرجان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ راستتىنلا زاكىرجان بولۇپ، تۈنۈگۈندىن بېرى تىللاخان بىلەن زەينەپگۈل ئەنسىرەۋاتقان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. زاكىرجاننىڭ پۇتلىرى ئۆزىگە بويسۇنماي ئىرغاڭلىشىدىن باشقا، كۆزلىرىنىڭ خۇنۇكلىشىپ، چىرايىنىڭ دات رەڭ بولۇپ كەتكىنىدىنلا قۇلىقى مىدىرلىغۇدەك ئىچكەنلىكىنى بىلىنىپ تۇراتتى. نىياز ئۇنىڭغا ئەندىكىپ قاراپ نېمە قىلىشنى بىلمەيۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۆيدىن چىققان تىللاخان ئېرىنىڭ نىيازغا ئەجەبلىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاغزىنى تۇتۇپلا قالدى، يۈرىكى ئوشتۇمتۇت ئېغىپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ھوي، سەن جۇمە كاززاپنىڭ شاگىرتى ئوخشىمامسەن؟ بولدى، مەن سەنلەرنىڭ ئىشىڭنى قىلمايمەن! بېرىپ ئۇ كاززاپقا دەپ قوي، مەن ھۈنەر تاشلىدىم، ماڭ! — زاكىرجان نىيازغا شۇلارنى دېگەندىن كېيىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن جۈمەكنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى. شۇ چاغدا ئۆيدىن سومكا كۆتۈرۈپ چىققان زەينەپگۈل زاكىرجاننى كۆرۈپ، ئانىسىدەك ئاغزىنى تۇتقىنىچە ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. زاكىرجان مۇزدەك سۇدىن قېنىپ ئىچكەندىن كېيىن ئورنىدىن تەستە قوپۇپ، ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان زەينەپگۈلنى كۆردى - دە، — ۋوي، سەن...... سەن...... ھاياتكەنسەنغۇ!؟ ما...... ماۋۇ ئانىڭ...... «قىزىمنى تۆلە» دەپ ياقامغا ئېسىلغان ئەمەسمۇ مېنىڭ!؟ يېنىمغا كېلە! سېنى ئاناڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياي، يېنىمغا كېلە دەيمەن! — دېگىنىچە شىپقاپ كەلدى.

زەينەپگۈل شۇئان چاقچاقنى بىلەن نىيازنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. زاكىرجان نىيازنى يانغا ئىتتىرىپ زەينەپگۈلنى تۇتماقچى بولغانىدى، نىياز ئۇنى توسۇۋالدى:

— ۋوي، سەن كىم؟ جۇمە كاززاپنىڭ شاگىرتى ئەمەسما؟ هە، ئەمدى بىلدىم. ها ـ ها ـ ها...... سەن، سەن ماۋۇ قاشلىقچىنىڭ قۇيرۇقىكەنسەن ـ هە، هى ـ هى ـ هى...... بۇ بۇزۇق مېنى قاغاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئاخىر سېنى تېپىپ كەپتۇ ـ دە، هە، ئىككىڭ مەن بىلەن هېسابلاشماقچىما؟ بوپتۇ، كېلىشە ئەمىسە!

— قولۇڭنى تارت، هۇ هايۋان! بىزنى نەۋاقىچە بوزەك قىلىسەن؟ ئىككى بالاڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۆلتۈرگىنىمگە مۇشۇنچىمۇ تويغۇزامسەن مېنى!؟ — تىللاخان شۇنداق دېگىنىچە نىيازغا هۇرپىيىۋاتقان زاكىرجاننى يانغا ئىتتىردى. زاكىرجان كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىپ، ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي كارىۋاتنىڭ يېنىغا يىقىلدى.

تىللاخان چاقچاقنى بىلەن زەينەپگۈلنىڭ قولىدىن تارتىپ دېدى:

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، يولۇڭلارغا مېڭىڭلار!

زەينەپگۈل ماڭغان بولسىمۇ، نىياز زاكىرجانغا قاراپ مەڭدەپ قالدى. چۈنكى، زاكىرجان ئويلىمىغان يەردىن نىيازغا خۇددى كونا تونۇشلاردەك نەزەر تاشلاپ ئۆزىچە كۈلۈۋاتاتتى.

— سەن...... مەن بىلدىم...... سەن...... مېنىڭ كۈيئوغلۇمكەنسەننغۇ! ئىچىپ قويسام نېمە بوپتۇ! ئەيىبكە بۇيرۇما، كېلە، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ قوي......

زاكىرجان شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ، ئەلەڭلەپ كېلىپ نىيازنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. زەينەپگۈل بىلەن ئىشىكتىن چىقىۋاتقان تىللاخان نىيازنىڭ ئورنىدىن قوزغالماي

تۇرغانلىقىغا قاراپ تىت - تىت بولۇپ كەتتى.

— نىياز، چاپسان بولۇڭ، ماڭايلى! — دېدى زەينەپگۈل ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا جىددىيلىشىپ. بىراق، زاكىرجان نىيازنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمىدى. نېمىشقىدۇر نىياز ئۇنى سىلكىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

— قولۇمنى قويۇۋەتسىلە. مەن...... ئەمدى ماڭاي، خوش، — دېدى نىياز ئوڭايسىزلانغان ھالدا. ئەسلىدە ئۇ زاكىرجانغا قانداقلا بولسۇن ياخشىراق گەپ قىلماقچى ئىدى، بىراق شۇ تاپتا تىلىغا بۇنىڭدىن ئۆزگە گەپمۇ كەلمەيۋاتاتتى.

زاكىرجان نىيازنىڭ قولىنى تېخىچە قويۇپ بەرمەي بىزەڭلىك بىلەن سۆزلەيتتى.

— ئىك...... ئىككىمىز ئەمدى تونۇشتۇق، را...... راسا ئىچىشمىسەك بول...... بولمايدۇ......

— كۆپ ئىچىپ قويۇپلا، ئەمدى سىرتقا چىقماي ئۆيدە ئارام ئالسىلا، — دەيتتى نىياز ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ. قېرىشقاندەك زاكىرجان ئەمدى نىيازنى قۇچاقلىۋېلىپ، گويا ئىنتايىن مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى دەيدىغاندەك ئاغزىنى نىيازنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ:

— دەردىم بار، — دېدى.

نىيازنىڭ يەنە مەڭدەپ قالغانلىقىنى كۆرگەن تىللاخان ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. كۆڭلىدە بۇ سەتچىلىكنى قوشنىلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپلا زاكىرجاننى كەينىگە كۈچەپ ئىتتىردى. بۇ قېتىم يەرگە قاتتىقراق يىقىلغان زاكىرجان ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشىپ باقتى - يۇ، قۇربى يەتمەي چالا ئۆلۈكتەك ياتتى.

— بۇنىڭ ياخشى ۋاقتى مۇشۇ، ئەگەر مەستلىكتىن يېشىلسە تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ. سىلەر چاپسان مېڭىڭلار، — تىللاخان

شۇنداق دېگىنىچە نىياز بىلەن زەينەپگۈلنى ھويلىدىن ئىتتىرگەندەك چىقىرىۋەتتى. ئۇ ئىككىسى يىراقلاپ كېتىۋېتىپ، تىللاخانىنىڭ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە ئاڭلىدى. ئۇلار شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىدا يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، نىياز كۆڭلىدە زەينەپگۈلنى بىللە ئېلىپ كېتىۋاتقىنىدىن ھەقىقەتەنمۇ رازىمەنلىك ھېس قىلدى.

* * *

ئاقتاشتىكى ئۈجمىلەر مەي باغلاپ پىشقان كۈنلەر ئىدى. شەھەردىن ئاقتاشتىكى ئۆرۈك - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭكىگە ئۈجمە سەيلىسى قىلغىلى كەلگەنلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. گەرچە بۇ كۈنلەردە قەھەتچىلىك ئاق تاشتىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان بولسىمۇ، تەبىئەتنىڭ يېڭى نېمىتىگە ئېغىز تەگكەنلىكىدىن ھەممە كىشىنىڭ چېھرىدە كۈلكە پارلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۈنلەردە ئورما يېتىپ كەلگۈچە دېھقانلارنىڭ قولىمۇ ئىشتىن بوشاپ قالاتتى. بۇگۈن چاشگاھ مەھەلدە ئەخمەت بوۋاينىڭ ئۆيىگە قاسىم قارىم، قادىر ئاخۇن، جالالىدىن ئاخۇن، ھوشۇر موزدۇز قاتارلىقلار جەم بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى سەھەردە بامدات نامازى ئۆتىگىلى مەسچىتكە بارغان سوپى ئاخۇن ئەخمەت بوۋاينىڭ ئاخشامقى تاپشۇرۇقى بويىچە چاقىرىپ كەلگەنىدى. پاراڭ باشلىنىشىغىلا ئۇلار ئەخمەت بوۋاينىڭ ئۆزلىرىنى نىيازنىڭ توي ئىشىنى مەسلىھەتلىشىشكە ئالايتەن تەكلىپ قىلغانلىقىنى بىلىشتى. شۇ كۈنى بارات نىيازنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ئاغزاكى تۈزۈلگەن كېلىشىمدە: ئەخمەت بوۋاي ئۆز پىلانى بويىچە تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېرىدىغان، ۋاقتى كەلگەندە بارات نىياز نىيازنى ھېلىقى قىز بىلەن توي قىلىشقا

كۆندۈرىدىغان بولغانىدى. گەرچە ئەخمەت بوۋاي ئۇن نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ھېلىقى قىزغا چاي ئىچۈرۈپ، بىر قىسىم رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىپ ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، نىياز «كېلىشىم»دىكى ۋاقىتتىن ئۇن نەچچە كۈن كېچىكىپ قايتىپ كەلگىنىگە قارىماي، ئەخمەت بوۋايغا قۇيرۇقىنى تۇتقۇزمايۋاتاتتى. بۇ ھال ئەخمەت بوۋاينى جىددىيلەشتۈرگەچكە، ئۇ بىر كۈنى سوپى ئاخۇن ئارقىلىق بارات نىيازغا گەپ ئەۋەتكەنىدى، بىراق بارات نىيازمۇ ئالدىراشلىقنى باھانە قىلىپ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. قېرىلىق يەتكەنلىكتىن پۇتى تولا ئاغرىپ سىرتقا چىقىشقا ماجالى يەتمەيۋاتقان ئەخمەت بوۋاي ئائىلىسىدىكىلەرگە يانچە - قىرچە تېگىپ، ھە دېگەندە تېرىكىپلا يۈرەتتى. بالىلىرىغا كايىغاننى ئاز دەپ، ئاچچىقىنى ئۆزىگە سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرىدىغان ھۆۋىخاندىن ئالاتتى.

— ئاڭلىسام، نىياز يېزىنىڭ خىش خۇمدىنىنى ھۆددىگە ئالدى دېيىشىدىغۇ، ئەخمەتكا، — جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئەخمەت بوۋاينىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپلا دېگەن بۇ گېپى ھەممەيلەننىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى.

— ئۇ خۇمدان ئاچمىدىكى ئىمامبەگلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدىغۇ؟

— قادىر ئاخۇننىڭ كۈيئوغلى قازا قىلغاندىن بۇيان ئىمامبەگ تۆگىشىپلا كېتىپتۇ. ھازىر مادىيابەگمۇ رەسمىي ساراڭغا ئايلىنىپ كېتىپتىمىش......

— راست، شۇنداقكەن. ئىمامبەگ تالا - تۈزدە بىرەر چاتاق چىقارمىسۇن دەپ مادىيابەگنىڭ پۇتىغا كۆتەك باغلاپ قويغانمىش.

— نىياز خىش خۇمدىنىنى ھۆددىگە ئېلىپ بەلەن قىپتۇ. ھازىر ناھىيە بازىرىدا قەۋەتلىك ئۆيلەرنى سالغىلى تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ھەممىسىگە خىش كېتىدۇ ئەمەسمۇ!

— نىيازنىڭ جاھان كۆرۈپ كۆزى ئېچىلدى. قاراپ تۇرۇڭلا، ئۇ خۇمدانىنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان يۈرۈشتۈرۈۋېتىدۇ......

— نىيازنى يەنە ناھىيە بازىرىدا سېمونت ساتىدىغان دۇكانمۇ ئېچىپتۇ دېيىشىدىغۇ، ئەخمەتكا؟

— مەن ئۇ دۇكاننى كۆردۈم، كارامەت قاملاشتۇرۇپتۇ. يالغۇز سېمونتلا ساتمايدىكەن، يەنە تۆمۈردە ياسالغان ئىشىك ـ دېرىزىدىن باشقا، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى باركەن.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە نېمىشقىدۇر چىرايى ئۆڭۈپ كۆكۈچ لەۋلىرى تىترەۋاتقان ئەخمەت بوۋاي ھەممەيلەنگە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

— ئەمدى بولدى قىلىڭلار، ھەرقايسىڭلارنى ماڭا ھەمدەمدە بولارمىكىن دېسەم، ئالدىمدىلا ئۇ ياغاچ قۇلاقنى داڭلىغىلى تۇردۇڭلارغۇ؟ بولدى، ئۇ گەپلەرنى قويۇڭلار. نىيازنىڭ تويىنى قىلىۋالسام، يۇرتنىڭ سىرتىغىلا چىقىپ كەتمەي نېمە قىلسا كارىم يوق. ماڭا نىيازنى توي قىلىشقا كۆندۈرۈپ بەرسەڭلارلا بولدى.

— ئەخمەتكامنىڭ دېگىنى دۇرۇس. ئادەمدە مال ـ دۇنيا بولۇپلا قالماي، ئۇنى توغرا يولغا سەرپ قىلىدىغان ئەقىل بولۇشمۇ جايىزدۇر. ياش ـ پىشماق بالا بويتاق يۈرۈۋەرسە ناشايان يوللارغا ماڭمايدۇ دېگىلى بولامدۇ! مۇھىمى، تىجارەت يولىغا كىرگەن ئادەم پاكىز بولمىسا روناق تاپالمايدۇ، — قاسىم قارىنىڭ بۇ گېپىنى ھەممەيلەن باشلىرىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى. بىراق، ئەخمەت بوۋاي ئۈنچىقمىدى. قارىغاندا قاسىم قارىم بوۋاينىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى دېمىگەندى. ئۇنىڭچە بولسا نىياز توي قىلىپ بىر ئائىلىگە باغلانسا، بۇنىڭدىن كېيىن يۇرتتىن ھەرگىز چىقىپ كەتمىسە، قىسقىسى، راشىدىنەدەك قىسمەتكە يولۇقمىسىلا بولاتتى. بايىدىن بېرى زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغان ھوشۇر موزدۇز خۇددى ئارىدىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىزدەك:

— ئۆتكەندە قىزغا چاي ئىچۈرۈپ قويغانغۇ، ئەمدى تويىنى

غاچچىدە قىلىۋەتسەكلا بولمىدىمۇ؟ — دېۋىدى، ئەخمەت بوۋاينىڭ ئەرۋايى ئۇچتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئەخمەت بوۋاي چاندۇرمىغان بىلەن، هوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆتكەندە باشقىلارغا نىياز توغرۇلۇق دېگەن گەپلىرىگە قورسىقى كۆيۈپ، كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ يۈرەتتى، شۇڭا:

— ئاهاي، هوشۇر ئاخۇن! تويىنى قىلىشقا نىيازنى كۆندۈرەلىگەن بولسام هەرقايسىڭلارغا يېلىنىپ نېمە قىلاتتىمەن؟ ئۇ ئۆتكەنىدە ماقۇل دېگەن، ئەمدى كۇلىدىن جاھىللىشىپ كەپتۇ. گېپىمگە پەقەتلا كىرمىدى، بەكرەك قىستىسام، ئەمدى «ئۆزۈمنىڭ خۇۋالاشقىنى[1] بار، شۇ قىز بىلەن توي قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، — دېدى ئەخمەت بوۋاي تەئەددى بىلەن.

— توۋا، ئېسىم قۇرۇسۇن مېنىڭ، ماۋۇ ئۇنتۇغاقلىقىمنى كۆرمەمدىغان! — دېدى قادىر ئاخۇن بىردىنلا پېشانىسىگە ياققىدە ئۇرۇپ، قايسىدۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك. شۇئان هەممەيلەن نەزەرىنى ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇشتى. بىراق، قادىر ئاخۇن كىمدىندۇر تەشۋىشلەنگەندەك ئەتراپىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ يەردە يات ئادەم بولمىغاندىكىن دەۋېرەي. نىيازنىڭ راستتىنلا خۇۋالاشقىنى باركەن. ئۆتكەندە خەلچەمنى يوقلاپ ناهىيە بازىرىغا بارغىنىمدا ئەگەشتۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆردۈم. قىز قاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما، بېشىدا ياغلىقى يوق تۇرىدۇ. سەپەردە چۈشۈرۈپ قويىدىمۇ ياكى شۇنداق باشتاق قىزمۇ هېچ بىلمىدىم......

قادىر ئاخۇننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولغان ئەخمەت بوۋاي شۇئان ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - يۇ، بېشى قايغاندەك بولۇپ دەرهال ئولتۇرۇۋالدى.

— سىلەر بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭلار ئەمدى؟ بىزنىڭ

---

[1] يەرلىك شېۋە بولۇپ، يۈتۈشمەك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەۋلادىمىزنىڭ ئارىسىدا باشتاق يۇرىدىغانلار يوق تۇرسا! نىياز ئۇنى نەدىن تېپىپ كېلىدۇ؟

— تېرىكمەڭ، ئەخمەتكا، ھازىرقى جاھاننىڭ باللىرى سىز - بىزگە ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. تېخى ئۇلار: «يېقىن تۇغقانلار تويلىشىشقا بولمايدۇ» دەپ جاھىللىشىپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشىدۇ......

— ئاھاي! قويۇڭا، ھوشۇر ئاخۇن، بۇنداق داڭقانىيۇتى گەپنى! ئاغزىڭىزدىن ياخشىراق گەپ چىقمامدۇ سىزنىڭ؟

ئاچچىقتىن ئۆتى يېرىلاي دېگەن ئەخمەت بوۋاي شۇنداق دەپ، ھوشۇر موزدۇزغا يېۋەتكۇدەك گۆلەيدى. باشقىلار قاسىم قارىمغا «ئەمدى سىلى گەپ قىلمىسىلا بولمىدى» دېگەن مەنىدە قاراشتى. قاسىم قارىم شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا گېلىنى قىرىۋېتىپ سالماق ھالدا گەپ باشلىدى:

— ئەمدى، ئەخمەتكا، سىزگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېمىسەم بولمىدى. ئەسلىدە سىزنى ئاۋايلاپ بۇ گەپنى دېمىگەنىدىم. نىياز ئۇ قىزنى تاش يۇرتتىن ئېلىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا ئەھدىلىشىپتۇ ھەم يەنە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ رازىلىقىنى ئاپتۇ. ئەمدى شۇ تويىنى قىلىۋەتسەكلا بولىدىكەن. ئۈلۈشكۈن يېزا باشلىقى كېلىپ ماڭا مۇشۇ گەپلەرنى دېدى، يەنە سىزنى «نىيازنىڭ رايىغا باقسۇن، يەنە كېلىپ ئۇلار نەۋرە تۇغقان، قانۇندا ‹باللارنىڭ توي ئىشىغا ئاتا - ئانىلار ئارىلىشىۋالسا بولمايدۇ› دېگەن ماددا بار، ئەخمەتكام جاھىللىشىپ تۇرمىسۇن» دەپ تاپىلىدى، يەنە......

— نېمە؟ بۇ گەپ راستكەن - دە! سوپى ئاخۇن ماڭا شۇنداقراق بىر گەپنى دېگەنىدە، مەن: «ھەرقانچە بولسىمۇ نىياز بۇنداق ئوساللىق قىلماس» دەپ ئويلىغانىدىم. مانا قاراڭلار، ماۋۇ بەڭباشنىڭ قىلغان ئىشىنى! ماڭا تويىدۇرماي ئاغزىڭلارنى مايلاپ

بوپتىكەن ئەمەسمۇ؟ يىزا باشلىقى ئۆتكەندە ماڭا: «نىيازنى توي قىلىشقا ئۆزۈم كۆندۈرۈپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەندى. ئەمدى ئۇمۇ نىيازغا يان بېسىپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن دېيىشمەيدىغان بولسام! ھەي، سوپى! چاپسان مەيىنى قوش! ھازىرلا باراتاخۇن بىلەن كۆرۈشىمەن! بۇ گەپنى ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا دەپ باقسۇن قېنى!

ئەخمەت بوۋاي چىچاڭشىغىنىچە شۇنداق دېۋىدى، ئەتىدىن بېرى سۇپىنىڭ لېۋىدە ئارىلاپ مەنىلىك ھىجىيىپ قويۇپ ئولتۇرغان سوپى ئاخۇن:

— مەيىنى قاتقىلى بولمايدۇ، دادا. ئىككىلا چاقى يەل قويۇپ بېرىپتۇ، — دېدى ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ. ئەخمەت بوۋاي يەنە ئەزۋەيلىدى:

— يەل قويۇپ بەرگەن بولسا ئوڭشىمامسەن؟

— ناسۇس يوق....

— ئۇ بىرنېمە تونۇر سۇپىسىدا تۇراتتىغۇ!؟

— ئۇمۇ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ....

— ھەي...... ماۋۇ كاساپەتچىلىكنى!

شۇ ئەسنادا قاسىم قارىم سۆز نۆۋىتىنى ئېلىپ شۇنداق دېدى:

— سىزمۇزە، ئەخمەتكا، يىزا باشلىقى بىلەن گەپنى باشتا ئېنىق قىلىشماپسىز ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، سىز: «نىيازنى توي قىلىشقا كۆندۈرۈپ بەرسىلە» دەپتىكەنسىز. مانا نىياز توي قىلىشقا راستىنلا كۆنۈپتىغۇ. شۇڭا، يىزا باشلىقى: «مەن نىيازنى توي قىلىشقا كۆندۈرۈپ، ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولدۇم» دەيدۇ. ئۇنى ئىزدەپ بارسىڭىزمۇ مۇشۇ گەپنى دەيدۇ ھەقاچان...... ياخشىسى بارماڭ. نىيازنىڭ توينى ئاشۇ قىز بىلەن چىرايلىق قىلىپ قويايلى. ئاڭلىسام، قىز تۈزۈككەن، بىشغا ئەمدى ياغلىق ئارتىپتىمش. «قولىدىن سودا ـ سېتىق ئىشلىرى كېلىدۇ»

دېيىشىدۇ. نىيازغا بىر ئوبدان يار ـ يۆلەك بولغۇدەك. كېيىنچە، بىزنىڭ غازلىقتىنمۇ نىياز بايدىن بىرى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس......

قاسىم قارىمنىڭ سۆزى ئۇزۇلە ـ ئۇزۇلمەيلا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاغزى ئاقبالداقتەك ئېچىلدى:

ــ ئاڭلىسام، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تۇغقانلارنىڭ تويى قىلىشىغا ھۆكۈمەت ھەرگىزمۇ يول قويمايدىكەن.

ــ ئۇنداق قىلىشنىڭ جەرىمانىسى ئېغىرمىش، بىرەر كالا بىلەنمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ دەيدۇ.

ــ نىكاھ غايىب دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ، بۇ ئىشقا ئانچىمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ.

ــ كونىلار «ياتقا بەرگىن قىزىڭنى، ياتتىن ئالغىن سۆزۈڭنى» دېگەنغۇ. تۇغقانلار قۇدىلاشماي، تۇغقان پېتى تۇرغان تۈزۈك.

ــ خۇدانىڭ تەقدىرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، بۇمۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى.

ــ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تازا ماس كېلىدىكەن، ئۇ قىز بىلەن نىيازنىڭ رىزقى قوشۇلۇپ بولغان ئوخشايدۇ......

ــ نىيازنىڭ رايىغا بارمىساق، يەنە كۆلىغا قېچىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا......

ــ راست دەيسىز، نىيازنىڭ پۇتىدىن ئارغامچا بىلەن ئوملاقـ ـمان باغلاپ قويغىلى بولمايدۇ ـ دە!

ــ چاتاق يېرى، نىياز ئەمدى كۆلىغا كېتىپ قالسا قايتىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن.

ــ كەلمىسىغۇ مەيلى، ئالمادىس راشىدىنىدەك كېلىشمەسـ ـلىككە ئۇچراپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟

ــ ياخشىسى، نىياز ھازىر پۇل تاپىدىغان ئوقەتنىڭ يولىغا

كىردى، قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇزاق ئۆتمەي باي بولۇپ كېتىدۇ. غازلىقتىنمۇ بىر باي چىقسا قالتىس ئىش بولمامدۇ!

— مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭ رايىغا بارمىساق، ئىش چاتاق توغقانلار......

— بولدى قىلىڭلار! بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتىڭلارغۇ! سىلەرنى دەردىمگە دەرمان بولار دەپ يىغقانىدىم. ھالىمغا يەتمەكتە يوق، ماڭا قوقاق سالغىلى تۇردۇڭلارغۇ ئەمدى؟ — دېدى ئەخمەت بوۋاي ئاخىر تاقەت قىلالماي. قاسىم قارىم ئۇنىڭغا بايىدىن بېرى قىلغان بىرلەشمە ھۇجۇمنىڭ كار قىلمىغانلىقىنى بىلىپ جالالىدىن ئاخۇنغا مەنىلىك قارىدى.

— ئەخمەتكا، ئەمدى جاھىللىق قىلماڭ. سىزگە راست گەپنى دېسەم، نىياز تونۇگۇن سىزنى «رايىمغا بارمىدى» دەپ يامانلاپ يەنە كۆلغا كېتىشكە مېڭىپتىكەن، مەن ئۇنى ئاپتوبۇستىن مىڭ تەسلىكتە چۈشۈرۈۋالدىم، — دېدى جالالىدىن ئاخۇن قاسىم قارىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ.

ئەخمەت بوۋاينىڭ قورۇقلار ئارىسىدىكى ئاجىز كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، تىت - تىت بولغىنىدىن قىمىرلاپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

— قاراڭلار، ماۋۇ بەڭباشنىڭ قىلغان ئىشىنى! كۆلىدىن يەنىلا مېھرىنى ئۈزەلمەيۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ......

ئۇ شۇلارنى دېگەندىن كېيىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىدى. ئارىنى بىردەم سۈكۈت باستى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قارىشىپ، كۆڭۈللىرىدە تېززەك قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى.

دەرۋەقە، نىياز يۇرتقا قايتىپ كەلگەن كۈنىلا زەينەپگۈلنى ناھىيە بازىرىدا كەشتىچىلىكنى ئۆگىنىۋاتقان خەلچەمگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى ئاقتاشقا كېلىپ دادىسىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغانىدى. نىيازنىڭ يولىغا تولا قاراپ كۆزى تۆت بولغان

ئەخمەت بوۋاي «نىياز مېنى يەنە داغدا قويىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئويدا كۆڭلى غەش ئولتۇراتتى. شۇڭا، نىيازنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدى. نىياز شۇ كۈنى كەچلىكى ئابدۇللانى چاقىرىپ، ئىككىسى ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. نىياز يېنىدىن 20 مىڭ يۈەننى چىقىرىپ ئۆزىنى بىلمەي ئولتۇرغان راشىدىنىڭ ئالدىغا قويدى. راشىدىن ھېچقانداق ئىنكاستا بولمىغان بولسىمۇ، ھوشۇر موزدۇز نېمىشقىدۇر ھودۇقتى، ئاندىن:

— نىياز، بۇ...... بۇ بەك كۆپ پۇلكەن. يېرىمى سەندە قالسۇن بالام، — دېگىنىچە دەسلەپتە نىيازغا، كېيىن ئابدۇللاغا قاراپ قويدى. نىياز ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ئېتىبار قىلمىدى، راشىدىنغا ئېچىنىش ئىچىدە قارىغىنىچە دېدى:

— بۇ قېتىم مەن دوستىمىز تاشمۇھەممەت بىلەن تەپسىلىي ھېسابلاشتىم. راشىدىن بىلەن ماڭا 60 نەچچە مىڭ يۈەن تېگىپ بولىدىكەن. ئۆتكەندە راشىدىننى ئىزدەشكە ھەم داۋالىتىشقا 50 نەچچە مىڭ يۈەن سەرپ بوپتۇ. بىر ھېساپتا ئىككىمىزنىڭ نېسىۋىسى شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەنىكەن، شۇنداقتىمۇ تاشمۇھەممەت بىلەن تاھىر ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىسىنى ماڭا بەردى. بۇ 20 مىڭ يۈەننى ئىشلىتىپ تۇرۇڭ، كېيىنچە راشىدىننى داۋالىتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا قاراپ تۇرمايمەن. ئەمدى ئارىمىز ئوچۇق بولسۇن، تالا - تۈزدە ئېقىپ يۈرگەن بەزىبىر گەپلەر تۈگىسۇن، ھوشۇر دادا!

— بالام نىياز، مېنى بۇنداق خىجىل قىلىۋەرمە، قۇلىقىڭغا يەتكەن ئۇ گەپلەرنى ئەسلىدە ئانايەت كۈدەك توقۇغان. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئېتىزدا تازا دېيىشتىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئوسال گەپلەرنى قىلماسلىققا ۋەدە ئالدىم. ئەمدى سەن گېپىمنى ئاڭلاپ، بۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى ئۆزۈڭ ئېلىپ قال. سەن بولمىغان بولساڭ راشىدىن كۆلدىن يېنىمىزغا ھايات كېلەلمەيدىكەن. خاتىرجەم بول، ھەرقانچە بولسىمۇ ئادىشىڭنى دەپ تارتقان

جاپالىرىڭنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەسمەن......

— ياق، گېپىمنى ئاڭلاڭ، مەندىمۇ بىرئاز پۇل بار. بۇ پۇلنى سىزگە ئاتاپ ئېلىپ كەلدىم. راشىدىننى داۋالىتىمەن دەپ مال- چارۋىلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز. «ئاقتاشلىقلار چارۋىدىن ئايرىلسا ياشىيالمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا، كىچىككىنە چارۋا سېتىۋېلىڭ.

— نىياز «ئېلىڭ» دېگەنىدىكىن، تۇزۇت قىلماي ئېلىڭ! راشىدىننى داۋالاشقا لازىم بولىدۇ، — دېدى ئابدۇللا سەل تىترىكىپ.

نىياز ئۇنىڭ قەستەنگە تىترىكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى.

— ھەرنېمە دېگەنبىلەن سىلەر قېرىنداشتىن ئارتۇق دوست ئەمەسمۇ، بوپتۇ بالام، — دېدى ھوشۇر موزدۇز كېيىن، — سېنىڭ كۆڭلۈڭنى قايتۇرماي، مەندە بولسا سەندە بولغانغا ئوخشاش.

ھوشۇر موزدۇز پۇلنى قولىغا ئېلىشىغا گويا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك، ئەتىدىن بېرى خىيالىي ئولتۇرغان راشىدىن چاچراپ تۇرۇپ چەبدەسلىك بىلەن دادىسىنىڭ قولىدىكى پۇلنى يۇلۇپ ئالدى - دە، يوگۇرگىنىچە تۆر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئىش ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. ئابدۇللا:

— قارىغاندا راشىدىن كۈندىن - كۈنگە ئوڭشىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ پۇلنى تونۇغانلىقى بارا - بارا ئوڭشىلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولسا كېرەك، — دېۋىدى، ھوشۇر موزدۇز ئابدۇللانىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ:

— دېگىنىڭدەك بولسۇن، بالام، ئادىشىڭ يېقىنىڭىزى بەكلا ياۋاشلىشىپ كەتتى. شامالباغدىكى تېۋىپنىڭ دېيىشىچە، ياۋاشلاشسا ساقىيىشى تېز بولىدىكەن. قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم

شاپائەت قىلىپ بىچارە ئوغلۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرەر، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، نىياز ئابدۇللانىڭ شاھىتلىقىدا دوستلۇقنىڭ مەردانىلىقىنى ئىسپاتلىغان بولدى. ئەپسۇس، ئىككىسى ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ئايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە بىر - بىرىنىڭ دىلىنى ئاغرىتىدىغان گەپنى يەنە دېيىشىپ قالدى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئارازلىق ئاسانلىقچە تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى.

نىياز دېلىغۇللۇق ئىلكىدە ئۆيىگە كەلگەندە، ئەخمەت بوۋاي ئۇنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغانىدى. شۇڭا، نىياز تامىقىنى يەپ بولا - بولماي يەنە شۇ توي توغرىسىدا گەپ ئاچتى. بوۋاينىڭ گەپنى ئەگىتىپ دېمەكچى بولغىنى نىيازنى ھېلىقى تۇغقىنىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشقا كۆندۈرۈش ئىدى. نىياز ئاۋۋالقىدەك رەت قىلىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ تاللىغىنى بارلىقىنى ئېنىق ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئەخمەت بوۋاينىڭ ياشاڭغىراپلا تۇرۇۋاتقان ئاجىز كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى. نىياز بوۋاينىڭ بۇ جاۋابىدىن ئۆزىگە نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇ سائەتتىن باشلاپ ئەخمەت بوۋاينىڭ ئائىلىسىدە كەسكىن كۆرەش باشلىنىپ، نىيازغا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى نەسىھەت قىلىپ باققان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئەخمەت بوۋايمۇ سۆزىدىن يانماي جاھىللىشىپ تۇرغاچقا، نىياز تۇينىڭ ئىشىنى ئۆز جايىدا قويۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئاۋات رەستىدىن 50 نەچچە كىۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىنى باشلىۋالدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە تىجارەت بىلەن پايپېتەك بولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەقلىنى جورۇپ قاسىم قارىمىدىن تارتىپ، روزى كاداڭغىچە بولغان مەھەللە مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھەربىرىگە لايىقىدا سوۋغا سۇڭغۇتۇپ، ئۆزىنىڭ زەينەپگۇل بىلەن توي قىلىشىغا

دادىسىنى قايىل قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ يولدىكى ئەجرى كۈچىنى كۆرسىتىدىغاندەك قىلاتتى. ئەخمەت بوۋاي تېخىچە ئىپادە بىلدۈرمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر تۇرۇپ نىيازنىڭ ئۇستاتلىق قىلغانلىقىغا غەزەپلەنسىمۇ، ئارقىدىنلا يەنە نىيازنىڭ باشباشتاقلىق بىلەن يۇرتتىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىر نىيازنىڭ تەلپىگە قوشۇلماقتىن ئۆزگە يول قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، ئەخمەت بوۋاي مۇشۇ كۈنگىچە غازلىق كەنتىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئاقتاش تەۋەسىدە باشقىلارغا گېپىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— قىزغا چاي ئىچۈرۈپ قويغان تۇرساق، ئەمدى تۇغقانلارغا نېمىمۇ دەرمىز؟ يامان يېرى، ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ! — دېدى ئۇ ساقىلىنى سىلىغىنىچە تولىمۇ مەيۈس ھالدا. باشقىلار بۇ گەپتىن ئېنىق مەقسەتنى ئۇقالمىغان بولسىمۇ، قاسىم قارىم چۈشىنىپ ئۈلگۈردى:

— غەم قىلماڭ، ئەخمەتكا، مەن ئۇ ئىشنى كاۋاپىنىمۇ، زىخىنىمۇ كۆيدۈرمەي ئوڭشاشنىڭ يولىنى ئاللىقاچان قىلىپ قويغان. پەقەت سىزلا قوشۇلسىڭىز، ئارىغا ئۆزۈم كىرىپ ئىشنى ئوڭشايمەن. سىزگە ۋەدە بېرەلەيمەنكى، تۇغقانلار سىزدىن ھەرگىزمۇ رەنجىمەيدۇ.

ئەخمەت بوۋاي بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتتى. ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى، ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن قانداقتۇر بىر يوچۇن مەنىنى غىل - پاللا ھېس قىلغان ئەخمەت بوۋاي:

— ئەمدى بىلدىم، نىياز سىلەرنى ئاللىقاچان سېتىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ! شۇنچە تاقاراشقىنىم بىكار بولدى مانا، ھەرقايسىڭلار مۇشۇنداق دەپ تۇرساڭلار مېنىڭ ئامالىم قانچە؟ مەن قېرىپتىمەن، سىلەرگە تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن. بوپتۇ، نىيازنىڭ پېشانىسىگە

مۇشۇ قىز پۈتـۈلگەن ئوخـشايدۇ، ئارزۇسـىغا يەتكـۈزۈپ قويـاي، ــ دېدى ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ. شـۇ چاغـدا ھۆۋىخان لەۋلىرىنـى ئۈمچەيتىپ:

ــ ئەمـدى تۇغقانلارنىـڭ يـۈزىگە قانـداق قـارامەن؟ ــ دەپ نالە قىلغانىدى، ئەخمەت بوۋاي ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ دېدى:

ــ تۇغقانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلايمىز دەپ، نىيازدىن ئايرىلىپ قالساق قاملىشامدۇ، خوتۇن؟ قاسىم قارىم ئىشنى ئـۆزۈم ئوڭـشايمەن دېگەنىدىكىن بولدى قىلىلى ئەمدى!

شـۇنداق قىلىـپ، قاسـىم قـارىم باشـچىلىقىدىكى جامـائەت ئەخـمەت بـوۋاينى نىيازنىـڭ رايىغـا بېرىـشقا قايىـل قىلىـپ خۇشال ھالدا ئۇزاشتى.

*　　　　　*　　　　　*

بۈگـۈن نىيـاز بىــلەن زەينەپگۈلنىــڭ تـويى بولـدى. غـازلىق كەنتىـدىكىلا ئەمەس، پۈتـۈن ئاقتـاش يېزىـسىدىكى كىـشىلەرنىڭ كـۆپچىلىكى بـۇ تويغـا ئالاھىـدە قىزىقىـشتى. بۇنىڭغـا قىزنىـڭ ياقـا يـۇرتتىن، نىيازنىـڭ ئاقتاشـتىكى داڭلىـق «كـۇلىچى» بولۇشـىدىن باشقا، تويىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر قاتار ئىـشلارنىڭ ئاقتـاش يېزىـسىنىڭ ئـۇزاق زامـانلاردىن بېـرى داۋام قىلىــپ كېلىۋاتقــان ئەنئەنىۋى قائىدە ـ رەسىمگە ئوخشىمىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ئەخمەت بوۋاي بىلەن ھۆۋىخان قائىدە بويىچە زەينەپگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھۇزۇرىغا رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىرنەچچە قېتىم مېھمان باشلاپ بېرىپ، قىزغا چاي ئىچـۈرۈپ گـۈل قويـۇش، تـوي ۋاقتىنـى مەسلىھەتلىـشىش، تويلـۇقنى كېلىـشىش قاتـارلىق ئـاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلغــان بولــسا، تىللاخــانمۇ ئــۇلارنى لايىقىــدا كــۈتىمەن دەپ تارتىدىغان جاپا بىلەن، زاكىرجاننىڭ ئۆيگە يەنە مەست ـ ئەلەس

كىلىپ يۈزىنى تۆكۈشىدىن ئەنسىرەشتىن خالاس تاپتى. تويدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن زەينەپگۈل نىيازنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىرىپ ئانىسىغا ياردەملەشتى. تىللاخان ئەسلىدە نىياز شۇنچىلىك قەدرىنى قىلىۋاتقاندا تويىنى جايىدا قىلىپ، زەينەپگۈلنىڭ كەينىدە بولمىغۇر گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرۈۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتىسمۇ بولاتتى. نىياز جان - دىلى بىلەن يار - يۆلەك بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ئەلۋەتتە شۇنداق قىلالايتتى. بىراق، ئۇنداق قىلىشنى راۋا كۆرمەي، پەقەت ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىرنەچچە يېقىنلىرىنى چاقىرىپ تويىنى ئاددىيلا ئۆتكۈزدى. نىيازمۇ تىللاخانغا جاپا سىلىشنى خالىماي، بىرنەچچە كىشى بىلەنلا كىلىپ زەينەپگۈلنى كۆچۈرۈپ كەتتى. ئىشلار ئەنە شۇنداق ئاددىي ئاياغلاشقىنى بىلەن، ھەممەيلەن قايىل بولۇشتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە تىللاخان نىيازنىڭ تەلىپى بويىچە بىر قىسىم تۇغقانلىرى بىلەن كىلىپ ئۇلارنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى ئىجارە ئالغان ئۆيىدە «توي چىيى» ئۆتكۈزۈشتى. بۇ بىر ھىساپتا تويىنىڭ داۋامى ئىدى. غازلىقتا ئاقتاشلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ «توي»دا زەينەپگۈل ئىلگىرىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا چىرايلىق ياسىنىپ جابدۇندى. نىياز ئۇنى مەخسۇس تەييارلىغان ئالىي دەرىجىلىك كىچىك ماشىنا بىلەن ئاكىسى سوپى ئاخۇن راسلاپ قويغان ھۇجرىغا كۆچۈرۈپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، نىياز تويىنىڭ باشتا كەم قالغان رەسىم - قائىدىلىرىنى تولۇقلىدىلا ئەمەس، مۇھىمى ئاقتاشلىقلارنىڭ قىز كۆچۈرۈش جەريانىدىكى كونا ئادىتىنى ۋايىغا يەتكۈزدى. مىھمانلار زەينەپگۈلنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ ھويلىغا باشلاپ كىرگەندە، ناغرا - سۇناي ئاۋازىنىڭ بىردىنلا ئەۋجىگە چىقىشىمۇ مۇشۇ قائىدىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىراق، ئويلىمىغاندا نىيازنىڭ كۆزى ئازادە ھويلىدىكى سۇپىدا پەرىشان ئولتۇرغان ھوشۇر موزدۇزغا

چۇشۇش بىلەن چىرايىدىن خۇشاللىق ئۇچۇپ، ئانايەت كۇدەكنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغىدى، شۇئان ناغرا - سۇناي ئاۋازى پەسكويغا چۈشتى. چۈنكى، بۇگۈن ھوشۇر موزدۇزنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى ئەخمەت بوۋاينىڭ ئائىلىسىدە قىزىپ كەتكەن قاينام - تاشقىنلىق توي مەنزىرىسىنى كۆرگەن ھوشۇر موزدۇز كۆڭلىدە: «راشىدىن مىيىپ بولۇپ كاردىن چىقمىغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ تويىنى مۇشۇنداق قىلمايتتىممۇ» دەپ ئىچ - ئىچىدىن پۇچىلىنىپ ھەسرەت چېكىۋاتاتتى. ئارىدىن بىر پەس ئۆتۈپ دەسلەپتە سەدىردىن، ئاندىن ئابدۇللا خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىنى شىپىي كەلتۈرۈپ كېتىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى نىيازلا ئەمەس، باشقىلارمۇ خىرە - شىرە ھېس قىلىشتى. ئۇلارچە، راشىدىن ئۇلۇشكۇن كەچتە تۇرۇپلا ئەسلىدىكى ھالىتىگە يېنىپ قالغاچقا، نىياز ھوشۇر موزدۇز بىلەن سىپىرەمخاننىڭ يۈرەك زېدىسىنى تاتىلماي، تويىنى جىمجىتلا ئۆتكۈزگىنى تۈزۈك ئىدى. راشىدىن ئارىدا خېلىلا ئوڭشالغاندەك قىلىپ ھەممەيلەننىڭ ئاززۇ قەسىرىگە ئۇمىد چىرىغىنى ياققان، يەنە كېلىپ نىيازمۇ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ بىر مۆجىزىنىڭ شاھىتى بولغانىدى.

ئۇ چاغدا نىياز بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە ئىشلار بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىۋاتاتتى. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىنى باشلاش، خىش خۇمدىنىنى ھۆددىگە ئېلىش، توي قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ زۆرۈرلۈكى بىر - بىرىدىن قېلىشمايتتى. ئەگەر قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىنى ۋاقتىدا باشلىمىسا، ئۇرۇمچىدىكى يېگىدىن تونۇشقان چۆپقەتلىرىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالاتتى؛ تويىنى ۋاقتىدا قىلمىسا خەقنىڭ ئۆزىنى «قېرى بويتاق» دەپ مازاق قىلىشىنى دېمىگەندىمۇ، ئەخمەت بوۋاينىڭ لەۋزىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. خىش خۇمدىنىنىڭ ئىشىغا كەلسەك، بارات نىياز ئۇنى دەپلا ھازىرغىچە قوغداپ كەلگەنىدى، بولمىسا

ئاللىقاچان ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆز تىكىپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارات نىياز يېقىندىلا نىيازغا ئاۋۋال مۇشۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلىۋېتىشنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. نىياز پىلانى بويىچە ئاۋۋال قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىنى باشلىۋالدى. ئاڭغىچە خەلچەم كەشتىچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەچ زەينەپگۈلگە ياردەملىشىپ، نىيازلارنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەردى. گەرچە تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقان كەۋسەرنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى قولايسىز بولۇۋاتقان بولسىمۇ، نىيازدىن ياردىمىنى ئايىمىدى، ئۇ نىيازنىڭ ئۆز بېشىدىن نۇرغۇنلىغان ئاچچىق ساۋاقلارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاخىر ئۆز بەختىنى تاپقانلىقىغا بەكمۇ خۇش ئىدى. شۇڭا، دائىم ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ رىغبەتلەندۈرەتتى، روھىنى كۆتۈرەتتى. نىياز ئەسلىدە ئىشنى كىچىكرەك باشلاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ سۆلھى - سالاسى بىلەن چوڭ‌ئېيىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، ئۇ ئويلىغىنىدەك مەبلەغ جەھەتتىن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتاتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، قولىدىكى نەخ پۇل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىنى باشلاشقا ئارانلا يەتكەن ئىدى. ئەمدى نىيازغا تېخى توي قىلىش ھەم خىش خۇمدىنىنى ھۆددىگە ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل بولمىسا بولمايتتى. بۇنى ئويلاپ نىيازنىڭ بېشى قاتتى. كەۋسەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە سەدىردىنگە بىرئاز پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېرىشنى ئېيتىۋىدى، سەدىردىن گويا نىياز ئۆزىنى سىياسىي جەھەتتە خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە دالالەت قىلغاندەك چۆچۈپ كەتتى. گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە، ئۆزى بىر ئىدارىنىڭ بېشى بولغان بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، ئىلكىدە يىغىپ قويغان ئارتۇق - تۆشۈك پۇلىنىمۇ يوقلۇقىنى ئەسكەرتتى. ئاندىن بەنە ئىقتىسادىي قانۇن توغرىسىدا نىيازغا يېتەرلىك دەرس ئۆتتى.

بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ: «سەن قەدەمنى بۇنداق چوڭ ئالساڭ، ئۇزاققا بارماي موللاق ئاتىسەن» دەپ تەنقىد قىلغانمۇ بولدى. نىياز ئەمدى خەلچەمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، گەرچە رايى ئانچە بارمىسىمۇ ئابدۇللاغا ئېغىز ئېچىۋىدى، ئابدۇللا ھەرھالدا: «مەن ئامانەت-قەرز كوپىراتىپىدىكىلەر بىلەن دېيىشىپ باقاي» دېدى. نىياز خېلى ئۈمىدلەنگەنىدى، بىراق ئىككى كۈندىن كېيىن، ئابدۇللا: «ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىكىلەر سېنى يەنە كۆلىغا قاچىدۇ دەپ ئىشەنچ قىلالمايدىكەن، سەنمۇ ھالىڭغا بېقىپ بىرلا ئىشنىڭ پېشىنى تۇتىساڭ بولامدۇ» دەپ دوق قىلدى. نىياز لاسىدە بولدى. سەدىردىن بىلەن ئابدۇللا ياردەم قىلمىسا كارايىتى چاغلىق ئىدى، نىياز باشقا ئاماللار بىلەن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلەيتتى. ئەسلىدە نىياز ئۇ ئىككىسىدىن پۇل سوراش ئارقىلىق راشىدىنىنىڭ بەختسىزلىككە يولۇقۇشى تۈپەيلىدىن ئۈچەيلەنىنىڭ يىرىكلەشكەن مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، نىيازنىڭ بۇ ئۈمىدى ھازىرچە ئەمەلگە ئاشمايدىغاندەك قىلاتتى. كۈتۈلمىگەندە ئابدۇللا بىلەن سەدىردىن خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەكلا نىيازنىڭ روھىغا سوغۇق سۇ سېپىپ، ئېرىيەلمەي تۇرغان مۇزنى تېخىمۇ قېلىنلاشتۇرۇۋەتتى. ئابدۇللانىڭ گېپى سەدىردىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. نىياز باشقىلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوقەت قىلغىلى بارغانلارنى ھەر خىل ناملاردا ھاقارەتلىگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىمۇ ئۇنچىلىك خاپا بولمىغانىدى، ئابدۇللانىڭ تەنە - دوقلىرى يۈرىكىگە زەھەرلىك يىڭنىدەك سانچىلغان نىياز جىمپىلا قالدى. نۆۋىتىدە كۆڭۈل رەنجىگە كەۋسەر بىلەن خەلچەملەرمۇ شېرىك بولۇشتى. كەۋسەر: «دادام ئارقىلىق ھەل قىلاي» دېگەنىدى، نىياز دەرھال توستى. دېمىسىمۇ، بارات نىياز مۇشۇ كۈنگىچە كەنجىلەرنى خۇددى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ، شۇ تاپتا خىش خۇمدىنىنى باشقىلارغا بەرمەي، نىيازغا سايە

قىلىۋاتقاندا، ھۆددىنىڭ ئالدىن ئۆتكۈزىدىغان پۇلىنى يەنە بارات نىيازدىن سورىسا قاملاشمايتتى. بۇنداق قىلىشقا نىيازنىڭ كۆڭلى قويمايتتى. ئۇ شۇ كۈنى ئاقتاشقا كېلىپ ئابدۇللادىن يەتكۈچە رەنجىپ، ئاكىسى سوپى ئاخۇننى ئىزدەپ ئېتىزغا كېتىۋاتقاندا، يولدا غېنى ساقچى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— نىياز، خاپا كۆرۈنىسەن، بىرەرسى يەنە «كۈلچى» دەپ چىشىڭغا تەگدىمۇ نېمە؟ راستىنلا شۇنداق ئىش بولسا يوشۇرماي ماڭا دېگىن. ئۇنىڭ ئەدىبىنى ئۆزۈم تازا بىر بېرىپ قوياي، — دېدى غېنى ساقچى ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ نىيازغا سوگدىشىپ كېتىۋېتىپ.

نىياز غېنى ساقچىغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— بۇ گەپنى ئۇنتۇپ قالمايسەن - ھە، غېنىكا!؟ ئەمدى ھەرقانچە بولسىمۇ مۇشۇ بەستىم بىلەن سېنى ياردەمگە چاقىرىپ يۈرمەسمەن!

غېنى ساقچى ئەسلىدە بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىشلارنى تىلغا ئالغانىدى.

— نېمىسى نېمىكىن، ئىشقىلىپ، كەنجىلەرنىڭ ئىچىدە ساڭا كۆڭلۈم باشقىچە يېقىن. بىرەرسى سېنىڭ يامان گېپىڭنى قىلسا زاڭقىمغا سالغۇم كېلىدۇ. ئۆتكەندە ئابدۇللا سېنى «راشىدىننى كۈلىدىن سارالاڭ قىلىپ ئېلىپ كەپتۇ» دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرۈپتىكەن، ئاچچىقىمغا پايلىماي تازا دەككىسىنى بەردىم. يېقىن دوست تۇرۇپ شۇنداق قاملاشمىغان گەپنىمۇ قىلامدا؟ ئابدۇللا بۇرۇن شۇنداق مۇلايىم ئىدى، تۆمۈر دەپتەرگە كىرىپلا ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى.

— كېيىنچە ئۇگىشىلىپ قالار.

— كۆڭلۈڭنىڭ ياخشىلىقىنى قارا، ناھىيە بازىرىدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتى قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ غەيرىتىڭگە

ئاپىرىن ئوقۇدۇم. تىجارەتنى ناھايىتى بەلەن يەردىن باشلاپسەن. بىزدەك ھۆكۈمەتنىڭ ئايدا بېرىدىغان تۆت تەڭگىسىگە قاراپ كۈن ساناپ يۈرمەي، سەندەك تەۋەككۈل قىلغانلارغا بەكمۇ ھەۋىسىم كېلىدۇ. قەدەمنى چوڭ ئېلىپ مېڭىۋەر، يېتىشەلمىگەن يېرىڭگە ئاتا ـ ئاناڭ، مانا مەن بار.

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، غېنىكا.

— نىياز، ئاڭلىسام، ئۆتكەندە كەۋسەر دوختۇرخانىدا ياتقاندا سەن يېزا باشلىقى بىلەن بىللە ئۇنى يوقلاپ بېرىپتىكەنسەن ـ ھە؟

— ھەئە، بارغان. نېمە، بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ كەسىپي كېسىلىڭ قوزغىلىپ قالدىمۇ نېمە؟

— ئاڭلىسام، كەۋسەرنى شۇ چاغدا زەھەر ئىچىپتىكەن دېيىشىۋاتىدۇ. مەنغۇ بۇ گەپكە ئىشەنمىدىم، ياكى سەدىردىنگە قېپىداپ بىرەر ئىش بولغانمىدىكىن...... — غېنى ساقچى نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، نىياز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلدى. ئەسلىدە غېنى ساقچى ئەزەلدىن كەۋسەر توغرىسىدىكى ھەرقانداق خەۋەرگە قىزىقاتتى، بولۇپمۇ كەۋسەر ئۆتكەندە سەدىردىن بىلەن ئارازلىشىپ قالغاندىن بۇيان غېنى ساقچىنىڭ ئۇلارغا بولغان قىزىقىشى ئاۋۋالقىدىن ئەدىگەنىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، كەۋسەر سەدىردىننىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ ئىككىسى ئادا ـ جۇدا بولسا، ئاخىر بېرىپ كەۋسەر ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلسا مۇرادىغا يېتەتتى. مانا بۇ غېنى ساقچىنىڭ خېلىدىن بېرى كۆڭلىنىڭ تېگىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئارزۇسى ئىدى. غېنى ساقچى ئابدۇللانىڭ ئىشى تۈپەيلى سەدىردىن بىلەن كەۋسەرنىڭ ئارىسىغا چۈشكەن سوغۇقچىلىقتىن خېلى چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى نەتىجە كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى. يامان بولغىنى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غېنى ساقچى ئەل ـ جامائەتنىڭ نازارىتىدىن ئۈركۈپ كەۋسەرگە

ئىلگىرىكىدەك يېقىنلىشالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئويلىسىلا، شۇ ۋاقىتتا ئابدۇللانىڭ ئىشنى دەپ كەۋسەر بىلەن بىللە ئايىغىغا بارغانلىقىغا يەتكۈچە پۇشايمان قىلاتتى. دېمىسىمۇ، شۇ ئىشتىن كېيىن كەۋسەر بىلەن غېنى ساقچى كىشلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدى. ئەمدى ئىككىسى بىمالال كۆرۈشۈشتىن، پاراڭلىششتىن، ھەتتا بىر - بىرىگە يىراقتا تۇرۇپ قاراشتىنمۇ ئېھتىيات قىلمىسا بولمايتتى. بۇنداق ئېھتىياتچانلىق كەۋسەر بىلەن كۆرۈشۈش، پاراڭلىشىش پۇرسىتىنى ئىزدەپلا يۈرىدىغان غېنى ساقچىنى خۇددى يىرىك بۇرۇتنى گال ئۈستىرا بىلەن تەتۈر قىرغاندەك ئازابلاپ كېلىۋاتاتتى. سەدىردىن دادىسى بىلەن قاسىم قارىمنى ئارىغا سېلىپ كەۋسەرنى قايتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، غېنى ساقچى كەۋسەر بىلەن بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشۈپ باقمىدى. بۇ ھالدا ئۇنى ئۆز ھېسسىياتى ئالدىدا بۇرۇقتۇرما بولمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كەۋسەر توغرىسىدىكى كىچىككىنە خەۋەرنىمۇ ئىزلاپ يۈرۈشى ئەلۋەتتە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

بارات نىياز كەۋسەرنىڭ دوردىن زەھەرلەنگەنلىكىنى باشقىلاردىن شۇنچە سىر تۇتقان بولسىمۇ، شۇ تاپتا غېنى ساقچى كىمدىندۇر ئاڭلاپ قالغاندەك، شۇڭا بۇ ئىشلارنى نىيازدىن ئېنىقلاپ ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

— كەۋسەرنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ ئاشقازىنى ئاغرىپ قاپتىكەن، بىرنەچچە كۈن داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ قالدى شۇ، — نىيازنىڭ تەبىئىي ھالدا دېگەن بۇ گېپىگە غېنى ساقچى ھېچ- قانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇ گەرچە بۇ ئىشنىڭ تېگىنى ئېنىقلاشقا قىزىققان بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن نىيازنىڭ ئۆز مۇددىئاسىنى سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— نىياز، مەن سېنىڭ ئابدۇللادىن پۇل سوراپ بارغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. سەن ئۇبدان بىلىسەن، سەھرا دېگەننىڭ قوينى كەڭ

بولغان بىلەن، قىقىلىپ بىر يۆتەلسەك ئەتراپىڭدا بىرنەچچە كىشى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كېتىدۇ. باغنىڭ كەينىدىكى چىتلاقنىڭ دالدىسىدا كوت قىلىپ بىرنى ئوسۇرساڭغۇ ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ. قوشنالىڭ شۇ ھامان بېشىڭغا چالما ئاتىدۇ. خەق سېنى «ئۆزىنىڭ ھالىغا بېقىپ ئىش قىلماي، قەرز سوراپ يۈرىدۇ» دېسە دەۋەرسۇن، قەرزدىن قورقمىغان ئادەم چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدۇ، بەلكىم سەنمۇ ئاڭلىغانسەن: بىر چەت ئەللىك قەرز ئېلىپ ماشىنا سېتىۋاپتۇ، ماشىنىنىڭ راھىتىنى كۆرگەچ قەرزىنى تۆلەپتۇ. بىر جۇڭگولۇق قەرزدىن قورقۇپ پۇل يىغىپ ماشىنا سېتىۋالماقچى بوپتۇ، بىراق ئۇ ماشىنا سېتىۋالىدىغان پۇلنى يىغىپ بولغاندا قېرىپ مۈكچىيىپ كېتىپتۇ. ھا ـ ھا ـ ھا...... قىزىقمىكەن؟ — غېنى ساقچى ئۆزىنىڭ گېپىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

— راست، قىزىق گەپكەن بۇ، مەنىسى چوڭقۇركەن....... — دېدى نىياز ئويچان كۆزلىرىنى غېنى ساقچىغا تىكىپ. ئاخىرىدا غېنى ساقچى يىراقتا قالغان بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئەلپازدا:

— سەن «كۆلىچى» بولساڭ، يەنە كېلىپ «كۆلىچى» قىز بىلەن توي قىلساڭ نېمە بوپتۇ؟ يا سەن جىنايەت ئۆتكۈزمىسەڭ بىلىشمىچە سەدىردىنمۇ ساڭا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، مەن توي قىلسام لازىم بولۇپ قالار دەپ مائاشىمدىن ئايدا ئازراقتىن بانكىغا تاشلاپ كەلگەن. ئەتىلىككە ئاجرىتىپ بېرەي ئىشلىتىپ تۇرغىن، — دېدى تولىمۇ مەردانىلىك بىلەن.

نىياز غېنى ساقچىنىڭ بۈگۈن تۇرۇپلا ئۆزىگە بۇنچە ھېسداشلىق قىلىپ كېتىشىدىكى مەقسىتىنى بىلەلمىدى. ئەمەلىيەتتە غېنى ساقچىنىڭ ئويلىغىنى نىياز تېگىگە يېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە مۇرەككەپمۇ ئەمەس ئىدى. كەۋسەر بىلەن سەدىردىننىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تۈرلۈك خەۋەرلەر ئۆزۈلمەي تارقىلىۋاتقان ئەھۋالدا، غېنى ساقچى كەلگۈسىدىن يەنە ئۈمىدلەنمەي تۇرالمايتتى. شۇڭا،

كەۋسەرنىڭ دوستلىرىغا ياخشچاق بولۇش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا كەۋسەرنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرستىشنى ئويلايتتى. ئۆتكەندىمۇ ئابدۇللانىڭ ئىشىغا جان پىدالىق كۆرستىپ، كەۋسەرگە ياخشچاق بولۇشنى كۆزلىگەنىدى. بىراق، ئابدۇللا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپلا ھەممىنى ئۇنتۇدى. غېنى ساقچى بۇ ئىشلارنى ئويلىسىلا جەھلى قاتاتتى.

ئەتىسى نىياز خىش خۇمدىنىغا بېرىپ بىر قىسىم رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ ئۆيگە كەلگەندە، ئەخمەت بوۋاي ياستۇقنىڭ ئاستىدىن 10 مىڭ يۈەن پۇلنى چىقىرىپ:

— غېنى ئەكېلىپ بەردى، ئاۋايلاپ ئىشلەتكىن، — دېدى. ئاندىن ياستۇقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن قول ياغلىققا ئورالغان بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ، غېنى ساقچى بېرىپ كەتكەن پۇلنىڭ ئۈستىدە قويغىنىچە گېپىنى داۋام قىلدى، — بۇ پۇلنى ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمغا ئاتاپ يىغىپ قويغانىدىم. ئاڭلىسام، پۇلغا ھاجىتىڭ چۈشكەن چېغى، بۇنىمۇ ئاپىرىپ ئىشلەتكىن، كۆز يۇمۇپ قالسام يېنىمدا سەن بولغاندىكىن غېمىم يوق.

نىيازنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ، كالپۇكلىرى ئۈمچەيدى. ھەرنېمە دېگەنبىلەن دادا مېھرى يەنىلا قەدىرلىك ئىدى. ئۇنىڭدا ھامان قەلبلەرنى تىترىتىدىغان ئوتلۇق سۆيگۈ جەم ئىدى. نىياز دادىسىغا ئۈمىد نۇرى پارلىغان كۆزلىرىنى تىكىپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. قارىغاندا كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان بوۋاينىڭ بۇرۇنقى جاھىللىقى نەگىدۇر يوقاپ، بۇنىڭ ئورنىنى رايىشلىق، مېھرىبانلىق ئىگىلەۋاتقاندەك قىلاتتى. نىياز شۇ كۈنىلا يېنىدىكى پۇل بىلەن 20 مىڭ يۈەننى تەخلەپ بارات نىيازنىڭ يېنىغا باردى.

— سەن ناھىيە بازىرىدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ساتىدىغان باي بولغاندىكىن، قالغان زاكالەت پۇلغا مەن كېپىل بولاي، —

دېدى بارات نىياز.

شۇنداق قىلىپ، نىياز يېزىنىڭ خىش خۇمدېنىنى مۇۋەپپەقد-ىيەتلىك ھۆددىگە ئالدى. ئەپسۇس، ئەمدى ئۇنىڭغا زەينەپگۈل بىلەن توي قىلىشقا يەنە پۇل بولمىسا بولمايتتى. دۇكانغا ئۇرۇم-چىدىن زاكاز قىلغان بىر قىسىم قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تېخىچە يېتىپ كەلمىگەن، سودا يوللىرى ھازىرچە راۋانلاشماي تۇرغان ئەھۋالدا تويغا دۇكانىنىڭ مەبلىغىنى ئىشلىتىشكە نىيازنىڭ كۆڭلى بارمايۋاتاتتى. ئۇ بېشىغا كۈن چۈشكەندە تۇرۇپلا تاشمۇھەممەت بىلەن تاھىرنى ئېسىگە ئالدى. شۇئان تاشمۇھەممەتنىڭ «ساڭا يۇرتۇڭدا چوقۇم پۇل كېرەك بولىدۇ» دېگەن گېپى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى. مۇشۇ چاغدىلا ئۇ قەدەمنى بەك چوڭ ئېلىۋەت-كەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىركەمدە ئۇنىڭ خىيالىغا قايسىدۇر بىر كۈنى ئاكىسى سوپى ئاخۇننىڭ «پۇلنىڭ ئېپىنى قىلالمىساق، باغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى تېرەكلەرنى ساتارمىز» دېگەن گېپى كىرىۋالغان بولسىمۇ، تېرەكلەرنى دادىسى بىر قوللۇق پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەنلىكىنى ئويلاپ، سېتىشقا ھەققەتەنمۇ كۆزى قىيمىغانىدى. ئۇ ئۆيگە يېتىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ئاقتاشقا بېرىپ كېلەي، — دەپلا سىرتقا مېڭىۋىدى، ئەتىدىن بېرى ئىشلەك - دېرىزىلەرگە پەردە تارتىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان زەينەپگۈل بىلەن خەلچەم ئەجەبلەنگىنىچە بىر - بىرىگە قاراپلا قېلىشتى.

نىياز ئاقتاشقا كېلىپ، ئۆيگە كىرىشىگىلا دادىسىنىڭ بارغانسېرى ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى. كېيىن ئاكىسى سوپى ئاخۇن بىلەن باغقا چىقتى:

— شۇنچىۋالا تېرەكلىرىمىز بولغاندىكىن پۇلنىڭ تەڭلىكىنى تارتمايلى، ئۇكام. ئەمدى ئىككىلەنمە، تېرەكلەرنى بۈگۈنلا

سـېتىۋېتەيلى. كۆرگەنـسەن، دادام كۈنـدىن - كـۈنگە ئـاجىزلاپ كېتىۋاتـىدۇ. ئۇنـىڭ هـازىر سـەندىن رەنجىگـۈدەك ماجالى يـوق. ئاڭلىسام، ئابدۇللا سېنى «چوڭ ئىـش قىلىشقا قـۇربى يەتمەيـدۇ» دەپ يۈرگـۈدەك، ــ دېـدى سوپى ئـاخۇن خاپـا هالـدا. نىيازنىـڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ شۇ تاپتا «ئابـدۇللادىن بىرئـاز پـۇل سـوراپ قويغىنىمغـا نېمـىشقا بـۇنچە قىلىــپ كېتىدىغانـدۇ» دەپ ئويلاپ ئازابلىنىۋاتاتتى. مۇبادا ئابدۇللا ئۆزىدىن هازىرغىچە سەدىر- دىن توغرۇلۇقلا رەنجىپ يۈرگەن بولسا، بۇ قېتىم ئۆزى بېيجىڭدىن كېلىپلا راشىدىنغا 20 مىڭ يۈەننى ئاپىرىپ بەرگەنـدىكىن، ئۇنـىڭ قارىـشىدا ئـۆزگىرىش بولۇشـى كېـرەك ئىـدى. ئەپـسۇس، هـازىرقى ئەمەلىيەتـتىن قارىغانــدا ئابـدۇللانىڭ ئـۆزىگە بولغـان قورسـاق كۆپــۈكىگە راشــىدىنلا ئەمەس، بەلكــى ئۇنىڭغــا باشــقا ئىــشلارمۇ سـەۋەبچىدەك قىلاتتـى. ئـۇلار ئىلگىرىكـى ئىنـاق هـالىتىگە قايتـسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - هە! بىـراق، ئابـدۇللانىڭ كەيپىياتىـدىن قارىغاندا ئۇنداق قۇۋناق كۈنلەر ئەمدى كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ــ مەيلى، سەن بۇنـداق دېگەنـدىكىن تېرەكلەرنـى ساتايلى ئاكـا، زاكـاز قىلغـان مـاللار كەلـسە دۇكاننىـڭ تىجـارىتى يۈرۈشـۈپ كېتىدۇ. ئىككىمىـز خۇمـداننىڭ ئىـشلىرىنى ئىزىغا سالساق، ئـۇزاق ئۆتمەي قولىمىزغا پۇل كىرىدۇ.

ــ ئەمـسە سـەن دادامنىـڭ يېنىـدا ئولتـۇرۇپ تـۇرغىن. مەن ئىمىن خارەتنى باشلاپ كېلەي، ئـۇ ئۆتكەنـدە «تېرەكلەرنـى ساتار بولساڭ ماڭا بەرگىن» دېگەن. ئۇ تېرەكلەرنى باهالاپ هـازىرلا پـۇل سانايدۇ.

سـوپى ئـاخۇن شـۇلارنى دەپ باغـدىن چىقىــپ كەتكەنــدىن كېيىن، نىياز خىيالغا پېتىپ بىردەم ئولتۇردى، ئاندىن دادىـسىنىڭ يېنىغـا كىـردى. ئـۇ كۆڭلىـدە «دادام ماڭـا تـوي ئىـشىم توغرۇلـۇق كايىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغانـدى، بىـراق، ئەخـمەت بـوۋاي ئـۇ

ئەسلا كۆتمىگەن گەپنى قىلدى:

— كۆزۈم ياخشى كۆرمىگەن بىلەن دىلىم بىلىپ تۇرىدۇ، چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلغان ئوخشايسەن، باسقان قەدىمىڭنىڭ توغرىلىقىغا ئۆزۈڭ ھۆددە قىلالىساڭ، باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئىشىڭنى قىلىۋەر. مەن ئەمدى كەينىڭدىن ئىزلاپ يۈرەلمەيمەن. نەسىھەتىمنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا، تىجارەتتە ئادەمنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولمىسا ئىشى راۋاج تاپمايدۇ. تاپقان پۇلۇڭنى توغرا يولغا سەرپ قىل، زىنھار ھاكاۋۇرلۇق قىلما. تەڭتۇشلىرىڭنىڭ بالىلىرى چوپچوڭ بولۇپ كەتتى، سەن تېخىچە ئۆي - ئوچاقلىق بولمىدىڭ. يەنە كېچىكسەڭ، خەق ئارقاڭدا ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ.

ئەخمەت بوۋاي گېپىنى دانىمۇدانە دەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ھويلىغا چىققۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. نىياز ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. ئاڭغۇچە ھۆۋىخان تال باراڭ ئاستىدىكى كارىۋاتقا كۆرپە سالدى. ئەخمەت بوۋاي سوزۇلۇپ يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. ھۆۋىخان نىيازغا: «داداڭنىڭ يېنىدا سەن بولغاندىكىن مەن باغدىكى پىيازنى ئوتىۋالاي» دەپ باغقا كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي نىيازنىمۇ شۇنداق شېرىن ئۇيقۇ بېسىپ، كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بېشىنى كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە قويدى. ئارىدىن قانچىلىك ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ھويلىدا بىركىمنىڭ پالاقشىپ يۈگۈرگەن شەپىسى ئاڭلاندى. نىياز چۆچۈگىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ، يېنىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان راشىدىننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. راشىدىن ھويلىغا بەك تېز يۈگۈرۈپ كىرگەن بولسا كېرەك، تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشمايتتى. سول قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان بولۇپ، نېمىشقىدۇر قارىداپ قالغان چىرايىدىن بىر خىل تەشۋىشلىنىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. راشىدىننىڭ بۇ يەرگە كېلىشى نىيازنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ھەققەتەنمۇ سىغمايتتى.

راشىدىن بىيجىڭدىن كەلگەندىن بىرى دوختۇر - تېۋىپ ھەم داخانىلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن باشقا، ھېچ يەرگە بارمىغانىدى. ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نەگە بارغانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان ئەھۋالدا ئۇنى ئەركىن قويۇۋېتىش خەتەرلىك ئىدى. نىياز راشىدىنغا ئەجەبلىنىش ئىلكىدە قاراپ تۇرغاندا، دەرۋازىدىن يۈگۈرگەن پېتى ھوشۇر موزدۇز كىرىپ كەلدى.

— ئۇھ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كەتتى، شۇنداقمۇ تېز يۈگۈردۈڭمۇ، بالام؟ — ھوشۇر موزدۇز شۇنداق دېگىنىچە سەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نىيازنى كۆرۈپ دېدى:

— نىياز، سەن كەپتىكەنسەن - ھە!؟ ئادىشىڭ ساقايغۇدەك بالام، قارىغىنا! خۇداغا يۈز مىڭ شۈكۈر! تىلىكىم ئىجابەت بولغان چېغى، راشىدىن ئەسلىدە سىنىڭ شەھەردىن كەلگىنىڭنى بىلىپ بۇ يەرگە يۈگۈرەپتىكەن ئەمەسمۇ؟

— راست، ئۇ مېنى تونۇغاندەك قىلدى......

— نىياز، راشىدىن گەپ قىلغۇدەك! ئۇ يېقىندىن بېرى ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى پىچىرلايدىغان بولۇپ قالغان. قارىغىنا، ئۇ ساڭا گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتامدۇ......

ھوشۇر موزدۇز بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمۇ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. راشىدىن بولسا كارىۋاتتا ياتقان ئەخمەت بوۋايغا ئەجەبلىنىش ئىلكىدە قاراپ تۇراتتى. نىيازمۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ھوشۇر موزدۇزدەكلا خۇش بولۇپ كەتتى. شۇ ھالدا نىياز راشىدىنىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى شۇنچە دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى.

— راشىدىن بۇ ئۆيىنى تونۇپتۇ. راست، ئۇ ساقايغۇدەك! قارىڭە، دادامغا قاراۋاتىدۇ...... — دېدى نىياز ھاياجانلانغان ھالدا.

راشىدىن يىراقتا قالغان بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك

قىياپەتتە يېنىمدىن پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئەخمەت بوۋايغا قاراپ تۇراتتى.

— مەن قوتاننىڭ يىقىلىپ كەتكەن تېمىنى ئېتىۋاتسام، سىپىرەمخان ئانىڭ: «راشىدىن تۆر ئۆيدە بىرنېمە ئىزدەۋاتىدۇ» دېدى. مەن: «كارىڭلا بولمىسۇن» دېدىم. بىر چاغدا ئۇ تۆر ئۆيدىن چىقىپلا مۈشۈ تەرەپكە يۈگۈرۈۋىدى، كەينىدىن قوغلاپ يېتەلمىدىم. ئەسلىدە سېنىڭ كەلگىنىڭنى كۆڭلى تۇيۇپتىكەن ئەمەسما! قارىغاندا ئۇنىڭ سول قولىدا بىرنېمە باردەك قىلىدۇ. بايا شۇنچە تېز يۈگۈرگەن بولسىمۇ، ئاشۇ قولىنى يانچۇقىدىن پەقەتلا چىقارمىدى.

— راشىدىن، ماڭا قارا، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ مەن نىيازا! — دېدى نىياز راشىدىنغا يېقىنلىشىپ. راشىدىن نىيازغا تىكىلىپ، كۆڭلىدىن بىر ئىشنى ئۆتكۈزگەندەك بىردەم ئىسەنگىرەپ تۇرغاندىن كېيىن سول قولىنى يانچۇقىدىن چىقاردى. شۇئان نىياز بىلەن هوشۇر موزدۇزنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى. راشىدىننىڭ قولىدا بىر تۇتام 100 يۈەنلىك پۇل تۇراتتى. نىياز بىلەن هوشۇر موزدۇز تېڭىرقىغىنىچە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندا، راشىدىن قولىدىكى پۇلنى نىيازنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا يەنە يۈگۈرگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى...... سىرتتىن قايتىپ كېلىۋاتقان سوپى ئاخۇن هويلىدىن قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان راشىدىنغا قاراپ داڭ قېتىپلا قالدى. دەل شۇ چاغدا هويلىدىن نىياز ئالدىراش چىقىپ:

— ئاكا، تېز يۈگۈر! راشىدىننىڭ كەينىدىن بارغىن، ئۇ يىقىلىپ كەتمىسۇن! — دېدى. سوپى ئاخۇن بۇيرۇق بېرىلگەن ئەسكەردەك شۇئان راشىدىننىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. نىيازغا ئەگىشىپلا ئىشىك ئالدىغا چىققان هوشۇر موزدۇز يىراقلاپ كېتىۋاتقان راشىدىنغا قاراپ:

— ۋاي ئۇششا[1] بالام! ساقىيىپسەن، جېنىم بالام! خۇدانىڭ بىزگە رەھمى كەپتۇ، بالام! بۇ پۇلنى ماڭا بەرمەي، نېمىشقا تۈز ئۆيگە يوشۇرۇپ قويىدىغاندۇ دېسەم ئادىشىڭغا ساقلاپتىكەنسەن ئەمەسمۇ! مەقسىتىڭنى ئەمدى بىلدىم، بالام! — دېگىنىچە خۇشاللىقنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.

— بۇ توپتوغرا 10 مىڭ يۈەن ئىكەن، راشىدىن نەدىن ئالغاندۇ؟ — دېدى نىياز قولىدىكى پۇلنى ساناپ كۆرۈپ تەئەججۇپ ئىلكىدە.

— بۇ ئىشنى ساڭا دېمىگەنىدىم بالام، ئۆتكەندە سەن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ راشىدىنغا 20 مىڭ كوي پۇل بەرگەنغۇ؟

— ھەئە بەرگەن، بۇ پۇل راشىدىندا نېمىش قىلىدۇ؟

— شۇ كۈنى سەن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن راشىدىن پۇلنى ئېلىپ تۈز ئۆيگە كىرىۋېلىپ بىر چاغقىچە چىققىلى ئۇنىمىدى. ئەتىسى قارىسام، ئۇ پۇلنى پۇلۇقتىكى كونا پاختىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، پۇلۇقنى سالاسۇنغا ئېسىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى پۇل شۇ يەردە تۇردى. ئانىسى ئىككىمىز تۈز ئۆيگە كىرمەكچى بولساق، راشىدىن بىزدىن ئاۋۋال كىرىپ پۇلۇقنى قۇچاقلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيلى دەپ پۇلنى پۇلۇقتىن ئالمىغانىدۇق. تۈنۈگۈن سوپاخۇن بىزنىڭكىدە ساڭا بىرئاز پۇل زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، راشىدىن يېنىمىزدا بار ئىدى...... بۇ گەپ ئۇنىڭ زەنىگە كىرگەن ئوخشايدۇ.

— نېمە؟ راستىنلا شۇنداق بولغانمىدۇ؟ راشىدىن...... ئۇ...... راست...... قارىغاندا ئۇ ئېسىگە كېلىۋېتىپتۇ...... ئۇ...... ئۇ...... ساقايغۇدەك، ھوشۇر دادا! — نىياز شۇنداق دېگىنىچە راشىدىن يۈگۈرۈپ كەتكەن تەرەپكە كۆز تىكتى.

---

[1] ھوشيار سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

ھوشۇر موزدۇز يەكتىكىنىڭ پېشنى پوتىسىغا قىستۇرۇپ مېڭىشقا ھازىرلىنىۋىدى، نىياز ئالدىراپ:

— توختاڭ، ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ كېتىڭ، — دەپلا پۇلنى ھوشۇر موزدۇزغا سۇندى.

— ياق، بالام! ئادىشىڭ شۇ ھالدا تۇرۇپ ساڭا ئاتىغان يەردە، مەن بۇ پۇلنى ئېلىپ كەتسەم ھەرگىز بولمايدۇ! ئۆزۈڭ دەردىڭگە دەرمان ئەت، مەن كاشىلا بولماي تېزرەك ئۆيگە باراي، ئادىشىڭ ئەمدى ساقايغۇدەك، ئانىسىنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن يېرىلىپ كەتمىسۇن ھېلى! — ھوشۇر موزدۇز شۇلارنى دەپ ئالدىراش كېتىپ قالدى.

نىياز ھوشۇر موزدۇزنى ئۇزىتىپ قويۇپ، قولىدىكى پۇلغا قارىغىنىچە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن خىيال ئىلكىدە كېلىپ كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇردى. ئەخمەت بوۋاي بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھويلىغا سوپى ئاخۇن ھارغىن ھالدا كىرىپ كەلدى.

— راشىدىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ئۇ گەپ قىلدىما؟ — دېدى نىياز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇۋېتىپ.

— گەپقۇ قىلمىدى، ئىشقىلىپ، يۇگۇرگىنىچە بېرىپ ئۆز ئۆيىنى تاپتى، تۆر ئۆيگە كىرىپلا ئىچىگە پاختا تىقىلغان بىر پۈلۈقنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋالدى.

— بايا راشىدىن ماڭا 10 مىڭ يۈەن پۇلنى بېرىپ كەتتى. سەن دادامغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغىن، مەن راشىدىنىڭ قېشىغا بېرىپلا كېلەي.

— بولدى بارما، ھوشۇركام: «بۈگۈن راشىدىندا بىر مۆجىزە كۆرۈلدى. نىياز ئۇ پۇلنى ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە ئىشلەتسۇن، تېرەكلەرنى كېسۋەتسەڭلار ئەخمەتكامنىڭ دىلى سىلەردىن رەنجىپ قالىدۇ. داداڭلارنىڭ دەرەخ كېسىشكە ئىنتايىن ئۆچلۈكىنى ئۇنتۇپ

قالماڭلار!» دېدى. ئۇيلاپ باقسام ھوشۇركامنىڭ دېگىنى توغرىكەن، تېرەكلەرنى ساتمايلى. ئۇ پۇلنى سەن ئىشلىتىپ تۇرغىن، كېيىن قولىمىزغا پۇل كىرگەندە ھوشۇركامغا ئاپىرىپ بېرەيلى.

نىياز ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئەخمەت بوۋاي ئەزەلدىن دەرەخ كېسىشنى ياقتۇرمايتتى. «دەرەخ بولمىسا ئاقتاشنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ» دەيتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزى بىر قوللۇق پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن تېرەكلەرنىڭ يىقىلغانلىقىنى بىلسە چېچىلماي ھەم ئازابلانماي قالمايتتى. نىياز ئاخىر ئاكىسىنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلدى.

مانا، بۇ ئىشلار تېخى يېقىندىلا يەنى نىياز توينىڭ تەييارلىقى بىلەن پايىپېتەك بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە روي بەرگەنىدى. راشىدىنىڭ بىرەر كەم تۆر ئۆيگە ماڭىسىلا، ئالدىدا يۈگۈرۈپ كىرىپ ھېلىقى پۇلۇقنى قۇچاقلاپ تۇرۇۋېلىشنى ھەم تۇرۇپ - تۇرۇپ ئەسەبلىرى قوزغىلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھالى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتاتتى. تېخى ئەمدىلا تىلى چىققان بالىدەك «دادا، ئانا» دېيەلەيدىغان بولغانىدى. ئۆلۈشكۈن ھوشۇر موزدۇز قادىر ئاخۇنغا ھەمراھ بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كەتكىلى خېلى كۈنلەر بولغان زورىخاننى قايتۇرۇپ كەلگىلى كەتكەنىدى. كەچكە يېقىن ئۇ ھارغىن ھالدا قايتىپ كېلىپ، زورىخاننىڭ «خەلچەم ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمىسە قايتىپ بارمايمەن» دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى سىپىرەمخانغا دەپ بېرىۋاتقاندا، راشىدىن گەپنى ئاڭلاۋاتقاندەك جىمىپلا ئولتۇراتتى. ئارىدىن قانچىلىك ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئورنىدىن ئۇشتۇمتۇت تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈردى. ھوشۇر موزدۇز ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بېدىلىكتە يېتىشىپ، مىڭ تەسلىكتە ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدى. مانا، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەسلىدىكى ھالىتىگە بېرىپ قالدى.

ناغرا - سۇنايىنىڭ ئاۋازى بېسىققاندىن كېيىن مېھمانلار بىر - بىرلەپ ئۇزاشقا باشلىدى. نىيازنىڭ كۆڭلى تېخىچىلا ئارامىغا چۈشمىگەنىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك بارغانسېرى قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۆز كۆڭلىدە نىياز توينى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ، زەينەپگۈلنى خۇش قىلىشنىلا ئويلاپ، راشىدىنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقىدىن خۇدۇكسىرەۋاتاتتى. «راشىدىن ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگەن بولسا، ھېچبولمىغاندىمۇ ئۆتكەندىكىچىلىك ھالى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!» دېگەنلەرنى ئويلىغانسېرى ئازابلىناتتى. بايا ھوشۇر موزدۇز بىلەن سىپىرەمخان تويغا قۇت تىلەپ قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ھەسرەت كۆلەڭگىسى كۆز ئالدىدىن ھېچ نېرى بولمايۋاتاتتى. نىيازنىڭ ئەتراپىدىكىلەرمۇ دەل مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئۆز تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندەك كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. «تۇۋا، كونىلارنىڭ ‹بىر خۇشاللىقنىڭ بىر قايغۇسى بار› دېگىنى مۇشۇمىدۇ؟ راشىدىن بىر ئوبدان ياخشىدىلىنىۋېتىپ، نېمىشقا يەنە بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالغاندۇ؟ ئۇنىڭغا زادى نېمە تەسىر قىلغاندۇ؟ ئۇنىڭ بارا - بارا ئەسلىگە كېلىشى ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭدا ئۇنى داۋالىغان دوختۇرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئۇيغۇن ئىدىغۇ؟.......» نىيازنىڭ كۆڭلىنى خۇددى چۈشىنىپ يېتەلمىگەندەك ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقان تەگسىز خىياللىرى مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئەدىدى. زەينەپگۈل كۆڭلىدە «نىياز بەلكىم سەدىردىن بىلەن ئابدۇللانىڭ تويغا تۈزۈكرەك قارىشىپ بەرمەي كېتىپ قالغانلىقىدىن رەنجىپ قالدى» دەپ ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ تويدا بىر - بىرىدىن رەنجىپ قېلىشقانلار ئۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. خەلچەم توي جەريانىدا ئابدۇللانىڭ ئۆزىگە ئېتىبار بەرمىگەنلىكىگە، قىسقىسى، يېقىندىن بىرنىقى ئەھۋالنى سوراپمۇ قويمىغانلىقىغا خاپا بولسا، سەدىردىن

كەۋسەرنىڭ تۇغۇت ۋاقتى شۇنچە يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي تويغا قاتناشقانلىقىغا نارازى ئىدى. خەلچەم بىلەن سەدىردىن ئۇنداق رەنجىگەن بىلەن، بىراق كەۋسەر بىلەن ئابدۇللانىڭمۇ ئويلىغىنى بار ئىدى. ئاقتاشنىڭ قائىدىسى بويىچە دادىسىنىڭكىگە تۇغۇت ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن كەۋسەر نىيازنىڭ تويىغا چىلىنغان ناغرا-سۇناي ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇرسا، ئېغىرئاياغلىقىنى باھانە قىلىپ تويغا قاتناشماي تۇرالمايتتى. ئابدۇللاغا كەلسەك، تاۋى ئۆسۈۋاتقان، يەنىمۇ ئۆسۈشىنىڭ شەپىسى كېلىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇ بۇرۇن بىر قېتىم پۈتى تىقىلغان كۈۋرۈكتىن يەنە ئۆتۈپ، خەلچەم بىلەن ئەھۋاللاشسا بولمايتتى. دېمەك، ھەممەيلەننىڭ تۇتقان يولى ئۆزلىرى ئۈچۈن توغرا ئىدى. قانداقلا بولسۇن نىياز بىلەن زەينەپگۈلنىڭ تويى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈلۈپ، خۇدا قوشقان بۇ بىر جۈپلەرنىڭ بەختى كۈلدى. تويدا باشقىلاردىن كۆرە، غېنى ساقچى نىياز بىلەن زەينەپگۈلنىڭ ھۆرمىتىنى جايىدا قىلغىنىدىن قانائەت ھاسىل قىلدى.

*     *     *

بۇ يىلقى باھارمۇ غازلىقلارغا ئالدىنقى يىلدىكىگە ئوخشاش خۇشاللىق ھەم ئۈمىد بېغىشلىغانىدى. ناھىيەدىن «نامراتلارنى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئارقىلىق بېيىتىش»، «بىرقىسىملار ئالدىن بېيىش»، «رەھبىرىي كادىرلار نامراتلارنى ھۆددىگە ئېلىپ يېتەكلەش» دېگەندەك يېڭى - يېڭى سىياسەتلەرنىڭ خەۋىرى بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەچكە، دېھقانلارنىڭ تەشەببۇس-كارلىقىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتاتتى. باشقىلاردىن كۆرە، غازلىقتا سەدىردىننىڭ يېتەكلىشى بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن ئويغانغىنى جالالىدىن ئاخۇن ئىدى. بۇ يىل ئۇ ئالدىنقى

يىللاردىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، بەش مودىن ئارتۇق يەردە ئۆجمە، تېرەك، ئۆرۈك، جىگدە كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈردى. بېيىشتا يېگى يول ئاچقانلىقتىن داڭقى خېلى يىراقلارغىچە تارقالدى. ئەپسۇس، قادىر ئاخۇننىڭ ئوتياشچىلىق كەسپى ئۆتكەن يىلىدىن باشلاپ كاساتلىشىۋاتاتتى. بۇنىڭغا ئالدىنقى يىلىدىن باشلاپ ئوتياشچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشى، قادىر ئاخۇننىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولماي، ئوتياشچىلىقنى ئىلگىرىكىدەك تۈجۈپىلەپ قىلالمىغانلىقى سەۋەبچى ئىدى. يەنە راشىدىننىڭ بەختسىزلىكى ھوشۇر موزدۇزنىڭ بورداقچىلىق ھەم باقمىچىلىق كەسپىنى ۋەيران قىلىۋەتكەچكە، ئالدىنقى يىللاردىكى قۇت - ئامىتىنى خىيال قىلىپ ھەسرەت چېكەتتى. نىياز بەرگەن 20 مىڭ يۈەننىڭ 10 مىڭ يۈەنىنى راشىدىن ھېلىقى كۈنى نىيازغا ئاپىرىپ بېرىپ، قالغان پۇلنى يەنە شۇ تۆر ئۆيىدىكى پۇلۇقتا ساقلاپ كېلىۋاتقاچقا، ھوشۇر موزدۇزمۇ تىرىكچىلىكتىن ئۆزگە تاپاۋەت قىلالمىدى. مۇزدوزلۇق ھۈنىرىنى قولغا قايتا ئېلىشنى شۇنچە ئارمان قىلغان بىلەن دەسمى قىلىشقا پۇلى يوق ئىدى. بۈگۈن چۈشكە يېقىن ھوشۇر موزدۇز قادىر ئاخۇن بىلەن ئېتىزدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئىككىسى بىردەم ھال - مۇڭ بولۇشتى. ئۆزلىرىدىن تەلەينىڭ قاچقانلىقىغا، جاللىدىن ئاخۇندەك دىلكەشلىرىنىڭ بىيىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىدىن تەدرىجىي يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەسرەت چېكىشتى.

— ئويلاپ باقسام، بۇ كەنجىلەرنىڭ تەقدىرى بىر - بىرىگە پەقەتلا ئوخشىماپتۇ. خەلچەم بىلەن راشىدىن سىز بىلەن ماڭا خاپىلىق ئېلىپ كەلگەن بولسا، سەدىردىن بىلەن كەۋسەر ھەم نىياز ئاتا - ئانىسىغا ئامەت ئېلىپ كەلدى مانا. ئەگەرچەندە سۇلايمان ئاخۇن بىلەن مۆھتىرەمخان ھايات بولغان بولسا ئابدۇللانىڭ بەختىنى كۆرۈپ بېشى كۆككە يېتەرمىدىكى دەيمەن!

— ئەممازە، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز مېنىڭكىدىن ئوبدان، قادىر ئاخۇن، خەلچەم تۇل قالغان بولسىمۇ سىزگە يار - يۆلەك بولۇۋاتىدىغۇ!

— نېمىسىنى دەيسىز، ئۇ زورىخان بىلەن پەقەتلا چىقىشالمىدى. شۇڭا، ئۇ خوتۇن تولا يامانلاپ ھالىمنى قويمىدى ئەمەسما!

— ئۆتكەندە زورىخاننىڭ «خەلچەم ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمىسە، غازلىققا بارمايمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىڭىز ئاينا. سىزنىڭچە مۇشۇنداق باغرى قاتتىق ئايال سىزگە ۋاپا قىلارمۇ؟ شۇڭا، ھە دېگەندىلا خەلچەمنى ئەيىبلەۋەرمەڭ. خوتۇننى دەپ بالىنى قانداقمۇ باشقا ئۆيگە چىقىرىپ قويغىلى بولىدۇ؟

— راست، سىز ئۆتكەندە راشىدىننى «خەلچەم توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ تالاغا يۈگۈردى» دېگەندەك قىلغانىدىڭىز...... مەن بۇ ئىشنى تازا ئاڭقىرالمىدىم...... ئۇ چاغدا راشىدىن......

— راست، شۇنداق ئىش بولغان. ئۇ كۈنى مەن سىز بىلەن زورىخاننى قايتۇرۇپ كېلىشكە بارغانىغۇ. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، زورىخاننىڭ «خەلچەم ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمىسە، غازلىققا قايتىپ بارمايمەن» دېگەن گېپىنى ئانىسىغا دەپ بېرىۋاتقىنىمدا راشىدىن يېنىمدا گېپىمگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىلغان، كېيىن بىرنېمىلەرنى دەپ تالاغا يۈگۈردى......

— سىلەر بۇ ئىشنى قانداق ئويلىدىڭلار؟

— ئىلگىرى راشىدىن بىلەن خەلچەمگە ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالغانمىدىكىن، بىز ئۇنى سەزمەپتىمىز، مانا ئەمدى راشىدىن بۇ ھالغا كېلىپ قالغاندا بۇ ئىشتىن بېشارەت بولدى.

— مېنىڭ ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئىلگىرى رەھمەتلىك مۆھتىرەمخان ئابدۇللا بىلەن خەلچەمنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى دېگەندەك قىلغان. راشىدىن ئىككىسىنىڭ ئۇنداقلىقىنى ھېچ سەزمەپتىكەنمەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايتتىم. ئەمما، بالىلارنىڭ ئانىسى باشقىچىرەك گەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇ: «راشىدىن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ خەلچەمگە ئىچىل ئىدى» دەيدۇ. قارىساق، راشىدىننىڭ يانچۇقىدا خەلچەمنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى قونچىقى تۇرىدۇ. بالىلارنىڭ ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئەسلىدە كەنجىلەر كىچىك ۋاقتىدا بىزنىڭ تاللىقتا ئوينايدىغان چاغدا بالىلارنىڭ ئانىسى ئۆز قولى بىلەن خەلچەمگە تىكىپ بېرىپتىكەن. كېيىن راشىدىن كۇلىغا كەتكەندىكىن بىز بۇ ئىشنى سەزمەي قاپتىمىز.

— ھەي ئىست، بىز چوڭلار نېمىشقىمۇ بۇ ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا دەڭسەپ باقمىغاندىمىز!؟

— قادىر ئاخۇن، بۇ گەپنى ئۆزىڭىز ئېچىپ قالدىڭىز. مەنمۇ سىزگە گەپنى ئوچۇق قىلاي، ئەگەر زورىخاننى دەپ خەلچەمنىڭ دىلىنى غەشلەيدىغان بولسىڭىز، خەلچەمنى بىزلا ئۆيگە ئېلىپ كېتەيلى.

— بۇ...... بۇ...... بۇ...... قانداق بولا؟

— ھېچقانداق بولمايدۇ، تازا ئوبدان بولىدۇ، بالىلارنىڭ ئانىسىمۇ شۇنداق دېدى. ئويلاپ باقساق، خەلچەم ھۈنەرنى ئۆگىنىپ كېلىپ يەنە تەس كۈنگە قالسا، راشىدىن ھازىرقىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ كەتكۈدەك.

قادىر ئاخۇن ھوشۇر موزدۇزغا قاراپلا قالدى. كۆپ ھاللاردا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىمغۇر يۈرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئاللىقانداق يېڭى گەپلەر باردەك قىلاتتى. كېيىن ئۇ كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، قادىر ئاخۇن نېمىشقىدۇر ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. بارا - بارا كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ، زورىخاننىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىسا خەلچەمگە ھەقىقەتەنمۇ ئۇۋال بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

راست، ئۇ چاغدىكى ئىشلار قادىر ئاخۇننىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىلا يۈز بەرگەندەك زاھىر بولۇۋاتاتتى. غېنى ساقچى بىلەن ئايىم خانىم خەلچەمنى ئىككى بالىسى بىلەن قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويۇپ كەتكەن كۈنى كەچلىكى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ئاۋۇالقىدەكلا جېدەل باشلاندى. زورىخاننىڭ خەلچەمنى كۆرۈپلا: «بۇ شۇم ئاياغ بىلەن بۇ ئۆيدە قانداقمۇ بىللە تۇرالايمەن» دەپ غوۋغا كۆتۈرۈشى ھەقىقەتەنمۇ ئىلگىرىكى خېلى - خېلى غوۋغا - لىرىدىن ئېشىپ چۈشتى. قادىرئاخۇن ئىمامبەگنىڭ ئائىلىسىدىكى تاپا - تەنىلەرنىڭ ئاستىدا جۇدەپ ھالىدىن كەتكەن خەلچەمنىڭ شۇنچە بىقۇۋۇل ھالدا تۇگۈلۈپ ئولتۇرغان ھالىتىگە قاراپ تاقەت قىلالمىدى:

— يۈرىكى زىيدە بولغان بالىغا بۇنچە رەھىمسىزلىك قىلمايلى، ئانىسى! خەلچەمنىڭ بېشىنى سىلاپ قويساڭلا، خۇدا ئەجرىڭلىنى ھەرگىزمۇ كۆيدۈرۈۋەتمەيدۇ، ئۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرماي نەگە بېرىپ تۇرىدۇ؟

— بىر ياز قاقىرامدا ئىشلەپ يەيدىغاننى، كىيىدىغاننى تەييار قىلىپ قويساملا تەييارغا ھەييار بولۇپ كېلىدۇ بۇ شۇم ئاياغ!

— ئۇنداق دېمەيلى، بالىمۇ ئەمدى قاراپ تۇرمايدۇ، قولۇڭ-لىدىن كەتمەننى ئالىدۇ ئەمەسما!

— قولۇمدىن كەتمەننى ئالارمىش تېخى! ماۋۇ ساقلان-دىلىرىنىڭ پوق - سۈيدۈكىنى ئېرىغداپ، ھۆددىسىدىن بىر چىقسۇن تايىنلىق!

— ئېغىرىنى يەر كۆتۈرىدۇ، رىزقىنى خۇدا بېرىدۇ. ئايال خەق بىر مەزگىل سەۋر قىلىپ تۇرسا، كېيىنچە تالالىق بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئەقلى دۆمبىسىگە چىقىپ قاپتۇ ماۋۇ گادايىنىڭ! ئېرىنىڭ بېشىغا چىققان شۇم ئاياغنى ئالىدىغان ئەر نەدە تۇرۇپتۇ؟

— هاي - هاي...... بولدى ئەمدى چېچىلمايلى، ئانا دېگەن بالىغا بۇنداق چېچىلسا قاملاشمايدۇ.
— چېچىلمەن تازا! چېچىلغىنىم قاملاشمىغان بولسا ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتسەمغۇ بولا؟
— ئۇنداق يېنىكلىك قىلماڭلا، بىزگە ئىچىڭلا ئاغرىسۇن، ئانىسى......
— دادا، ئۇنىڭدىن شەپقەت تىلىمەڭ، بولدى مەن كېتەي!
— بۇ نېمە دېگىنىڭ، قىزىم؟ كېتىدىغان باشقا ئۆيۈڭ بولمىسا سېنىڭ......قېرىنداشلىرىڭمۇ ئۆز هالى بىلەن تۇرسا...... نەگە بارىسەن؟
— مەندىن ئەنسىرىمەڭ، دادا، ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلىمەن.
— ياق، مېنى ئۇنداق خىجىل قىلما، قىزىم، يۇرت-مەھەللىنىڭ ئالدىدا ماڭا سەت ئەمەسمۇ؟
— دادا، سىز......
— ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن دەپ مېنى قورقۇتماقچىما؟ بولدى سەن كەتمىسەڭ، مانا مەن كېتىمەن. ماۋۇ قېرى دادىڭ بىلەن ئۆيۈڭنى چېكەڭگە تاڭ، شۇم ئاياغ!
— ئانىسى، بۇنداق قىلماڭلا...... ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن!؟
شۇنداق قىلىپ، زورىخان قادىر ئاخۇننىڭ يېلىنىشىغا قارىماي يامانلاپ كەتتى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك ئارامسىزلانغان قادىر ئاخۇن نېمە قىلارىنى بىلمەي چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. زورىخاننىڭ يامانلاپ كېتىشى قوتاندىكى بىرەر قوي ياكى قازناقتىكى بىرنەچچە خالتا بۇغداينىڭ كۆلىنىڭ كۆككە سورۇلۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى تەكرارلىنىپ كېلىۋاتقان ئادەت بولۇپ، زورىخان بىرەر قۇر قىممەت باھالىق يېڭى كىيىم كىيگەندىن كېيىن قايتىپ كېلەتتى. قادىر ئاخۇنغا يەنە شۇنىسىمۇ ئېنىق ئىدىكى، يېشى بىر

يەرگە بارغانــدا زورىخاننىــڭ كەينىــدىن سوكۇلدىماســلىققا كــۆڭلى قويمايتتى. قىسقىسى، زورىخان ئۆيــدە بولمىــسا قــادىر ئاخۇننىــڭ قولى هــېچ ئىشقا بارمايتتى. ئۇ خــۇددى تۇخــۇم تۇغۇشقا ئەپلىك جاي تاپالمىغان مېكىياندەك، ئۆي، بــاغ، ئېتىــز ئارىسىدا تىنىمسىز قاتراپ يۈرەتتى. بۇ هــال ئەلۋەتتە قــادىر ئــاخۇن ئۈچــۈنلا ئەمەس، مــۇهىمى ئۇنىــڭ شــۇنداق كــۈنگە مــۇپتىلا بولۇشــىغا ئاســاسلىق ســەۋەبكار بولغــان خەلچەمگىمــۇ ئــازابلىق ئىــدى. ئەمەلىيەتــتە زورىخاننىڭ يەنە يامانلاپ كېتىشى قادىر ئاخۇنغا يەر تەۋرىگەنــدەك غەيرىــي ســېزىم بەرگەن بىــلەن، ئــادەتتە كــۆپ تەكرارلانغاچقــا غــازلىقتىكىلەرنى ئــازراقمۇ ئەجەبلەنــدۈرمەيتتى. ئــۇ خــۇددى كىمــدۇر بىرىنىــڭ «غازلىقتــا زورىخاننىــڭ يامانلىــشى، ئانــايەت كۈدەكنىــڭ يالغان ـ ياۋىــداق گەپلەرنــى تارقىتىــشى، غېنــى ساقچىنىڭ توخــۇ گۆشىگە ئــامراقلىقى، جاللىــدىن ئاخۇننىــڭ ســەدىردىنىي ماختىــشى خۇددى كۈننىڭ هامان شەرقتىن چىقىدىغانلىقىــدەكلا ئىــش» دەپ قىزىقچىلىق قىلىپ يۈرگىنىــدەك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. شــۇ كۈندىن باشلاپ خەلچەم پۈتكۈل دەرد ـ ئەلىمىنى ئەمگەك قىلىــش ئــارقىلىق ئۇنتۇمــاقچى بولغانــدەك، ۋاقتىنــى دېگــۈدەك ئېتىــزدا ئۆتكۈزۈۋاتــاتتى. قــوللىرى، يــۈزلىرى يېرىلىــپ، ئىلگىرىكــى خــۇش پېچىم هالىتىدىن تەدرىجىي خوشلىشىــۋاتاتتى. خەلچەمنىڭ گۈلدەك رۇخسارىنى بۇنداق خۇنۇكلەشتۈرگىنى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن باشــقا، ئۇنىــڭ لاتــاپەتتىگە ئەزەلــدىن هەســەت قىلىــدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئاهانەتلىك گەپلىرى، ئالدى ـ كەينىدە مەسخىرىلىك پىچىرلاشــلىرى، هەتتــا يۈزىــدىن ـ يــۈزىگە «رازاقنىــڭ بېــشىغا چىققــان شــۇم ئايــاغ» دېيىــشلىرى ســەۋەبچى ئىــدى. گەرچە روهىيەتنــى ئېزىكلەيــدىغان بىهــۇدە گۇمانــسىراشلار ئــۆز ۋاقتىــدىلا ئايدىڭلاشــقان بولــسىمۇ، ئەمــدى ئايــاللىق جــسمىدا ۋاقىتلىــق جاراھەتنىڭ تارتۇقى مەڭگۈلۈك ئىــز بولــۇپ قالىدىغانــدەك قىلاتتــى.

ئـۇ بـۇرۇن ئـارزۇ بـىلـەن رىۋاللىقنىـڭ ئوتتۇرىـسىدا بـۇنچە ئـۇززۇن مۇساپىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. پەقەت: «رازاقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلسام، ھەممە ئىشلىرىم ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. قەلبىمدە تۇنەپ كېلىۋاتقان چىن سۆيگۈنىڭ لەززىتىگە، ئۆز ئەركىمنىڭ شادلىقىغا ئېرىشەلەيمەن. ئـۇ چاغـدا مۇشـۇ كـۇنگىچە تارتقان ئازابلىرىمنىـڭ ھەممىسى بەختىنىڭ بەدىلـى بولـۇپ قالىـدۇ» دەپ ئـۆز - ئـۆزىنى رىغبەتلەندۈرەتتى. گەرچە ئۇ ئابدۇللاغا بولغان ئوتلۇق سۆيگۈسىنى چاندۇرماسلىققا شـۇنچە تىرىشسىمۇ، خـۇددى تېگىـدىن بۇلدۇقلاپ قايىنىغان قازان ھامان تۇۋاقنى كۆتۈرۈۋەتكەندەك، تـۇرۇپ - تـۇرۇپ ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلەتتى. ھەر قېتىم ئابدۇللانىڭ ۋاقىتلىق قارىغا كېتىپ تارتقان ئازابلىرىنى ئويلىغىنىدا قەلبى يەتكۈچە ئۆرتىنەتتى. ئۆزىنى ئابدۇللاغا مەڭگۈ قەرزداردەك ھېس قىلاتتى. ئەگەر پۇرسەت يار بەرسە ئابدۇللادىن كەچۈرۈم سورىۋېلىشنى، ئۇنىڭ دولىسىغا بېشىنى قويۇپ قانغۇدەك يىغلىۋېلىشنى شۇنچە ئارمان قىلاتتى. ئـۇزاق ئـۆتمەيلا ئـۇ ئابـدۇللانىڭ يېزىلىـق ھۆكـۈمەتكە خـىزمەتكە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خـۇش بولغانلىقىـدىن بېشىدىكى شۇنچە كـۆپ دەرد - ئەلەملىرىنـى بىـر يـولى ئۇنتـۇپ، ئـۆزىنى يېنىكلەپ قالغانـدەك ھـېس قىلـدى. بـۇ خۇشـاللىق ئالدىـدا زورىخانىنىـڭ يوقلۇقىدىن قولى ئىشقا بارماي سەپرا بولۇپ يۈرگەن دادىسى قادىر ئاخۇننىڭ يـۈرەككە سانجىلىدىغان دەشنامىلىرىمۇ ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. ئەپسۇس، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇ ئابدۇللانىڭ ئۆزىدىن بارا - بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى. ئەگەر ئابـدۇللا ئازراقلا تىرىشسا باغرى كەڭ ئاقتاش، باغۇبوستانلىق غازلىق كەنتـى ۋە دېھقانچىلىقىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىۋېرىدىغان تۈرلۈك ئەمگەكلىرى ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئىمكان بەرمەي قالمايتتى. ئـۇ ئىنتىلدى، گەرچە ئۆزىنى گاھىدا قاتمۇقات چاتقاللارنىڭ قورشاۋىغا كىرىپ قالغاندەك سېزىۋاتسىمۇ، توپىلىق يوللاردا، ئېتىزلاردا، كۆل -

ئۆستەڭ بويلىرىدا ئابدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغان شۇنداق خاسىيەتلىك بىر پۇرسەتنىڭ ئۆزىگە تاسادىپىي نېسىپ بولۇشىنى تەمە قىلىپ تەلپۈندى، ئارزۇ قىلدى، تەقەززا بولۇپ كۈتتى...... ئەپسۇس، ئۇچرىشىش پۇرستى نېسىپ بولمايمۇ قالمايتتى، نېسىپ بولاتتى، نېسىپ بولىدىغان پۇرسەتلەردىن قانچىسىمۇ كەلگەنىدى. بىراق، ئابدۇللا ئۇنىڭغا ناتونۇشلاردەك قاراپ، پىسەنتىگە ئالماي قويدى. خەلچەم يەنە كۈتتى، ئابدۇللانىڭ ئۆز ۋاقتىدا رازاقىنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن يۈرىكىنىڭ ئورنىغا چۈشۈشىگە ئىشىنىپ كۈتتى. ئەمما، يەنە نېسىپ بولمىدى، نېسىپ بولمىسا مەيلى ئىدى، نېمىشقىدۇر ئابدۇللا ئۆزىنى چەتكە ئالدى. شۇندىمۇ ئۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئابدۇللاغا بولغان پىنھان ئەقىدىسىگە ئۆكۈنمىدى، ئۆكۈنىسىمۇ بەرىبىر ئىدى. ئۇ ئاخىر بىلدى، ئەمدى ئۇنىڭغا نېسىپ بولىدىغىنى پەقەت روھىدا مەڭگۈلۈك تۈنەپ قالىدىغان گۈزەل ئارزۇلا ئىدى. ئۇ بارا - بارا رېئاللىققا قايتتى. شۇندىلا ئۇ ئابدۇللانىڭ ئۆزىدىن بۇنچە تېز يىراقلاپ كەتكىنىگە رەنجىشىنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق ئىشلارنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى مۇقەررەر مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى، ئەسلىدە رازاقىنىڭ ئۆلۈمى ھەممە، ھەممىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىكىنى، ئەمدى بۇ تەڭسىزلىكنى مەڭگۈ توغرىلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى جەزم قىلدى. بۇنىڭسىزمۇ ئۇ ئىككى بالىغا ئانا بولۇپ قالغىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ قايىنامدىن ئۆزىنى تارتىشنى ئويلىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇزاقتىن بۇيان قاماللاپ ئاغرىتىۋاتقان روھىي ئازاب يېنىكلىدى. ئەمدى كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا نەزەرىنى ئاغدۇردى. راست، ئۇ خېلى ۋاقىت ئارزۇ بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا پىتىراپ يۈرۈپ دادىسىنىڭ ھالىغا ئېتىبار قىلمىغانىدى. ئەمدى بىلدى ھەم كۆردىكى، قادىر ئاخۇن زورىخانىنىڭ دەردىدە ئۆزىچە سەپرا بولۇپ ئۇنىڭغا چىپچىلىپ ھەم

تاۋان تاشلاپ هارغان، شور پېشانه قىز ئۆزىنىڭ دەردىنى تارتىش بىلەنلا هەلەك بولغاچقا، تەگەۋېرىپ ماجالى قالمىغانىدى. يېشى بىر يەرلەرگە بارغان قادىر ئاخۇنغا يۇرتداشلىرى ئېيتقانىدەك بۇمۇ دۇرۇس ئىدى.

دەرۋەقە، قادىر ئاخۇن خەلچەمگە بىراقلا قىزىپ، مۆكچىيىپ قالغانىدەك كۆرۈندى. خەلچەم چىدىمىدى، هەرنېمە قىلغان بىلەن مېھرى ئاتەش دادا ئەمەسمۇ! دادا دېگەن ئىنسان باللىسىنىڭ يۆلىنىدىغان تېغى. ئەگەر ئۇ يىقىلسا...... خەلچەم ئۇنىڭ نېرىسىنى خىيال قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، ئۇمۇ ئائىلە قۇرۇپ ئىككى بالىغا ئانا بولغان، بىرسىنى ياخشى كۆرۈپمۇ باققان ئايال زاتى ئىدى. ياخشى كۆرۈشنىڭ تەقدىر ئىلاھ ئالدىن بەلگىلەپ قويغان قېلىپى يوق ئىدى. كىمنى ياخشى كۆرۈش، قانداق ياخشى كۆرۈش ئىنساننىڭ روھىدىكى پىنھان سىر ئىدى. كىشىنى هەر كويلارغا سالىدىغان مۇھەببەت سەۋداسى شۇنداق سىرلىق ئىدىكى، ئۇنى پەقەت هېسسىياتى توسۇن تايدەك هەر تەرەپكە چاپچىپ تۇرغان ياشلارغىلا، مېھرى بىر ـ بىرسىگە بۇلاق سۈيىدەك تېششىپ تۇرغان ئاشىق ـ مەشۇقلارغىلا مەنسۇپ دېگىلى بولمايتتى. گېزى كەلسە ئۇنىڭدىن نورمال ئۆسۈپ يېتىلگەن هەرقانداق ئىنسان بالىسى بەهرە ئېلىشقا هەقلىق ئىدى. ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ هەرقاندىقىنىڭ قۇدرىتى مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىگە هەرگىزمۇ تەڭلىشەلمەيتتى. ئۇ بىراۋنى ئۆزىگە قىلچە قىزىقمايدىغان بىرسىگە سەۋدايىلارچە باغلاپ قويسا، يەنە بىراۋنىڭ سۆيگۈ يولىدا كۆرسەتكەن ئالەمچە تىرىشچانلىقىغا قىلچە ئېتىبار قىلمايتتى. ئىشقىلىپ، ئىنسان باشقا ئىشلارغا ئالدىن هۆددە قىلىشقا قادىر بولغان بىلەن، مۇھەببەتنىڭ نىسۋىسىگە ئالدىن هۆددە قىلالمايتتى.

پانىي دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق قىزىق بولۇۋاتقان يەردە، قادىر ئاخۇننىڭ ساددا ئەقلىنى تەدانلىقىدىن سەھرا يېرىدە چىرايىغا

قورۇق، كېيىمگە توپا قوندۇرماي كېلىۋاتقان زورىخان ئەگەشتۈرۈپ كەتمەي قالاتتىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە قادىر ئاخۇننىڭ كىچىك بالىنىڭ-كىدەك رايىش كۆڭلىنى تۇرۇپلا قاقاقلاپ كۈلەلەيدىغان، ئارقىدىنلا يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىغلىيالايدىغان زورىخان ئالىلقاچان ئانچە كۆچمەيلا ئۇۋلاپ كەتكەنىدى. قادىر ئاخۇنمۇ ئۆزىنىڭ زورىخانغا ئەسىر بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىسمۇ، خەقنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسخىرىلىك گەپلىرى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، يەنىلا ئەركىنى ئىلكىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە ئاجىز ئىدى. زورىخان ھەر قېتىم مەقسەتلىك يامانلاپ كەتكەن كۈنلەردە قادىر ئاخۇن ئۆزىنىڭ بەكمۇ بىقۇۋۇللۇقىنى ھېس قىلاتتى. «خۇدا بەندەم دېسە، ياش مۇشۇنداق ئەستاغپۇرۇللاغا يەتكەندە كىشىنى ئەرك - ئىختىيارىدىن جۇدا قىلمىسۇن» دەيتتى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەز-گۈدەك بىچارە ھالدا مۈگىغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. خەلچەم ئاخىر دادىسىنىڭ بۇنداق مۈگلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىگە چىدىمىدى. ئاچىسىنىڭ توسۇشىغا قارىماي بوغچىسىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر كىيىملىك شىپىڭ دۇخاۋىسى بىلەن بىر كىيىملىك سارجىنى ئېلىپ زورىخاننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭكىگە كەلدى. گەرچە ئۇ زورىخانغا بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز تەرسالىق قىلىپ زاكونلاشمايدىغانلىقى، ھەرقانداق تەلىپىنى رەت قىلماي-دىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، زورىخان ئىلگىرىكى گېپىدە چىڭ تۇرۇپ قايتىپ كەلگىلى ئۇنىمىدى. شۇنداقتىمۇ، خەلچەمنىڭ ئاپارغان سوۋغىسىنىڭ يۈزىنى قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، قادىر ئاخۇننىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، خەلچەمنىڭ بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقى بىر ھېسابتا ئۈنۈم بەرمىگەن بولسىمۇ، قادىر ئاخۇن پوتىسىغا تاتلىق - تۈرۈملەرنى تۈگۈپ زورىخاننىڭ يېنىغا خالىغاندا بېرىپ تۇرغاچقا كەيپى ئىلگىرىكىدىن ئوڭشىلىپ قالدى. ئىش مۇشۇ تەرزدە

داۋاملىشىۋەرسە خەلچەم ئۇچۇن ياخشى ئىدى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ قادىر ئاخۇن يەنە بىرنىمىسى يىتىپ كەتكەندەك پەرىشان بولۇپ قالدى. بۇ ئەلۋەتتە زورىخاننىڭ ئويۇنى ئىدى. ئۇمۇ خەلچەمگە بولغان غەزىپىنى باسالماي بەزىبىر گەپلەرنى دىگەن بىلەن، يۈرىكىنىڭ چىڭ يىرىدە ياۋاش - مۇلايىم، نىمە دىسە شۇنى دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قىلىشىغا قارىماي تەل قىلىپ بىرىدىغان قادىر ئاخۇننى قولىدىن چىقىرىپ قويۇشقا قىيمايتتى. خەلچەم ئاخىر كەۋسەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر قارارغا كىلىپ، قىزى ئىپارگۈلنى ئاچىسىغا، ئوغلى مۇتەللىپنى ئىمامبەگكە تاپشۇرۇپ، ناھىيە بازىرىدا ئىلگىرى ئۆگىنىپ چالا قالغان كەشتىچىلىكنى قايتا ئۆگىنىشكە باشلىدى. دىگەندەك خەلچەم ناھىيە بازىرىغا كىتىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا زورىخان قايتىپ كىلىپ قادىر ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى تىندۈردى.

قادىر ئاخۇن تىخىچىلا بايىقى ئورنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. خەلچەم كەشتىچىلىكنى ئۆگىنىپ بولۇپ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قايتىپ كەلسە، زورىخان خەلچەمنىڭ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كىتىشىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۆتۈشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، قادىر ئاخۇننىڭ بىشى يەنە قاتماي قالمايتتى. ئۇ خىيال سۈرۈۋىتىپ بىردىنلا ھوشۇر موزدۇزنىڭ ھىلى دىگەن گىپىنى ئىسىگە ئالدى. «ئەجەب ئىش، — دىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — راشىدىننىڭ بىر ئوبدان ئوقۇشلىپ بولۇپ، خەلچەم توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپلا يەنە ئىلىشىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان. بۇ ئىشنىڭ تېگىدە قانداق سىر - ئەسرا بولغىيدى، خۇدايىم مىنى بۇنداق تار يەردە قىستىمىسا بولماسمۇ...... ئىست، راشىدىننىڭ نىرۋىسىدىن چاتاق چىقمىغان بولسا...... راست، بايا ھوشۇر ئاخۇن ‹خەلچەمنى بىز ئىلىپ كىتىمىز› دەپ تازىمۇ بەلەن گەپ قىلغان بولمىسا. راست دەيدۇ، كىچىكىدىن

باشلاپ بىر - بىرىگە مېھرى بار ئىكەنغۇ......» قادىر ئاخۇن شۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. شۇنچە كەڭ دالىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئەتىدىن بېرى ئېتىزلىرىدا ئىشلەۋاتقان كىشلەر ئاللىقاچان ئۆيلىرىگە كېتىپ بولغانىدى. قادىر ئاخۇن سالپايغان ھالدا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئېغىر غەمنى يۇدۇپ ھويلىسىغا ئەمدىلا كىرىشىگە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان زورىخان:

— ھە، ئەمدى كەلدۇقما؟ توخۇ قونداققا چىققىلىمۇ نەۋاق، — دېدى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

قادىر ئاخۇن داڭقېتىپ، زورىخاننىڭ گۆشلۈك يۈزىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىگە كۆزى چۈشۈش بىلەن نېمشقىدۇر ئەندىكىپ كەتتى.

— بۇنچە خاپا بولماڭلا، ئېتىزدا ئىشلىدىم شۇ، — دېدى ئۇ زورىخاندىن سەل نارازى بولۇپ.

— قېنى دەيلى! خەلچەم دېگەن شۇمنى «ناھىيە بازىرىغا كەتتى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ» دەپ مېنى ئالدىغانما؟

— ئىشقىلىپ، بالا ھۈنەر ئۆگىنىمەن دەپ كەتكەن...... يات كەلمەس، بۇنچە......

— قوشنىلار كۆرۈپتۇ. ئۇ شۇم بايا يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كىلىپ بوپتۇغۇ؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ كەلسىمۇ شۇ يېزا باشلىقىنىڭ قىزى كەۋسەر ئېغىر قات بولغاندىكىن...... راست، يېزا باشلىقى ئۆتكەندە شۇنداق دېگەن، ئىككىسى ئاداش ئەمەسمۇ......

— ئوھۇش! ماۋۇ گادايىنىڭ بېشى ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟ مەن دېمەكچى، ئۇ شۇم بۇ ئۆيگە كەلسە قانداق قىلىمىز؟

— ئۆزىنىڭ ئۆيى ئەمەسمۇ...... ياق...... ياق...... ئۇ ھۈنەر ئۆگىنىشىدىغان تۇرسا، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېتىپ قالار......

— ئىشقىلىپ، ئۇ بىشەم بۇ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىسا، مەن كېتىمەن! — زورىخان شۇنداق دەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قادىر ئاخۇننىڭ بېشى ئۇيۇستىلەپ قاتتى. تەگلەپ كەلسەك، خەلچەمنىڭ بۇگۈن بارات نىيازنىڭ ئۆيىگە پەيدا بولۇشىنى تاسادىپىيلىق دېگىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنىڭ شەپىسى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى كەلگەنىدى. بارات نىياز يول ئۈستىدە قادىر ئاخۇنغا كەۋسەرنىڭ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاپ قالغاچقا، خەلچەمنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلغۇسى بارلىقىنى، پۇرسەت بولغاندا شوپۇرنى ماشىنا بىلەن ناھىيە بازىرىغا ئەۋەتىپ ئۇنى ئەكەلدۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بارات نىيازنىڭ بۇ قارارىنى قادىر ئاخۇن ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۈنلەردە خەلچەم بىلەن كەۋسەر ئىلگىرى قەرەلدە كۆرۈشۈپ تۇرۇش نېسىپ بولماي ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىنى تولدۇرماقچى بولغاندەك بىللە بولۇش پۇرسىتىنى ئىزدەپلا يۈرۈشەتتى. دىدارلاشقان ۋاقىتلىرىدا خەلچەمدىن كۆرە، كەۋسەرنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپلا قالاتتى. بۈگۈن خەلچەمنىڭ ناھىيە بازىرىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى، قارىغاندا بارات نىيازنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغانىدى. ئەپسۇس، بۇ ئىش قادىر ئاخۇننى «ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاساپ ياغ قايغۇسىدا» دېگەنىدەك تەتۈر قىيناۋاتاتتى.



## ئون سەككىزىنچى باب

# سولغۇن باھار

كەۋسەر بوغۇن چاشگاھ مەھەلدە تىنچ ـ ئامان يەڭگىپ ئوماققىنە قىز تۇغدى، بۇنىڭدىن بارات نىيازلا ئەمەس، تۇغۇت دوختۇرىغىچە خۇشال بولۇپ شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قىلىشتى. ئەسلىدە بۇنى خەلچەم تاڭ سۈزۈلمەستە سېزىپ، ئەھۋالنى بارات نىيازغا دەپ يېزىلىق دوختۇرخانىدىكى پېشقەدەم تۇغۇت دوختۇرىنى كەۋسەرنىڭ يېنىغا ھازىر قىلغانىدى. نەتىجىدە كەۋسەرنىڭ تۇغۇتى ئاسانلىشىپ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى. شۇڭا، بارات نىيازنىڭ تەلىيىنى ھەقىقەتەنمۇ ئوڭدىن كەلدى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، ناھىيەلىك دوختۇر-خانىدىكى مۇناسىۋەتلىك دوختۇرلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا كەۋسەرنىڭ تۇغۇتىنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىنى، ھامىلىنىڭ يېتىلىشىدە ئازراق مەسىلە بارلىقىنى ئەسكەرتكەنىدى. يەنە كېلىپ يېقىندىن بۇيان كەۋسەرنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، روھىي كەيپىياتىمۇ ياخشى بولماي كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، كەۋسەرنىڭ تۇغۇتىنىڭ ھازىرقىدەك ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى.

«خۇشاللىقنىڭ خاپىلىقى بىللە» دېگەندەك، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەۋسەرنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، تىمەن تۇغۇلغان بوۋاقنىڭمۇ مىجەزى بوشاپ قېلىۋاتاتتى. بۇ

هالـدىن جىددىيلەشـكەن بـارات نىيـاز نـېمە قىلارىنـى بىلـمەي، دەرھـال يېزىلىـق دوختۇرخانىسىـنىڭ مەسـئۇلى بىـلەن كۆرۈشـتى. دوختۇرخانا مەسئۇلى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، شۇ كۈنـدىن باشـلاپ كەۋسـەر بىـلەن بوۋاقىقـا نۆۋەتلىـشىپ قاراشـقا ئىككـى دوختـۇرنى ئـاجراتتى. ياخـشىراق دورا - ئوكـۇللار مەخـسۇس ئـادەم ئارقىلىق ناھىيەلىك دوختۇرخانىدىن ئەكەلدۈرۈلدى. ئـۇلار كۈنـتۈش - داۋالاشنى ئەتراپلىـق ئورۇنلاشـتۇرۇپ تىرىـشچانلىق كۆرسـەتكەچكە، ھەپتىدىن كېيىن ئانا - بالىنىـڭ سـالامەتلىكى ھەرھالـدا ئەسلىگە كەلدى.

بۈگـۈن ئەتىگەنـدە جالالىـدىن ئـاخۇن نەۋرىـسىگە ئـىسىم قويدۇرۇش ئۈچۈن قاسىم قارىمنى بـارات نىيازنىـڭ ئۆيىگە باشـلاپ كەلـدى. سـەدىردىنمۇ ئـۇلار بىـلەن بىللـە ئـىدى. قاسـىم قـارىم كەۋسـەرنىڭ تەلىپـى بـويىچە بالىغـا «باھـار» دەپ ئـىسىم قويـۇپ بەردى. گەرچە چـوڭلار «باھـارگۈل» يـاكى «باھارخـان قويـايلى» دېيىشكەن بولسىمۇ، كەۋسـەر «مەيلـى باھـار بولـسۇن» دېگـىنىچە كۆلۈمـسىرەپلا تۇرۇۋالـدى. جالالىـدىن ئـاخۇن بىـلەن سـەدىردىن باھارنىـڭ ئـات تـوي مەرىكىـسىنى كـېلەر ئايـدا نـاھىيە بازىرىـدا ئۆتكـۈزمەكچى بولغـانلىقىنى ئېيتقانـدا، بـارات نىيـاز: «بالىغـا كـۆز تېگىپ كەتمىسۇن. ئات تويىنى قىلمايلى، مۇشۇ ھېساب بولـسۇن» دېـدى. جالالىـدىن ئـاخۇن ئـات تويىنىـڭ زۆرۈر تەييـارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولغانلىقىنى پۈرىتىۋىدى، لېكىن بارات نىيـاز ھېچقانـداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

بالىنىڭ قىرىقى توشۇپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەنىدە، جالالـدىن ئاخۇن بىلەن چىناخان كەۋسەرنى يۆتكەپ كېتىشكە كېلىشتى. ئەمما، كەۋسـەر نېمىـشقىدۇر خىيالغـا پـاتقىنىچە جىممىـدە ئولتۇرۇۋالـدى. جالالـدىن ئـاخۇن بالىنىـڭ ئـات تـويىنى مۇشـۇ بىـرنەچچە كـۈن ئىچىـدە ئۆتكـۈزىـدىغانلىقىنى شـېپى كەلتـۈرۈپ نەسـىھەت قىلـدى.

ئارىدا بارات نىيازمۇ جاللىدىن ئاخۇنغا بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ، كەۋسەر ئامالسىز ئۇلار بىلەن كەتتى. بۇ قېتىم كەۋسەرنىڭ كەينىدىن ھەسرەت يۇتۇپ قاراپ قالغان غېنى ساقچىغا خەلچەم قوشۇلدى. غېنى ساقچى ئادىتى بويىچە دەرد ـ ھەسرىتىنى تېشىغا چىقىرالماي ھاراقتىن ئالغان بولسا، خەلچەم كەۋسەرنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ يىغلاپ خوشلاشتى. دېمىسىمۇ كەۋسەر خەلچەم بىلەن تولىراق بىللە بولغان مۇشۇ كۈنلەردە، قەلبىدىكى جىمى دەردلىرىنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر تۆكۈپ بەرگەنىدى. ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئايالنىڭ بىرى ھېسابلاپ كېلىۋاتقان خەلچەم كەۋـ سەرنىڭ دەردلىرىنى ئاڭلاپ، دەماللىققا ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمەيلا قالدى. گەرچە ئۇ كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ دېگەندەك ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ رازاق بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنى يەنىلا بەختلىك دەپ ئويلايتتى. بىراق، بۇ دۇنيانىڭ بەزى ئىشلىرى مانا مۇشۇنداق غەلىتىلىك ئىچىدە داۋام قىلاتتى. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممىگە باب كېلىدىغان قېلىپى بولمىغاچقا، بەختسىزلىك گاھىدا مۇشۇنداق «بەختىيارلىق»نى ئۆزىگە يېپىنغا قىلاتتى. دەرۋەقە، كەۋسەر بىلەن سەدىردىن چوڭلارنىڭ نەزەرىدە شۇ قەدەر بەختلىك ھېسابلىناتتى، يەنە تېخى «خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر» ئىدى. بىراق، بۇ قېتىم خەلچەم كەۋسەرنىڭ بەختسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدى. بىر ھېسابتا ئۇنى بەختسىز دېگەندىن كۆرە، بىچارە دېگەنمۇ توغرا ئىدى. ئىلگىرى خەلچەم ئىمامبەگنىڭ ئائىلىسىدە ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان توسۇقلارنى دادىسى قادىر ئاخۇننىڭ شاخـ شۇمبا ۋە ئازغان، قومۇشلاردا چىتلانغان بېغىغا ئوخشىتاتتى. ھەرھالدا ئۇنىڭ داد ـ پەرياد، نالىسىنى باشقىلار ئاڭلىيالايتتى. خەلچەم ئەمدى بىلدىكى، كەۋسەرنى قورشاپ تۇرغان توسۇقلار ئېگىز سېپىلغا ئوخشايدىكەن. ھالبۇكى، ئۇنىڭ نالىسىنى

سىرتتىكىلەر ئاگىلىيالمايدىكەن. شۇ تاپتا خەلچەم ئۆزىنى شور پېشانە ساناپ كېلىۋاتقانلىقىدىن سەل گۇمانسىراۋاتاتتى. دېمىسمۇ، بۇ قېتىم ئىككىسى مۇڭداشقانسېرى، خەلچەم ئۆز دەردلىرىنىڭ كەۋسەرنىڭ دەردلىرىگە ياماقمۇ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا كەۋسەرنىڭ بارلىق دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ سەدىردىن بىلەن كېتىشمۇ زور قۇربان بېرىش جۈملىسىگە كىرەتتى. شۇڭا، خەلچەم كەۋسەرنىڭ كەينىدىن خۇددى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتقاندەكلا ئۇنىچىقماستىن يۈرىكىدە يىغلاپ قاراپ قالدى.

خەلچەم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە قادىر ئاخۇن ھويلىدا كەتمەن ساپلاۋاتاتتى. بىقوۋۇل دادا قىزىنى كۆرۈپ خۇش بولغان بولسىمۇ، ئارقىدىنلا چىرايىغا غەم بۇلۇتلىرى سايە تاشلاپ ئۈلگۈردى. خەلچەم ئۆگەي ئانىسى زورىخاننىڭ كۆزلىرىنى ئالايتىپ، لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈشىنى پەسەنتىگە ئالمىدى، بەلكى ئۇنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلىتىۋەتكەندىمۇ كەۋسەرنى خىيالىدىن نېرى قىلالمىدى. زورىخان بۈگۈن خەلچەمنىڭ جىمغۇرلىشىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتاتتى. قادىر ئاخۇن بولسا بىردە خەلچەمگە، بىردە زورىخانغا قاراپ تىت - تىت بولۇۋاتاتتى. كۆڭلىدە زورىخاننىڭ يەنە جاھىللىق قىلىپ يامانلاپ مېڭىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. خەلچەم ئاستا - ئاستا كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا يۈزلەندى. ئۇ دادىسىنىڭ تەڭلىكتە قېلىشىغا چىدىمايتتى. دېمىسمۇ، ئىلگىرىكىدەكلا قادىر ئاخۇن ئىككى ئارىدا تەڭلىك تارتسا، زورىخان خەلچەمگە نەشتىرىنى سانجىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. خەلچەم دادىسىنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ ئويغا پاتتى. راست، ئۇ كەشتىچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ بولغاندىكىن، ئەمدى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرسە كاللىسى ساقىياتتى. ئەسلىدە ئۇستازى ھۈنەر ئايىماي بىللە ئىشلەشكە دەۋەت قىلغاندا، خەلچەم ئۆگەي ئانىسىنىڭ دادىسىغا چىن كۆڭلىدىن كۆيۈنۈشىگە تازا ئىشەنچ

قىلالمىغان، بەلكى دادام تاسادىپىي كېسەل بولۇپ قالسا زورىخان ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ دەپ قارىغانىدى. قايسىدۇر بىر كۈنى ئۇ كەۋسەرگە مۇشۇ گەپلەرنى قىلغاندا، كەۋسەر: «سەن ئەڭ ياخشىسى يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى دۇكانلاردىن بىرەرسىنى ئىجارىگە ئېلىپ كەشتىچىلىك ھۈنىرىڭنى قىلغىن» دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى. بىراق، بۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ قۇربى يەتمەيتتى. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئىمامبەگ رازاقنىڭ خۇمدانىدا تاپقان پۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۈتۈلمىگەن پاراكەندىچىلىك كەلتۈرگەن زىيانىنى تولدۇرۇشقا ھەم ئايالىنى داۋالىتىشقا ئىشلىتىۋەتكەچكە، ئۇ ئەمدى دادىسىغا تايانماي ھېچ ئىش قىلالمايتتى. شۇڭا، ئۆزىنى پۇت - قولى مەھكەم باغلىنىپ چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەندەك بىقوۋۇل سېزەتتى. بارلىق ئۈمىدىنى دادىسىغا باغلىغان بىلەن، زورىخان بۇ كۈنلەردە دادىسىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالغاچقا، ئۇنىڭ بېشى يەنە قاتتى. بۈگۈنمۇ ئالدىنقى كۈندىكىدەكلا زورىخان بىلەن تاكاللىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئەتىگەندىلا ئۆيىنىڭ كەينىدىكى ئوتياشلارنى ئوتاشقا تۇتۇندى. ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەكلا كەچلىكى زورىخان قادىر ئاخۇنغا دەشنام بېرىشكە باشلىدى.

خەلچەم ئاخىر ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئۇستازى بىلەن ئىشلەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بۇ پىلانىنى دادىسى بىلەن زورىخانغا ئېيتقانىدى، گويا تۇمانلىق ئاسماندا ئۇشتۇمتۇت قۇياش پارلىغاندەك ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايى ئېچىلىپلا كەتتى.

— مانا ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپسەن! — دېيىشتى ئۇلار تەڭلا.

بۈگۈن خەلچەم بىر قىسىم تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئوغلى مۇتەللىپنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئاچما كەنتىگە قاراپ ماڭدى، قەدەملىرى ئاقتاش

دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى جىغانلىق دالىغا يەتكەنـدە، ۋۇجـۇدىنى ئىلگىرىكىـدەكلا بىـر خىـل ئوتلـۇق هاياجـان ئىلكىـگە ئېلىۋالـدى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئابـدۇللا كىرىۋالـدى. گەرچە ئابـدۇللا بـۇ كـۈنلەردە خەلچەمدىن بارغانسېرى يىراقلاپ، كۆز ئالدىـدىكى تۇمـان ئارىسىدا غايىب بولۇشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، قەلبىنىڭ چوڭقـۇر قاتلىمىـدىن ئـورۇن ئالغـان سـۆيگۈ رىشتىـسى خەلچەمنـى گاهىـدا يەتكـۈچە سـېغىندۇراتتى هەم هىجـران دەشـتىدە ئـازابلايتتى. رازاقنىـڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خەلـچەم ئـۆزىنى ئابـدۇللانىڭ تارتقان كـۈلپىتىگە بىردىنبىر سەۋەبكار هېسابلىغاچقا، هەرقانـداق ئەهۋالـدا ئابـدۇللانى ئەيىبلىيەلمەيتتى. شـۇ تاپتـا خەلچەمنىـڭ خىيالىدا ئاشـۇ غۇبارسىـز بالىلىق زاهىـر بولـۇپ، كـۆز ئالدىـدىكى بوشـلۇقتا شـۇ چـاغلاردىكى كۈلكە ئاۋازى ياڭراۋاتاتتى. خەلچەم ئورنىـدا توختـاپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. قىشلاق تەرەپتە بىـرنەچچە بـالا تاپچـاقلاردەك قىيغىتىـپ ئويناۋاتـاتتى. يىـراقلاردا قـوي، كـالا پـادىلىرى كـۆزگە چېلىقـاتتى. ئاچما كـۆۋرۈك قېشىدا بىركىملەر مۇڭدىشىۋاتقاندەك قىلاتتـى. خىش خۇمدىنىنىڭ يېنىدا بىرنەچچە تىراكتور تۇراتتى. خەلچەم بۇنىڭدىن نىياز خىـش خۇمـدىنىنى هـۆددىگە ئالغانـدىن بۇيـان ئىگىلىكىنىـڭ قايتـا ئاۋاتلاشـقانلىقىنى پەرەز قىلـدى. خەلـچەم ئورنىـدا بىـردەم تۇرغانـدىن كېيىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى ـ دە، مېڭىشىنى داۋاملاشـتۇردى. ئەمـدى خەلچەمنىـڭ خىيالىغـا تـۇرۇپلا راشـىدىن كىرىۋالـدى. بىـرنەچچە كۈننىـڭ ئالدىـدا سـىپىرەمخان كەۋسـەرنى يوقلاپ كەلگەنـدە، خەلچەمـگە شـۇ كۈنـدىكى ئىشنى دەپ بەرگە- نىدى. خەلچەم شـۇ كـۈنى راشـىدىنىڭ ئـۆزى هەققىـدىكى گەپنـى ئاڭلاپلا كېسىلنىڭ يامانلىـشىپ كەتكەنلىكىنـى ئـاڭلاپ دەسلەپتە ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، كېيىن راشىدىنىڭ خېلى يىللاردىـن بېـرى ئۆزىنى ئاۋۋالقىدەكلا ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلـدى. ئەپسۇس، خەلچەم بۇنىڭدىن سۆيۈنەلمەيتتى، بەلكى سۆيۈنۈشنىڭ

ئورنىغا ئۇزاقتىن بۇيان راشىدىنىغا شۇنچە كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ، قايتۇرالماي ئۇياتقا قالغاندەك بىر خىل ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى. خەلچەم راشىدىنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىپلا قالماي ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ھازىرغىچە ئۆز قىسمەتلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، راشىدىنىڭ ئەقىدىسىگە رەھمەت ئېيتالمىغانلىقىغا ئۆكۈندى.

— جېنىم بالام، ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ئۆيگە كېتەيلى!— ياندىكى يارداگلىقتىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان تونۇش ئاۋاز چىغىر يولدا تەنھا خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان خەلچەمنى چۆچۈتۈۋەتتى. قورقۇنچىنىمۇ ياكى ئېسەنگىرەشنىمۇ، ئەيتاۋۇر، جىسمىنى سوغۇق تەر بېسىپ، ئورنىدا سەل تۇرۇپ روھىي كەيپىياتىنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن يارداڭ لېۋىدىكى جىغان شاخلىرىنى يانغا قايرىپ يارداڭغا قارىدى، قارىدى - يۇ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئەسلىدە يارداگلىقتا راشىدىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ توپىغا بىرنېمىلەرنى جىجىلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ھوشۇر موزدۇز تىت - تىت بولۇپ قاراپ تۇراتتى. كۆز چاناقلىرىدىن ياش كەلكۈنى تاشقىنلىغان خەلچەم يانغا بۇرۇلۇپ يارداگلىققا چۈشۈش ئۈچۈن ماڭدى. ئەسلىدە راشىدىنىڭ كىچىكىدىلا يەرگە ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ خېلى چوڭ بولغان چاغلىرىدىمۇ بۇ خۇيىنى تاشلىمىغاچقا، دوستلىرى «توپىغا رەسىم سىزىدىغان رەسسام» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى. خەلچەم ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، راشىدىن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي قۇمساڭغۇ توپىغا ئاللىقانداق نەرسىلەرنى جىجىلاۋاتاتتى. ھوشۇر موزدۇز ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىغا پەيدا بولغان خەلچەمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ قىزغىن ئەھۋال سورىدى.

— ئەتىلىككە ناھىيە بازىرىغا كېتەتتىم، مۇتەللىپنى كۆرۈپ كېلەي دەپ ماڭغان، — دېدى خەلچەم يەرگە تىنىمسىز جىجىلاپ

ئولتۇرغان راشىدىندىن كۆزىنى ئۈزمەي. شۇ تاپتا راشىدىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ خەلچەمگە قاراشقا ھەپىسلىسى يوق ئىدى. ئۇ يەرگە ئاشۇنداق چۈشىنىكسىز نەرسىلەرنى سىزىشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەندىكى، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى.

— قارىغاندا زورىخان قادىر ئاخۇننىڭ بېشىنى يەنە ئاغرىتىپ-تۇ - ھە، قىزىم. سەن ناھىيە بازىرىغا كەتمەي، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغىن. سىپىرەمخانمۇ ئۆز ئاناڭغا ئوخشاش. خۇدايىم نېسىپ قىلسا، بۇ...... بۇ...... بالىمۇ ئوڭشىلىپ قالار...... ھالىڭغا يۇرىكىم بەكمۇ ئېچىشىدۇ مېنىڭ......

— مەن...... بۇ...... راست...... راشىدىن بۇ يەرگە كېلىشۋالغىلى خېلى بولدىمۇ؟

— ئانىسى بىلەن ئەتىگەندىن بېرى ئېتىزدا ئىدۇق. ئۇ ئورمان بەلباغدىكى تېرەكنىڭ سايىسىدا يەرگە مۇشۇنداق جىجىلاپ ئولتۇرغان، چۈشكە يېقىن خاۋاتىرلىنىپ قارىسام ئورنىدا يوق تۇرىدۇ. ئىزدەپ كەلسەم مۇشۇ يەردە ئىكەن، ئەتىدىن بېرى ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى. كېسىلى بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋا-تىدۇ، قانداقمۇ قىلارمىز......

— ھوشۇر دادا، ئېسىڭىزدە بارمىكىن، راشىدىن كىچىكىدىلا مۇشۇنداق يەرگە رەسىم سىزىشقا ئامراق ئىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپتۇ. مۇبادا ئۇ كىچىك چېغىدىكى ئادىتىنى ئېسىگە ئالمىغان بولسا، يەرگە بۇنداق رەسىم سىزىپ يۈرمەس ئىدى. ئەنسىرىمەڭ، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى......

— راست شۇنداقمىدۇ - يا، قىزىم...... — ھوشۇر موزدۇز ئويلىنىپ قالدى. ئارىدا خەلچەم راشىدىننىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە:

— راشىدىن، ماڭا قارا، مەن خەلچەم، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ نېمىلەرنى سىزدىڭ؟ مەن سىزغانلىرىڭنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى،

بىراق خەلچەم راشىدىنىڭ سىزىۋاتقان نەرسىسگە ھەرقانچە سىنچىلاپ قاراپمۇ ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلالمىدى. راشىدىن دەسلەپتە خەلچەمگە ئېتىبار قىلمىغان بولسىمۇ، بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، چىرايىدا ئەجەبلەنگەندەك بىر خىل ئىپادە روي بەردى. ئاندىن قولىمۇ يەرگە جىجىلاشتىن توختىدى. گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى ـ يۇ، لېكىن پىكرىنى يىغالمىدى بولغاي توختاپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن قولىنى كۆتۈرۈپ مەقسىتىنى بىلدۈرۈشكە ئۇرۇندى. راشىدىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا قاراپ ھوشۇر موزدۇزنىڭ دەردلىك كۆزىگە ياش يۇگۈردى.

— قارىغىنا، قىزىم، راشىدىن سېنى تونۇغاندەك قىلدى، ئۆتكەندە بىر ئۇبدان ساقايغان بالا ئىدىغۇ بۇ! قادىر ئاخۇنىنىڭ تەكلىپى بىلەن زورىخانىنى ئەكېلىشكە بارغان كۈنى كەچتە ئۆيگە كېلىپ ئانىسىغا سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ بېرىپتىمەن، مانا شۇنىڭ بىلەن...... راست، قىزىم، بولسا سەن ناھىيە بازىرىغا كەتمىگىن......

ھوشۇر موزدۇز شۇلارنى دەۋاتاتتى، راشىدىن ئۇشتۇمتۇت چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى بىرەر شەپىدىن ئۈركۈگەن ياۋا توشقاندەك يۈگۈرەپ ياردائۇلىقتىن چىقىپ كەتتى. بۇ ھال خەلچەمنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ھوشۇر موزدۇز راشىدىنىڭ كەينىدىن قاراپ بېشىنى چايقىغىنىچە:

— بۇ بالا مۇشۇنداق تېز يۈگۈرىدۇ، ئۇدۇل ئۆيگە بېرىپ قازناقتىكى پۇلۇقنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ. مەن كەينىدىن يېتىشۋالاي، قىزىم، سەنمۇ يولۇڭغا مېڭىۋەرگىن، بولسا شەھەرگە كەتمىگىن...... — دەپلا يۈگۈرگىنىچە ياردائۇلىقتىن چىقىپ كەتتى.

خەلچەم كۆزىگە ئىشىنەلمىگەندەك بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، ياردائۇلىقتىن چىقىپ راشىدىن كەتكەن تەرەپكە قارىدى.

دېگەندەك راشىدىن بەكمۇ تېز يۇگۇرگەچكە مەھەللىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ھوشۇر موزدوز ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ دېمى كېسىلگەن چېغى، ئۇن يېتىم يىراقلىقتا ئادەتتىكى مېڭىشىدا كېتىۋاتاتتى.

ئەتىسى خەلچەم ناھىيە بازىرىغا مېڭىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقانىدا راشىدىنىڭ تۈنۈگۈنكى ھالىتى بىلەن، ھوشۇر موزدوزنىڭ ئۆتۈنۈشى خىيالىغا كىرىۋېلىپ، نېمىشقىدۇر بۇ ھەقتە ئويلىغانسېرى ئىچ - ئىچىدىن يىغلىغۇسى كەلدى. كېيىن ھويلىدا ئېپارگۈلنىڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرگەچ ئۈنسىز يىغلىۋەتتى. ئۆيىدىن ئاللىقانداق نەرسىلەر قاچىلانغان چوڭ سومكىنى تەستە كۆتۈرۈپ چىققان قادىر ئاخۇن خەلچەمنىڭ مەگزىدىكى ياشنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. نېمىدۇر دېمەكچى بولدى - يۇ، كۆڭلىنى ئاختۇرۇپ قىلىدىغان گەپلىرىنى تاپالمىدى. پەقەت كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۈنسىز ياش تۆكۈش بىلەن كۇپايىلەندى. دەل شۇ چاغدا باغ تەرەپتىن بىركىمنىڭ نېمىدۇر دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا دەرۋازا ئالدىغا بىركىمنىڭ يۈگۈرۈپ كەلگىنى ئايان بولدى. قادىر ئاخۇن بىلەن خەلچەم چۆچۈگىنىچە تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ دەرۋازىغا قارىدى، دەل شۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ سول قانىتى قوپال ئېچىلىپ، لىققىدە پاختا قاچىلانغان پۈلۈقنى قۇچاقلىۋالغان پېتى يۈگۈرۈپ كىرىۋاتقان راشىدىنى كۆرۈشتى. چىرايىنىڭ پوكاندەك قىزىرىپ، بېشىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقىنىغا قارىغاندا ئۇ بەكمۇ تېز يۈگۈرگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا كىرگەن ھوشۇر موزدوزنىڭ تىنىقى - تىنىقىغا ئۇلاشمايتتى. ئۇ بىردەم ئېڭىشىپ جىممىدە تۇرغانىدىن كېيىن بېلىنى رۇسلىدى. شۇ ئەسنادا ئۆيىدىن چىققان زورىخان ئۇلارغا قاراپ تېڭىرقاپ قالدى. ئېپارگۈل راشىدىنىدىن قورقتى بولغاي، دەرھال ئانىسىغا تاشلاندى. ھوشۇر موزدوز بېشىنى رازىمەنلىك بىلەن

لىگشتىقنىڭچە راشىدىنغا دېدى:

— كۆڭلۈڭدىكىنى بىلدىم، ئۇششا[1] بالام! پۇلۇقنى ئېلىپ نېمە قىلىدىغاندۇ دېسەم ...... ئۇنى...... خەلچەمگە ئاتاپ ساقلاپسەن ئەمەسمۇ!...... ھەرنېمە بولسا ساقىيىپسەن، جېنىم بالام!......

ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ھاياجانلىق ئىدى. دېگەندەك راشىدىن خەلچەمگە قاراپ كەلدى. پۇلۇقنى سول قولىدا خەلچەمگە سۇنۇپ، ئوڭ قولىنى تۆنۈگۈنكىدەك كۆتۈرۈپ قانداقتۇر بىر مەقسەتنى ئىپادىلىمەكچى بولدى، بىراق قۇربى يەتمىگىنىگە ئېچى پۇشقاندەك بېشىنى چايقىدى. خەلچەم نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاراپ تۇراتتى. ھوشۇر موزدۇز ئەمدى تاقەت قىلالماي خەلچەمگە دېدى:

— پۇلۇقنى قولۇڭغا ئالغىن، قىزىم! راشىدىننى تەڭلىكتە قالدۇرۇۋەرمە، ئەمدى بىلدىم، ھەممىنى بىلدىم!

ئۇ شۇلارنى دېگەندىن كېيىن يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى سېيىغىنىچە يىغلىۋەتتى. خەلچەم ئىختىيارسىز ھالدا راشىدىنغا قولىنى ئۇزىتىۋىدى، راشىدىن ئۇنىڭ قولىغا پۇلۇقنى تۇتقۇزۇپ قويۇپلا يۈگۈرگەن پېتى ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ھوشۇر موزدۇز جىددىيلەشتى ـ دە، خەلچەمگە قاراپ:

— قىزىم، گېپىمنى ئاڭلاپ، ناھىيە بازىرىغا بارما! بىلدىڭمۇ، ئەمدى كەتسەڭ ھەرگىز بولمايدۇ! پۇلۇقتىكى پۇلنى دەردىڭگە داۋا ئەت، مەن راشىدىنغا يېتىشىۋالاي! — دەپلا كۆزدىن غايىب بولدى.

قادىر ئاخۇن بىلەن زورىخان باياتىندىن بېرى كۆز ئالدىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى تازا ئاڭقىرالماي، بىر ـ بىرىگە

[1] ھوشيار سۆزىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

ئەجەبلىنىش ئىلكىدە تىكىلگىنىچە ئىسەنگىرەپ قېلىشتى. خەلچەم قولىدىكى پۇلۇقتا ئەجەبسىنىپ قاراپ، ئىچىدىكى پاختىنى ئېتىكىگە تۆكۈۋىدى، پاختا بىلەن قوشۇلۇپ 100 يۈەنلىك بىر كالاك پۇل يەرگە چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ خەلچەمنىڭ جىسمى لاسسىدە بوشاشقان بولسا، قادىر ئاخۇننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، زورىخاننىڭ بولسا كۆزلىرى پىيالىدەك چوڭ ئېچىلدى.

*　　　　　　*　　　　　　*

كەۋسەرنىڭ قىزى باھار يېشىغا تېگىپ ئاشقان بولسىمۇ، بېلىنىڭ ئاستى نىمجان بولغاچقا يەرگە دەسسىيەلمەيتتى، كەۋسەر ھەممە ئامالنى قىلىپ، ئولتۇرۇشقا ۋە پۇتىنى يەرگە دەسسىتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى. دوختۇرلارغا كۆرسىتىۋىدى، «بالىغا كالتسىي يېتىشمەپتۇ» دەپ دىياگنوز قويۇشتى. بۇ جەريانىدا ئاقتاشتا يەنە نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. بۇلاردىن راشىدىنىنىڭ يەرگە جىجىلاش ھەم چاچراپ ئورنىدىن قوپۇپ يۈگۈرۈشتىن قېلىپ، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك جىمجىت ئولتۇرىدىغان، سەدىرىدىنىنى كۆرسىلا غەزەپلىنىپ، قولىنى شىلتىپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى؛ ئاقتاشتىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ تېلېۋىزور سېتىۋالغانلىقىنى؛ جالالىدىن ئاخۇننىڭ كۆچەتچىلىك بىلەن پۇل تېپىپ خېلى بېيىپ قالغانلىقىنى دېمىگەندىمۇ، ئاقتاشنىڭ بىردىنبىر مۆتىۋەرى ھېسابلانغان ئەخمەت بوۋاينىڭ قازا قىلغانلىقىنى تىلغا ئالماي بولمايتتى. نىيازنىڭ تاپاۋىتى تازا يۈرۈشۈۋاتقان كۈنلەردە ئەخمەت بوۋاينىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى. زەينەپگۈل دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى بىر قوللۇق باشقۇرۇپ، نىيازنىڭ خىش خۇمدىنىنىڭ ئىشلىرىنى ئىزغا سېلىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى خۇمداندا

ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل ناھىيە بازىرىدىلا ئەمەس، يېزىلاردىمۇ بىر قىسىم مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە مەدەنىيەت پۈنكىتلىرى يېڭىدىن سېلىنغاچقا، خىشنىڭ بازىرى ياخشى بولۇۋاتاتتى. ئۇ يەنە تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ كېلەر يىلى ئەتىياز پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى خەتەرلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قايتا سېلىش خىزمىتىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتى. بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ، كۆپ قىسىم مەكتەپلەر كونىراپ خەتەرلىك ھالغا كېلىپ قالغاچقا، سىنىپ، ئىشخانىلارنى يېڭىلاپ قايتا سېلىش ئىشى باشلانسا، خىشنىڭ بازىرى يەنە ھەسسىلەپ ياخشى بولاتتى. نىياز نەزىرىنى يىراققا تىكىپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە خۇمدانىدىن يەنە بىرنى قۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئارىدا ئاقتاشنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئارىلاپ، تۇپرىقى ياخشى، سېغىز - ئەت تۇپىسى مول، ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئورۇننى نىشانلاپمۇ ئۈلگۈردى.

ئۇ كۈنى ناھىيە بازىرىغا بارغان نىياز ئىشنى تۈگىتىپلا ئۇدۇل خۇمدانغا قايتىپ كەلگەنىدى. چۈشتىن كېيىن ناھىيەلىك سۈپەت - تېخنىكا ئىدارىسىدىن كەلگەن ئىككى كىشى خىشنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۆلچەمگە يەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ نىيازنىڭ خىشلىرىنىڭ بۈگۈندىن كېيىن ناھىيە بازىرىدىكى سۈپەت ئۆتكىلى ناھايىتى چىڭ، نۇقتىلىق چوڭ قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، نىياز قەۋەتلا خۇش بولۇپ، ناھىيەلىك سۈپەت - تېخنىكا ئىدارىسىدىن كەلگەن ئىككىيلەننى ئاقتاشنىڭ يېزا بازىرىغا ئەكېلىپ كۆڭۈلدىكىدەك مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئاندىن يېزىلىق دوختۇرخانىغا كېلىپ ئەخمەت بوۋاي خېلىدىن بېرى ئىچىپ كېلىۋاتقان قۇۋۋەت دورىسىدىن ئالدى. دەرۋەقە، ئۇ يېقىندىن بېرىقى ئالدىراشچىلىق تۈپەيلىدىن بوۋاينى يوقلىيالمىغانىدى. ئالدىنقى قېتىم زەينەپگۈل

ئىككىسى يوقلاپ كەلگەنىدە، ئەخمەت بوۋاي ئۇنىڭغا: «ئەھۋالىم كۆڭۈلدىكىدەك بولسا، كىرىپ تۇرۇمەن. ئۇنداق بولمىسا، كۆز بىلەن كۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق يەردە پۇل ياپىدۇ، يېنىمغا ۋاقتى - ۋاقتىدا كېلىپ تۇرغىن» دەپ تاپىلىغان، زەينەپگۈل پۈتىنى ئۈزۈلۈپ قويغاندا رەھمەت ئېيتىپ بىرھازا دۇئا قىلغانىدى. نىياز يېزىلىق دوختۇرخانا ئالدىدا شۇلارنى خىيال قىلىپ كېتىۋاتقاندا، كۆزى بىردىنلا يان دۇكان تېمىدىكى «خەلچەم كەشتە ئىشلەش، تەربىيەلەش ئورنى» دېگەن ۋىۋىسكىغا چۈشۈپ، قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ گەرچە بۇ كەشتىچىلىك دۇكىنىنى ئالدىنقى يىلى خەلچەمنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلسىمۇ، بىراق كۆز ئالدىدىكى بۇ كۆركەم ۋىۋىسكىنى تېخى كۆرمىگەنىدى. ۋىۋىسكا ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى جەلپ قىلغۇدەك ئىشلەنگەن بولۇپ، يولدىن ئۆتۈۋاتقان ھەرقانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇكانغا كىرىپ - چىقىۋاتقان، ئەتراپتا قىزنىش ئىچىدە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەرمۇ ئۆزگىچە قاينام - تاشقىنلىق ھالەت شەكىللەندۈرگەنىدى. نىياز شۇ تاپتا سۆيۈنگىنىدىن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئىلگىرى ئۇ راشىدىنىڭ ھېچكىمگە بەرمەي پۇلۇقتا ساقلىغان 10 مىڭ يۈەن پۇلنى خەلچەمگە ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىمۇ مانا مۇشۇنداق ھاياجانلانغانىدى. كۆپ دەرد تارتىپ ئېزىلىپ، روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان خەلچەمنىڭ بۇنچە زور جۈرئىتى ئۇنىڭ نەزەرىدە ھەقىقەتەنمۇ پەۋقۇلئاددە يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. گەرچە ئۇ كىشىلەر بىر - بىرلەپ ئويغىنىپ تۇرلۇك تاپاۋەت يوللىرىنى دادىل ئېچىۋاتقان ئىسلاھات دەۋرىدە خەلچەمنىڭمۇ مۇشۇنداق ئورنىدىن دەس تۇرۇشىنى بۇرۇنلا ئارزۇ قىلسىمۇ، بىراق بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

نىياز خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا قەدەم بېسىپ بايىقىدىنمۇ ئۆتە ھەيران بولدى. ئۇنى بۇنچە ھەيران قالدۇرغىنى

دۇكاندىكى شۇنچە كۆركەم ھەم سىپتا ئىشلەنگەن جۇلالىق كەشتە، پەردە ھەم تۈرلۈك ياپقۇچلار ياكى خەلچەمدىن ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقان ئون نەچچە نەپەر قىز ـ چوكانلار ئەمەس، بەلكى ئاشۇ شاگىرت قىز ـ چوكانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەينى چاغدا خەلچەمنى ھە دېگەندە ئابدۇللادىن كۆنلىگەن، ھەتتا ياقىسىغا ئېسىلىپ جېدەل قىلغان سارەم ئىدى.

شاگىرتلىرىغا ئىش تاپشۇرۇۋاتقان خەلچەم دۇكىنىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان نىيازنى كۆرۈپ خۇش بولدى. نىياز بولسا خەلچەمگە قاراشقا چولىسى يوقتەك كەشتىلەرگە دەزمال سىلىۋاتقان سارەمگە ئەجەبلىنىش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. خەلچەم نىيازنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ پىسىڭىدە كۈلدى ۋە ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇراپ:

— نىياز غوجايىن، مۇبارەك قەدەملىرى بۈگۈن بۇ غېرىبخانىمىزغا يېتىپ قاپتۇغۇ! قارىغاندا بۈگۈن سودىمىز ياخشى بولغۇدەك ـ ھە؟ — دېدى ھەيبارلىق بىلەن.

خەلچەمنىڭ شۇنداق خاتىرجەم، خۇشخۇي ھالدا دېگەن بۇ گېپى نىيازغا شۇنچىلىك يېقىملىق ئاڭلاندى. نىياز باللىق چاغلىرىدىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەلچەمنىڭ خۇشال ھالىتىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. دېمىسىمۇ خەلچەمنىڭ ئىلگىرىكى دەردلىك چىرايىنى ئەمدى جىلۋىگەرلىك ئىگىلەپ، ئەسلىدىكى لاتاپىتى قايتا نامايان بولۇشقا باشلىغانىدى. نىيازنىڭ قەلبى دولقۇنلىنىپ، مۇقەددەس دوستلۇقنىڭ ھەمىدە باللىقتىكى ئۇنتۇلماس شوخلۇقلارنىڭ گۈزەل كارتىنىلىرى چاقماق تېزلىكىدە كۆز ئالدىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. ئەينى ۋاقىتتا راشىدىننىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرگەنلىرى ئېسىگە كەلگەندە بولسا، نېمىشقىدۇر ئىچى ئۆرتىنىپ يىغلىغۇسى كەلدى. كۆڭلىدە: «خەلچەم، ساڭىمۇ ئەسلىدە خۇشاللىق مۇشۇنداق

يارىشاتتى ئەمەسمۇ!» دەپ ئويلىدى.

— پاھ، قالتىسقۇ!؟ — دېدى نىياز خەلچەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك ئاسقۇدىكى كەشتىلەرگە زوق بىلەن كۆز يۈگۈرتكەچ، ئارىدا ئۇ سارەم بىلەنمۇ تىنچ - ئامانلىق سوراشتى.

— دۇكاننى سەل تۈزەپ قويدۇق شۇ، بىراق خاتىرجەم بول، سەن قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئىشنى ئۆز پېتىچە ساڭا قالدۇرۇپ قويدۇق، — دېدى خەلچەم نىيازغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە.

— سەنمۇ خاتىرجەم بول، ئۇ ئىشنى دېيىشىپ قويدۇم. ئۇلار مېھمانخانىنى مۇشۇ ھەپتە زىننەتلەپ بولىدۇ. كېلەر ھەپتە چوقۇم دېرىكتورىنى باشلاپ كېلىمەن. مۇشۇنداق كۆركەم ئىشلەنگەن مەھسۇلاتىڭنى ئۇلار چوقۇم سېتىۋالىدۇ، — نىيازنىڭ بۇ گېپى خەلچەمنىلا ئەمەس، شاگىرت قىز - چوكانلارنىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. خەلچەم قولىدىكى كەشتىنى يېنىدىكى قىزغا بېرىۋېتىپ، نىيازغا دېدى:

— قارىغاندا سېنى بۈگۈن ئوبدان بىر مېھمان قىلىپ قويسام بولغۇدەك، جۈرە، كاۋاپخانىغا چىقايلى!

— بولىدى، ماڭا خۇشامەت قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، ھازىر قورسىقىم توق، — دېدى نىياز ئۇدۇل تامغا ئۇستىلىك - ئۇستىلەپ ئېسىپ قويۇلغان دېرىزە پەردىلىرىگە زوقلىنىپ قاراپ.

— بىزگە مۇشۇ بىر قېتىملا ئەمەس، داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بولسىمۇ خۇشامەت قىلمىسام بولامدۇ!؟

— بولدى قىلە تەكەللۇپلىرىڭنى، قورسىقىم توق دېدىمغۇ. راستىنى دېسەم، باشتا بۇنچىلىك ئىش قىلىشىڭغا ئىشەنمىگەنىدىم. ئەمدى قارىسام، ئاقتاشنىڭ بۇ كالتە بازىرىغا زايە كەتكەندەك تۇرىسەن. كېچىكتۇرمەي ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ بارساڭ بولغۇدەك.

— مانا، شۇ چاغدىمۇ سېنىڭ ياردىمىڭگە تايىنىمىز - دە! شۇڭا، تاقاراشماي خۇشامىتىمنى قوبۇل قىل، ماڭە، — خەلچەم

شۇنداق دەپلا نىيازنىڭ بىلىكىدىن تارتتى. ئاخىر ئىككىسى كەشتىخانىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كاۋاپخانىغا كىرىپ بۇلۇڭدىكى خالىيراق بىر ئورۇنغا كېلىپ جايلاشتى.

بۇ كۈنلەردە خەلچەمنىڭ تۇرمۇشىدا ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى زوقلاندۇرغۇدەك ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. شۇ كۈنى خەلچەم پۇلۇقتىكى پاختا بىلەن قوشۇلۇپ ئېتىلگەن تۆكۈلگەن بىر باغلام پۇلنى تۇتۇپ ھويلىدىكى سۇپىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، قادىر ئاخۇن بىلەن زورىخان ئۆيدە ئۆزئارا مۇڭدىششقا باشلىغانىدى.

— ماۋۇ ھوشۇراخۇننىڭ سارىڭى ئەجەب ئىش قىلدا بۈگۈن، — دەيتتى زورىخان ئەجەبلىنىپ، — پۇلۇقتىكى پۇل ئاز ئەمەسكەن، بۇنچە كۆپ پۇلنى نېمىشقا خەلچەمگە بېرىدىغاندۇ؟

— نېمىشقا دەمسىلە، خوتۇن، خەلچەمنى قىيىنچىلىق تارتىپ قالمىسۇن ھەم يەنە ناھىيە بازىرىغا كەتمىسۇن دەپ كۆڭۈل ئۈچۈن بەرگەندۇ شۇ.

— چاك باسقۇدەك گەپ قىلىشنى قاچانمۇ ئۆگىنەلا! سارلاڭ دېگەندە كۆڭۈل نېمىش قىلىدۇ؟

— راشىدىن ئۆتكەندە بىر ئوبدان ساقايغانىدى. خەلچەمنىڭ ھۈنەر ئۆگەنگىلى كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى. بىز بىلمەي يۈرگىنىمىز بىلەن ئىككىسى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ......

— قېرىغانىدا ئالجىپلا، يىگىتلەرنىڭ ئوگىمۇ - سارىڭمۇ كۆڭۈل بېرىدىغانغا سىلىنىڭ بۇ بىشەملىرى شۇنداق ئەتىۋارلىقمىدى؟

— سىلى ئۇنداق دېگىنىڭلا بىلەن......

— بۇ گەپنى قويۇپ، قويسىلا خەلچەمنىڭ يېنىغا چىقسىلا. ناھىيە بازىرىغا شۇنچە كۆپ پۇلنى كۆتۈرۈپ بارمىسۇن، ياخشىسى ئۇ پۇلنى بىز ساقلاپ بېرەيلى. كېيىنچە ھېلىقى ساراڭ ساقىيىپ قالسا قايتۇرۇپ بەرمەي بولمايدۇ.

خوتۇنىنىڭ گېپى بىلەن ھويلىغا چىققان قادىر ئاخۇن خەلچەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. ئۇ باغقا بويۇنداپ خەلچەمنى چاقىرغان بولسىمۇ ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. شۇ ئەسنادا ئۆيدىن چىققان زورىخان جىددىيلىشىپ دېدى:

— مەن ھېلى ئۇ بىشەمنى پۇلنى ئېلىپ كېتىپ قالمىسۇن دېمىگەنمىدىم! مانا، كۆزىمىزنى غەلەت قىلىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ — ئۇ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئەلپازدا كوچىغا چىقتى - يۇ، ئورنىدا تۈرۈپلا قالدى. ئەسلىدە ئىپارگۇل نېرىراقتا قوشنىلارنىڭ باللىرى بىلەن بەخىرامان ئويناپ يۈرەتتى. زورىخان ئەمدى خەلچەمنىڭ يىراققا كەتمىگەنلىكىنى پەرەز قىلدى. ئارىدا قادىر ئاخۇن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— خەلچەم بەكمۇ ئىنسابلىق بالا بولدى، ئۇ بەلكىم ھېلىقى پۇلنى ھوشۇر ئاخۇنغا قايتۇرۇپ بەرگىلى ماڭغان چېغى، — دېدى خەلچەمنىڭ قىلغىنىنى تەستىقلىغاندەك مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ.

بۇ گەپ زورىخانغا خۇددى بىرسى تۇيۇقسىز قۇلاق تۈۋىگە مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك تۇيۇلدى. شۇئان گۆشلۈك يۈزى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى، تەرى تۆرۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلىدى.

— ئوھوش! ئېرىنىڭ بېشىغا چىققان بىشەمنى ئىنسابلىق دەپ كەتكىنىنى ماۋۇ تېجىمەل ئادەمنىڭ!

زورىخانىنىڭ بۇ خىل ھالىتىنىڭ سەل خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى قادىر ئاخۇن ئوبدان بىلەتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، زورىخان ئىلگىرىمۇ خەلچەم ياكى قادىر ئاخۇن بىلەن ماجىرالىشىشنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇنداق كىرپىگە ئوخشاش تىكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ تەييارلىناتتى. ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ ئۈلگۈرگەن قادىر ئاخۇن:

— نەۋرەمنى ئېلىپ ماڭمىغىنىغا قارىغاندا يىراققا كەتمەپتۇ.

ئۇنى هازىرلا تېپىپ كېلەي، ــ دېگىنىچە بەلباغ ئورمانىنى كېسىپ ئۆتۈپ تېز قەدەم بىلەن كېتىپ قالدى.

دېگەنىدەك، خەلچەم ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كەلگەن بولۇپ، بايا ئويلىنىش ئارقىلىق ئەقلىنى جوروپ، قولىدىكى پۇلنى ھوشۇر موزدۇزغا ئاپىرىپ بېرىشنى توغرا تاپقانىدى. خەلچەم بىلەتتى، راشىدىن بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندىن بۇيان ھوشۇر موزدۇز تىنىمسىز مېھنەت قىلىپ يىغقان - تەرگەنلىرىدىن بىر - بىرلەپ ئايرىلىپ قالغانىدى. گەرچە نىياز راشىدىن ئەكېلىپ بەرگەن 10 مىڭ يۈەننى كېچىكتۈرمەيلا ھوشۇر موزدۇزنىڭ قولىغا تەگكۈزگەن بولسىمۇ، ھوشۇر موزدۇز ئۇ پۇلنىڭ سىنىتىسىغا تەگمەي ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئويىچە بۇ پۇل خالىغانچە خەجلىگىلى بولىدىغان ئادەتتىكى پۇلغا ئوخشىمايتتى. راشىدىن 10 مىڭ يۈەندىن ئىككى باغلام قىلىنغان پۇلنى نىياز بىلەن خەلچەمگە بىر باغلامدىن ئاپىرىپ بەرگەندىن بۇيان، بۇ پۇل ئەنە شۇنداق ئالاھىدە خاسىيەتلىك پۇلغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا پەقەت راشىدىنلا تېگەلەيتتى. باشقىلار راشىدىننى ھەرنېمە دېسىمۇ، يەنە كېلىپ راشىدىن گاھىدا جىمغۇرلىشىپ، گاھىدا ئەسەبىيلىشىپ كەتسىمۇ ھوشۇر موزدۇز ئۇنىڭ ئەقلىدىن گۇمانلانمايتتى، گۇمانلىنىشنىڭ ئورنىغا خۇدانىڭ قۇدرەت - كامالى بىلەن راشىدىندا سىر - ھېكمەت ئايان بولغۇدەك دەپ قارايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان جاپاسى ھەممىگە ئايان ئىدى. خەلچەم يولدا كېلىۋېتىپ كۆڭلىدە «بۇ پۇلنى راشىدىنغا ئۇقتۇرمايلا ھوشۇر دادامغا بەرسەم ئۇ ھاجىتىگە ئىشلىتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەپسۇس، خەلچەم پۇلنى شۇنچە يوشۇرۇنچە سۇنغان بولسىمۇ، ھوشۇر موزدۇز قولىنى ئۇزىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، چۆچۈگىنىچە كەينىگە داجىدى.

ــ ياق، قىزىم، ياق! بۇ پۇلنى مەن ھەرگىز ئالالمايمەن،

چاپسان يانچۇقۇڭغا سال. راشىدىن كۆرۈپ قالمىسۇن، نىياز ئەكېلىپ بەرگەن پۇلنى ئالغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم. كېيىن ئاپىرىپ بەرسەم نىياز ئالغىلى ئۇنىمىدى، ئۇنىمۇ سىنتىسىغا تەگمەي ساقلاپ قويدۇم. راشىدىن بىلىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپلا يۈرىمەن. ئەمدى سەنمۇ بۇ پۇلنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويىمەن دېسەڭ قانداق بولغىنى؟ سەن ناھىيە بازىرىغا كەتمەي، بۇ پۇل بىلەن بازار بويىدا دۇكان ئېچىۋال، قىزىم...... ماڭ، دەرھال كەتكىن! مەن ماۋۇ پۇلۇقنى راشىدىنغا ئەكىرىپ بېرەي.

خەلچەم ھوشۇر موزدۇزنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىرلىك بىلەن ئىلتىجا ئارىلىشىپ كەتكەن ئىپادىنى سەزدى ـ دە، نائىلاج قولىدىكى پۇلۇقنى ھوشۇر موزدۇزغا بېرىپ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى. ھوشۇر موزدۇز باغ تەرەپكە شۈبھىلىك نەزەردە قاراپ قويۇپ خەلچەمنى ئۇزىتىپ قويدى. خەلچەم چوڭ يولغا چىقا ـ چىقمايلا قادىر ئاخۇن بىلەن ئۇچراشتى. دادا ـ بالا بىردەم ئۈنچىقماي مېڭىشتى. ئاخىر قادىر ئاخۇن ئېغىز ئاچتى:

ـــ قىزىم، سەن ناھىيە بازىرىغا بارماي، ياخشىسى يېزىمىزنىڭ بازىرىدا ھالىڭغا يارىشا بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلغىن، قارىغاندا راشىدىن پات ئارىدا ئەسلىگە كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ بالا كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىيالمىغان بىلەن ھەممىنى بىلىدىغاندەك......

قادىر ئاخۇننىڭ بۇ گېپىگە خەلچەم ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئەمەلىيەتتە دادىسىنىڭ ئۆزىگە يەنىلا چىدىماي-ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆلگۈردى. راست، قادىر ئاخۇن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان زورىخانىنىڭ بىسمى ئاستىدا خەلچەمنىڭ ناھىيە بازىرىغا كېتىشىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئازابلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ يەنىلا پەرزەنت ئىشقىدا يۈرىكى گۆلخاندەك يانىدىغان ئاتا ئىدى. قىز پەرزەنتنىڭ

مېھرىنى باشقا ئاتىلارغا ئوخشاشلا ھەممىدىن ئەلا بىلەتتى. ئۇنى گاھىدا تاش يۈرەك قىلىپ قويغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى زورىخاننىڭ ئاچچىقى بىلەن تاتلىقى ئارىلاشقان ئاياللىق مېھرى ئىدى. ھەر قېتىم بۇنى ھېس قىلىپ ئىزتىراپ چەككەندە، دادا تۇرۇپ خەلچەمنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىكىگە ئېچىنىپ ئۆكۈنەتتى. ئىلگىرىكى ئوتياش تېرىپ قولى پۇل كۆرگەن قۇۋناق چاغلارنى سېغىناتتى. بىراق، ئوي - خىياللىرى بىرنەچچە يىلدىن بېرى زورىخان تۇپەيلى پاراكەندە بولغان ئەھۋاللارغا مەركەزلەشكەندە، نېمىشقىدۇر دەرھال باشقا تەرەپكە يۆتكەيتتى. خەلچەم بولسا ئۆزىنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى راشىدىنىڭ قانداق بىلىپ قالغىنىغا ئەجەبلىنەتتى. يەنە ئارقىدىنلا ھوشۇر ئاخۇننىڭ «راشىدىندا بىر خىسلەت كۆرۈلدى» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىپ، كۆڭلىدە راشىدىن ئادەتتىكى ئادەمدىن بىراقلا غايىۋى ئادەمگە ئايلىناتتى.

خەلچەم يول بويى ئوي - خىيال قاينىمىدا ئۈزۈپ، ئاخىر قولىدىكى پۇل بىلەن يېزا بازىرىدا كەشتىچىلىك دۇكىنى ئېچىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئىپارگۈل بىلەن دۇكانغا كۆچۈپ كەتسە دادىسىنى ئېغىر تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرالايتتى، ئۆزىمۇ تىرىكچىلىك يولىنى تاپالايتتى. زورىخان خەلچەمنىڭ بۇ قارارىنى ئاڭلاپ قادىر ئاخۇنغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى. ئاتا - بالا ئىككىسى ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن خۇش بولغىنىنى ياكى خاپا بولغانلىقىنى بىلەلمىدى.

شۇ كۈنى كەچتە خەلچەم بارات نىيازنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، يېزا بازىرىدا كەشتىچىلىك دۇكىنى ئېچىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى، بارات نىياز بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

— ناھايىتى بەلەن ئويلاپسەن، قىزىم. جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى دېھقانلارمۇ زامانغا لايىق چىرايلىق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. ئۆيلىرىنى شەھەرلىكلەردەك بېزەيدۇ. مېنىڭچە بۇ ھۈنىرىڭنىڭ بازار

تېپىشى تۇرغانلا گەپ. سىزنىڭ يېزىمىزدىكى ئاياللارغا باشلامچى بولۇپ ئۆچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىڭنى چىن دىلىمدىن قوللايمەن. نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىدىن بىر-نەچچىسىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ ھۈنىرىڭنى ئۆگەتكىن. دۇكاننى يۈرۈشتۈرۈشلىك ئۈچۈن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن بىرئاز ھەل قىلىپ بېرەي، ئالدى - ئارقاڭغا قاراپ تەمتىرىمەي، ئىشنى دادىل باشلىغىن، — دېدى ئۇ خەلچەمگە ئىلھام بېرىپ.

— راشىدىن ماڭا 10 مىڭ يۈەن ئەكېلىپ بەردى. ئالماي دېسەم، ھوشۇر دادام «ئالمىساڭ بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. ھازىرچە شۇ پۇلنى ئىشلىتىپ تۇرايمىكىن، — دېدى خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان خەلچەم.

بارات نىياز ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— مانا، ئويلىغىنىم توغرا چىقتى! كەنجىلەردە بىر خىسلەت بارلىقىنى بۇرۇنلا ھېس قىلغانىمەن! راشىدىن شۇ ھالدا تۇرۇپ سىنى ئويلاپتۇ. سەدىردىن يۇقىرى مەلۇماتلىق بولغاندىكىن ئۇنىڭچىلىك قىلالىسا ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆسمەسىمىدى - ھە! — بارات نىياز شۇلارنى دېگەندىن كېيىن، خۇددى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خاتا گەپ قىلىپ قويغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى، — دۇكاننى نەدە ئېچىشنى ئويلاشتىڭ؟

— يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا يېڭىدىن سېلىنغان دۇكانلار مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ، — دېدى خەلچەم تەمكىن قىياپەتتە.

— ئۇنداقتا مەن دوختۇرخانا باشلىقىغا دەپ قوياي، ئۇلار دۇكاننىڭ ئىجارىسىنى بىرئاز تۆۋەنلىتىپ بەرسۇن. دۇكاننى جابدۇشقا سەن يېتىشەلمەيسەن. ياخشىسى ياردەملىشىشكە ئابدۇللانى ئەۋەتەي...... — بارات نىياز گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — راست،

ئابدۇللا كەلسە بولمىغۇدەك. خەق يەنە ئىككىڭلارنىڭ ئۈستىدىن گەپ تېپىپ يۈرمىسۇن. بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن. شۇڭا، ئەيسانى ئەۋەتەي، ئۇ ساڭا ياردەملەشسۇن.

خەلچەم دۇكان ئېچىش نىيىتىگە كەلگەنىدىلا ئابدۇللادىن ياردەم سوراشنى ئويلىغانىدى. بۇنىڭدا مۇھىمى مۇشۇ باھانىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئەمدى قەددىنى رۇسلاپ مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، قولىدىن كېلىشىچە مەدەت بېرىشنى تەمە قىلاتتى. ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ كەشتىچىلىك دۇكىنى ئېچىش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئابدۇللا بىلەن بىرنەچچە قېتىم دوقارىشىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئابدۇللا بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇ ئەمدى نېمىشقىدۇر ئابدۇللانى كۆڭلىدە ئىلگىرىكىدەك ئاقلاپ ئۆزىنى ئالدىيالمىدى، يۈرىكى خۇددى ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن پىيالىدەك پارە - پارە بولۇپ كەتتى. خەلچەم ئابدۇللانى خىيالىغا كەلتۈرسىلا، كۆز ئالدىدا شۇنداق چىرايلىق ئېچىلغان بىر دەستە گۈلنىڭ جۇت - بوراندا چەيلەنگىنىدەك ئېچىنىشلىق مەنزىرە زاھىر بولاتتى. ئارقىدىنلا ئابدۇللانىڭ بارغانسېرى ئەسلىدىكى خاراكتېرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان غەيرىي خۇلق - مىجەزلىك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا يەتكۈچە ھەسرەت چېكەتتى. ئاخىر ئۇ دەردىنى ئېچىگە يۇتماقتىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى بىلدى، قادىر ئاخۇن، نىياز، ئەيسا ۋە باشقا بىرنەچچە كىشىنىڭ ئۆزلۈكىدىن قىلغان ياردىمى بىلەن كەشتىچىلىك دۇكىنىنى ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشى جابدۇپ ئېچىۋالدى. ئاندىن دۇكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى چاققانغىنە ئۆيگە كۆچۈپمۇ كېلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئاقتاشنىڭ ھۈنەر - كەسىپ بازىرى يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى بازىرىدا تۇنجى بولۇپ ئېچىلغان بۇ كەشتىچىلىك دۇكىنى ھەش - پەش دېگۈچىلا كىشىلەرنىڭ

دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ ھالدىن خەلچەم تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئىشلەۋاتقان مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرىنى ئىلگىرىكى بىرنەچچە خىلدىن ئون نەچچە خىلغا كۆپەيتتى. دۇكاندا ئىلگىرى كەشتە ياپقۇچ، يوتقان، كۆرپە، ياستۇقلارنىڭ كىرلىك قاپلىرى ئىشلەنگەن بولسا، ئەمدى ئىشىك، دېرىزىلەرنىڭ يېڭى پاسونىدىكى پەردىلىرىنىڭ خىلمۇخىل نۇسخىلىرىنى، شۇنداقلا يەنە كەشتە ھەم پەردىلەرنى ئاقتاشنىڭ ئەنئەنىۋى يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان ئەتلەس، شايى، يىپەكلەردە ئىشلەپ يېڭىلىق ياراتتى. شاگىرتلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. بارات نىيازنىڭ ياردىمى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 20 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، يېڭى تىپتىكى كەشتە ئىشلەش ماشىنىسىدىن بىراقلا بەش يۈرۈش ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن دۇكاننىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، ئۇنىڭ نامى ئاقتاشتىن ھالقىپ قوشنا يېزىلارغىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى.

نىياز بىلەن خەلچەم كاۋاپخانىدا تېخىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. نىياز خەلچەمنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى پىلانلىرىنى ئاڭلاپ، بايا دۇكاننىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى كۆرگەن چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك خۇش بولدى. خەلچەممۇ نىيازنىڭ تاپاۋىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چىن كۆڭلىدىن مەدەت بەردى. پاراڭ ئارىسىدا خەلچەم نىيازغا پۇرسەت بولغاندا راشىدىنىنى دۇكانغا ئەكېلىشنى ئېيتقانىدى، نىياز ئەتىلا ئېلىپ كېلىشكە ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغان ئىش توغرۇلۇق گەپ ئاچتى:

— خەلچەم، بايا دۇكىنىڭدا سارەمنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران بولدۇم. ئاڭلىسام، ئۇ ئىلگىرى سىنى ئابدۇللادىن كۈنلەپ يۈرۈپتىكەن، ھەتتا ئىككىڭلار جېدەللىشىپتىكەنسىلەر. ئەمدى قانداق بولۇپ ساڭا شاگىرت بولۇپ قالدى؟

خەلچەم ئاۋۋالقىدەكلا كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، دېرىزىدىن كوچىغا قاراپ دېدى:

ــ بۇنى سورايدىغانلىقىڭنى پەرەز قىلغانىدىم. ساڭا دېسەم، ئاياللار دۇنياسى مانا مۇشۇنداق قىزىق بولىدۇ. بىز ھاياتىمىزدا مەغلۇبىيەت بىلەن غالىبىيەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى قوبۇل قىلىشقا كۆنۈك ئىكەنمىز. ئېنىقراق ئېيتسام، بېشىمىزغا كەلگەن ھەرقانداق قىسمەتنى تەقدىرنىڭ پۈتمىشى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋېرىدىكەنمىز. بايا دېگىنىڭدەك، سارەم ئابدۇللانىڭ نىكاھىدىكى چاغلاردا مەن بىلەن ئارازلاشقان، بەلكىم ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئەڭ ئۆچ ئادىمى مەن بولسام كېرەك. مەنمۇ ئۇنى شۇنچە ئۆچ كۆرەتتىم. بىراق، ۋاقىت مانا مۇشۇنداق كۆپ ئىشلارنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن. بىلسەڭ ھازىر ئۇ ئىككىمىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بىر ھېسابتا ئىككىمىز تەقدىرداش. ئۇ ئابدۇللادىن ئاجراشقاندىن كېيىن، قايتا ياتلىق بولۇپ بىر ئوغۇللۇق بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئېرى بىلەنمۇ ئەپلىشەلمەي ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. ئاڭلىسام، ئەرلەردىن رايى قاپتۇ. ئۆتكەندە ئۇ نۇسرەتنى ئېلىپ دۇكانغا كەپتىكەن. شۇنىڭدىن بېرى ئىككىمىز بىللە ئۆتۈۋاتىمىز، نۇسرەت مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئابدۇللا ھازىرغىچە نۇسرەتنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ يوقلاپ قويمىدى. ھەي، ساڭا نېمىلەرنى دەپ كەتتىم. سەن ئەركىشى بولغاچقا، ئاياللارنىڭ دەردىن چۈشەنـ ـمەيسەن......

خەلچەم بىردىنلا جىم بولۇۋالدى. ئاردا كۆتكۈچى قىز بىرنەچچە زىخ كاۋاپنى ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. نىياز خەلچەمنىڭ چىرايىغا ھەسرەت سايە تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئويغا پاتتى.

راست، ئۇ كۈندىكى ئىش خەلچەمنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ھازىرمۇ نېرى بولغىنى يوق. ئۇ يىگىرمە نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى

بىر كەچلىكى ئىدى. خەلچەمنىڭ بىر شاگىرتى سىرتتىن كىرىپلا، بىر چوكانىنىڭ كىچىككىنە بىر قىز بالا بىلەن دۇكانىنىڭ ئالدىدا خېلىدىن بېرى تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بايىدىن بېرى شاگىرتلىرىغا ئىش تاپشۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن خەلچەم قولىدىكى ئىشنى جايىدا قويۇپ دۇكانىنىڭ ئالدىغا چىقىپلا سارەم بىلەن نۇسرەتنى كۆردى. نۇسرەتنىڭ رەڭگىرويى ئانىسىنىڭكىدەكلا بولۇپ، ھارغىنلىقتىنمۇ ياكى قورسىقى ئاچقانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. خەلچەمنى بىردىنلا يىغا تۇتتى. نۇسرەتنى باغرىغا باسقۇسى كەلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئارىدا سارەم خەلچەمگە نېمىدۇر دېيىشكە ئىنتىلدى ـ يۇ، بىراق لەۋلىرى مىدىرلىغىنى بىلەن ئاغزىدىن گەپ چىقمىدى. خەلچەم دەرھال ئېسىنى يىغىپ ئۇلارنى دۇكانغا باشلاپ كىردى. لېكىن، دۇكاننى تاقىغۇچە ئىككىسى ئادەتتىكىچە ئەھۋال سوراشقاندىن باشقا گەپ قىلىشمىدى. شاگىرتلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن سارەم خەلچەمگە يىغلىپ قالغان دەردىنى بىراقلا تۆكۈپ، ئۆز ۋاقتىدىكى ئىشلارنىمۇ تىلغا ئېلىپ كەچۈرۈم سورىدى. ئاخىرىدا قار ـ يامغۇر يىغلاپ دېدى:

— ئانا ـ بالا ئىككىمىز تەس كۈنگە قالدۇق. شۇڭا، سىزدىن ھۆنەر ئۆگىنەيمىكىن دېگەن، ئوغلۇمنى دادىسىغا بەردىم، ئىككى بالىنى بېقىپ كېتەلىشىمگە كۆزۈم يەتمىدى. ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئابدۇللانىڭ نۇسرەت بىلەن پەقەتلا كارى بولمىدى. ئاڭلىسام، ئۇ كادىر بولغاندىن بېرى ئۆزگىرىپ كېتىپتىمىش. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، ئابدۇللا بىرەر خانىم بىلەن توي قىلسا نۇسرەتنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ. يۈرىكىمدىكىنى دېسەم، مېنىڭ نۇسرەتنى قاتارغا قوشۇشتىن باشقا ئارمىنىم يوق. بۇنىڭدىن كېيىن ئەر خەقنى كۆرەر كۆزۈم يوق! مېنى يېنىڭىزدا ئېلىپ قېلىڭ......

سارەمنىڭ شۇ كۈندىكى ئىلتىجالىق سۆزلىرى خەلچەمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى. نىياز خەلچەمگە «يەنە گەپلىرىڭ بولسا ئېيتمامسەن» دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويۇپ ئۈنچىقماي ئولتۇردى.

— بۇدا كەلگەندە زەينەپگۈلنىمۇ ئالغاچ كەل، ئۇنى دۇكانغا باغلاپ قويۇپ زېرىكتۈرۈۋەتمە يەنە، — دېدى خەلچەم گەپنىڭ تېمىسىنى بىراقلا يۆتكەپ. قارىغاندا خەلچەمنىڭ خىيالىغا قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز ئىش كىرىۋالغاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا خەلچەمنىڭ بىر شاگىرتى بىلەن روزى كاداڭ تولىمۇ ئالدىراش كاۋاپخانىغا كىرىپ كەلدى.

— ۋاي، ئۇكام نىياز! سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى مېنىڭ! چاپسان بول، ئەخمەتكام...... ئۇ...... سەل مىجەزى يوق تۇرىدۇ، قاسىم قارىم يېنىدا قالدى...... — دېدى روزى كاداڭ جىددىي تەلەپپۇزدا.

— نېمە؟ دادام ئۇ...... — نىياز شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. خەلچەم ھېساباتنى تۆگىتىپ كاۋاپخانىدىن چىققاندا نىيازنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ ئارىسالدى بولغان ھالدا كوچىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتتۈۋىدى، كەينىدىن سوڭدىشىپلا كېلىۋاتقان روزى كاداڭ:

— ھاي، ئۇكام خەلچەم، سەنمۇزە، بەزى ئىشلارغا پەقەتلا دىققەت قىلمايدىكەنسەن. بېشىڭدىن شۇنچە كۆپ ئىشلار ئۆتتى بولمىسا، دۇكان ئېچىۋېلىپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئەمدى نىياز بىلەن كاۋاپخانىدا كۇسۇرلىشىپ ئولتۇرساڭ، خەق ئۇستۇڭدىن گەپ تاپماي قالامدا!؟ مەنغۇ ھەرقانداق ناشايان ئىشنى كۆرسەممۇ ئىككى تەرىپىمگە قارىمايلا ئاغزىمغا توپا سۈۋۈۋېتىپ، ئۇدۇل يولۇمغا كېتىدىغان ئادەممەن. ئەممازە، ئانايەت كۇدەكتەك گەپدانلارغا ئۇچراپ قالساڭ...... — دېدى پەس ئاۋازدا.

روزى كاداڭنىڭ بۇ گېپىگە خەلچەمنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ زۇۋان سۈرمىدى. ئاڭغۇچە ئىككىسى دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ بولدى. دەل شۇ چاغدا دۇكاندىن سارەم چىقىۋىدى، روزى كاداڭ ئۇنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. خەلچەم شۇئان مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا دېدى:

— ھەممە ئىش سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك بولۇۋەرمەيدۇ، روزىكا، سورىمىغانغا جاۋاب بەرمەي ماڭا ئېنىقراق دەڭە، ئەخمەت دادامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق زادى؟

— ئاھاي، ئۇكام، ئەخمەتكام ئابايا سەكراتقا چۈشۈپ بولغان، بۇ چاغقا ئاللاھۇ ئالەم كۆز يۇمدى بولغاي......

— نېمە؟ سىز......

دەرۋەقە، خەلچەم يېتىپ كەلگەندە ئەخمەت بوۋاينىڭ ئۆيىدە يىغا - زار ئەۋجىگە چىققانىدى. ئايان بولدىكى، نىياز ئەخمەت بوۋاينىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرمەپتۇ. ئەخمەت بوۋاي نىيازغا تارتىشىپ ئىشىككە نەچچە قېتىم قاراپتۇ. نىياز كاۋاپخانىدا خەلچەم بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغانىدا، نىيازنى ئىزدەشكە بارغانلارنىڭ قەدىمى غازلىق كەنتىدىن ئاچما كەنتىدىكى خىش خۇمدىنىغىچە، ئۆستەڭ بويىدىن يېكەن كۆلگىچە يېتىپتۇ. ھەرھالدا ئەخمەت بوۋاي يېنىغا بۇرۇن يېتىپ كەلگەن قاسىم قارىم بىلەن، باشقا بالىچاقىلىرىغا دەيدىغانلىرىنى دەپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇلار ئارقىلىق نىيازغا: «باي بولغانسېرى مۇلايىم بولسۇن، مال - دۇنياسى بىلەن كېرىلىپ باشقىلارغا تەكەببۇرلۇق قىلمىسۇن. تاپقان پۇلىنى توغرا يوللارغا سەرپ ئەتسۇن. باينىڭ مال - دۇنياسى ئاللانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئامانىتى. شۇڭا، ئامانەتنى ئۆز جايىغا يەتكۈزسۇن» دېگەن ۋەسىيەتنى قالدۇرۇپتۇ. نىياز شۇ تاپتا ھەسرەت ئازگىلىدا دومىلايتتى، ئەپسۇسلۇق ئوتىدا كۆيەتتى. مەرھۇم ئەخمەت بوۋاينىڭ دائىم «كېتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، يېنىمدىن يىراق

كەتــمە» دېــگەن گېپــى قــۇلاق تۈۋــدە يــاڭراپ زادــلا ئــارامىلىق بەرمەيتتى.

*　　　　*　　　　*

باهــار ئىككــى ياشــتىن ئاشــتى. بىــراق، تەمتىلەپ بولــسىمۇ ماڭمىدى. بۇنىڭغا كەۋسەردىن كۆرە، سەدىردىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، باھارنى ۋىلايەت تەۋەسىدىكى نامىشەرىپىنى ئاگلىغانلىكى دوختۇر، تېۋىپلارغا كۆرسەتتى. ھەممىسى ئوخشاشلا «بالا تۇغما مېڭە پارالىچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان» دېگەن دىياگنوزنى قويۇشتى. قايسىدۇر بىر دوختۇر كەۋسەرنىڭ كېسەللىك تارىخىنى سۈرۈشتۈرۈپ: «بالا قورسىقىڭىزدىكى ۋاقتىدا سىز بىرەر ھادىسىگە يولۇققانمۇ؟ ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا بالىدىكى كېسەللىك تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولسا، يەنە بىرسى توغرىدىن ـ توغرىلا: «سىز ئىلگىرى يېمەكلىك ياكى دورىدىن زەھەرلەنگەنمۇ؟» دەپ سو ـ رىدى. بۇ گەپ كەۋسەرگە يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكۈدەك تەسىر قىلدى. يامان بولغىنى، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سەدىردىنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ تۈپتىن ئۆزگەرگىنى ئىدى...... بۇ جەرياندا زەينەپگۈل بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل تۇغدى. بالىغا «بەگيار» دەپ ئىسىم قويۇشتى. ئاقتاشتا يەنە بىر قىسىم يېڭىلىقلار روي بەرگەن بولدى. بۇلار ئىچىدە يېزا ئورگىنىدىن ناھىيەگە بارىدىغان غول يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغانلىقىنى، راشىدىنىڭ كۈندە دېگۈدەك خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا بىر قېتىم كېلىپ، خەلچەمگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپلا قايتىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، تاھىر بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ بېيجىڭدىن نىيازنى يوقلاپ كېلىپ، بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ

كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالمىغاندىمۇ، ئابدۇللانىڭ ئەملى ئۆسۈپ يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرچاغدا تېخى يېقىندا يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەيدىغان پاتىگۈل ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى بىلەن توي قىلغانلىقىنى تىلغا ئالماي بولمايتتى.

ئابدۇللانىڭ يىل بېشىدا يېزىلىق پارتكومغا مۇئاۋىن سېكرېتار بولغانلىقىنى غازىلىقلار مەرھۇم مۆھتەرەمخان بىلەن سۇلايمان ياۋاشنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابىتىدىن دەپ بىلىشتى. ئەمەلىيەتتە ئابدۇللانىڭ ياۋا نوتىدەك تېز كۆكلەپ ئايىنىشىدا ھەممە تەرەپنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەجرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بارات نىيازنىڭ ئەجرى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇ يېشى چوڭىيىپ، سالا-مەتلىكى ناچارلىشىۋاتقىنىنى تۇيۇپ، ناھىيەدە رەھبىرىي كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش يولغا قويۇلۇۋاتقان پۇرسەتتە يۇقىرى - تۆۋەن چېپىپ، ئابدۇللانىڭ ئۆسۈشىگە بىر قوللۇق ئەجىر سىڭدۈردى. ھەر قېتىم ناھىيەگە يىغىنغا ۋە باشقا زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى بارغاندا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاقتاشنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سوۋغا قىلىشنى ئۇنۇتماي قويمىدى. ئاخىر ئۇنىڭ ئەجرى ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ئابدۇللانى ئەمەل شوتىسىنىڭ بىرىنچى بالدىقىغا چىقارغانلىقى ئەمەلىيەتتە بارات نىيازنىڭ ئاقتاش يېزىسىنى گۈللەندۈرۈشكە قوشقان تارىخىي تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى ئىدى. شۇڭا، ناھىيە مەسئۇل-لىرىغا تېگىشلىك رەھمىتىنى ئېيتمىسا بولمايتتى. بۇ جەرياندا ئابدۇللامۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خىزمەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئىلگىرىكى ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، نامىغا، بولۇپمۇ ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئىشتىن قول ئۈزدى. ئۇ قول ئۈزگەن بىر قاتار ئىشلار ئىچىدە ئىلگىرىكىدەك خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈش

پۈرسىتىنى ئىزدەشمۇ بار ئىدى. كېيىنچە يەنە خەقلەرنىڭ نىياز بىلەن راشىدىننى «كۇلىچى» دەپ مەنسىتمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇلاردىنمۇ تەدرىجىي يىراقلاشتى. قىسقىسى، ئۇ ئاتايەت كۆدەكنىڭ دېگىنىدەك، شۇ قېتىم تۇرمىدىن ھەقىقەتەنمۇ باشقىچەرەك بىر ئادەم بولۇپ چىققانىدى. دەسلەپتە ئۆزىنىڭ قارىغا كەتكىنىنى بىردەم ئۇنىڭدىن، بىردەم بۇنىڭدىن كۆرۈپ گۇمانلىنىپ يۈردى. نەتىجىدە بارا - بارا ئىشلارغا گۇمان بىلەن قارايدىغان خاراكتېر شەكىللەندى - دە، شۇنداق قىلغاندا بەزىبىر كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن دەپ ئويلىدى. ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە بولغان تونۇشى ئۆسكەنسېرى ئىشلار ئۈستىدە ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئەمدى خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ باشقىلار ئېيتقاندەك ھەقىقەتەنمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر يەنە كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسە خەقنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشتىنمۇ كۆرە، مۇھىمى سىياسىي ئىستىقبالىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. شۇڭا، ئابدۇللا خەلچەم بىلەن كۆرۈشمەسلىككە شۇنداق پەرھىز قىلدىكى، ئېتىز - قىرلاردا، كوچا - كويلاردا خەلچەمنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان ئۆزىنى چەتكە ئالدى. گاھىدا خەلچەمنىڭ سىيماسى كۆڭلىگە بۆسۈپ كىرگۈدەك بولسا خىيالىنى ئەتەي باشقا تەرەپكە بۇرىدى. شۇنداق قىلىپ، ئانچە ئۇزاققا بارمايلا كونىلارنىڭ «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەن ھېكمىتى كۈچىنى كۆرسىتىپ، خەلچەمنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس ئورنى بارا - بارا غۇۋلىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئابدۇللا يېڭى مەنسەپكە تەيىنلىنىپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل مۇھىتقا كىرىپ كەلدى. بۇ يېڭى مۇھىتنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، ئادەم ھەر دائىم ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ ۋاقتىغا ئۆزى ئىگە بولالمايتتى. خۇددى دىراما ئارتىسلىرىدەك ھېلى كۈلۈپ، ئارقىدىنلا

يىغلىيالايدىغان، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقالايدىغان ماھارەتنى ئىگىلىمىسە بولمايتتى. ئىش - ھەرىكەتنى جايىدا بولسىلا كۇپايە قىلمايتتى، بەلكى بۇنىڭغا ماس ھالدا گەپ-سۆزى ئورۇنلۇق بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئۇ سەھرادا ئەركىن يايراپ چوڭ بولۇپ، ساددا ئاق يېتىلدۈرگەچكە، بۇنداق پەرھىزلىرى كۆپ يېگى تۇرمۇشقا كۆنۈش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى. بەزى ئىشلارنى ئەپلەشتۈرەلمەي ئىچى سىقىلغان چاغلىرىمۇ بولدى. ياخشى يېرى، بارات نىيازغا ئوخشاشلار ئۇنىڭ كەلگۈسىگە زور ئۈمىد بىلەن قاراپ ياردىمىنى ئايىماي، ئىشلارنىڭ تەرتىپىنى ئېرىنمەي ئۆگىتەتتى. دېمىسىمۇ، يېڭى مۇھىتنىڭ جاپاسىغا يارىشا راھىتىمۇ، نامىغا يارىشا شەرىپىمۇ بار ئىدى. ھېچبولمىغاندا ئۇ ئەمدى يېزا ئورگىنىغا موتوسىكلىتىنى گۈركىرىتىپ كىرىپ كەلسە ھەممەيلەن ئېگىلىپ سالام قىلاتتى. بىرەر سورۇنغا داخىل بولغاندا ياشتا ئۆزىدىن چوڭلارمۇ تۆرگە ئۆتكۈزەتتى. يەنە تېخى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى يارامسىزغا چىقىرىۋەتكەن قاۋۇل سېكرېتارمۇ ئەمدىلىكتە خۇشامەت نەزەرىدە بېقىپ قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. يېزا ئورگىنىنىڭ بېغىدىكىلا ئەمەس، دېھقانلارنىڭ ئىلكىدىكى يەل - يېمىشلەر، ھەتتا توخۇ، ئۆردەكلەر «ئۆزلۈكىدىن» ئۆيىگە كېلىپ قالاتتى. ئەمەل شوتىسىنىڭ بىرىنچى بالدىقىدىكى ئىشلار مۇشۇنداق بولۇۋاتقان يەردە، كېيىنكى ئىشلارنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقاچان ئايان بولۇپ بولغانىدى. ئىلگىرى ئۇ ھالاۋىتى جاپاسىدىن چەندان ئاز بولغان ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەچكە، ھازىرقى مۇھىت ئۇنى شۇ قەدەر جەلپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ مانا ئەمدىلا سەدىردىنىڭ كەنجىسى بىلەن ئىلگىرىكىدەك يېقىن بولالماسلىقىنىڭ، شۇنداقلا ئاز ۋاقىت ئىچىدە قورساق سالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتىشكە باشلىدى.

قايسى بىر كۈنى ئابدۇللا يېزا ئورگىنىدا بىرسىدىن سارەمنىڭ خەلچەمگە شاگىرتلىققا كىرىپ كەشتىچىلىكنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چۈشىنىكسىز تۇيغۇ ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ بۇ رەقىبلەرنىڭ تار يولدا ئۇچرىشىشى بولماستىن، بەلكى رەقىبلەر-نىڭ دوستلىشىشى ئىدى. ئابدۇللانىڭ ئويىچە بولغاندا، خەلچەم بىلەن سارەم ئۆزئارا يىراق تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىككىلىسى ئۆزىدىنمۇ يىراق تۇرسا چېچەكنى چاي بولاتتى. بىراق، كەشتى-چىلىك دۇكىنى يېزا ئورگىنىغا يېقىن، يەنە كېلىپ ئابدۇللانىڭ كۈندە نەچچە قېتىم ئۆتىدىغان يولىدا ئىدى. تېخىمۇ يامان يېرى، نۇسرەت بىلەن ئىپارگۈل مۇشۇ يول ئارقىلىق مەكتەپكە بېرىپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئابدۇللا ئۆزىنى ئۇلاردىن دالدىغا ئالمىسا مۇقەررەر دوقۇرۇشۇپ قالاتتى. قىرىشقاندەك ئابدۇللا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى.

ئۇ كۈنى ئابدۇللا پىيادە خىيال سۈرۈپ كېلىۋېتىپ، بىرنەچچە بالىنىڭ ئارىسىدىكى نۇسرەتنى كۆرمەي قالدى. نۇسرەتمۇ دىققەت قىلمىغاندىكىن ئۆز يولىغا كېتىۋەرگەن بولاتتى. بىراق، نۇسرەتنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان ئىپارگۈل ئابدۇللانى تونۇۋالدى. چوپچوڭلا بولۇپ قالغان قىزنىڭ بوي - بەستىگە ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن چىمەن دوپپا شۇنداق ياراشقانىدى. ئىپارگۈل ئابدۇللانى كۆرۈپلا نۇس-رەتنىڭ قولىدىن تارتتى ۋە:

— نۇسرەت، قارىغىنا، ئابدۇللا دادام كېلىۋاتىدۇ، ئابدۇللا دادام! — دېگىنىچە ئابدۇللانىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ ھال ئابدۇللانى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى، چۈنكى ئىپارگۈل ئۆزىنى بۇنچە بىلىپ كېتىشتىن سىرت، تېخىمۇ مۇھىمى نۇسرەت بىلەن بولغان ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتىنى بۇنچە ئېنىق بىلىشى ئابدۇللانى ھەقىقەتەنمۇ ئەجەبلەندۈرۈۋاتاتتى. قارىغاندا خەلچەم ياكى سارەمدىن بىرەرسى ئارىدىكى ئىشلارنى ئىپارگۈل بىلەن نۇسرەتكە تەپسىلىي سۆزلەپ

بەرگەنــدەك قىلاتتــى. نــېمىلا بولــسۇن ئابــدۇللا نۇســرەتنى كــۆرۈپ بىــردىنلا ھاياجانلانــدى. ۋۇجۇدىــدا ئــاتىلىق مېھرى يالقۇنجىــدى. چوپچوڭلا بولۇپ قالغان نۇسرەت قارىماققا ئىپارگۈل بىــلەن ئاچا ـ سىڭىلدەك كۆرۈنەتتى. ئەپسۇس، نۇسرەت ئابدۇللاغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن بېشىنى يانغا بۇراپ جىممىــدە تۇرۇۋالــدى. ئارىــدا ئىپــارگۈل ئــۇنى ئابــدۇللاغا گەپ قىلىــشقا ئۈندىگەنــدى، نېمىشقىدۇر چىرايى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۆڭۈپ لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى. ئابدۇللا كۆڭلىدە «كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغاچقا مەندىن ياتسىراۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاتىلىق مېھرى بىــلەن ئۇنىــڭ مەڭزىنى سىلىدى:

— مېنــى تــونۇيالمايۋاتامــسەن، قىــزىم. مەن داداڭ ئابــدۇللــاغۇ...... — دېگىنىچە ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى سىلىدى.

نۇسـرەت بىـردەم ئىپادىـسىز قـاراپ تۇرغانـدىن كېـيىن كـۆزىگە لۆممىدە ياش ئېلىپ، ئارقىدىن ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. ئىپارگۈلنىــڭ ئاتــا ـ بــالىنى كۆرۈشــتۈرۈش ئۈچــۈن كۆرســەتكەن تىرىــشچانلىقى ئەمــدىلا ئۈنــۈمىنى كۆرســەتتى بولغــاي، نۇســرەت ئابــدۇللانى قۇچاقلىــدى. ئابــدۇللانىڭ جىــسمىغا ئىــسسىق بىــر ئېقىم تارالــدى. كېــيىن ئابــدۇللا نۇســرەتنى يولنىــڭ چېتىگىــرەك ئاپارغانىــدى، ئىپارگۈلمۇ تەڭ ئەگىشىپ كەلدى. شۇ تاپتــا ئــۇ نۇسـرەتنى ئابـدۇللا بىــلەن ئۇچراشــتۇرغانلىقىغا بەكــلا پەخىرلىنىۋاتقانــدەك قىلاتتـــى. چىرايىغــا تەپــكەن خۇشــاللىق ئىپــادىلىرىنى باشــقىلارمۇ بىلــسۇن دېگەنــدەك يېنىــدىن ئۆتــۈپ كېتىۋاتقــان كىــشىلەرگە تەبەســسۇملۇق نەزەردە قاراپ قوياتتى. شۇ ئەسنادا نۇسرەت توساتتىنلا ئابــدۇللانى مەيدىسىدىن ئىتتىرگىنىچە:

— سىز مېنى ئالدىدىڭىز، — دېدى خۇددى چوڭ كىشىلەر ـ دەك ئەلپازدا كــۆزلىرىنى يانغــا ئېپقېچىــپ. ئۇنىــڭ چىرايىــدىن بىــر خىــل نەپــرەت ئۇچقــۇنى يېلىنجايتتى. نۇســرەتنىڭ بــۇ كەيپىيــاتى

ئابدۇللانىلا ئەمەس، ئىپارگۇلنىمۇ ھەيرانلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. ئەسلىدە نۇسرەتنىڭ ئابدۇللادىن ياتسىرىشىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. چۈنكى، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ سارەمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئابدۇللانىڭ ئاتىلىق مېھرىدىن مەھرۇم بولغاچقا، بۇنداق ياتسىرىشى تەبىئىي ئىدى. بىراق، نۇسرەتنىڭ ئابدۇللاغا نەپرەتلىك نەزەردە بېقىپ دېگەن بۇ گېپى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئەجەبلەندۈرەتتى. قارىغاندا نۇسرەت ئابدۇللادىن قاتتىق رەنجىگەندەك قىلاتتى. نۇسرەتنىڭ كۈتۈلمىگەن ئىنكاسى ئابدۇللانى چۆچۈتكەچكە، كۆڭلىنى قاچان، قايسى ئىشتا، قانداق ئاغرىتىپ قويغانلىقىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي قالدى.

— قىزىم، قېنى ئېيتىڭە، مەن سىزنى قانداق ئالدىدىم؟ — سورىدى ئابدۇللا نۇسرەتنىڭ يۇمران قولىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

— سىز...... سىز مېنى ئېلىپ كېتىمەن، ئۆزۈم باقىمەن دېگەنىغۇ!.....

ئابدۇللانىڭ قوشۇمىسى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپ، كاللىسىدا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، كۆڭلىدىن تالاي ئىشلارنى ئۆتكۈزدى. بىردەمدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، كاللىسىنى سىلىكدى. راست، ئابدۇللا ئىلگىرى نۇسرەتكە شۇنداقراق گەپنى قىلغان. بۇ تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد بولغان كۈنى كەنجىلەرنىڭ بارات نىيازنىڭ ئۆيىدىكى يىغىلىشىغا قاتناشقاندا، نۇسرەتنى ئاكىسى ئارقىلىق سارەمنىڭ يېنىدىن ئەكەلدۈرۈپ جاراستاندا دېگەن گەپ ئىدى. ئابدۇللا شۇ تاپتا ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتاتتى. ئەمما، نۇسرەت ئارىدىن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئېسىدە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئابدۇللا نۇسرەتكە ئەھۋالنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي بىردەم مەڭدىدى. ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان ئىپارگۈل ئابدۇللانىڭ

چىرايىنىڭ بىردە تاتىرىپ، بىردە قىزىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلاندى. ئۇ نۇسرەتكە نېمىدۇر دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، ئابدۇللا نۇسرەتنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— قىزىم، مەن...... مەن...... خىزمىتىم بەك ئالدىراش بولغاچقا سىزنى قايتۇرۇپ كېلەلمىدىم. يەنە بىر مەزگىل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، سىزنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىمەن......

— ياق، مېنى ئانام باقىدۇ. يەنە خەلچەم ئاناممۇ بار، بىز ئەمدى غۇلامنىڭ ئۆيىگە بارمايمىز. خەلچەم ئانامنىڭ دۇكىنىدا تۇرىمىز، غۇلام بەكمۇ ئەسكىكەن، ئانامنى ئۇردى......

— نۇسرەت، ئۇ گەپلەرنى دېمە، — ئىپارگۈل نۇسرەتنى سۆزلەشتىن توسقان بولسىمۇ، بىراق نۇسرەت بۈگۈن ئابدۇللاغا ھەممە گېپىنى دېۋالماقچى بولغاندەك سۆزلەۋەردى:

— سىز خانىم بىلەن توي قىلىدىكەنسىزغۇ...... ئەمدى يېنىڭىزغا ھەرگىز كەلمەيمەن!......

— نۇسرەت! نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ ماڭە كېتەيلى، — ئىپارگۈل ئەمدى بۇ يەردە يەنە تۇرۇۋېرىشنى ئەپسىز ھېس قىلدى بولغاي ئابدۇللاغا قاراپ دېدى، — ئابدۇللا دادا، بىز كېتەيلى، دۇكانغا تېزرەك بارمىساق ئانام ئەنسىرەپ قالىدۇ!

ئىپارگۈل شۇنداق دېگىنىچە نۇسرەتنىڭ قولىدىن تارتىپ يۈرۈپ كەتتى. نۇسرەت ئىپارگۈلگە ئەگىشىپ مېڭىۋېتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ قويۇپ قويۇپتى. كۆتۈلمىگەن بۇ ئىش ئابدۇللانىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق تاسادىپىي يۈز بەردىكى، ھەرقانداق ئىنكاسى تېز ئادەممۇ ئۆزىنى دەڭسەپ لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئابدۇللا ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئىپارگۈلنىڭ يېنىدىكى نۇسرەتكە بىر نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە «ئىپارگۈل نۇسرەتكە تاپا ـ تەنە قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. ئاندىن يول بويى بايا نۇسرەتنىڭ «سىز خانىم بىلەن توي

قىلىدىكەنسىزغۇ» دېگەن گېپى خىيالىغا كىرىۋېلىپ، نۇسرەتنىڭ بۇ ئىشتىن قانداقلارچە خەۋەر تاپقانلىقىغا ئەجەبلەندى.

راست، ئابدۇللا بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يېزىلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پاتىگۈل بىلەن پات ئارىدا توي قىلىشقا پۈتۈشكەنىدى. بۇ ئۇنىڭ ئەمەلدار بولۇپ ئىختىيارى باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى يەنە بىر يېڭىلىق ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇنىڭغا يېزىنىڭ ئاياللار مۇدىرى ئايىم خانىم بىۋاسىتە ئەجىر قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئابدۇللانىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا دېدى:

— ئا شۇجى، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتلىرى كۈندىن-كۈنگە ئالدىراش بولىدۇ. تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالىلا، ئەمدى بويتاق يۈرۈۋەرسىلە بولمايدۇ. بۇنىڭغا باشقا رەھبەرلەرمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. مەن بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىر ئۆزلىرىگە ئوبدان بىر نامزاتنى تاللاپ چىقتىم. سىلى قوشۇلسىلا توينى كىچىكتۈرمەي قىلىۋېتەيلى.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، بۇ ھەقتە تېخى ئويلاشـ-مىدىم، كېيىنچىرەك بىر گەپ بولسۇن.

— ئەمدى ئويلاشمىسىلا بولمايدۇ، سىلى پەقەت نامزاتنى مۇقىمداپ بەرسىلە، قالغان ئىشلارنى بىز يولدايمىز.

— بۇ...... بۇ...... قانداق گەپ بولدى ئەمدى......

— تۇرمۇش ئىشى دېگەننىڭ ھېچقانداق تارتىنىدىغان يېرى يوق. مەن يېزىمىزدىكى مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كۆزى ھېسابلانغان ھېلىقى پاتىگۈل خانىم بىلەن دېيىشىپ بولدۇم. ئۇ سىلى بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدى. ئەگەر بۇ ئىش روياپقا چىقسا، گۈلى گۈلىگە كەلگەن جۈپلەردىن بولىسىلەر.

— مەن توي ئىشىم توغرۇلۇق ھازىرچە ئويلاشمىدىم دېدىمغۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە پاتىگۈل خانىم بىلەن تونۇشمىسام......

— پاتىگۈلنى تونۇمايمەن دېگەنلىرى قاملاشمىدى، ئا شۇجى. يېزىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆزى تۇرسا ئۇ! سىلىگە ئەمدى گەپنى ئېنىق دېمىسەم بولمىغىدەك. قارىسىلا، رەھبىرىي كادىرغا يامانىنىڭ كۆزى تەگكىلى ئارانلا تۇرىدۇ. رەھبىرىي كادىر سىلىدەك بويتاق يۈرسە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇ چاغدا تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ...... ئەمدىغۇ مەقسىتىمنى بىلگەنلا. يېزىمىز ئۇزاققا قالمايلا سىلىنىڭ قوللىرىغا ئۆتىدۇ. مەن ئاقتاش يېزىسىنىڭ ئاياللار مۇدىرى تۇرۇپ سىلىنى قوللىمىسام، تۇرمۇشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىسەم قاملىشامدۇ؟

— بۇ...... مەن...... تازا...... ماڭا كۆيۈنگەنلىكلىرىگە كۆپ رەھمەت. بىراق، ئۇ پاتىگۈلنى مەن تازا بىلىپ كەتمەيدىكەنمەن، شۇڭا......

— بۇرۇن بىلمىگەن بولسىلا ئەمدى بىلىلا، مانا مەن ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ياخشى بىلىمەن. پاتىگۈل ناھىيەلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنى ئۇزاق مۇددەت باشقۇرغان مەرھۇم يۈسۈپ دىرېكتورنىڭ ئارزۇلۇق قىزى. ئەسلىدە ئۇ سەنئەت مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدە بىر مەزگىل ئىشلەپ، مۇزەپپەر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن كەسىپ ئالماشقان. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مۇزەپپەر يېزىمىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە مۇدىرلىققا قويۇلغاندا يېزىمىزغا كۆچۈپ كەلگەن. تۇرمۇش ئىشىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدىكەن، نېمىسى نېمە بولغانكىن، يىل بېشىدا مۇزەپپەردىن ئاجرىشىپ كەتتى. يېقىندا ناھىيەگە يۆتكىلىپ كېتىشكە يول ماڭغانىكەن، مەن سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ توسۇپ قويدۇم.

— سىلىنىڭچە بۇ ئىش قانداق بولار؟ ئەملىم ئۆسۈشكىلا ئەسلىمنى ئونتۇسام قاملاشماس، توي قىلسامۇ يېزىمىزدىكى بىرەرسى بىلەن قىلارمەن دېگەنىدىم......

— نېمە دېدىلە؟ بۇ گەپنى ماڭا دەپ سالدىلا، تالادا باشقىلارغا ھەرگىز دېگۈچى بولمىسىلا ماخما! سىلى ئۆزلىرىنى ھازىرمۇ بۇرۇنقى ئابدۇللا دەپ ئويلامىلا؟ تېخى يەنە شۇ لاي پاچاق چوكانلاردىن بىرەرسى بىلەن توي قىلىش چۈشىنى كۆرۈپ يۈرەمىلا؟ ئەمدى ئۇنداقلار سىلىگە ھەرگىزمۇ ماس كەلمەيدۇ! گەپنىڭ راستىنى دېسەم، سىلىگە ئوبدان خىزمىتى، گۈزەل رۇخسارى، شۈدى ھەم ئاغزىدا تاتلىق گېپى بار پاتىگۈلدىن باشقىسى لايىق كەلمەيدۇ جۇمۇ، ئاشۇجى!

— بۇ ئىشقا تازا ئىشەنچ قىلالمايمەن، ئۆزۈم دېھقانىنىڭ پۈشتى تۇرۇپ...... ئەسلىمنى ئۇنتۇسام خەق نېمە دەركىن......

— خەق بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟

— ئەمدى شۇ......

— بۇنداق دېلىغۇل بولۇپ كۆڭۈل توختىتالمىسىلا، گەپنىڭ ئېنىقىنى دېمىسەم بولمىدى. بۇ ئىشقا يېزا مەسئۇللىرىمۇ قوشۇلۇپ بولغان......

— نېمە؟ مېنىڭ توي ئىشىمنى يېزا مەسئۇللىرى بېكىتەمە-دىكەن؟ بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟

— بىلسىلە، بۇ ئۇلارنىڭ سىلىگە كۆڭۈل بۆلگىنى، ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۇلارنى رەنجىتىپ قويمىسىلا......

— ئۇنداق بولسا مەن ئويلىنىپ باقاي.

— ھە، مانا ماۋۇ گەپلىرى سەل قاملاشتى. ئەمىسە مەن پاتىگۈلگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزەي، ئۇ بەزى تەييارلىقلىرىنى ئالدىن قىلغاچ تۇرسۇن.

— ھەي، توختىسىلا، مەن تېخى...... — ئابدۇللا دېلىغۇل-لۇق ئىلكىدە ئىشخانىسىدىن چىققاندا ئايىم خانىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئىش دەسلىپىدە مۇشۇنداق تاسادىپىي ھەم ئاددىي باشلانغان بىلەن، ئارىدا سالاچىلار بوش كەلمىدى. شۇنداق

قىلىپ، ئابدۇللانىڭ ھەرقانداق سەۋەبلىرى نەزەرگە ئېلىنماي، پاتىگۈل بىلەن بولغان توي ئىشى رەسمىي بېكىتىلدى.
ئۆيىدىكى تەنھالىق ئابدۇللانى خىيال قاينىمىدا ئۈزدۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نۇسرەتنىڭ بايىقى نەپرەتلىك نەزەردە قارىغاندىكى قىياپىتى كەتمەيۋاتاتتى. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ زورى بىلەن پۈتىۋش ئالدىدا تۇرغان، ئەمما ئۆزىدە تېخى تازا ئىشەنچ بولمايۋاتقان بۇ ئىشنىڭ يۈرتقا شۇنچە تېز تارقىلىپ كېتىشى، يەنە كېلىپ توي قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان نۇسرەتنىڭمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۆلگۈرۈشى ئابدۇللانى ھەقىقەتەن ئەجەبلەندۈرۈپ، ئويلىغانسېرى سارەمگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئېشىۋاتاتتى.
ئېپارگۈل دۇكانغا كېلىپلا نۇسرەتنىڭ يولدا ئابدۇللاغا دېگەن گەپلىرىنى سارەمگە يەتكۈزگەچكە، بۇ ئىش توغرۇلۇق شۇ تاپتا خەلچەم سارەمگە تاپا ـ تەنە قىلىۋاتاتتى. خەلچەم بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى سارەم بىلەن شۇنچە مەخپىي دېيىشكەن بۇ ئىشنى سارەمنىڭ نۇسرەتكە دەپ قويغانلىقىدىن گۇمانلانماي تۇرالمىدى. شۇ كۈنى كەچتە تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەن سارەم دۇكانغا كىرىپلا خەلچەمگە كۇسۇرلىدى. سارەم يەتكۈزگەن خەۋەرگە خەلچەم دەسلەپتە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، كېيىن نېمىشقىدۇر قولى ئىشقا بارمىدى. ئەتراپىدا شاگىرتلىرى ئىشلەۋاتقاچقا، سارەمنى ئەگەشتۈرۈپ ياتاق ئۆيگە كىردى.
ــ بايىقى گېپىڭىزنى تازا ئاڭقىرالمىدىم، ئەمدى دەڭە، ــ دېدى خەلچەم سارەمگە تىكىلىپ.
ــ ئابدۇللا ھېلىقى پاتىگۈل خانىم بىلەن كېلەر ھەپتە توي قىلىدىكەن......
ــ ئۇنداق ئەمەستۇ؟
ــ ئاڭلىشىمچە، راست ئوخشايدۇ.

— بۇ...... مەيلى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئابدۇللاغىمۇ تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلدار بولدى ئەمەسمۇ، ئەمدى بويتاق يۈرۈۋەرسە بولمايدۇ. شۇڭا، توغرا چۈشەنگىنىمىز تۈزۈك.

— ئابدۇللادىنغۇ ئۈمىدىم ئۈز ۋاقتىدىلا ئۈزۈلگەن، شۇنداقتىمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئارىمىزدا نۇسرەت بار ئەمەسمۇ......

— ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەڭ. نۇسرەتمۇ بىر كۈن يىغلىسا، بىر كۈن كۈلۈپ چوڭ بولىدۇ. مانا مەنمۇ ئىككى بالا بىلەن تۇل ئولتۇرىمەنغۇ!

— ئويلىماي دېسەممۇ كاللامغا كىرىۋالىدۇ، ئەرلەر نېمانچە رەھىمسىزدۇ؟ ئۇلار ئاياللارنى خورلىسا كۆڭلى شۇنچە خۇش بولامدىغاندۇ؟

— باللار كېلىپ قالدى، ئەمدى بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، سىزمۇ بۇ گەپنى سىرتلاردا باشقىلارغا دەپ يۈرمەڭ، بولۇپمۇ نۇسرەت ئاڭلىمىسۇن.

خەلچەم گەرچە ئۆزىنى شۇنچە بېسىۋېلىپ، سارەمگە شۇلارنى دېگەن بولسىمۇ، ئاخشىمى ياستۇققا بېشىنى قويغاندىن تارتىپ، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغۇچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇ كۈنى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنچىلىكلا گەپ بولۇنغان، يەنە كېلىپ دەردىنى باشقىلار تۆكۈل، ھەتتا بىر - بىرىگىمۇ قىلىچە چاندۇرمىغانىدى. شۇڭا، نۇسرەتنىڭ بۇ ئىشنى قانداق بىلىۋالغىنى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايتتى. خەلچەم بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىپارگۈل بىلەن نۇسرەتنى سىرتتا ئويناپ كىرىشكە چىقىرىۋېتىپ، سارەمدىن بۇ ئىشنى نۇسرەتكە دېگەن-دېمىگەنلىكىنى تەكرار سورىغانىدى، دەسلەپتە ھودۇقۇپ دېمىگەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر خەلچەم ئۆزىنىڭ بىر قىسىم گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، سارەم يىغلامسىراپ:

— ئاچچىقىمغا پايلىماي نۇسرەتكە دەپ ساپتىمەن، — دېدى. گەرچە خەلچەمنىڭ سارەمگە ھېسداشلىق قىلغۇسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ قېتىم بەكمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىغا يەتكۈچە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ «بۇ ئىشتا ئابدۇللا مەندىنمۇ رەنجىيدىغان بولدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. سارەممۇ خەلچەمنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي-ۋاتاتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، خەلچەمنىڭ پاراكەندە كۆڭلى ھېچ جايىغا چۈشەي دېمەيتتى.

— مەن نادانلىق قىپتىمەن، سەۋەنلىكىمنى كەچۈرۈڭ، — دېدى سارەم خەلچەمنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇش ئۈمىدىدە. بىراق، ئۇنىڭلىقىقا خەلچەمنىڭ ئاچچىقى بېسىلىدىغاندەك قىلمايتتى:

— سارەم، بىر بالىغا ئانا بولغان ئادەمگە مۇشۇنداق نادانلىق يارىشامدۇ؟ ئۆتكەندە بۇنى نۇسرەتكە دېمەسلىكنى شۇنچە تاپىلىسام، گېپىم نېمىشقا قۇلىقىڭىزدا تۇرمىدى؟ بۇنىڭغا سىز بەرداشلىق بېرەلمىگەن يەردە، كىچىك بالىنىڭ نازۇك قەلبى زەربىنى كۆتۈرەلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ھازىر مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇۋاتىسىز، ئابدۇللا مەندىنمۇ رەنجىمەي قالارمۇ؟

خەلچەم ئىچىنى سەل بوشىتىۋېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. سارەم بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ھەيكەلدەك ئولتۇرۇپ قالدى.

ھەپتىدىن كېيىن خەقنىڭ ئاغزىدىكى گەپ راستقا ئايلىنىپ، ئابدۇللا بىلەن پاتىگۇلنىڭ تويى بولدى. كەۋسەر بىلەن سەدىردىن قىزى باھارنى ئالدىنقى كۈنى ئىچكى ئۆلكىدىن ۋىلايەتكە كەلگەن دوختۇرغا كۆرسەتكىلى كېتىپ قېلىپ تويغا قاتنىشالمىدى. نىياز بىردەم ئانايەت كۇدەك بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن خۇمدانغا كەتتى. ئەتىگەندىلا بارغان خەلچەم كەيپىياتى تازا ياخشى بولالمىدىمۇ دۇكىنىغا بالدۇرلا قايتىپ كەلدى. چۈشتىن كېيىن بىرنەچچە كىچىك ماشىنا بازارنىڭ ئوق يولىدىن ئەگىپ

ئۆتكەندە، خەلچەم بىلەن سارەم ئېرەنىشمەي ئۆز ئىشنى قىلغان بولسمۇ، بىراق شاگىرت قىز - چوكانلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشقىنىچە بىر - بىرىگە كۆسۈرلىششقا باشلىدى. بۇنىڭغا تازا ئاچچىقى كەلگەن خەلچەم:

ــ نېمىگە قارايسىلەر؟ توي بولغاننى كۆرمىگەنما؟ ئۆزۈڭلارنى سوراپ ئىشىڭلارنى قىلساڭلار بولمامدۇ!؟ ــ دېدى دوق قىلىپ.

شۇنىڭ بىلەن شاگىرتلار دېرىزىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ ئۆز ئىشلىرىغا تۇتۇندى. خەلچەم يېنىدا ئىش قىلىۋاتقان سارەمگە ئىختىيارسىز قارىدى - يۇ، ئۆزىچىلا ئۇيىلىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى نېمىشقىدۇر سارەمنىڭ چىرايىدەكلا ئۆڭۈپ كەتكەنىدى. گەرچە خەلچەم ھېلىلا كوچىدىن تىزىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىلارغا ئەتەي قارىمىغان بولسىمۇ، كۆڭلى ھەممىنى تۇيغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، بۇ تويغا باشقىلار كۆزى بىلەنلا قاراۋاتقان بولسا، سارەم بىلەن خەلچەم يۈرىكىدە قاراپ، ھەربىر تىۋىشنى ئەينەن سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، خەلچەم شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىنى سارەمدىنلا ئەمەس، ئەتراپىدىكى شاگىرتلىرىدىنمۇ يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا دۇكاننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، راشىدىن ئادىتى بويىچە بويىنىنى سوزۇپ خەلچەمگە قاراپ قويغاندىن كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. خەلچەم چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ راشىدىننى چاقىردى. بىراق، راشىدىن كەينىگە قاراپمۇ قويمىدى. نېرىراقتا ئويناۋاتقان بىرنەچچە كىچىك بالا راشىدىننىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشتى.

* * *

باھار تۆت ياشتىن ئاشقاندىمۇ ئاۋۋالقىدەكلا ئورنىدىن تۇرالـمـىدى، كەۋسەر يېنىغا ياستۇقنى يۆلەپ قويمىسا، بىجىرىم

ئولتۇرالماي يىقىلىپ كېتەتتى. سۆزلەشكە تەمشىلەتتى ـ يۇ، تىلى گەپكە كەلمەي قىينىلاتتى. ئۇنى داۋالىتىپ، سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىنىڭ قىلمىغىنى قالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا بەل قويۇۋەتمىدى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن دوختۇر بالىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ: «ساقىيىش ئېھتىماللىقى بەك تۆۋەن، ياخشىسى، ئۆيدىن كۈتۈڭلار» دېدى. بۇ جەرياندا ئاقتاشتا يەنە كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بەردى. ئابدۇللا پاتىگۈل بىلەن توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سارەم بىر كېچىسى خەلچەمگە «نۇسرەتنى ئابدۇللاغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ، مېنىڭ ئاقتاشتا يەنە تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى» دېگەن مەزمۇندىكى بىر پارچە خەت بىلەن نۇسرەتنى قالدۇرۇپ، ئاقتاشتىن ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى. ئابدۇللا نۇسرەتنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق نۇسرەت ئىككى كۈن تۇرۇپلا يەنە خەلچەمنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىۋالدى. غېنى ساقچى يول تېپىپ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كەتتى. كەنجىلەرنىڭ تەقدىرىدىمۇ يەنە بەزى ئۆزگىرىش-لەر بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نىيازنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىنىڭ مۆلچەردىكىدىن ھەسسىلەپ ياخشى يۈرۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاقتاشتا خىش خۇمدىنىدىن يەنە بىرنى قۇرۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان بىناكارلىق شىركەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاساسەن چىقىۋاتقانلىقىنى، راشىدىنىڭ ئاۋۋال-قىدەكلا خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا كۈندە بىر قېتىم كېلىپ شۇنداق قاراپلا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالمىغاندىمۇ، يىقىندىن بېرى سەدىردىن بىلەن كەۋسەرنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشنى تىلغا ئالماي بولمايتتى.

ئىنقىراق ئېيتقاندا، كەۋسەر بىلەن سەدىردىن يەنە ئايرىلىشىپ قالغانىدى. گەرچە كەۋسەر دادىسى بىلەن خەلچەمنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى نەسىھەتىنى ئاڭلاپ، قىزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى

دەپ ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىشقا بەل باغلىغان بولسىمۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئارازلىق ئاخىر يۈز بەردى. ئارازلىق ئۇرۇقى ئۇلار بۇ قېتىم باھارنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ داۋالىتىپ ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كېلىۋاتقان سەپەر ئۈستىدىلا بىخ سۈردى. ئۇ كۈنى سەدىردىنىڭ كەيپىياتى ناچار بولۇپ، خېلىدىن بېرى يېنىدىكى كەۋسەر بىلەن باھارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك ئاپتوبۇسنىڭ كۆزنىكىدىن سىرتقا قاراپ خىيالغا پاتقىنىچە ئولتۇراتتى. گاھىدا ئېغىر تىنىپ خورسىنىشىدىن كۆڭۈلسىز خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. كەۋسەر ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ، بەلكىم يول ئازابىدىن چارچاپ قالغانمىكىن دەپ ئويلىدى. كەۋسەرگىمۇ ھەقىقەتەن ھاردۇق يەتكەندى. يەنە كېلىپ ئاشقازىنى ئاغرىپ، كۆڭلى ئاينىپلا تۇرغاچقا، ئەتىگەندىن بېرى باھارغا تازا ياخشى قاريالمايۋاتاتتى. بىر چاغدا سەدىردىنگە ياردەملىشىش ھەققىدە ئېغىز ئاچا ـ ئاچماي دەككىسىنى يېدى:

— ياخشىسى بالىغا ئۆزۈڭ قارا، — دېدى سەدىردىن كۆزلىرىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ قوپال تەلەپپۇزدا.

كەۋسەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي تەئەججۈپلىنىپ تۇرۇپلا قالدى. ئارىدا باھار چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ گۇڭگىرلىۋىدى، كەۋسەر جىددىيلەشتى:

— ئاخشام بالىنىڭ ئىچى سۈرۈپ قاپتىكەن، قورسىقى ئاغرىۋاتقان ئوخشايدۇ. شوپۇرغا ئېيتقىن، ئاپتوبۇسنى توختاتسۇن، — دېدى ئۇ يەنە چاندۇرمايلا باھارنى بەزلەپ.

ئاپتوبۇس توختىغاندىن كېيىن سەدىردىن يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز خىيالىنى سۈرۈۋەردى. ئەسلىدە سەدىردىن باھارنى كۆتۈرۈپ پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ، تەرەت قىلدۇرغاندىن كېيىن ئاپتوبۇسقا ئېلىپ چىقسا توغرا بولاتتى. بىراق، سەدىردىن

كېسەل بالا بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىغاچقا، ئاخىر باھارنى كەۋسەر كۆتۈرۈپ پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ تەرەت قىلدۇرۇپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئاپتوبۇستىكى تارچۇقلاردا قىسىلىپ خېلىلا جاپا تارتتى. كۆڭلىدە دادىسىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپەرگە ئۇلارنى كىچىك ماشىنىدا ماڭغىلى قويمىغانلىقىغا نارازىمۇ بولدى. دېمىسىمۇ، سەدىردىنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى باغرى قاتتىقلىقىغا سەپەرداشلىرىمۇ ئەجەبلىنىشتى. ئارىدا بىرسى يېنىدىكى ھەمراھىنىڭ قۇلىقىغا: «نېمانداق باغرى قاتتىق ئاداش بۇ، خۇدايىم مۇشۇنداق چىرايلىق خوتۇننى نېسىپ قىلغاندىكىن، بېشىدا كۆتۈرۈپ كۆيۈنسە بولمامدۇ، ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەسمىدۇ ـ يا؟» دەپ پىچىرلىدى.

كەۋسەر سەپەر جەرياندا سەۋر قىلغان بولسىمۇ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن تاقەت قىلالمىدى:

— باھارغا مەنلا قارامدىم؟ نېمىشقا بىكار تۇرۇپ ياردەملەشمەيسەن؟ — دېدى شۇ كۈنى كەچلىكى باھارنى ھاجەتخانىغا ئاپىرىدىغاندا سەدىردىنگە كايىپ.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارغا مېنى ئاۋارە قىلماي ئۆزۈڭ قىل! — دېدى سەدىردىن تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— باھار مېنىڭلا بالامۇ؟ نېمىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىلمايسەن؟ — كەۋسەر ئاچچىقىدا شۇلارنى دەۋېتىپ، كۆڭلىدە «سەدىردىنىڭ ماڭا بىرەر غومى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. دېگەنىدەك سەدىردىن يېرىلالماي ئاران تۇرغاندەكلا كۆڭلىدىكىنى بىر ـ بىرلەپ ئاشكارىلاشقا باشلىدى:

— ھازىرچە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ساڭا گەپ قىلماي دېگەنتىم. قارىغاندا «تەشنالىق» ىڭنى قاندۇرۇپ قويمىسام بولمىغۇدەك، مېنى بىلمەيدۇ دېمە، باھارنىڭ مۇشۇنداق مېيىپ بولۇپ قېلىشىغا ئەسلىدە سەن سەۋەبچى، ئىلگىرىدىنلا ۋۇجۇدۇڭغا ئورناپ

كەتــكەن جاھىللىقىــڭ، ھاكــاۋۇرلۇقۇڭ، تەرســالىقىڭ، يەنە......
يەنە...... ماڭــا قىلغــان ئوســاللىقلىرىڭ بالىمىزنىــڭ مۇشــۇنداق مىيىپ بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان، بىلدىڭما!؟

سەدىردىنىڭ كۆتۈلمىگەندە ھوگدىن پوڭ چىققاندەك دېگەن بۇ گېپى كەۋسەرنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، نېپىز لەۋلىرى تىترىدى، ھارغىنلىقتىن ئىلىشىپ كەتكەن شەھلا كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ، پۈتۈن جىسمى ماغدۇرسىزلاندى.

ـــ بۇ...... بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ـــ دېيەلىدى كەۋسەر ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ.

مۇبــادا ســەدىردىن بايــا شــۇ گەپلەرنــى دەۋاتقانــدا كەۋســەر كىرىسلودا ئولتۇرماي، ئۆرە تۇرغان بولسا بېشى قېيىپ ئورنىغىلا يىقىلغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قاتتىق پاراكەندە بولغىنىدىن ئۆزىنىــڭ نەدە تــۇرۇۋاتقىنىنى ســەزمەي قالــدى. كېــيىن لېۋىنى چىشلەپ تەستە ئېسىنى تاپتى.

ـــ بۇ چاغقىچە ئۆزۈمنى ئەقىللىك ھېسابلايتتىم، ئەمەلىيەتتە بەكمۇ دۆتكەنمەن. تا مۇشۇ كۈنگىچە باھارنىڭ مىيىپ بولۇپ قېلىشىغا سېنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىڭنى ئويلىماي يۈرۈپتىمەن!

بۇ ئاھانەتكە كەۋسەر زادى تاقەت قىلالماي:

ـــ قىزىتمــاڭ ئــۆرلەپ جۆيلۈۋاتامايدىغانســەن، مۇشــۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ گېپىڭ بولسا ئەگىتىپ يۈرمەي، ئۇدۇللا دەۋەرمەمسەن!ـــ دېدى سەدىردىنگە نەشتەردەك تىكىلىپ.

ـــ جۆيلۈگىنىم يوق، ھەق گەپنى دەۋاتىمەن. ئەسلىدە سەن بــالىنى تۇغمــاي ئالــدىرۇۋېتىمەن دەپ قالايمىقــان دورا يەپ، باھــارنى قورسىقىڭدىكى ۋاقتىدىلا پارالىچ قىلىپ قويۇپتىكەنسەن!......

ـــ سەن...... سەن...... زادى...... نېمە، نېمە دېمەكچى؟ ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋېرىشتىن ئۇيالمامسەن؟

كەۋسەر بۇ گەپلەرنى دۇدۇقلاپ شۇنداق تەستە دېدى. ئۇنىڭ

شۇ تاپتىكى كەيپىياتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان سەدىردىن بىردىنلا روھلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ئۈرۈمچىدە باھارنى تەكشۈرگەن دوختۇردىن: «قىزىم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئايالىم باش ئاغرىقى دورىسىنى قالايمىقان يەپ زەھەرلىنىپ قۇتقۇزۇۋېلىنغان. بۇنىڭ قىزىمنىڭ مېيىپ بولۇپ قېلىشى بىلەن باغلىنىشى بارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئەلۋەتتە باغلىنىشى بار، ئىش سىز دېگەندەك بولسا، بالا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا مېڭە پارالىچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن» دېدى. بىلدىڭمۇ؟

— سەن...... مەن...... نەدىمۇ ئۇنداق ئىش باركەن؟

— ئەمدى بىلىۋاتىمەن، ئۆز ۋاقتىدا سەن نىيىتىڭنى يوشۇرۇپ «باش ئاغرىقى دورىسىنى يېدىم» دېگىنىڭ بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش غەرىزىدە قالايمىقان دورا يەپ زەھەرلەنگەن ئىكەنسەن، شۇنداقمۇ؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلىمە؟ مېنىڭ ئىلگىرى تارتقانلىرىم يېتەرلىك بولمىدىمۇ؟ مېنى يەنە نېمە قىل دەيسەن؟

گەرچە كەۋسەر سەدىردىنگە باش ئەگمەي، تىغمۇتىغ ئېلىشىۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە قاتتىق پۇشايمان باش كۆتۈرۈۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، سەدىردىن مۇشۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارغۇچە شۇ قېتىمقى زەھەرلىنىشنىڭ باھارنىڭ بەختسىزلىكى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. قاچاندۇر بىر چاغدا مەكتىپىدىكى بىر خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا مۇشۇنىڭغا يېقىنراق گەپنى قىلغاندا، ئېھتىماللىق قالدۇرماي خېلى مەزگىلگىچە رەنجىپ يۈرگەنىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ يۈرەك زېدىسىنىڭ ئۈستىگە ئەمدى قىزىلمۇچ سۈيى قۇيۇلىدىغاندەك قىلاتتى. مۇبادا سەدىردىننىڭ دېگەنلىرى

راست بولۇپ قالسا، باھارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبكارى باشقا بىرسى ئەمەس، يۈرەك پارسىغا ھاياتىنىمۇ تەسەددۇق قىلىشتىن ئايانمايدىغان دەل ئۆزى بولاتتى. بۇ نەقەدەر ئازابلىق ئىش- ھە!؟ شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ بىنورمال روھىي ھالىتىنى سەدىردىنگە بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشۋاتقىنى بىلەن ئۆزىنى ئاقلاشقا ئامال تاپالمايۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ جىم بولۇۋېلىشىنى چاندۇرمىدى دېگىلىمۇ بولمايتتى. سەدىردىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، ئەمدى بايىقىدىنمۇ بەكرەك ئەزۋەيلەشكە باشلىدى:

— سىنىڭ ئەمدى مېنىڭ ھەم باھارنىڭ ئالدىدا ۋىجدان، غۇرۇر دېگەنلەر ھەققىدە گەپ قىلىشقا يۈزۈڭ چىدامدۇ!؟ بۇ ئاتالغۇلارنى ئىلگىرى ھە دېگەندە تىلغا ئالاتتىڭ. ئەمدى دەپ باقە قېنى! سەندە نورمال ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ۋىجدان، مەسئۇلىيەت بارمۇ!؟

— ھەممە ئىش ئۆزۈمگە ئايان. ماڭا ئەلپازىڭنى بۇنچە يامان قىلىپ ۋارقىرىغۇدەك گۇناھ قىلمىدىم، مېنىڭ كېسىلىم بىلەن باھارنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. مۇبادا بۇنىڭ ئېھتىماللىقى بولسا دوختۇر شۇ چاغدا بىزگە دېگەن بولاتتى! ئەمدىلىكتە ماڭا بۇنداق بەتنام چاپلىغۇچە كۆڭلۈڭدىكىنى ئوچۇق دېسەڭ بولمامدۇ؟

— نېمە؟ سەن تېخى باھارنى ئۆمۈرلۈك مېيىپ قىلىپ قويغىنىڭنى ئېتىراپ قىلمامسەن؟ بۇ دۇنيادا سەندەك ئۆز قىزىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئانىدىن يەنە نەچچىسى باردۇ؟ بۇ رەزىللىكىڭنى ئويلىغانسېرى غەزىپىم تاشىدۇ مېنىڭ!

سەدىردىننىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ كەۋسەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئەمدى بىر نېمە دېيىشكە ھەرقانچە ئىنتىلگەن بىلەن ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي ئېسەنگىرەپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ، سەدىردىن

چىقىپ كېتىپ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىمۇ قايتىپ كىرمىدى. باھارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتقان كەۋسەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە سەدىردىننىڭ بايىقى گەپلىرى تېخىچىلا ياڭراۋاتاتتى. شۇ تاپتا گويا يەر شارى ئايلىنىشتىن توختاپ قالغاندەك، تەبىئەت دۇنياسىدىكى قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقان بارلىق مەۋجۇداتنىڭ پائالىيىتى قالايمىقانلىشىپ، يەر شارى ئۆز ئوربىتىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك سېزىلەتتى. «مۇبادا سەدىردىننىڭ، توغرىسى ئۈرۈمچىدە باھارنى داۋالىغان مەسئۇل دوختۇرنىڭ دېگەنلىرى راست بولسا، مەن ھەقىقەتەنمۇ باھارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبكارى بولىمامدىمەن!؟ قايسى ئانا ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان يۈرەك پارىسىنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەبكار بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە بۇ دۇنيادا خاتىرجەم ياشىيالايدۇ!؟ ئاھ خۇدا! ئۆز ۋاقتىدا نېمىشقا مۇشۇ ئاقىۋەتلەرنى ئويلىمىغاندىمەن!؟ تەقدىر - قىسمەت بۇ يولدا تۆلىگەن شۇنچە زور بەدەللىرىمنى ئېتىبارغا ئالماي مېنى ئاخىرىدا مۇشۇنداق ھەسرەتكە يەم قىلارمۇ؟ ياق! ياق! ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس! ئۆز ۋاقتىدا ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا مېنى قۇتقۇزۇۋالغان دوختۇر ئۇنداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى دېمىگەن ئىدىغۇ!؟ ئەمدى نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ زادى نېمىشقا؟» كەۋسەر ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلايتتى. مۇشۇ كۈنگىچە باھارنىڭ بەختسىز-لىكىنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ بىلگەنلىكىگە ئۆكۈنەتتى. كەۋسەر ئەمدى باھارنى تۇغقاندىن بۇيان بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى، سەدىردىن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھەربىر كۆڭۈلسىزلىكتىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى دەڭسەپ كۆردى. بۇ ئارقىلىق كۆڭلىنىڭ ئەڭ تېرەن قاتلىمىدىن مەۋھۇم بىر سوئالنىڭ جاۋابىنى تاپماقچى بولاتتى. راست، تويدىن كېيىنكى كۈنلەر ئاجايىپ پىغانلىق، ھەسرەتلىك ھەم ئالدىراشچىلىق ئىلكىدە ئۆتتۈپتۇ. خىزمەتتىن باشقا ۋاقتىنى

باھارنىڭ يېنىدا پايپېتەك بولۇپ ئۆتكۈزۈپتۇ. گەرچە باھارغا بارات نىياز ئاقتاشتىن ئەۋەتكەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال قارىغان بولسىمۇ، كەۋسەر يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ئىشتىن چۈشسىلا ئۆزى قارايتتى. سەدىردىن بولسا كۈندۈزى خىزمىتى بىلەن، كەچلىرى دېگۈدەك ئاۋۋالقىدەكلا مېھمان كۈتۈش، مېھمان بولۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. كەۋسەرنىڭ ئېيىسدىكى، ئۆز ۋاقتىدا سەدىردىن بىلەن ياخشى ئۆتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنغىنى راست. كېيىن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دورىدىن زەھەرلىنىپ مەقستى ئىشقا ئاشمىغان. بۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى مەسئۇل دوختۇرنىڭ: «بىمار باش ئاغرىقى دورىسىنى قالايمىقان يەپ دورىدىن زەھەرلەنگەن» دېگەن خۇلاسىسى بويىچە گۇمانسىزلا ئاخىرلاشقان. مۇھىمى، كەۋسەر تەقدىرگە تەن بېرىپ بالىنى سالامەت تۇغۇشقىلا ئەمەس، ئۇنى ئاتا مېھرىدىن مەھرۇم قىلماسلىقنىمۇ كۆزدە تۇتقانىدى. كېيىنكى يىللاردا يەنە بالىلىق بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، باھار شۇ ھالدا تۇرۇۋاتقاچقا، سەدىردىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇنى كېيىنگە قالدۇرغان. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۆتكەن ئىشلاردا ھېچقانداق غەيرىيلىك ۋە كەۋسەر بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن بىرەر سەۋەنلىك يوق ئىدى. ئەگەر بار دېيىلسە، كەۋسەرنىڭ ئىلگىركى نىيىتىدىن يېنىپ، سەدىردىننى ئەپۇ قىلغانلىقى، باھار ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا بەل باغلىغانلىقى جىڭغا ئولتۇراتتى. چۈنكى، ئەينى چاغدا سەدىردىن كەۋسەرنى بالىنىستىن ئۆيگە ئەكېلىدىغاندا، شۇ قېتىمقى «باش ئاغرىقى» كېسىلىنىڭ قايتا قوزغىلىشىغا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. مۇبادا ئىشلار ئەمدىلىكتە سەدىردىن بايا ئېيتقانىدەك بولۇپ، باھارنىڭ مېڭە پارالىچ كېسىلىنىڭ سەۋەبى كەۋسەرگە ئارتىلسا، چەكتىن ئاشقان شەپقەتسىزلىك بولمامدۇ!؟...... بىر چاغدا

باھار قولىنى يېرىم كۆتۈرۈپ كەۋسەرنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.
كەۋسەر ئەتىسىدىن باشلاپ بىرنەچچە كۈنگىچە گاراڭ ھالەتتە يۈردى. خىزمەتكە بارغىنى بىلەن دەرسنى ياخشى ئۆتەلمىدى. ئۇ يالغۇز قالسىلا ئۆزىنى ئەيىبلەپ يۈرىكىدە يىغلايتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلچەم ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئىككىسى قانغۇچە مۇڭداشتى. پاراڭ جەريانىدا سەدىردىنىنىڭ يېقىندىن بېرى باھارنىڭ كېسلى تۈپەيلى ئۆزىنى ئەيىبلەپ ئارامىدا قويمىغانلىقىنى بىرمۇبىر دەپ بەردى. خەلچەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كەۋسەردىن بەكرەك غەزەپلەندى. ئاخىرىدا: «سەدىردىن بىلەن ئۆزۈم دېيىشىمەن» دەپ قوپۇۋىدى، كەۋسەر ئۇنى توستى:
— بولدى، ئاچچىقىڭغا ھاي بەرگىن، سەدىردىن ھازىر بۇرۇنقىغا ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ، بەلكى كۈندىن - كۈنگە ھاكاۋۇرلىشىپ ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلماس بولۇۋالدى. بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭغا گەپ قىلساڭ بىكارغىلا كۆڭلۈڭنى زىدە قىلىۋالىسەن!
— ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ ئىلگىرىكى دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلار، ئۇنىڭغا باشقا گەپلەرنى قىلمىساممۇ، باللىق چاغلىرىمىزنى بىر ئەسلىتىپ قوياي دەيمەن.
— مەن ئۇنىڭ خوتۇنى تۇرۇپ مۇشۇ چاغقىچە ئىلگىرىكى كۈنلەرنى ئەسلەتمەي قالامدىمەن؟ نەچچە قېتىم ئەسلەتتىم. قۇلاق سېلىش تۈگۈل ھەقىقەتكىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا كۆز يۇمىدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى!
— ئېسىڭدە باردۇ، ئۆز ۋاقتىدا دوختۇر ھامىلىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىنى ھەممىمىزگە دېگەن. دېمەك، سەندە مەسئۇلىيەت يوق. شۇڭا، ئۆزۈڭنى ئەيىبلەپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مانا مۇشۇ كۈنگىچە قولۇڭدىن كېلىدىغان ھەممە ئامالنى قىلدىڭ. مېنىڭچە، بىر ئايال ھەرقانچە قەيسەر بولغان تەقدىردىمۇ سەنچىلىك قىلىدۇ! — دېدى خەلچەم كەۋسەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە

تىرنىشىپ.

خەلچەم شۇ كۈنى كەۋسەرنى مۇشۇ يوسۇندا بەزلەپ، ئازـ تولا كۆڭۈل ئاۋۇندۇرۇپ قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق سەدىردىن ئەتىسىلا يەنە قاتتىق تەگدى:

— ئېزىلىپ ئولتۇرماي ئۆيىنى تۈزىمەمسەن! باھارنى ئارقىدىكى كىچىك ئۆيگە يۆتكىۋەت دېگەن گەپنى ساڭا يەنە نەچچە قېتىم دەيمەن؟ ئۆيگە مېھمان كېلىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ مەن بىلەن قېرىشىۋاتىسەنغۇ!

سەدىردىننىڭ تەئەددى بىلەن دېگەن بۇ گېپى كەۋسەرنى چۆچۈتىۋەتتى. ئەسلىدە سەدىردىن باھارنى ۋە بالا باققۇچى ئايالنى ئارقىدىكى كىچىك ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى كەۋسەرگە بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئېيتقان بولسىمۇ كەۋسەر قوشۇلمىغانىدى. بۈگۈن سەدىردىننىڭ بۇنى يەنە تىلغا ئېلىشى كەۋسەرنىڭ غەزىپىنى تاشتۇرغاچقا، ئاچچىقىنى باسالماي سۆزلەپلا كەتتى:

— باھار بۇ ئۆيدە بىر ئوبدان تۇرۇۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ قارىشىمىزغا قولاي تۇرسا، ئارقىدىكى كىچىك ئۆيگە يۆتكەپ نېمە قىلماقچى؟ ئۆزۈڭنىڭ قىزىدىنمۇ نومۇس قىلامسەن؟

— بۈگۈن ئۆيگە مېھمان كېلىدىغان تۇرسا! سېنىڭچە ئۇنى مېھمانلارغا كۆرگەزمە قىلساق ياخشى بولامدۇ!؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئۆزىمىزنىڭ بالىسىنى كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈنلا خەققە كۆرسىتىشتىن نومۇس قىلىپ بۇلۇڭدىكى ئۆيدە باقساق قاملىشامدۇ!؟

— باھارنىڭ ساقايمايدىغانلىقى ئېنىق تۇرسا، يەنە ياسالـ ـمىلىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى!؟

— پەسرەك گەپ قىل، باھار ئاڭلاپ قالىدۇ. ھەرھالدا ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە غەرەز ئۇقۇۋاتىدىغۇ؟ ئەجىر قىلساق خۇدايىم ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماس.

— ھېلىمۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇنى داۋالىتىمەن دەپ قىلمىغىنىم قالمىدى! ئەمدى يەنە ئاۋارىچىلىك تارتىشۇەرگۈم يوق! ئانا - بالا ئىككىڭگە يۈز - ئابرۇيۇمنى ھەم جېنىمنى دەسمىي سېلىپ بەرگىلى تاس قالدىم. ئېيتە، ئاقىۋەتتە نېمىگە ئېرىشتىم؟ بىر لەقۋا بالىغا ئاتا بولدۇم شۇ!

— ئەجەب ۋىجدانسىزكەنسەن! ئەسلىدە باھارنى كېسىلى ساقايمايدۇ دەپ نەزەرىڭدىن چەتلەشتۈرمەكچى بوپسەن - ھە؟ مۇشۇنداق رەزىللىكنى بېتىڭ كۆتۈرگىنىگە ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتىنىۋاتىمەن. ئىسىت، سەنمۇ ئاتا بولدۇڭمۇ! مۇشۇ گەپلىرىڭنى باھار ئاڭلىسا كۆڭلىدە ساڭا لەنەت ئېيتماسمۇ؟

— لەنەت ئېيتىشقا تۇغرا كەلسە، ساڭا ئېيتسا دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنى بۇ قىسمەتكە سەن دۇچار قىلغان ئەمەسمۇ! ئەتراپلىق سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بىلدىم، ئەينى چاغدا «بالىنى ئالدۇرۇۋېتىمەن» دەپ بارمىغان يېرىڭ قالماپتىكەنغۇ!؟ بۇ قىلمىشڭنى ئۆز ۋاقتىدا بىلگەن بولسام پۇتۇڭنى چېقىۋېتەتتىم!

— ئۆز ۋاقتىدا «چىرايلىق ئاجرىشىپ كېتەيلى» دېسەم، ئۇنىماي كانىدەك چاپلاشتىڭ! ھېيلىگەرلىك قىلىپ، ياخشى ئۆتىمەن دەپ ۋەدە بېرىشتىڭكى مەقسىتىڭ ئەسلىدە مېنى ئالداپ ئاخىرىدا مۇشۇنداق خورلاشمىدى ؟

— تېخى ماڭا قىلغانلىرىڭنىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ قىلمىدىم. ھازىرغىچە ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ مۇشۇ يەرگە كەلدىم. سەۋر - تاقىتىم توشتى. ئەمدى كۆرگۈلۈكۈڭنى بىر - بىرلەپ كۆرىسەن، ئۇقۇپ قوي!

— بولدى قىل، تەھدىتلىك گەپلىرىڭ بىلەن مېنى قورقىتىمەن دەۋاتامسەن! ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن! ھەممىنى چۈشەندىم. ئەمدى سەن بىلەن ئارازلاشقۇم يوق. بىز چىرايلىقچە ئايرىلىپ كېتەيلى. باھارنى ئۆزۈم باقىمەن، ئۇنى يەنە خورلىشىڭغا

يول قويمايمەن!

كەۋسەر ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەمدى سەدىردىن بىلەن دەتالىشىشقا ماجالى يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىۋاتاتتى. بۇ كونا كېسىلى قوزغىلىشنىڭ بېشارىتى ئىدى. شۇڭا، كېسىلى تاسادىپىي قوزغىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا بار ئامالى بىلەن تىرىشىۋاتاتتى.

سەدىردىن كونا ئادىتى بويىچە زۇۋان سۈرمەي سىرتقا ماڭدى. ئىلگىرىمۇ ئاۋۋال ئاچچىقىغا پايلىماي كەۋسەرگە ئازار بېرىپ، ئۆزىدىن راينى ياندۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا ھوشىنى يىغىپ مۇشۇنداق سىرتقا چىقىۋالاتتى. ئۇنىڭچە بۇ تەگىشىۋېرىپ، ئارازلىشىپ، ئاخىردا ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىن ياخشى ئىدى.

كەچلىكى كەۋسەرنىڭ باش ئاغرىق كېسىلى قوزغىلىپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. خېلى بىر مەھەلدە پەيدا بولغان سەدىردىن كەۋسەرنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا كارىۋاتتا بېشىنى قاماللاپ ئىڭراۋاتقان ئېچىنىشلىق ھالىتىگە قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، نېمىلا بولسۇن ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئېچىۋرۇپ قويدى. كەۋسەرنىڭ ئېسىدە بار، ئىلگىرى مۇشۇنداق چاغلاردا بېشىنىڭ خۇددى مىخ قېقىلغاندەك چىدىغۇسىز ئاغرىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاغرىق توختىتىش دورىسىنى يېمەكچى بولغاندا، سەدىردىن: «ئاشقازىنىڭ ئاجىز تۇرسا، ئاغرىق توختىتىش دورىسىنى يېسەڭ تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتمەمدۇ؟ ياخشىسى دوختۇرخانىغا بارايلى!» دەپ زورلاپ دوختۇرخانىغا ئاپىراتتى. ئەمدى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى. گەرچە كەۋسەر بېشىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي ئىڭراپ ياتسىمۇ، سەدىردىننىڭ مۇئامىلىسىدىكى ئۆزگىرىش كۆڭلىگە بەش قولدەك

ئايان ئىدى.
كەۋسەر ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا سەدىردىنىڭ ئاللىقاچان سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. بۇ قېتىم باھارنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ كەلگەندىن بۇيان سەدىردىن باشقىچە بولۇپ قىلىۋاتاتتى. كېچىچە ئارام بەرمىگەن باش ئاغرىق كېسىلى كەۋسەرنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ، مەكتەپكە يەنە بارمىسا بولمايتتى. مائارىپ ئىدارىسىدىن كېلىدىغان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ كەۋسەر مەسئۇل بولۇۋاتقان سىنىپقا كىرىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. كەۋسەر ئەلەڭ - سەلەڭ مېڭىپ باھارنىڭ يېنىغا كىرگەندە، بالا باققۇچى ئايال باھارنى ناشتا قىلدۇرۇۋاتاتتى. كەۋسەر ئايالغا باھارنىڭ دورىسىنى ۋاقتىدا ئىچۈرۈشنى ئاۋۋالقىدەكلا تاپىلىدى. ئاندىن بىر بۇردا ناننى ناھايىتى تەستە يەپلا، ئاغرىق توختىتىش دورىسىنى سومكىسىغا سېلىپ مەكتەپكە ماڭدى. قېرىشقاندەك تەكشۈرۈش ئۆمىكى چۈشكىچە كېلىپ بولالماي، مەكتەپ مەسئۇلى ئوقۇتقۇچىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چۈشلۈك تاماقنى مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى ئاشخانىلاردا يەپلا تەييار تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. خىزمەتدىشىنىڭ زورى بىلەن ئاشخانىغا كىرگەن كەۋسەر بىر پىيالە سۇيۇقئاشنى تەستە ئىچتى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى چۈشتىن كېيىن يېتىپ كېلىپ، كەۋسەر مەسئۇل بولۇپ دەرس بېرىۋاتقان سىنىپ بىلەن، يەنە ئىككى پاراللېل سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن قىسقا سىناق ئالدى. ئاندىن ئوقۇتقۇچىلارنى مەكتەپ مەجلىسخانىسىغا يىغىپ بىر چاغقىچە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۇقتۇردى. كەۋسەرنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنغان سىناقنىڭ نەتىجىسى ھەممەيلەننى ئۈمىدسىزلەندۈردى. چۈنكى، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى ئالدىنقى قېتىمقىدىن كۆرۈنەرلىك چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئائىلىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلى قەلبى سەدپارە بولۇپ ئاران يۈرۈۋاتقان كەۋسەر ھەددىدىن ئارتۇق

ئازابلاندى. ئۆيگە كەلگىچە مەگزىدىن ئەلەملىك ياش ئۆكسۈمىدى. نەچچە يىلدىن بېرى دەرس ئۆتۈش، سىنىپ مۇدىرى بولۇش ۋە باشقا قوشۇمچە پائالىيەتلەردە ھەممىنىڭ ئالدىدا بولۇپ، بىر پۈتۈن مەكتەپنىڭ پەخرى ھېسابلىنىپ كېلىۋاتقان كەۋسەر بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالسا قانداقمۇ ئىچىنىڭ ھەم ياش تۆكمەي تۇرالىسۇن! شۇ ھالدا كەۋسەر ئۆيگە كىرىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، باھار بىلەن بالا باققۇچى ئايال ئۆزىنىڭ خانىسىدا كۆرۈنمەيتتى. سافا ياپقۇچلىرىنىڭ قالايمىقانـ ـلىشىپ كەتكىنىگە، شىرەدە يېگىدىن تىزىلغان مېۋە - چېۋە، يەل - يېمىش، توخۇ ۋە تونۇر كاۋاپلىرىنىڭ تۇرغانلىقىغا قاراپ، بۇ ئۆيدە ئەتىدىن بېرى بىر توپ مېھمانىنىڭ كۈتۈلگەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى. كەۋسەر يەنە ئۆيدە ئۆتكۈر ئەتىر ھىدى بىلەن ئۇرۇم ھارىقىنىڭ بۇسى بىرلىشىپ كەتكەن غەيرىي پۇراقنىڭ بارلىقىنىمۇ سەزدى. كەۋسەرنىڭ گۇمانى ئېشىپ ئارقا تەرەپتىكى ئەسكى - تۈسكىلەر قويۇلىدىغان ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ كەيپى ئۇچقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئەسلىدە بۇ ئۆي ئاللىقاچان تۈزەشتۈرۈلگەن بولۇپ، سۇپىدا باھار بىلەن بالا باققۇچى ئايال ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى داستىخاندا چىۋىنلەر بەزمە قۇرغان ئاز - تولا مېۋە - چېۋە ھەم كاۋاپ تۇراتتى. قارىغاندا سەدىردىن باھارنى بۇ ئۆيگە يۆتكەشكە ئۆزى بىۋاسىتە قول تىققاندەك قىلاتتى. كەۋسەر غەزىپىنى ئاران دېگەندە بېسىپ، سۇپىنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇشقا ئايال ئويغىنىپ:

— چۈشكە يېقىن ئىككى كىشى كىرىپ بۇ ئۆينى قولمۇقول تۈزەشتۈرۈپ بىزنى كۆچۈرۈپ قويدى، ئوبدان ئۆيكەن بۇ، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

كەۋسەر بۇ گەپكە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. بىردەمدىن كېيىن سەدىردىن قايتىپ كەلگەندە، كەۋسەر ياتاق ئۆيگە باشلاپ

كىرىپ ئالدىنقى كۆندىكىدەك بىر پەس زاكونلاشتى. سەدىردىن يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا دېگەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزىنىڭ ۋەزنىدىن قارىغاندا، بۇ سەدىردىنىنىڭ كەۋسەردىن ئۆچ ئېلىشىنىڭ باشلىنىشىدەك قىلاتتى. كەۋسەر شۇ كېچىسى باھارنىڭ يېنىدا تولغىنىپ يېتىپ تاڭ ئاتقۇزدى.

ئەتىسى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا كەۋسەر نىيازنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى دۇكىنىغا كەلگەندە، زەينەپگۈل سودا قىلىۋاتقان بولۇپ نىياز كۆرۈنمەيتتى. كەۋسەرنىڭ كۆزى ئاۋۋال نىيازنىڭ ئوغلى بەگيارغا چۈشتى. تىمەن چوڭ بولغان بەگيار ئانىسى زەينەپگۈلنىڭ قېشىدا ئويناۋاتاتتى. خېرىدارلارغا ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇۋاتقان زەينەپگۈل كەۋسەرنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدى. ئەسلىدە كەۋسەر زەينەپگۈلگە تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا خەلچەمدەك ياخشى تەسىر قالدۇرغاچقا، ئۆزئارا ئۇچراشقاندا مۇڭدىشىپ قانمايتتى. بىراق، ھازىر كەۋسەرنىڭ تاۋى بۇنىڭغا يار بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، قىزى باھارنىڭ بەختسىزلىكى تۈپەيلىدىن چېھرىگە بىرنەچچە يىلدىن بېرى سايە تاشلاپ كېلىۋاتقان ھەسرەت ئىپادىلىرى بوگۈن كۆرۈنەرلىك ئەدىگەنىدى. ئۆزىگە ياردەملىشىۋاتقان يىگىتكە بىرنېمىلەرنى تاپىلاپ قويۇپ، كەۋسەرنىڭ يېنىغا كەلگەن زەينەپگۈل ئۇنىڭ پەرىشان ھالىتىگە قاراپ بىردىنلا ئويغا چۆمۈپ، باھارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. كەۋسەر زەينەپگۈلنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك:

— نىياز بىلەن كۆرۈشسەم بولاتتى، — دېدى دۇكانغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— ئۆيگە بارايلى، نىياز بىرنەچچە كۈندىن بېرى خۇمدانىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ بەكمۇ چارچاپ كېتىپتىكەن، ھېلىراقتا «بىردەم ئارام ئالاي» دەپ ئۆيگە كەتكەن.

زەينەپگۈل شۇلارنى دەپلا بەگيارنى يېتىلەپ سىرتقا ماڭدى.

كەۋسەرمۇ ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
ئۇلار ئۆيگە كىرگەنــدە، كەۋســەر نىيــازنى كــۆرۈپلا ئــۆزىنى تۇتۇۋالالمـاي شـۇنداق ھەسـرەتلىك يىغلىـدىكى، ئـاچچىق يـاش كۆزلىرىــدىنلا ئەمەس، ھەربىــر تــال چىچىــدىنمۇ تۆكۈلۈۋاتقانــدەك قىلاتتــى. نىيـاز بىـلەن زەينەپگۈل ھېچنېمىنــى چۈشـەنمەي، بىـر-بىـرىگە تەئەججۈپ ئىچىـدە قـاراپلا قېلىشتى. راستىنى ئېيتقانـدا، كەۋســەرنىڭ ھەرقانــداق ئىشتا ئــۆزىنى تۇتۇۋالالايـدىغان مىجەزىــگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان بۇ ھەسرەتلىك يىغىسى نىيازنىلا ئەمەس، زەينەپگۈلنىمــۇ بىـــسەرەمجان قىلىۋەتكەنــدى. نىيــاز كەۋســەرگە ھودۇقۇش ئىلكىدە قاراپ:
— كەۋسەر، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، سالامەتلىكىڭنى ئاسرا. ئېيتە، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى.
كەۋسەر ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىــپ، سـەدىردىنىنىڭ يېقىنـدىن بېـرى قىـزى باھـار بىـلەن ئـۆزىگە قىلىۋاتقـان قوپـال مۇئامىلىـسىنى تەپسىلىي ئېيتىپ دەردىنى تۆكۈۋالـدى. شـۇنىڭ بىـلەن بىـرنەچچە كۈنـدىن بېرى يـۈرىكىنى مۇجـۇپ ئـارامىلىق بەرمەيۋاتقـان بېـسىمدىن سەل يېنىكلىگەندەك بولدى.
— نېمە؟ مۇشۇنداقمۇ ئىش بولدىمۇ؟ بۇ...... بۇ...... سەدىر-دىنىنىڭ نېمە قىلغىنى!؟ — نىياز كەۋسـەرنىڭ گەپلىرىنــى ئـاڭلاپلا غەزەپلەنگىنىــدىن ئورنىــدىن تــۇرۇپ كەتتــى. نىيازنىــڭ ئەلپـازى تەخسىدە مېۋە - چىۋە كۆتۈرۈپ كىرگەن زەينەپگۈلنى ئەنـدىكتۈ-رۈۋەتتى، — بولدى يىغلىما، مەن سەدىردىنىنىڭ ئەمەل تۇتقانـدىن بېـرى ئۆزگىرىــپ كەتكەنلىكىنــى بــۇرۇنلا ھــېس قىلغانــدىم. مانـا ئەمـدى سـەندىن، ھەتتـا ئـۆز قىزىــدىنمۇ يـۈز ئۆرۈيــدىغان يەرگە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم دېيىشىمەن!
— ئىككـى كۈنـدىن بېـرى كـۆپ ئويلانـدىم. ئـاخىر سـەدىر-دىنـدىن ئاجرىـشىپ، باھـارنى ئېلىـپ ئاقتاشـقا يۆتكىلىـپ كېـتەي

دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

ــ بۇ ئويۇنۇڭ قاملاشماپتۇ. سەدىردىننى بۇنداقلا مەيلىگە قويۇۋەتسەك بولمايدۇ. قارىغاندا ئۇ ئەقلىدىن ئادىشاي دەپتۇ. بولدى، ئۆزۈڭنى ئازابلىماي ماڭىلا قويۇپ بەر، ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا دېيىشىمەن!

ــ ياق، نىياز، بولدى قىل، ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتىم. باشتا خاتا باسقان قەدەم ھەر ئىككىمىزنى ئاخىرغىچە ئارامىمىزدا قويمايدىكەن. تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمايدىكەن، ئەمدى ئۆزۈمنى قىيناپ نېمە قىلاي، ئۇنىڭدىن كۆرە، باھارنى ئېلىپ ئاقتاشقا كەتكىنىم تۈزۈككەن. دادامۇ ياشىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالاي. سەن پەقەت مېنىڭ سەدىردىن بىلەن چىرايلىق بىر تەرەپ بولۇشۇمغا ياردەم قىلساڭلا بولدى.

نىياز كەۋسەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

ــ ئويلاپ باقتىڭمۇ، باھار مېيىپ بولغان بىلەن ئەس-ھوشى جايىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىن - كۈنگە غەرەز ئۇقۇۋاتىدۇ. يېنىڭلىك قىلىپ سەدىردىندىن ئاجرىشىپ ئاقتاشقا كەتسەڭ، باھارغا ئېغىر زەربە بولىدۇ. ئۇ چاغدا باھارنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. قېنى دېگىنە، بۇنداق قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى مۇشۇ تەرەپلەرنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

ــ مەن...... ــ نىيازنىڭ سوئالى كەۋسەرنى تەمتىرىتىپ قويدى. دېمىسىمۇ كەۋسەر مۇشۇ ۋاقىتقىچە بۇ تەرىپىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

زەينەپگۈل كەۋسەرنىڭ جىمىپلا كەتكەنلىكىگە قاراپ، نىيازغا «ئەمدى گەپ قىلماڭ» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقاپ قويدى. كەۋسەر خېلىدىن كېيىن:

ــ مۇشۇنداق بولۇشىنى سەدىردىنمۇ ئويلىسا بولاتتىغۇ! ــ

دېدى بىر نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئاندىن مەگزىدىن سىرغى-
ۋاتقان ياشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يانغا قارىۋالدى.
— مېنىڭچە، سىلەرنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىڭلار باھارنىڭ
سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىسىز. ياخشىسى ئېغىر-
بېسىق بول، سەدىردىن بىلەن بۇگۈنلا دېيىشەي.
— شۇنداق قىلىڭ، كېچىكتۈرمەي ھازىرلا سۆزلىشىپ بېقىڭ
بولمىسا، — دېدى زەينەپگۈل نىيازغا مەدەت بېرىپ.
— ئەسلىدە ئەمەل دېگەن ئادەمنى بۇزماي، تۈزىسە يوللۇق
بولاتتى. ئابدۇللامۇ ئاقتاشتا ئەمەل تۇتۇپلا سەدىردىندەك ئۆز-
گىرىپتۇ. نۇسرەتنى خوتۇنغا باقتۇرماي، خەلچەمگە باقتۇرغىنى
كۆزۈمگە پەقەت سىغمىدى. بولدىلا، بۇنى دەپ نېمە قىلاي،
ھازىرلا سەدىردىن بىلەن كۆرۈشەي. كەۋسەر، سەن ئالدىرىماي
تاماق يەپ كەتكىن.
نىياز ئالدىراش سىرتقا ماڭدى.
كەچتە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ھويلىغا كىرگەن كەۋسەر
ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن جۇشقۇن
مۇزىكا ساداسى بىلەن بىر توپ ئەر - ئاياللىڭ خۇشال كۈلكە -
چاقچاقلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. كەۋسەر پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ
مېڭىپ ئارقىدىكى ئۆيگە كىردى. تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ
سىرتتىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىۋاتقان باھار كەۋسەرنى كۆرۈپلا
نېمىشقىدۇر كالپۇكلىرىنى ئۆمچەيتىپ يىغلىسۇەتتى. شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن سەدىردىن بىلەن كەۋسەرنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ
قاتماللىشىپ، كۆڭلەر بەكمۇ كۆڭۈلسىز ئۆتۈشكە باشلىدى.

* * *

باھار ئالتە ياشتىن ئېشىپمۇ يەنىلا ماڭمىدى، گەپ قىلىشتا

قىنالسىمۇ ھەرھالدا مەقسىتىنى بىلدۈرەلەيتتى. بۇ جەرياندا كەنجىلەرنىڭ تەقدىرىدىمۇ يەنە كۆتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىنقىراق ئېيتساق، كەۋسەر سەدىردىندىن ئاجرىشىپ باھارنى ئېلىپ ئاقتاشقا قايتىپ كەلگىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى. مائارىپ ئىدارىسى كەۋسەرنىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەت رەسمىيىتىنى ئاقتاش يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەپ بەردى. ئابدۇللا نۇسرەتنى خەلچەمنىڭ يېنىدىن بىرنەچچە قېتىم قايتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ياتسىرىدىمۇ تۇرغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىر ئابدۇللانىڭ قولىقى ئۇنى ئاچىسى چولپانخاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ تىنجىدى. بۇ يەردە يەنە بارات نىيازنىڭ ئاقتاش يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلۇپ، ئورنىغا ئابدۇللانىڭ يېزا باشلىقى بولغانلىقىنى، غېنى ساقچىنىڭ ئاقتاشقا قايتىپ كېلىپ ئىلگىرىكى خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانلىقىنى دېمىگەندىمۇ، نىيازنىڭ ناھىيەدىكى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان بىر بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنى يۈرەكلىك ھالدا قايتا تەشكىللەپ، قۇرۇلۇش ھۆددىگىرىگە ئايلانغاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ 10 نەچچە مىليون يۈەنلىك سودا بىناسىنى پۈتكۈزگەنلىكىنى تىلغا ئالماي بولمايتتى.

ئەتىياز پەسلى ئىشلىرىغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن نىياز قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ئارزۇسىغا يەتتى. دەسلەپتە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن باشلانغان چىقىش يولى ئۇنى ئاخىر مۇشۇ مەنزىلگە يەتكۈزگەنىدى. نىياز قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىگە كىرىشىپ ئۇزاق ئۆتمىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زەينەپگۈلگە قىزىقچىلىق قىلىپ: «نەسىرىدىن ئەپەندىگە يولدا ئاتنىڭ تاقىسى ئۇچرىغاندا، خۇشال بولۇپ ‹تاقىنى بەرگەن خۇدايىم ئاتنىمۇ چوقۇم بېرىدۇ› دەپتىكەن. ھازىر قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتىنى قىلغاچ تۇرساق، قۇرۇلۇش

هۆددىگىرى بولۇپمۇ قالارمىز» دېگەنىدى. مانا ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، دېگەندەك نىيازنىڭ ئارزۇسى ئويلىغىنىدىن ئىلگىرى ئىشقا ئاشتى. بىر ھېسابتا ئۇنى تاسادىپىي ئامەت دېيىشكىمۇ بولاتتى. نىياز بىرنەچچە يىلدىن بېرى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتى ئارقىلىق خېلى ئوبدان پۇل تاپقان، ئالدىنقى قېتىم بېيجىڭدىن يوقلاپ كەلگەن تاشمۇھەممەت، تاھىرلارنىڭ سەمىمىي رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئىدىيە جەھەتتە تېخى تولۇق تەييارلىقى يوق ئىدى. دېكابىرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرىدىن نېسى قالغان خىش پۇللىرىنى سۈيلەۋاتقاندا، بۇ ئىشنىڭ تاسادىپىي تىلغا ئېلىنىشى دىققىتىنى تارتتى. زىممىسىگە نىيازنىڭ 500 نەچچە مىڭ يۈەن خىش پۇلىنى ئارتىۋالغان سابىرھاجى يۈرىكىدە مەسىلە كۆرۈلگەنىدىن بۇيان باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولماسلىقى تۈپەيلى، ئىشلىگەن قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتىدىن چاتاق چىققانلىقىنى، بولۇپمۇ خېلى كۆپ پۇلى قويمىچىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىپ شىركىتى ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ دەرد تۆكۈپ بەردى. دېمىسىمۇ بۇ كۈنلەردە سابىر ھاجىنىڭ بوسۇغىسىدىن پۇل سۈيلەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى. بۇ ھالدا نىيازنىڭ سابىر ھاجىدىن خىش پۇلىنى ئېلىشىمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغاندەك قىلاتتى. نىياز بەل قويۇۋەتمەي سابىر ھاجىنىڭ ئۆيىگە كۈندە دېگۈدەك كېلىپ پۇلىنى سۈيلەۋەردى. ئاخىر سابىر ھاجى نىيازغا قولىدا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە پۇل خەجلەپ ئالغان 10 نەچچە مىليون يۈەنلىك سودا بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش توختامى بارلىقىنى، ھازىر خېلى كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقى ئۈستىگە سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، قۇرۇلۇشقا ئىش باشلىيالماي تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر نىياز يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا چىقسا ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. نىيازنىڭ دەماللىققا ئىپادە بىلدۈرەلمەيۋاتقىنىنى

كۆرگەن سابىر ھاجى:
— ئىككىلەنمەڭ، ئۇكام، سىزنىڭ قانداق ئادەملىكىڭىزنى ياخشى بىلىمەن. مەن كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن سىزگە بۇ مەسلىھەتنى بېرىۋاتىمەن. مېنىڭچە، مۇشۇنداق چوڭ ئىشلارغا يۈرەكلىك تۇتۇش قىلىدىغان ۋاقتىڭىزمۇ بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم ياخشى چىقىپ، كۆپ پايدا ئالالايسىز. مەن سالامەتلىكىم يار بەرگەن ئەھۋالدا يېنىڭىزدا تۇرۇپ سىزگە ياردەملىشىمەن. شۇنداق قىلسىڭىز مېنىلا ئەمەس، شىركىتىمىزدىن نان يەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزۇۋالغان بولىسىز، — دېدى.
نىياز سابىر ھاجىغا ئويلىنىپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كېلىپ، زەينەپگۈلگە مەسلىھەت سالدى. زەينەپگۈل ئويلىنىپ تۇرمايلا:
— قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى بولۇش ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيىڭىز ئىدىغۇ، قارىغاندا پۇرسەت كەلگەن ئوخشايدۇ. خۇمدانىنىڭ ئىشلىرىغا سوپى ئاخۇن ئاكام، دۇكاننىڭ ئىشلىرىغا مەن يېتىشكەندىكىن سىناپ باقامسىز، — دېدى رىغبەتلەندۈرۈپ.
نىياز زەينەپگۈلگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، زەينەپگۈل ئەجەبسىنگىنىچە قاراپ قالدى. كېيىن نىياز زەينەپگۈلگە بۇ ھەقتە باشقا گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئۆيگە كەلسىلا قول سومكىسىدىكى قارا تاشلىق خاتىرىسى بىلەن ھېسابلىغۇچنى ئېچىپ خىش خۇمدىنى بىلەن دۇكاننىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى قايتا - قايتا ھېسابلاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. قارىغاندا نىياز ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى دەڭسەۋاتقاندەك قىلاتتى.
بۈگۈن كەچتە نىياز ئۆيگە كېلىپلا زەينەپگۈلگە ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەۋەككۈل قىلىپ، سابىر ھاجىدىن قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن ھېلىقى سودا

بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش توختامىنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىنى ئېيتتى - يۇ، باشقا گەپ قىلماي جىم بولۇپ قالدى. زەينەپگۈل نىيازغا لاپپىدە قاراپلا جىم بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتى. نىياز شۇ تاپتا راشىدىن، سەدىردىن ھەم ئابدۇللانى ئويلاۋاتاتتى. مۇشۇنداق چاغدا قىلماقچى بولغان ئىشلىرى توغرۇلۇق دوستلىرىدىن مەسلىھەت ئېلىش ئارزۇسى نىيازنى خىيالچان، جىمغۇر قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، راشىدىن ئۆز يېتى تۇرۇۋاتقان، سەدىردىن بىلەن ئابدۇللا مەنسەپكە ئېرىشىپ ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا، نىيازنىڭ كۆڭلى يېرىم بولماي قالمايتتى.

— راشىدىن ساق بولغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى، مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە ماڭا ئوبدان ئەسقاتاتتى، — دېدى نىياز زەينەپگۈلگە مەيۈسانە نەزەردە قاراپ. نىيازنىڭ روھىي ھالىتى شۇ تاپتا داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرگە ئىشتىھاسى تارتماي، يىراقتىكى دوستىغا گېلى سىقىلىۋاتقان ئادەمنىڭكىگە ئوخشايتتى. بۇ ھال زەينەپگۈلنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى. زەينەپگۈل بىلەتتى، نىياز ئىككىسى تاسادىپىي تونۇشۇپ، توي قىلىپ بىر باللىق بولغاندىن تارتىپ مۇشۇ كۈنگىچە ئۆزىگە كەنجىلەرنىڭ دوستلۇقى ھەققىدىلا ئەمەس، باللىق چاغلىرىدىكى ھەربىر قىزىقارلىق ئويۇنلارغىچە سۆزلەپ بەرگەن، ھەتتا پەخىرلىك ھېسسىياتتا زوق-شوق بىلەن سۆزلەپ بەرگەنلىرىنىڭ ئىچىدە ئاقتاشنىڭ، غازلىقنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە ئىشلارمۇ قالمىغانىدى، بولۇپمۇ نىياز مۇشۇ بىرنەچچە يىل مابەينىدە سەدىردىن بىلەن ئابدۇللانى ئۆزىدىن ئەقىللىك چاغلاپ قىلماقچى بولغان ھەربىر ئىشىدا مەسلىھەتنى ئېلىشقا ئىنتىلىپلا كېلىۋاتاتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ مەنسىتمەسلىك بىلەن قىلغان سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتسىمۇ يەنە بۇ ئۈمىدىدىن كېچەلمەيتتى. نىيازنىڭ

ئـويىچە قۇرۇلـۇش ھۆددىگەرلىـك كەسـپى بىـلەن شـۇغۇللىنىش كىچىك ئىش بولماستىن، بەلكى دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭغا سـەكرەش ئالدىـدا تۇرغـان ھەرقانـداق ئـادەم تەمتىـرىمەي، ھودۇقمـاي قالمـايتتى، شـۇنداقلا دوسـت ـ يارەنلىرىنىـڭ ئـاقىلانە مەسلىھەتىگە شۇنچە موھتاج بولاتتى. زەينەپگۈل شۇ تاپتا نىيازنىڭ خىيـاللار قايىنىمىـدا ئۈزۈۋاتقـان ھالىتىـدىن كۆڭـۈل قاتلاملىرىـدىكى ئىزتىراپلارنىـڭ تـېگىگە ئاللىقاچـان يېتىـپ ئۈلگۈرگەنىـدى. مۇبـادا نىيـاز، سـەدىردىن ھەم ئابـدۇللالارنىڭ مۇناسـىۋىتىدە ئىلگىرىكـى ھـالەت مەۋجـۇت بولغىنىـدا، ئـۇ قىلـچە ئىككىلەنـمەي نىيازغـا ئـۇ ئىككىـسىنىڭ مەسـلىھەتىنى ئېلىــپ بــېقىش تەكلىپىنـــى بېــرىش ئارقىلىق كۆڭلىدىكى غەم ـ ئەندىشىلەرنى يېنىكلەتكەن بولاتتى.

— ئاقتاشـقا بېرىـپ يېـزا باشـلىقى بىـلەن كۆرۈشـۈپ بېقىـڭ بولمىسا، — دېدى زەينەپگۈل ئارىـدا نىيـازنى خىيـال قايىنىمىـدىن تارتىۋېلىـشنى ئـويلاپ. بىـراق، نىيـاز زەينەپگۈلنىــڭ گېــپىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي بىـر نۇقتىغـا تىكىلگىـنىچە ئولتۇردى. ھەقىقەتـتە نىيازنىـڭ خاراكتېرىـدىكى نورمـال ھـالەت شـۇ قېـتىم كەۋسەر سەدىردىننىڭ ئۆزى ھەم باھارنى خورلىغانلىقى توغرىسىدا دەرد تۆكـۈپ يىغلىـۋەتكەن كۈنـدىن باشـلاپ ھەيـران قـالارلىق دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ چاغدىكى ئىشلار نىيازنىڭ ئېسىدە ھېلىمۇ ئەينەن تۇرۇپتـۇ. شۇ كۈنى كەۋسەر زەينەپگۈل بىلەن ئۆيـدە مۇڭدىـشىۋاتقاندا، نىياز سـەدىردىننى ئىدارىـسىدىكىلەردىن سۈرۈشـتۈرۈپ يـۈرۈپ، نـاھىيە بازىرىنىڭ چېتىدىكى بىر ئوتياش پارىكىدىن تاپقانىدى. ئەسلىدە سـەدىردىن ئۆسـۈملۈك ئاسـراش پونكىتىـدىكى بىـرنەچچە تېخنىـك بىلەن ئوتياش پارىكلىرىنى ئارىلاپ يۈرەتتى. سەدىردىن نىيازنىـڭ ئۆگسۈلى ئۆچكەن، پاراكەندە تۇرقىنى كۆرۈپلا يېنىغا كەلدى.

— ئىككىمىـز خـالىيراق بىـر يەرگە بارساق بـوپتىكەن، ساڭا

دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى.

نىيازنىڭ بۇ گېپى سەدىردىننى سەل ئەجەبلەندۈردى، كېيىن نىيازنىڭ چىرايىنىڭ بارغانسېرى غەزەپلىك تۈس ئېلىپ، لەۋلىرىنىڭ كۆكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئەندىككىنىچە دېدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟ يەنە شۇ مېنى «ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، دوستلارغا قارىمىدىڭ» دەپ كونا خامانىنى سورۇپ يۈرۈۋاتامسەن؟ ساڭا دېسەم، مەن سەندەك ئۆزۈم خالىغاننى قىلىدىغان پارتىزان ئەمەس، تەشكىلىي تۈزۈمنىڭ ئىچىدىكى ئادەممەن، خالىغان چاغدا......

— بولدى قوي بۇ گەپلىرىڭنى! مېنى قىلغىلى ئىشى يوق، بىكار قېلىپ يېنىمغا كەپتۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭما؟ مېنىڭ ئىشىم سېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئالدىراش. خالىيراق يەرگە بارايلى دېدىمغۇ!

نىيازنىڭ قوپالراق تەلەپپۇزدىكى بۇ گېپى سەدىردىنگە تەسىر قىلدى بولغاي، نىيازغا چۆچۈش ئىلكىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن، پارنىك تەرەپتە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرنىچچە ئىشلارنى تاپشۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. سەدىردىننىڭ شوپۇرى نىيازنىڭ تەلپى بويىچە ئىككىسىنى بىرنەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى دەريا ساھىلىغا ئېلىپ باردى. بۇ ئاقتاش دەرياسىنىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ئەگىپ ئۆتىدىغان بۆلىكى ئىدى. دەريانىڭ قىرغاقلىرى غازلىقتىكى شىۋاقلىق داللارغا ئوخشايتتى. گەرچە قىرغاقتا ئاقتاشتىكىدەك جىغان، يۇلغۇنلار گىرەلىشىپ ئۆسمىگەن بولسىمۇ، قويۇق جىگدە، سۆگەتلەر بار ئىدى. سەدىردىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىشىدىكى سەۋەبنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەن بىلەن، نىيازنىڭ ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئاز - تولا ئەسلىتىپ سەگىتىپ قويۇش ئويى بار ئىدى. ئۇلار پاكار سۆگەتنىڭ يېنىدا ماشىنىدىن چۈشتى. نىياز باش

تەرەپكە قاراپ ماڭغانىدى، سەدىردىن ماشىنىنى سۈرتۈۋاتقان شوپۇرغا مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپ كەينىدىن ئەگەشتى. شۇ چاغدىلا سەدىردىن نىيازنىڭ بۈگۈنكى مەقسىتىنى چۈشەنـ ـگەندەك كەيپىياتتا قوشۇمىلىرىنى تۈرگىنىچە قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ئۈنلۈكرەك ئاۋازدا:

— گېپىڭنى قىلمامسەن! ئالدىراشلىقىمنى بايا ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭغۇ!؟ — دېدى نارازى بولۇۋاتقىنىنى ئاشكارىلاپ.

نىياز كەينىگە ئۆرۈلۈپ سەدىردىنىنىڭ گۆشلۈك يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— سەن بىلەن دېيىشىدىغان گەپ خىزمىتىڭدىن مۇھىم. مانا كېلىپ قالدۇق، ماۋۇ يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — نىياز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ شۇنداق دېگىنىچە كىملەردۇر دەريادىن سۈزۈپ قىرغاقتا قويۇپ قويغان قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

دەريانىڭ سۈيى ئاللىقاچان تارتىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىر- نەچچە تاشلىق سۇ قورام تاشلارنىڭ ئارىسىدىن تۈۋەنگە ئېقىۋاتاتتى. ئاياغ تەرەپتە كىچىك بالىلار بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتاتتى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، سالقىن هاۋا ئارىلاپ يۈزلەرگە ئۇرۇلاتتى. سەدىردىن ياندىكى قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، نىيازغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ دېدى:

— مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگۈچە، قانداق گېپىڭ بولسا بايا كۆرۈشكەندىلا دېسەڭ بولاتتىغۇ؟ قارىغاندا كەۋسەر ساڭا ئۈستۈمدىن دادلاپ بېرىپتۇ - ھە!؟ بىراق، ساڭا باشتا دەپ قوياي، ماڭا نەسىھەت قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولما، ئۆزۈڭنى چاغلىماي مەندىن رەنجىپ قالما!

سەدىردىنىنىڭ كۈتۈلمىگەندە شىلتىڭ ئېتىشى نىيازنى خۇددى زىبدىنىڭ ئۈستىگە تۇز قۇيغاندەكلا تۇيغۇغا كەلتۈردى. شۇڭا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سۆزلەپلا كەتتى:

— توغرا، توغرا! ئەقلىڭگە بارىكاللا! مەن ساڭا كەۋسەرنىڭ گېپىنى قىلماقچى! قارىغاندا كەۋسەرنى خورلىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭمۇ بىلىدىكەنسەن - ھە! شۇنداق قىلىشقا يۈزۈڭ قانداق چىدىدى؟ ۋىجدانىڭ قانداقمۇ يول قويدى؟

— بۇنىڭ سەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ ھەقتە گەپ قىلىپ ئۆزۈڭنى ئۇپراتما! ھېلى ئەسكەرتىپ قويدۇمغۇ ھەممىنى. ئەگەر يەنە مۇشۇ گەپنى قىلساڭ، بولدى مەن قايتىپ كېتىمەن.

— نېمىشقا مۇناسىۋىتىم بولمىغۇدەك! ئۆزۈڭنى ئۇنچە قالتىس چاغلاپ كەتمە! ياخشىسى ئۆزۈڭنى دەڭسىۋال. بىلىپ قوي، مەن سېنىڭ ئىدارەڭنىڭ ئادىمى ئەمەس خالىغانچە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغانغا!

— ئۆتكەندە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويدۇمغۇ ساڭا؟ بىز ھازىر ئۆز ئالدىمىزغا يولىمىز، قىلىدىغان ئىشىمىز بار مۇستەقىل ئادەملەر! دوستۇم، يۇرتدىشىم دەپ ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر - بىرىمىزنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ يۈرىدىغان كىچىك باللار ئەمەس. ئۇنداق قىلىقلار ئەمدى بىزگە ئەمەس، بالىلىرىمىزغا يارىشىدۇ، بىلدىڭما؟

— نېمە؟ ماڭا بۇ قاملاشمىغان پەلسەپەڭنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، كەۋسەرنى خورلىمىدىم - خورلىمىدىم ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئىشى دېمەكچىما؟

— بۇنى يەنە چۈشەندۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ كەۋسەر ئەقەللىيسى مېنىڭ قانۇنلۇق ئايالىم. ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەرقانداق ئىشنى ئۆزۈم ھەل قىلالايمەن، سېنىڭ ئارىلىشىشىڭ پۈتۈنلەي ئارتۇقچە!

— مەن سېنىڭ ھەم كەۋسەرنىڭ دوستى بولغانلىقىم ئۈچۈن ساڭا نەسىھەت قىلاي دەۋاتىمەن شۇ.

— مەن سېنى تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، يۇرت كۆرۈپ كۆزى ئېچىلدى دەپ بىلەتتىم، نېمىشقا غەرەز ئۇقمايدىغانسەن.

ئاڭلىسام، ئابدۇللانىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ يۈرۈپسەن. ساڭا يەنە ئەسكەرتىپ قوياي، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارغا ئارىلىششتىن ئۆتە تېتىقسىزلىق بولمايدۇ جۇما كىشىگە!
— دوستلۇقىمىزنى ئىنكار قىلىپ، ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئىشلارغا بىھۇدە ئارىلاشتىنىڭ دەپ قارىساڭ بوپتۇ، لېكىن مەن كەۋسەر ئۈچۈن ھەقىقەتنى ياقلايمەن. باھارنىڭ مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى كەۋسەردىن كۆرگەنلىكىڭ تېتىقسىزلىق ھېسابلانمامدۇ؟ دۇنيادا قايسى ئانا ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىنىڭ مېيىپ بولۇشىنى خالايدۇ؟!
— ساڭا ئاخىرقى قېتىم يەنە ئەسكەرتىپ قوياي! ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئىشلارغا ئارىلاشقان ئادەم چوقۇم كۆلكىگە قالىدۇ.
— مەنمۇ ساڭا شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، مەن ناھەق ئىشلارنى كۆرسىمۇ كارى بولماي قاراپ تۇرىدىغان ۋىجدانسىز-لاردىن ئەمەس! ئۇنىڭ ئۈستىگە كەۋسەر دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم!
— تېتىقسىزلىقتا بارغانسېرى چەكتىن ئېشىۋاتىسەن! مەكتەپتە تولۇقراق ئوقۇيالىغان بولساڭ خېلى گېپىڭ باركەن سېنىڭ! بىلىپ قوي، كەۋسەر مېنىڭ خوتۇنۇم! قانداق قىلسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى چاغلىمىغان، ئەمدى شۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، قانداق؟
— كىچىككىنە ئەمەل تۇتۇپ بۇنچە چوڭچىلىق قىلىپ كەتمە، سەدىردىن! دوستلۇقىمىزدىن يۈز ئۆرۈسەڭمۇ بىز يەنىلا يۇرتداش، بىر - بىرىمىزگە نەسىھەت قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئۆپكەڭنى بېسىۋېلىپ مېنى گەپ قىلغىلى قويۇپ، دېگەنلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن بىرنېمە دېسەڭمۇ كېچىكمەيسەنغۇ؟
— ھېلىمۇ كەۋسەرنىڭ گېپىدىن باشقا، قانداق گېپىڭ بولسا قىل دېدىمغۇ!

— كەۋسەرگە ئۇۋال قىلىۋاتساڭ كارىم بولمىسا بولامدۇ؟ ئۇنىڭغا باھارنىڭ كېسىلى تۇپەيلى تارتىۋاتقان ئازابلىرى ئاز كېلىۋا- تامدۇ؟ «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» قىلساڭ ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ؟

— ئاغزىڭنى يۇم! ئادالەت ھەققىدە ۋەز ئېيتىدىغانغا سەن كىمتىڭ؟ ئەتىدىن بىرى ھۆرمىتىڭنى قىلىپ بولدۇم، ئەمدى بۇنداق تېتىقسىز گەپلىرىڭنى ئاڭلاشقا ۋاقتىم يوق!

— بۇنداق ھاكاۋۇرلۇق قىلما، سەدىردىن! ئارىمىزدىكى پەردىشەپ بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ ئايىسام، ھەددىڭدىن بەكلا ئېشىۋاتىسەن!

— ئايىپتىمىش تېخى! تاپقان ئالتە تۇك - تۇك پۇلۇڭغا كېرىلىپ شۇنچە نوچى بولۇپ كەتتىڭما؟ ئۇنى قانداق قولغا كىرگۈزگىنىڭنى كىم بىلىدۇ؟ يامان يېرى ئۇ پۇللارنى پاكىز دېگىلى بولامدۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ھالال قان - تەر تۆكۈپ تاپقان پۇل پاكىز بولماي، ساڭا ئەتە - ئاخشامدا خۇشامەتچىلەر، تەخسى- كەشلەر سۇڭگۇتكەن پۇللار پاكىزمىدى ئەمىسە؟

— نېمە؟ ماڭا ھەسەت قىلىۋاتامسەن؟

— ئۇنداق قىلىشقا چولام يوق!

— چىچاڭشىما، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارغا ئارىلاشىما دېگىنىم ئېغىر كەتكەن بولسا، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئوبدان ئويلاپ باق، مەن كەتتىم.

سەدىردىن پېشىنى قېقىپ يولىغا راۋان بولدى. قورام تاشتا ئولتۇرغان نىيازنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە سەدىردىننىڭ بايا تىنىقى مەنسىتمىگەندەك قوپال گەپلىرىلا ئەمەس، ئۆتكەندە ئابدۇللاغا نۇسرەت توغرۇلۇق نەسىھەت قىلغانىدىمۇ، ئابدۇللانىڭ سەدىر- دىندەكلا مەنسىپىنى پەش قىلىپ دېگەن قوپال گەپلىرى

جاراڭلايتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ گەپلىرىنىڭ خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەكلا شۇنچە ئوخشاپ كېتىشى نىيازنى ئەجەبلەندۈرەتتى. شۇ چاغدا نىياز ئابدۇللاغا ئايالى پاتىگۈلنىڭ نۇسرەتكە ئۆگەيلىك قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئادالەت ھەققىدە گەپ قىلغاندا، ئابدۇللامۇ خۇددى سەدىردىنگە ئوخشاشلا: «ئادالەت توغرىسىدا ۋەز ئېيتقىلى سەن كىمتىڭ، پۇل تاپتىم دەپ نېمەڭگە چوڭچىلىق قىلىسەن» دەپلا قالماي، تېخىمۇ چەكتىن ئېشىپ: «مەن سېنىڭ كوچىدىن تېپىپ كەلگەن خوتۇنۇڭغا ئەيىب ئارتىپ باقتىممۇ؟» دېگەنىدى. بۇ گەپلەر نىيازنىڭ دىلىنى قاتتىق رەنجىتكەچكە، شۇنىڭدىن بۇيان ئابدۇللا بىلەن ئىزدەشمەي كېلىۋاتاتتى. مانا بۈگۈن سەدىردىنمۇ دىلىغا ئۆستىلەپ ئازار بەردى. بۇ ھالدا نىيازنىڭ دوستلۇق ئەقىدىسى خورلانماي قالسۇنمۇ!؟ ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، نىيازنىڭ يېنىغا سەدىردىننىڭ شوپۇرى پەيدا بولۇپ:

— ئىدارە باشلىقى، سىلىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغىن دېگەنىدى، — دېدى سەل ئوڭايسىزلانغاندەك تەلەپپۇزدا. قارىغاندا ئۇ نىياز بىلەن سەدىردىننىڭ ئارىسىدا كۆرۈلگەن ئىختىلاپنى تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ بىلگەندەك قىلاتتى.

— بولدى، مەن ئۆزۈم كېتىۋېرەي، — دېدى نىياز باش تەرەپكە قاراپ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھازىرمۇ غەزەپتىن تىترەۋاتاتتى.

— ئارىلىق خېلى يىراق، بۇ ئەتراپقا ئاسانلىقچە قاتناش كەلمەيدۇ، پىيادە مېڭىپ بولالمايلا، — دېدى شوپۇر سەممىي ھالدا.

نىياز سەل ئويلىنىپ قالدى، غۇرۇرى كۆتۈرمىسىمۇ ماشىنىدا قايتىپ كەتكىنى تۈزۈك ئىدى. شۇڭا، ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

شۇ كۈنى نىياز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ گەرچە زەينەپگۈلگە

سەدىردىن بىلەن ئارازلىشىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، زەينەپگۈل نىيازنىڭ چىرايىنىڭ بىرقىسىملا بولۇپ قالغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ سەدىردىندىن دىلىنىڭ قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى بىلىۋالدى. نىيازنىڭ پاراكەندە كەيپىياتى ئۆتكەندە نۇسرەت توغرۇلۇق ئابدۇللا بىلەن دېيىشىپ قالغان چاغدىكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئاردىن بىرمەھەل ئۆتكەندە نىياز خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، زەينەپگۈلنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى. زەينەپگۈلنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن نىيازنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، پەقەت ئۇنى ئازابلىق خىياللار قايىنىمىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئەتەي بارات نىيازنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئەتىلىككە ئاقتاشقا بېرىپ كېلەي، — دېدى نىياز خۇددى ئەتىدىن بېرى يۈدۈپ تۇرغان تاغارنى ئەمدىلا يەردە قويغاندەك ئېغىر نەپەس ئېلىپ، شۇندىلا زەينەپگۈلنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

نىياز ئەتىسى ئاقتاشقا كېلىپ بارات نىياز بىلەن كۆرۈشتى. بۇ نىيازنىڭ كەۋسەر سەدىردىندىن ئاجرىشىپ ئاقتاشقا قايتىپ كەلگەن، ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ ئورنىغا يېزا باشلىقى بولغاندىن بۇيان بارات نىياز بىلەن ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىدى. بارات نىياز يېقىندىن بېرى ئۆيدە ئارام ئېلىۋاتاتتى. كەۋسەر مەكتەپكە كەتكەن بولسا كېرەك، باھارغا ئىلگىرىكى بالا باققۇچى ئايال قاراۋاتاتتى. نىياز بارات نىيازنىڭ كۆرۈنەرلىك جۈدەپ، مۈكچىيىپ قالغانلىقىنى، بۇرۇنقى تېتىك، جۇشقۇن ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقىدىنلا كەۋسەرنىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە بارات نىيازنىڭ ئىتتىكلا «كېرەكتىن چىقىش»ى قەدىناسىدىن ئايرىلىپ قېلىشلا ئەمەس، كەۋسەرنىڭ بەختسىزلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى، ئاقتاشتىكى

نەچچە يىللىق جاپا ـ مۇشەققەت، دېھقانلارنى كىيىنىش، تويۇنۇش جەھەتتە پاراۋان قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىپ، تىنىمسىز باش قاتۇرۇش، خىزمەتنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ ئىشلەش دېگەنلەر قەددىنى ئېگەلمىگەن بىلەن، كەۋسەرنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم مۇشۇنداق ئاسانلا تۈگەشتۈرۈۋەتكەندەك قىلاتتى. ئانالىرلىرى ئارقىلىق بۇ خۇلاسىنى چىقارغان نىيازنىڭ ئېسىگە بىردىنلا كامال ئۇستامنىڭ بىر چاغدا، قىزىنى ئىزدەپ بېيجىڭغا كەلگەن بىر كىشىنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىۋېتىپ: «ھەي، قىز بالا ئاجىز، ئۇنىڭ دەردىگە قايسى ئاتا پىغان چەكمەي قاراپ تۇرالايدۇ!؟ قايسى ئاتىنىڭ باغرىنى قىزىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت قان قىلمايدۇ!؟ بىر ھېسابتا قىزلارنىڭ بەختسىزلىكى بىتەلەي ئاتىلارنىڭ قىيامىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.......» دېگەن سۆزلىرى كېلىۋالدى. گەپ ئارىسىدا نىياز بارات نىيازنىڭ كەيپىياتىنى مۆلچەرلەپ ئۆزىنىڭ ھازىرقى پىلانىنى ئېيتقانىدى، ئۇ خۇش بولۇپ كەتتى:

ــ يارايسەن، نىياز، قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى بولۇشنى تاللاپ ئوبدان قىپسەن. قولۇڭدا قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار تۇرۇپ، قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانمىساڭ قاملىشامدۇ! مەرھۇم ئەخمەتكام مۇشۇنداق يارامىلىق ئادەم بولۇشۇڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ سېنى خىش خۇمدىنىنى ھۆددىگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنىدە، كېيىنكى چاغلاردا مۇشۇنداق چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىشىڭنى كۆزدە تۇتقانىدىم، ئىككىلەنمەي دادىل ئىشلە.

ــ ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، بىر ھېسابتا مەنمۇ ئوغلىڭىزنىڭ ئورنىدا. يېتىشەلمىگەن ھەرقانداق ئىشلىرىڭىز بولسا ئېيتىڭ. قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشىمەن، ئىلگىرى سىز بېشىمنى كۆپ سىلىغان، ئەمدى ئەجرىڭىزنى قايتۇرىدىغان ۋاقتىم كەلدى، ــ

دېدى نىياز قايتىش ئالدىدا. ئۇ ئەسلىدە: «ئاقتاشلىقلار يۇرتنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى تۆھپىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ، يېزىمىزدا سىزنىڭ قولىڭىز تەگمىگەن بىرەر تۈپ ئورمانمۇ يوق» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ بارات نىيازنىڭ سۇنغان كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويماقچى ئىدى، بىراق خۇشامەت تۈسىنى ئېلىپ قالىدۇ دەپ ئويلىدىمىكىن، بايىقى گەپلەرنى ئاغزىدىن ئارانلا چىقىرالىدى.

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، نىياز. بۇ مۇشۇنچىلىك ئالەمكەن. مۇشۇ يېشىمغىچە نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپتىمەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى ئىشلار ئادەمنى ئۆكۈندۈرسە، بەزى ئىشلار سۆيۈندۈرىدۇ. مانا بۈگۈن سېنى كۆرۈپ روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ھە راست، ئۆتكەندە نىساخانغا ئوتتۇن - كۆمۈر غەملەپ بەرگەنلىكىڭنى، ئانايەتكە ئۆي سېلىۋېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك خىش بەرگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ ھەممىمىز خۇش بولدۇق. ئاڭلىسام، يەنە يېزىمىزدىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بوپسەن، بۇ تولىمۇ ساۋابلىق ئىش. خەلقنىڭ دۇئاسى ساڭا مەدەت بېرىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى يولۇڭنى يەنىمۇ يورۇق ھەم راۋان قىلىدۇ، بالام! — دېدى بارات نىياز نۇرى قاچقان كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئېلىپ.

ئەمدى راشىدىننى يوقلاش ئۈچۈن كېتىۋاتقان نىيازنىڭ خىيالىغا بارات نىياز بايا نېمە مەقسەتتىدۇر ئاغزىدىن چىقارغان: «بۇ مۇشۇنچىلىك ئالەمكەن» دېگەن گەپ كىرىۋالدى. شۇ كۈنى نىياز يەنە ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ، خەلىچەم ھەم كەۋسەر بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قايتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ سابىر ھاجىدىن ھەممە ئىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، سودا بىناسى قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

كونىلار «خەيرلىك ئىشنىڭ يولى كەڭرى» دەپ بىكار ئېيتمىغا - نىكەن. ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە يىگىدىن قەد كۆتۈرۈپ، بۇ

قەدىمىي يۇرتقا سۈلەت بېغىشلىغان سودا بىناسى سەككىز ئايغا يېقىن ۋاقىتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا پۈتتى. بۈگۈن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر قۇرۇلۇشنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. نىياز قۇرۇلۇشنى رەسمىي باشلىغاندىن تارتىپ پۈتكۈزگۈچە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا، بەزى توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەندە ئەتراپىدىكى دوستلىرى ئوبدان ئەسقاتتى، يەنە تېخى بېيجىڭدىكى تاشمۇھەممەت، كامال ئۇستام قاتارلىقلارمۇ ياردىمىنى ئايىمىدى. گەرچە نىياز بۇ تۈنجى قۇرۇلۇشنى قىلىش ئارقىلىق سابىر هاجىدىكى نېسى قالغان خىش پۇلىنى ئورنىغا كەلتۈرۈۋالغاندىن سىرت، 300 مىڭ يۈەندىن ئوشۇقراق پايدىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە مىليون يۈەن پايدا ئالغاندىن ئارتۇقراق خۇش بولدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا هەرقانداق زور بايلىققا تېگىشكۈسىز مول تەجرىبە - ساۋاق توپلىۋالغانىدى.

*　　　　　*　　　　　*

ئاقتاشنىڭ بەرىكەتلىك، سېخىي كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى. پەقەت ئانا تەبىئەتلا ئىنسانغا هەممىنى بەخش ئېتەلەيتتى. جاپاكەش دېهقانىنىڭ ئەتىيازدىن يازغىچە ئاجايىپ چىدام هەم سەۋرچانلىق بىلەن تۆككەن تەرىنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە ئېرىشكەن مەئىشتى بۇنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ناهىيە مەركىزىدىن يىراقلىقى هەم بىكىك هالىتى بىلەن يىللاردىن بېرى تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولۇۋاتقان ئاقتاش يېزىسى مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىلا هەقىقەتەنمۇ قەددىنى رۇسلىغانىدى. يېزا تەۋەسىدىكى قومۇش بىلەن يۇلغۇندا چىتەنلەپ، ئۆستەڭدىن سېغىز لايدا سۇۋاپ بەرپا قىلىنغان دېهقان ئۆيلىرىدىن تارتىپ، ئۆز ۋاقتىدا خەلق كوممۇناسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن سېلىنغان مەكتەپ، دوختۇرخانا،

پوچتىخانا، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، باج پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاددىي ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلىرىمۇ بىر - بىرلەپ چېقىۋېتىلىپ، يېڭى زامانغا لايىق كۆركەم خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. مەھەللە بىلەن مەھەللىنى تۇتاشتۇرىدىغان توپىلىق يوللارغا شېغىل تۆكۈلۈپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر، چۆشۈرگۈ، كۆۋرۈكلەرمۇ قايتا رېمونت قىلىندى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناھىيە مەركىزىدىكى بىر قىسىم يېڭىلىقلارمۇ ئاقتاشقا كېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە ھەممىدىن بەكرەك چېلىقىدىغىنى موتوسىكلىت ئىدى. ئۇ بىر ھېسابتا ئاقتاشتىكىلەرنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغان ئات - ئېشەكلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەۋاتاتتى. يوللار راۋان، قاتناش قولاي بولغاچقا، سودا - سېتىقچىلار تۇرلۇك ماللىرىنى ھەپتىنىڭ ھەممە كۈنىدە نۆۋەت بىلەن قىزىيدىغان يېزا بازارلىرىغا ئاپىرىپ ئېھتىياجنى قاندۇراتتى. دېھقانلار ئىلگىرى ناھىيە بازىرىدىنلا سېتىۋالالايدىغان بىر قىسىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئەمدى يېزا بازىرىدىنمۇ بىمالال سېتىۋالالايتتى. يېزا بازارلىرى ئىچىدە يەنىلا ئاقتاشنىڭ بازىرى ئۆزگىچە ئىدى. بازار كۈنى قوشنا يېزىلاردىن كېلىدىغانلار ئەلۋەتتە ئاقتاشلىقلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سەرخىللىقىغا قول قويۇشاتتى. يەنە كېلىپ بازار ئىچىدىكى ئۆرۈكلۈك باغدىن باشقا، يول بويلىرىدىكى قاپاق تېرەك ھەم سۆگەتلەرنىڭ ئاستى ياز كۈنلىرى بازارچىلارغا راھەت بېغىشلايتتى. ھەممىدىن مۇھىمى، بازار ئىگىلىكى ئاقتاشنى ھەم ئاقتاشلىقلارنى يېڭىلاۋاتاتتى. ئابدۇللانىڭ بارات نىيازنىڭ ئورنىغا يېزا باشلىقى بولۇشى مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەرگە توغرا كەلگەچكە، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى بەك ئۇستۇن ئىدى. ئۇ يېزا - كەنتلەردە قەرەللىك ئېچىلىدىغان يىغىنلاردىلا ئەمەس، ھەر خىل زۆرۈرىيەتلەر بىلەن تۆۋەنگە بارغاندىمۇ يېڭىلىقلارنى ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئالغاندىن باشقا يەنە تېخى كەلگۈسىدىكى يېڭىلىقلار

ھەققىدە زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ، دېھقانلارنى ئاغزىغا قارىتاتتى. ئۇتقىدا «ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش»، «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش»، «يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش»، «نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش» دېگەن ئاتالغۇلارنى دەبدەبىلىك تەلەپپۇزدا تەكىتلىمەي قالمايتتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىچىدە ئابدۇللانىڭ ئىقتىدارىغا قول قويىدىغانلار كۆپىيىپ: «ھەرنېمە دېگەنبىلەن ياشنىڭ ھامان ياشلىقى بار - دە! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاقتاشنىڭ تۇزىنى يەپ چوڭ بولغان ئەمەسمۇ» دېيىشكىنىچە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى. ئەھمىيەتلىك بولغىنى، ئاقتاشتا ھوشۇر موزدۇزغا ئوخشاش ئاتا مىراس كەسىپنى تاشلىۋەتكەنلەردىن بىرنەچچىسى ئارىسال ۋاقىتلاردا ھۈنىرىنى قايتا قولغا ئېلىپ، بىپىشنىڭ قوشۇمچە ۋاستىسى قىلىشتى. ئوتياشچىلىق، بورىچىلىق قاتارلىق ئالاھىدە كەسپلەر قوزغىتىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بارلىققا كەلتۈرۈلدى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ بىر قىسىم بالىلىرى مانا مۇشۇ ئىقتىسادىي گەۋدىلەردە ئۆزىگە يارىشا ئىش تاپتى. ئەمما، خاسىيەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا بەزى كونا ئادەتلەرنى تۈپتىن ئۆزگەرتمەي بولمايتتى. دەرۋەقە، يېزا دېگەندە ھەممە ئىشنى چىرايلىق گەپ بىلەن ئاقتۇرغىلى بولمايتتى. قاتتىق تەدبىر قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ھە دېگەندە بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا «كىم بىلمەيدۇ، غازلىقتىكى سۇلايمان ياۋاشنىڭ بالىسىغۇ ئۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ قالىدۇ بۇ جاھان» دېگۈچىلەرمۇ چىقىپ قالاتتى. ئابدۇللا ياش بولۇشىغا قارىماي يېتەرلىك تەجرىبە - ساۋاق توپلىۋالغاچقا، يولۇققان زىددىيەتلەرنى ئۆز يولىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىپ كېتىۋاتاتتى. بىراق، ئادەملەر جانلىقلار ئىچىدە يەنىلا مۇرەككەپ مەخلۇق بولغاچقا، ئابدۇللا دەرھال ھەل قىلالمايدىغان پېتىر ئىشلارمۇ ئۇچرىماي قالمايتتى. ئېنىقراق ئېيتساق، ناھىيە مەسئۇللىرى بۇ

يىل يېزىلارنىڭ كۆزگى بوغداي تېرىش كۆلىمىنى يىللاردىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغاچقا، ئاقتاش يېزىسىغا چۈشۈرۈلگەن پىلانمۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 300 مودىن ئارتۇق ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئابدۇللا يېزىدا ئېچىلغان چوڭ يىغىندا پىلاننى كەنتلەرگە تەقسىم قىلىپ، ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ ۋەزىيىتى كۆلەم ۋە سۈپەت ئۆتكىلىگە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، بېكىتىلگەن مۆھلەت ئىچىدە چوقۇم ئورۇنلاپ بولۇشنى قايتا - قايتا تەكىتلىگەندە، بىر قىسىم كەنتلەرنىڭ مەسئۇللىرى نارازى بولۇشتى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرىكى يىللاردىمۇ ئارىلاپ يۈز بېرىپ تۇراتتى. بىراق، ئۇ چاغدا بارات نىياز ناھىيە چۈشۈرگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا دېھقانلارنىڭ ئىلكىدىكى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشقا قالدۇرۇلغان يەرگە چېقىلماي، ناھىيەگە يوللايدىغان دوكلات بىلەنلا ھەل قىلىپ دېھقانلارنى ئادەتلەندۈرۈپ قويغانىدى. ئابدۇللا كەنت مەسئۇللىرىغا ناھىيەنىڭ بۇ ئىشتىكى كەسكىن ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە سوئال دۆۋىسىگە كۆمۈلۈپ كەتتى.

— دېھقانلارنىڭ ئالىقانچىلىك چامغۇر، بەسەيلىكىنى تارتىۋالساق قاملىشامدۇ؟

— ھەممە يەرگە كۆزگى بوغداي تېرىۋەتسەك، ئاقتاشنىڭ داڭلىق چامغۇر، بەسەيلىرى يوقالمامدۇ؟

— زىغىر بىلەن زاغۇنىڭمۇ قۇيرۇقىنى قۇم باسمامدۇ؟

ھەممەيلەن ئوبيېكتىپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دادلاۋەرگەچكە ئابدۇللانىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، ئاچچىقتىن چىرايى ئۆڭدى. قاقشاۋاتقانلار گەرچە «ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئاتالسىمۇ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بەرىبىر دېھقان ئىدى. خەقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلسىلا يەر بىلەن ھەپىلىشەتتى. قىسقىسى، يەر ئۇلار ئۈچۈن «ئالتۇن قوزۇق» ھەم

بىردىنبىر تۇرمۇش كاپالىتى ئىدى.

— دۆلىتىمىزدە ئاشلىق مەسىلىسى ھەممىدىن مۇھىم، — دېدى ئابدۇللا قەتئىيلىك بىلەن، — ناھىيە ۋەزىپىنى تاپشۇرغانىكەن، ئورۇنلىماي ئامالىمىز يوق. بۇ يەردە تالاش - تارتىش قىلىشماي، قايتىپ بېرىپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار. پەسىل ئۆتۈپ كەتسە ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، يىغىن تۈگىدى!

ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدا، دېھقانلار بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىپ ئادەتلىنىپ قالغان تۇرسا، ئەمدىلىكتە ھەممە يەرگە كۆزگى بۇغداي تېرىيسەن دېسەك، ئۇلار گېپىمىزنى ئىلىك ئالارمۇ دېگەن بىرلا گەپ غۇلغۇلا قىلىناتتى. شۇ كۈنى ئۇلار دېلىغۇللۇق ئىلكىدە قايتىپ كېتىشكەن بولسىمۇ، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ھەرقايسى كەنتلەردە چاتاق چىقىشقا باشلىدى. بۈگۈن ئەتىگەندە تۇنجى بولۇپ روزى كادانىڭ ئالاقزادە كەيپىياتتا ئابدۇللانىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى - دە:

— ئۇكام ئابدۇللا، ياق، ياق...... يېزا باشلىقى، غازلىقتا چاتاق چىقتى، چاپسان بولسىلا! ھازىرلا غازلىققا بارايلى! بۇ چاتاقنى ئۆزلىرى ھەل قىلمىسىلا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمىدى! — دېگىنىچە پېشانىسىدىكى تەرنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتتى. كەنتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان ئابدۇللا ئەجەبلەنگەن ھالدا سورىدى:

— روزىكا، شۇنچە ئالاقزادە بولۇپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بولدى زادى؟

— ھەي، ئۇكام ئابدۇللا! ياق، ياق...... يېزا باشلىقى، سىلىگە بۇ ئىشنى قانداق دېسەم بولا، مەيلى دەۋېرەي ئەمسە، قاۋۇل سېكرېتار تاياق يەپ كەتتى!

— تاياق يەپ كەتتى، بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

— بۇ راست گەپ، يېزا باشلىقى، چاپسان غازلىققا بارايلى!

ئابدۇللا روزى كاداڭنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىز ئىپادىلەرگە قاراپ سەل ئەندىكىپ، شوپۇرغا ماشىنىنى تەييار قىلىشنى ئېيتتى.

ئۇلار غازلىقتا يېتىپ كەلگەندە، چوڭ كۆلگە يېقىنلا يەردىكى ئېتىز ئۇستىدە يۈز بەرگەن ماجىرا پەسكويغا چۈشۈپ، غېنى ساقچى تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغانىدى. ئابدۇللا ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ، جالالىدىن ئاخۇننىڭ جەمەتىدىكىلەر بىلەن قاۋۇل سېكرېتارنىڭ جەمەتىدىكى ئون نەچچە كىشىنىڭ بىر - بىرىگە دېۋەيلىشىپ تۇرۇشقانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە جەمەتلەر بويىچە جېدەللەشكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. جالالىدىن ئاخۇندىن باشقا، ئىككى تەرەپتىكى بىرنەچچە كىشىنىڭ يۈز - كۆزلىرى تاتىلىنىپ، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلغانىدى. قاۋۇل سېكرېتار قىر ئۈستىدە كۆچەتلىكنىڭ يېنىدىكى جالالىدىن ئاخۇنغا ھۈرپىيىپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئاياللىرى تېخىچە بىر - بىرىنى تىللىشىۋاتاتتى. ئابدۇللانى كۆرۈپ ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى.

— ئابدۇللا ئۇكام، ياق...... يېزا باشلىقى، ماۋۇ ئادەمنىڭ قولىدىن سېكرېتارلىقنى ھازىرلا تاپشۇرۇۋېلىڭ! بىزگە سېكرېتارلىق ئەمەس، جان لازىم، جان! ماۋۇ مۇتتەھەملەر ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى! — دېدى قاۋۇل سېكرېتارنىڭ پاكار بوي، ئاق سېرىق، مەگزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ئايالى ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ. ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ياندىشىپ تۇرۇشقان بىرنەچچەيلەن جالالىدىن ئاخۇنغا تىل سېلىپ، «قىلمىشلىرى» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئوغلۇم ناھىيەدە باشلىق دەپ مۇشۇنداق ئۆكتەملىك قىلسا بولامدۇ؟

— باشلىق بولسا بىزگە نېمە پايدىسى تېگىپتۇ ئۇنىڭ؟

— كىم بىلمەيدۇ سەدىردىن دېگەن ئۇ توروز باشنى!

— دادام تەشكىلنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان تۇرسا، ئۇنىڭغا ئوشۇقلۇق قىلسا بولامدۇ؟

— دادام سېكرېتار بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا ھەممىسىنىڭ توگكىسىنى ئۆزۈملا چېقىۋېتىپ، نېمە كۆرسەم كۆرەتتىم!

— باي بولساڭ ئۆزۈڭگە! بىزنىڭ جەمەتىمىز ھەرگىزمۇ سەنلەرگە بوزەك بولمايدۇ!

— بولدى قىلىڭلار! بىر يۇرت، بىر مەھەللىلىك تۇرۇپ ئۆزئارا جېدەللىشىشتىن نومۇس قىلمامسىلەر؟ — دېدى ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتارنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە قاراپ غەزەپلىك تەلەپپۇزدا.

ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتار بىلەن جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىغا بىرنەچچە يىل بولغىنىنى بىلەتتى. بىر ھېسابتا ناھىيەدە سەدىردىننىڭ تاۋى ئۆسۈپ، ئۆز نۆۋىتىدە جالالىدىن ئاخۇنغا تەسىر كۆرسىتىش تۈپەيلى، غازلىقتىكى ساناقلىق بايلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندىن بۇيان، «ئىككى يولۋاس بىر تاغقا سىغماپتۇ» دېگەندەك، قاۋۇل سېكرېتار بىلەن سىغىشالماي كېلىۋاتاتتى. قاۋۇل سېكرېتار كۆڭلىدە «سەن ھەرقانچە باي بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئالدىمدا ياۋاش - يۇمشاق بولماسلىقىقا ھەددىڭ ئەمەس» دېسە، جالالىدىن ئاخۇن ھە دېسە قىر كۆرسىتىپ «مەن ھازىر بۇرۇنقى جالالىدىن ئەمەس، مېنى ئوبدان تونۇپ قوي» دەيتتى. ئەمما، غازلىقتا پەقەت قاۋۇل سېكرېتارنىڭلا جەمەتى ھەممىدىن كۆپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى دەستەك قىلىپ باشقىلارنى بوزەك ئېتىدىغانلارمۇ خېلى بار ئىدى. يامان يېرى، قاۋۇل سېكرېتارغا كىم گەپ ياندۇرسا مۇشۇنداق تۈپلىشىپ ھۇجۇم قىلىشاتتى. ئۇلار ئۆزئارا ماسلىشىۋالغان بولۇپ، قاۋۇل سېكرېتارمۇ مانا مۇشۇ كوزىرى ئارقىلىق غازلىقتىلا ئەمەس، پۈتۈن ئاقتاشتا مەيدە كېرىپ يۈرەتتى. ئابدۇللا ئىلگىرى «شۇنداق بىر كۈنلەر نېسىپ بولسا، قاۋۇلنىڭ ئەدىپىنى تازا بېرىپ، رەھـ-

ـمەتلىك دادامنى بوزەك ئەتكىنىگە، ئەينى چاغدا «بوغالتىرلىقنى تاپشۇر» دەپ زوتالىق قىلغىنىغا بۇرنى - قۇلىقىغىچە بىر تويغۇزمىسام......» دېگەنلەرنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، تۇرمۇشتا ئارزۇغا مۇخالىپ ئىشلار ماڭدامدا ئۇچراپ تۇرىدىكەن. قىسقىسى، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆڭۈلدە ئويلىغاننى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىكەن. ئىنقىلاب ئىپتىقاندا، ئابدۇللا يېزا باشلىقى ئەمەس، بەلكى يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا دەسسىگەندىلا قاۋۇل سېكرېتار ئۇنىڭغا بېشىنى بىراقلا ئېگىپ، ھەرقانداق زەربىسى تەسىر قىلالمايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ ئابدۇللا بىلەن پاتىگۈلنىڭ ئالدىدا خۇشامەتچىلىكنى شۇنداق ۋايىغا يەتكۈزۈۋەتتىكى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۆپ ھاللاردا قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشاتتى. قاۋۇل سېكرېتار ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە مېۋە - چېۋە، يېمەك - ئىچمەكلەرنى قەرەللىك يەتكۈزۈپ بېرىشتىن باشقا، ئابدۇللانىڭ ئۆتكەن يىلى يېزا ئورگىنىنىڭ كەينىدىكى كۆزنەك ئورۇنغا سالغان ئەنجان نۇسخىسىدىكى ئۆيىگە كېتەرلىك ياغاچ - تاشلارنىمۇ ئېشىپ - تاشقۇدەك دۆۋىلىۋەتتى. ئابدۇللا شۇ ھالدىمۇ ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئۇنتۇيالمىدى. قاۋۇل سېكرېتارمۇ «ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىتار»نى ئوبدان بىلگەچكە، «ياخشىلىق»نى ئۈزۈپ قويماي، كېيىنكى ئىشلارنى ئەڭ يادرولۇق ئورۇن بولغان پاتىگۈلگە قاراتتى. پاتىگۈلگە ناھىيە بازىرىدىن بىر يۈرۈش ئالتۇن زىبۇ - زىننەت سېتىۋېلىپ سوۋغا قىلغانىدى، ۋەزىيەتتە بىردىنلا ئۆزگىرىش بولدى. ئەسلىدە پاتىگۈل ئابدۇللاغا تەسىر كۆرسەتكەچكە، قاۋۇل سېكرېتارغا شامال تەگمىدى.

ئابدۇللا بۈگۈن كۆز ئالدىدىكى ماجىرانىڭ سەۋەبىنى ئىنقىلاشقا تېخى ئۈلگۈرمەيلا، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە تېگىپ قويۇپ شۇئان ئوڭايسىزلاندى. دەرۋەقە، بۇنىڭ بىلەن جەمە-

تىـدىكىلەرنىڭ روھـى كۆتۈرۈلـۈپ قـالغىنىنى بىلـگەن جالالـدىن ئـاخۇن «ھەرنـىمە دېگەنـبىلەن ئابـدۇللا ماڭـا يانتايـاق بولـدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈردى.

— جەمەتىم كۆپ دەپ بىزنى بوزەك ئەتسە بولامدۇ؟ مۇشۇنداق سـوختا ئۆسـكەن كـۆچەتلەرنى نـابۇت قىلىۋېتىـشكە كىمنىـڭ قـولى بارـدۇ؟ بىيىـشتا باشـلامچى بولغىنىمغـا پەقەتـلا چىدىمـىدىغۇ بـۇ مـۇتتەھەملەر! — دېـدى جالالـدىن ئـاخۇن ئابـدۇللاغا دادلىنىـپ. ئارىـدا غېنـى سـاقچى بىـلەن روزى كـاداڭ ئۆزئـارا بىـر - بىرسـىگە دىۋەيلىشىپ تۇرۇشقان كىشىلەرنى پەيلىـدىن يانـدۇرۇپ ئۆيلىرىگە كەتكـۈزۈۋەتتى. شـۇ چاغـدا كەنـت مـۇدىرى سـەيدىئەخمەت تـۇرا ماجىرانىڭ سەۋەبىنى ئابدۇللاغا چۈشەندۈردى:

— يېـزا باشـلىقى، ئۆتكەنـدە يىغىنـدا ئورۇنلاشـتۇرغانلىرى بـويىچە ھەمـمە ئائىلىلەرنىـڭ ئىقتىـسادىي زىـرائەت تېرىيـدىغان يەرلىرىنـى كـۆزگى بۇغـدايغا قايتۇرغانـدۇق. جالالـدىن ئاخۇنغـا، «بەش مـو كۆچەتزارلىقىڭلىنىـڭ ئىككـى موسـىغا كـۆزگى بۇغـداي تېـرىڭلا» دېـسەك، ئۇنىمـاي...... بىـز بىـلەن...... يـاق، قـاۋۇل سېكرېتار بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى......

— ئەقلىڭلا دۆمبەڭلىگە چىقىپ قالـدىمۇ سىلىنىڭ؟ كۈزلـۈك كۆچەتنى كـۆزگى بۇغـدايغا تـوڭ ياتقۇزۇشـنىڭ ئالدىـدا تىكىـدىغان تۇرساق، غازىڭى تېخى تۆكۈلمىگەن كۆچەتنى ئورنىـدىن قوزغىـساق قۇرۇپ كەتمەمدۇ؟

جالالىدىن ئاخۇننىڭ بۇ سۆزىگە روزى كاداڭ دەرھـال ئىنكـاس قايتۇردى:

— ھازىرچە كۆچەتنى قومۇرۇپ، تىكىدىغان ۋاقىت كەلگـۈچە ئورەككە كۆمۈپ قويساق بولمىدىما؟ بـۇنچە تەرسالىق قىلمىساڭلىمۇ خاننىڭ بازىرى بار ئەمەسمۇ ئۇنى جۆندەيدىغانغا!

— بولدى قىلىڭلا، بۇنچە جېدەللەشمىسەڭلارمۇ ھەل قىلغىلى

بولىدىغان ئىشكەنغۇ بۇ!؟ ــ دېدى ئابدۇللا تەمكىن هالدا.

ئابدۇللانىڭ بۇ سۆزى قاۋۇل سېكرېتار بىلەن جالالىدىن ئاخۇننىلا ئەمەس، سەيدىئەخمەت تۇرا قاتارلىقلارغىمۇ ياققانىدەك قىلاتتى. جالالىدىن ئاخۇن كۆڭلىدە «ئابدۇللا ئورمانىنى قومۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، مېنى قوغدايدىغان بولدى» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقاندا، ئابدۇللا كۈتۈلمىگەن گەپنى قىلدى:

ــ ئىككى مو يەردىكى كۆچەتلەرنى قومۇرۇپ دېهقانلارغا بىر تۇتاش تەقسىم قىلىپ بېرەيلى. ئۇلار ئۆزلىرى ساقلاپ پەسىل كەلگەندە بوش يەرلەرگە تىكسۇن. پۇلنى دېهقانلار بۇغداي ساتقاندا، بىراقلا تۇتۇپ يىغىپ بېرەيلى. مۇشۇنداق قىلساق هەر ئىككى تەرەپ مەنپەئەتلىنىدۇ!

جالالىدىن ئاخۇن نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، بىراق گەپ قىلمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ كۆچەتلەرنى سېتىش ئويى بار ئىدى. ئابدۇللانىڭ دېگىنى بويىچە ئىككى مۇ يەردىكى كۆچەت بىراقلا سېتىلىپ پۇلى يىغىپ بېرىلسە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى. ئابدۇللانىڭ بۇ قارارى ئۆز نۆۋىتىدە قاۋۇل سېكرېتارنىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ جالالىدىن ئاخۇننىڭ «بارمايمەن» دەپ تاش چىشلەپ تۇرغان «تۈگمەن»گە ئاخىر بېرىشقا مەجبۇرلانغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، غازلىقنى ئۇشتۇمتۇت ئەنسىزلىككە سالغان ماجىرانى ئابدۇللا زېخنىمۇ، كاۋاپنىمۇ كۆيدۈرمەي هەل قىلىۋەتتى. ئەتىسىلا جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئىككى مو يەردىكى كۆچەتلىرى قومۇرۇلۇپ دېهقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئەپسۇس، ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەي مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر پېتىر ئىش باش كۆتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۆزلىرىگە ئاز بولسىمۇ يانچۇقىغا پۇل كىرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئوتياش يېرىگە كۈزگى بۇغداي تېرىشنى خالايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشتا

ئابدۇللانىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، سابىق يېزا باشلىقى بارات نىيازنى ئىزدەپ كېلىشتى.

ئۇ كۈنى بارات نىياز ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتاتتى. ئويلىمىغاندا ئۇنىڭ ئازادە هويلىسى داد ئېيتىپ كېلىشكەن دېهقانلار بىلەن تولۇپ كەتتى. هەممەيلەن ئابدۇللا ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشاتتى:

— يېزا باشلىقى، بىزنى كىچىك بالىغا تاشلاپ بېرىپ ئوبدان قىلمىدىلا! ئابدۇللا ئىشلارنى هۆددەس قالايمىقان قىلىۋەتتى! سىلى ئاران بەرپا قىلغان بىر ئوبدان ئىشنى بۇزۇۋەتتى! قاراپ تۇرۇپ بىز بىچارىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆيدۈرسە قاملىشامدۇ!

— يەرلەرنىڭ هەممىسىگە كۆزگى بوغداي تېرىغىنىمىز بىلەن، بىر چارەك بۇغدايغا بىر جىڭ گۆش كەلمىسە قانداق كۈن كەچۈرىمىز؟

— «بالا كىچىك، ئىشتان پوق» دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ!

— بۇغداي، قوناقنى ئېهتىياجىمىزغا لايىق تېرىپ، بىر-ئىككى مودىن يەرگە ئوتياش تېرىپ سېتىپ تۇرمۇشىمىزنى قامدىغىنىمىزنىڭ نېمە زىيىنى؟

— سىلى ئۆز ۋاقتىدا «بۇنىڭدىن كېيىن مۇهىمى گالىنى باقىمىز هەم پۇل تاپىمىز» دېگەنغۇ! پۇل تاپىدىغان يېرىمىزگە كۆزگى بۇغداي تېرىۋەتسەك پۇلنى قانداق تاپىمىز؟

— بىزگە سىلى بولمىسىلا زادى بولمايدىكەن، يېزا باشلىقى!

— بېشىمىزنى سىلاپ قويسىلا، يېزا باشلىقى!......

هويلىدا، ئىشىك ئالدىدا كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. بارات نىياز ئۆزىنى دېهقانلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاستىدا تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەك هېس قىلاتتى. شۇ مەهەلدە گويا بىركىم چاقىرتىپ كەلگەندەك پەيدا بولغان قاسىم قارىم ئۆزىنىڭ جامائەت ئارىسىدىكى تەسىرى بىلەن هەرهالدا هەممەيلەننى جىملىدى. بارات نىياز كۆتەكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ هەممەيلەنگە تەكشى كۆز

يوگورتۇپ دېدى:
— يولداشلار، بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم بار. بۇ يىل كۈزگى بۇغداي كۆلىمىنى ئاشۇرۇش ناھىيەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ھەممىڭلار خاتىرجەم بولۇڭلار، يېزىلىق ھۆكۈمەت مەنپەئەتىڭلارنى كۆيدۈرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. ئاڭلىسام، كېلەر يىلى ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسىدىكەن......
— سىلى ئاغزىمىزغا قۇرۇق ئېمىزگە سېلىشقا ئۆچ ئىدىلىغۇ، يېزا باشلىقى! ئەمدى......
— كۆڭلۈڭلارنى چۈشىنىمەن، ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭلار، مەن يېزا مەسئۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي. بۇ ئىشنى ئوڭشايدىغان بىرەر ئامال تېپىلىپ قالار. ئۇنىڭغىچە بۇ ھەقتە قالايمىقان گەپ قىلماي ئىشىڭلارنى قىلغاچ تۇرۇڭلار. دېمىسەممۇ ياخشى بىلىسىلەر، ئەپقاچتى گەپ كۆپ بولسا ئىش بۇزۇلىدۇ.
— ماقۇل، يېزا باشلىقى، گەپلىرىنى ئاڭلاپ قايتىپ كېتەيلى. بۇ ئىشنى سىلىدىن باشقىسى ئوڭشىيالمايدۇ، ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇق ئەمىسە!

چىرايى ئاپتاپتا مىستەك تاۋلانغان تەمبەل كىشىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ھەممەيلەن قايتىپ كېتىشتى. بارات نىياز شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇللانى ئۆيىگە چاقىرتتى:
— ئابدۇللا، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە چېتىلىدىغان ئىشلاردا قىزىققانلىق قىلما. ئۆتكەندە شۇنچە تاپىلىساممۇ گېپىمنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن، — دېدى ئۇ سەممىي نەسىھەت تەلەپپۇزىدا، — سىياسەت، ئەمر - پەرمان دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەرگە ئوبدان قاراپ باقساڭ، بەلگىلىمىلەرنىڭ ئاخىرىدا «ئۆزۈڭلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭلارغا قاراپ ئەمەلىيلەشتۈرۈڭلار» دەيدىغان ئەسكەرتمىسى بار. دېمەكچىمەنكى، تەشكىلمۇ بەش

بارماقنىڭ تەڭ ئەمەسلىكىنى، ھەر جاينىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى نەزەرگە ئالىدۇ.

بارات نىيازنىڭ بۇ گېپى ئابدۇللاغا ياقمىدى:

— ناھىيەدىكى يىغىندا بۇ يىلقى كۈزگى بوغداي كۆلىمىگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش قاتتىق تەكىتلەندى. يەنە تېخى بۇ ئىشنى سۈيلەپ ناھىيەدىن مەسئۇل يولداشلارمۇ كەلگەن تۇرسا...... شۇڭا......

— بۇنى بىلىمەن، مەنمۇ سىزنى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىل دېمەكچى ئەمەسمەن. دېھقانلارنىڭ بۇگۈنكى غۇلغۇلىسىدىن قارىغاندا، ھەرھالدا ئۇلار بازار ئېگىلىكىنى ئاز - تولا چۈشىنىشكە باشلاپتۇ. خەۋىرىڭ باركى، بىز ئۇلارنى بازارغا يۈزلەندۈرىمىز دەپ ئاز ھەرەج تارتتۇقمۇ؟ ئۇلار بازارغا قۇرۇق بىلەن قول ئەمەس، پۇل بولىدىغان قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن كىرمىسە، بازارغا قانداق يۈزلىنىدۇ؟ مەن ھېسابلاپ كۆردۈم، بىز ئالدى بىلەن قېقىردىكى بېدە تېرىشقا قالدۇرغان يەردىن 100 مو، ئالدىنقى يىلى لايىقىدىن ئاچقان بوز يەردىن 100 مو ئاجرىتايلى، ئاندىن يېزىمىزدىكى مېۋىلىك باغلار 400 مودىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسىگە كۈزگى بۇغداي تېرىتۇەتسەك پىلاننى ئاشۇرۇپ ئورۇنلايمىز ئەمەسمۇ......

— بېدە پىلانى ئورۇنلانمىسا قانداق قىلىمىز؟

— بايا دېدىمغۇ، ئەمر - پەرمان دېگەن خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ناھىيەگە بېدە پىلانىنى تولۇق ئورۇنلىدۇق دەپ دوكلات قىلىۋەتسەك بولمىدىمۇ!؟ ئاقتاش دەريا سىنىڭ ئىككى تەرىپىدە شۇنچە كەڭ يايلىقىمىز تۇرسا چارۋىلىرىمىز ئاچ قالامتى؟ ناھىيە يېزىلارغا پىلان چۈشۈرگەندە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدۇ. باشقا يېزىلارنىڭ بىزنىڭكىگە ئوخشاش كەڭ يايلىقى بولمىغاندىكىن بېدىنى پىلان بويىچە تېرىيدۇ. بىز ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا بېقىپ ئىش قىلىمىز. پىلاننى ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىپ

تەگشەش دېگەن مانا مۇشۇ. ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

— باغلارغا كۆزگى بۇغداي تېرىساق ھوسۇل ئالغىلى بولارمۇ؟

— مەن ئىلگىرى سىناق قىلىپ باققان، ئوبدان پەرۋىش قىلساق چوقۇم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى بۇغداي سورتلىرى كۆرۈنەرلىك پاكار ئۆسىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەر بوغدايغا كۆپ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ھېچبولمىغاندىمۇ باغلارغا تېرىلغان كۆزگى بوغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 20 چارەكتىن ئاشۇرالايمىز. مۇشۇنداق قىلساق تېخى يۇقىرىدىن تەكىتلىنىۋاتقان «قوش قاتلام ئىگىلىك يارىتىش» دېگەن چاقىرىقنى يېقىندىن ماسلاشقان بولىمىز.

ئابدۇللا ئازراق سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بارات نىيازنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈپ، ئەمدىكى ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ كەچلىكى كەنت كادىر-لىرىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە چاقىرتىپ ۋەزىپىنى قايتا ئورۇنلاش-تۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئاقتاشلىقلارنىڭ نارازىلىقى بېسىلىپ، ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشتى.

ئەسلىدە ئىش مۇشۇنداقلا داۋاملاشسا، ئاخىرقى خۇلاسىسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولسا بولاتتى. بىراق، ئەكسىچە ئەھۋال يۈز بەردى. ئاقتاشتا تۈنجى قار ياغقان كۈنلەردە، ئابدۇللا ئەتراپىدىكىلەردىن بىرنەچچەيلەن بىلەن ناھىيەدە ئېچىلغان «ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى»غا كېتىپ، تۆت كۈندىن كېيىن روھى چۈشۈپ سالپايغان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئەسلىدە بارات نىيازنىڭ كۆرسەتـ-مىسى بويىچە قىلىنغان ھېلىقى خالىس ئىشنى كىمدۇر بىرسى ناھىيە مەسئۇللىرىغا ئەينەن يەتكۈزۈپ قويغاچقا، ناھىيە مەسئۇ-للىرى ئابدۇللانى تەنقىد قىلغانىدى. تەنقىد بىلەنلا كۇپايىلەنگەن بولسىمۇ مەيلى ئىدى، يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا تەكشۈرۈشنامە يېزىپ ناھىيە مەسئۇللىرىغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاندى. شۇنداق قىلىپ،

باشقا يېزىنىڭ باشلىقلىرى مەيدىسىگە قىزىلگۈل تاقاپ كېرىلگەن بولسا، ئابدۇللا تەنقىد ئىشىتىپ بېشى چۈشۈپ كەتتى. كېيىن خورلۇقنى كۆتۈرەلمىدى بولغاي، ناھىيەدىن كېلىپ ئۆيىدىن چىقماي ئاچچىق يۇتۇپ ياتتى. ئەتىسىلا بارات نىياز ئەھۋالنى ئۇقۇپ: «بۇنچىلىك تەنقىدكە ئۆزۈڭنى تۇگەشتۈرگىنىڭ نېمىسى! ئوغۇل بالىدەك قەددىڭنى رۇسلاپ، ئورنۇڭدىن تۇر!» دەپ تەسەللى بەردى. يەنە يېزا مەسئۇللىرىدىن بەزىلەرمۇ ئۇمىدلىك گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرگەن بولدى. گەپ ئارىسىدا ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ مەسىلىھەتى بويىچە ئىش قىلىپ خاتالاشقانلىقىنى ئېيتتۇىدى، ئۇلار بىردەك: «بارات نىياز قېرىپ كەتتى، ئەمدى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىگە كىرمەي، مۇستەقىل ئىش قىلمىساق چاتاق چىقىدۇ» دېيىشتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئابدۇللا ئاللىقاچان مۇشۇنداق قاراشقا كېلىپ بولغانىدى. ئۇ ئىچىدە «مۇبادا دەسلەپكى قارارىمنى ئۆزگەرتمىگەن بولسام، ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ تەنقىدىنى ئىشىتىپ، تەكشۈرۈشنامە يېزىپ يۈرمەس ئىدىم» دەپ ھەسرەتلىنەتتى. ئويلىمىغانىدا ئۇنىڭ بەزىلەرگە ھەسرەت چېكىش تۇيەيلى ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن بىرنەچچە ئېغىز گەپ كېچىكمەيلا بارات نىيازنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، غېرىبسىنىۋاتقان كۆڭلىگە نەشتەر ئۇرغاندەك بولدى. ئاقىۋەتتە ھەقىقىي ھەسرەت چەككۈچىگە ئايلانغان بارات نىياز ئابدۇللا بىلەن ياخشىراق مۇڭدىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر رايى بارمىدى.

*                    *                    *

بۈگۈن كەچتە پاتىگۈل مەكتەپتىن كېلىپلا ئابدۇللانىڭ چىشىغا تېگىپ، ھەسرىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتتى.

ــ ماڭا راست گەپنى قىلىڭ! بۇ قېتىم ھاكىم سىزنى تەنقىدلەپلا بولدى قىلدىمۇ ياكى ئەمىلىڭىزنى ئېلىۋەتتىمۇ؟
پاتگۈلنىڭ كۆتۈلمىگەن بۇ سوئالى ئابدۇللانى چىچاڭشىتىۋەتتى:
ــ نېمانداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىسىز؟ ئازراقلا تەنقىدلەندىم شۇ. ئەمىلىمنى ئېلىۋەتكۈدەك خاتالىق ئۆتكۈزگىنىم يوق، مەن ھازىرمۇ ئاقتاش يېزىسىنىڭ باشلىقى!
ــ مېنىڭ گېپىم قاملاشمىغان بولسا، خەقنىڭ تالا ـ تۈزدە دەپ يۈرگەن گەپلىرى قاملىشىپتىمۇ؟ سىرتلارغا چىقىپ يېزا باشلىقىدەك يۈرمەمسىز ئەمىسە!
ــ خەقنىڭ تالا ـ تۈزدىكى ئەپقاچتى گەپلىرىگە ئىشىنىپ كەتمەڭ دەپ سىزگە نەچچە قېتىم دېدىمغۇ!
ــ خەقلەرنىڭ «ئابدۇللا يېزا باشلىقلىقنى قاملاشتۇرالمىدى، ئاقتاشقا يەنىلا بارات نىياز بولمىسا بولمايدىكەن» دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرۇۋاتسا كارىم بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟
ــ بۇ...... ھەي...... خەقنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن دېدىمغۇ!
ــ باشتا بارات نىيازنىڭ كەينىگە كىرمەڭ دېسەم گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭىز. شۇ تاپتا ئۇ بەلكىم تاماشا كۆرۈۋاتقاندۇ؟ ئۆيگە مۆكۈنۈپ ياتماي، ئەتىلا سىرتقا چىقىپ باشقىلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ھېلىمۇ يېزا باشلىقى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ!
خوتۇنىنىڭ تاپا ـ تەنىسى تەسىر قىلدىمىكىن، بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئىشخانىسىغا كەلگەن ئابدۇللا چۈشكىچە ئورگانلاردىكىلەرگە يىغىن ئېچىپ، بەزى تۈزۈملەرنى قايتىدىن چىڭىتتى. چۈشتىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەرگە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ كۆزگى بۇغداي تېرىش ئەھۋالىنى بىر قۇر تەكشۈردى. كەنت كادىرلىرىدىن ئىككىسىگە ئەتەي قاتتىق تېگىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپمۇ قويدى. بۇنىڭ بىلەن روھى خېلى

كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئابدۇللا ئايالى پاتىگۈلنىڭ دىتىغا ھەقىقەتەن قايىل بولدى. بىراق، ئۆيگە كىرىپ پاتىگۈلنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئويلىنىپ قالدى. پاتىگۈلنىڭ چىرايى ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىغاندەك تۇتۇلغان بولۇپ، ئەپتىدىن بۈگۈنمۇ خەقلەرنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق تارقاتقان ئۆسەك گەپلىرى قۇلىقىغا يەتكەندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئابدۇللانىڭ ئويى توغرا ئىدى. پاتىگۈلنىڭ بۈگۈن بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسىگە سۆھبەتلىشىشكە بېرىپ، ئابدۇللا توغرۇلۇق ئالدىنقىسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغىنى ئاز كەلگەندەك، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان بىر خىزمەتدىشىنىڭ ئەتەي ئابدۇللا بىلەن بارات نىيازنى سېلىشتۇرۇپ چىشىغا تەگكەنلىكى ئىدى.

— نېمە، بۈگۈنمۇ ئۈستۈمدە بولۇنغان پىتنە - پاساتلارنى ئاڭلاپسىز - ھە؟ بولدىلا، خەق نېمە دېسە ئۆزىنىڭ ئاغزى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق گەپلەرنى پىسەنتىڭىزگە ئالماڭ. بۈگۈن ئورگاندا يىغىن ئېچىپ، خىزمەت ئىنتىزامىنى قايتىدىن چىڭىتتىم، بۇ ئارقىلىق ھازىرمۇ ئاقتاشنىڭ يېزا باشلىقى ئىكەنلىكىمنى ئوبدان تونۇتۇپ قويدۇم. قاراپ تۇرۇڭ، ئەمدى ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەر يوقايدۇ.

— بارات نىيازنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەي ماختايتتىڭىز، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىچى قوتۇر ئادەمكەن. سىزنى ئۇتقا ئىتتىرىپمۇ بولدى قىلماي، ئەمدى خەقنى قۇترىتىپ، سىزگە قارشى جامائەت پىكرى توپلاۋېتىپتۇ. ئېيىنى كەلتۈرۈپ دەككىسىنى بېرىپ قويسىڭىز ئۆزىنى يىغىشتۇرۇۋالاتتى.

ئابدۇللا ئەمدىلا سافاغا ئولتۇرۇشىغا، پاتىگۈلنىڭ بۇ گېپى قۇلىقىغا كىرىپ، بېشىغا تۇيۇقسىز بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋېتىلگەندەك ئەندىكتى.

— ئۇ يەنە مېنى چىشلەپ تارتىپتىما؟

— بىردەمدىن كېيىن قاۋۇل سېكرېتار كېلىدۇ، شۇنىڭدىن سوراڭ.

— بۇ قېتىم ھەممىنى بىلدىم. ئەمدى ئىشلارنى سىز دېگەندەك مۇستەقىل قىلىمەن. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلىغىنىم بىلەن، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاۋايلىمايدىكەن ئەمەسمۇ!

— ھەرھالدا بىلىپسىز، بۇرۇنراق شۇنداق قىلىدىغان ئىش ئىدى.

ئابدۇللانىڭ كېيىنكى سۆزى پاتىگۈلنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقتى بولغاي، چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپلا كەتتى. دېمىسىمۇ مۇشۇ كۈنگىچە ئابدۇللانىڭ ئۆز سالاھىيىتى بىلەن ئازراقمۇ ھېساب-لاشماي، ھەرقانداق ئىشتا بارات نىيازنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمىغىنىغا پاتىگۈلنىڭ ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى. ئىلگىرىمۇ مۇشۇ ھەقتە ئىككىسى بىرنەچچە قېتىم مۇنازىرىلىشىپمۇ قالغانىدى. ئابدۇللا ھە دېگەندە ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە بارات نىيازنىڭ بىر قوللۇق ئەجرى بارلىقىنى تىلغا ئالغاچقا، پاتىگۈل ئۇنىڭ «قاتمال ئىدىيەسى»نى ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا، ئابدۇللانىڭ بارات نىيازغا بولغان قارىشىدا بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى پاتىگۈل ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە قاۋۇل سېكرېتار چوڭ بىر ماي باكىنى تەستە كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەندە، پاتىگۈل بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئابدۇللانىڭ ئۇدۇلىدىكى كىرېسلوغا تەكلىپ قىلدى.

— ئازراق زاغۇن يېغى ئالغاچ كەلدىم. ئىشلىتىپ كۆرۈپ باقسىلا، ئەگەرچەندە ياراپ قالسا يەنە ئەكېلىپ بېرىمەن، — دېدى قاۋۇل سېكرېتار خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن.

— بۇنى كۆتۈرمەي كېلىۋەرسىلە بولاتتىغۇ، ئادەمنى خىجىل

قىلىپ...... — دېدى پاتىگۈل قاۋۇل سېكرېتارنىڭ قولىدىن باكىنى ئېلىشقا تەمشىلىپ.

— بولدى، سىلى بۇنى كۆتۈرەلمەيلا. قويىدىغان جاينىلا كۆرسىتىپ قويسىلا، ئۆزۈم جايلاشتۇرۇپ بېرەي، — دېدى قاۋۇل سېكرېتار ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— ھەر قېتىم بىرنەرسە كۆتۈرۈپ كېلىپ مېنىمۇ كۆندۈرۈپ قويۇپلا، ئىشىكتىن كىرسىلە قوللىرىغا قارايدىغان بولۇپ قاپتىمەن. ئەمىسە خاپا بولماي ئاشخانىغا ئەكىرىپ بەرسىلە، — پاتىگۈل شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ ياندىكى ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. قاۋۇل سېكرېتار باكىنى ئاشخانىغا جايلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق تەبىئىي ئىدىكى، بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ئىككىڭلار ئوبدان مۇڭدىشىڭلار، مەن زاغۇن يېغىدا ئوخشىتىپ بىر پولۇ ئېتەي.

— ئاپلا! پولۇ ئېتىدىغانلىقلىرىنى بىلگەن بولسام، غاز چۈجىسىدىن ئالغاچ كېلەتتىم ئەمەسمۇ؟! ئانايەت كۈدەك ئەتىگەن يېكەنكۆلگە چىلە سېلىپ بىرنەچچە غاز چۈجىسى تۇتۇپتىكەن.

— غازلىقنىڭ غازلىرى نېمىشقا كۆپەيمەيدىكىن دېسەم، ئەسلىدە ئانايەتكامنىڭ جىلىسى تەزدۈرۈپتىكەن - ھە!؟ ئۇنى ئوبدانراق ئەدەپلەپ قويمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئەتىدىن بېرى گەپ قىلىش نۆۋىتى كەلمىگەن ئابدۇللا پاراڭغا قىسىلىپ شۇنداق دېيىدى، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى.

— مانا، مانا، سىلى يەنىلا كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەۋاتىلا، يېزا باشلىقى، باشقىلارمۇ مۇشۇ بەلەن تەرەپلىرىنى بىلسە بولمامدۇ!

— نېمە، بىلمەيدىغانلارمۇ بارمىكەن؟ قارىغاندا تالا - تۈزدە

مەن توغرۇلۇق يەنە گەپ تارقىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟
— بۇ...... ھەي! نېمە دېسەم بولا...... بولىدىلا، ئاغزىمغا كاكىل چاپلىۋېتەي...... سىلى يامان گەپ قىلماپتىكەنلا بولمىسا......
— قارىغاندا مېنى ئۆز بىلمەيدىغان ئوخشايسىز - ھە؟
— ۋاي، نېمە دەيدىغانلا، مىڭ مەرتە ئۆز بىلمەمدىغان! سىلى ئەقىللىك ئادەم، كىمنىڭ ھەسەت قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىلا، سىلىمۇ بىرزا باشلىقىغۇ، بۇنچىلىك ئۆي سالسىلا نېمە بوپتۇ! ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۈچ مو يەرگە ئايۋان - ساراي، باغبارانگ بىنا قىلغاندا ھېچكىم كەينىدىن گەپ قىلمىغانغۇ!؟ ھە راست، بايا غازنىڭ گېپىنى قىلىپ قاللا، سىلى غازنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىسىلە. ھەر يىلى باشقا جايلاردىن نۇرغۇن غاز بىزنىڭ غازلىقا ئۇچۇپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ......
— تەپسىلىيرەك گەپ قىلىڭە، يەنە شۇ بۇزرۇكۋارىمىز قاقشا-ۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟
— ئۆتكەندە سىلى بىركىملەرگە ئۇنى ئەيىبلەپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغان ئوخشايلا - ھە؟
— ھەئە شۇنداق ئىش بولغان. قانداق، پىرئۇستاز شۇ گەپكە چېچىلىپ قاقشاۋاتامدۇ؟
— قاقشاپلا بولدى قىلسىغۇ مەيلىتى، سىلىنى «نان بەر-گەننىڭ قولىنى چىشلىدى» دېگىنى نېمىسى ئەمدى؟ نان بەرسە قولىنى چىشلەيدىغىنى ئادەم ئەمەس، ئىت تۇرسا! قاراپ تۇرۇپ سىلىنى ئىتقا ئوخشاتسا قاملىشامدۇ؟ ئاھاي! نېمىلەرنى دەپ كەتتىم مەن. ھە، بولدى، بولدى، مەن موتوسىكلىتقا غاچچىدە مىنىپ بېرىپ غاز چۈجىسىنى ئېلىپ كېلەي. خانىم پولۇنى تازا بىر ئوخشىتىۋەتسۇن......
— بولدى، غازنى ئەتىلىككە ئەكەلسەكمۇ بولىدۇ. تەزگىنىمەي جىم ئولتۇرىڭە!

— مەيلى ئەمسە، ھە راست، ئېسمگە كەلگەندە سورىۋالاي، دائىمىي رەئىس دېگەننىڭ ھوقۇقى زادى قانچىلىك بولىدۇ؟ يېزا باشلىقى. ئاڭلىسام، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەل دەپتىرىدە ئالىقانچىلىكمۇ ئورنى يوق دەيدىغۇ!؟ بىراقزە، بارات نىياز يېشى توشۇپ ئورنىنى سىلىگە بوشاتقاندىكىن، كۆتىنى غىت قىسسا بولاتتى. سىلىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئارىلاشقانىنى ئاز دەپ، يەنە غازلىقنىڭ ئىشلىرىغىمۇ چېپىلىپلا يۈرىدۇ. ئۆتكەندىكى ئىشتا سىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشـ ـلىرىنى بۇزۇپ بولدى قىلماي، يەنە تېخى دېھقانلارنى سىلىگە قارشى قۇتىرىتىپ كۈشكۈرتۈۋاتامدۇ!

قاۋۇل سېكرېتار شۇنداق دېگىنىچە ئابدۇللانىڭ چىرايىغا تىكىلىپ، كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ دەماللىققا جاۋاب بېرىش تەس بولغان چىگىش مەسىلىگە دۇچ كەلگىنىنى سەزدى. ئابدۇللا ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى چاندۇرماي قاۋۇل سېكرېتارنىڭ تاۋىنى پەسەيتىپ قويۇش مۇددىئاسىدا ئىنكاس قايتۇردى:

— بۇ قىرىغانلىقنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك. مەيلى مەن يەنىلا كەڭ قورساق بولاي، سىلىمۇ ئۆز ئىشىڭلىنى قىلىپ يۈرۈۋېرىڭلا! قانداقلا بولسۇن ئۇ يېزىمىزنىڭ پېشقەدەم باشلىقى، تۆھپىسى مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق......

ئابدۇللانىڭ گېپى ئۈزۈلگىچە ئاشخانىدىن پەتنۇستا چەينەك بىلەن پىيالىنى كۆتۈرۈپ چىققان پاتىگۈل ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭچە، قاۋۇل سېكرېتارغا بۇلارنى دېمەي، ئۇ قىرى تۈلكىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدىغانغا ئامال تېپىشنى ئېيتسىڭىز توغرا بولىدۇ. قانداق دېدىم، قاۋۇل سېكرېتار؟ — قارىغاندا پاتىگۈل ئەتىدىن بېرى تاماق ئەتكەچ ئابدۇللا بىلەن قاۋۇل سېكرېتارنىڭ پارىڭىغا قۇلىقىنى دىڭلىغاندەك قىلاتتى. ئابدۇللا پاتىگۈلنىڭ چىرايىدىن ھېلىلا قاۋۇل سېكرېتارغا دېگەن گېپىگە رەنجىگەنـ ـلىكىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.

— يوقسۇ...... يوقسۇ...... مەن بۇنداق مۇھىم مەسىلىگە ئامال تېپىشقا يارىمايمەن، شۇنداقتىمۇ...... بىز بەربىر ئۆز ئادەم ئەمەسمۇ! — دېدى قاۋۇل سېكرېتار پاتىگۈلنىڭ كۆڭلىگە يارىشا پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋەتمەي.

ئابدۇللا ئۈنچىقمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرىمۇ تەكرارلانغانىدى. قاۋۇل سېكرېتار ئالتۇن زىبۇ - زىننەت ئارقىلىق پاتىگۈلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش چوتىنى سوققاندىلا، ئابدۇللانىڭ خوتۇنى ئالدىدا بەكمۇ ئىناۋەتمەن ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭ مەسىلىھەتى بويىچە قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغانىدى.

تەگلەپ كەلسەك، قاۋۇل سېكرېتار بۇ كۈنلەردە بارات نىيازنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن بىزار ئىدى. بارات نىيازنىڭ ئۆيى غازلىق كەنتىدە بولغاچقا، ھەر كۈنى خىزمەتكە بېرىپ، كېلىش جەريانىدا غازلىق كەنتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئارىلىشىپ ھە دېگەندە قاۋۇل سېكرېتارغا تەنبىھ بېرەتتى. بىراق، قاۋۇل سېكرېتار ئىلگىرى باش ئېگىپ تۇرغان بىلەن، ئەمدىلىكتە ئوچۇق قارشى چىقمىسىمۇ بويىنغا ئالمايتتى. ئىنقىلاب ئىپتىقاندا، بارات نىياز ئۆزىنى دەگسەپ، قاۋۇل سېكرېتارنى مەيلىگە قويۇۋېتىشى كېرەك ئىدى. قاۋۇل سېكرېتار ئاخىر بارات نىياز بىلەن ئابدۇللانىڭ ئوتتۇ- رىسىدىكى سۈركىلىشتىن پايدىلاناقچى بولدى. دەسلەپتە بۇ ئىش ئابدۇللانىڭ بارات نىيازغا بولغان مۇستەھكەم ئەقىدىسى تۈپەيلى كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشمىدى. كېيىن قاۋۇل سېكرېتار ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئابدۇللانىڭ بارات نىيازغا بولغان ئەقىدىسىنى پاتىگۈل ئارقىلىق ئاجىزلاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزدى. دېگەندەك، بۇ چارە ئوبدان ئۈنۈم بېرىپ، ئابدۇللانىڭ بارات نىيازغا چوقۇنۇش پىسخىكىسىنىڭ ئورنىنى بارا - بارا نارازىلىق ئىگىلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ رايى بويىچە ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ تىزگىنىدىن تامامەن

قۇتۇلسا بولاتتى.

— «ئۆزى بەرگەنگە ئۆزى چىدىماپتۇ» دېگەندەك ئىشقۇ بۇ، — دېدى ئابدۇللا ئەمدى ئەقلىنى تاپقاندەك مەغرۇرلىنىپ.

— شۇنى بىلگەندىكىن ئامال تېپىپ ئۇنى چەكلىمەمسىز! دېھقان دېگەن كىم بىر بۇردا نان بەرسە، شۇنىڭ دېپىنى چالىدىغان خەق. ئىشلار مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئىناۋىتىمىز تۆكۈلىدۇ. ئىناۋەت بولمىسا قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرغىلى بولامدۇ؟ — پاتىگۈل قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئالدىدا شۇنداق كەسكىن ھەم ئۇرغۇلۇق گەپ قىلالىغىنىدىنلا ئەمەس، مۇھىمى قاۋۇل سېكرېتارنى دىلكەش يېقىنى سانىغانلىقىدىن پەخىرلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ ئەسنادا قاۋۇل سېكرېتار پاتىگۈلنىڭ خۇش پىچىم بويىغا، يۇملاق ھەم سۆزۈك چېھرىدە سۆيگۈ مېھرىنى جۇلالىتىپ تۇرغان ئوماق كۆزلىرىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى. دېمىسىمۇ، پاتىگۈل ئاقتاشقا دەسلەپتە كېلىپ ئۆز گۈزەللىكى بىلەن كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگەندە، قاۋۇل سېكرېتارمۇ يېشىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي، تامغىقىنى تامىشتقانلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە «ئابدۇللانىڭ ھەقىقەتەنمۇ خوتۇندىن بەختى باركەن» دەپ ئويلىدى.

پولۇ پىشقىچە ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتار بىلەن مۇڭدىشىپ كۆڭلى ئوبدانلا ئېچىلىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈپ، ئاغزىنى «ئاشقا تەگكۈزگەن» نىجاتكارىغا مۇشتتەك ئېتىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلىمايتتى. بۇ بەلكىم «ۋاپاغا جاپا بارمۇ، ئىزدىسە تېپىلار» دېگەندەك، پانىي دۇنيادىكى ۋاپاسىزلىقلارنىڭ يەنە بىر خىلى بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ بۇ دۇنيادا بەزىلەرنىڭ شادلىقى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بەزىلەرنىڭ كۆڭۈل رەنجىشىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇپ قالىدىغان ئىشلار ماگدامىدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھاياتنىڭ بۇ خىل مەنتىقىسىدە كۆپ ھاللاردا

ئادالەت بىلەن ھەقىقەت دەپسەندە قىلىنىسمۇ، بەزىلەر ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ. ئاقىۋەتتە كۆزگە بۇغداي كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئىشىدىن كېلىپ چىققان ئاشۇ بىر قېتىملىق ئىشتا، بارات نىياز بىلەن ئابدۇللا ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتنىمۇ سۈركىلىش يۈز بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئاتا ـ بالىدەك مۇناسىۋىتىنى كۆرەلمەي كېلىۋاتقان بەزى كىشىلەر خۇشاللىقىنى باسالماي يوشۇرۇن كاچاتلاشتى. ئۇلار ئەسلىدە ياندا تۇرۇپ تاماشا كۆرسىلا كۇپايە ئىدى. ئەمما، ھەرگىز ئۇنداق بولمىدى. خۇددى قاۋۇل سېكرېتار پۇرسەت تاپسىلا موتوسىكلىتىنىڭ كەينىگە ئۇنى ـ بۇنى قىستۇرۇپ كېلىپ ئابدۇللانىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلىغانغا ئوخشاشلا، بارات نىيازنى يوقلىغان بولۇپ قۇلىقىغا كۇسۇر ـ لايدىغانلارنىڭ ئايىغىمۇ ئۈزۈلمىدى. بارات نىياز ئۇلارنىڭ كۇسۇر ـ لاشلىرىنى ئاڭلىغىنىدا قەلبى ئۆرتىنىپ، ۋۇجۇدى تىترەيتتى. چېكىسىدىكى كۆكۈچ تومۇرلار كۆپۈپ، نەپەسى ئىتتىكلىشەتتى ـ دە، يۈرەك كېسىلىنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى، ئاردا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالاتتى. ئۇ بەزىدە ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە كېلىپ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دەيتتى. بىراق، ئابدۇللا بېشىنى تۆۋەن سېلىۋېلىپ قانائەتلەنگۈدەك ئىپادە بىلدۈرمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بارات نىيازمۇ بۇنىڭدىن يالتىيىپ، دىلىنى رەنجىتىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدا، ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ ياتسا ياتاتتىكى، دەردىنى ئىچىگە يۇتاتتى. ئاخىر بېرىپ دادىسىنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز ھالىتى كەۋسەرنىڭ قەلبىنى ئۆرتىمەي قالمىدى. دادىسىنىڭ كۆڭلىدىن ـ كۆڭلىگە ئورۇۋالاپ، كەم سۆز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى كەۋسەرنىلا ئەمەس، دىلكەشلىرىنىمۇ ئەندىشىگە سېلىۋاتاتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال كەۋسەرگە بولغان ئەقىدىسىنى دەپ ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدىن ئاقىۋەتتە يەنە يۆتكىلىپ كەلگەن غېنى ساقچى بارات نىيازنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە

بولدى. بارات نىياز ساقسىز بولۇپ قالسىلا دوختۇرخانىغا ئاپىرىش، لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاش قاتارلىق ئىشلاردا بالىلىق چاغلىرىدىكىدەكلا ساداقەت كۆرسەتتى. بۇ خىل مېھرىبانلىق كەۋسەرنى قەۋەتلا خۇش قىلاتتى. باشقىلارمۇ: «كىچىك ۋاقتىدا يېزا باشلىقى ئۇنى بالىچىلاپ باققان، ئەمدى قېرىغاندا ھەرنىمە بولسا ئەجرىنى ياندۇردى» دېيىشىپ غېنى ساقچىنى ماختاشتى. شۇنداقتىمۇ بارات نىيازنىڭ يۈرىكى ئابدۇللانى ئويلىسىلا ئاغرىيتتى. دېمىسىمۇ پىتنە ـ پاسات گويا مىتە قۇرتقا ئوخشايدۇ، قارىماققا ئىنسانلارغا ئانچە چوڭ دەخلىسى يوقتەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە يۇمشاق قۇرت شۇنچە قاتتىق جىگدە ياغىچىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ بىلىندۈرمەي زەخىملەندۈرگەندەك، پىتنە ـ پاساتمۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىنىمسىز غاجاپ زېدە قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇ قېرىلىق مەزگىللىرىگە يېقىنلاپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەجەللىك زەربىدۇر. خەيرىيەت، بارات نىيازنىڭ يۈرىكىگە ھۇجۇم باشلىغان «مىتە قۇرت» ھەر قېتىم چاققاندا، ئاقتاشلىقلار ئۈچۈن تارتقان مۇشكۈلاتلىرىغا تەھسىن ئېيتقۇچىلار ئۇنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىپ تۇراتتى. مانا مۇشۇ خاسىيەتلىك دورا ئۇنىڭ ھاياتىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئارىدا كەۋسەر ئابدۇللا بىلەن بۇ ھەقتە مۇڭدىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئەيىبنى بارات نىيازغا ئىتتىرىپ ئۆزىنى ئاقلايتتى. كەۋسەر يەنە خەلچەم بىلەن نىيازغىمۇ دەرد تۆكۈپ، ئابدۇللاغا نەسىھەت قىلىشنى ئۆتۈندى. بىراق، خەلچەم بىلەن نىيازنىڭ رايى ئابدۇللادىن ئاللىقاچان قالغاچقا، كەۋسەرنىڭ كۆڭلىنى ياساش بىلەنلا كۇپايىلەندى. ھەقىقەتتە پاتىگۈلنىڭ ئابدۇللاغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ھەممىنى بېسىپ چۈشۈۋاتاتتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# ئاداۋەتنىڭ قىيانى

ئەتىياز كەلگەن بولسىمۇ، تەبىئەت قىشلىق ئۇيقۇسىدىن تېخى ئويغانمىغانىدى. ئابدۇللا ئاقئاشتا تېرىقچىلىق باشلانغىچە ئۆز تەسىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك نامايان قىلىپ ئۈلگۈردى. تەرتىپلەرنى قايتىدىن تۇرغۇزۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بارات نىياز سىزغان سىزىقتا ھەرگىز ماڭمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. گەرچە كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتە بارات نىيازنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرسىمۇ، ئاستىرتتىن ئاقئاشتا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن تەسىرىنى تازىلاشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئەپسۇس، بۇنداق بىمەنە ئۇرۇنۇشلار ئانچە ئۇنۇم بەرمەي روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. چۈنكى، بارات نىياز بۇ كۈنلەردە ساقىسىز بولسىمۇ، ئىلگىرى تىكلەنگەن ئوبرازى ئاقئاشلىقلارنىڭ نەزەرىدە يەنىلا ئاۋۋالقىدەكلا ئۈستۈن ئىدى. ئابدۇللا بارا - بارا بۇ ھالنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆزىگە يېقىن تۇرۇۋاتقان قاۋۇل سىبكرېتارغا ئوخشاشلارنىڭ «ھە-ھۇ»سى بىلەنلا مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش چۈشىنى كۆرۈپ، كۈتۈلمىگەندە مىخقا ئۇسۇۋېلىشقا تاس قالدى. ئەسلىدە ئابدۇللانىڭ «دەردى»نى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىغان باشلىق ئاخىرىدا ھېسداشلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قاتتىق دەككىسىنى بەردى. بۇ «سەگىتىش»

ئابدۇللاغا بارات نىيازنىڭ ئاقتاشتىكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ناھىيەدىكى نوپۇزىنى خىزمەت تارىخىدىكى تۆھپىسى ئارقىلىق قايتا تونۇتتى. يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولغان يېرى، ئۇ باشلىق تېخى ئابدۇللانى بارات نىيازدىن داۋاملىق ئۈگىنىشكە، ئاقىلانە تەجرىبە- مەسلىھەتىنى بويۇن تولغىماي قوبۇل قىلىپ، ئاقتاشنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۇنۇملۇك يۈرۈشتۈرۈشكە ئۈندىدى. ئابدۇللانى گاڭگىراتقىنى، شۇ تاپتا ئۆزىنى تەنقىدلەۋاتقان باشلىق ئۇ ئىلگىرى بارات نىيازنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزگەنىدىمۇ مۇشۇنداق تەنقىدلىگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭغا ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى چۇشەندۈرگىلى، «مەن ئەسلىدە بارات نىيازنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلمىغان بولسام خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن بولاتتىم» دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئابدۇللا ناھىيەدىن ئامالسىز دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ سالپايغىنىچە قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇسۇلنى ئۆزگەرتمىسە، كۆڭلىنى ئارامىدا قويماي ۋاتقان قاقباش، تەجرىبىلىك، يىلتىزى چوڭقۇر «رەقىب»نىگە ئاسانلىقچە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

ئابدۇللا بۈگۈن ناھىيەدە ئېچىلغان «يېزىلارنىڭ دۆلەتكە يازلىق ئاشلىق سېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش يىغىنى»غا قاتنىشىۋېتىپ سەدىردىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. لېكىن، ئىككىلىسىنىڭ كەيپىياتى ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەكلا سوغۇق بولدى. ئابدۇللا يېزا باشلىقى بولغاندىن بېرى ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈپ تۇرۇشى بۇرۇنقىدىن ئازلاپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بىر- ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا چۇشەندۈرگىلى بولمايتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، سەدىردىن ئابدۇللانىڭ يېزا باشلىقى بولغىنىنى يۈزىدىن - يۈزىگە «قۇللۇقتىن گېنېرالىققىچە» دېگەن كىنوغا تەتبىقلاپ مازاق قىلغاندىن بۇيان، ئابدۇللا ئۇنىڭدىن رەنجىپ كېلىۋاتاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن نىياز ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش

بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرىكىدەك ماسلاشتۇرۇپ تۇرمىغاچقا، ئابدۇللا بىلەن سەدىردىننىڭ پىسخىكىسىدا بىر - بىرىنى مەنسىتمەسلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بۇنىڭدا ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق باھانىسى بار ئىدى. قىسقىسى، ئىلگىرىكى چىن دوستلۇقنىڭ باراۋەرلىك تارازىسىدا كۆرۈنەرلىك ئېغىش يۈز بېرىۋاتاتتى. ئابدۇللا كۆڭلىدە سەدىردىننىڭ ھېلىھەم ئۆزىنى ئىلگىرىكىدەك چىن دوستى سۈپىتىدە قوللاپ مەدەت بېرىشىنى، يار - يۆلەك بولۇشىنى ئويلىسا، سەدىردىن ناھىيەدىكى ئورنىنى پەش قىلىپ: «ئابدۇللا يېزا باشلىقى بولدۇم دەپ گىدىيىپ قىر كۆرسەتمەسلىكى، ئالدىمدا قول باغلاپ تۇرۇشى كېرەك» دەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەندە جالالىدىن ئاخۇن قاۋۇل سېكرېتار بىلەن جېدەللەشكەندە، ئابدۇللانىڭ كۆرۈنۈشتە جالالىدىن ئاخۇنغا يان باسقاندەك بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە قاۋۇل سېكرېتارنىڭ دېپىنى چېلىپ، ئىككى مو كۆچەتزارلىقنى بۇزۇپ كۆزگى بۇغداي تېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى سەدىردىننىڭ ئىززەت - نەپسىگە تەگكەنىدى. سەدىردىن گەرچە ئابدۇللاغا بىر قېتىم دوق قىلىپلا بولدى قىلغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا سەدىردىن ئابدۇللاغا:

— كېلەر شەنبە توي قىلىمەن، ۋاقتىڭ يەتسە قارىشىپ بېرەرسەن، — دەپلا كېتىپ قالدى. ئابدۇللا سەدىردىننىڭ پوزىتسىيەسىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ھەرھالدا ئالدىنئالا خەۋەرلەندۈرگىنىدىن خۇش بولدى. چۈنكى، ئۇ تويىنىڭ باھانىسىدا ئوتتۇرىدىكى بىنورمال مۇناسىۋەتنى ئوڭشىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. تويىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئابدۇللا يېتەرلىك گۈرۈچ، ياغ، گۆش قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ سەدىردىننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئەپسۇس، سەدىردىن ئابدۇللانىڭ بۇ «خىزمەت»نىگە لايىقىدا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ

ئورنغا، دادىسىنىڭ ئالدىنقى يىلى كۈزدە دېھقانلارغا تەقسىم قىلدۇرۇۋەتكەن كۆچەتلىرىنىڭ پۇلىنى ھازىرغىچە يىغىپ بەرمىگەنـ ـلىكىنى تىلغا ئېلىپ كۆڭلىنى غەش قىلدى. قارىغاندا جالالىدىن ئاخۇن سەدىردىنگە قانچە قېتىملاپ دادلىغاندەك قىلاتتى. ئابدۇللا سەدىردىنگە بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشكە خېلى تىرىشقان بولسىمۇ، سەدىردىن پىسەنتىگە ئالماستىن ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى.

ئەسلىدە ئابدۇللا بۇ ئىشنى كەنتلەرگە بۇرۇنلا ئورۇنلاشتۇرـ ـغانىدى. بىراق، پۇلنى دېھقانلاردىن يىغىۋالىدىغان پۇرسەت كەلـ ـگەندە، بۇنىڭدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان ئىككى دېھقان يېزىلىق دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان بارات نىيازنى يوقلاپ كېلىپ ئاۋۋالـ ـقىدەكلا ھال ئېيتقانىدى، بارات نىياز:

— دېھقانلار دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ئاشلىقنىڭ پۇلىنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تۇتۇۋالسا، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنـ ـلىقىغا تەسىر يەتمەمدۇ!؟ بىز ئىلگىرىمۇ تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولغانغۇ! — دېگىنىچە ئاچچىقلاپ بېلىكىدىكى ئاسمىنى سۇغۇرۇـ ـۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئەتىسى بالنىستتىن چىقىپ، يېزا مەسئۇـ ـللىرىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كېڭىشىپ دېھقانلارنىڭ بۇ يىللىق دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ئاشلىق پۇلىدىن بەش تۆر بويىچە پۇل تۇتۇپ قېلىشقا ھازىرلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. يېزا مەسئۇللىرى بىلەن بۇ ھەقتە پىكىرلىشىپ باققان بولسىمۇ، «پارتكومنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزگەن» لىكىنى پەش قىلىپ، بارات نىيازنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئېلىشمىدى. ئاخىر بارات نىياز ئۆز ھوقۇقى دائىرىسى بويىچە ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەكلىپ سۇندى. بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، ناھىيەنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. شۇنداق قىلىپ، ناھىيە ـ دىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار «دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن يازلىق ئاشلىقنىڭ پۇلىغا ئاق تالون بېرىشكە، شۇنداقلا

تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق تۇتۇپ قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ» دېگەن مەزمۇندا قىزىل باشلىق ھۆججەت چۈشۈردى. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك ئابدۇللا جالالىدىن ئاخۇننىڭ كۆچەت پۇلىنى يىغىپ بېرىشكە ئامالسىز قالغانىدى.

ئابدۇللا سەدىردىننىڭ بۇ ھەقتىكى تەگەشلىرىنى ئېغىر ئالمىغان بولسىمۇ، تويدىن كېيىن قايتا تىلغا ئېلىنىپ يېزا باشلىقى بولغاندىن بۇيان دۈچ كەلگەن پېتىر ئىشلارنىڭ قاتارىغا تىزىلدى. ھەر قېتىم جالالىدىن ئاخۇن كۆچەت پۇلىنى سوئىلەپ يېزا ئورگىنىغا كەلگەندە، ئابدۇللا كۆڭلىدە بارات نىيازدىن يەتكۈچە رەنجىپ، ئاندىن بىر مەزگىل تەخىر قىلىشنى ئېيتاتتى. دېمىسىمۇ ئابدۇللا كۆچەت پۇلىنى دېھقانلاردىن يىغماي جالالىدىن ئاخۇننى رازى قىلالمايتتى، يىغاي دېسە قىزىل باشلىق ھۆججەت تېخىچە ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ ئۆزىنى مانا مۇشۇنداق ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىدىن رەنجىپ بولاتتى.

سەدىردىننىڭ تويى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مۇھىمى ناھىيە بازىرىدا يېڭىلا ئېچىلغان رېستوراندا ئۆتكۈزۈلگەچكىمۇ، يېڭىلىق تۇيۇلۇپ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، تويغا كەنجىلەردىن ئابدۇللادىن باشقىسى كەلمىدى. بۇ كۈنى نىياز يېقىندا سېتىۋالغان «SANTANA» ماركىلىق ماشىنىسىدا زەينەپ-گۈلنى ئېلىپ ئەتىگەندىلا ئاقتاشقا كېلىپ ئاۋۋال ئانىسىنى، ئاندىن خەلچەم بىلەن ئۇچرىشىپ، بىللە راشىدىننى يوقلاپ، ئاخىرىدا بارات نىيازنىڭ ئۆيىگە پەتىلىدى. ئۇلار ئەھۋال سورىشىپ تۇرۇشىغا كەۋسەر مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەچ كىرگىچە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشتى. زەينەپگۈل ئۆز ۋاقتىدا بىيجىڭدا كامال ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىدا ئۆگىنىۋالغان ئىككى خىل ئۆزگىچە تاماقنى ئېتىپ بەردى. نىياز بىيجىڭدىكى تاشمۇھەممەت، تاھىر قاتارلىق دوستلىرىغا راشىدىن بىلەن

باھارنىڭكىدەك كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتالايدىغان دوختۇر-خانىلارنى داۋاملىق ئۇقۇشۇپ خەۋىرىنى بىرىشنى تاپىلىغانلىقىنى، ئىشەنچلىك ئۇچۇرغا ئېرىشكەن ھامان راشىدىن بىلەن باھارنى ئۆزى بىيجىڭغا ئاپىرىپ داۋالىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كەۋسەرنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. خەلچەممۇ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۈگۈن ھەممەيلەن ھەر خىل ئۇسۇلدا كەۋسەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشۋاتاتتى. كەۋسەرنىڭ ئويىچە ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىگە بولغان دوستانە ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەۋاتاتتى. كەۋسەر قانداقلا بولسۇن بۇ ئاخشامنى دوستلىرى بىلەن مەنىلىك ئۆتكۈزگىنىدىن خۇش ئىدى.

سەدىردىن توي قىلغان رەشىدە ئىسملىك چوكان ناھىيەدە تۆھپىسى كۆپ زىكرى قىلىنىدىغان پېشقەدەم رەھبەرنىڭ ئارزۇلۇق قىزى بولۇپ، ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى. يولدىشى ئۆتكەن يىلى قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلىپ، ئۈچ ياشتىن ئاشقان غۇنچىگۈل ئىسملىك قىزى بىلەن قالغانىدى. سەدىردىن باياشات ئائىلىدە چوڭ بولغان، شوخ، ئوچۇق - يورۇق رەشىدە بىلەن، ئەينى ۋاقىتتا ئەتىۋارلىق باشلىقنىڭ ئىلتىپاتى ئارقىلىق چوڭ سورۇنلارغا داخىل بولغاندا تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. گەرچە رەشىدە كەۋسەردەك گۈزەللەردىن ھېسابلانمىسىمۇ، شوخلۇقى، سۆزمەنلىكى، ئۇسسۇل ۋە تانسىدىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن سورۇن ئەھلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى. يىگىتلەر پەيت تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشنى، تانسا ئويناش پۇرسىتىنى ئىزدىشەتتى. سەدىردىن ھەمىشە تەكرار ئۆتۈنۈشلەردىن كېيىن، بوينىدىن باغلاپ سۆرىگەندەك سورۇنغا كېلىپ بىر چەتتە ئولتۇرۇۋالىدىغان كەۋسەرنى رەشىدەگە سېلىشتۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. كەۋسەر رەشىدەدىن چىرايلىق بولغىنى بىلەن، ئۆزى ئويلىغاندەك «پەيزى»نىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەت-

ـلىنەتتى. شۇڭا، رەشىدەنىڭ يولدىشىغا بەكمۇ ھەۋەسلىنەتتى. كەۋسەرنىڭ رەشىدەدەك بولمىغىنىغا پۇچىلىناتتى. رەشىدەنىڭ يولدىشىنىڭ قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلىشى سەدىر-دىنىنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرغانىدى. سەدىردىنىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، رەشىدە بىلەن توي قىلسا مۇرادىغا يېتەتتى. گۈلى گۈلىگە كېلىپ ئىشلىرىمۇ يۈرۈشۈپ كېتەتتى. ئەڭ مۇھىمى، چوڭ تەنزىلەردە باشقىچە ئەتىۋارى بولاتتى. سەدىردىن شۇ ھالدا كەلگۈسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە نېسىپ بولىدىغان پارلاق ئىستىقبالدىن غايىبانە خۇشاللىقا چۆمدى. ئەمەلىيەتتە بۇ توينىڭ شۇنچە راۋان، شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك روياپقا چىقىشى سەدىردىنىنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان تەسىراتنىڭ ئۆز ۋاقتىدىلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. سەدىردىن تويدىن كېيىن رەشىدەگە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، سولغان قەلب گۈلزارلىقىنى قايتىدىن ياشناتتى. ھېلىقى ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ خىرەلەشكەن جۇلاسى يېڭىباشتىن چاقناپ، رەشىدەنىڭ چېھرىلىكى بىلەن ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلدى. سەدىر-دىنىنىڭ نەزەرىدە ئەسلىگە كەلدىلا ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشكەنىدى. رەشىدەنى ھەممىدىن بەكرەك سەدىردىنىنىڭ غۇنچىگۈلگە بولغان ئامراقلىقى سۆيۈندۈرەتتى. غۇنچىگۈلنىڭ سەدىردىنگە ئۆز دادىسىدەكلا ئەركىلەشلىرى ھەر-قانداق كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. بۇ ھالدا ھېچكىم غۇنچىگۈلنى سەدىردىنىنىڭ ئۆگەي قىزى دېمەيتتى. سەدىردىننى ئالەمچە خۇشاللىقا نائىل قىلغىنى رەشىدەنىڭ ئۇسسۇل ھەم تانسىدىكى چېھرىلىكى بىلەن، ئۆزىنىڭ چوڭ تەنزىلەردىكى ئەتىۋارىنى ئىلگىرىكىدىن نەچچە بالداق ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكۈزگەنلىكى ئىدى. دېمىسىمۇ، سەدىردىن رەشىدە بىلەن توي قىلغاندىن بۇيان، چوڭ تەنزىلەردىكى بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ داۋام قىلىۋاتقان

بەزملەردىن بىرەر قېتىممۇ شاللىۋېتىلمىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكىدىن ئۆتە ئەتىۋالاندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ئائىلىسى مانا مۇشۇنداق بەختىيارلىق ئىچىدە يېڭى مەنزىللەرگە قەدەم تاشلاۋاتاتتى. سەدىردىن كېيىنكى كۈنلەردە بۇ قوۋناق يېڭى تۇرمۇشنى بۇرۇنراق باشلىمىغانلىقىغا، مۇشۇ سەۋەبلىك ھوقۇق سەھنىسىدە تاسادىپىي پېلىشىپ، سىياسىي ئىستىقبالىغا نۇقسان يېتىپ قىلىشتىن بىھۇدە ئەنسىرەپ، مۇشۇ كۈنگىچە كىچىكتۈر- گىنىگە ھەسرەت چەكمەيمۇ قالمىدى.

بۈگۈن ئارام كۈنى بولۇپ، سەدىردىن بىلەن رەشىدە غۇنچىگۈلنى باغچىغا ئويناتقىلى ئېلىپ كەلدى. ئەتراپتا سەيلە قىلغىلى كەلگەنلەر مىغىلدايتتى، بىرقىسىم ياش ئەر - خوتۇنلار بالىلىرىنى باغچىدىكى زامانىۋى ئويۇنچۇقلارغا چىقىرىپ ئوينىتىۋا- تاتتى. شوخ بالىلار ئاتا - ئانىلىرىغا ئەركىلىشىپ ئۇيان - بۇيان چېپىشاتتى. ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ئويناپ قىن- قىنىغا پاتماي قېلىشقانىدى. غۇنچىگۈلمۇ شۇلار قاتارىدا خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ سەدىردىننىڭ قولىدىن تارتىپ ئۆزىنى جەلپ قىلغان ھەربىر نەرسىنى كۆرسىتەتتى. گاھىدا سەدىردىننىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ شوخلۇق قىلاتتى. سەدىردىنمۇ بۇ خۇشاللىققا تەبىئىي ھالدا ئورتاقلىشاتتى. «ئاتا» - بالىنىڭ قىزغىنلىقى رەشىدەنى سۆيۈندۈرەتتى، ئىلگىرى رەشىدە سەدىردىننىڭ غۇنچىگۈلگە بۇنچىۋالا ئامراق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلمىغانىدى. گەرچە ئۇلارنى تېپىشتۇرغانلار رەشىدەگە سەدىردىننىڭ بەكمۇ بالىجانلىقىنى، تويدىن كېيىن غۇنچىگۈلگە چوقۇم ئاتىلىق مېھرىنى بېرىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ ئۆگەيلىمەي- دىغانلىقىنى تەكرار ئېيتقان بولسىمۇ، رەشىدە يەنىلا ئەنسىرەپ قىلالمىغانىدى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە سەدىردىننىڭ ئىلگىرىكى ئەھۋالىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، كەۋسەر بىلەن باھارنى خورلىغان-

لىقىنى رەشىدەگە تەپسىلىي يەتكۈزگۈچىلەرمۇ چىققاچقا ئىككىلىنىپ قالغانىدى. بىراق، سۈلھى - سالاچىلارمۇ بوش كەلمەي، سەدىر-دىنىنىڭ ساداقىتىنى سىناپ بېقىشنى ئېيتىشتى. سەدىردىن بۇ خالىس سىناقنىڭ «سوئالىدىن» ئاللىقاچان خەۋەردار بولغاچقا، تولۇق نومۇر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەلۋەتتە، قايتا نىكاھلان-غانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دۇچ كېلىدىغان بۇ دوقالدا، ئارىدىكى بىتەلەي بالىلار تۈپەيلى تەڭقىسلىقتا قالىدىغان ئەھۋال كۆپرەك ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ئالدىن باش قاتۇرماي بولمايتتى، بولۇپمۇ بۇنىڭغا ئانىلار ئاتىلارغا قارىغاندا ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۆز بەختىنى دەپ مەسۇم بالىلىرىنىڭ بەختىنى نابۇت قىلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. دەرۋەقە، رەشىدەمۇ سەدىردىن بىلەن توي قىلغىچە ئارىلىقتا، بۇنداق دوقالنى نەچچە قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تەمتىرىگەن، ئىلگىرىمۇ ئۆزىگە تەلەپ قويغۇچىلار-نىڭ غۇنچىگۈلگە بولغان ئاتىلىق مەسئۇلىيىتىگە ئىشەنچ قىلالماي، دېلىغۇللۇقتا رەت قىلىۋەتكەنىدى. بۈگۈن رەشىدە سەدىردىن بىلەن غۇنچىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئۆزئارا ئېچىلىپ كەتكەن ھالىتىگە قاراپ، سەدىردىن بىلەن توي قىلىپ بەختىنى تاپقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى.

ئۇلار ئايلىنىپ باغچىنىڭ مەركىزىدىكى كۆل بويىغا كېلىشتى. كۆلدە بىرنەچچە موتورلۇق قېيىق ئۈزۈپ يۈرەتتى. قېيىق ئۈستىدىكى بالىلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋېلىپ خۇشال چۇرقىرىشىۋاتاتتى. غۇنچىگۈل ئۇلارنى كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي سەكرەپ كەتتى. سەدىردىن ئۇنى قېيىققا چىقىرىپ ئويناتماقچى بولغانىدى، رەشىدە نېمىشقىدۇر توسۇپ قويدى:

— بولدى، غۇنچىگۈلنى قېيىققا چىقارماڭ. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئازراق مەسىلە بار، بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىسۇن. ياخشىسى ئاۋۇ ئويۇنچۇقلاردا ئوينىتايلى، — دېدى يانىدىكى ئېلەڭگۈچ ۋە

ئويۇنچۇق ماشىنىلار تىزىپ قويۇلغان مەيداننى ئىشارەت قىلىپ.

سەدىردىن رەشىدەنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. غۇنچىگۇل «قېيىققا چىقىمەن» دەپ تىرەجىگەن بولسىمۇ، رەشىدە زورلاپ يېتىلەپ سەدىردىننىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلار غۇنچىگۇلنىڭ تەلىپى بويىچە توكلۇق ماشىنىغا چىقىرىپ قويدى. باشقۇرغۇچىلار ئۇنى بىر توپ باللار بىلەن بىللە ئاسفالت مەيداندا قىزغىن ئوينىتىشقا باشلىدى. سەدىردىن رەشىدە بىلەن ياندىكى چىملىققا كېلىپ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا يانمۇيان ئولتۇردى.

— غۇنچىگۇلنىڭ يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى ماڭا نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسىز؟ ۋاقتىدا داۋالاتساق بولاتتىغۇ؟ — دېدى سەدىردىن سەل نارازى بولغاندەك تەلەپپۇزدا.

— سىزنى ئاۋارە قىلماي دېدىم، — دېدى رەشىدە غۇنچىگۇل ئويناۋاتقان مەيدان تەرەپكە قاراپ قويۇپ.

- بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىزنىڭچە مەن غۇنچىگۇلنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشنى ئاۋارىچىلىك دەپ بىلەرمەنمۇ؟! بۇنداق ئويلىسىڭىز ماڭا ئۇۋال قىلغان بولىسىز. ھېس قىلمىدىڭىزمۇ، غۇنچىگۇلنى مەن ئۆزۈمنىڭ بالىسى دەپلا بىلىمەن، ئۇمۇ ماڭا ئۆز دادىسىدەك ئىچىكىپ كەتتى.

— خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، ئۇنىڭ كېسىلىنى ئىلگىرى ئۆزۈم داۋالىغان. ھازىرچىغۇ ئەھۋالى ياخشى، قايتا قوزغىلىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن شۇ.

— ئۇنداق بولسا يەنە تەپسىلىيرەك تەكشۈرتۈپ كۆرۈڭ. كېسەلنىڭ قايتا قوزغىلىش ئېھتىمالى بولسا ۋاقتىدا داۋالىتايلى. مېنىڭچە، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى دوختۇرخانىلارغا ئاپارساقمۇ بولىدۇ. سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئالدىراش، غۇنچىگۇلنى ئۆزۈملا ئاپىرىپ داۋالىتىپ كېلەي بولمىسا.

— غۇنچىگۇلگە بۇنچە كۆيۈنگىنىڭىزگە رەھمەت. ھازىرچە ئەھۋالى ياخشى، كېيىنچە كېسەلى قوزغىلىپ قالسا، سىز دېگەندەك قىلارمىز.

— ماڭا رەھمەت ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى كەيىنگە تارتمايلى، بالىنى ئەتىلا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەپسىلىيرەك تەكشۈرتەيلى.

سەدىردىننىڭ مېھرىبانلىقىغا تويۇنغان بۇ گەپلىرى رەشىدەنىڭ قەلبىنى سىمابتەك ئېرىتىۋەتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىۋاتقاندا، غۇنچىگۇل ئاسفالت مەيدان تەرەپتىن ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى، يان تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭ قولىدىكى پۈۋۈلەنگەن رەڭلىك شارنى ئېلىۋېلىپلا مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى. غۇنچىگۇل چىملىققا يىقىلدى. سەدىردىن ئورنىدىن، چاچراپ تۇرۇپ غۇنچىگۇلگە قاراپ ئېتىلدى. رەشىدە بولسا نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي تېڭىرقاپلا قالغانىدى. سەدىردىن غۇنچىگۇلنى يۆلەپ، بىرەر يېرىنىڭ ئاغرىغان - ئاغرىمىغانلىقىنى سورىدى. غۇنچىگۇل يۇمران لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ياڭىدە يىغلىۋەتتى. بۇ ھال سەدىردىننى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەچكە، ھېلىقى ئوغۇل بالىغا ۋارقىرىدى:

— قىزىمنىڭ شېرىنى نېمىشقا ئېلىۋالىسەن؟ ئەكىلە شارنى! ۋۇ تەربىيە كۆرمىگەن! .

سەدىردىن شۇنداق دېگىنىچە ئىتتىك بېرىپلا بالىنىڭ قولىدىن رەڭلىك شارنى يۇلۇپلا ئېلىۋېلىپ غۇنچىگۇلگە بەردى - يۇ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئەسلىدە سەدىردىن ئەيىبلەپ شارنى قولىدىن ئېلىۋالغان ئوغۇل بالىنىڭ يېنىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا نىياز پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ نىيازنىڭ ئوغلى بەگيار ئىدى......

— ئۆز پۇشتۇڭدىن بولغان قىزىڭ باھارغىمۇ بۇ ئەتىۋارلىقىڭغا

كۆيۈنگىنىڭ ئۇنىدىن بىرىچىلىك كۆيۈنگەن بولساڭ قانچە ياخشى بولاتتى - ھە! — دېدى نىياز تەئەددى بىلەن.
شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەن زەينەپگۈل تەئەججۈپلۈك نەزەردە سەدىردىنگە قاراپ قويۇپ بەگيارنى باغرىغا باستى، ئاڭغىچە رەشىدەمۇ يېتىپ كەلدى.
— ئوغلۇڭنى تونۇماپتىمەن، چوپچوڭلا بولۇپ كېتىپتىغۇ! — دېدى سەدىردىن ئارىدىكى قاتماللىقنى خاتىمە بەرمەكچى بولغاندەك.
— سەن ئۆزۈڭنىڭ قىزىنىمۇ تونۇمىغان يەردە، مېنىڭ ئوغلۇمنى قانداق تونۇيالايسەن؟
سەدىردىن بۇ يەردە يەنە تۇرسا، نىيازنىڭ ئاغزىدىن ياخشى گەپنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى بولغاي:
— بىز ماڭغاچ تۇرايلى، ۋاقتىڭ يەتسە ئۆيىمىزگە كېلەرسەن، — دەپلا غۇنچىگۈلنى يېتىلەپ ماڭدى. رەشىدەمۇ زەينەپگۈلگە قىزىقىش تۇيغۇسىدا قاراپ قويۇپ سەدىردىنگە ئەگەشتى. ئۇ ئارىدىكى پاراڭلاردىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەنىدى. سەدىردىن شۇ ماڭغانچە باغچىدىن سىرتقا چىقىپ توختىدى. نېمىشقىدۇر نىياز ھازىرلا كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ تىل سالىدىغاندەك، ئاغزىغا كەلگىنىچە ئەيىبلەپ، رەشىدەنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىدىغاندەك بىر خىل ھېسسىيات ئاراملىق بەرمەيۋاتاتتى. «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، بۇنداق بولۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقارغىلى بولمايتتى. نىيازنىڭ تويغا قاتناشمىغانلىقى ئەلۋەتتە سەدىردىنگە نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئېنىق ئىسپاتى ئىدى.
ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىمۇ سەدىردىننىڭ كۆز ئالدىدىن نىيازنىڭ بايىقى تاپا - تەنىلىرى ھەم سوغۇق مۇئامىلىسى نېرى كەتمىدى. شۇنىڭدىن بۇيان سەدىردىن غۇنچىگۈلنى كوچىلارغا ئېلىپ چىققاندا، يەسلىگە ئاپىرىپ - ئەكەلگەندە نېمىشقىدۇر

ئوغرىدەك هودۇقۇپ ئۇيان - بۇيانغا قارايدىغان بولۇپ قالدى.

*　　　*　　　*

بۇ يىلقى كۈزلۈك يىغىم - تېرىم مەزگىلى ئاقتاشلىقلارنى ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئالدىراش قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل بۇغداي سورتى ئالماشتۇرۇلغاچقا، تېرىش ۋاقتى ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئون نەچچە كۈن ئالدىغا سۈرۈلۈپ، ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان كەنجى قوناق قايسىبىر يىلدىكىدەك پىشار - پىشماي ئورۇلۇشقا تايىن تاپتى. چاقىرىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق دېھقانلارغا يەتكۈزۈلگەنىدىن كېيىن كۆچلۈك غۇلغۇلا قوزغالدى. ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق بولۇش تۈپەيلى كۈزلۈك مەھسۇلاتتا كۆپ زىيان كۆرۈلگەنىدى. كەنت كادىرلىرى دېھقانلارنى كەنجى قوناقنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىغا كۈزگى بۇغداي تېرىشقا زورلاۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىرنەچچەيلەن بارات نىيازغا ئەھۋال ئېيتىپ كەلدى. ئۇنىڭسىزمۇ بارات نىياز يېتەرلىك تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولغاچقا، يېزا مەسئۇللىرىغا بۇرۇنلا تەكلىپ بەرگەنىدى. شۇڭا، دەرد تۆكۈپ كەلگەن دېھقانلارنى هازىرچە كەنت كادىرلىرى بىلەن تاقاراشماي، كەنجى قوناقنىڭ پىشقان قىسمىنى ئورۇپ، پىشمىغان قىسمىنى قالدۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ كەتكۈزۈۋەتتى. بارات نىيازنىڭ ئويىچە بولغاندا، يېزا مەسئۇللىرى بۇ ئىشنى بۇنچە كەينىگە سۆرىمەي ئاللىقاچان پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. بىراق، هازىرغىچە هېچقانداق ئىنكاس بولماۋاتاتتى. كەنت كادىرلىرى دېھقانلارنى گېپىگە كۆندۈرەلمەي كۈندە دېگۈدەك ئارازلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئەسلىدە بارات نىياز بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي، يېزا ئورگىنىغا كېلىپ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللارغا تەكلىپ بەرگەندە،

ئابدۇللا ئۆزىنى چەتكە ئالغان بولسىمۇ، باشقىلار پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىشى بارات نىيازنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى. پاراۋۇز جىم تۇرسا، ۋاگون قوزغالمايدىغانلىقىنى بارات نىياز ئوبدان بىلەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئابدۇللادىن ئاۋۋالقىدىن بەكرەك رەنجىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. دەرۋەقە، ئىنسانلار مۇناسىۋىتىدىكى رەنجىشلەرنىڭ ھەر خىل شەكلى بولىدۇ. بەزىلەر ئۆزئارا رەنجىشكەندە يۈزتۇرانە، ئوبدان بىر دېيىشىپ كۆپكەن قورساقلىرىنى بوشىتىۋېلىپ بولدى قىلىشسا، بەزىلەر رەنجىشنى كېيىنكى ئارازلىقنىڭ باشلىنىشىغا ئايلاندۇرۇپ، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىدىغان ئۆتكۈر زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا رەنجىشىشتىن كېيىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىپ دەردىنى ئىچىگە يۇتىدۇ. رەنجىشىشنىڭ بۇ ئۈچ خىل شەكلىنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىلىدىن كېيىنكىسىنىڭ ئادەمنىڭ روھىغا بېرىدىغان زەربىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. دېمەك، بارات نىياز بىلەن ئابدۇللانىڭ ئۆزئارا رەنجىشىشى ئۈچىنچى خىلغا مەنسۇپ ئىدى.

بۈگۈن ئەتىگەندە بارات نىياز كۆڭۈل غەشلىكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئابدۇللا بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشنى ئويلىدى - يۇ، ئارقىدىنلا نىيىتىدىن ياندى. سەۋەبى، ئابدۇللانىڭ كۈتۈلمىگەندە دىلىنى رەنجىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا، تۇرۇپلا ئۆزىنى دائىم ھويلىسىدا تاشلىنىپ تۇرغان كونا پالتىغا ئوخشاتتى. «ھەي، ئەمدى كەسمەيدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، بىسىم يېنىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ياق، يېنىپ كەتتى دېگەندىن كۆرە، ئۇپراپ كەتتى دېسەم توغرا بولىدۇ......» ئۇ ئويلىغانسېرى كۆڭلىنىڭ شۇنچە يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تۇرۇپلا نەپسى سىقىلغاندەك بولدى. شۇ ئەسنادا ياندىكى ئۆيدىن باھارنىڭ گۈڭگىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارىدىن بىرئاز ئۆتۈپ ھويلىدىن

باھارغا قاراۋاتقان ئايال داس كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى - دە، بارات نىيازغا ئىبرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بارات نىيازنىڭ كۆزى ئەمدى شىرە ئۈستىدىكى داستىخانغا يۆگەكلىك جام بىلەن چەينەككە ۋە داستىخان يېنىدىكى دورا بوتۇلـ ـكىسىغا چۈشۈپ، كۆڭلىدە «كەۋسەر مەكتەپكە كېتىپ بوپتۇ» دەپ ئويلىدى. دەرۋەقە، كەۋسەر خېلى بۇرۇنلا مەكتەپكە كەتكەـ نىدى. بۇنى كۈندە ئوخشاش تەكرارلىنىدىغان ئادەتكە ئەمەس، بەلكى شىرە ئۈستىگە قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. جامغا ھەر ئەتىگىنىكىدەك بىر پارچە كاكچا بىلەن بىر پارچە زاغرا چىلىنىپ ئۈستىگە چاي قۇيۇلغان، يەنە تەۋررۈك تۈچ چەينەككە چاي دەملىنىپ داستىخان بىلەن يۆگەپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ مەرھۇم زۇلەيخاندىن قالغان ئادەت ئىدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بارات نىياز شۇ يوسۇندا ناشتا قىلاتتى. بارات نىيازنىڭ ئاشقازان كېسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ دوختۇرلار زاغرا يېمەسلىكنى تاپىلىغاندىمۇ: «زاغرا يەپ چوڭ بولغان تۇرسام، ئەمدى يېمەي كۆنەلەمدىمەن» دەيتتى. دېھقانلارمۇ بارات نىيازنىڭ بۇ خىل ئادىتىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، بارات نىياز ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلسە، تەڭلىك تارتىپ تۇرمايلا سېۋەتتىكى زاغرىدا چاي بىرىۋېرىشەتتى. بارات نىيازمۇ زاغرىنى شۇنداق مەززە قىلىپ يەيتتى. بارات نىيازنىڭ تۇرۇپلا تالاغا چىقىپ، ئەتىگەنىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالغۇسى كەلدى بولغاي، دېرىزىدىن بويۇنداپ قاراپ قۇياشنىڭ ئاللىقاچان ئارغامچا بويى ئۆرلەپ ئالتۇن نۇرىنى زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تالاغا چىقىپ شۇنداق ھوزۇر ھېس قىلدىكى، ئەتىگەنىنىڭ ساپ ھاۋاسى كۆكسىگە بەكلا يېقىشلىق ئىدى. بارات نىياز بېغىنىڭ پاسىلىدىكى تېرەكلەرگە زوقلىنىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يېنىك قەدەم تاشلاپ كەنجى قوناقلىققا كەلدى. ئەسلىدە يىغىشتۇرۇلۇشقا ئاللىقاچان

بۇيرۇق چۈشكەن كەنجى قوناقلارنىڭ پىشقان - پىشمىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى. ئېتىزغا كىرىپ بىرنەچچە باش قوناقنى سويۇپ كۆرۈپ لاسسىدە بولدى. چۈنكى، قوناقلار ئەمدىلا قېتىشقا باشلىغانىدى. بۇ ھالدا قوناقلار ئورۇ- ۋېتىلسە دېھقانلارغا زور زىيان بولاتتى. بارات نىياز مەيۇسانە كەيپىياتتا توپىلىق يولغا چۈشۈپ باش تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈز - كۆزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ مۇشۇنداق كۈز مەۋسۇمىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، دېمىسىمۇ سەھرانىڭ كۈز مەۋسۇمى شۇنچىلىك جەلپكار ئىدى. ئەتراپنى ئەجىر - مېھنەتنىڭ مەئىشەتلىرى قاپلىغان كۈز پەسلىدە ئادەملەرنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل جان- جانىۋارلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نېسىۋىسى بولاتتى، ئۇنىڭدىن ھەممە ئورتاق بەھرىلىنەتتى. بارات نىياز شۇ تاپتا نەگە بېرىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. ئېتىزلارنى ئايلىنىش ئۇنىڭ 40 يىلغا يېقىنلاپ قالغان خىزمەت ھاياتىدىكى ئۆزگىچە ئادىتى ئىدى. ئۇ ئەتىگەندە ئۆيىدىن بىرەر ئىشنى پىلانلاپ چىققان بىلەن، سىرتتا — مانا مۇشۇنداق توپىلىق يوللاردا، مەھەللە - كويلاردا تاسادىپىي ئىشلار ۋە ھاجەتتى چۈشكەنلەر ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى. بارات نىياز كۆزلىگەن مەنزىلگە بېرىپ بولغۇچە مانا مۇشۇ ھاجەتلەرنى لايىقىدا راۋا قىلمىسا، راۋا قىلالمىسىمۇ، ۋاقىتلىق داۋا قىلمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا قىلغان ئىشلىرىدىن، ئادىتى بويىچە سىرتتا، يول يۈرۈۋېتىپ بېجىرگەن ئىشلىرى ئېشىپ چۈشەتتى. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۇ تىلغا ئېلىشقا بولاتتىكى، ھازىر ئۇنىڭ يېزا باشلىقلىق ئەمىلى بولمىغان بىلەن، دېھقانلارنىڭ قەلبىدە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئىناۋىتى بار ئىدى. بارات نىياز خىيال ئىلكىدە مېڭىپ غول يولغا يېقىنلاشقاندا، كەينى تەرەپتىن موتوسىكلىت مىنىۋالغان يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىچىسى ئەيسا

چاڭ توزۇتوپ يېتىپ كەلدى.

— ئاچما كەنتتە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلماقچىكەن، يېزا باشلىقى سىلىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى ئەيسا ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا. ئەسلىدە ئۇ بارات نىيازنى ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەك موتوسىكلىت بىلەن ئېلىپ مېڭىشنى ئەپسىز ھېس قىلىۋاتاتتى. بارات نىياز ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا تەڭقىسلىقتا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— نەق مەيدان يىغىنى ئاچامدىكەن؟ بۇ ياخشى ئىشكەنغۇ، ماڭايلى ئەمىسە، — روھى بىردىنلا ئۇرغۇغان بارات نىياز ئۆزىنى شۇ تاپتا خۇددى ئېچىلغۇسى نەق مەيدان يىغىنىنى ئۆزى باش بولۇپ ئاچىدىغاندەك، مانا مۇشۇ يىغىندا كەنجى قوناقنىڭ پىشقان قىسمىنى ئورۇپ، تېخى پىشمىغان قىسمىنى بىرنەچچە كۈن ئورماسلىقنى دېھقانلارغا تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلايدىغاندەك ھېس قىلىپ، چاققانلىق بىلەن موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە مىنگەشتى.

بارات نىيازنى بۇنچە تېتىك قىلىۋەتكىنى ئابدۇللانىڭ ئالايتەن ئۆزىنى چاقىرىشقا ئەيسانى ئەۋەتكەنلىكى ئىدى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سۈركىلىش، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزئارا رەنجىش يۈز بەرگەندىن بۇيان، يېزىدا ئېچىلغان بىرنەچچە قېتىملىق يىغىنلارغا بارات نىياز بۇگۈنكىدەك ئالاھىدە چاقىرتىلمىغانىدى. ئۇنىڭ «ئابدۇللا ئەقلىنى تېپىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ شادلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئارىدىكى زىددىيەتنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىغا تەقەززا بولۇۋاتاتتى. ئەيسا موتوسىكلىتنى شۇنچە سىلىق ھەيدەشكە تىرىشسىمۇ، ئاچما كەنتى بىلەن غازلىق كەنتىنىڭ ئارىسىدىكى يول كاتاڭ بولغاچقا گاھىدا قاتتىق سىلكىنەتتى. ئەيسا بارات نىيازغا كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا:

— بۇنداق يىراق يولغا ماشىنا ئەۋەتسە بولماسمىدى، — دېۋىدى، بارات نىياز قىزىقچىلىق قىلىپ:

ــ ئۇكـام، ئىلگـىرى ئىشەك، ئاتقـا مـىنگەنمەن. ئارىـدا بىرنەچچە يىل ماشىنىغا مىنـدىم، ئەمدى سىپنىڭ موتوسـىكلىتىڭغا مىنىۋاتىمەن. بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان يېرى يوق، بەلكـى ھەممىسى قائىدە ـ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنغۇ! ــ دېدى.

ــ بۇ...... بۇ...... قانداقمۇ قائىدە ـ قـانۇنىيەتكە ئۇيغـۇن بولسۇن؟ ــ دېدى ئەيسا نارازى بولۇپ، ــ ئاقتاشنى بۆگۈنكـىدەك كۆنگە ئېرىشتۈرگەن ئادەم سىلى تۇرسىلا، ئەمدى بولغانـدا بۇنـداق جۇلتاق موتوسىكلىتقا مىنىپ يۈرسىلە قاملىشامدۇ؟ دېمەكچىمەنكـى، يېزىمىزدىكى كىچىك ماشىنىنى ناھىيەدىن سىلى ئەكەلگەنغۇ!......

ئىنىقكى، ئەيسا مۇشۇ كۆنلەردە ئابدۇللانىڭ بـارات نىيـازنى چەتكە قېقىۋاتقانلىقىدىن نارازى ئىدى.

ــ نېمىشقا قائىدىگە ئۇيغۇن بولمىغۇدەك! يېشىم بىر يەرگە باردى. ماشىنىغا ياشلار چىقسا توغرا بولىدۇ. ماڭا ئوخشاش قېرىلار ئەمدى ياغاچ ئاتقا مىنىشكە تەييارلانساق بولىدۇ، ھـى ـ ھـى ـ ھى...... ــ بارات نىيازنىڭ ئاغزىدىن بەخىرامان ھالدا چىقىۋاتـ ـقان بۇ گەپ ئەيسانى تېرىكتۈردى. ئۇ بېشىنى يېنىـك چايقـاپ نېمىدۇر دېمەكچى بولۇۋىدى، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسى ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدى. ئەسلىدە ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى مويسىپىت كىشى ئېشىكنى يانغا تارتماي بارات نىيازغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

ــ بىزگە قارىماي ئېشىكىڭنى ئوبدان باشقۇرامسەن، ئاكا؟ــ دېدى ئەيسا موتوسىكلىتنىڭ سۈرئىتىنى دەرھال ئاستىلىتىپ.

شـۇ چاغـدىلا مويـسىپىت ئېـسىنى تېپىـپ، ئېـشەكنىڭ بـاش بېغىنى ئوڭ تەرەپكە كۆچەپ تارتتى. بوز ھاڭگا بەكلا شاش بولـسا كېـرەك، مويـسىپىتكە بـوي بەرمەيۋاتـاتتى. ئەيـسا موتوسـىكلىتنى توختىتىـپ ئـوڭ پـۇتىنى يەرگە تىرىۋالـدى. ئـاڭغىچە مويـسىپىت ھارۋىـدىن سـەكرەپ چۈشـۈپ ئېـشەكنىڭ بېـشىنى ئـوڭ تەرەپـكە

كۆچەپ ئىنتىردى. ئەيسا مويسىپىتكە بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭ-
شىغاندىن كېيىن موتوسىكلىتنى ئورنىدىن قوزغىدى. ئەمەلىيەتتە
مويسىپىتنى ئەيىبلەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بارات
نىيازنىڭ هازىرقى هالىتى سىغمىغاچقا هاڭۋېقىپ قالغانىدى. ئەيسا
مويسىپىتنىڭ بايىقى هاڭۋاقتىلىقىنىڭ تېگىگە مەنزىلگە سالامەت
يېتىپ كەلگەندىلا يەتتى.

نەق مەيدان يىغىنىغا كەلگەنلەر ئابدۇللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى
بىلەن ئىمامبەگنىڭ تۆت مو كەنجى قونىقىنى ئولاش - چولاش
يىقىتىپ يەرنى بىكارلىدى، ئاندىن ئائىلىۋى ئوغۇت بىلەن
خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئۆلچەملىك چېچىپ تىراكتوردا ئاغدۇرۇپ
تۈزلىدى. ئاخىرىدا تېخنىك خادىملار كەنتلەرگە يېقىندا سەپلەپ
بېرىلگەن يېڭى تىپتىكى سىيالكىدا ئۇرۇق سېلىپ، بۇ يىلقى
كۈزگى بۇغداي تېرىشنىڭ تېخنىكا تەلىپىنى نەق مەيداندا
كۆرسەتتى. ئىشلار ئابدۇللانىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئورۇنلاندى.
گەرچە قوناقلار ئەمدىلا چالا پوكان بولغان بولسىمۇ، بايا ئابدۇللا
ئىمامبەگنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ
ئۆلگۈرگەنىدى. خېلىلا جۇدەپ كەتكەن ئىمامبەگنىڭ بۇرۇنقى
جۇدۇن مىجەزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئايالى ئېغىر كېسەل
بولۇپ ئورنىدىن تۇرالمىغاچقا، ئائىلىسىنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرى
نەۋرىسى مۇتەللىپنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. مادىيابەگنىڭ
هالىمۇ خاراب بولۇپ، نېرۋىسى كاردىن چىقتىمىكىن، ئەيتاۋۇر،
ئەتىگەندىن بېرى ئېرىق بويىدا توپىغا مىلىنىپ ئولتۇراتتى.
قارىغاندا ئەمدىلىكتە غېنى ساقچى ئۇنىڭغا پۇتلاشسىمۇ هوميىپ
قارىغۇدەك مادارى يوقتەك قىلاتتى. ئېنىقكى، رازاقنىڭ ئۆلۈمىدىن
كېيىن ئىمامبەگ جەمەتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى. قانداقلا بولسۇن
ئىمامبەگ بۈگۈن ئابدۇللانىڭ نەق مەيدان يىغىنىنى كەنجى
قوناقلىقىدا ئۆتكۈزۈپ، كۈزگى بۇغدىينى بىر ئوبدان تېرىپ

بەرگەنلىكىدىن قەۋەتلا خۇش بولدى. يېتەرلىك خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن يەرنى ئاغدۇرۇش ۋە ئۇرۇق سېلىش قاتارلىقلارنىڭ چىقىمى ھۆكۈمەت ھېسابىدىن قىلىنغانىدى. ئابدۇللا بۆگۈنكى شاپائەتنى ئارقىلىق ئىمامبەگ بىلەن بولغان ئىلگىرىكى گىنە - ئاداۋەتنى يۇيۇۋېتىشنى ئويلىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ مەقسىتىگە تولۇق يەتكەنىدى. بۇنىڭدىن باشقىلار قاتارىدا بارات نىيازمۇ خۇش بولدى. ئاخىردا ئابدۇللا بۆگۈنكى نەق مەيدان يىغىنىنى خۇلا - سىلەپ، ھەربىر مۇھىم ھالقىلارنى قايتا - قايتا تىلغا ئېلىپ، جازا ھەم مۇكاپاتنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىردا تەرىنى تۇرۇپ بەكلا سوغۇق تەلەپپۇزدا دېدى:

— ھازىر يېزىمىزدا بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ناھىيە تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇن - لاش بەزىلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى دانا، خەلقپەرۋەر، مېنى بولسا نادان، تەنتەك چاغلاپ ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋاتىدۇ...... — يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان قاۋۇل سېكرېتار ئابدۇللانىڭ سول يېنىدا ئولتۇرغان بارات نىيازغا مەنىلىك قاراپ، جۇدەڭگۈ چىرايىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكىنىنى كۆردى. ئابدۇللانىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەر بىر ھېسابتا قاۋۇل سېكرېتارغا يادا بولۇپ كەتكەنىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، قاۋۇل سېكرېتار ئاخشام ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە پاتىگۈل ئەڭ ئامراق ئوغلاق كاۋىپى بىلەن ئالدىنقى كۈنى ئۇ ۋەزىپە قىلغان بىر پۈلۈق قارا توخۇ تۇخۇمنى ئېلىپ بارغاندا، بۇنىڭدىن جۈملىمۇجۈملە خەۋەر تېپىپ، ئەتىكى نەق مەيدان يىغىنىدا مۇشۇ گەپلەر بىلەن بارات نىيازغا ئەجەللىك زەربە بېرىشنى تاپىلىغان. ئابدۇللا بۇنداق قىلىشنى سەل ئەپسىز ھېس قىلىپ تىل چاپىنغاندا، پاتىگۈل مۇشۇ ئارقىلىق بارات نىياز ۋە ئۇنىڭ چاپىنىدا تەرلىنىدىغانلارنى بىراقلا پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ

چۈشەندۈرگەنىدى. ئەتىدىن بېرى ئابدۇللانىڭ «تاپشۇرۇق»نى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغان قاۋۇل سىكرېتار ئىچ - ئىچىدىن شادلاندى. ئابدۇللا نۇتقىنىڭ ئىنتوناتسىيەسىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ داۋام قىلدى، — يامان يېرى ئۇلار دېھقانلارنى بويۇنتاۋلىق قىلىشقا قۇترىتىپ، ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغا بويسۇنماسلىققا ئۈندەۋاتىدۇ...... بۇ ئارقىلىق مېنى دادىل ئىش قىلغىلى قويماي، يارامسىزلار قاتارىغا چىقارماقچى! — ئەمدى قاۋۇل سىكرېتارلا ئەمەس، يىغىن ئەھلىنىڭ خېلى بىر قىسمى نەزەرىنى بارات نىيازغا ئاغدۇرۇشقا باشلىدى. بارات نىيازنىڭ چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسمانغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئابدۇللا مەردانە ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى، — بىز بۈگۈن نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ كەنجى قوناقنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ، كۈزگى بۇغدايىنى سان ھەم سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا مۇددەتتىن بۇرۇن تېرىپ بولۇشنى ئورۇنلاشتۇردۇق، مانا بۇ سىياسەت!...... — ئەمدى يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسىنىڭ نەزەرى غەزەپلىك كەيپىياتتا ئولتۇرغان بارات نىيازغا ئاغدى. بارات نىيازنىڭ كۆكۈچ لەۋلىرى تېخىمۇ كۆكىرىپ، نەپىسى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتاتتى. ئابدۇللانىڭ سۆزى تەھدىتلىك تۈس ئېلىۋاتاتتى، — يۇقىرىنىڭ سىياسەت - ئورۇنلاشتۇرۇشىغا خىلاپلىق قىلساڭلار ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭلار مەسئۇل بولىسىلەر. مۇھىمى، جازا بىلەن مۇكاپات نەقلەشتۈرۈلگەندە ھېچكىم سىلەرگە ياردەم قىلالمايدۇ. بۈگۈنكى نەق مەيدان يىغىنى تۈگىدى، قايتىپ ئىشنى باشلاڭلار!

يىغىن ئەھلى نېمىلەرنىدۇر غۇلغۇلا قىلىشقىنىچە تارقىدى. ئابدۇللا بىرنەچچەيلەننىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈن يېتىم يىراقلىقتىكى ماشىنىغا قاراپ ماڭدى. سەل ھودۇقۇش سايە تاشلىغان روھىي ھالىتىدىن ھېلى دېگۈلۈكنى دەپ بولۇپ، ئەمدى ئۆزىچە ئۈيىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇڭا، ئىچكى سېزىمى بۇ يەردىن تېزرەك

ئايرىلىشقا ئۈندەۋاتاتتى. كىشىلەر كېتىۋاتقاچ ئابدۇللانىڭ بارات نىيازغا مەقسەتلىك زەربە بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشاتتى. بارات نىياز ئورنىدىن تۇردى - يۇ، بېشى قېيىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، قەدەم يۆتكىمەي ئورنىدا بىردەم تۇردى. گەرچە ئۇ چاندۇرماسلىققا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، ئاجىز يۈرىكى بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. بىرنەچچە مويىسپىت كىشى ئۇنىڭدىن ھال سوراپ يېنىدا بىردەم تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بارات نىيازغا يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى باردەك قىلاتتى. بىراق، ئەيسا كېلىپ بارات نىيازنى ئەتىگەنكىدەكلا موتوسىكلىتىغا مىندۇرۇپ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويدى. يول ئۈستىدە كۆڭلىنى ياساپ قويۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بارات نىيازنىڭ جىمپىلا قالغانلىقىغا قاراپ باشقا گەپ قىلمىدى. دادىسىنىڭ تاتارغان چىرايى كەۋسەرنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. كەۋسەر ئاچما كەنتتە يېزا بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلغان-لىقىنى مەكتەپتە بىرسىدىن ئاڭلىغانىدىلا، دادىسى بىلەن ئابدۇللانىڭ ئارىسىدا كونا سۈركىلىشنىڭ تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. شۇڭا، دادىسىنىڭ ئابدۇللادىن ئازار يېگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى. ئابدۇللانىڭ قەلبىدىكى سىماسى كۆز ئالدىدىكى نامەلۇم بوشلۇقتا بارا - بارا ئۆچۈشكە باشلىدى. كەۋسەر ئارامسىزلانماي تۇرالمايتتى. مۇبادا مۇشۇ سەۋەبلىك بارات نىيازنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالسا، باھارنىڭ بەختسىزلىكى يېتىپ ئېشىۋاتقان كەۋسەرگە ئۈستىلەپ ئەلەم بولاتتى. بۇنى بارات نىياز ئويلىماي قالاتتىمۇ؟! شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئازابلىنىۋاتقان كۆڭلىنى ئىمكانقەدەر خۇشال كۆرسىتىشكە تىرىشىۋا-تاتتى. شۇڭا، كەۋسەر ئېتىپ بەرگەن ئۇگرىنى ئىلگىرىكىدىن كۆپرەك ئىچتى، ئاندىن دورىسىنى ئىچىپ، ياستۇققا يانپاشلىدى. بارات نىياز بىلەتتىكى، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىسىلا، كەۋسەرنىڭمۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشەتتى. تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈۋەرسە

كەۋسەرنىڭمۇ قولى ئىشقا بارمايتتى. بۇ ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا خېلىدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت ئىدى. كەۋسەر ئۆچىسىنى يېنىك ئۇۋۇلاپ بېرىۋىدى، راھەتلەنگەن بارات نىياز بىردەمدىن كېيىنلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا غېنى ساقچى چوڭ سومكىدا بىر ياتا گۆشنى كۆتۈرۈپ ئالدىراش كىرىپ كەلدى. تەرلەپ كەتكىنىگە قارىغاندا موتوسىكلىتى كارغا كەلمەي، ۋېلسىپىتىگە مىنىپ كەلگەندەك قىلاتتى. غېنى ساقچى ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، كەۋسەر يېڭىلا ئۇخلاپ قالغان بارات نىيازنى ئىما قىلىپ بارمىقىنى ئاغزىغا ئاپاردى. ئاندىن ئىككىسى ئاۋايلاپ مېڭىپ دالانغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى:

— ئىدارىغا يىغىنغا بارغانىدىم، ھېلىراقتا قايتىپ كەلدىم،— دېدى غېنى ساقچى كەچتە تۇيۇقسىز كەلگەنلىكىنى ئىزاھلىماقچى بولغاندەك، — تاماق يەي دەپ ساقچىخانىنىڭ ئالدىدىكى ئاشخانىغا كىرسەم ئىككى كىشى بارات دادامنىڭ گېپىنى قىلىشىۋېتىپتۇ، قارىغاندا ئابدۇللا بۇگۇنكى نەق مەيدان يىغىنىدا بارات دادامنى «ئىشلىرىمغا ئارىلىشىۋالدى» دەپ چىشلەپ تارتقان ئوخشايدۇ...... ھازىرلا ئىزدەپ تېپىپ تازا بىر دېيىشەي دەيمەن......

— بولدى، ئۇنداق قىلماڭ......

— ئۆتكەندىمۇ ئۇبدان پۈرسەتنى كەلگەندە توسۇۋالدىڭىز، سەۋرچانلىق قىلىپ يول قويۇۋەرسەك ھەددىدىن مۇشۇنداق ئاشىدۇ. ئۇنى يېزا باشلىقلىق ئەمىلىگە بارات دادام يول مېڭىپ دەسسەتمىگەن بولسا، ھېلىغىچە يېزىنىڭ يۇگۈر - يېتىم ئىشىنى قىلىپ يۈرگەن بولاتتى.

— كېيىنچە ھەممىنى چۈشىنىپ قالىدۇ.

— كونىلار: «سىيىر سىلىغاننى بىلمەس، ئالجىغان ئايىغاننى» دېيىشكەن. ئاۋارە بولماڭ، كەۋسەر، ئۇنىڭدەك ئەسلىنى ئۇنتۇغان ئادەملەر دوستلۇقنا يارىمايدۇ. مۇشۇ كۈنگىچە ئەقلىنى

تاپار دەپ كۈتتۇم، بىراق ئۇ بارغانسىرى ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى.

— سىز ئارىغا كىرسىڭىز ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ، غېنىكا......

— نېمە بولسا بولسۇنكى، بارات دادامغا ئازار بەرگەن ھەرقانداق ئادەمنى ھەرگىزمۇ بوش قويۇۋەتمەيمەن!

كەۋسەرنىڭ كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە غېنى ساقچىنىڭ ئۆزلىرىگە يار - يۆلەك بولۇۋاتقانلىقىغا مىننەتدار- لىق بىلدۈرگەنلىك ئىدى. بۇنداق ھاياجانلىق ياش كەلكۈننى ئۇ سەدىردىندىن ئاجرىشىپ ئاقتاشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھە دېگەندە ئاققۇزۇۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئانىسى زۆلەيخان قازا قىلىپ، دادىسى بارات نىيازنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان كەۋسەر ھەر قېتىم ئاچىلىرى بىلەن ھال - مۇڭ بولۇشسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەر قېرىندىشىنىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەتـ ـلىنەتتى، بولۇپمۇ ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا بۇ خىل ھېسسىيات تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. بەختكە يارىشا غېنى ساقچى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدىكى ياخشى خىزمەت شارائىتىنى كەۋسەر ئۈچۈن تەرك ئېتىپ، ئاقتاشقا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ئۆزىنى خۇددى بارات نىياز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ بىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بارات نىيازنى ئەمدى كىچىك ۋاقتىدىكىدەك «بارات دادام» دەپ ئاتاپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى كەۋسەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئاچىلىرىنىمۇ خۇش قىلماي قالمايتتى. كەۋسەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئابدۇللا بىلەن زاكونلىششىنى خالىمىسىمۇ، ئەمما دادىسىغا بولغان ساداقىتىدىن چوڭقۇر سۆيۈنەتتى.

بىركەمدە غېنى ساقچى قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، كەۋسەر يەنىلا ئابدۇللا بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشماسـ

ـلىقىنى تاپىلىدى. غېنى ساقچى ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. كەۋسەر ئۈچۈن مۇشۇلا كۇپايە قىلاتتى. چۈنكى، غېنى ساقچى ئۆز مىجەزى بويىچە ئاقتاش تەۋەسىدە باشقىلارنىڭ نەسىھەتىگە ئاسانلىقچە كۆنمىگەن بىلەن، كەۋسەرنىڭ ئادەتتىكى تەلەپلىرىنىمۇ مۇقەددەس بۇيرۇقتەك بىلەتتى. بايا ئۇ ئاشخانىدا ئابدۇللانىڭ بارات نىيازغا ئازار بەرگەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپلا غەزىپىنى باسالماي، ئۇنىڭغا بارات نىيازنىڭ هازىرقى ئورنۇنغا دەسسەتكۈچە قىلغان ئەجرىنى ئەسلىتىشنى ئويلىغانىدىمۇ، كەۋسەرنىڭ بۇ ئىشتىكى رايىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغانىدى.

بۇ بىرنەچچە كۈندە بارات نىيازمۇ تال باراڭلىق ئازادە هويلىسى بىلەن مېۋە - چېۋىلىرى سەرخىل بېغىدىن سىرتقا چىقمىدى. مۇبادا سىرتقا چىقسىلا ئاۋۋال كۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان قاۋۇل سېكرېتارغا، كېيىن مەھەللىدە چاتاق تېرىپلا يۈرىدىغان بىرنەچچەيلەنگە چېچىلىپ قالاتتى. هۇرۇنلۇق شىللىسىدىن بىسىپ، پاسار، پىچان دۆۋىلىرىدە سۇنايلىنىپ ياتقانلارنى، چاچلىرىنى گەدەنگىچە قويۇپ بىرىپ، تاماكىسىنى سىڭايان چىشلەشكىنىچە دوقمۇشلاردا قۇرۇق پاراڭ سوقۇپ تۇرۇشقان «سەهرا نوچىلىرى»نىمۇ بوش قويۇۋەتمەيتتى. ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىدىكى جاپالىق هايات كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ، ئەمگەكنىڭ ئادەمنى پاراۋان تۇرمۇشقا ۋە ياخشىلىققا باشلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ قەدىمى ئاقتاش يېزىسىنىڭ قەيىرىگە يەتسە، مۇتلەق كۆپچىلىكنىڭ دەردۇ هالىغا يېتىپ خۇرسەن قىلاتتى، شۇ قاتاردا يەنە بىرنەچچەيلەنىنىڭ چىشىغا تەگمەيمۇ قالمايتتى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىمۇ يېزىنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق، بولۇپمۇ بىراۋلارنىڭ هۇرۇنلۇقى ۋە قاششاقلىقىغا چېچىلىپ سەپراسى ئۆرلەيتتى. دادىسىنىڭ مۇشۇ مىجەزى سەۋەبلىك، كەۋسەر ۋە ئاچىلىرىمۇ دائىم دېگۈدەك دەككە -

دۆككىدە يۈرۈشەتتى. ئۇلارچە بولغاندا دادىسى ئەمدى يېزىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، كۆڭلىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈپ سالامەتلىكىنى ئاسرىشى كېرەك ئىدى. بىراق، غېنى ساقچىنىڭ قارىشى بۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، بەلكى بارات نىيازنىڭ هازىر قىلىۋاتقانلىرىنى ئومۇمەن دۇرۇس دەپ قارايتتى. بۇ ھەقتە كەۋسەر بىلەن ئەمەس، باشقىلار بىلەنمۇ تالىشىپ: «ئۇ بارلىقىنى ئاقتاشقا بېغىشلىغان، ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى، ھەربىر ئېغىز سۆزىمۇ ئاقتاشلىقلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، قېنى كىم ئۇنىڭدەك قىلالايدۇ. ھازىرقى باشلىقلار زېخىنمۇ، كاۋاپىنىمۇ كۆيدۈرمەي، چىداپ بىرنەچچە يىلنى تىنچ ئۆتكۈزۈپ ئۆسۈشنىلا ئويلايدۇ» دەيتتى. ھېچ ئويلىمىغاندا، بارات نىيازنىڭ يېقىندىن بويانقى روھىي كەيپىياتى غېنى ساقچىنىمۇ تەئەججۈپلەندۈرۈپ قويدى. چۈنكى، بارات نىياز قايسىبىر كۈنى دەم ئېلىشقا چىقىش توغرىسىدا يازغان ئىلتىماسىنى بىرنەچچە نۇسخىلاپ ناھىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە ئاپىرىپ بەرگەندىن بېرى باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، يېزىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان ئىشلىرى توغرىسىدا بۇرۇنقىدەك چېچىلمايتتى. ئۆيىگە ئارىلاپ كېلىپ تۇرىدىغان دېھقانلاردىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سەپرالىقلىرى ئۈچۈن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايتتى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى نىياز ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە يۈز بەردى، يەنى ئۇ نىيازنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا بەرىكەت تىلىگەندىن كېيىن، سەدىردىن بىلەن ئابدۇللانىڭ پارلاق سىياسىي ئىستىقبالغا ئىگە بولغانلىقىنى ماختاپ بەردى. ئاخىرىدا «بۇگۈن ئۇلارمۇ كەلگەن بولسا......» دېيۇدى، نىياز ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئىشىكتىن بىر يەشىك چىلان كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەن غېنى ساقچى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

— ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشكە يۈزى چىدارمۇ؟ — دېيىشىگە،

بارات نىياز تېرىكىپ، رەھبىرىي كادىر بولغان ئادەمنىڭ ھەممە ئىشنى تەكشى قىلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى، ئەمما خىزمەت جەريانىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىققا يولۇقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، پېشقەدەملەر بىلەن ياشلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىدىغان گەپنى ھەرگىز قىلماسلىقنى تاپىلىدى. قىسقىسى، بارات نىياز يېقىندىن بۇيان ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن ھايات مەنزىللىرىنى خۇلاسىلەپ، قالغان ھاياتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزگەن نۇقسانلىرىنى تولۇقلاشقا بېغىشلاش نىيىتىگە كەلگەندەك قىلاتتى. ئىنچىكىلىسەك، ئۇنىڭ مۇشۇ قاتاردا كۆپرەك كۆڭۈل قويغان ئادىمى جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخان ئىدى.

ئۇ كۈنى كەۋسەر مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئادىتى بويىچە باھارغا خەت يېزىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى. بارات نىياز ھويلىدىكى كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بالىخانىنىڭ ئۆگزىسىدىكى پەغەزدە ئۈنلەۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ نەغمىسىدىن ھوزۇرلىنىۋاتاتتى، بىرچاغدا دەرۋازىدىن جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخان كىرىپ كەلدى. چىناخاننىڭ قولتۇقىدا نېمىدۇر ئورالغان داستىخان بولۇپ، ئەپتىدىن ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇلار بارات نىياز بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ تىنچ - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، تەكلىپ بويىچە مېھمانخانىغا كىرىپ كىرىپسلودا ئولتۇرۇشتى. قىسقا دۇئادىن كېيىن ئۆزئارا ئىززەت - تەۋەززۇ قىلىشتى. بۇ ھال ئۇلارنى كۆرۈپلا جۇدۇنى ئۆرلىگەن كەۋسەرنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. دېمىسىمۇ، كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان يېقىن تۇغقانلارلا تاسادىپىي دىدارلاشقاندا ئىچ - باغرى ئېرىپ مۇشۇنداق كەيپىياتقا چۆمەتتى. ئۇلار بىردەم ئۆز ھالىنىڭ پارىڭى بىلەن ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن جالالىدىن ئاخۇن مەقسەتكە كۆچۈپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۆزلىرىگە ئوغلىمىز سەدىردىننىڭ نادانلىق قىلغانلىقىنى يەنە ئەزۋەيلەشكە تىلىم كۆيىدۇ، يېزا باشلىقى، نەۋرىمىزنى بۇنداق

يېتىم قىلمىغان بولسا بىز بەكمۇ خۇش بولاتتۇق. باللارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر ـ قىسمەت مۇشۇ ئوخشايدۇ. بىزنىڭ سەۋر قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوقكەن. بۈگۈن ئالدىلىرىغا يەنە كۆڭۈل قويۇپ كەلدۇق. خىجىللىقتىن شۇ تاپتا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن. يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام، ئىلگىرى سەدىردىنىنىڭ بۇنداق ئۆز بېشىمچى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى قىلچە ئويلىمىغا ـ نىدىم. چوڭ بولغانسېرى ئەقلىنى تېپىشتا يوق ئەسلى ـ نەسلىدىن يىراقلاشتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئاللادىن ئىنسابىنى تىلەۋاتىمەن. مەزۈر كۆرۈشسىلە، نەۋرىمىز باھارخاننى ئېلىپ كېتىپ بىر مەزگىل بېقىپ، كەۋسەرنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتەيلى دېگەنىدۇق......

بۇ گەپلەرنى دېگۈچە تەرگە چۆمۈلگەن جالالىدىن ئاخۇن خىجىلچىلىق ئىلكىدە بارات نىياز بىلەن كەۋسەردىن كۆزىنى قاچۇرۇپ بېشىنى يەردىن ئالمىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىلگىرى سەدىردىنىنى دەستەك قىلىپ بارات نىياز بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغانلىقىغا يەتكۈچە پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئارىدا چىناخان مەرھۇم زۇلەيخاننى تىلغا ئېلىپ مىچىلداپ يىغلاپ، يىشىنى داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالى كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ كۈنلەردە جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخانمۇ دەردىنى ئۆزلىرى بىلىشەتتى. سەدىردىن رەشىدە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئاقتاشقا ئىلگىرىكىدەك پات ـ پات كەلمەيدىغان، كەلسىمۇ بىرەر باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ بالدۇرلا قايتىپ كېتىدىغان بولۇۋالغانىدى. رەشىدەنىڭ كەيپىياتىدىن جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخاننى «سەھرالىق توپا چىرايلار» دەپ كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار شەھەرگە يوقلاپ كەلسە، ئانچىكى ئىشلار ئۈچۈن سەدىردىنگە چېچىلىپ تۇتۇلۇۋالاتتى، ھەتتا بەزىدە ئوچۇقتىن ـ

ئوچۇق: «ئاتا - ئانىڭىزغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ بېرەيلى، ئۇلار شەھەرگە كېلىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن» دەيتتى. بۇ گەپنى ھويلىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان جالالىدىن ئاخۇن ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى‌سمۇ، سەدىردىنگە داتلاشنىڭ ئورنىغا دەردىنى ئىچىگە يۇتاتتى. سەدىردىننىڭ خوتۇنىغا تەنبىھ بەرمەي، رايىشلىق بىلەن «ماقۇل، شۇنداق قىلسۇن» دېيىشى يۈرىكىنى زېدە قىلاتتى. بۇنى ئويلىغاندا، كەۋسەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قىزغىن مۇئامىلىسى، «شەھەرگە ئاران كەلگەندىكىن، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ھاردۇق ئېلىپ كېتىڭلار» دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلىقى ئېسىگە چۈشۈپ ھەسرەت چېكەتتى. دەسلەپتە جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخان بۇ ئىشلارنىمۇ ئانچە كۆڭلىگە ئالماي، كېيىنچە تۈزۈلۈپ قالار دەپ ئېغىرلىق قىلىشقان بولسىمۇ، ئۆتكەندە چىناخان سەدىردىننى يوقلاپ شەھەرگە كېتىپ، ئەتىسى خاپا ھالدا قايتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرىپلا ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. ئەسلىدە چىناخان كېلىنىمىنىڭ تاماق ئېتىشكە ياردەملىشىمەن دەپ ئادالاپ تەييار قىلغان ئوتياشنى رەشىدە «چالا ئاقلاپسىز، پاكىز يۇماپسىز» دېگەننى باھانە قىلىپ دىلىغا ئازار بەرگەندى. چىناخانمۇ شۇ ھامان كەۋسەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىززەت - ھۆرمەتكە تويۇنغان قىزغىن مۇئامىلىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆلگۈرگەندى. مانا بۇ كۈنلەردە كەۋسەرنىڭ كۆيۈمچانلىقىنى چىناخانلا ئەمەس، جالالىدىن ئاخۇنمۇ سېغىنىۋاتاتتى. ئۇلار سەدىردىننىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشنى رەشىدەنىڭ ئۆزلىرىگە تۇتۇۋاتقان مۇئامىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايتتى. شۇ كۈنى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۆيدە كەۋسەرنىڭ تەرىپىنى بىر چاغقىچە قىلىشقاندىن كېيىن، باھارنى ئۆيگە ئەكېلىپ بېقىپ كەۋسەرنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئارقىلىق مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەشنى مەسلىھەتلەشكەندى. ئۇلار بۇ ئويىنى ئۆتكەن بىر كۈنى

كەۋسەر بىلەن مەھەللە يولىدا ئۇچرىشىپ قالغاندا ئاز - تولا پۇراتقان بولسىمۇ، بۇگۈنكىدەك ئىنىق ئىپتىمغانىدى. شۇڭا، جالالىدىن ئاخۇننىڭ كۆتۈلمىگەن تەلپىي بارات نىيازنى دەماللىققا گاڭگىرىتىپ قويدى.

— ئۆتكەندە مەن سىلىگە «بۇ ئىش توغرۇلۇق ماڭا كۆڭۈل قويمىسىلا، سەدىردىندىمۇ ئەيىب يوق، ھەممىسى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى» دېگەنىدىمغۇ!؟ كۆڭۈل قويۇشقا توغرا كەلسە مانا مەن سىلەرگە كۆڭۈل قويسام بولىدۇ. ئىلگىرى خىزمەتنى دەپ ھەرقايسىڭلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويغان يەرلىرىم كۆپ بولدى. كۆپچىلىكنىڭ ئىشىدا بىرسىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن يەنە بىرسىنى رەنجىتىدىغان ئەھۋال سادىر بولۇپ قالىدىكەن، مىنى ئەپۇ قىلىڭلار...... ھەم......

— ياق...... ياق...... ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە! سىلى ھەممە ئىشنى مۇشۇ ئاقتاشنى دەپ قىلدىلا، ئىلگىرى قەدىرلىرىنى تازا بىلمەپتىكەنمىز، مانا ئەمدى بىلدۇق.

جالالىدىن ئاخۇن بارغانسېرى ھاياجانلىنىۋاتاتتى. ئارىدا كەۋسەر ئۆلارنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيۇۋېتىپ دادىسىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن «باھارنى ئۆلارغا بەرمەيمەن» دېگەن مەنىنى سەزگەن بارات نىياز گەپنى ئۈزدى:

— «نەۋرىمىز باھارنى باقايلى» دېگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، ئەسلىدە بالا بىجىرىم بولغان بولسا باقساڭلار بولاتتى. بۇ ھالدا ئۇنى باقىمىز دەپ جاپا تارتىپ قالىسىلەر، ياخشىسى ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆزىمىز خەۋەر ئالايلى.

— ئۆزىمىزنىڭ نەۋرىسى بولغاندىكىن، ھەرقانچە جاپا تارتساقمۇ ئەرزىيدۇ. كۆڭلىمىزنى ياندۇرماي، ماقۇل دېسىلە، ئۇنىڭ جاپاسىنى بىزمۇ تارتىپ باقايلى. مۇشۇ كۈنگىچە كەۋسەر كۆپ جاپا تارتتى، ئەمدى ئۇمۇ ئارام ئالسۇن. خۇدايىم سەدىردىننىڭمۇ

ئىنسابىنى بىرەر، كۆڭلەرنىڭ بېرىدە ھوشىنى تېپىپ قالار......
جالالىدىن ئاخۇن بارات نىيازنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا شۇلارنى دېۋىدى، چىناخان مەنىلىك قاراپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن جالالىدىن ئاخۇن جىمىپلا قالدى. ئارىدا ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئارىسىدا يۈرگەن كەۋسەر جالالىدىن ئاخۇننىڭ باھارنى ئېلىپ كېتىشتە چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە، بارات نىيازنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ:
ـــ باھار ھازىرغىچە مەندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىدى. بۇ ھالدا ئۇنى ئېلىپ كەتسەڭلار كۆڭلەمەسلىكى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ داۋالىتىشنى ئويلاۋاتىمەن. شۇڭا، ھازىرچە دادامنى تەڭلىك قىلمىساڭلار بولارمىكىن، ـــ دېدى سەل جىددىيلىشىپ. چىناخان ئىتتىك جالالىدىن ئاخۇنغا قارىدى. جالالىدىن ئاخۇن بارات نىيازغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كەۋسەرگە نەزەر ئاغدۇرۇپ سەممىي ھالدا دېدى:
ـــ قىزىم، مۇشۇ يىللاردا بالىنى باقىمەن، خىزمەت قىلىمەن دەپ كۆپ جاپا تارتتىڭىز، سىزگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ...... مەرھۇم زۇلەيخان ھايات بولغان بولسا بۇنچە جاپا تارتماس ئىدىڭىز. يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام، نەۋرىمىزنى ئېلىپ كېتىشكە يۈزىمىز چىدىمايدۇ. مۇشۇ چاغقىچە قارىيالمىغىنىمىزنى ئويلىساق سىزگە يۈز كېلەلمەيمىز. چىناخان ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەمدى بولسىمۇ باقساق سىزگە ئازراق ئارامچىلىق بولامدىكىن دەپ ئويلىغانىدۇق، قارىغاندا بۇنداق قىلىشىمۇ نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. سەدىردىن بەگباشلىق قىلمىغان بولسا بۇنداق كۆڭگىمۇ قالماس ئىدۇق. بوپتۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە بولسۇن.
ـــ بولدى، بۇ ئىشنى كەۋسەر دېگەندەك قىلايلى، قېنى ئەمدى چايغا بېقىشسىلا......

بارات نىيازنىڭ شۇ گېپىدىن كېيىن جالالىدىن ئاخۇن باشقا گەپ قىلمىدى. چىناخان ئىلىپ كەلگەن داستىخاننى ئېچىپ لېگەندىكى پاقلان كاۋىپىدىن ئازراق بۆلۈپ، كەۋسەر بىلەن يان ئۆيدىكى باھارنىڭ يېنىغا كىردى. باھار بۇ چاغدا كەۋسەر بايا يېزىپ بەرگەن خەتلەرنى كۆچۈرۈۋاتاتتى. چىناخان باھارنىڭ قەلەمنى تەستە تۇتۇۋاتقان يۇمران قوللىرىنى مەگزىگە بېسىپ: «ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم كېسىلىڭگە شىپالىق بەرەر، قىزىم!» دېگىنىچە مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى. كېيىن جالالىدىن ئاخۇنمۇ كىرىپ باھارنىڭ بېشىنى مېھرى بىلەن سىلاپ يېنىدا ئولتۇرۇپ پاقلان كاۋىپىنى تىتىپ يېگۈزدى. باھار دەسلەپتە ئۇلاردىن ياتسىرىغان بولسىمۇ، بارا - بارا ئېچىلىپلا كەتتى. بۇ ھالدىن بارات نىيازمۇ، كەۋسەرمۇ خۇش بولۇشتى.

*　　　　*　　　　*

بۈگۈن بارات نىياز ئادەتتىكىدىن خېلىلا بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى. ئىلگىرىكى چاغلاردا ناھىيەگە يىغىنغا بارىدىغاندا ئۆزىنى تۈزىگەندەك ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز ئالدى. ئاندىن مەرھۇم زۇلەيخان ناھىيە بازىرىدىن قاچانلاردىدۇر سېتىۋالغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە كىيىپ باقمىغان بىر قۇر يېڭى كىيىمىنى كىيدى. ئالدىراش ناشتىلىق تەييارلاۋاتقان كەۋسەر بىلەن ئوتتۇرانچى ئاچىسى دادىسىنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىگە قىزىقماي تۇرالمىدى. كەۋسەر ئاچىسىغا نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلىدى، ئاچىسىمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئىككىسى قىزىقسىنىپ بارات نىيازنىڭ ھەرىكىتىنى ياندىن كۆزىتىشتى. بارات نىياز ئۆزىنى قىزلىرىنىڭ خۇپىيانە كۆزىتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەمدى ئۇ تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىللار نەقىش چەككەن چىرايىغا، تەگدىن تولىسى

ئاقرىپ كەتكەن شالاڭ چاچلىرىغا قارىدى، ئاندىن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئۇچىشىدى. ئاخىرىدا كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن خۇرۇم بەتىنكىسىنى ئېلىپ، مەيۇسانە نەزەردە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئەسلىدە قولىدىكى بەتىنكە بىرەر قېتىممۇ مايلانمىغاچقا، رەڭگى ئۆڭۈپ كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا كەۋسەرلا ئەمەس، ئاچىسىمۇ دادىسىنىڭ مۇشۇ يېشىغىچە ئايىغىغا بۇگۈنكىدەك ئېتىبار بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇلار ئىلگىرى دادىسىنىڭ بەتىنىكىسىنى مايلاپ بەرمەكچى بولغىنىدا: «مەن شەھەرگە ئەمەس، ئېتىزغا بارىدىغان تۇرسام» دەپ ئۇنىمايتتى. كەۋسەر دەرھال چامادانىدىن قاچاندىدۇر دادىسىغا ئاتاپ سېتىۋالغان يېڭى بەتىنكىنى ئېلىپ سۇندى. بارات نىياز سىپتا تىكىلگەن قارا خۇرۇم بەتىنكىنى قولىغا ئېلىپ كەۋسەرگە رەھمەت ئېيتتى. بەتىنكە پۇتىغا دەل كېلىۋىدى، تېخىمۇ خۇش بولۇپ كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن تويغا جابدۇنغان يىگىتتەك تىكىلىپ ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. كەۋسەر پىخىلداپ كۈلەتتى. چۈنكى، دادىسىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھالىتى ئەقلىگە كەلگەنىدىن بۇيان كۆرۈۋاتقان يېڭىلىق ئىدى. كەۋسەر ئىلگىرىدىنلا دادىسىنىڭ ئاددىي كىيىنىپ، دائىم ئالدىراشلا يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، بۇنداق قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. كىيىملەر بارات نىيازنىڭ ئورۇق بەستىگە ئانچە ماس كەلمىگەن بولسىمۇ، كەۋسەرگە ئاجايىپ سالاپەتلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى. شۇ ھالدا كەۋسەر بىلەن ئاچىسى دادىسىنىڭ بۇنچە ياسىنىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى - يۇ، بىراق بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىدى، ئاخىر كەۋسەر بىتاقەت بولۇپ:

— دادا، ياش يىگىتلەردەك ياسىنىپ ناھىيەگە بارامسىز؟ — دېدى ئاچىسىنىڭ توسۇشىغا قارىماي.

بارات نىياز شۇ چاغدىلا ئېسىنى يىغدى ۋە ئەتىدىن بېرى

ئىككى قىزنىڭ ياندا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ياسىنىشىنى ئۇن - تىنسىز كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ سەل ئوڭايسىزلاندى.

— ئەمدى مۇشۇ ئاقتاشتىن نېرىغا بارمايمەن، قىزلىرىم. دەم ئالىدىغان ۋاقتىم بولدى. ئىلتىماسىممۇ پات ئارىدا تەستىقلىنىدۇ. ئالدىراش بولمىغاندىكىن مۇشۇنداق رەتلىك كىيىنىپ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى مېھمانىدەك ئۆتكۈزەي دەيمەن. سىلەرگە دېسەم، رەھمەتلىك ئاناڭلار هايات ۋاقتىدا شۇنچە قىلىپمۇ مېنى مۇشۇنداق ياساندۇرالمىغانىدى.

— كىيىملىرىڭىز بەكمۇ ياراشتى، دادا، شۇ كەمگىچە سىزنىڭ مۇشۇنداق ياسانغانلىقىڭىزنى پەقەتلا كۆرمىگەن......

كەۋسەر شۇنداق دەۋېتىپ ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئاچىسىنىڭمۇ كۆزلىرى نەملەنگەنلىكىنى كۆردى.

— راست دەيسەن، قىزىم، كىيىنىشكە بۇنچىلىك ئەھمىيەت بەرگىنىمنى سەنلا ئەمەس، ئۆزۈممۇ ئېسىمگە ئالالمايمەن. كىچىك ۋاقتىمدا رەھمەتلىك ئانام ئاق تالىمنى[①] كۆك رەڭدە بوياپ كىيىم تىكىپ بېرەتتى. يىرتىلىپ كەتسە ياماق سېلىپ ئۇزاققىچە كىيەتتىم. چوڭ بولۇپ ياخشىراق كىيىنىدىغان ۋاقتىمدا يېزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندە توپىغا مىلىنىپ يۈرگەندىكىن، بۇنداق يېڭى كىيىملەرنى قاراپ تۇرۇپ پەرسۇدە قىلغۇم كەلمىدى.

— ئارام ئېلىشنى ئويلاپ بەكمۇ ياخشى قىلدىڭىز، دادا، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ياسىنىپ يۈرسىڭىز بىز بەكمۇ خۇش بولىمىز. ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرمەي سىرتلارغا چىقىڭ، كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ، — دېدى كەۋسەرنىڭ ئاچىسى هاياجانلانغان هالدا.

---

① تالما — يەرلىك شېۋە بولۇپ، چەكمەننى كۆرستىدۇ.

— بۈگۈن تۇرۇپلا ئۆتكەن ھاياتىمنى ئەسلەپ قالدىم. ئويلاپ باقسام كۆپ ئىشلارنى قىپتىمەن. بۇ جەرياندا ئۆتكۈزگەن سەۋەنـ ـلىكىممۇ ئاز ئەمەسكەن. توغرا دەيسەن، بۈنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىقمىسام، جامائەتكە ئارىلاشسام، بۇرۇن قىزىققانلىق تۈپەيلى دىلىنى رەنجىتىپ قويغان كىشىلەردىن ئەپۇ سورايمەن. ھە راست، ئېسىمگە كەلگەندە سىلەرگە دەپ قوياي، بۈنىڭدىن كېيىن سەندىرـ دىن بىلەن ئابدۇللاغا يامان كۆزدە قارىماڭلار ماخما، قىزلىرىم!
— دادا، سىز...... — كەۋسەر ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولغاـ نىدى، ئاچىسى ئالمان ـ تالمان گېپىنى تارتىۋېلىپ:
— ماقول، دادا، دېگىنىڭىزدەك قىلىمىز. ئەمدى ناشتا قىلىپ، دورىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ، — دېدى بارات نىيازنىڭ خاپا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ.
بارات نىياز ئۈنچىقماي تاماق شىرەسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئابدۇللانىڭ، بولۇپمۇ سەندىردىنىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا چىرايى ئۆڭگەن كەۋسەر شۇ تاپتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، دادىسىنىڭ خۇشال كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويماسلىققا تىرىشتى ۋە ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە دادىسىغا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇردى. چۈنكى، ناشتىلىقنى تەييار قىلغان بىلەن، مۇشۇنداق ھەمراھ بولۇپ يېنىدا ئولتۇرمىسا، يەنە كېلىپ ئۆزىمۇ بىرەر تال مېغىز چاغلىق نەرسىنى بولسىمۇ ئاغزىغا سالمىسا دادىسىنىڭ ناشتا قىلغىلى ئۇنىمايدىغانـ ـلىقىنى بىلەتتى. بۇ، كەۋسەر ناھىيەدىن ئاقتاشقا قايتىپ كېلىپ، بىللە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقاندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئادەت ئىدى. ماھىيەتتە بۇنى بارات نىياز كەۋسەرنىڭ ئەتىگەندە ناشتا قىلمايدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىر دېيىشكە بولاتتى. بىراق، بۈگۈن كەۋسەر دادىسىغا ھەمراھ بولغان بىلەن، ھېلىلا ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان نەپرەتنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، ئەيتاۋۇر، بىرنېمە يېيىشنى ئۇنتۇپ

قالدى. بارات نىياز كەيپىياتى شۇنچە ياخشى بولسىمۇ، ھەييارلىق قىلىپ شىرە ئۈستىدىكى جامغا قاراپ جىممىدە ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى گويا كىچىك بالىنىڭ ئانىسىغا دومسايغىنىغا ئوخشايتتى. كەۋسەر شۇئان بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋالدى - دە، قولىغا كاكچىدىن بىر پارچە ئېلىپ يېپىشكە باشلىدى. بارات نىياز شۇندىلا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ جامنى قولىغا ئالدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى ئاۋازسىز ئېتىلۇت ئورۇنلاۋاتقان ئارتىسلارغا ئوخشىتىشقا بولاتتى. كەۋسەرنىڭ ئىچ - ئىچىدىن كۈلكىسى قىستاۋاتاتتى.

بارات نىياز شۇ يوسۇندا ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن كەۋسەرگە قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن:

— ئەمىسە مەن ماڭدىم، قىزىم، سەنمۇ مەكتەپكە ۋاقتىدا بارغىن، — دەپلا ئورنىدىن قوزغالدى.

— نەگە بارىسىز، دادا؟ — كەۋسەر ئىختىيارسىز سورىدى.

— مانا...... مانا...... بىزنىڭ «باشلىق» مۇشۇنداق ھوشيار ئەمەسمۇ! ھەرقانچە سېھىرگەر ئادەممۇ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قاچالمايدۇ - دە! — بارات نىياز ئورنىدا چىپپىدە توختاپ ھەييارلىق بىلەن ئوتتۇرانچى قىزىغا كۆز يۇمچەكلەپ قويدى. بۈگۈن ھەممەيلەننىڭ كەيپى شۇنچە چاغ ئىدى.

— مەيلى، مېڭىڭ، دادا. بۇرۇنراق قايتىپ كېلىڭ ئەمىسە......

— ئۇزاققا بارمايمەن «باشلىق»، ئاۋۋال ئاتا - ئانامنىڭ ھەم ئاناڭلارنىڭ تۇپراق بېشىغا بارىمەن. ئاندىن مەھەللىدىكى كېسەل بولۇپ قالغانلارنى يوقلايمەن. ئاخىرىدا راشىدىن بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن، قانداق، مېڭىشىمغا رۇخسەتمۇ؟

— رۇخسەت! — دېدى كەۋسەر چەكسىز ئېيتقۇسىز تۇيغۇسىغا چۆمۈپ.

ئىككى قىز دادىسىغا ئەگىشىپ چىقىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرىغا قاراپ تۇردى. كەۋسەر دادىسىنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىنلا، ئالدىراش ھالدا مەكتەپكە مېڭىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى.

بارات نىياز تېرەكلىك يولنى بويلاپ كەنتنىڭ بىر چېتىدىكى قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدى. دالىدا كەچ كۈز شاملى ئۇشقىرتىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان شاخ - شۇمبا، پىچان دۆۋىلىرىنى ئورنىدىن قوزغىتىشقا ئۇرۇناتتى. يۇقىرىقى مەھەللىگە بارىدىغان توپىلىق يولدا كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسىغا بىر توپ كەپسىز باللار ئەگىشىۋالغانىدى. ھارۋا ئىگىسى باللاردىن قۇتۇ- لۇشقا ئۇرۇنۇپ، سۇر ھاڭگىنى ئۇرۇپ ئىتتىك چېپىشقا ئۈندەيتتى. بارات نىياز يېنىك قەدەم ئېلىپ كېتىۋېتىپ يېقىنلا يەردە ئالدىراش ئىشلەۋاتقان دېھقانلارغا ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. گەرچە كۈزگى بۇغداي تېرىقچىلىقى ئاللىقاچان ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەرلەر ئېرىق - قىرلارنى رېمونت قىلىش بىلەن، ئاياللار ئۆتكەندە بۇغداي تېرىشقا يەر بىكارلاش ئۈچۈن خام پېتىلا ئورۇلۇپ يول بويلىرىغا، قىر باشلىرىغا قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇلغان كەنجى قوناقلارنى سويۇش، شاخ - پاسارلارنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بارات نىياز قەبرىستانلىققا كېلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ تۆزلىنىپ كېتەيلا دەپ قالغان تۇپراق بېشىدا دۇئا قىلىپ بىردەم ئولتۇردى. ئاندىن زۇلەيخانىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىدى. شۇ تاپتا كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى. ھەر دائىم زۇلەيخان ئېسىگە كەلسىلا روھىيىتىنى ۋە جىسمىنى ھەسرەت چىرماپ، ئىچ - ئىچىدىن پىغان چېكەتتى. مەرھۇمنىڭ شۇنچە ئۇزاق بىللە ياشاش جەريانىدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى. بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى، بارات

نىياز ئۆپكىدەپ ئولتۇرۇپ يۈرىكىدە پىچىرلايتتى: «ئانىسى، ھايات ۋاقتىڭلىدا ‹ئالدىراشچىلىقىڭلا قاچانمۇ تۈگەر، ئۆيدە ئارامخۇدا ئولتۇرىدىغان كۈنمۇ كېلەرمۇ؟› دەيتتىڭلا. مانا ئالدىراشچىلىقىم تۈگىدى. ئەمدى ھېچ يەرگە ئالدىرىمايمەن، مەھەللىكويدىن يىراققا بارمايمەن. مۇشۇنداق كۈنلەر كەلگەندە ھايات بولغان بولساڭلا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! ئەلنىڭ پۇتۇن ئىشلىرىنى ئۆزۈم قىلىپ، سىلىنى ئارام ئالدۇرسام، ئەجرىڭلىگە جاۋاب قايتۇرغىنىم بولماسمىدى......» بارات نىياز بوغۇلاتتى، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئېسەدەيتتى.

بارات نىياز شۇ يوسۇندا بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يىراقتا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان كۆجۈم مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى. كۈن غەربكە قىسايغىچە غازلىق كەنتىنى ئارىلاپ، كېسەل بولۇپ قالغان ئىككى نەپەر دېھقاننى ھەم تەۋەررۈككە ئايلانغان موييسپىتلەردىن ئۈچ كىشىنى يوقلىدى. قولىقى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان ھۆۋىخاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، نىيازنى بىرھازا ماختاپ بەردى. يولدا ئۇچرىغانلارغا ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۆتە مۇلايىملىق بىلەن سالام قىلىپ سەمىمىي ھال - ئەھۋال سورايتتى. بۇ بارات نىيازنىڭ ئەمدى موييسپىتلەر قاتارىدىن رەسمىي ئورۇن ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن ئەسرالاشقان ھەرقانداق ئادەم، ئۇ خەيرلىشىپ يېنىدىن ئايرىلىشقىلا سۆيۈنۈش ئىلكىدە كەينىدىن قارىسى يېتكىچە قاراشاتتى. ئۇ ئاخىرىدا ئەتىگەنكى پىلانى بويىچە ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كەلدى. راشىدىنىڭ ئەھۋالى بىر خىللا ئىدى. ھوشۇر موزدۇزنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كۈندە بىر قېتىم خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ، بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىدىكەن.

بارات نىياز سۆيدا ئولتۇرغان راشىدىنغا «سېنى يوقلاپ كەلدىم، بالام» دېۋىدى، راشىدىن ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ

قويغانـدىن باشـقا ئىپادىـدە بولمـدى. بـۇ هـال بـارات نىيازنـىڭ كۆڭلىنى بەكلا يېرىم قىلدى. بـارات نىيـازلا ئەمەس، كىـشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى راشىدىننىڭ ئوڭـشىلىپ، ئەسلـي هـالىتىگە كېلىـشىنى ئـارزۇ قىلاتتـى. ئارىـدا سـېپىرەمخان داسـتىخان سېلىـشقا تەرەددۇت قىلىۋىـدى، بـارات نىيـاز ئـۆزرە ئېيتـىپ ئورنىـدىن تـۇردى ـ دە، مەيۇس هالدا بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

كەچ كۈزنـىڭ ئىزغىـرىن شـامىلى بارغانـسېرى كۈچىيىۋاتـاتتى. بـارات نىيـاز ئـۆيىگە قـاراپ يـول ئالغانـدى. كـۈزگى بۇغـداي ئېتىزلىرىنـىڭ قىـر ئۇسـتىلىرىگە، ئېرىـق ۋە ئۆستەڭنىڭ قاشـلىرىغا قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇلغان كەنجى قوناق شاخلىرىدىن بىر خىـل ئاچچىق پـۇراق كېلەتتـى. بـارات نىيـاز نېمىنـدۇر ئـويلاپ، يـولنى ئۆزگەرتـىپ ئىهـاتە ئورمـان بەلبېغىـدا قونـاق سـويۇپ ئولتـۇرغـان ئاياللارنـىڭ يېنىغـا كەلـدى. سـويۇپ دۆۋىلەنـگەن كەنجـى قونـاق باشـلىرى ئادەمنـىڭ ئىچىنـى سـىيرىلدۇراتتى. سـويۇلغان قونـاق باشلىرى هەقىقەتەنمۇ كىچىك بولغاننىڭ ئۈستىگە، پىشماي تـۇرۇپلا يىغىۋېلىنغـانلىقى ئۈچـۈن دېنـى مەدەكـكە چاپلىـشىپلا تـۇراتتى. ئاياللارمۇ ياز بويى تارتقان جاپالىرىغا ئۆكۈنۈۋاتقاندەك بەكلا روهسىز ئىدى. بايىقى بەتبۇي پۇراقنىڭ سېـسىپ قارىـداپ كەتـكەن قونـاق شـاخلىرىدىن تارقىلىۋاتقـانلىقى ئېنىـق ئىـدى. كەنجـى قونـاقلار پىشماستىنلا كەسكىن بۇيرۇق بىلەن ئورۇلۇپ، هۆل پېتى دۆۋىلـەپ قويۇلغاچقا ئىـچ ـ ئىچىـدىن چىرىۋاتـاتتى. بۇنـداق كەنجـى قونـاق شاخلىرىنى ئاقتاش دەرياسـىدا يۇيـۇپ بەرگەن هـالەتتىمۇ چارۋىلار هەرگىز يېمەيتتى. دېمەك، قوشلاپ زىيان بولۇۋاتاتتى. بـارات نىيـاز يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيـان نۇرغـۇن ئويلىنىـشلاردىن كېيىن يېزىنـىڭ ئىـشلىرى ئۈچـۈن چېچىلماسلىققا ئـۆز ـ ئـۆزىگە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، شۇ تاپتا ۋەدىسىنى ئۇنتۇدى بولغاي، زوڭزىيىـپ ئولتـۇرۇپ كەنجـى قوناقنـىڭ دانلىـرى خـام ـ خـاتىلا باشـلىرىنى

قولىغا ئىلىنىدى، بىر ئاچچىق ئىقىم جىسمىغا تارىدى. ئىنىقكى، ئۇ ئابدۇللانىڭ نەق مەيدان يىغىنىدا «سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈش» ئۇسۇلىدىكى زەربىسىگە ئۇچراپ ئۆيىدىن سىرتقا چىقماي ياتقان بىلەن، ئاقتاشلىقلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ مۇشۇنداق زىيانغا ئۇچرىشىغا قاراپ تۇرالمايتتى. ئابدۇللانىڭ چاقىرىقى ۋە كەنت كادىرلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن يېزا بويىچە نەچچە مىڭ مو كەنجى قوناق بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئورۇۋېتىلگەنىدى. بۇ ھالدا ئاقتاشتىكى نەچچە مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ قىشلىق يەم - خەشىكى ئازگال ئوغۇتى قىلىشتىن باشقىغا يارىمايتتى. دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئىنچىكە ھېساباتنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان بارات نىياز بۈگۈنمۇ بۇنى تەرك ئېتەلمەي، چىرىپ كېتىۋاتقان كەنجى قوناقنىڭ شاخلىرىغا قاراپلا ئاقتاشتىكى چارۋىلارنىڭ قىشتىن چىقىشى بەسى مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ ئۈلگۈردى. ئاندىن يولنى داۋام قىلىۋېتىپ «ۋەدە»سىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئۆزىنى پاراكەندە قىلغان ئوي - خىياللارنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتى. شۇ ئەسنادا ئەتراپى شاخ - شۇمبىلاردا چىتەنلەنگەن باغنىڭ كەينى تەرىپىدىن بىركىملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلاندى. بارات نىياز ئاللىكىملەرنىڭ جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى جەزم قىلدى. قارىغاندا جېدەللىشىۋاتقانلار ئېچىق بېشىدا سۇ تالىشىۋاتقانلاردەك ياكى بالىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئارازلىشىۋاتقانلاردەك قىلمايتتى. بارات نىياز يولنى ئۆزگەرتىپ، ياندىكى تار كوچىدىن باغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپلا كۆردىكى، قاۋۇل سېكرېتار بىلەن جالالىدىن ئاخۇن يەڭلىرىنى شىمايلاپ سوقۇشقاق خورازلاردەك بىر - بىرىگە ئېتىلىۋاتاتتى. ئىككى تەرەپنىڭ جەددى- جەمەتلىرىمۇ توپلانغان بولۇپ، ئۆزئارا ھەيۋە قىلىشاتتى. ئۇلار جېدەللىشىۋاتقىلى خېلى بولغان بولسا كېرەك، ئابدۇللامۇ ماشىنا بىلەن نەق مەيدانغا ئاللىقاچان كېلىپ بولغاندەك قىلاتتى.

يېقىن ئەتراپتا ئىشلەۋاتقان دېھقانلارمۇ «تاماشا» كۆرۈۋاتقاندەك توپلىشىۋالغانىدى. بارات نىيازنىڭ بۇ يەرگە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغانلىقىنى ھەممىدىن ئاۋۋال كۆرگەن سەيدىئەخمەت تۇرا بىلەن روزى كاداك چىرايلىرىنى كۆلكە قاپلىغان ھالدا قېشىغا كېلىشتى. ئەمما، قايسىدۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك، ياندا تۇرغان ئابدۇللاغا قاراپ قويۇشۇپ ئۈنچىقىشمىدى. قاۋۇل سېكرېتار بىلەن جالالىدىن ئاخۇن ئاۋۋالقىدەكلا زاكونلىشىۋاتاتتى. ئەتراپىدا قاراپ تۇرۇشقانلار بارات نىيازنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشۈپ بىر - بىرىگە كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە كىشلەرنى ئەجەبلەندۈرۈۋاتقىنى بارات نىيازنىڭ ئويلىمىغاندا بۇ يەرگە پەيدا بولغىنىدىن كۆرە، ئابدۇللانىڭ بەلباغ ئورمان قورشاۋىدىكى يولدا توختىتىلغانلىق ماشىنىسىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ئىدى. بۇنىڭدىن بارات نىياز ئابدۇللانىڭ تېخىچە ئۆزىگە باتناۋاتقانلىقىنى بىلدى - يۇ، ئەمما ئەتراپتىكىلەرگە چاندۇرماي، توپقا قاراپ سۆزلەپلا كەتتى:

— سىلەرگە، جېدەل - ماجىرانىڭ ئايىغى قۇيۇن، يۇر- تىمىزنىڭ بەرىكىتىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دېگەن گەپنى يەنە نەچچە قېتىم دەيمەن!؟ ئەقلىڭلارنى ئىشقا سېلىپ ئويلاپ باقساڭلار بولمامدۇ!؟ جېدەل - ماجىرا قىلغانلاردىن كىملەر پايدا ئالالىدى!؟ بىر يۇرت، بىر مەھەللە تۇرۇپ مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى قىلىشتىن ئۇيالساڭلار بولمامدۇ! ئىشنى جېدەللەشمەيمۇ ھەل قىلغىلى بولىدىغۇ! بۇنچە ماجىرا قىلغۇدەك زادى نېمىش بولدى؟......

قاۋۇل سېكرېتار بۇ گەپكە ئېرەنشىيدىغاندەك قىلمايتتى، بەلكى يانغا قاراپ پۇشۇلداپ تۇراتتى. قارىغاندا ئاچچىقى جالالىدىن ئاخۇندىلا بولماستىن، بارات نىيازدىمۇ باردەك قىلاتتى. ئارىدا كەنت مۇدىرى سەيدىئەخمەت تۇرا بارات نىيازغا ئەھۋالنى

قىسقىچە چۈشەندۈردى. ئايان بولدىكى، ماجىرانى جاللىدىن ئاخۇننىڭ ھېلىقى كۆچەتنىڭ پۇلىنى قاۋۇل سېكرېتاردىن سۈيلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بارات نىياز شۇئان بۇ يەرگە كېلىپ تازا ياخشى قىلمىغانلىقىنى بىلدى. چۈنكى، ئابدۇللا بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋىتى ئەڭ دەسلەپتە مۇشۇ سەۋەبلىك بۇزۇلغانىدى. ئابدۇللانىڭ ھېلىلا بۇ يەردىن كېتىپ قالغانلىقى كۆڭلىدە «ئۆزۈڭ چىقارغان چاتاقنى ئۆزۈڭ ھەل قىلغىن» دېگىنى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ جاللىدىن ئاخۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنچە نازۇك يەرگە تاقىلىدىغان تۇرسا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ بارات نىياز بۇ ھەقتە ئويلىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئادەتتىكى بويىچە قاۋۇل سېكرېتارغا كايىدى:

— بۇ ئىشنى مۇشۇ كۈنگىچە سۆرىمەي بىرەر ئامالىنى قىلساڭلا بولماسمىدى، قاۋۇل ئاخۇن!؟ ئىشنى بۇزۇشقا ئالدىرىغاندەك، تۈزەشكىمۇ ئالدىرىساڭلا بولمامدۇ؟

— ئۆز ۋاقتىدا سىلى بۇزغان ئىش تۇرسا بۇ! مەن قانداق ھەل قىلىمىنا، يېزا باشلىقى؟ سىلى بىر دەپ بەرسىلە ئەمىسە، مەن شۇنداق ھەل قىلاي! — قاۋۇل سېكرېتار ئەيمەنمەستىن شۇنداق دەپلا بارات نىيازغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايدى، ھەتتا ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم دېۋەيلەپمۇ كەلدى. بۇ ھال خۇددى تاشالماي تۇرغان قازان تۇۋاقنى ئېچىش بىلەن تەڭ تاشقانغا ئوخشاپ كەتتى. ئۇنىڭ شېغىللىقتا بادرا سۆرىگەندەك غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا دېگەن گەپلىرى بارات نىيازدىن كۆرە، توپلىنىپ تۇرۇشقان كىشىلەرنى تەئەججۈپتە قويدى. بارات نىياز تۇيۇقسىز چاقماق چاقماق ئاۋازىنىڭ دەھشىتىدە شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كەتكەندەك چۆچۈپ، كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىدى. چىرايى ئۆڭۈپ، ۋۇجۇدى تىترەپ، تىلى كالۋا-لاشتى. قاۋۇل سېكرېتار يەنىلا ئەزۋەيلەيتتى:

— جالالىدىن ئاخۇننىڭ كۆچەت پۇلىنى دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ئاشلىق پۇلىدىن يىغىشقا ئۆزلىرى يول قويمىغان تۇرسىلا، مەن نەدىن يىغىپ بېرىمىنا، يېزا باشلىقى؟ مېنى مۇشۇنداق «ئۆز جېنىڭنى ئۆزۈڭ ئال» دېگەندەك تەتۈر قىينىسىلا بولامدۇ؟

بارات نىيازغا زېمىن ئۇشتۇمتۇت تەۋرىگەندەك بىلىندى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە قاۋۇل سېكرېتارنىڭ بۇ گەپنى جاراستاندا، بولۇپمۇ جالالىدىن ئاخۇن بار يەردە دېيىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇپ، قاۋۇل سېكرېتارغا ئىلگىرى كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنداق قىلماس دەپ ئويلايتتى. بىراق، قاۋۇل سېكرېتار مانا بۈگۈن جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئالدىدىلا ئەنسىرەپ كېلىۋاتقان بۇ گەپنى دېۋەتتى. ئەسلىدە بارات نىيازنىڭ تەگقىسلىقىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى، يەنى مەھەللىدىكىلەر ھازىرمۇ جالالىدىن ئاخۇن بىلەن بارات نىيازنىڭ مۇناسىۋىتى، كەۋسەر بىلەن سەدىردىننىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى سەۋەبلىك پېتىر ھالغا چۈشۈپ قالدى دەپ ئويلايتتى. ئۆز ۋاقتىدا بارات نىياز ئابدۇللانىڭ جالالىدىن ئاخۇننىڭ كۆچەت پۇلىنى دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ئاشلىقىنىڭ پۇلىدىن تۇتۇشىغا قارشى تۇرغانىدا، ئومۇملۇقنى نەزەرگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن قاۋۇل سېكرېتار «بارات نىياز جالالىدىن ئاخۇندىن ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ» دېگەن گەپنى تارقىتىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

بارات نىياز ئاستا ئولتۇرۇۋېلىشنى ئويلىدى - يۇ، بىراق ئەتىراپتىكىلەردىن نومۇس قىلدى بولغاي، ئورنىدا چىداپ تۇرۇۋەردى. قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئاغزى ئالدىراپ بېسىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئەسلىدە ئۇنى ئابدۇللانىڭ بايا ئۈن - تىنسىز كېتىپ قېلىشىدەك غەيرىي قىلىقى مۇشۇنداق جۇرئەتلىك قىلىۋەتكەنىدى.

بەزىلەر ئابدۇللانىڭ شۇنچە جىدەل بولۇۋاتقان يەردىن زۇۋان سۈرمەيلا كېتىشىدىكى يوچۇن سەۋەبىنىڭ تېگىگە ئەمدىلا يەتكەندەك بولۇشتى. ئاردا سەيدىئەخمەت تۇرا ئەھۋالنىڭ نورمالسىزلىقىنى سېزىپ قاۋۇل سېكرېتارنى كەينىگە تارتتى. بىراق، قاۋۇل سېكرېتار ئۇنىڭغا ھۈرپىيىپ، يەنە ئەزۋەيلەشكە باشلىدى:

— نەچچە يىلدىن بۇيان ماڭا چىپىلىپ پەقەتلا باش كۆتۈرگىلى قويمىلا. بىر يۇرت، بىر مەھەللىلىك بولغىنىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ سەۋرچانلىق بىلەن بېشىمنى ئېگىپ بەردىم. ھازىر ئىشلارنى ئابدۇللا يېزا باشلىقى بىر ئوبدان قىلىۋاتقاندىكىن، سىلى بولدى قىلسىلا بولا! ئاڭلىساق، ناھىيەدىن سىلىنى دەم ئالسۇن دەپتۇغۇ، مۇشۇ ھالدىمۇ يەنە ئىشىمىزغا ئارىلىشامىلا، يېزا باشلىقى؟

بۇ گەپ بارات نىيازغا گويا يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك تەسىر قىلىپ، پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. شۇ ئەسنادا بەزىلەر قاۋۇل سېكرېتارنىڭ گەپلىرىگە نارازى بولۇپ، ئۆزئارا كۇسۇرلىششقا باشلىدى. كېيىن جامائەت ئارىسىدىن ئىككى كىشى كېلىپ قاۋۇل سېكرېتارنى كەينىگە تارتتى. قارامتۇلراق كەلگىنى:

— ئەمدى بولدى قىلسىلا، سېكرېتار! يېزا باشلىقى ئاتا سۆيەت ئادەم، ئۇنىڭغا بۇنداق ئازار بەرسىلە خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ! مۇشۇ يىللاردا ھەرقايسىلىرىنى ئۇ مۇشۇنداق توسۇپ تۇرمىغان بولسا، ھېلىغىچە ھەممە بىساتىمىزنى يۇلۇۋالغانىنى ئاز دەپ، شىرىقىمىزنىڭ گۆشىنىمۇ شىلىپ يەپ بولۇشاتتىلە! — دېدى زەردە بىلەن. ئۇنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان بۇ گېپى قاۋۇل سېكرېتارنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ زىتىغا تېگىپ بىردىنلا غوۋغا كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئاردا بارات نىيازنى ياقلىغۇچىلار قاۋۇل سېكرېتارنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە ئوقۇرىكىنى چىقىرىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. قاۋۇل سېكرېتار شۇنچە زەردىلىك گەپىنىمۇ پىسەنتىگە

ئالماي ئۆز گېپىنى يورغىلىتاتتى. بىراق، جالالىدىن ئاخۇن، سەيدىئەخمەت تۇرا ۋە روزى كاداگدىن باشقىلار بەس - مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم قۇلاق سالمايتتى. ئاخىر قاۋۇل سېكرېتار بارات نىيازغا گۆلەيگىنىچە:

— بۇنداق سېكرېتارلىقتىن جاق تويدۇم! مېنى بىر قۇتقۇزسىلا مۇشۇ كاساپەت ئىشتىن! ئەمەلگە ئامراق بولغانىدىكىن سېكرېتار- لىقنىمۇ ئۆزلىرى قىلىۋالسىلا! — دېگىنىچە پېشىنى قېقىۋىدى، ئەتىدىن بېرى زۇۋان سۈرمەي قاۋۇل سېكرېتارغا ھومىيىپ قاراپ تۇرغان جالالىدىن ئاخۇن ئېتىلىپ كېلىپلا قاۋۇل سېكرېتارنىڭ گېلىدىن بوغۇپ، بار كۈچى بىلەن كەينىگە ئىتتىردى. قاۋۇل سېكرېتار شۇنچە بەردەملىكىگە قارىماي كەينىگە داجىپ ئوگدىسىغا يىقىلغىلى تاسلا قالدى. جالالىدىن ئاخۇن ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— ئەتىدىن بېرى گەپ قىلماي تۇرسام ئەجەب ھەددىڭدىن ئاشتىڭغۇ، مۇتتەھەم! مېنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ ھەرقانچە دېۋەڭ بولسامۇ تىكەننى كىرگەن يەردىن ئېلىشنى ئوبدان بىلىمەن! مەن كۆچەتنى ماۋۇ يېزا باشلىقىغا ئەمەس، ساڭا قومۇرۇپ بەرگەن! كۆچەت پۇلنى سەندىن سۈيلىسەم، ئەجەب ماۋۇ يېزا باشلىقىغا يامىشىۋالدىڭغۇ! قورسىقىڭدا ئۇنى قېرىدى، ئەمدى گېپى ئۆتمەيدۇ دەپ چاغلامسەن؟ يوق يەپسەن! ئۇ بولمىغان بولسا كوپېراتسىيە ۋاقتىدىلا سەن مەرەز ئاجلاپ[1] ئۆلۈپ قالغان بولاتتىڭ! ئۇنىڭ ئاقتاشقا تۆككەن ئەجرىنى قانداقمۇ كۆمۈۋەتكىلى بولىدۇ؟ ھەد- دىڭدىن ئاشما، ۋۇ يۈزسىز قەلەندەرنىڭ بالىسى!

قاۋۇل سېكرېتار ئوگى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، جالالىدىن ئاخۇنغا ئەجەبلىنىش ئىلكىدە قاراپلا قالدى. ئورنىدا

---

[1] ئاجلاپ — يەرلىك شېۋە بولۇپ، «ئاچ قالماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

قىمىر قىلماي تۇرغان بارات نىياز جالالىدىن ئاخۇنغا قاراپ بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلغانىدەك قىلدى - دە، شۇئان خۇددى ئېگىز دەرەخنىڭ ئۈستىدىن يىقىلغانىدەك يەرگە گۈپپىدە چۈشتى. بۇ ھال ھەممەيلەننى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. سەيدىئەخمەت تۇرا دەرھال كېلىپ بارات نىيازنىڭ بېشىنى يۆلەپ چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى ۋە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ چويۇندەك كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەنسىز ھالدا:

— يېزا باشلىقىنى تېز دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى! چاپسان ھارۋا ئەكېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىككى كىشى ئۆيلىرى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. بىرنەچچەيلەن بارات نىيازنى كۆتۈرۈپ چوڭ يول تەرەپكە ماڭغاندا، جالالىدىن ئاخۇن يەنە ئېتىلىپ كېلىپلا نېمە قىلىشنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغان قاۋۇل سېكرېتارنىڭ سېمىزلىكتىن گۆشلىرى قاتلىشىپ كەتكەن گېلىنى بوغدى - دە:

— ۋۇ دەيۇز بۇلاڭچى! مەقسىتىڭ يېزا باشلىقىنى يىقىتىشمىدى! نېمىشقا ئۇنىڭغا ئازار بېرەتتىڭ؟ بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا ھۆددىسىدىن چىقالامسەن؟ — دېدى قەھرى بىلەن.

— نېمانداق ساراڭلىق قىلىسىلەر؟ مەن...... مەن...... نېمە قىلدىم؟ كۆچەت پۇلۇڭلىنى يىغىپ بېرەي دېدىمغۇ شۇ!

روزى كاداڭ كېلىپلا ئىككىسىنى ئايرىۋەتتى - دە:

— بېشىمىزغا كەلگەن خاپىلىق ئازلىق قىلغاندەك، ئىككىڭلار بۇ يەردە گال سىقىشىپ تۇرماي ماڭمامسىلەر! — دېگىنىچە بارات نىيازنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

جالالىدىن ئاخۇن گېلىنى سىلاپ تۇرغان قاۋۇل سېكرېتارغا:

— خەپ، سەن بىلەن تېخى كېيىن ھېسابلىشىمەن! — دەپلا روزى كاداڭنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى. قاۋۇل سېكرېتارمۇ ئازراق مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ

يۈگۈردى.
كۆپچىلىك بارات نىيازنى چوڭ يولغا ئېلىپ چىقىپ ئېشەك هارۋىسىغا جايلاشتۇرۇۋاتقاندا، باش تەرەپتىن «ئازاد» ماركىلىق بىر يۈك ماشىنىسى كېلىپ قالدى. ئۇلار ئۇلاش - چولاش ھەرىكەت قىلىپ بارات نىيازنى يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىشتى. دوختۇرلار بارات نىيازنىڭ بىھوش ياتقانلىقىنى كۆرۈپ جىددىيلەشكىنىدىن ئۇپۇر - توپۇر بولۇپ كېتىشتى. تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ بىر سائەتتىن ئارتۇق كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۈنۈم بەرمىدى. بارات نىياز ئاخىر ئەبەدىيلىك كۆز يۇمدى.
ئۆيدە پولۇنى دۈملەپ قويۇپ دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتكەچ قاچا يۇيۇۋاتقان كەۋسەرنىڭ قولىدىكى تەۋەررۈك جانان چىنە چاقچۇق چاپلانغان پولغا چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى. بالىخانىنىڭ ئۆگزىسىدىكى پەغەزدە ئۈنلەپ ئولتۇرغان نەچچە ئون كەپتەر توساتتىن لاچىن كەلگەندەك ئۈركۈپ جەنۇب تەرەپكە قاڭقىدى. قوتاندىكى قويلارمۇ ھازا ئاچقاندەك توختىماي مەرىشەتتى. ئاقتاشتىكى ھەربىر تۈپ گىياھ دەھشەتلىك شۇۋىرغانغا ئۇچرىغاندەك سىلكىنەتتى. ۋادەرىخا! بارات نىياز ئاقتاشتىكى شۇنچە كۆپ كىشلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئىگىلىگەن بولسىمۇ، شۇنچە تۇيۇقسىزلا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. بايا قاۋۇل سىېكرېتارغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ ياندۇرمىغانغا ئوخشاشلا، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بىرەر كەلىمە ۋەسىيەتمۇ قالدۇرمىدى. بارات نىيازنىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى يول ئۈستىدە بىرسىدىن ئاڭلاپلا ھېچنېمىگە قارىماي يۈگۈرۈپ كەلگەن غېنى ساقچى ئۇنى سىلىپ يىغلاپ ئەتراپىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. يۈرەكلەرنى ئۆرتەيدىغان بۇ يىغا ئاۋازى بىلەن ئاقتاشلىقلارنىڭ قەلبىگە يەتكۈچە ھەسرەت چىللايدىغان ئېغىر مۇسىبەت ئۇچۇرى شۇنچە تېز يىراق - يىراقلارغا يەتتى. غازلىق كەنتىدىن يۈگۈرۈپ

كېلىشكەن بىرنەچچەيلەننىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى غېنى ساقچىنىڭ بوزلىشىغا قوشۇلۇپ كەتتى. قارىغاندا بارات نىيازنىڭ بۇ تاسادىپىي ئۆلۈمى ھەممەيلەنگە قاتتىق زەربە بولغاندەك قىلاتتى. دوختۇرخانا قورۇسىغا ئۇزۇلمەي كىرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياش تۆكۈشكىنىچە مېيىت ياتقۇزۇلغان كارىۋاتقا ئىنتىلەتتى. شۇ ئەسنادا جالالىدىن ئاخۇن بوغۇلۇپ يىغلىغاچ، توپ ئارىسىدىن قاۋۇل سېكرېتارنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئەپسۇس، ھېچ يەردە قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ غېنى ساقچى بىلەن روزى كادىگنى بارات نىيازنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇرۇۋېتىپ، سەيدىئەخمەت تۇرا بىلەن نىمىلەرنىدۇر دېيىشكەندىن كېيىن، بارات نىيازنىڭ مېيىتىنى ئۆيىگە ئاپىرىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى.

كەۋسەرنىڭ بايا ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىكى جانان چىنىنى سۇندۇرۇپ قويغانلىقى تۆپەيلى بىسەرەمجان بولغان كۆڭلى تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمەيۋاتاتتى. سۇنغىنى بىر دانە چىنە بولغىنى بىلەن، بىراق ئۇنىڭغا مەرھۇم ئانىسىنىڭ روھى سۇنغاندەك بىلىنىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، سۇنغان جانان چىنە مەرھۇم زۇلەيخانىغا ئانىسىدىن مىراس قالغان تەۋەررۈك بولۇپ، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ھەر قېتىم قولىغا ئالسا خۇددى ئانىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك سۆيۈنۈپ بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى ۋە ھازىرلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك ئاسرايتتى. كەۋسەرمۇ قاچانلا قولىغا ئالسا مەرھۇم ئانىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. كەۋسەر ئىچى ئېچىشقان ھالدا چىنىنىڭ سۇنۇقلىرىنى تېرىپ بىر پارچە رەختكە ئوراپ، ئانىسىنىڭ تەۋەررۈك كىيىملىرى سېلىنغان ساندۇققا سېلىۋەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلىنى تۇرۇپلا قانداقتۇر بىر ئەنسىزچىلىك تۇيغۇسى چىرماپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ دادىسىنىڭ يولىغا قاراۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بۇرنىغا پولۇغا ئۆتكەن ئىسنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئەسلىدە كەۋسەر جانان چىنىنى سۇندۇرۇپ قويغاندىن بېرى دۇملەنگەن پولۇنى ئېسىدىن

چىقىرىپ قويغانىدى. ئۇ ئالدىراپ ئاشخانىغا كىرىپلا ئوچاقتىن قازاننى چۈشۈردى، ئاندىن دەرھال داسقا سۇ قۇيۇپ قازاننى سۇنىڭ ئۈستىدە قويغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارام تاپتى. شۇ تاپتا ئۇ دادىسىنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىپ پولۇغا ئېغىز تېگىشىنى ئويلاپ تىت - تىت بولاتتى. ئۇ تەقەززالىقتا يەنە سىرتقا ماڭدى. ھويلىغا چىقىپ ئىككى ئاچىسىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا كوچىغا قاراپ تۇرۇشقانـ لىقىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. چوڭ ئاچىسىنىڭ قولىدا تاماق قاچىسى تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ دادىسىغا تۇخۇم پوشكىلى ياكى كاۋا مانتىسى ئېلىپ كەلگەندەك قىلاتتى.

— بۇرنۇڭلارغا پولۇنىڭ پۇرىقى يەتكەن ئوخشىمدۇ؟ سىلەرنى دادام بىلەن تەڭ كەلسىكەن دەپ تۇراتتىم، قاپىقىڭلار تارتتىمۇ نېمە؟ — دېدى كەۋسەر ئاچىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ. يول تەرەپكە سىنچىلاپ قاراۋاتقان چوڭ ئاچىسى كەۋسەرنىڭ گېپىگە ئېرەنشىمىگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرانچى ئاچىسى:

— ھېلىراقتا تۇرۇپلا قاپىقىم تارتىپ كەتتى. چوڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەي دەپ يولغا چىقسام، ئاچامۇ تاماق ئېلىپ بۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ، ئىككىمىز يول ئۈستىدە ئۇچراشتۇق، — دېدى ئاربىدىكى ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ.

— دادامنى «ئەتىگەندە چىرايلىق ياسىنىپ چىقىپ كەتتى» دېگەنىڭ، ئۇنىڭغا كۆز تەگمىگىدى ئىلاھىم، — دېدى چوڭ ئاچىسى ئىچىگە ئەنسىزلىك چۈشكەندەك يىراققا قاراپ.

شۇ ئەسنادا يان كوچىدىن موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە روزى كاداڭنى مىنگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلگەن غېنى ساقچى ئۇلارنىڭ يېنىدا توختاپ موتوسىكلىتتىن چۈشتى. ئاچا - سىڭىللار بىر- بىرىگە ئېسەنگىرەش ئىچىدە قاراپ قويۇشۇپ، غېنى ساقچىنىڭ ئېغىز ئېچىشىغا تەقەززا بولۇپ تۇرۇشتى. بىراق، غېنى ساقچى بىردە كەۋسەرگە، بىردە روزى كاداڭغا قاراپ قويۇپ ئۈنچىقمايتتى.

ئۇنىڭلا ئەمەس، روزى كاداگىنىڭمۇ نورمالسىز روھىي ھالىتى كەۋسەرنى تېخىمۇ تاقەتسىزلەندۈردى:

— غېنىكا، چىرايىڭىز بىرقىسمىلا بولۇپ قاپتۇ، سىزگە بىرەر ئىش بولدىمۇ نېمە؟ — دېدى ئالدىراپ.

غېنى ساقچى كەۋسەرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئاچا - سىڭىللار مەڭدەپ قالدى. ئارقىدىنلا روزى كاداگىمۇ ئۆپكىدىگىلى تۇردى. ئاچا - سىڭىللار ھېچنېمىنى چۈشەنمەيۋاتاتتى.

— سەۋر...... سەۋر قىلىلى...... سەۋر قىلىلى...... سەۋر ھەممىدىن ئۇلۇغ...... يېزا باشلىقى...... ئۇ...... كېتىپ قالدى......— دېدى روزى كاداك ئاخىرى. شۇئان غېنى ساقـ ـچىنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقىپ ئەتراپنى بىر ئالدى.

— دادام نەگە كەتتى؟ دادام زادى نەگە كەتتى؟ ئېنىقراق گەپ قىلىڭە، روزىكا؟ — دېدى كەۋسەر ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاۋاتقان روزى كاداگىنىڭ پېشىدىن تارتىپ.

— يېزا...... يېزا...... باشلىقى...... ئۇ...... دوخ...... دوختۇرخانىدا...... كۆز...... كۆز يۇمدى......

شۇئان كەۋسەرنىڭلا ئەمەس، ئاچىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىمۇ تاغلار تالقان بولۇپ، دەريالار كۆۋەجەپ قىيا تاشلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلدى...... ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى تېرەكلەر يىقىلىپ، باغدىكى سەرخىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ شاخلىرى سۇنۇپ چەيلەندى...... ئايتاغدىكى قاتمۇقات چىققىللار توزغاقتەك توزۇدى...... ئاقتاش دەرياسىنىڭ سۈيى نەرە تارتىپ، جىغانلىق دالىدىكى، ئاچما كۆۋرۈكنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئۇچار قۇش ۋە جان - جانىۋارلارنى بىسەرەمجان قىلىۋەتتى...... ئايتاغنىڭ باش قىسمىدىكى سۇ ئامبىرىنىڭ نەچچە ئون گەز ئېگىزلىكتىكى توغىنى يار ئالدى...... كەۋسەر «دادا!» دېگىنىچە چوڭ يول تەرەپكە قاراپ يۈگۈرگەن

پېتى شۇنداق ناله - پەرياد كۆتۈردىكى، بۇنداق ھەسرەتكە ئىككى ئاچىسىلا ئەمەس، ھېلىلا غېنى ساقچىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە توپلانغان قوشنىلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتىشتى. ئىنسان گاھىدا ئۆزىنى شۇنچە قۇدرەتلىك ھېس قىلسىمۇ، نۆۋەتتە كەلگەندە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى مۇشۇنداق ئاجىز ئىدى. شۇ تاپتىكى ھەسرەتنىڭ قىيانىدا يۈرەكلەر بايا كەۋسەرنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ پارە - پارە بولغان جانان چىنىنىڭ قىسمىتىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. كەۋسەرنىڭ ئاچىلىرىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ يۈگۈرگىنىچە بوغۇلۇپ يىغلىشاتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق پاجىئە روي بېرىۋاتاتتى. ئەسلىدە جالالىدىن ئاخۇن غېنى ساقچى بىلەن روزى كاداڭنى ئالدىن ئەۋەتىشتە، بارات نىيازنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى قىزلىرىغا باشقىچىرەك ئۇسۇلدا ئۇقتۇرۇپ، مېيىتنى قويىدىغان ئورۇننى ئالدىن تەييارلاشنى كۆزدە تۇتقانىدى. كەۋسەر ۋە ئاچىلىرى چوڭ يولغا ئۇلىشىپ بولغۇچە جالالىدىن ئاخۇن بىرنەچچەيلەن بىلەن دوختۇرخانىنىڭ ماشىنىسىدا بارات نىيازنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ كەلدى. ئەتىگەندىن بېرى ھۆددە يېرىدىكى ئېرىقتا ئازما ياساۋاتقان قادىر ئاخۇن يۈگۈرۈپ كېلىپلا، ئۆزىنى ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئاتماقچى بولۇۋاتقان كەۋسەرنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى. شۇ ئەسنادا تۆت يول دوقمۇشىدىكى چۈشۈرگۈ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ھوشۇر مۇزدۇز كەۋسەرنىڭ ئوتتۇرانچى ئاچىسىنى يۆلىۋالدى. ئېشىكىگە مىنىپ يار بويىدىكى چىغىر يولدا كېلىۋاتقان ئانايەت كۇدەك نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى ئېنىق ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، كۆڭلى قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىكنى سېزىپ، ئېشىكىنى بېدىلىككە قويۇۋېتىپلا بۇ تەرەپكە يۈگۈردى. شۇنداق قىلىپ، بارات نىيازنىڭ مېيىتى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنگىچە، بۇ تاسادىپىي مۇسىبەتتىن ئەتراپتىكى كىشىلەر خەۋەردار بولۇپ،

ھەممەيلەن قىياندەك دەۋرەپ كېلىشكە باشلىدى. بارات نىيازنىڭ ئۈچ قىزىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. ھېچبولمىغاندا كەۋسەرنىڭ دادىسىنىڭ مېيىتىغا تاشلىنىپ، بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقان ھالىتىگە قاراپ ئىختىيارسىز ياش تۆكمەي، كەلگۈسىدە مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئۆلۈم نۆۋىتى ئۆز بېشىغا كەلگەندە بالىلىرىنىڭمۇ ئاشۇ ئاچا - سىڭىللاردەك يىغلايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماي قالمايتتى. كەۋسەر: «جېنىم دادا! ئەتىگەن چىرايلىق كىيىنىپ ‹ئاتا - ئانامنىڭ تۇپراق بېشىغا بارىمەن› دېگىنىڭدە مېنى مۇشۇنداق ئوتقا تاشلاپ كېتىدىغانلىقىڭنى بىلگەنمىدىڭ!؟» دەپ نالە قىلسا، ئوتتۇرانچى ئاچىسى: «ۋاي ئۇششا دادا! ئەتىگەن ‹كېسەللەرنى يوقلايمەن، مەنىدىن رەنجىگەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن› دەپ ئىشىكتىن چىققىنىڭدا تۇيۇقسىز كېتىپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلگەنمىدىڭ!» دېگىنىچە قار - يامغۇر ياش تۆكەتتى. چوڭ ئاچىسى بولسا: «ئەمدى ئىككىلا قانىتىمىز سۇندى، دادا! ھايات گۈلزارىمىز خازان بولدى، دادا! ئۈچ قىزىڭنى قارا يېتىم قىلىشقا قانداق چىدىدىڭ، دادا!» دەپ ئۆزىنى ئۇۋايتتى. شۇ تاپتا بۇ ئۈچ ناتىۋان قىزغا قوشۇلۇپ يەر بىلەن ئاسمانمۇ يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بارا - بارا بارات نىيازنىڭ ئازادە ئۆيى ۋە ھويلىسى، ھەتتا دەرۋازا ئالدىدىكى كەڭرى سەينا ۋە كوچا ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. ھېلىراقتا يېتىپ كەلگەن ئابدۇللا بىر بۇلۇڭدا دۈگدىيىپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەسرەت بىلەن مۇڭ گىرەلىشىپ كەتكەن غەيرىي ئىپادىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقىنىنى ياكى بارات نىيازنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمگە ئېچىنىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئادەتتە يۇرتنىڭ مۇسىبەت ئىشلىرىغا باش بولۇۋېرىپ يۈرىكى قېتىپ قالغان قاسىم قارىمۇ دەرۋازىدىن: «ۋاي ئىسىت! ۋاي ھەسرىتا! يۇرتىمىزنىڭ بېشى كەتتى! نۇرلۇق چىرىغى ئۆچتى، قانىتىمىز چەيلەندى!»

دىگىنىچە يىغلاپ كىرىپ، بارات نىيازنىڭ مىيىتى ياتقۇزۇلغان كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدا خېلى ئۇزاق ياش تۆكۈپ ھەممەيلەننىڭ باغرىنى ئەزدى. بارات نىيازنىڭ مىيىتى ئەتىسى پېشىندە ئۆيىدىن ئېلىپ مېڭىلغاندا، كەۋسەر ئاچىلىرى بىلەن تاۋۇتقا ئېسىلىۋېلىپ، جامائەتنىڭ يۈرەك - باغرىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. كېچىدىن بېرى كەۋسەرگە ھەمراھ بولۇپ تولا يىغلاپ ئۈنى پۈتۈپ كەتكەن خەلچەم كەۋسەرنى قۇچاقلاپ كەينىگە تارتتى. گەرچە ھۆۋىخاننىڭ ماجالى يەتمىگەن بولسىمۇ، چىناخان بىلەن سىپىرەمخان مەرھۇم زۇلەيخاننىڭ ئورنىدا كەۋسەر بىلەن ئاچىلىرىنىڭ بېشىنى سىلىدى، دەردىگە دەرمان بولۇپ ئۇلار بىلەن تەڭ يۇچىلاندى. جامائەت بارات نىيازنىڭ تاۋۇتىنى قولدىن- قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغاندا، غېنى ساقچى بېلىگە ئاق باغلاپ بىر يېنىدا ئۈنسىز يىغلاپ ھەمراھ بولدى. نىيازمۇ يەنە بىر يېنىدا ھەسرەتلىك ياش تۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە باغرى قاتتىق دەپ قارىلىدىغان غېنى ساقچى بۇگۈنلا بۇ خىل قاراشنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىلگىرى بەزىلەر: «بارات نىيازغا ئۈچ قىز بەرگەن خۇدايىم بىرەر ئوغۇلنىمۇ قوشۇپ بېرىۋەتكەن بولسا، كۆز يۇمغاندا بېلىگە ئاق باغلاپ تاۋۇتىنىڭ يېنىدا يىغلاپ ماڭاتتى» دېيىشكەنىدى. مانا، خۇدا نېسىپ قىلدى دېگەن مۇشۇ، غېنى ساقچى ئۆز ۋاقتىدا باققاننىڭ ئەجرىنى ياندۇردى. شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرسى رازىمەنلىك بىلەن:

— ھەرنېمە بولسا بارات نىياز غېنىنى تەربىيەلەپ خۇي- پەيلىنى ئۆزگەرتىپتىكەن، رەھمەتلىكنىڭ ئوغلى يوقلۇقنى چاندۇر- ماي ئوبدان ئىش قىلدى، مۇشۇنىڭغا قارىغاندا دىلى ئاق ئادەملەرنى تەربىيەلىسە ھامان توغرا يول تاپىدىكەن، — دېگەنىدى، يېنى- دىكىلەرمۇ «دۇرۇس» دەپ تەستىقلاشتى.

بارات نىيازنىڭ مىيىتى مەرھۇم زۇلەيخاننىڭ قەبرىسىنىڭ

يىنىغا قويۇلدى.
بۈگۈن بارات نىيازنىڭ يەتتە نەزىرى بېرىلدى. ئاقتاشنىڭ قائىدىسى بويىچە ۋاپات بولغانلارنىڭ يەتتە نەزىرى نىسبەتەن چوڭ ئۆتكۈزۈلەتتى. شۇڭا، نەزىرگە كەلگەنلەر ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بولدى. ناھىيە مەسئۇللىرىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىپ بارات نىيازنىڭ قىزلىرىدىن ھال سورىدى. قوشنا يېزىلاردىنمۇ نۇرغۇن جامائەت نەزىرگە داخىل بولدى. كەچكە يېقىن جامائەتنىڭ ئايىغى سەل سىلىككەندە، قاسىم قارىم باشچىلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى مەرھۇم بارات نىيازنىڭ كۆز يۇمغان كۈندىكى بىر قىسىم ساۋابلىق ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنى غايىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشتى. دەرۋەقە، شۇ كۈنى بارات نىيازنىڭ ئەتىگەندە ئۆيىدىن چىرايلىق كىيىنىپ چىقىپ، ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىشى، ئاندىن مەھەللىدىكى كېسەلمەنلەر، ياشانغانلار ۋە ئاجىز ـ ئورۇقلار بىلەن ھال ـ مۇڭلىشىپ، ئىلگىرى كۆڭلى رەنجىگەن كىشىلەردىن ئەپۇ سورىشى قاسىم قارىملا ئەمەس، قادىر ئاخۇن، جالالىدىن ئاخۇن، ھوشۇر موزدۇز قاتارلىق مويسىپىتلارنىڭ نەزەرىدىمۇ تەرىپلىنىۋاتاتتى. ئارىدا غېنى ساقچى جالالىدىن ئاخۇندىن شۇ كۈنى قاۋۇل سېكرېتار بىلەن مەرھۇم بارات نىياز ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ بىرقەدەر تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشتى. جالالىدىن ئاخۇن ئاخىرىدا:
— بىز مۇسۇلمانلار قازاغا رىزا بولمىساق بولمايدۇ. لېكىن، كاللامدىن بىر ئىش زادى ئۆتمەيدۇ. شۇ كۈنى قاۋۇل مۇتتەھەم مەرھۇمغا شۇنچە قاتتىق دىل ئازار قىلمىغان بولسا ...... — دېگەندى، قاسىم قارىم دەرھال گەپنىڭ ئاخىرىنى تارتىۋېلىپ:
— ھاي، ھاي، جالالىدىن ئاخۇن، تۇۋا دەڭ. قازاغا رىزا بولماقنىڭ گېپىنى قىلىپ تۇرۇپ بۇنداق دېسىڭىز قاملاشماس. ئادەم ئەمەس، ھەتتا بېشىمىزدىكى بىر تال تۈكمۇ ئاللانىڭ

قۇدرىتىسىز تەۋرىمەيدىغان تۇرسا، بىز قاۋۇل سىپكرىتارنى مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى قىلساق كۇپۇرلۇق بولامدۇ؟ ئىمانىمىزدىن چاتاق چىقمىسۇن! ــ دەپلا جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. بۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى بارات نىيازنىڭ ئىتىز ئۈستىدىلا ھوشىدىن كىتىپ يىقىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قاۋۇل سىپكرىتارغا غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشقانلارمۇ قاسىم قارىمنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئىخىزلىرىنى ئۈمەللەپ قىلىشتى. بىراق، غىنى ساقچىلا ئۆز گۇمانىدىن بۇنداق ئالدىراپ كەچمىدى. بۇنى دىمىگەندىمۇ، شۇ كۈنى يولدا روزى كاداگدىن ئاڭلىغان بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، بارات نىيازنىڭ شۇنداق تاسادىپىي ئۆلۈپ كىتىشىدە قاۋۇل سىپكرىتارنىڭ زادى قانچىلىك مەسئۇ- لىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھىچكىمگە يان باسمىغان ئاساستا تەكشۈرۈ- ۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ جالالىدىن ئاخۇن بىلەن يانغا سۈرۈلۈپ بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كىيىن جامائەت ئارىسىدىن ئايرىلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا دەرۋازا ئالدىدا موتوسىكلىتنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قاسىم قارىم قۇلاق - مىڭىسى يەيدىغان بۇ ئاۋازدىن بىزار بولدى بولغاي، قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ سۆكۈتتە تۇرۇشقان كىشىلەرگە تەكشى قارىۋىتىپ:

ــ قادىر ئىگەم قىيامەت كۈنى ئەھلى جەننىتى بولىدىغان مۆمىن بەندىسىنىڭ دىلىغا داۋاملىق ياخشىلىق ئەمەللىرىنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ ھەمدە ئۇنى گۇناھى كىبىردىن مۇشۇ پانىي دۇنيادىلا پاكىزلاپ ئىلىپ كىتىدۇ، قىرىنداشلىرىم. قارىغاندا مەرھۇم بارات ئاخۇنغا ئىگەمنىڭ نەزەرى چۈشكەن چىغى، ئۇنىڭ شۇ كۈنى ئەتىگەندىكى ئىشلىرى پانىيدىكى گۇناھ - سەھۋەنـ- لىرىگە تۆۋبە قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. بەندىگە ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق تۆۋبە قىلىۋىلىشتىن كاتتا ئىش بولمايدۇ، ــ دىدى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى مەرھۇم بارات نىيازنىڭ ياخشى

سوپەتلىرىنى ياد ئېتىشكە بوراپ.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن مەرھۇم بارات نىيازنىڭ شۇ كۈندىكى بىر قاتار ئىشلىرى توغرۇلۇق ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى:

— مەرھۇم باقى ئاللەمگە رىھلەت قىلغۇچە سىلى - بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە بولۇشنى بىر كۈنمۇ ئۆكسۈتمىگەن. شۇ كۈنى ئۇ يەنىلا مەھەللىدىكى كىسەلمەنلەرنى يوقلاپتۇ. دېگەنلىرى دۇرۇس، قارىم، ئىگەم ئۇنىڭ روھىنى جەننەتتە قىلغاي.

— مەرھۇم ئاشۇ ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن يىللاردا سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىدىن قاچقانلارنى قاتتىقراق تەنقىدلەيتتى. بۇ قېتىم ئاللا ئىگەم دىلىغا سالغان چېغى، ئۇنىڭ شۇ كىشىلەردىن ئەپۇ سورىغانلىقىنى دېمەمسىلەر!

— مانا، مانا، بۇ ئۇنى ئىگەمنىڭ پاكىزلاپ ئەكەتكىنى ئەمەسمۇ! مۇشۇنداق مۆھىم ئىشلىرىنى قىلىۋېلىپ نېسىپ بولىدىغان ئۆلۈمنى بەندە ھەرقانچە تىلەپمۇ تاپالامدۇ!؟

— مەرھۇمنىڭ شۇ كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا ئاتا-ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاشنى نىيەت قىلىشى ئاللانىڭ دىلىغا سالغانلىقىدۇر. ئۇنىڭ بۇ نىيىتىگە يەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئاللانىڭ نەزەرى چۈشۈپتۇ دېگەنىدىم.

بۇ ھەقتىكى پاراڭ قاسىم قارىم قايىسىدۇر زۆرۈرىيەت بىلەن بۇ يەردىن ئايرىلغۇچە داۋاملاشتى، ئاندىن پاراڭ ئىشتىراكچىلىرى ئەتىگەندە نەزىرگە پولۇ ئېتىلگەن داشقازاننىڭ قېشىغا توپلىنىپ، دېيىشۋالغاندەكلا گەپنى ئاۋۋالقى تېمىغا يۆتكەشتى.

— مەرھۇم ئۇ كۈنى قېشىمىزغا بىر ئوبدان كەلگەن بولۇپ، روھىي ھالىتىمۇ، سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئىدى، — دېدى جالالىدىن ئاخۇن. يەنە بىرەيلەن بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلدى:

— تېخى ئۈستىگە يېڭى كىيىم كىيىپ سالاپەتلىك بولۇپ

قاپتىكەن دەڭلا.

— قاۋۇل مۇتتەھەم يۈزسىزلىك قىلمىغان بولسا كېسىلى قوزغالماس ئىدى......

— جالالىدىن ئاخۇنىنىڭ دېگىنى بەرھەق. قاسىم قارىم ئۇنداق دېگەنىبىلەن سەۋەبىنىڭ ئالىمى بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بار. تەشكىل سۈرۈشتۈرمەي بۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋەتمەس.

— ھەي تاڭ، قانداق بولاركىن. ئۇ مۇتتەھەمنىڭ داستىخىنى يامان تۇغقانلار، «ۋەلى، ۋەلىنىڭمۇ بار گېلى» دەپتىكەن. داستىخىنى غوجامنىڭ ئالدىدا بىر يايسىلا، ئاغزى مايماق كېتىدۇ ئەمەسمۇ!

— راست دەيسىلە، تولا ھاگراپ ئاغزى بېسىلمايدىغان ھاگگىنىڭ قوگىنى مايلاپ قويسا پەقەت ھاگرىيالمايدۇ ئەمەسمۇ!

— ئۇنى يېزا ئورگىنىدا قوللايدىغان، قانات ئاستىغا ئالىدىغان غوجىسى بولمىسا بۇنچە قوپاللىق قىلالارمىدى؟

— راست دەيسىز، ئۇنى ئابدۇللا يېزا باشلىقى كۈش - كۈشلەپ بېشىدا كۆتۈرىدۇ!

— مەن بەكمۇ ھەيران، ئىلگىرى قاۋۇل سېكرېتار مەرھۇم سۇلايمان ياۋاشنى ئانىي تېپىپ ئارامىدا قويمايتتى. ئەمدى ئابدۇللا يېزا باشلىقنىڭ ئۇنىڭغا يانتاياق بولۇپ يۈرگىنى نېمىسى!؟

— سەۋەبىنى بىلەلمىدىڭلارما؟ ھەممىدىن ماۋۇ گالنىڭ يامانلىقى بولمامدۇ!

— غېنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى خېلى بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقانمىش. ئاڭلىسام، شۇ كۈنىدىكى ۋەقەنى كۆرگەنلەردىن پاكىت ئاپتۇدەك.

— مەنمۇ ئاڭلىدىم، سەيدىئەخمەت تورا ئۇنىڭغا بەزىبىر گەپلەرنى دەپ بېرىپتىمىش......

— غېنىنىمۇ بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. توخۇ - ئۆدەككە ئامراق

تۇرسا، خاسىيەتلىك داستىخاننىڭ دامىغا چۈشمەيدۇ دېگىلى بولامدا!؟

— راست، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ خاسىيەتلىك داستىخىنىنىڭ دامىغا چۈشكەنلەر ئازما؟

— بۇ گەپنىڭ جېنى بار، ئابدۇللا يېزا باشلىقى ئەسلىنى ئۇنتۇپ بۇگۇنكى كۈندە خاسىيەتلىك داستىخانغا دوم چۈشكەن يەردە، غېنى چۈشمەي قالامدا!؟

— قويۇڭلار ئۇنداق گەپنى! «ئەلقىساسۇمنەلھەق» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان! تەشكىل بىر تەرەپ قىلىپ بولغۇچە خۇدايىمنىڭ جازاسىغا ئۇچراپتىغۇ ئۇ بالاخور!

— نېمە بوپتۇ؟

— نېمە بولاتتى، ئۆلۈشكۈن موتوسىكلىتى قېقىدىكى ياندامدا سىيرىلىپ كېتىپ پۇتىنى ناكار قىپتۇغۇ......

— ھېچ ئاڭقىرالمىدىم، كىم موتوسىكلىتتىن يىقىلىپتۇ؟

— باياتىن قۇلىقىڭلار نەگە كەتكەن، قاۋۇل سېكرېتار بولمامدۇ!؟

— نەزىرگە نېمىشقا كەلمىگەندۇ دېسەم، ئەسلىي ئىش مۇنداقكەن - دە!

داش قازاننىڭ قېشىدا پاراڭلىشىۋاتقانلار ئۆيدىن بىر توپ ئايال مېھماننى ئۇزىتىپ چىققان كەۋسەر ۋە چوڭ ئاچىسىنى كۆرۈپ جىمىپ قېلىشتى. كەۋسەرنى يەنىلا خەلچەم يۆلىۋالغانىدى. ئۇ شۇنچىلىك زەئىپ كۆرۈنەتتىكى، كۆزلىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئىچ ئاغرىقى تارتىپ تۇزۇكرەك بىرنېمە يېمىگەنلىكىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى. دېمىسىمۇ ئادەمگە ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋاپاتى كەلتۈرگەن ئىچ ئاغرىقى ھەممە - ھەممىسىدىن ئېغىر كېلىدۇ، بولۇپمۇ كەۋسەردەك تاۋى نازۇكلار ئۈچۈن بۇ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز زەربە بولىدۇ. ھەقىقەتتىمۇ كەۋسەر

ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇشكۈل كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. قاسىم قارىم قاتارلىق مويسىپىتلار ئەتە - ئاخشاملىرى دېگۈدەك ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ شەرىئەتتىن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى شىپى كەلتۈرۈش ئارقىلىق قازاغا رىزا بولۇشقا شۇنچە ئۈندىگەن بولسىمۇ، كەۋسەر ئۆزىنى ھېلىھەم تۇتۇۋالالمايۋاتاتتى. گاھىدا ئەقلىدىن ئاداشقاندەك دادىسىنى ئۆيدىن، ھويلىدىن، باغدىن...... ئىزدەيتتى. تېخى تۈنۈگۈندىن بېرى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەك نەچچە قېتىم چىقىپ دادىسىنىڭ كۈلۈمسىرەپ ئېتىزدىن قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى. دادىسىنىڭ شۇ كۈنى ئەتىگەندىكى خۇش پىچىم ھالىتى كەۋسەرنىڭ كۆز ئالدىدىن پەقەتلا كەتمەيتتى. ئىككى كۈندىن بېرى ئىلگىرىكى ھەسرىتىگە يېڭىدىن بىر ھەسرەت قوشۇلغانىدى. چۈنكى، دەرد - ئەلەمگە شېرىك بولۇۋاتقان كىشىلەردىن دادىسىغا شۇ كۈنى ئېتىزدا قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئازار بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنى «مۇبادا دادام ئۇلارنىڭ يېنىغا بارمىغان بولسا...... مۇبادا قاۋۇل سېكرېتار دىل ئازارى قىلمىغان بولسا...... مۇبادا......» مانا مۇشۇنداق تەگسىز خىياللار پەقەتلا ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. بۇ ھەقتىكى خىياللىرى چوڭقۇرلىغانسېرى كۆز ئالدىغا ئابدۇللا كېلىۋالاتتى. مانا، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا باياتىن پەتىلەپ كېلىشكەن ئاياللارنى ئاچىلىرى بىلەن ئۇزىتىپ چىققاندا، داش قازاننىڭ قېشىدا پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ بەزى گەپلىرى تاسادىپىي كىرىپ قېلىپ، غېنى ساقچىنىڭ شۇ كۈنى ئېتىزدا يۈز بەرگەن ئىشنى سۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقى سەل ئەنىدىكتۈرۈۋەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇنى جاللىدىن ئاخۇننىڭ قاۋۇل سېكرېتارغا بولغان نەپرىتى جاراستانىغا چىقارغان بولسا، غېنى ساقچىنىڭ كەسپىي خىزمىتى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە «مۇبادا غېنىكام ئاخىرغىچە تەكشۈرۈپ، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ دادامغا ئازار

بەرگەنلىكنى دەلىللىسە، قاۋۇل سېكرېتار ئابدۇللانى چىشلەپ تارتىشى تۇرغان گەپ......» دەيتتى داشقازاننىڭ قېشىدىكى كىشلەرگە لاپپىدە قاراپ، ئاندىن ئۇ ئالدىنقى كۈنى غېنى ساقچى بار يەردە: «قاۋۇل سېكرېتار دادامغا دىل ئازارى قىلمىغان بولسا.......» دېگەن گەپنى دەپ سالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ ئۆلگۈردى. ئۇنىڭچە مۇشۇ گېپىلا غېنى ساقچىغا زور جۈرئەت بېغىشلايتتى. شۇ تاپتا غېنى ساقچى داش قازاننىڭ قېشىدىكىلەر قاتارىدا كۆرۈنمەيتتى، بەلكىم ئۇ «ئېنقلاش» ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

كەۋسەر تۇرۇپلا يېنىدا ئۆزىنى يۆلەپ تۇرغان خەلچەمگە نېمىلەرنىدۇر دېگەندى، خەلچەم ھويلىنىڭ ھەممە يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ بېشىنى چايقىدى. داشقازاننىڭ قېشىدىكىلەر نەزىرىدىن ئېشىپ قالغان پولۇنى مەھەللىدىكى نامرات كىشلەرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. خەلچەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئانايەت كۈدەكنى چاقىرىپ قۇلىقىغا كۇسۇرلىۋىدى، ئانايەت كۈدەك شۇئان چىقىپ كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي غېنى ساقچىنى تېپىپ كەلدى. دېگەندەك، كەۋسەرنىڭ ئويلىغانلىرى توغرا چىقتى. غېنى ساقچى كەۋسەرگە ھەقىقەتەنمۇ شۇ كۈنى نەق مەيداندا بار كىشلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ بۇ ئۆلۈم ۋەقەسىدىكى مەسئۇلىيىتىنى دەلىللەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— غېنىكا، بولدى ئۇنداق قىلماڭ. دادامغا كىمدىكىم ئۇۋال قىلغان بولسا ئۆزىگە قىلىدۇ. خەق قىلغاننى بىز قىلمايلى، — دېدى كەۋسەر بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە پەس ئاۋازدا. تولا يىغلىغاچقىمىكىن ئاۋازى پۈتۈپ قالغانىدى.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ قاۋۇلنىڭ بارات دادامغا ئازار بەرگەنلىكىنى خېلى كۆپ كىشلەر كۆرگەن تۇرسا. ھازىرچە بەزى

كىشىلەر ئۇ مۇتتەھەمنىڭ ئۈچ ئىلىشىدىن قورقۇپ پاكىت بەرمەيۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ جالالىدىن ئاكامنىڭ دەپ بەرگەنلىرى يېتەرلىك، يەنە روزى كاداڭ، سەيدىئەخمەت تۇرا......

— بولىدى، ئەمدى گەپ قىلماڭ، مېنى خۇش بولسۇن دېسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەڭ......

— سىز...... ماقۇل، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن. بىراق، مەن يەنىلا بىر خەلق ساقچىسى. مەجبۇرىيەت جەھەتتىن ئاقتاش يېزىسىنىڭ پۈتكۈل ئامانلىقىغا مەسئۇل. شۇنداقكەن، ھەرھالدا بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى ئېنىقلاپ كۆرمىسەم بولمايدۇ......

— غېنىكا، جاھىللىق قىلمىسىڭىزچۇ! دادامنىڭ ئۆلۈمىگە بىزنىڭ باشقا پىكرىمىز بولمىغاندىكىن، ئەمدى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەڭ. دادام كېتىپ قالدى، بۇ سەۋەبلىك كەلتىمىزدە ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلماڭ، — كەۋسەر شۇلارنى دەپلا خەلچەمنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ مىسكىن ھالىتى غېنى ساقچىنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

— ماقۇل، ماقۇل، دېگىنىڭىزدەك قىلاي. ئەمدى راستىنلا سۈرۈشتۈرمەي، ئەمما سەۋر قىلىڭ، بۇنداق يىغلاۋەرمەي، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ.

غېنى ساقچىنىڭ بىردىنلا بۇنداق رايىش بولۇپ كېتىشى خەلچەمدىن كۆرە، كەۋسەرنىڭ ئوتتۇرانچى ئاچىسىنى بەكرەك ئويغا سالدى. ئەسلىدە ئۇ غېنى ساقچىنىڭ قارىشىنى قوللايتتى. ئاخىر ئۇ ئارىغا قىسىلىپ:

— دادامنىڭ ئېتىز ئۈستىدىلا يىقىلغىنىنى شۇنچە كۆپ ئادەم كۆرگەن تۇرسا، ئۇنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولامدۇ؟ تەكشۈرىدىغان زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندىكىن تەكشۈرۈۋەرسۇن، — دېدى كەۋسەرنىڭ قارىشىنى رەت قىلىپ.

— ئاچا، ساڭا نەچچە قېتىم دېدىم، بۇ ئىشنى سۈرۈش-

تۇرۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. دادامنى خاتىرجەم ياتقىلى قويايلى بولامدۇ!؟

— نېمىشقا زۆرۈرىيىتى بولمىغۇدەك!؟ دادام بىر ئۆمۈر ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. گەرچە يېزا باشلىقى بولسىمۇ دېھقاندەك ياشىدى، باشقىلاردەك ئالاھىدە بولۇۋالمىدى، يەنە تېخى......

— بولدى، بولدى، سىڭلىم. بۇنداق ئەزۋەيلەپ نېمە قىلىسەن، كەۋسەرنىڭ دېگىنى دۇرۇس. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىمىز!؟

كەۋسەرنىڭ چوڭ ئاچىسى شۇلارنى دەۋاتقاندا، يەنە بىرنەچچە ئايال داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گېپى ئۈزۈلدى. غېنى ساقچىمۇ دېلىغۇللۇق ئىلكىدە چىقىپ كەتتى.

غازلىق كەنتىدىكىلەر: «بارات نىياز قازا قىلغاندىن بۇيان قاۋۇل سېكرېتار ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئەتەي ئۆيگە بېكىنىپ يېتىۋالدى» دېيىشكەن بىلەن، ئۇنىڭ موتوسىكلىتتىن يىقىلىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋالغىنى راست ئىدى. ئادەمنى گۇمانلاندۇرىدىغىنى، شۇ كۈنى بارات نىياز يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقاندا، «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ تىكىۋەتكەنلىكى راست ئىدى. ئۇ بىلەتتى، گەرچە بارات نىيازنىڭ ئوغلى بولمىغان بىلەن، ئاقتاش يېزىسىدا ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى كۆپ ئىدى. بىر ھېسابتا ئاقتاشتىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى غەمگۈزارى سانىشاتتى. شۇ تاپتا جالالدىن ئاخۇن ياقىسىدىن قاماللاشقا دېۋەيلەپلا تۇرغاندا بارات نىيازغا ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە ئېسىلمايدۇ دېيەلمەيتتى. شۇ كۈنى ئۇ بارات نىيازنىڭ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي كۆز يۇمغانلىقىنى ئاڭلاپ

بىرچاغقىچە لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئويلىغانسېرى كۆڭلىنى قورقۇنچلۇق خىياللار ئىگىلەپ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى. ئايالى تاماققا زورلىغان بولسىمۇ، گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ھېلىلا غېنى ساقچى موتوسىكلىتىنى گۈركىرىتىپ كېلىپ، قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇدا بىرنەچچە كۈننى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر كەلگىنى ئابدۇللانىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنى ئىدى. جاھاننىڭ ئىشلىرى گاھىدا مۇشۇنداق غەلىتە بولۇپ كېتەتتىكى، قاۋۇل سېكرېتار باشتا بارات نىيازنىڭ دەككىسىنى بەرگىنىدە بۇنداق قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنى نەزەرگە ئالمىغان بىلەن، مۇشۇ جۈرئىتى ئارقىلىق ئابدۇللانىڭ بارات نىيازدىكى ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشكە ئالدىرىغانىدى. دېمەك، ئۇنىڭ بۇ يولدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىغا ئابدۇللا قانچە رەھمەت ئېيتسا تامامەن ئەرزىيتتى. ئەمما، ھازىر نەتىجە ئەكسىچە بولۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشە بارغانسېرى ئېشىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، ئىلگىرى «تۆۋەنگە چۈشۈش» شامىلىدا غازلىق كەنتىگە كېلىپ ئۆزى بىلەن ئۈلپەتلىشىپ قالغان كادىر يېقىنىغا بۇ خۇسۇستىكى ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي دەپ بەردى. كادىر يېقىنىنىڭ قانۇندىن خېلى خەۋىرى بولسا كېرەك، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە مەسىلىنى سورىغاندىن كېيىن:

— ھەرگىز قورقماڭلا، گېپىڭلىدىن قارىغاندا ھېچقاچان بارات نىيازنىڭ كىشىلىك ئىززىتىگە تېگىدىغان گەپ قىلماپسىلە. سىلى توغرىدىن - توغرا ھاقارەتلىمىگەن، قول ئۇزىتىپ ئۇرمىغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن سىلىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىڭلا بولمايدۇ، — دەپ قورقۇنچ چۈشكەن يۈرىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدى. ئەمما، كېيىنكى ئىشلار ئۇنى يەنىلا ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋاتاتتى. غېنى ساقچىنىڭ كۈندە دېگۈدەك مەھەللىدە ئۇنىڭ-

بۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ يۈرگەنلىكىنى دېمىگەندىمۇ، پۈتى گېپىسلىنىپ ئۆيىدىن چىقالماي ياتقاندىن بۇيان، ئىلگىرى كۈچۈكلىنىپ ئۆزىنى باشپاناھ ھېسابلاي- دىغانلارنىڭ بىرەرسىمۇ يوقلاپ كەلمىدى. ئەجەب ئىش- ھە، بۇرۇنلاردا ئېتىزدا قىقىلىپ بىر - ئىككىنى يۆتىلىپ قويسىمۇ، ئەتىسى ئەھۋال سوراپ، سوۋغات كۆتۈرۈپ يوقلاپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارغا ئەمدى نېمە بولدىكىنە! بارات نىيازنىڭ كۆز يۇمۇشى بىلەن ھەممە ئىش مۇشۇنداقلا ئۆزگىرىپ كەتسە قانداق بولغىنى؟

قاۋۇل سېكرېتار ئويلىغانسېرى جىلە بولاتتى. بۈگۈن كەچتە چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ تارتىۋاتقان دەردلىرى ئاز كېلىپ قالغاندەك، ئىشكتىن كىرىپلا دادلاپ ئەرۋاھىنى تېخىمۇ ئۇچۇردى:

— بىرنەچچە يالاڭتۆش دوقمۇشتا سېنى چىشلەپ تارتىپ: «بارات نىيازغا ئازار بەرمىگەن بولسا ئۆلۈپ كەتمەيتتى» دېيىش- كىلى تۇرۇپتىكەن، دەككىسىنى بېرىپ، بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قوياي دېسەم ماڭا ھەممىسى يامىشىۋالدى. قارىغاندا سەن تەش- كىلگە «مېنى ئاق ياكى قارا قىلىپ بېرىڭلار» دەپ ئەرز قىلمىساڭ بولمىغۇدەك، دادا! — دېدى ئۇ تالاغا ئەنسىز قاراپ قويۇپ.

قاۋۇل سېكرېتار بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈدى. چۈنكى، ئاقتاشتا چوڭ ئوغلىنىڭ مۇشتۇمزورلۇقتا كىشىلەر شۈركۈنگۈدەك داڭقى بار ئىدى. بىر ھېسابتا ئوغلى ئۇنىڭ غازلىق كەنتىدىكى «گەدەنـ- كەش» سانالغانلارنى قورقۇتىدىغان بىردىنبىر كوزىرى ئىدى. جالالىدىن ئاخۇن سەدىردىنىنى دەستەك قىلىپ ئۇنىڭغا قىر كۆر- ستەلىگەن بىلەن باشقىلار ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۆزىنى دەگسىيەلمىگەنلەرنى مانا مۇشۇ چوڭ ئوغۇل دۇمباللاپ ئادەم بولغىنىغا تويدۇراتتى. ئاۋازى غازلىق كەنتىنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭىغا يەتسە، جەمەتىدىكى جېدەلخورلار شۇ يەرگە دەرھال يۈپۈرۈلۈپ

كېلەتتى. ئۇلار تەرىپىدىن ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغۇچىلار غېنى ساقچىدىن ئۈمىد كۈتمەيتتى. چۈنكى، غېنى ساقچىغا دادلىغانلارنى قاۋۇل سېكرېتار كېچىكتۈرمەيلا چىقىۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشقا ئامالى كۆپ ئىدى. قىسقىسى، ئوغلىنىڭ مۇشتۇمىدىن دادىسىنىڭ سالدىغان زىيىنى دېھقانغا ئېغىر كېلەتتى. بۇ خىلدىكى ماجىرانى غېنى ساقچىدىن كۆرە، مەرھۇم بارات نىياز قاۋۇل سېكرېتارنى بىر چەتكە تارتىپ ئوبدان بىر تەنقىدلەش بىلەن جايىدا ھەل قىلاتتى. مۇشۇ سەۋەبلىك مەرھۇم بارات نىياز بۇ جەمەتنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ ئىدى. بايا دوقمۇشتا توپلىنىپ قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىۋاتقانلارنى ھەقىقەتەنمۇ قاپ يۈرەكلەر دېيىشكە بولاتتى. ئىلگىرى بۇ ئوغۇلنى يىراقتىن كۆرسە خۇددى جانىۋارلار توپىغا ئۇشتۇمتۇت قۇزغۇن ھۇجۇم قوزغىغاندەك تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشىدىغان بۇ كىشىلەر بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويۇشمايۋاتاتتى، بەلكى شىكايىتىنى بىمالال داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. چوڭ ئوغۇلنىڭ غەزىپى تېشىپ، ھاراقنىڭ كەيپىچىلىكىدە يۇمۇلغان كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى ـ دە، قولىنى شىلتىپ:

— ئۆزۈڭنى چاغلاپراق گەپ قىلىش! بىكارغا بىرنەچچىڭنىڭ قارنىنى بۇسۇۋەتمەي ھېلى! — دېيىشكىلا، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. بەزىلەر يەڭلىرىنى شىمايلاپ مۇشت ئېتىشقا ھازىرلاندى. توپتىكى ئوتتۇرا ياشلىق، تەمبەل بىرسى باشقىلارنى پەيلىدىن يېنىشقا ئۈندىگەندىن كېيىن، سالماق تەلەپپۇزدا:

— غەزىپىمىز تېشىپ تۇرغاندا بىز بىلەن قېيىشما! بىكارغىلا پۇت ـ قولۇڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن. بولىدىغان ئىش بولدى، بۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىز سەنلەردىن قورقمايمىز. مۇتتەھەم داداڭ يېزا باشلىقىغا ئاھانەت قىلمىغان بولسا، بۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا ئۆلۈپ كەتمەيتتى. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ! — دېدى دانىمۇدانە

قىلىپ.

دېگەندەك، بۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىغانىدى. قاۋۇل سېكرېتار چوڭ ئوغلىنىڭ سالپايغان ھالىغا قاراپ، ئويلىغانسېرى كۆڭلىنى بىر خىل غەشلىك ئىگىلىدى. ئۇنىڭچە، بارات نىيازنىڭ ئۆلۈمى ئىشلارنى بۇنداق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتمىسە بولاتتى.

* * *

قىش كىرىشكىلى غازلىقلارنىڭ قولى ئىشتىن بوشىغان بولسىمۇ، بىراق كۈنلەر يەنىلا ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەت چېكىش ئىلكىدە ئۆتۈۋاتاتتى. بارات نىيازنىڭ قەدرى غازلىقلارغىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئاقتاش يېزىسىدىكىلەرگە ئۆتۈلۈۋاتقان بۇ كۈنلەر ئۇلارغا تولىمۇ مەنىسىز تۇيۇلاتتى. بۇنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەردىن كۆرە، دېھقانلار بەكرەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ شۇنچە يىللاردىن بۇيان مەرھۇم بارات نىياز ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەم تۇرمۇشىدىن پەقەتلا ئايرىلماي، دېھقانلارنىڭ ھەربىر كۈلكىسى ۋە مۇشكۈلىگە شېرىك ئىدى. قىسقىسى، بارات نىيازنى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە دەسلەپ ئادەتتىكى بىر يېزا كادىرى، كېيىن يېزا باشلىقى دېگەندىن كۆرە، قىلماقچى بولغان ھەربىر ئىشنىڭ مەسلەكدىشى، يول كۆرسەتكۈچىسى، مۇھىمى كۆڭۈل رەنجىگە داۋا ئىزدىگۈچى دېگەن تۇزۇك ئىدى. بۇنى بارات نىياز ھايات ۋاقتىدا ھېس قىلالمىغانلار مانا ئەمدى ئۇ كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئوبدان چۈشىنىۋاتاتتى. قارىغاندا ئەمەل - مەنسەپنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىدە دەرىجە پەرقى بولغان بىلەن، دېھقانلارنىڭ قەلبىدە سۈپەت پەرقى بولىدىغان ئوخشايدۇ. دېمىسىمۇ، دېھقانلار ئۆز قاراشلىرىنى كۆپ ھاللاردا كۆڭلىنىڭ قېتىدا ساقلاپ، نۆۋەتتى

كەلگەندە بىراقلا پەشخۇنغا تاشلايدۇ. قاۋۇل سېكرېتارمۇ كۆتۈلمىگەندە غازلىقلار تەرىپىدىن مانا مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا تاشلاندى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەرھۇم بارات نىيازغا قىلغان ئاچچىق گەپلىرى قانۇنىنىڭ تارازىسىدا تاش باسمىغان بىلەن، غازلىقلارنىڭ كۆڭۈل رايى ئۇنىڭغا لايىقىدا جازا بەردى. ئۇنىڭ ئەمىلىدىن ئايرىلماي تۇرۇپ دېھقانلارنىڭ نەزەرىدىن بىراقلا چۈشۈپ كېتىشى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولدى. ئۇنىڭغا بىر مەزگىلگىچە ئابدۇللا يار - يۆلەك بولغان بولسىمۇ، غازلىقتىكى چوڭ - كىچىك كىشىلەر بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا ئۇنى ... نەزەرىگە ئالمايۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن غازلىق كەنتىنىڭ ئىشلىرىدا تۇرغۇنلۇق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. قاۋۇل سېكرېتارنى كەنتتىكى ھەممەيلەن ئورتاق رەت قىلىپ نەزەرىگە ئىلمىسا ئۇلارغا چارە كۆرگىلى بولمايتتى. چۈنكى، پۇقرانىڭ مۇشۇنداق تاللاش ھەم ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىق ھوقۇقى ئۆز ئىلكىدە ئىدى. قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەۋەككۈل قىلالمىغان بىلەن دەردىنى ئىچىدە بىلىشەتتى.

يېزا مەسئۇللىرى ئاخىر قاۋۇل سېكرېتارنى ئەمىلىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا سەيدىئەخمەت تۇرانى تەيىنلىدى. بىر ھېسابتا ئابدۇللاغا مۇشۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى ئىدى. چۈنكى، بارات نىيازنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان روھىي زەربىلەرگە بىرەرسى قۇربان بەرمىسە، بۇ قەھرلىك ئوتنىڭ ئۆزىگە تۇتىشىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن غازلىقلارنىڭ ئاچچىقى چىقمىسا بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، قاۋۇل سېكرېتار غازلىقلارنىڭ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنماي كەلگەن كۆڭۈل رايى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق شاللىۋېتىلدى.

بارات نىيازنىڭ قازا قىلغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، كەۋسەرنىڭ ھەسرەتلىك كۆڭلى تېخىچە تەسكىن تاپمايۋاتاتتى. ئەپتىدىن دادىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىغا ھازىرغىچە ئىشىنەلمەي-

ۋاتقاندەك، بۇ دەھشەتلىك قازايى - قەدەرنى روھىي جەھەتتىن قوبۇل قىلالمايۋاتقاندەك ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. بېشىغا ئاق داكا ياغلىق چىگىپ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە تېخىچە قارىلىق تۇتۇۋاتقان كەۋسەرنى كەنت يولىدا ئۇچراتقانلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سەۋر قىلىشقا ئۈندەپ كۆڭلىنى ياسايتتى. مەرھۇم بارات نىيازنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى قىلىشاتتى. ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىپ كەۋسەرنىڭ روھىي كۆتۈرۈلۈشىگە تىرىشاتتى. كۆزى ئاجىزلاپ قالغان ئىساخاندىن تارتىپ، پۈتۈن يۇرت تەۋەسىدە ساناقلىق بايلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان نىيازغىچە بارات نىيازنىڭ ئاقتاش يېزىسى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي زىكىر قىلىشاتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، مەرھۇمنىڭ ئاقتاش يېزىسىدىكى مۇھىم ئورنىنى يەنە تېخى ئەمىلىدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئاچچىق يۇتۇپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتقان قاۋۇل سېكرېتارمۇ ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆتكەن ئىشلارنى خىيال قىلغاندا «ھەي ئىسىت، بارات نىيازنىڭ قەدرىنى ئەجەبمۇ بىلمەپتىكەنمەن. ئۇنى شۇنچە ئۆچ كۆرگىنىم بىلەن مېنى يەنىلا ھۆرمەت قىلاتتى» دېگىنىچە، شۇ كۈنى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئازار بەرگەنلىكىگە يەتكۈچە پۇشايمان قىلاتتى، ئابدۇللاغا سىلىشتۇرۇپ ئارىدىكى پەرقىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالى گاھىدا: «بارات نىياز ھايات ۋاقتىدا ھەرنېمە قىلغان بىلەن سىلىنى سېكرېتارلىقتىن ئېلىۋەتمىگەن. ماۋۇ سۇلايمان ياۋاشنىڭ بالىسىنىڭ يۈرىكىدە چىشى باركەن، كۆلۈپ تۇرۇپ چىشلىۋالدى ئەمەسمۇ» دەپ ھەسرىتىنى ئاشۇراتتى. ئاقتاشتا بۇنداق ھەسرەت چېكىۋاتقانلاردىن يەنە قانچىسى بارلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. قانداقلا بولسۇن بارات نىيازنىڭ جىسمى قارا تۇپراققا قېتىلىپ كەتكەن بىلەن، روھى ئاقتاشلىقلارنىڭ قەلبىگە دېپنە قىلىنغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايتتى.

كـۈنلەر ئۆتكەنـسېرى ئاقتاشـنىڭ ئەسـلىدىكى تەرتىپـى ئـۆز ئورنىغا چۈشۈشـكە باشلىدى. كەۋسـەرمۇ ئاسـتا ـ ئاسـتا رېئاللىققا قايتىپ ھاياتنىڭ كەلگۈسى ئىسىتۇنسكە يۈزلەندى.

تۈرمۈشـتا تاسـادىپىي يـۈز بەرگەن بەزى ئىـشلار ئـۆز نۆۋىتىـدە ئەسلىدىكىدىنمۇ ھەسسىلەپ تاسـادىپىي ئىـشلارنى بارلىققا كەلتـۈ-رىدۇ. ئابدۇللا تۈرمۇشنىڭ بـۇ غەيرىـي مەنتىقىسىنى ئەمـدىلا ھـېس قىلىۋاتـاتتى. ئىنىقـراق ئېيتقانـدا، بـارات نىيـاز تاسـادىپىي ئۆلـۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ھەربىر كۈن ئابدۇللا ئۈچـۈن بەكمۇ تىنچسىز ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭچە بولغانـدا بـارات نىيازنىـڭ تاسـادىپىي ئۆلـۈمى تـۆپەيلى قـاۋۇل سېكرېتارنىڭ تـۆلگەن بەدىلـى يېتەرلىـك ئىـدى. دېمىسىمۇ، يېشى بىـر يەرگە بارغـان، يەنە كېلىـپ يـۈرەك كېـسىلى ئـارىلاپ قوزغىلىـدىغان ئادەمنىـڭ دۇنيـادىكى پۈتكـۈل جانلىقلارغـا ئورتـاق بولغـان ئۆلـۈم قـانۇنىيىتىگە بـاش ئەگمەسـلىكى مـۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەمـمە مەخلۇقـات ئـاخىرقى ھېسـابتا بىـرەر سـەۋەب بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيدىغۇ! بەزىلەرنىـڭ ئەجىلىـگە ھاياتلىق ئۈچـۈن يـېگەن تـامىقى سـەۋەب بولـسا، بەزىلەرنىڭكىـگە قىلغـان بىـرەر ھەرىكىتى سـەۋەب بولىـدۇ. بەزىـلەر ماشـىنىنىڭ ئاسـتىدىن سـاق-سالامەت چىقسا، بەزىـلەر تـۈز يولدا كېتىۋېتىـپ، يىقىلىـپلا بـاقىي ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ. ئىشقىلىپ، پانىي دۇنيـادىن باقىيغـا سـەپەر قىلغان ھەربىـر ئادەمنىـڭ ئۆخـشىمىغان سـەۋەبى بولىـدۇ. ئابـدۇللا خىيالىـدا ئـۆزىگە مۇشـۇنداق تەسـەللى بەرسـىمۇ، بىـراق بـارات نىيازنىـڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا قەلبىنى قاماللىۋالغان ئىزتىـراپ ئارامىـدا قويمايۋاتاتتى. ساداقەت، ئىخلاس، رەنجىش ۋە قىيىداش ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ئىزتىراپتا يەنىلا ساداقەت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

يۈز بەرگەن ئىشلار ئابدۇللانىڭ ئېسىدە بار، شـۇ كـۈنى بـارات نىيازنىڭ ئوشتۇمتۇت كۆز يۇمغانلىقىنى ئـۇ ئۆيـدە تامـاق يەۋېتىـپ ئاڭلىـدى. خەۋەرنـى ئېلىـپ كەلـگەن كىـشى خەۋەرنىـڭ ئابـدۇللاغا

كۆرستىدىغان تەسىرىنى كۆرۈشنى خالىمىغاندەك ئۆيدىن ئالدىراپلا چىقىپ كەتتى. ئابدۇللا قولىدىكى تەخسىنى شىرە ئۈستىدە قويۇپلا يۈزىنى قامااللاپ يىغلىۋەتتى. بارا - بارا ئۆپكىدەشىكە باشلىۋىدى، پاتىگۈل ھەيران قالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئابدۇللا بۇ خەۋەردىن ئازابلىنىش ئورنىغا خۇش بولسا توغرا بولاتتى.

— نېمانچە قىلىپ كېتىسىز؟ بۇنچە يىغلاپ كەتكۈدەك دادىڭىزمىدىيا؟ بۇ دۇنيادا ئۆلۈپ كەتمەيدىغان كىم بار؟ قېرىپ مۈكچەيگىلى نەۋاق! رىزقى - ئۆمرى تۈگىگەن بولسا بۇنىڭغا نېمە ئامال! بەك يىغلىغۇڭىز كېلىپ قالغان بولسا ئاتا - ئانىڭىزنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ يىغلاپ كەلسىڭىز دۇرۇس بولىدۇ! — دېدى پاتىگۈل تەئەججۈپ ئىچىدە ئابدۇللاغا باتناپ.

— يىغلىسام مەن يىغلىدىم، ساڭا نېمە دەخلىسى يەتتى؟ — ئابدۇللا قوپال تەلەپپۇزدا پاتىگۈلنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى. ئەندىككىنىدىن كۆزى جامىدەك ئېچىلغان پاتىگۈل غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. توي قىلغاندىن بۇيان ئابدۇللا ھەرقانداق ئىشنى پاتىگۈلنىڭ رايى بويىچە قىلىپ ئادەتلەندۈرۈپ قويغاچقا، بۈگۈن توساتتىنلا قوپال تېگىشى تاسادىپىي تۇيۇلۇۋاتاتتى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ ئەقىل - ھوشىڭىز نەگە كەتتى سىزنىڭ؟ كۆيۈنگەننى بىلمەي نېمىگە ۋارقىرايسىز!؟ بوپتۇ ئەمسە، قانغۇچە يىغلاۋېرىڭ! ئۆي تار كېلىپ قالغان بولسا ئۆگزىگە چىقىپ يىغلاڭ بولمىسا!

ئابدۇللا زۇۋان سۈرمىدى. قارىغاندا ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي پاتىگۈلگە قاتتىق تېگىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. راست، بارات نىيازنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئابدۇللاغا خېلى ئېغىر زەربە بولغانىدى. تۇرۇپلا ئىككى سائەتچە ئىلگىرى قاۋۇل سېكرېتار بىلەن جالالىدىن ئاخۇن زاكونلىشىۋاتقاندا بارات نىيازنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا كېتىپ قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشقا

باشلىدى. ئابدۇللادىن ئوبدانلا رەنجىگەن پاتىگۇل تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى تۈزەۋاتاتتى. بۇنى پاتىگۇلنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئادىتى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ قانداقلىكى بىر ئىشتىن رەنجىسە ياكى قايسىبىر ئىش كۆڭلىگە ياقمىسا ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى مانا مۇشۇنداق تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇش بىلەن ئىپادىلەيتتى. بۇنداق چاغدا ئابدۇللا خىجالەتچىلىكتە ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتى. چۈنكى، پاتىگۇل ھەر قېتىم تىكلىمە ئەينەككە قاراپ ئىسكەتىنى تۈزىگەندىن كېيىن بىردىنلا ھاكاۋۇرلىشىپ قالاتتى، لاتاپىتىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئابدۇللانى تېخىمۇ كۆزىگە قاراتماقچى بولاتتى. ئابدۇللامۇ پاتىگۇلنىڭ رايىغا بېرىشقا كۆنۈك ئىدى. مۇبادا تاقاراشسا بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ كەرەشمە ـ تەبەسسۇمىغا زار بولاتتى. بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ئىنتايىن قورقاتتى. بۇ قېتىممۇ ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىزلىك تەكرارلاندى. ئابدۇللا گەرچە بارات نىيازنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتىسمۇ، يەنىلا پاتىگۇلنىڭ رايىغا بېرىپ يېشىنى زورىغا توختىتىپ ھەسرەتلىك تەلەپپۇزدا:

— سىزگە دېگەن ئىدىمغۇ! بارات نىياز ئىلگىرى ماڭا كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلغان. ئارىدا بەزى ئىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ يەنىلا ماڭا كۆيۈنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆزۈم بىر قوللۇق قىلمىسام بولمايدۇ. سىز كەينىمدىن بېرىڭ، مەن ماڭغاچ تۇراي، — دېگىنىچە ئۆيدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى. پاتىگۇل ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىسىمۇ، كۆڭلىدە قاۋۇل سېكرېتار بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى. پاتىگۇلنىڭ ئويىچە، بارات نىيازنىڭ ئۆلۈمى ئابدۇللادىن كۆرە، قاۋۇل سېكرېتارنى خۇشال قىلاتتى. قاۋۇل سېكرېتارنىڭ دادىلىشىغا ئاساسلىنىپ، ئۆزلىرىگە غازلىقتىن كېلىدىغان مەنپەئەتلەرنى بارات نىيازنىڭ چەكلەپ

قويۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن پاتىگۇل بارات نىيازغا قاۋۇل سېكرېتار-
دەكلا ئۆچ ئىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، پاتىگۇل
تېخىچىلا ئۆزىنى ياساپ بولالمايۋاتاتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ لەۋ
سۇرۇخى بىلەن ئوماقلىشىپ كەتكەن لېۋىدىن، سۇرمە ۋە سۇنئىي
كىرپىك يارىشىپ نۇر چاقنىغان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن تولۇق قانائەت
هاسىل قىلغاندىلا رازىمەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، مېيىت ئالللىقاچان
ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئەتراپنى مۇسىبەت قايغۇسى قاپلىغا-
نىدى. مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا يېزا باشلىقلىق سالا-
هىيتى بىلەن ئارىلىشىپ باققان بولسىمۇ، روزى كادىڭ، ئانايەت
كۇدەك قاتارلىقلاردىن ئۇنىڭغا ئىش ئاشمىدى. يەرلىك كولاشقا
بىركىملەرنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇۋىدى، بۇنىمۇ خۇمدانىدىن
هېلىراقتا كەلگەن نىياز ئۆز ئالدىغا تارتىۋالدى. بارات نىيازنىڭ
مېيىت نامىزىغا ئەتىسى ئۆلگۈرۈپ كەلگەن سەدىردىنمۇ نېمىشقىدۇر
جامائەتكە قوشۇلالماي، ئابدۇللا بىلەن بىللە بىر بۇلۇڭدا قىسىلىپ
قالدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى،
غازلىقلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېتىزدا توپىغا مىلىنىپ يۈرگىنى
بىلەن، ئۆزىگە تۇشلۇق كۆڭلى، شۇ كۆڭلىدە ئەتراپتىكىزەردارلار-
دىن تارتىپ، پىقىر - مىسكىنلەرگىچە هەممىسىنىڭ مۇناسىپ
ئورنى بار ئىدى. ئۇلار گەرچە ئۈن - تىنسىز، رايىش هالدا ئۆز
ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ، كۆڭلىدە كىمنىڭ قانداقلىقىغا
باها بېرەلەيتتى. سەدىردىنىنىڭ كەۋسەر بىلەن ئاجرىشىپ ئۆز
پۇشتى باهارغا قارىماي كېلىۋاتقانلىقىنى، ئابدۇللانىڭ بارات نىياز
بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى قوبۇل قىلالمايتتى. مانا
مۇشۇ سەۋەبلىك ئابدۇللا بىلەن سەدىردىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە
بەكمۇ تۆۋەن ئورۇندا ئىدى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە
بۇ ئىككىسىنىڭ بارات نىيازنىڭ تاۋۇتنى كۆتۈرۈشكە سالاهىيتى

توشمايتتى. سەدىردىن بۇنىڭغا ئانچىمۇ ئېرەنشىپ كەتمىگىنى بىلەن، ئابدۇللا ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە غېنى ساقچى شۇ كۈنكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆڭلىنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى.

بارات نىيازنىڭ قىرىق نەزىرى بېرىلگەندىمۇ غېنى ساقچى يەنىلا ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ ئابدۇللا بىلەن سەدىردىننى چەتكە چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ بارات نىياز قازا قىلغاندىن بۇيان ھاراق ۋە تاماكىنىلا ئەمەس، بەلكى مىجەزىدىكى ئۇساللىق بىلەن ھەرىكىتىدىكى قوپاللىقنىمۇ بىراقلا چۆرۈپ تاشلاپ، ھەممە كىشىگە مېھرىبانلىق بىلەن قارايدىغان ياخشى خۇلقلۇق ئادەمگە ئۆزگىرىشى ئاقتاشتىكى ئاجايىپ يېڭىلىق ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭدىكى بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشنى تىلغا ئېلىشاتتى ۋە: «بارات نىيازنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمى غېنىنى غەپلەتتىن ئويغاتتى، ئۇمۇ كۆڭلەرنىڭ بىردە بارات نىيازدەك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى» دېيىشەتتى. شۇ قاتاردا نىيازمۇ پۈتكۈل چىقىمنى مەردلىك بىلەن ئۆز ئۇستىگە ئالغاچقا، ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدا ماختىلىۋاتاتتى. نىياز بىلەن غېنى ساقچىنىڭ ماختىلىشى ئابدۇللانى نېمىشقىدۇر باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتقاندەك، ئۆزىگە يېقىن تۇرىدىغانلاردىن بىرەرسىمۇ يوقتەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، ئىچ- ئىچىدىن ئۆرتەنىدۈرەتتى. ئابدۇللا ئارىدا ئەقلىنى ئىشلىتىپ، مەرھۇم بارات نىياز بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىغا نىزا تېرىشقا ئاساسلىق سەۋەبكار بولغان جالالىدىن ئاخۇنىنىڭ كۆچەت پۇلىنى ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن ئاقتاش يېزىسىغا تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداشقا چۈشۈرۈپ بەرگەن مەبلەغدىن ھەل قىلىپ بەردى. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن سەدىردىن يەنىلا ئوچۇق چىراي ئاچمىدى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، يەنە غازلىقتىكى دېھقانلارنىڭ قاۋۇل سېكرېتارنى نەزەرىگە ئىلماي، كەنتنىڭ ئىشلىرىنى ئاقسىتىپ قويۇشى بىلەن،

ئائىلىسىدە پاتىگۈلنىڭ تولا كوتۇلداپ بېشىنى ئاغرىتىشى ئابدۇللاغا تەڭ يوپۇرۇلـۇپ كېلىۋاتـاتتى. ئـۇنىڭچە دېھقانلارنىـڭ قـاۋۇل سېكرېتارنى رەت قىلغـانلىقى ئەمەلىيەتـتە ئـۆزىنى رەت قىلغـانلىقى ئىـدى. شـۇڭا، قـاۋۇل سـېكرېتارنى ۋەزىپىسـىدىن قالـدۇرۇش مۇزاكىرىسىدە ئـۇ ئىلگىرىكـى ھەرقانـداق چاغدىكىـدىن كەسـكىن بولغانىـدى، يېزىلىـق پـارتكوم شۇجىسـمۇ ئابـدۇللانىڭ پىكـرىگە ھۆرمەت قىلىپ دەرھال قوللىغانىدى. ئابدۇللا كۆڭلىدە «مۇشۇنداق قىلسام كۆڭۈلسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالايمەن، قالغـان ئىشلار قـاۋۇل سېكرېتار بىلەن قوشـۇلۇپ ئۇنتۇلـۇپ كېتىـدۇ» دەپ ئويلىغانىـدى، بىراق ئۇ قاۋۇل سېكرېتار ۋەزىپىسـىدىن قالـدۇرۇلغان كـۈنى كەچـتە ئۆيگە كىرىشىگىلا پاتىگۈل غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا ئـۆزى بىـلەن زاكونلاشتى.

— قاۋۇل سـېكرېتارغا شـۇنداقمۇ يۈزسـىزلىك قىلامسىز؟ ئـۇنى ۋەزىپىسـىدىن قالدۇرۇۋېتىشكە قانـداقمۇ ۋىجدانىڭىز چىدىـدى؟ ئـۇ سىزنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان تۇرسا، ئـۇ بىـزگە يەتكۈزۈۋاتقـان مەنپەئەتنى باشقىلار يەتكۈزەلەمتى!؟ — پـاتىگۈل ئـۆزىنى بېسىۋا-لالمـاي قالغـان ھالـدا شـۇنداق دېگەنىـدى، ئابـدۇللا داڭ قېتىـپ تۇرۇپلا قالدى. ئەسلىدە بۇ ئىشتىن پاتىگۈلنىـڭ شـۇنچە تېـز خەۋەر تاپقانلىقى ئۇنى ئەجەبلەندۈرۈۋاتاتتى.

— قـۇلىقىڭىز نېمانـداق ئـۇزۇن سـىزنىڭ؟ بىـراق، سـىزگە بـۇ خەۋەرنـى يەتكـۈزگەن ئـادەم قـاۋۇل سـېكرېتارنى ئەسـلىدە مەنـلا ئەمەس، يېزىلىـق پارتكومـدىكى بىـرنەچچە مەسـئۇل يولداشـنىڭ قالدۇرۇۋەتكەنلىكىنى دېمەي ياخشى قىلماپتۇ، — دېـدى ئابـدۇللا كىنايە تەلەپپۇزدا.

پـاتىگۈل دەرغەزەپـكە كەلـگەن بولسـىمۇ، ئـۆزىنى تۇتۇۋېلىـپ سورىدى:

— ئېيتىڭە، بۇ ئىشنى دەرھال ئەسلىگە ئەكېلەلەمسىز؟

— ئېنىقراق گەپ قىلىڭە، قايسى ئىشنى ئەسلىگە ئەكېلىمەن؟
— نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ تولا خۇپىسەنـ ـلىك قىلماڭ، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئەمىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەمسىز دەۋاتىمەن؟
— هوش ـ كاللىڭىز جايىدىمۇ ياكى...... تېخى چۈشتىن ئىلگىرى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا سەيدىئەخمەت تۇرانى سېكرېتارلىققا تەيىنلىگەن تۇرساق......
— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئاقتاشتەك چەت ـ ياقا سەھرادا كەنت كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، قالدۇرۇش شۇنداق تەس ئىشمىدى؟ باش لىڭشىتىپ قويسىڭىزلا بولىدىغان ئىشقۇ ئۇ!؟
— خاتالاشتىڭىز، خانىم، مەن هۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىمەن، سېكرېتارنى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى باشقۇرىدۇ، بىلدىڭىزمۇ؟
— بۇنداق قائىدىلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا چولام يوق! بايا مەكتەپتىن كېلىۋېتىپ بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلدىم، قاۋۇل سېكرېتارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى ئاۋۋال سىز تەشەببۇس قىپسىزغۇ! نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟
— ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشەنمەڭ، هەرگىز ئۇنداق ئىش يوق، كەنت كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇشتا مېنىڭ پىكرىملا هېسابقا ئېلىنمايدۇ...... يېزىلىق پارتكوم ۋە هۆكۈـ مەتنىكى بىرنەچچە ئادەم......
— ئېيتىڭە، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ زادى نېمە گۇناهى باركەن؟ بارات نىيازنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە مەسئۇلىيتى بولسا هېلىغىچە ساقچىلار تۇتۇپ كەتمەمتى؟ غېنى توخۇمۇ: «قاۋۇلنى تۈرمىگە سولىتىۋەتمىسەم هېساب ئەمەس» دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرۈپتىكەن، توپلىغان پاكىتلىرى بىر تىيىنغا يارىماپتۇغۇ!؟

— ئەمدى بولدى قىلىڭ، مېنى ئارامىمدا قويۇڭ. بۇنىڭسىزمۇ بېشىمدىكى خاپىلىقلار يېتىپ ئاشىدۇ، يېقىندىن بېرى ماڭا بولغان بېسىم بەك ئېشىپ كەتتى......

— بۇنى كىمدىن كۆرەتتىڭىز؟ كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىپ ئۆزىڭىزنىڭ يارامسىزلىقىڭىزدىن كۆرۈڭ! بايىقى سوئالىمغا ئېنىقراق جاۋاب بېرىڭ. قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ۋەزىپىسىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرەلەمسىز - كەلتۈرەلمەمسىز؟

— كەلتۈرەلمەيمەن! بۇ ئىشقا نېمانچە ئارىلىشىۋالىسىز؟

— بۇنداق يارامسىزلىقىڭىزنى بۇرۇنراق بىلسەمچۇ، ھەي ئىسىت!

— سىز...... سىز بۈگۈن نېمانچە ھەددىڭىزدىن ئاشىسىز! ئىشلىرىمغا ئارىلاشماڭ دەپ قانچە قېتىم دەيمەن؟

— نېمە؟ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قامداشتۇرالماي يەنە ماڭا قىر كۆرسىتىۋاتامسىز؟ يېزا باشلىقى دېگەنمۇ سىزدەك مەتۇ بولامدۇ؟ بولدى، ئەمدى مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم يوق! — پاتىگۈل ئەتىدىن بېرى ئاقمايدىغان ئىشقا زاكونلىشىپ ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىگە ئېچىنغاندەك خورسىنىپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن تىكلىمە ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشكە باشلىدى.

ئابدۇللانىڭ ئاچچىقتىن پۇت - قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. روھىي ھالىتىدىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئەرلىك سالاھىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بىراق، يەنىلا ياۋاش بولمىسا، ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا، ئاچچىقنى زورىغا يۇتۇۋەتمىسە بولمايتتى. چۈنكى، پاتىگۈلنىڭ تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا بارغىنى، ئىشنىڭ يامانلاشقىنى ئىدى. يەنە شۇ تىكلىمە ئەينەك، ئابدۇللا بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان بىلىدۇ. پاتىگۈل تىكلىمە ئەينەككە قاراپ بىردەم ئۆزىنى تۈزىگەندىن كېيىن باشقىچە بىر ئادەمگە ئۆزگىرىدۇ - دە، خۇددى ياردار بولغان يولۋاس جان ئاچچىقىدا ئوۋچىغا خىرىس قىلغاندەك، ھېچنېمىگە

قارىماي ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. يوپۇرۇلۇپ كەلىسغۇ بىر نۆرى، يامان يېرى ئاغزىغا كەلگىنىچە زاكونلىشىپ، گېپى تور يېيىمگەن هامان تىكلىمە ئەينەكنىڭ يان تەرىپىدىكى نەقىشلىق ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى چامادانىنى كۆتۈرۈپ يامانلاپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللانىڭ قىيامىتى باشلىنىپ، قوشنىلاردىن، مەھەللە ـ كويىدىكى كىشىلەردىن نومۇس قىلىپ جىددىيلىشىپ كېتىدۇ ـ دە، دەرھال پەيلىنى ئۆزگەرتىپ، پاتىگۈل دەرۋازىدىن چىقىپ بولغۇچە يالۋۇرۇپ توسۇۋالىدۇ. مانا، مۇشۇ مىنۇتلاردا پاتىگۈل ئابدۇللانىڭ تىلىدىن ئاجايىپ يېقىملىق، شېرىن گەپلەرنى ئاڭلاشقا مۇشەررەپ بولىدۇ. ئابدۇللا ھېلىلا ئۆزىنى چاغلىماي قىلىپ قويغان گەپلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئىلگىرى «مودا قوغلىشىپ كىيىم ـ كېچەكنى ئىسراپ قىلىۋەتتىڭىز» دېگەن سۆزلىرى ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ. مانا، بۇگۈنمۇ شۇ «كومېدىيە» تەكرارلاندى. ئەمما، پاتىگۈل بۇ قېتىم پەيلىدىن ئاسانلىقچە ياندىغاندەك قىلمايتتى. ئابدۇللا ھويلىدا شۇنچە تىرىشىپمۇ پەقەت ئۇنىڭ قولىدىكى چامادانىنىلا ئېلىپ قالالىدى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە پاتىگۈلنىڭ يامانلاپ ماڭغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن كەچتىلا بېرىپ قايتۇرۇپ كەلدى. لېكىن، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار ئىلگىرىكىدەك ئىناق ئۆتەلمىدى. بۇ ھال ئابدۇللانىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. سىرتتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە ئائىلىنىڭ ئىللىق مېھرىگە چۆمۈلەلمەسلىك ئەركىشى ئۈچۈن ئازابلىق ئىدى. بۇنداق كۆڭۈلسىز تۇرمۇشنىڭ داۋاملىشىۋېرىشىگە ئابدۇللا ئەمدى تاقەت قىلالمايتتى. پاتىگۈل بىلەن بولغان سوغۇق مۇناسىۋەتنى ئىللىتماي بولمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. ئاخىر ئابدۇللا ئۆزى ئانچە خالىماي ـ دىغان بەزى ئىشلارنى پاتىگۈلنىڭ كۆڭۈل رايى بويىچە قىلىشقا ۋەدە بەرگەندىلا، ئىلگىرىكى ئىناقلىق تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى.

*          *          *

ئەتىياز كېلىپ دېھقانلارنىڭ ئالدىراش مەزگىلى يەنە باشلاندى. نۆۋەتتە ئاقتاشلىقلار دۇچ كېلىۋاتقان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئابدۇللانىڭ ئىسلاھاتچىلارغا خاس ئىجادچانلىق روھى بىلەن، ئاقتاشتا بەزى يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىرادىسىدىن مۇستەسنا هالدا چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئابدۇللا يىل بېشىدىلا ئاقتاش يېزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق دەپ قارىغان بىرقانچە ئىشنى يولغا قويۇشقا بەل باغلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىدىغان كۆلەمنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلار دېھقانلارنىڭ روھىنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق باغىۋاراڭ، ئېغىل - قوتانلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئۆزگەرتىش چاقىرىقى كۆتۈلمىگەندە قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئەسلىدە ئابدۇللا بۇ ئارقىلىق باغ ۋە هويلا - ئارانلاردا كۆپ يەرنى ئىگىلىگەن جىگدە، سۆگەت، تېرەك قاتارلىق مېۋىسىز دەرەخلەرنى بىردەك قومۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىغا ياڭاق، ئۆرۈك، ئانار قاتارلىق ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى تىكىش، بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ شاخ - شۇمبا، قومۇش، يۇلغۇنلاردا چىتەنلەپ هەرەڭ - سەرەڭ ياسىۋالغان قوتانلارنى ئۆلچەم بويىچە بىرتۇتاش سېلىپ، ئائىلىلەرنىڭ باغ ۋە هويلا - ئاران ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى ئىدى. مۇبادا ئابدۇللانىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشسا، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەندىن باشقا، ئاقتاشقا يېڭىچە تۈس كىرەتتى. مۇهىمى، ئىسلاھاتچىغا خاس بۇنداق يېڭىلىق يارىتىش روھى ناهىيە، ۋىلايەت مەسئۇللىرىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايتتى. ئۇ چاغدا...... ئابدۇللا هەر قېتىم بۇ ئىشلارنى ئويلىسا شۇنچە

تاقەتسىزلىنىپ، پىلاننى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالدىرايتتى. بىراق، دېھقانلار «بۇ بوۋام رەھمەتلىك ئۆز قولى بىلەن تىككەن تېرەك، كېسۋەتسەڭلار مەرھۇمنىڭ روھى قورۇنىدۇ»، «بۇ رەھمەتلىك چوڭ ئانامنىڭ نەزەرى چۈشكەن سۆگەت، كېسۋەتسەڭلار ھەرگىز بولمايدۇ» دېگەندەك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئىشنى يۇرۇشتۇرمەيۋاتاتتى. يەنە بەزىلەر چوڭ دەرەخلەردىن كۆرە، كىچىك دەرەخلەرنى قومۇرۇۋېتىشكە نارازى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئابدۇللا ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىرادىسىدىن يالتىيىدىغاندەك قىلمايتتى. شۇڭا، ئۇچرىغان زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا بىرنەچچە كىشىنىڭ دىلىنىمۇ ئاغرىتىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىلىنى بەكرەك رەنجىتىۋالغىنى يەنە شۇ جالالىدىن ئاخۇن بولدى. ئۇ كونى سەيدىئەخمەت تۇرا تەشكىللىگەن دەرەخ كېسىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى. گۇرۇپپا ئەزالىرىنى سەيدىئەخمەت تۇرانىڭ: «بىر كونى ياغاچ كەسسەڭلار، ئۈچ كۈنلۈك مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە ھېسابلايمەن» دېگەن «بۇيرۇقى» شۇنداق كەسكىن قىلىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قەدىمى كىمنىڭ بېغىغا يەتسە، دەرەخلەر ھەش - پەش دېگۈچە يىقىلىپ بولاتتى. تام قوشنىسىنىڭ شۇنچە باراقسان ئۆسكەن تېرەكلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن يىقىلغانلىقىغا ئۈنچىقماي قاراپ تۇرغان جالالىدىن ئاخۇن نۆۋەت ئۆزىگە كەلگەندە خۇددى دەرەخكە ئەمەس، پالتا پۇتىغا چېپىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، سەيدىئەخمەت تۇرانىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئۇلار تازا دەتالاش قىلىشىۋاتقاندا، روزى كادائ ئابدۇللانى باشلاپ كەلدى. ئەسلىدە سەيدىئەخمەت تۇرا جالالىدىن ئاخۇنغا ئۆزى تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئابدۇللانى چاقىرىپ كېلىشكە روزى كاداڭنى خېلى بۇرۇنلا يولغا سالغانىدى، ئابدۇللامۇ جالالىدىن ئاخۇننى رەنجىتىش تۈپەيلى سەدىردىن بىلەن قايتا

زىددىيەتلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تېزلا يېتىپ كەلدى. بىراق، ئابدۇللا ئەھۋالنى جالالىدىن ئاخۇنغا ھەرقانچە چۈشەندۈرسىمۇ كار قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، كېسىش يېشىغا يەتكەن بىرنەچچە تۈپ تېرىكدىن باشقا دەرەخنى كەسكىلى قويمىدى. ئاخىر ئابدۇللا ئۇنىڭغا مېۋىلىك دەرەخ بىلەن مېۋىسىز دەرەخنىڭ يارىتىدىغان قىممىتىنى ئوبدانراق دەڭسەپ بېقىشنى تاپىلاپ، قايسىدۇر زۆرۈرىيەت بىلەن ئاچما كەنتكە ئالدىراش كېتىپ قالدى. كېيىن سەيدىئەخمەت تۇرا جالالىدىن ئاخۇننىڭ چىرايىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىدىن قورقۇپ، دەرەخ كەسكۈچىلەرنى ياۋاش ھەم مۇلايىم كىشىلەرنىڭ بېغىغا باشلاپ ماڭدى. ئۇلار قاۋۇل سېكرېتارنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىشكى ئالدىدىنمۇ ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەلپازىمۇ جالالىدىن ئاخۇننىڭكىدىن قېلىشمايتتى. نەتىجىدە جالالىدىن ئاخۇننىڭ جاھىللىقى كارغا كېلىپ، شۇنچە كۆپ تېرەك - سۆگەتلەر بۇ قېتىملىق دولقۇندىن ئامان قالدى.

مېۋىسىز دەرەخلەرنى كېسىش دولقۇنى غازلىقتىكى مۇلايىم ھەم ياۋاش دېھقانلارنىڭ بېغىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئاقتاش تەۋەسىدىكى كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇگۈن دەرەخ كېسىدىغانلارنىڭ قەدىمى نۆۋەت بويىچە مەرھۇم ئەخمەت بوۋاينىڭ قاپاق تېرەكلەر گىرەلىشىپ باراقسان ئۆسكەن بېغىغا يەتتى. سەيدىئەخمەت تۇرانىڭ ئويىچە، بۇ ئائىلىدە جالالىدىن ئاخۇندەك ئۇقىرىكنى چىقىرىپ كېلىدىغان بىرەرسىمۇ يوق ئىدى. بىراق، دەرۋازا ئالدىدىكى ئۈچ تۈپ سەگۈ تېرەك يىقىلىپ بولغاندا، ھۆۋىخان دېمى سىقىلىپ ياتقان يېرىدىن ھۆمۈدەپ ئاران قوپۇپ، ئۇنىڭ خىيالىنى بەربات قىلىۋەتتى:

— ۋۇي، بىغەرەزلەر! شۇنداق ئوبدان ئۆسۈۋاتقان تېرەكلەرنى كېسىشكە قولۇڭلار قانداقمۇ باردى؟ تېرەكلەرنى كەسكۈچە مانا

مېنىڭ ماۋۇ پۇتۇمنى كېسىڭلار! ــ دېدى ئۇ كېسىلىپ يىقىتىلغان تېرەككە تاشلىنىپ زارلانغىنىچە، ــ ۋاي، رەھمەتلىك دادىسى...... ۋاي، ئەخمەت ئاخۇنۇم!...... ئەجىرلىرىنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى مۇرەببىم...... سىلى تىككەن تېرەكلەر چەيلەندى...... بىر تال شېخىنى چاتاشقىمۇ قولىرى بارمىغان تېرەكلەر نابۇت بولدى...... ۋاي دادىسى! ھايات چاغلىرىدا «دەرەخ يىقىلسا ئۆيىمىزنى قۇم باسىدۇ» دەيتتىله. ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ بۇ دەردكە قانداق چىدايمەن!

ھۆۋىخانىنىڭ يىغىسى شۇ تاپتا ھەممىنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى. ئەمەلىيەتتىمۇ چاچلىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ، چىرايىنى ئىجىر ـ مىجىر قورۇق باسقان، ئاقتاشتىكى ئاياللارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چوڭ سانىلىدىغان بۇزرۇكۋارنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىغا قاراپ ھەرقانداق كىشىنىڭ ھېسداشلىقى كەلمەي قالمايتتى. ئەمەل پىچىقى تېخى يېڭى بولغاچقا، ئىشلارنى كېسىپ ـ كېسىپ قىلىۋاتقان سەيـ ـدىئەخمەت تۇرا دەرھال ھۆۋىخانىنى يۆلەپ، تولىمۇ مۇلايىم تەلەپپۇزدا:

ــ ھۆۋىخان ئانا، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، بۇ تېرەكلەرنىڭ ئورنىغا ياغاق، ئۆرۈك، چىلان كۆچىتى تىكىپ بېرىمىز. يەنە ئازادە قوتان سېلىپ بېرىمىز، ــ دېگەن بولسىمۇ ھۆۋىخان ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى.

ــ مېنى تۇتما، بەگباش! يىغلىغىلى قوي! غازلىقتا ياغاق كۆچىتى ئەي بولسا، ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم ئەخمەت ئاخۇنۇم تىكمەمتى؟ تېرەكلەرنى كېسىۋېتىپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلەلەيسەن؟ جەددى ـ جەمەتىڭگە بەرگەن تۇزىمىزنىڭ جاۋابىمۇ بۇ؟

ھۆۋىخانىنىڭ تېرەكنى قۇچاقلاپ زارلىنىۋېرىشى گورۇپپا ئەزالىرىنىڭ غەيرىتىنى كۆككە سورۇدى. نەچچىسىنىڭ قولىدىكى ھەرە، پالتا قاتارلىق سايمانلار يەرگە ئىختىيارسىز چۈشۈپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا موتوسىكلىت بىلەن خۇمداندىن كەلگەن سوپى ئاخۇن ئانىسىنىڭ تېرەكنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەلپازىنى بۇزدى:

— كۈچۈڭ ئەمدى ئاجىز ئانامغا يەتتىما، بۇلاڭچى!؟ تېرەك-لەرنى كېسىدىغانغا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى؟ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرىمەن!

سوپى ئاخۇن شۇنداق دېگىنىچە سەيدىئەخمەت تۇرانىڭ گېلىنى بوغماقچى بولدى. باشقىلار نېمە قىلارىنى بىلمەي ئېسەنگىرەپ قېلىشتى. روزى كاداڭ سوپى ئاخۇننىڭ كۆكەملىكىگە ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرغان ئانايەت كۇدەككە:

— توۋا خۇدايىم! «ياۋاش ئۇيىنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دەپ، شىرىقنى چىشلىگەن ئىتقىمۇ ئۆمرىدە چالما ئېتىپ باقمىغان سوپىنىڭ ئەلپازىنى كۆرمەمسىلەر! سېكرېتارنىڭ گېلىنى بوغۇپ توخۇ جىرىم غاجىغاندەك ئىش قىلدىغۇ ماۋۇ يېتىم! — دېۋىدى، يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرەركىن دېگەندەك ئەتراپقا قىزىقىش ئىلكىدە قاراۋاتقان ئانايەت كۇدەك:

— كونىلارنىڭ «پۇل گاچىنىمۇ سۆزلىتىدۇ» دېگەن گېپىنى ئاڭلىمىغانمۇ، كاداڭ ئاكا؟ ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك دوڭغاق ئۈجمىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قالىدىغان گولەش سوپى ئەمەس. ئۇنى نىياز لوبەن مۇشۇنداق نوچى قىلىۋەتتى. قارىمامسەن، پۇتىدا خۇرۇم بەتىنكە، چاتىرىقىدا تۆمۈر ئارغىماق تۇرمامدۇ! — دېدى ھەيبارلىق بىلەن.

راست، سوپى ئاخۇننىڭ ئون نەچچە يىل ئىلگىرى بىر ئۈجمە پىششىقىدا چوڭ كۆلنىڭ بويىدىكى دوڭغاق ئۈجمىگە يامىشىپ چىقىپ، تويغۇچە ئۈجمە يېگەندىن كېيىن ئاچماق شاخقا يۆلىنىپلا ئۇخلاپ قالغان قىزىقارلىق تارىخى بار ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزى يامىشىپ چىققان ئۈجمىدىن چۈشەلمەي قورقۇپ تۇرغاندا،

ئەخمەت بوۋاي ئۈچمىگە شوتا قويۇپ بەرگەنىدى. بۇ ئىش شۇنىڭدىن بېرى غازلىقتا كىمدىكىم بوشاڭلىق ھەققىدە گەپ ئاچسا مىسالغا ئېلىنىپ كېلىنىۋاتاتتى. بىراق، سوپى ئاخۇن ھازىر بۇرۇنقىدىن كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىپ، باراڭدا يىگلەپ قالغان كاۋىنى ئەسلىتىدىغان بەدرەڭ چىرايى باشقىچە نۇرلىنىپ، ۋىجىك بەستىگىمۇ ئىسكەت كىرىپ قالغانىدى. ئىلگىرىكى قاچان قارىسا ئەسكى ئۆتۈكنىڭ قونچىدەك تۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشتىنى ئەمدى دەزمال سېلىنىپ قىر چىقىرىلغان سارجا ئىشتانغا، ئاق خەسە كۆڭلىكى چاقماق كۆڭلەككە ئالماشقانىدى. تېخى يېقىنغىچە بوينىنى قىسىپ ياۋاش - يۇمشاق يۈرىدىغان سوپى ئاخۇننى غازلىقلار مازاق ئېتىشىپ: «ئەخمەت بوۋاينىڭ يانچۇق پىچىقى» دەپ ئاتىشاتتى. دېمىسىمۇ سوپى ئاخۇن ئەخمەت بوۋاي ئۆلۈپ كەتكۈچە ھويلىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنى ماكان قىلىپ ئۇنىڭدىن نېرى كەتمىدى. ئېتىزدىن قولى بوشىسىلا ئەخمەت بوۋاينىڭ چوڭ - كىچىك ھاجىتىدىن چىقاتتى. بوۋاينىڭ يىراق - يېقىن ھەرقانداق سەپىرى سوپى ئاخۇن تەييار قىلغان ئېشەك ھارۋىسى بىلەن تاماملىناتتى. قىسقىسى، سوپى ئاخۇن غازلىقتىكى رىزقىنى دېھقانچىلىق بىلەن، ئاتا - ئانىسىنىڭ رەھمىتىدىن ئېرىدەيدىغان مېھنەتكەشلەر تەركىبىدىن ئىدى. ھازىر نىيازنىڭ شاپائىتى بىلەن، بىراقلا پۇلدارلار تەركىبىگە ئۆتۈپ قەددىنى رۇسلىشى ئاقتاشتىكى يەنە بىر يېڭىلىق ئىدى. ئىلگىرى ئىككى بالىغا ئانا بولغىنىغا قارىماي تولا يامانلايدىغان خوتۇنىمۇ ئەمدىلىكتە سوپى ئاخۇننىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايتتى، بەلكى ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ھۆرمەتلەيتتى. سوپى ئاخۇننىڭ بۇگۈنكى جۈرئىتىگە سەيدىئەخمەت تۇرامۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئەجەبلەنمەي تۇرالمايتتى. شۇ تاپتا سوپى ئاخۇننى پەيلىدىن قانداق ياندۇرۇشنى بىلمەي ھودۇقۇپ تۇرغانىدا، كوچا ئاغزىدا

ئابدۇللانىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئەسلىدە ئابدۇللاغا بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشنى كىمدۇر بىرى يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئابدۇللا غازلىقنى دىققەت نەزەرىدىن يىراق قىلماي كېلىۋاتاتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئاقتاشتا زور داۋالغۇش پەيدا قىلىۋاتقان باغ ۋە قوتان ئۆزگەرتىش دولقۇنى قايسىبىر دىلكىشنىڭ دىلىنى يەنە رەنجىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمەيمۇ تۇرالمايتتى. بىر ھېساپتا جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئىككى مو يەردىكى كۆچىتىنىڭ قومۇرۇلۇشى سەۋەبلىك سەدىردىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دەز كەتكەنلىكى ئابدۇللانى مانا مۇشۇنداق ئېھتىياتچان قىلىۋەتكەنىدى.
سەيدىئەخمەت تۇرا ئابدۇللانى كۆرۈپ بىردىنلا روھلاندى ـ دە، سوپى ئاخۇننى كەينىگە ئىتتىرىپ:
ــ سوپى، گېلىمنى بوغما! ئەنە، يېزا باشلىقى كەلدى. نوچى بولساڭ تىكەننى كىرگەن يەردىن ئېلىپ، گېپىڭنى ئۇنىڭغا دېگىن! تېرەكلەرنى كېسىشكە مېنى يېزا باشلىقى بۇيرۇمىسا، جاپا تارتىدىغانغا بېشىم ئىششىپ قالمىدى مېنىڭ! ــ دېدى.
سوپى ئاخۇن شۇئان سەيدىئەخمەت تۇرانى قويۇۋېتىپ، ئابدۇللانىڭ يېنىغا كەلدى. ئابدۇللا كۆڭلىدە سەيدىئەخمەت تۇرانىڭ زىددىيەتتىن قېچىپ، خاپىلىقنى ئۆزىگە ئىتتىرىۋاتقانلىقىغا خاپا بولغان بولسىمۇ، جاراستانىغا چاندۇرمىدى.
ــ بىزدىكى ئۆچۈڭ قاچان تۈگەيدۇ سىېنىڭ؟ نىياز كۆننىڭ سېرىقنى كۆرسە چىدىماي ئاچچىقىڭنى بىزدىن ئالامسەن؟ رەھمەتلىك دادام ھايات ۋاقتىدا بىر پۇلغا زار بولغاندىمۇ بۇ تېرەكلەرنى كەسمىگەن! ــ دېدى سوپى ئاخۇن قولىنى شىلتىپ.
ــ سوپىكا، سەن مەقسىتىمىزنى چۈشەنمەيسەن. ئۆپكەڭنى بېسىۋېلىپ تۇرغىن، ساڭا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي! ــ دېدى ئابدۇللا سوپى ئاخۇننى پەيلىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن سەممىي ھالدا. ئاندىن ياندا تېرەكنى قوچاقلاپ يىغلاۋاتقان

ھۆۋىخاننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— مەن غەرەز ئۇقمايدىغان كالۋا ئەمەس! — دېدى سوپى ئاخۇن ئابدۇللانىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالماي يەنىلا ئىلگىرىكى ئەلپازدا، — ئۆز ۋاقتىدا دادام رەھمەتلىك «دەرەخ بولمىسا ئاقتاشنى قۇم باسىدۇ» دەيتتى. بەلباغدىكى تېرەكلەر كېسىلىۋىدى، دېگەندەك بىنەم يەرلىرىمىزنى قۇم باستىغۇ! ئەمدى سەنلەر ئۆيلىرىمىزنىمۇ قۇمغا تاشلاپ بەرمەكچىمۇ؟ بىلسەڭ، ئاقتاشتا كۆزى كور ئادەملا مۇشۇنداق دەرەخلەرنى كېسىدۇ!

ئۇ ئابدۇللانىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قۇلاق سالىدىغاندەك قىلمايتتى. ئارىدا بۇ يەردىكى ماجىرادىن خەۋەر تاپتىمۇ، ئەيتاۋۇر، جالالىدىن ئاخۇن، قادىر ئاخۇن، ھوشۇر موزدۇزلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى.

— ئۆزۈڭلارنى كۆرستىشكە ئالدىراپ، ئەقلىڭلار دۈمبەڭلىگە چىقىپ قالغان چېغى سىلەرنىڭ! بىلسەڭلار، ئاقتاشتا دەرەخ كېسىش خۇددى ئادەم ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشلا قەبىھ ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈلنىڭ قۇملىرى بوسۇغىمىزغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندىمۇ سىلەر يەنە يۇقىرىنىڭ باركاللىسىغا ئېرىشىمىز دەپ ھاما-قەتلەرچە دەرەخ كەسسەڭلار قانداق بولغىنى! — دېدى جالالىدىن ئاخۇن سەيدىئەخمەت تۇراغا گۆلىيىپ.

گەرچە جالالىدىن ئاخۇن بۇ گەپلەرنى ئابدۇللاغا قاراپ دېمىگەن بولسىمۇ، ئەتراپىقا توپلانغانلار ئۇنىڭ سەيدىئەخمەت تۇراغا دوق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئابدۇللاغا زەربە بەرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشاتتى.

— كونىلار «دەرەخ كەسكەن ئادەمنىڭ قولى قۇرۇپ كېتىدۇ» دەپ ھەرگىزمۇ بىكار ئېيتمىغان، — دېدى ئارىدا قادىر ئاخۇن ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىكى مەيدانىنى ئىسپاتلاپ.

— يۈرەكتىكى گەپنى دېدىڭىز، قادىر ئاخۇن! قۇم - بوراننى

توسىدىغانغا تېرەكلەرنىڭ بولغىنى ھەممىدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئادەتتە كەنتنىڭ ئىشلىرىنى ئانچە زىغىرلاپ يۈرمەيدىغان ھوشۇر موزدۇزمۇ كۆتۈلمىگەندە سوپى ئاخۇنغا مەدەت بېرىپ.

ئارىدىكى پاراڭلار خۇددى «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەن يوسۇندا داۋاملىشىۋاتاتتى. بىراق، ئابدۇللا ئۈچۈن شۇ تاپتا ھۆۋىخاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. باشقىلارنىڭ مىڭ ئېغىز سۆزىنىڭ ۋەزنىنى ھۆۋىخاننىڭ بىر كەلىمە گېپى بېسىپ كېتەتتى. شۇڭا، ئابدۇللا ئەتراپىدىكىلەرگە ئېتىبار بەرمەي، ھۆۋىخاننى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، كۆڭلى-نىڭ پېشىدىكى توپىنى قېقىشتۇردى. ئاندىن يىقىلغان تېرەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ:

— ھۆۋىخان ئانا، سەيدىئەخمەت سېكرېتارنىڭ قىلغىنى توغرا، تېرەكلەرنى كېسىۋېتىشنى ئۇنىڭغا مەن ئورۇنلاشتۇرغان. تېرەكلەرنى كېسىۋېتىپ، ئورنىغا ياڭاق، ئۆرۈك، چىلان كۆچىتى تىكىپ بېرىمىز، — دېدى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ. ئەمەلىيەتتە ئابدۇللا سەيدىئەخمەت تۇراغا تەنە قىلىپ، ئىشنى جايىدا ئاقتۇرالماي ئۆزىنى چىشلەپ تارتقانلىقىغا غەزەپلىنىۋاتاتتى. ھۆۋىخان ئابدۇللاغا تىكىرقاش ئىلكىدە قارىدى. قورۇقلار ئارىسىدا ئاجىز پىلىلداپ تۇرغان كۆزىدىن تولىمۇ سوغۇق نۇر چاقنىدى. دەقىقە ئۆتۈپ ئۇ نۇر خۇددى ئۆتكۈر زەھەردە سۇغىرىلغان ئوقيا ئوقىدەك ئۇدۇل كېلىپ ئابدۇللانىڭ يۈرىكىگە سانجىلدى. ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ نېمىدۇر دېيىشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ، بىراق تىلى گەپكە كەلمىدى. ئارىدا ھۆۋىخان ئۇنىڭغا تولىمۇ ئۈمىدسىز نەزەردە تازا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ:

— مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلغاندىن كېيىن نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار!— دەپ ئۆپكىدىگىنىچە قەدىمىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ

ئۆيگە يول ئالدى. شۇ تاپتا چىرايىنىڭ تۇتۇلۇشىدىنلا ئەمەس، ئىغىر نەپەس ئېلىشىدىن ئابدۇللادىن قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئەسلىدە ئەتراپتا تۇرۇشقانلار ھۆۋىخاننى ئابدۇللاغا تېرەكلەرنى كەسمەسلىك توغرىسىدا يېلىنىدۇ، ھېچ بولمىسا ئابدۇللا بىلەن ئوغلى نىيازنىڭ دوستلۇقىنى شىپى كەلتۈرىدۇ دەپ خاتا پەرەز قىلىشقانىدى، ھۆۋىخاننىڭ مۆكچىيىپ قەدىمىنى تەستە يۆتكەپ كېتىۋاتقىنىدىن، بايا بۇ يەرگە كەلگەندىكى مادارىدىن ئەسەر قالمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئازابنى سوپى ئاخۇنلا ھەممىدىن بەك چۈشىنەتتى. مۇشۇ يېشىغىچە مەرھۇم ئەخمەت بوۋايغا ھەمدەم بولۇپ ئۇن-تىنسىز مېھنەت قىلىپ، غازلىقنىڭ بوگونى ئۈچۈن ھېسابسىز تەر ئاققۇزغان ھۆۋىخان ئۈچۈن مەرھۇم ئەخمەت بوۋاي ھايات ۋاقتىدا ئەھيا قىلغان ھەربىر گىياھ، ئىشلەتكەن كەتمەن، پالتا، كەكە، ھەتتا تاماق يېگەن تاۋاق، قوشۇق، شۇنداقلا بىگىز، يىڭنە قاتارلىقلارغىچە ھەممىسى شۇ قەدەر قىممەتلىك تەۋەررۈك ئىدى. ئەخمەت بوۋاي قازا قىلغاندىن كېيىن ھۆۋىخاندىكى بۇ خىل ھېسسىيات تېخىمۇ كۈچىيىۋاتاتتى. باللىرىنىڭ قايسىبىرى مۇشۇ نەرسىلەرنى قەدىرلىمىسە، كەلسە - كەلمەس يەرلەرگە تاشلاپ قويسا ھۆۋىخان شۇئان خاپا بولاتتى. خاپا بولۇپلا بولدى قىلماستىن، شۇ نەرسىنىڭ مەرھۇم ئەخمەت بوۋاي تەرىپىدىن قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى، قانداق ئاسرالغانلىقىنى زېرىكمەي سۆزلەپ كېتەتتى. باللىرى قاچان ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەمدى بۇ يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەندىلا بولدى قىلاتتى. شۇڭا، بوگون مەرھۇم ئەخمەت بوۋاي ئۆز قولى بىلەن تىكىپ، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن ئۈچ تۈپ تېرەكنىڭ يىقىلىشى ھۆۋىخان ئۈچۈن كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. ھۆۋىخان مۆكچىيىپ مېڭىشىنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

قىرىلىق تۆپەيلى كۆنىدىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان جىسمى بۇگۈنكى ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. سوپى ئاخۇن ئانىسىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال كەينىدىن يۆگۈردى. ئابدۇللانىڭ كۆڭلى شۇندىلا ئارامىغا چۈشتى. بىراق، ئۆزىنى شۇ تاپتا چوغقا دەسسەپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، قەدىمىنى تېز - تېز يۆتكەپ كوچا دوقمۇشىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇللانىڭ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيلا كېتىشى ھەممەيلەننى ئەجەبلەندۈردى. جالالىدىن ئاخۇن نېمىشقىدۇر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ يولىغا ماڭدى. باشقىلار ئابدۇللا كەتكەن تەرەپكە خىيالچان تىكىلىپ تۇرغان ئانايەت كۈدەكنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار ئانايەت كۈدەكنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ ئاقتاشتىكى مېۋىسىز دەرەخلەرنى كېسىۋېتىش دولقۇنى ھەققىدىكى قارىشىنى بىلىپ باقماقچى ئىدى. دېمىسىمۇ، ئانايەت كۈدەك مۇشۇنداق ئىشلاردا ئىككى يېنىغا قارىمايلا دادىل ئوتتۇرىغا چىقالايتتى. گاھىدا ئوي - تەسەۋۋۇرلىرى دەل توغرا چىقىپ غازلىقتىكىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى.

— كاداڭ ئاكا، قېنى دەپ باقە، مۇبادا بۈگۈن مەرھۇم يېزا باشلىقىمىز بارات نىياز مۇشۇ جاراستاندا بولغان بولسا قانداق قىلاتتى؟ ئابدۇللادەك قۇيرۇقنى خادا قىلىپ قاچارمىدى ياكى تېرەكلەرنىڭ قاتىللىرىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ماۋۇ سەيدىسەئەخمەت سېكرېتارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، قولىدىكى پالتىنى تارتىۋالارمىدى؟ — دېدى ئۇ ئەتراپىغا توپلانغانلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك روزى كاداڭغا مەنىلىك قاراپ.

روزى كاداڭ نارازى بولغاندەك تەلەپپۇزدا دېدى:

— ئۇكام ئانايەت، بۇ سوئالنى يېنىڭدىكى شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ بىرىدىن سورىماي، ئەجەب مەندىن سورايسەنغۇ؟

— باشقىلار سەندەك ئەمەلدار بولمىسا، نېمىشقا ئۇلاردىن

سورايتتىم؟ بىلسەڭ، ئەمىلىڭ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغىنى بىلەن، ئاۋۇ سومكاڭدىكى دەپتىرىڭ ھەممىدىن يامان، گويا داداڭدىن قالغان مىراستەك، جاھان ئۆگىتەي - تۆگىتەي بولۇپ كەتسىمۇ سەندىن ھېچكىم تارتىۋالمايدۇ. شۇڭا، قورقۇشنى قويۇپ، سوئالىمغا جاۋاب بەرگىنە!

— بۇ يەردە مەندىن چوڭ ئەمەلدار تۇرسا ماڭا گەپ ئاشامدۇ؟— روزى كاداڭ شۇنداق دېگىنىچە، ياندا زوگزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان سەيدىئەخمەت تۇراغا قاراپ قويدى.

سەيدىئەخمەت تۇرا ئانايەت كۇدەڭ بىلەن روزى كاداڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان پاراڭنى ئاڭلىمىغاندەك ئېرەنسىز ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئابدۇللا كەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شۇ چاغدا ۋىجىك بىر كىشى:

— ئاۋۇ غوجىسىدىن ئەپۇ سورىغىلى ماڭدى ئەنە، قارىغاندا كەنتىمىزدىكى تىرەكلەر بۇ قېتىم ھۆددەس قىرىلىپ كەتكۈدەك، — دېدى تامىقىنى چىكىلداتقىنىچە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

— روزىكا، سېنىڭمۇ قوڭۇڭ مايلىۋېتىلگىلىك بولغاندىكىن سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمىدىڭ، بوپتۇ، ئۆزۈم سورىغان سوئالغا ئۆزۈملا جاۋاب بېرىۋېتەي، سىلىگە دېسەم، مۇشۇ تاپتا مەرھۇم ئاكىمىز بارات نىياز ھايات بولغان بولسا...... ھەي، غازلىقتىكىلا ئەمەس، پۈتۈن ئاقتاش تەۋەسىدە بىر تۈپ ئورمانىنىمۇ ھەرگىز كەسكىلى قويمايتتى، ھەتتا ناھىيەدىن بۇ ھەقتە پەرمان كەلسىمۇ، ماقۇللا دەپ قويۇپ بۇنداق قاراملىق قىلمايتتى، تۇغقانلار!

— دۇرۇس ئېيتتىڭ، ئۇكام ئانايەت، — دېدى بايىقى ۋىجىك كىشى ئانايەت كۇدەكنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — بارات نىياز ئاجايىپ ئوبدان ئادەم ئىدى. دەرۋەقە، ھايات بولغان بولسا چوقۇم سەن دېگەندەك قىلاتتى. ھېلىقى بىر يىلى قەھرىتان سوغۇقتا داۋان تۆۋىگە ناھىيە بويىچە ھاشارغا بارغىنىمىز ئېسىڭلاردا

باردۇ، ھاكىم بىر كۈنى بارات نىيازغا: «سىلەر ئاقتاشلىقلار نېمىشقا سەھەرلىك دولقۇنغا چىقمايسىلەر؟» دەپ دوق قىلغاندا، بارات نىياز: «دېھقانلار كوپېراتسىيەنىڭ ئىشكى ئەمەس، بەلكى ئادەم. ئۇلار كەچلىك دولقۇندىن تۈن نىسپىدە يېنىپ ئازراقلا ئارام ئالغان تۇرسا، يەنە سەھەرلىك دولقۇنغا قاتناشسا قانداق بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ مۇبادا ئۇلارنى سەھەرلىك دولقۇنغا ئېلىپ چىقسەن دەيدىغان بولسىلا، مېنى ئەمەلىمدىن بىكارلاپ قويسىلا، ۋىلايەتكە دەردىمنى تۆككىلى بارىمەن!» دەپ ئوغۇل بالىدەك مەيدىسىگە موشتلىغان ئەمەسمۇ!

— راست، شۇنداق ئىش بولغان، — دېيىشتى باشقىلار سېغىنىش ئىلكىدە باشلىرىنى لىڭشىتىپ.

— ئۇكام ئانايەت، سېنىڭچە تېرەكلەرنى كېسىشتىن ئىبارەت بۇ بولمىغۇر شامالنى بىر ئامال قىلىپ توسۇپ قالغىلى بولماسمۇ؟ — سورىدى ئەتىدىن بېرى خىيالغا پېتىپ تۇرغان قادىر ئاخۇن ئانايەت كۆدەككە سولغۇن ھالدا قاراپ.

— بولمايدۇ! — دېدى ئانايەت كۆدەك كېسىپلا، — ناھىيە-دىكى كاتتىباشلار ئابدۇللانىڭ مۇشۇنداق تېرەكلەرنى كەستۈرۈ-ۋېتىشىگە قانداق باھا بېرىپتۇ، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — ھەممەيلەن گاڭگىرىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى، — ئىسلاھاتچى دەپتۇ! «ئىسلا-ھاتچى» دېگەنىنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىلەر؟ ياق، سىلەردەك توشقان يۈرەكلەر مەندەك شەھەر كۆرۈپ تۇرمىغاندىكىن ئەلۋەتتە بىلمەيسىلەر. سىلەرگە دېسەم، كونا ئىشنى بۇزۇۋېتىپ، يېڭى ئىشنى باشلىغانلارنى ھۆكۈمەت «ئىسلاھاتچى» دەيدۇ. ئۇنداق-لارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى يۇقىرىدىكىلەر يۆلەيدۇ. بىز ناھىيەگە بېرىپ دەردىمىزنى تۆكۈپ بېشىمىزنى يېرىۋەتسەكمۇ، يولۋاس ئۆز بالىسىنى ھەرگىز چىشلىمەيدۇ!

— ھەي ئىست، قارىغاندا ھېچقانداق ئامالىمىز يوقكەن- دە ئەمدى، ئانايەتكا؟!

— ئانايەت ئۇرۇنۇپ باقسا بىرەر ئامالمۇ تېپىلىپ قالار ئىدى.

— ئامال يوق دېدىمغۇ! مەرھۇم بارات نىيازدەك پېشقەدەملەر دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن «خاتالىشىپ كەتسەك ئەمەلدىن ئايرىلىپ ئۆيىمىزدە دەم ئالارمىز» دەپ بىرنى ئويلىغان بىلەن، ئابدۇللادەك ئىسلاھاتچى ياشلار ئەمەلنىڭ تېخىمۇ چوڭىغا ئېرىشىشنىلا ئويلايدۇ. ئەگەر ھېلىقىدەك جاڭ - جاڭ سوغۇقتا ھاشار بولۇپ قالسا، ئابدۇللا دولىمىزغا دەسسەپ يۇقىرىغا يامىشىش كويىدا بولىدۇ...... چوقۇم مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا چىن پۈتسەڭلا خاتالاشمايسىلەر تۇغقانلار.

— شۇنداقمۇ قىلارما؟

— ئىشەنمىسەڭلار بۇنىڭدىن كېيىن كۆرىسىلەر، — ئانايەت كۇدەكنىڭ كېيىنكى گېپى كىشىلەرنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى بولغاي، بىر - بىرلەپ كېتىپ قېلىشتى. پەقەت دەرەخ كېسىدىغان گۇرۇپپا ئەزالىرىلا سەيدىئەخمەت تۇرانىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئورنىدىن مىدىرلاشمىدى.

ئابدۇللا ئىشخانىسىدا ئويغا پېتىپ ئولتۇرۇپ ئارقىدىن ئۈچ تال تاماكا چېكىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغاندىن بۇيان بىر قېتىمدا ئەڭ كۆپ چېكىشى ئىدى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئاچچىقى ياندىغاندەك قىلمايتتى. شۇ تاپتا ھۆۋىخانىڭ بايىقى رەنجىشىدىن كۆرە، كۆپ باش قاتۇرۇپ تۈزۈپ چىققان ئەھمىيىتى زور پىلانىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز يېقىنلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتاتتى. مۇبادا ھۆۋىخانىنى قايىل قىلالمىسا، غازلىقنىڭ بۇ قېتىمقى ئىشى يۈرۈشمەيتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، جالالىدىن ئاخۇن تېرەكلىرىنى كەسكىلى قويماي ھۈرپىيىپ تۇرغان، قادىر ئاخۇن بىلەن ھوشۇر

مـوزدۇز ئۇنىڭغـا ئەگـىشىۋاتقان ئەھۋالـدا، باشـقىلارنىڭ: «ئـاۋۋال جالالىـدىن ئـاخۇن بىـلەن ئەخمەتكامىنىـڭ تىرەكلىرىنـى كېسىڭلار، ئـانـدىن بىـز كېسىمىز» دەپ تۇرۇۋېلىشى ئېنىـق ئىـدى. بۇ ھالـدا غازلىقلار سەيدىئەخمەت تۇرانى «يامانـدىن قورقۇپ، ياۋاشنى بوزەك ئەتتى»، ئابدۇللانـى بولسا «يىقىنلىرىغا چاپان ياپتى» دېيىشتىن يانمايتتى. بۇ كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشمەي، بىر ئىـزدا توختـاپ قېلىـشىنى كەلتـۈرۈپ چىقىراتتـى...... ئويلىغانـسېرى ئابـدۇللانىڭ كـۆڭلى شـۇنچە غەش بـولاتتى. ئـۇ خىيـال قايىنىمـىدا ئۈزۈۋېتىپ بىردىنلا قـاۋۇل سـېكرېتارنى ئەسـلەپ قالـدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئابـدۇللا قـاۋۇل سـېكرېتارنى دادىـسى مەرھـۇم سـۇلايمان ياۋاشـقا قىلغـان ئەسـكىلىكلىرى ئۈچـۈن بۇرۇنـدىن يـاقتۇرۇپ كەتمەيتتـى. كېيىنكـى چـاغلاردا پاتىگۈلنىـڭ تەسـىرى بىـلەن بـۇ قارىشىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، بىراق بارات نىياز قازا قىلغاندىن كېيىن قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئابدۇللاغا يەتكۈزۈۋاتقان مەنپەئەتىدىن كۆرە، روھىي بېسىمى ئېشىپ كېتىۋاتـاتتى. بـۇ ھالـدا قـاۋۇل سـېكرېتار ئابـدۇللانىڭ پېشانىـسىگە چىققـان كۆرۈنمـىسىز سۆگەلگە ئوخشاپ قالغانىدى. ھەممە كىشى دىققەت قىلىـدىغان بـۇ سۆگەلنى ۋاقتىدا يۇلۇۋەتمەي بولمايتتى. دېـمەك، قـاۋۇل سـېكرېتار بىـلەن سـەيدىئەخمەت تۇرانىـڭ ئاسـانلا ئـورۇن ئالمىشـىشىدا مانـا مۇشۇنداق ئىچكى سـەۋەب بـار ئىـدى. ئابـدۇللا ئىككـى چېكىـسىنى ئالىقـانلىرى ئارىـسىغا ئېلىـپ ئولتـۇرۇپ، خىيالـدا قـاۋۇل سـېكرېتار بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى. ئابـدۇللانىڭ ئـويىچە ھازىرقىـدەك ئىـشلاردا قاۋۇل سېكرېتار كارغا كېلەتتـى. ئـۇ ھېچبولمىغانـدا سـەيدىئەخمەت تۇرادەك خـاپىلىقنى ئىنتىرىـپ، ئـۆزى بىـر چەتـكە چىقىۋالماسـتىن، ھەر ئامالىلار بىـلەن ۋەزىيىتـى ئـورۇنلايتتى. ئابـدۇللا ئويلىغانـسېرى ئەمدى ئۆزىنى ئازادە ھەم پاكىز مۇھىتقا كىرىـپ قالغانـدەك خۇشـال كەيپىياتتا سېزىۋاتاتتى. ئەينى چاغدا پـاتىگۈل قـاۋۇل سـېكرېتارنىڭ

ئەملىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرۇلۇق بېشىنى ئاغرىتقاندىمۇ بۇگۈنكىدەك تۈيغۇدا بولمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدا قاۋۇل سېكرېتار بىلەن سەيدىئەخمەت تۇرا تەبىئىي ھالدا سېلىشتۇرما بولۇۋاتاتتى. قىزىق يېرى، ئابدۇللانىڭ نەزەرىدە بارا ـ بارا قاۋۇل سېكرېتار باشقىچە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئاخىر مەرھۇم بارات نىيازنىڭمۇ قاۋۇل سېكرېتارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئەملىدىن ئېلىۋەتمەي، شۇنچە ئۇزاق ئىشلىتىشىدىكى سىرنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

ئەمەلىيەتتە ھۆۋىخاننىڭ ئابدۇللادىن رەنجىشى ھەقلىق ئىدى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ: «مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلغاندىن كېيىن نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار» دەپلا ئۆيگە كىرىپ كېتىشى ئابدۇللادىن قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. ئارىدا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆۋىخان ئابدۇللانى نىياز بىلەن ئوخشاش كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئەلۋەتتە كەنجىلەرنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرىدا ئەخمەت بوۋاينىڭ چۆچىكىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۆيىگە كۆپ كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ھەر قېتىم كەنجىلەر ئەخمەت بوۋاينىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقاندا، ھۆۋىخان خۇددى نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ، قوللىرىغا تاتلىق ـ تۈرۈملارنى تۇتقۇزاتتى. بەزى كۈنلىرى ئوغۇللار كەپسىزلىك قىلىشىپ كىيىملىرىنى يىرتىۋەتكەندە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كايىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇدۇل ھۆۋىخاننىڭ يېنىغا كېلىشەتتى. ھۆۋىخانمۇ ئاۋارىچىلىك ھېس قىلماي چانمىغۇدەك سېپتىلىق بىلەن ياماپ بېرەتتى. ۋاقتى چىقسىلا يەنە كەۋسەر بىلەن خەلچەمنىڭ چېچىنى تاراپ، قىرىق كوكۇلا قىلىپ ئۆرۈپ قوياتتى. ئەپسۇس، ئۇنداق قوۋناق كۈنلەر ئەمدى تولىمۇ يىراقتا قالدى. جىسمى قېرىلىق سوۋغىلىرى بىلەن بېزەلگەن ھۆۋىخان ئۇ ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بىرلا

نەرسىنى ــ ئۇلارغا بولغان ئانىلارچە مېھرىنى ئۇنتۇپ كەتمىدى. شۇڭا، قاچان غازلىقتا كەنجىلەرنىڭ قارىسىنى كۆرسە ياكى ئۇلار توغرۇلۇق بىرەر گەپ ئاڭلىسا ئاجىز قەلبى دولقۇنلىناتتى، خىيالى ئاشۇ يىراقتا قالغان ئۇنتۇلماس كۈنلەرگە ئۇزايتتى. ئەينى چاغدا نىياز يۇرتنى تەرك ئېتىپ كەتكەندە ھۆۋىخان ئابدۇللانى كۆرۈپ تۇرۇش ئارقىلىقلا ھەسرىتى تەسكىن تاپاتتى. چۈنكى، كۆڭلىدە نىياز بىلەن ئابدۇللانىڭ پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. كەنجىلەرگە بولغان مېھرىبانلىق ئۇنى ئەنە شۇنداق ھېسسىياتقا ئادەتلەندۈرگەنىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە قېرىپ مۈكچەيگىنىدە، يەنە كېلىپ قەدىناس مۇرەببىسىدىن ئايرىلىپ يۈرىكى لەختە بولغاندا، ئابدۇللا ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەردى. ئەسلىدە ئابدۇللا مەرھۇم ئەخمەت بوۋاي ئۆز قولى بىلەن تىكىپ پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن تېرەكلەرنى كەستۈرۈۋېتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ مەڭزىگە كاچاتلىغان بولسىمۇ، ئۇ ئابدۇللادىن بۇنچە رەنجىمىگەن بولاتتى. ئاھ، ئابدۇللا تېرەكلەرنى كەستۈرۈپ ھۆۋىخاننىڭ قەلبىدىكى بۈيۈك ئابىدىنى نابۇت قىلغاندەكلا يامان ئىش قىلدى. ئەسلىدە ھۆۋىخاننىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، ئابدۇللا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپلا سەيدئەخمەت تۇرانى تازا تەنقىد قىلىشى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئوسال ئىشنى قىلماسلىققا ۋەدە ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتىنى باشقىلار تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ بىردىنبىر شاھىتى بولغان سوپى ئاخۇن ئانىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى چۈشەنگەنىدى. كېيىن ئۇ ئانىسىنى يۆلەپ كېتىۋېتىپ ئابدۇللانىڭ دەككىسىنى تازا بېرىشنى ئويلىدى - يۇ، بىراق ھۆۋىخاننىڭ كۆڭلىنىڭ يەنە پاراكەندە بولۇشىدىن ئەنسىرەپ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ھۆۋىخان جىمغۇرلىشىپ قالدى، تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى. كۈندىن - كۈنگە تامىقى ئازلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ

قالدى. ئاردا سوپى ئاخۇن ئانىسغا دورا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرىغا بارغاندا، كېسەلگەن ئۈچ تۆپ تېرەك توغرۇلۇق نىيازغا دادلانماقچى بولدى، بىراق نىياز بۇ كۆلدە ئىككى ئورۇندا تەڭلا باشلانغان مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشى بىلەن تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، سوپى ئاخۇن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈشنى خالىمىدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەن بولسىمۇ ئابدۇللا غازلىققا ئاياغ باسمىدى. ئۇنىڭ خەقلەرنىڭ مەيلى «يامانىدىن قورقتى» ياكى «يېقىنلىرىغا چاپان يېپىشتىن يالتايدى» دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى ۋاقتىلىق چەتكە ئېلىپ، سەيدىئەخمەت تۇرانى سىناۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ نەچچە يۈز نوپۇسى بولغان بىر كەنتنى باشقۇرىدىغان ئادەمنى مۇشۇنداق سىنىمايمۇ بولمايتتى. چۈنكى، ئۆتكەندىكىدەك پىتىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە بۇنىڭ سورى كېلەتتى. ئۇنچىلىك كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرسىمۇ مەيلى ئىدى، يامان يېرى قول ئاستىدىكىلەر يانىغا چىقىۋېلىپ ھەممە بالاغا ئۆزى قالاتتى. شۇڭا، دوقالغا ئۇچرىغاندا پېشىنى قېقىپ ئۆز يولىغا ماڭىدىغانلارنى ئەمەس، بەلكى راھەتتىمۇ-جاپادىمۇ تەڭ تۇرالايدىغانلارنى يېتىشتۈرمەي بولمايتتى. ئۇلار بەئەينى لاخشىگىرگە ئوخشاش بولۇپ، ھەر ۋاقىت سېپىنى تۇتقۇ-چىلارنىڭ مۇددىئاسى ئۈچۈن ئوتقا كىرەتتى. سېپىنى تۇتقۇ-چىلارنىڭ قولىنى كۆيدۈرمەيلا نەپكە ئېرىشتۈرۈپ، ئۆزى «لەنەت»كە قالسىمۇ بۇنداق ناھەقچىلىقتىن قىلچە ۋايسىمايتتى. بۇ قائىدىلەرنى ئابدۇللا ئىلگىرى مەدەنىيەت پونكىتىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا قايسىدۇر بىر كىتابتىن ئوقۇغانىدى. قارىغاندا ئەمدى ئۇ ئەسقاتىدىغاندەك قىلاتتى. سەيدىئەخمەت تۇرامۇ ئابدۇللانىڭ ئۆزىنى سىناۋاتقانلىقىنى سېزىپ يۈرەتتى. گەرچە ئۇ ئابدۇللا زور ئۈمىد بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان مېۋىسىز دەرەخلەرنى

كېسىۋېتىش ئىشىنى تازا راۋان يۈرۈشتۈرەلمەيۋاتىسمۇ، ھەر ھالدا پۈتۈنلەي توختىتىپ قويمىدى. ئېنىقراق ئېيتساق، كەنجىلەرنىڭ ئائىلىسىگە، بولۇپمۇ قاۋۇل سېكرېتارنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە كەسكىن تېگىش قىلالمىغان بولسىمۇ، غازلىقتىكى ياۋاش كىشىلەرگە ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. تەگلەپ كەلگەندە، ئۇنىڭ بۇ ئىشتا ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى ۋە كۆڭۈل ئاغرىقىمۇ بار ئىدى. مۇھىمى غازلىقتا ھوقۇقىنى كەسكىن يۈرگۈزۈپ، ئىشلارنى راۋان يۈرۈشلەشتۈرۈشكە ئابدۇللانىڭ كەنجىلەر بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتى كاشىلا بولۇۋاتاتتى. بۇ ھال، كونىلارنىڭ «بەش بارماقنىڭ قايسىسىنى چىشلىسەڭ ئوخشاش ئاغرىيدۇ» دېگەن ھېكمىتىنى ئىسپاتلاۋاتاتتى. قىسقىسى، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن «پىچاق»نىڭ بىسىنى ياندۇرىدىغانلار كۆپ ئىدى. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ قاۋۇل سېكرېتارنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭلا بېسىمى سەيدىئەخمەت تۇرانى ئوبدانلا ھالسىرىتىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇللا ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولسا، ھېچبولمىغاندا تارتىۋاتقان تەڭلىكىنى چۈشەنسە ئاقلانىلىك بولاتتى. بىراق، ئابدۇللا چۈشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پىلانىنىڭ ۋاقتىدا ئورۇنلانمىغانلىقىنى سەيدىئەخمەت تۇرانىڭ يارامسىزلىقىدىن كۆرۈۋاتاتتى.

*　　　　*　　　　*

بۈگۈن ئابدۇللا ناھىيەدە چوڭ يىغىنغا قاتنىشىۋاتاتتى. ناھىيەدىكى ئاساسلىق تۆت يۈرۈش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بىرىنچى قول مەسئۇللىرى قاتناشقان بۇ يىغىن قائىدە بويىچە ئابدۇللانى جەلپ قىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئابدۇللا غازلىقتىكى ئىشلارنى ئويلاپ كۆڭلى پەرىشان ھالدا ئولتۇراتتى. باشقا كەنتلەر ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ بولغاندا، غازلىقتىكى ئىشلار يەنە

يۇرۇشمەي تۇرسا ئابدۇللا ئارامسىزلانماي قالاتتىمۇ؟ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بولغىنىدەك يىغىنلارغا قاتناشقاندا قول سومكىسىدىن ئەڭ ئاۋۋال خاتىرىسىنى چىقىرىپ، ھەربىر باشلىقنىڭ سۆزىنى پەش - چېكىتلىرىنىمۇ قالدۇرماي يازاتتى. كۆزىنى دەم سەھنىدە سۆزلەۋاتقان باشلىققا، دەم ئۇستەلدىكى خاتىرىسىگە نۆۋەتلەشتۈرۈپ يۈگۈرتكەن ئابدۇللانىڭ ھالىتى خۇددى كۆلدىن سۇ ئىچىۋاتقان توخۇنى ئەسلىتەتتى. كېيىنكى چاغلاردا تېخى سۆزلەۋاتقان باشلىققا قاراپ تەبەسسۇم قىلىشنى ۋە ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىلەرنى چوقۇم ئورۇنلايدىغانلىق ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ بېشىنى رىتىملىق لىڭشىتىشنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالغانىدى. بىراق، بۈگۈن ئۇنداق ئالامەتلەردىن ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى. يىغىن باشلىنىپ، ھاكىم «ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ناھىيەمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرەيلى!» دېگەن تېمىدا دەبدەبىلىك دوكلات بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئابدۇللا غازلىقتىكى ئىشلارنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ئارىدا يىغىن مەيدانىنىڭ ئالدىدىراق ئولتۇرغان سەدىردىن بىلەن سوغۇق نەزەردە شۇنداقلا قارىشىپ قويدى. سەدىردىنىنىڭ چىرايىدىكى مەنسىتمەسلىك ئىپادىسى جېنىدىن ئۆتكەن ئابدۇللا كۆڭلىدە «جالالىدىن دادام سەدىردىنگە، سوپى ئاكام بولسا نىيازغا دادلاپ بولغان چېغى» دەپ گۇمان قىلدى. بىر چاغدا ھاكىم يىغىننى خۇلاسىلەپ، كۈتۈلمىگەندە باشقا ئىككى يېزا قاتارىدا ئاقتاشنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرىنى ماختىدى. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى، ئابدۇللانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئاقتاشنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدىغان يېڭى تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىنى، ناھىيە پات ئارىدا ئاقتاش يېزىسىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىگە كېڭەيتىدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. شۇئان يىغىن ئەھلىنىڭ نەزەرى بىراقلا ئابدۇللاغا ئاغدى. يىغىن باشلانغاندىن بېرى كۆڭلى غەش ھالدا

سولىشىپ ئولتۇرغان ئابدۇللا ئەمدى قەددىنى رۇسلاپ سەھنىگە تىكىلىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا چاندۇرمىغان بىلەن، كۆڭلىدە يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنىڭ نۆۋەتتە ئاقتاشتا ئىشلىنىۋاتقان خىزمەتلەرنى ناھىيە مەسئۇللىرىغا ئۇدۇللۇق دوكلات قىلغانلىقىدىن يەتكۈچە سۆيۈنۈۋاتاتتى.

روھى ئۇرغۇپ تېتىكلىشىپ كەتكەن ئابدۇللا شۇ كۈنى ئاقتاشقا قايتىپ كېلىپلا، يېزا ئورگىنى كادىرلىرىنى يىغىپ كېچىلەپ يىغىن ئېچىپ، يېقىندا ناھىيە ئاقتاشتا ئاچىدىغان نەق مەيدان يىغىنىغا پۇختا تەييارلىق قىلىش توغرۇلۇق كېڭەشتى. ئاخىرىدا غازلىق كەنتىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، سەيدىئەخمەت تۇرانىڭ يارامسىزلىقىنى تىلغا ئېلىۋىدى، باشقىلار بىسىردەك ئۇنى كەنت مۇدىرلىقىدا قويۇپ، قاۋۇل سېكرېتارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەكلىپىنى بېرىشتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنى ئابدۇللا ناھىيەدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. دېگەنىدەك، ئەتىسىدىن باشلاپ غازلىقتا يەنە قاۋۇل سېكرېتارنىڭ مەنسەپ تاجى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەمدى قاۋۇل سېكرېتارنىڭ قايتا باش كۆتۈرگەنلىكىگە قىزىققۇچىلاردىن كۆرە، مىجەزىنىڭ ئۆزگىچە بولۇپ قالغانلىقىغا قىزىققۇچىلار كۆپ بولدى. دېمىسىمۇ بۇ قېتىم ئۇ مەنسەپتىن ئايرىلغان كۈنلەردە روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە يېتەرلىك مادار توپلىغاندەك، ئورنىدىن تولىمۇ سۈرلۈك، تولىمۇ كەسكىن مىجەزدە تۇرغانىدى. ئۇنىڭدا ئەمەلىدىن ئايرىلىپ ئورنىغا قايتا دەسسەگەنلەردە بولىدىغان قورۇنۇش، تارتىنىش، خۇدۈكسىرەش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوقتەك قىلاتتى. ئەلپازىدىن «قانداق، غازلىقنى باشقۇرۇشقا راستىنلا مەن بولمىسام بولمامدىكەن!» دېگەن تەمەننالىق كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى. گەرچە بۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا: «ھەممىسىنىڭ يەيدىغان گېلى بار»، «نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەن ھېكمەتلەر ئارقىلىق خۇلا-

سىلەنگەن بىلەن، ئەينى ۋاقىتىدا قاۋۇل سېكرېتارنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ شادلىقىنى پەلەككە يەتكۈزدى. ئابدۇللاغا ھەممىدىن ئاۋۋال تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ رەھمىتىنى بىلدۈرگىنى پاتىگۇل بولدى. بىراق، ئابدۇللانىڭ خۇشاللىقىنى ۋايىغا يەتكۈزگىنى يەنىلا قاۋۇل سېكرېتارنىڭ غازلىقتا پۈتلىكاشاڭغا ئۇچراپ تۇرۇپ قالغان ئىشلارنى بىراقلا يۈرۈشـ ـتۈرۈۋەتكىنى ئىدى. دەرۋەقە، قاۋۇل سېكرېتار مېۋىسىز دەرەخلەرنى كېسىش گۇرۇپپىسىنى سەيدىئەخمەت تۇرادەك «دوقال»غا دۈچ كەلگەنىدە قولىدىكى ھەرە - پالتىنى يەرگە تاشلايدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ جەمەتىدىكى كۆچەتلىگۈرلەردىن تەشكىلـ ـلىگەچكە قىر كۆرسىتىدىغانلار كۆپ بولمىدى. جالالىدىن ئاخۇندەكلەرمۇ ئۆزىنى دەڭسەپ بولغۇچە تېرەكلەر قاۋۇل سېكرېتار نەدىنىدۇر تېپىپ كەلگەن بىرنەچچە توك ھەرىسى بىلەن يىقىتىۋېتىلدى. ھۆۋىخانىنى قايىل قىلىش ئابدۇللانىڭ قولىدىن كەلمىگەن بىلەن، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ پېشانىسى شۇنداق ئوچۇق، ئەيناۋۇر، مەرھۇم ئەخمەت بوۋاينىڭ تېرەكلىرىنى كەسكەن كۈنى ھۆۋىخان كېسەل بولۇپ قېلىپ سىرتقا چىقالمىدى. سوپى ئاخۇن قاۋۇل سېكرېتارنىڭ جەمەتىدىكى بىر توپ سۆلھى - سالاچىنىڭ قورشاۋىدىن چىقىپ بولغۇچە تېرەكلەر يەردە يېتىپ ئۈلگۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللانىڭ پىلانى ئەمەلگە ئېشىپ، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئاقتاشتا ناھىيەنىڭ نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى. شۇ كۈنى غازلىقتا ھۆۋىخانىنى يوقلاپ كەلگەن نىياز بېغىدىكى ۋە ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى تېرەكلەرنىڭ پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ بايا يولدا كېلىۋېتىپ غازلىقنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئاقتاشنىڭ ئۇرۇش خارابىسىدەك ۋەيرانە ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى، ھەتتا مەرھۇم بارات نىيازنىڭ تېرەكلىرىنىڭمۇ قويماي كېسىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئېچىنغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىنى، باغىۋاراڭلىرىنى تونۇيالمايۋاتاتتى.

دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چوڭ قاپاق تېرەكنىڭمۇ كېسىۋېتىلـ-
ـگىنىنى كۆرۈپ شۇئان ھۆۋىخانىنى ئېسىگە ئالدى. چۈنكى، بۇ
قاپاق تېرەك ھۆۋىخان ئۈچۈن جېنىدىنمۇ قەدىرلىك بولۇپ، بىر
ھېسابتا ئەخمەت بوۋاي بىلەن يەتمىش نەچچە يىللىق
قەدىناسلىقىنىڭ بىردىنبىر يادنامىسى ئىدى. ئىككىسى بۇنىڭدىن
يەتمىش نەچچە يىل مۇقەددەم توي قىلىپ ھالال تەرى بىلەن
مۇشۇ ماكانىنى بەرپا قىلىشقا باشلىغاندا، ئاۋۋال دەرۋازىنىڭ ئوڭ،
سول تەرىپىگە ئىككى تۈپ قاپاق تېرەك كۆچىتى تىككەنىدى. سول
تەرەپتىكى تېرەك ئاپەتلىك يىللاردا كۆمۈر كان قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
كېسىۋېتىلدى. شۇ چاغدا ئەخمەت بوۋاي ئاۋانگارتلارغا يىغلاپ
يېلىنمىغان بولسا، ئوڭ تەرەپتىكى تېرەكمۇ ئۆز ۋاقتىدىلا
كېسىۋېتىلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاقتاشتا ھەر قېتىم كۆتۈرۈلگەن
قارا بوران يىقىتقىلى ئۇرۇنغاندا، ئەخمەت بوۋاي يېتەرلىك بەدەل
تۆلەپ قوغداپ قالغانىدى. نىيازنىڭ قەلبىدە بۇ قاپاق تېرەكنىڭ
يەنە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەجرىگە تەگلىشىپ قالىدىغان مۇھىم بىر
تارىخىمۇ بار ئىدى. ئىنقىلاب ئېيتقاندا، قايسىبىر يىلى نىياز
كەنجىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى مۇشۇ قاپاق تېرەككە
يۈرەك شەكلىدە گىرەلەشتۈرۈپ ئويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك
دوستلۇقىغا سىمۋول قىلغانىدى، كەنجىلەرمۇ نىيازنىڭ دىتىغا
قايىل بولۇشقانىدى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ
ھەرپلەر تېرەك بىلەن تەڭ ئۆسۈپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى.
نىيازنىڭ كۆزى ھەر قېتىم ئۇنىڭغا چۈشكەندە ۋۇجۇدىغا چىن
دوستلۇقنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى قايتا تۇتىشاتتى. مانا، ئەمدى ئۇ
يادنامە قاپاق تېرەك بىلەن قوشۇلۇپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى.
بۇنداق جۇدالىققا نىيازنىڭ يۈرىكى پۇچىلىنىۋاتقان يەردە،
ھۆۋىخانىنىڭ ئاجىز يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلەيتتىمۇ؟ نىياز كۆڭلى
غەشلىككە تولغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كۆرپە ئۈستىدە تۈگۈلۈپ
ياتقان ھۆۋىخانغا قاراپلا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، جىسمى

تىترىدى، ھۆۋىخاننىڭ يېنىدا شەپە چىقارمايلا ئولتۇرۇپ قورايدەك ئورۇق قولىنى مېھرى بىلەن سىلىدى.
مۇشۇ مىنۇتلاردا سەدىردىنمۇ دادىسىنىڭ شۇنچە باراقسان ئۆسۈۋاتقان دەل - دەرەخلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ھەسرەت چېكىۋاتاتتى. بالىلىقىغا شاھىت قاپاق تېرەكلەرنىڭ ھىمايىسىدە مېھرى بەكمۇ ئىللىق تۇيۇلىدىغان بۇ ئۆي ئەمدى ئۇنىڭغا ناتونۇشتەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئەسلىدە تازىنىڭ بېشىدەك تاقىر مۇھىت ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سۆلكىتىنى نابۇت قىلىۋەتكەنىدى. كېسىپ يىقىتىلغان دەل - دەرەخلەر ئۆينىڭ ئەتراپىدا قالايمىقان ياتاتتى. قارىغاندا جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئاچچىقى ھازىرغىچە يانمىغاچقا، كېسىۋېتىلگەن دەرەخلەرنى يىغىشتۇرۇشقا رايى بارمىغان-دەك قىلاتتى. سەدىردىن دادىسىنىڭ ھەسرەت قاپلىغان چىرايىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. بەردەملىكى بىلەن قەددىنى ئەزەلدىن تىك تۇتۇپ يۈرىدىغان جالالىدىن ئاخۇن شۇ تاپتا سەدىردىنگە بىردىنلا قېرىسىپ مۈكچىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. سەدىردىن ھەر قېتىم غازلىققا كەلسە جالالىدىن ئاخۇن دەردىنى تۆكۈپ ئىچىنى بوشىتىۋالمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ھەپسىلىسى يوقتەك قىلاتتى. يىغىنچە شۇنچە تىمەن تۇرۇۋاتقان چىناخانمۇ ياستۇقتىن بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ: «كەلدىڭما، بالام» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ يىقىندىن بۇيان جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخان سەدىردىندىن بەكلا رەنجىپ يۈرۈۋاتقانىدا، ئابدۇللانىڭ جاراھەتكە تۇز سەپكەندەك ئىش قىلىشى ئۇلارغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى. سەدىردىن ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا تالاغا ماڭدى.

## يىگىرمىنچى باب

# مەڭگۈلۈك مېھر

ئابدۇللا بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئېتىزلارنى پىيادە ئارىلاپ يېزا ئۆرگىنىغا قاراپ ماڭدى. تۈنۈگۈن ئۆرگاندىكى بىرسى ئابدۇللاغا: «دېھقانلار تېرەكلىرىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىگە يېزا مەسئۇللىرىدىن ھازىرغىچە نارازى بولۇۋېتىپتۇ» دېگەنىدى. شۇڭا، بۈگۈن دېھقانلار بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ، ئىككىنچى باسقۇچلۇق پىلانىنىڭ پايدىسىنى يەنىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشنى، مۇھىمى، دېھقانلارنىڭ كۆڭۈل رايىنى ئىگىلەپ بېقىشنى نىيەت قىلغانىدى. ئابدۇللانىڭ دېھقانلارنىڭ رايىنى بىلىشكە بۇنچە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىرىنچى باسقۇچلۇق خىزمەتتە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ خۇشال بولغان بىلەن، «بىر كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەندەك، خاپىلىقمۇ سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرەتتى. ئابدۇللاغا دەسلەپتە سەدىردىن ئازار بەردى. ئاقتاشتا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلغان شۇ كۈنى كەچتە سەدىردىن ئابدۇللانى ئۆيىدىن چاقىرىپ چىقىپ ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويىغا باشلاپ كەلدى.

— ئېيتە! تېرەكلىرىمىزنى نېمىشقا كەستۇرۇۋەتتىڭ؟ — دېدى سەدىردىن رەقىبىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولغاندەك ئەلپازىنى يامان قىلىپ.

— بايا نەق مەيدان يىغىنىدا تېرەكلەرنى نېمىشقا كەستۇ-

رۇۋەتكەنلىكىمىزنى بىلدىڭغۇ! ماڭا پىكرىڭ بولسا شۇ چاغدا دېسەڭ بولماسمىدى؟ ــ دېدى ئابدۇللا جاۋابەن سالماق تەلەپپۇزدا.

راست، بايا نەق مەيدان يىغىنىدا ھاكىم ئاقتاش يېزىسىنىڭ تەجرىبىسىنى پۈتۈن ناھىيەدە كېڭەيتىش توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەۋاتقاندا، سەدىردىن باشقىلارغا ئوخشاشلا ھاكىمنىڭ پىكرىنى قوللاپ بېشىنى لىڭشىتقان، خاتىرىسىگە تەسىراتىنىمۇ يازغانىدى. ئابدۇللانىڭ تومتاقلا جاۋابىنىڭ قېتىغا «نېمىشقا سېنىڭ ھەربىر كىشىنىڭ بىلەن سۆزلۈك بىردەك ئەمەس» دېگەن مەنە يوشۇرۇنغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئابدۇللانىڭ جاۋابى سەدىردىننى چىچاڭشىتىۋەتتى:

ــ نەق مەيدان يىغىنىنىڭ گېپىنى قويۇپ سوئالىمغا جاۋاب بەر! تېرەكلىرىمىزنى نېمىشقا كەستۈرۈۋەتتىڭ؟

ــ كۆرگەنسەن، سىلەرنىڭكىنىلا ئەمەس، ئاقتاشتىكى مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىۋەتتۇققۇ! مەقسىتىمىز دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، ئاقتاشنىڭ قىياپىتىنىمۇ ماس قەدەمدە ياخشىلاشتىن ئىبارەت. ئىسلاھاتنى ئاغزىمىزدىلا ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە ئېلىپ بارماقچى شۇ!

ــ بىلىپ قوي، بۇ دەريا بويى، يىغىن مەيدانى ياكى ئىشخاناڭ ئەمەس. گەپ يورغىلاتماي سوئالىمغا جاۋاب بەر!

ــ ساڭا بېرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا جاۋابىم يوق! ئىسلاھات پىلانىمىزنى بايا نەق مەيدان يىغىنىدا ئېنىق بىلدىڭ. يەنە قانداق چۈشەندۈرسەم بولاتتى؟

ــ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىڭنى ماڭا نېمىشقا ئالدىن ئېيتمايسەن؟

ــ بۇنىڭغا ناھىيە مەسئۇللىرى بىردەك قوشۇلغان، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەستىقىنىمۇ ئالغان، يەنە دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىشىنىڭ ھاجىتى بارمىدى؟

ــ سەن...... بىلدىم، ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلاۋېتىپسەن ـ ھە؟

ــ سەنمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنسەڭ بولمامدۇ؟

— سەنمۇ كارغا كەلگەن دەرەخلەرنى كەستۈرۈپ، كىچىك-لىرىنى قالدۇرۇپ قويساڭ بولمامدۇ؟
— ئۇنداق قىلسام باشقىلار «ئۆزىنىڭ يېقىنىغا چاپان ياپتى» دەپ پىكىر قىلمامدۇ؟
— نېمە؟ سەن تېخى ھازىرمۇ ئوتتۇرىمىزدا دوستلۇق بار دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ قۇرۇسۇن ئۇنداق مەززىسىز دوستلۇق!
— سەن ئارىمىزدىكى دوستلۇققا مۇشۇنداق قاراپ كېلىۋاتقان بولساڭ، قارىشىمنى دەرھال ئۆزگەرتسەم بولغۇدەك......
— تېرەكلەرنى كەستۈرۈۋەتمىسەڭمۇ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىدىغانغا باشقا ئىش تېپىلماسمىدى ساڭا؟
— ئاقتاشنى مېۋىلىك باغقا ئايلاندۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئۆزىنى كۆرسىتىش دېسەڭ، سېنىڭ ھە دېگەندە بۇغداي سورتىنى ئالماشتۇرغىنىڭنى نېمە دەيمىز؟
— سەنمۇ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىش كويىدىلا بولماي، پەرۋىشنى تېخنىكىۋى تەلەپ بويىچە قىلدۇرالىغان بولساڭ، بۇغدايىڭ يېڭى سورتىدىن مول ھوسۇل ئالالايتتىڭ!
سەدىردىنىڭ بۇ گېپى ئابدۇللانى بايىقىدىنمۇ بەكرەك تېرىكتۈردى.
— ئەسلىدە سەن بىلەن ياخشىراق پاراڭلىشارمەن دەپ مۇھىم ئىشلىرىمنى تاشلاپ كەلگەنىدىم، قارىغاندا بىز ئەمدى پاراڭلىشالمىغۇدەكمىز، — دېدى ئابدۇللا كېتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ.
— ھەرقانچە ئالدىراش بولساڭ ئايالىڭنىڭ تاماق ئېتىشىگە ياردەملىشەرسەن شۇ! — دېدى سەدىردىن باشقا گەپ تېپىل-مىغاندەكلا ئابدۇللانىڭ يېغىرىنى تاتىلاپ.
قارىغاندا ئابدۇللا توغرۇلۇق ئاقتاشتا تارقىلىپ يۈرگەن «تالادا بەگلىكى بار، ئۆيىدە تەگلىكى بار» دېگەندەك گەپلەر سەدىر-

دىنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەندەك قىلاتتى. سەدىردىن بايا چىرايى ئۆڭگەن هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئابدۇللا ئۇنىڭ كۆڭ-لىدىكىنى بىلىپ، «بۆگۈن هەرقانچە ئېغىر گەپ قىلسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي» دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئەمەلىيەت بۇنىڭغا يول قويمىدى.

— هەرقانچە بولسىمۇ سەندەك خوتۇننىڭ جوۋىسىدا تەرلەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغاندىمەن؟...... — ئابدۇللا شۇ گەپ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىشىگىلا ئاچچىقىغا پايلىماي چەكتىن سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى هېس قىلدى، شۇنداقتىمۇ پۇشايمان قىلغانلىقىنى چاندۇرۇپ قويسا بولمايتتى. سەدىردىننىڭ چىرايى ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىغاندەك تۇتۇلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ ئابدۇللاغا ئوخشاشلا بىرەر ئېغىز گەپ يېغىرىغا تەگسە چىداپ تۇرالمايتتى. بىراق، ئەتراپىدىكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر تاتىلاپ پەيدا قىلغان بۇ يېغىرنى ئاقتاشتا بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ يېغىرىنى شۇ تەرزدە تاتىلى-شىۋاتقاندا كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. ئەسلىدە ئۇلاردىن ئون نەچچە مېتىر نېرىدىكى تۆپىلىككە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا نىياز پەيدا بولۇپ قالغانىدى. تۆپىلىكنىڭ يان باغرىدىكى شورلۇق يولدا ماشىنىسى تۇراتتى. نىياز ئاچما كەنتىدىكى خۇمدانغا مۇهىم ئىش بىلەن كېلىپ، غازلىقتىكى ئانىسىنى يوقلاپ ئۆتۈشنى ئويلىغاندەك قىلاتتى. نىياز ئىلگىرى ئاقتاشتا مېۋىسىز دەرەخلەرنى كېسىۋېتىش دولقۇنى قوزغالغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، بۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەگىشىپ ئۆتۈپ كېتىشكە سەدىردىندەكلا ئىشەنچ باغلىغانىدى. سەدىردىن نېمىشقىدۇر نىيازنى كۆرۈپ گاڭگىراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئابدۇللا بولسا «نىياز مەن بىلەن زاكونلاشقىلى كەلدى هەقاچان» دەپ ئويلاۋاتاتتى. بىراق، ئابدۇللانىڭ پەرىزى خاتا بولۇپ چىقتى. نىياز ئۇلار تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم ئالغاندىن كېيىن ئورنىدا

توختاپ يىراقلارغا نەزەر سالدى، ئاندىن ئابدۇللاغا قاراپ سوغۇققىنە كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. نىيازنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئابدۇللا ۋە سەدىردىن ئىككىلىسىنى ھەيرانلىق، چۈشىنىكسىزلىك تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. نىيازنىڭ بۇ غەيرىي ھەرىكىتىدىن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ تەرەپبازلا كېلىپ قالدىمۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، «كۆرۈشۈش» ئۈچۈن كېلىپ بولۇپ نىمىشقىدۇر ئويىدىن ۋاز كەچتىمۇ ئۇققىلى بولمايتتى.

ئەتراپقا ئاستا - ئاستا گۇگۇم پەردىسى يېيىلدى. دەريا تەرەپتىن سالقىن شامال ئۇرۇلۇۋاتاتتى. ئابدۇللا نىيازنىڭ سوغۇق نەزەردە قاراپ قويۇپ ئۇنچىقماي كېتىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندە، سەدىردىن گويا سېھىرگەردەكلا يېنىدا كۆرۈنمەيتتى! ئابدۇللا نىيازنىڭ بايىقى ھەرىكىتىنىڭ ئىستىبرىئولۇق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاخىر ھېس قىلدى. نىياز بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زەردارلارغا خاس تەكەببۇرلۇقىنى نامايىش قىلىپ، ئەمدى ئابدۇللا بىلەن دېيىشىشنىڭ سالاھىيىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئابدۇللانىڭ خىيالى مۇشۇ مەنزىلگە يەتكەندە ئۆزىنى شۇنچە بىچارە سەزدى. مۇبادا نىياز خالىسىلا ئابدۇللانىڭ ياخشىراق بىر مۇگدىشقۇسى، سەدىردىن بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېقىندىن بۇيان كۆرۈلۈۋاتقان ئارازلىق توغرۇلۇق دادلاپ بەرگۈسى بار ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئابدۇللا يېقىندىن بۇيان نىيازنىڭ دىتىغا ھەقىقەتەن قايىل بولۇۋاتاتتى. چاندۇرمىغان بىلەن ئىلگىرىكى قاراشلىرىدىن ئۆزىچە ئۆيلىپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزۈلۈش گىردابىغا بېرىپ قالغان دوستلۇق رىشتىنى قوغداپ قېلىشقا ئىنتىزار ئىدى.

خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان ئابدۇللا يېقىنلا يەردىكى ئىتىزدا توپلىشىپ تۇرۇشقان بىرنەچچە دېھقاننى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە قاراپ

ماگدى. بىراق، دېھقانلار ئابدۇللانىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا تارقىلىپ كېتىشتى. ئابدۇللا پەرىشان بولۇۋاتقىنىنى چاندۇرماي يولىنى داۋام قىلىۋەردى. قارىغاندا دېھقانلار باغ ۋە قوتان ئۆزگەرتىشنىڭ كەلگۈسىدىكى پايدىسىغا ھازىرغىچە ئىشەنچ تۇرغۇزالمىغاندەك، ئېرىشىدىغىنى تۆلىگەن بەدىلىدىن ئېشىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ ئابدۇللانى نەزەرىدىن چەتلەشتۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى نارازى قىلغانلارنى جازالاشتىكى ئۆزگىچە ئۇسۇلى ئىدى. گەرچە بۇ تىللاش، تەھدىت سېلىش قاتارلىق ئىپتىدائىي ئۇسۇللاردەك قورقۇنچلۇق بولمىسىمۇ، بىراق قارشى تەرەپكە كەلتۈرىدىغان روھىي زەربىسى بەكمۇ ئېغىر ئىدى. تېخى يېقىندىلا ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ، غەيرىتى راسا ئۇرغۇۋاتقان ئابدۇللا ئۈچۈن بۇنى ئادەتتىكى زەربە دېگىلى بولمايتتى. ئىلگىرى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر زەربىلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ كۆڭلى ھازىرقىدەك يېرىم بولمىغانىدى. ئابدۇللا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كېتىۋاتسىمۇ دەردىنى ئىچىدە بىلىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. «ھەي، دېھقانلار ئۆز مەنپەئەتىنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ؟ تېرەك كۆچىتى يەرگە تىكىلىپ يارامىلىق ياغاچ ماتېرىيالى بولۇش ئۈچۈن 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت كېتىدۇ، مېۋىلىك دەرەخ كۆچىتى يەرگە تىكىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن مېۋە بېرىدۇ، بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەختىن يىلىغا تۆۋەن مۆلچەردە 100 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ھېساب بويىچە بولغاندا بىر تۈپ تېرەك 20 يىلدا 300 يۈەندىن 400 يۈەنگىچە قىممەت ياراتسا، بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخ 20 يىلدا 2000 يۈەن قىممەت يارىتىدۇ. مۇبادا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 تۈپتىن مېۋىلىك دەرىخى بولسا، يىلدا خاس مېۋىدىنلا 2000 يۈەن كىرىم قىلالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قوتان ئۆزگەرتىشنىڭمۇ چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ئەلالاشتۇرۇش، كۆپەيتىش ھەم بورداقچىلىق قىلىشتىكى رولىنى

تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئىسلاھاتتىن رەنجىگەنلەر نېمىشقا مۇشۇ ھېسابنى قىلىپ كۆرمەيدىغاندۇ؟» بايا دېھقانلار ئابدۇللانى كۆرۈپلا تارقىلىپ كېتىپ، ئاقىلانە تەدبىرلەرنى چۈشەنمەي، يەتكۈچە رەنجىگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. بۇ خىل بۇرۇقتۇرما ھالەت خىيال ئىلكىدە كېتىۋاتقان ئابدۇللانىڭ ئىچىنى سىقماي قالمايتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا غازلىقتىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقى باشقا كەنتتىكىلەرنىڭكىدىن ئارتۇقتەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ خەقلەرنىڭ ئاغزىدا چۆرىمە چۆچەك بولۇۋاتقان ئىشلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ھۆۋىخاننىڭ تېرەكلەرنىڭ كېسىۋېتىلگىنىگە چىدىماي ساقسىز بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى، جالالىدىن ئاخۇن بىلەن قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئېغىر ئارازلاشقانلىقى، ھوشۇر موزدۇزنىڭ كېسىۋېتىلگەن تېرەكلىرىگە قاراپ يۈرىكى ئېچىشىپ يىغلاپ كەتكەنلىكى، راشىدىننىڭ شۇ ھالدا تۇرۇپ كېسىۋېتىلگەن بىرنەچچە تۈپ ئۈششاق تېرەكنى ئېرىق بويىغا قايتا تىكىپ قويغانلىقى، زورىخاننىڭ دەيدەيگە سېلىشى بىلەن قادىر ئاخۇننىڭ قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئالدىغا تۈنجى قېتىم دېۋەيلەپ «گۆھەرنى تاشقا ئۇرغانلىقى» ھەممىنىڭ ئاغزىدا زىكىر قىلىنىۋاتاتتى. ئابدۇللا بىردىنلا بارات نىيازنى ئەسلەپ قالدى. ئابدۇللانىڭ ئېسىدە بار، بارات نىياز ئەينى چاغدا مۇشۇنداق ئېتىزلارنى ئارىلاپ ماڭسا دېھقانلار گۇررىدە كېلىپ ئورىۋېلىپ، قىلماقچى بولغان قايىسىدۇر ئىش ئۈچۈن مەسلىھەت سورىشاتتى. ئۆزلىرىنى ئەجەبلەندۈرگەن جاھان يېڭىلىقلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىشاتتى. ئاخىر بېرىپ بازار كۈنى قانچىلىك توخۇ ـ ئۆردەك، ئۇتياش ساتقانلىقىغىچە زوق ـ شوق بىلەن سۆزلىشەتتى. ئاندىن ئېتىز ئۈستىدىلا داستىخان سېلىپ ئۆزلىرى يېيىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىشكەن نەرسىلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، بارات نىيازنى ئېغىز تېگىشكە زورلىشاتتى. بارات نىيازمۇ تۈزۈت قىلمايلا ئولتۇرۇپ،

پىياز، كاۋا، شوخلا سېلىپ ياققان مەززىلىك زاغرا، قېتىق ھەم مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن غىزالىناتتى. چوڭلارلا ئەمەس، مەھەللە ـ كويلاردا قىيغىتىپ ئوينايدىغان كىچىك باللارمۇ بارات نىيازغا شۇنداق ئامراق ئىدى. قاچان، قەيەردە كۆرسە ئۆز دادىسىدەكلا تارتىنماي كېلىپ پېشىگە ئېسىلاتتى. بارات نىيازمۇ يانچۇقىغا سېلىۋالغان كەمپۈت، پاتاسكانىلارنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. «ھەي، دېھقانلار نېمىشقا ماڭىمۇ بارات نىيازغا يېپىشقاندەك يېقىن تۇرمايدىغاندۇ؟ مەنمۇ بوسۇغىسى ئېگىز زەردارلاردىن ئەمەس، بەلكى نەچچە ئەۋلادىغىچە مۇشۇ غازلىقتا يەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن دېھقانىنىڭ پۇشتىغۇ!؟ ئىلكىمدە ھوقۇق بار چاغدا ئاقتاشنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەممەيلەنگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشىم نېمە ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ رايىغا ياقمايدىغاندۇ؟ نۇرغۇن مۇنبەت يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇرغان تېرەك، سۆگەت، جىگدىلەرنى كېسىۋېتىپ، ئورنىغا ئىقتىسادىي كىرىمى يۇقىرى مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇم يۇرتداشلىرىمنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىتىش ئۈچۈنغۇ!؟ كونىلار ‹جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس› دەپ توغرا ئېيتقان. مەيلى ھازىرچە بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە چىداي. ئەتىياز كەلگەندە باغلارغا ياڭاق، ئانار، چىلان كۆچەتلىرىنى تىكسەك، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن كۆچەتلەر مېۋە بەرسە شۇ چاغدا قىلغانلىرىمنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ، ماڭا رەھمەت ئېيتماي قالمايدۇ.» ئابدۇللا مۇشۇنداق خىياللارغا چۆمۈپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ مېڭىپ، پاكار سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆستەڭنىڭ قېشىغا چىقتى. قاشنىڭ ئۈستى شېغىللىق يول بولۇپ، يېزا ئورگىنى تەرەپكە سوزۇلاتتى. بۇ يەردە تۇرۇپ شىمالغا قارىسا، يېقىنلا يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئاقتاش دەرياسى، قىرغاقنى چۈمكىگەن جىغانلىق بار ئىدى. ئابدۇللا باللىق چاغلىرىنى سېغىنىپ، دەريا

تەرەپكە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. كۆز ئالدىدا بالىلىقىنىڭ يىراقتا قالغان قۇۋناق كارتىنىلىرى زاھىر بولۇشقا باشلىدى. ئەنە، نىياز، راشىدىن، سەدىردىنلەر دەريانىڭ قىشىدا شوخلۇق قىلىپ بىر-بىرىنى قوغلاشماقتا. ئۇستىخىنى تەمبەل خەلچەم تاۋى نازۇك كەۋسەرنىڭ قولىدىن تارتىپ يۈگۈرمەكتە...... ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل ئىللىق ئېقىم تاراپ، قۇلاق تۈۋىدە ئەينى چاغدىكى شوخ كۈلكىلەر ياڭرىغاندەك بولدى. دەل شۇ چاغدا كەينى تەرەپتىن ئاڭلانغان كەۋسەرنىڭ تونۇش ئاۋازى ئابدۇللانى چۆچۈتىۋەتتى. ئەسلىدە ئون نەچچە مېتىر نېرىدىكى دوقمۇشتا بىرنەچچە بالا بىلەن تۇرغان كەۋسەر يان كوچا تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر ئوغۇل بالىنى چاقىرىۋاتاتتى. ئابدۇللا شۇ تاپتا كەۋسەرنى چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئەجەبسىنىپ قالدى. ئۇ ئازراق مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كەۋسەرنىڭ يېنىغا كەلدى. كەۋسەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن مۇسىبەت ئىزنالىرى تېخىچە يوقىمىغان بولۇپ، بېشىغا چىگىۋالغان ئاق داكا ياغلىقى شۇنچە مىسكىن كۆرسىتەتتى. ئابدۇللا كەۋسەرگە قاراپ كېلىۋېتىپ ئۆزىچە قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىغان بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىدى، يەنى ئۇ كەۋسەر بىلەن كۆرۈشمىگىلى ياكى ھېچبولمىغاندا مۇشۇنداق تەرەپبال دوقۇرۇشۇپ قالمىغىلى خېلى ئۇزاق بولغانىدى. ئىنچىكىلەپ ئويلىغاندا، كەۋسەرنىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش كېسىۋېتىلگەن شۇنچە كۆپ تېرەكلەرى ئۈچۈن ئابدۇللادىن رەنجىمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. بىرنەچچە تۈپ تېرىكى كېسىۋېتىلگەن ئانايەت كۇدەك شۇنچە قاقشاۋاتقان يەردە، كەۋسەر دادىسىنىڭ مۇسىبىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن بۇ ئاپەتكە ئېچىنماي قالاتتىمۇ؟! ئەپسۇس-لىنارلىقى، ئابدۇللا كەۋسەردىن بىھۇدە گۇمانلىنىۋاتاتتى. ئابدۇللا كەۋسەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئۆزىدىن ئازراقمۇ رەنجىگەنلىكىنىڭ

ئىزناسىنى كۆرمىگەندىن كىيىن مۇلايىم تەلەپپۇزدا دېدى:
— يېقىندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ سېنى يوقلاپ بارال-مىدىم...... ئەسلىدە پات - پات يوقلايدىغان يولۇم بار ئىدى...... باھار ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟
ئابدۇللا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ ئوڭايسىز-لىنىۋاتاتتى.
— ئالدىراش ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، ئىمتىھان باشلانغاچقا بىزمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، — دېدى كەۋسەر ئابدۇللانىڭ ئۆزرىسىگە ئېرەنشىمىگەندەك مىڭىشقا ئالدىراپ.
ئىككىسىنىڭ ئۇچرىشىشى شۇنچىلىكلا بولدى. كەۋسەر بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئابدۇللامۇ كۆڭلىدە كەۋسەرنىڭ سەدىردىنگە ئوخشاش سوئاللارنى سوراپ، ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتمىگىنىدىن خۇش بولۇۋاتاتتى. كەۋسەرنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى ئابدۇللاغا ئۆتكەندە سەدىردىن بىلەن دەريا بويىدا دېيىشىۋاتقاندا نىيازنىڭ ئۇنچىقماي كېتىپ قېلىشىنى ئەسلىتىپ قويدى. ئابدۇللا ئاقتاشنىڭ بازىرىغا كەلگۈچە كۆڭلىنى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ دوستلىرى بىلەن ھازىرقىدەك يىراقلىشىپ كېتىشتىكى سەۋەبنى تاپالماي، نىيازنىڭ ئوبدانلا تالىجىقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق خىيال سۈرۈشكە، ئۆز - ئۆزىنى سوراقلاشقا، كەنجىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ ياخشى نىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ماجالى يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭلا تۇتۇپتۇ» دېگەندەك، ئابدۇللا ئەمدى خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا راشىدىن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئادەتتە ئابدۇللانى كۆرسىلا يۈگۈرگىنىچە يىراقلارغا كېتىدىغان راشىدىن بۈگۈن ئۇنداق قىل-مىدى، بەلكى سەدىردىننى كۆرسىلا قولىنى شىلتىپ غەزەپلەن-گەندەك، ئابدۇللاغىمۇ قولىنى شىلتىپ چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى

دىدى. چىققىلىپ سۆزلىگەچكە نەپسى يىتىشمەي بىرنەچچە قېتىم ئۆپكىسىدەپمۇ كەتتى. ئابدۇللا راشىدىننىڭ مەقسىتىنى دەماللىققا بىلەلمىگەن بولسىمۇ، كېيىن ياندىكى قاپاق تېرەكنى سىلاپ قويۇشىدىن ھەممىنى چۈشەندى. راست، راشىدىن شۇ تاپتا ئاقتاشتىكى تەۋەررۈك قاپاق تېرەكلەرنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىگە ئېچىنىپ ئابدۇللانى ئەيىبلەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا دۇكاندىن چىققان خەلچەمنىڭ ئابدۇللانى كۆرۈپلا چىرايى تۇتۇلۇپ، راشىدىننىڭ قولىدىن تارتقىنىچە دۇكانغا كىرىپ كەتتى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ خىيالى بويىچە ئەركىن ياشاپ كېلىۋاتقان راشىدىننىڭ خەلچەمنىڭ كەينىدىن مۆلايىملىق بىلەن دۇكانغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى تۇنجى قېتىملىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مۇشۇ كۈنلەردە خەلچەم بىلەن راشىدىننى ئاجايىپ چوڭقۇر مېھىر رىشتىسى بىر - بىرىگە مۇستەھكەم باغلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ خىل باغلىنىشنى خەلچەم ھاياتىدىكى تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى مۇقەررەرلىك دەپ بىلەتتى. باشقىلار راشىدىننىڭ چۈشىنىكسىز گەپلىرىدىن ھېچقانداق مەنىنى ھېس قىلالمىغان بىلەن، خەلچەم يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتلۇق سۆيگۈنى، ۋاپادارلىق بىلەن ساداقەتنىڭ ئىللىق مېھرىنى چۈشىنىپ يېتەلەيتتى. بۇنداق ئۆزگىچە مېھرىنى خەلچەم مۇشۇ يېشىغىچە، ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇللانى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ يۈرگەندىمۇ ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. ھالبۇكى، خەلچەمنىڭ يېقىندىن بۇيان توي تەكلىپى قويغانلارنى چىرايلىقچە رەت قىلىۋېتىشى، ئەلۋەتتە راشىدىنغا مېھرىنىڭ باغلىنىپ قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گەرچە كەلگۈسى نىكاھ خەلچەم ئۈچۈن تولىمۇ قاراڭغۇ بولسىمۇ، بىراق مۇشۇ قاراڭغۇلۇققا ئۆزىنى بېغىشلاش خەلچەم ئۈچۈن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە تەڭلەشتۈر-گىلى بولمايدىغان بەخت ھېسابلىناتتى.

بۈگۈن ئابدۇللاغا كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغان-

ـدەك قىلاتتى. ئەتىدىن بىرى ئەتراپىغا كىشىلەر تىوپلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قارىسىنى كۆرۈپلا قىچقىۋاتقانلىقىدىن رەنجىۋاتقان ئابدۇل- ـلانىڭ ئەمدى تۇرۇپلا ئادەملەردىن رايى قايتىپ، بىر ھېسابتا بۇنى ياخشىلىققا جورۇدى. شۇ تاپتا بىر تىوپ كىشىلەر ئارىغا ئېلىپ ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغاندەك، ھەتتا تىل سالىدىغاندەك ئەندىشىلىك خىيال ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتاتتى. ئاقتاشتىكى جىمى مەۋجۇدات لەنەت ئوقۇۋاتقانىدەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللانىڭ بۈگۈنكى پىيادە سەپىرى تولىمۇ كۆڭۈلسىز تاماملاندى. ئابدۇللا كۆڭلى غەش ھالدا ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا، ئەيسا بىر تۇتام قىزىل باشلىق ھۆججەتلەرنى ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئابدۇللا ھۆججەتلەرنى ۋاراقلاۋاتقاندا ئارىسىدىن چىققان بىر پارچە ھۆججەت دىققىتىنى ئالاھىدە تارتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۇ ھۆججىتىدە سەدىر- دىنىنىڭ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلەنگەنلىكى ئۇقتۇرۇلغانىدى، ئابدۇللا بىردىنلا تەگسىز خىيالغا چۆمدى. ئارىدىن خېلى ئۆتكەنىدە يېزىنىڭ بوغالتىرى ئاتچوت قىلىدىغان بىر تۇتام تالونىنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىرگەنىدىمۇ ئابدۇللا تېخى خىياللار قۇچىقىدا ئەللەيلىنىۋاتاتتى.

*    *    *

ئىيۇنىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئاقتاش يېزىسى خۇددى توزدەك ياسىنىشقا باشلايدۇ. بۈك - باراقسان باغلاردىكى ئۆرۈكلەر مەي باغلاپ پىشىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرسا، ئېتىزلاردىكى تۈرلۈك زىرائەتلەر، يايلاقلاردىكى شىۋاق، مىسىل، رەڭمۇرەڭ گۈل- گىياھلار قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ بۇ قەدىمىي يۇرتنى يېشىللىققا چۈمكەيدۇ. ئاخشاملىرى باغ تېمىدىكى چېكەتكىلەرنىڭ ئارىسىدا

چېكەتكىلەر چىرىلداپ جىمجىتلىقنى بۇزسا، كۆنىدۈزلىرى بىر-بىرىگە تۇتاش كەتكەن باغلاردا ھەر خىل ئۈچار قۇشلار ناۋا قىلىپ ھارمايدۇ. بىراق، بۇ يىلقى ئەھۋال باشقىچىرەك بولدى، كىشىلەر-نىڭ غەيرىتى دوقالغا دۈچ كەلگەندەك ئەتراپنىڭ يېشىللىقمۇ شالاڭلاشقاندى. ئاقتاشنىڭ كۆركى ھېسابلىنىدىغان قاپاق تېرەك ھەم بوستان سۆگەتلەردىن ھېچقاندااق ئىزنا قالمىغاندى. چىقىرىۋېتىلگەن دەرەخلەرنىڭ ئورنىغا ئالدىنقى يىللىرى زور داغدۇغا بىلەن تىكىلگەن ياڭاق، سورتلۇق ئۆرۈك، چىلان كۆچەتلىرى ئەمدىلا ئاينىۋاتاتتى. گەرچە ياڭاق كۆچەتلىرى كۆكلىدىكىدەك ئاينىيالمىغان بولسىمۇ، ئابدۇللا يەنىلا ئۆز تەسەۋۋۇرىنىڭ توغرىلىقىدىن ئۈمىدلىنەتتى. ئىلگىرى ئۆزىدىن رەنجىگۈچىلەرنىڭ تولىلىقىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە باغ، بىنەملەرگە، يول ۋە ئېرىق بويلىرىغا ئۆلچەملەشتۈرۈپ تىكىلگەن ياڭاق، چىلان كۆچەتلىرىگە ھەۋەسلەنگىنىچە مەغرۇر قەدەم تاشلايتتى. يەنە تېخى كۈتۈلمىگەن خۇشاللىقلارغا جور قىلىپ، ھاياجانغا چۆمدۈرىدىغانلارمۇ ئارىلاپ ئۇچراپ تۇراتتى. بىراق، ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇللادىن دىلى رەنجىگەنلەر، بولۇپمۇ كەنجىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ھېلىھەم خاپا ئىدى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ كۆڭۈل يارىسى ئاسان ساقايمايدىغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئابدۇللا ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئاۋۇندۇرۇپ: «كېيىن كۆرەرمىز، — دەيتتى گاھىدا ئۇلارنىڭ نەپرەتلىك بېقىشىغا دۈچ كېلىپ قالغاندا ئىچىدە پىچىرلاپ، — ئۇزاق ئۆتمەي ئاقتاشنىڭ ياڭىقى بىلەن چىلىنىنىڭ داڭقى ناھىيە تەۋەسىگىلا ئەمەس، بەلكى يىراق - يىراقلارغا تارايدۇ. دېھقانلارنىڭ كىرىمى بىرنەچچە قاتلىنىدۇ. ئۇ چاغدا مەندىن رەنجىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئەپۇ سورىغىلى يېنىمغا كېلىدۇ...... سىلەرمۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ قاتارىدا بولىسىلەر......» ئابدۇللا ھەر قېتىم مۇشۇنداق تاتلىق خىياللار

بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىۋاتقاندا، دوستلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئىچى ئاچچىق بولاتتى. راست، ئابدۇللا كەۋسەر بىلەن قەدىر ئەھۋال كۆرۈشۈپ تۇرغاندىن باشقا، قالغان دوستلىرى ئۆزىنى قاچۇرغاچقا، دىدارلىشىپ، مۇڭدىشىپ باقمىدى. نىياز بىلەن ئوبدانىراق مۇڭدىشىپ باقمىغىلى بىرنەچچە يىل بولاي دېدى. خەلچەمنىڭ نەپرىتى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بولسا، سەدىردىن مۇئاۋىن ھاكىم بولغاندىن كېيىن ئىلگىرىكىدىنمۇ يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئارىدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كۆرۈشۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشى نورمال تەرتىپتە، يات كىشىلەر ھېسابىدا بولىدى. ئابدۇللا بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپمۇ، كەينىگە تاشلاشقا شۇنچە مەقسىتىگە يېتەلمەيۋاتاتتى. ھەممىدىن بەك كۆڭلىدىن چىقمايدىغىنى ئەلۋەتتە راشىدىنىڭ نەپرىتى ئىدى. راشىدىن ئابدۇللانى نەدە ئۇچراتسا قەھرى بىلەن قول شىلتىپ، قەلبىدىكى چوڭقۇر نەپرىتىنى ئىپادىلەيتتى. شۇنداق چاغلاردا ئابدۇللا ئۇنىڭ دورۇت ئوقۇۋاتقاندەك لەۋلىرىنى مىدىرلىتىشىدىن ئۆزىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ تەمىنى تېتىيتتى. راشىدىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە نەپرىتىنىڭ قاتلىمىغا باشقىلار ھەرقانچە تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان مۇرەككەپ مەنىلەر سىڭدۈرۈلگەندەك قىلاتتى. بەلكىم راشىدىن ئەينى ۋاقىتتا سەدىردىندىن «كەۋسەرگە ۋاپاسىزلىق قىلدى» دەپ نەپرەتلەنگەندەك، ئابدۇللادىنمۇ «دوستلۇقىمىزغا ۋاپاسىزلىق قىلدى» دەپ نەپرەتلىنىۋاتسا كېرەك. قايسىبىر كۈنى ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتار بىلەن غازلىق كەنتىدىكى دوقمۇشتا پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا راشىدىن پەيدا بولۇپ قالدى. راشىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى رەتلىك كىيىنىۋالغان بولۇپ، ئۇچىسىدىكى بىر قۇر يېڭى كىيىمنى ئابدۇللا «بەلكىم خەلچەم تىكىپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ

پەرەز قىلدى. راشىدىنىنىڭ ئۇدۇل كېلىشاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇللا ئىلگىرىكىدەكلا ئارىسالدى بولۇشقا باشلىدى، بەلكى يەنە قولىنى شىلتىپ نەپرىتىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ ئۆلگۈردى. راشىدىنىنىڭ نەپرىتىدىن سەدىردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قۇتۇلغان بىلەن، ئابدۇللا ئەتىدىن كەچكىچە ئاقتاش يېزىسىنىڭ ئېتىز - قىرلىرىدا چېپىپ يۈرگەچكە ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايتتى.

قاۋۇل سېكرېتار ئابدۇللانىڭ راشىدىنىنى كۆرۈپلا جىددىيلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ:

— ھوي، سار پوقى يېگەن سارىڭ! بىز بىرنېمەڭنى ئېلىۋالمىغاندىكىن يولۇڭغا ماڭە!؟ — دېگەنىدى، بۇ گەپ شۇئان ئابدۇللانىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتارغا بىرنېمە دەپ بولغۇچە، راشىدىن ياندىكى قاشتىن چالما ئېلىپ ئۇلارغا ئېتىشقا باشلىدى. بىر چالما قاۋۇل سېكرېتارنىڭ پېشانىسىگە تېگىپمۇ ئۆلگۈردى. ئالاقزادە بولغان قاۋۇل سېكرېتار راشىدىنىنىڭ ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئابدۇللانىڭ قولىدىن تارتىپ تۆۋەن تەرەپكە يۈگۈردى. ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتار بىلەن قېچىۋېتىپ، نېمىشقىدۇر راشىدىنغا ئۆمىدلىك نەزەردە قاراپ قوياتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاپ ئۇن يېتىم يەرگە بارغاندا، ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتارغا خاپا ھالدا دېدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن راشىدىنىنى «سارىڭ» دەپ تىللىغۇچى بولماڭ!

قاۋۇل سېكرېتار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىش ئىلكىدە بىردە ئابدۇللاغا، بىردە كەينىگە قارىدى، بۇ چاغدا راشىدىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتارغا تولىمۇ مۇرەككەپ بىر خىل ھېسسىياتتا مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— راشىدىن سارىڭ بولغاندىكىن شۇنداق دېدىمغۇ! — دېدى

قاۋۇل سېكرېتار ئابدۇللانىڭ مەقسىتىنى بىلمەكچى بولغانىدەك بەخىرامان ھالدا.

— ھېلى دېگەن گەپ ئېسىڭىزدە تۇرسۇن! راشىدىننى بۇنىڭدىن كېيىن «ساراڭ» دېگۈچى بولماڭ، ئۇ نىمجان بولغان بىلەن ساراڭ ئەمەس!......

قاۋۇل سېكرېتار شۇندىلا ئابدۇللانىڭ ئۆزىگە ئىچ - ئىچىدىن غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— راست، ئۇ ساراڭ ئەمەس، شۇ سەل...... ھە راست، ئۇ ساراڭ بولسا ئۇنداق رەتلىك كىيىنىۋالماس ئىدى. يەنە تېخى خەلچەمنى پايلاپمۇ يۈرمەيتتى...... ھى - ھى - ھى......

— بۇنى بىلگەندىكىن «ساراڭ» دېگەن گەپنى ئاغزىڭىزدىن ئىككىنچى چىقارغۇچى بولماڭ! مۇبادا مەھەللىدىكى بىرەرسى ئاڭلاپ قالسا......

— بىلدىم، ئەمدى ھۆددەس دېمەيمەن. بايىقى چالمىنىڭ پېشانەمگە تەگكىنى بەلەن بولدى. مۇبادا سىلىنىڭ باشلىرىغا تەگكەن بولسا چوڭ چاتاق چىقاتتى دەيمە!

قاۋۇل سېكرېتارنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن دېگەن بۇ گېپىمۇ ئابدۇللاغا پەقەت ياقمىدى. ئابدۇللانىڭ راشىدىنغا قىلىنغان ھاقارەتنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمايۋاتقىنىنى پەملىگەن قاۋۇل سېكرېتار ئەمدى گەپنى نىيازنى چىشلەپ تارتىشقا يۆتكىدى.

— يېزا باشلىقى، ماۋۇ ئەخمەتكامنىڭ نىياز ئىشنى چاتاق قىلىۋاتىدۇ، دېسىلە.

ئابدۇللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدا چىپپىدە توختىدى - دە، قاۋۇل سېكرېتارغا سوغۇق نەزەردە قاراپ سورىدى:

— نىياز قانداق چاتاق ئىش قىلدى؟

— كەنتىمىزدىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولىمەن دەپ

بىزنىڭ پىلانىمىزنى بۇزدى شۇ.......
— قايسى پىلاننى بۇزدى، ئېنىقراق گەپ قىلمامسىز؟
— مەن سىلىگە كەنتىمىزدىكى ئانايەت كۇدەك، نىساخان جەۋە قاتارلىق ئون نەچچە يالاڭتۆشنى بېيتماي غورىگىل پېتى قالدۇرۇپ قويايلى، ۋاقتى كەلگەندە بىزگە ئەسقاتىدۇ دېگەن ئەمەسمىدىم.......
ئابدۇللانىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى.
— نېمە؟ سىز ئىلگىرى ماڭا مۇشۇنداق قاملاشمىغان گەپنىمۇ قىلغانمىدىڭىز؟ — قاۋۇل سېكرېتارنىڭ گېپى ئابدۇللانىڭ ئەتىدىن بېرىقى كۆڭۈل غەشلىكىنى بىراقلا يۇقىرى پەللىگە چىقىرىۋەتكەنىدى.
— قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولغاچقا ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايلا، يېزا باشلىقى، بۇ پىلاننى سىلىگە ئۆتكەندە ئۇجۇر-بۇجۇرغىچە دېگەنىدىم، سىلىمۇ قوشۇلغان بولمىسا......
— ھېچ ئېسىمدە يوققۇ! ئەمدى قايتا دەڭە، ئاڭلاپ باقاي!
— بۇ پىلان مۇنداق قارىسىلا، سىلى بىلىلا، مۇشۇ كەمدە كەنتىمىزگە يۇقىرىدىن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ كېلىدىغان رەھبەرلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگىلى تۇردى. ھەممىسى كېيىم - كېچەك، ئۇن - گۈرۈچ، قەن - گېزەك دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئالدىن كېلىشىۋالغاندەكلا نامراتلارنى سۆزلىگىلى سالىدىكەن، مۇخبىر دېگەنلەرمۇ سىنئالغۇنى ئۇلارغا توغرىلاپ تۇرۇپ سوئال سوراپ ھارمايدىكەن. نامراتلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى تاپالمىسا، رەھبەرلەر: «سىلەر تەييار-لىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلىمەپسىلەر» دەپ بىزنى تەنقىد-لەيدىكەن، شۇڭا مەن بۇ پىلاننى ئويلاپ تاپقان...... — قاۋۇل سېكرېتار مۇشۇ گەپلەر بىلەن مەقسىتىنى تولۇق چۈشەندۈر-دۈم دەپ ئويلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئابدۇللاغا مەنىلىك قاراپ جىم بولدى. ئابدۇللا سەل تېرىككىنىچە دېدى:

— بۇ گەپلىرىڭىزدىن مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىمغۇ، پىلانىڭ ئۆزىنى دېمەمسىز؟

— چۈشىنىشلىك بولدىغۇ، يېزا باشلىقى، بۇنىڭ چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟

— مەن پەقەت رەھبەرلەرنىڭ نامراتلارنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، نامراتلاردىن ھال سورىغانلىقىنى بىلدىم شۇ.

— مانا، گەپ دەل مۇشۇ يەردە دەيمەن. سىلى ئۆتكەندە پارتىيە مەكتىپىدە كۇرسقا قاتنىشىۋاتقاندا، ناھىيەدىن كەلگەن رەھبەرلەر كەنتىمىزدىكى نامراتلارنى كەنت قورۇسىغا يىغىپ بىر خالتىدىن ئۇن تارقىتىپ بەرگەندى، كۆتۈلمىگەندە ئانايەت كۇدەك بولمىغۇر گەپ قىلىپ قويدى ئەمەسمۇ!

— ئۇ نېمە دېدى؟ — ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.

— «بىزگە بىر خالتىدىن ئۇن بېرىپ قويۇپلا ئەتىسى تېلېۋىزوردا خەلقئالەمگە سازايى قىلىدىكەنسىلەر، بىزنى نامرات دەپ يۈلمىسەڭلارمۇ مەيلى، ئەمما تېلېۋىزوردا چاۋىمىزنى چىتقا يايمىساڭلار، مۇشۇ چاغقىچە بىزنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرالمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەر قىلچە ئويالمىغىنىڭلار بىلەن بىز ئويلىدىكەنمىز، مېنىڭغۇ بالام يوق، ئاڭلىسام، ماۋۇ قوشنىلىرىمنىڭ باللىرىنى خەقنىڭ باللىرى مەكتەپتە: ‹سەن ھابدالنىڭ بالىسىكەنسەن، ئاخشام داداڭ بىلەن ئاناڭنى تېلېۋىزوردا كۆردۇق› دەپ زاڭلىق قىپتۇ، كىچىك باللارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ!» دېۋىدى، شۇئان رەھبەرلەرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئاخىرىدا ئۇلار نامراتلارنى يولغا سېلىۋېتىپ ئاچچىقىنى بىزدىن ئالدى. بولمىسا بىز ئۇ قەلەندەرلەرگە يۇقىرىدىن باشلىق كېلىپ گەپ سوراپ قالسا مۇنداق دەيسىلەر دەپ دەيدىغان گەپنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە نەچچە قېتىملاپ ئۆگىتىپ قويغان دېسىلە......

— نىياز ئانايەتكامغا كىيىم - كېچەك، ئوتۇن - كۆمۈر

بەرگەندىن باشقا تېخى نەق پۇلمۇ بېرەمدىكەن؟

— ئانايەتكىلا ئەمەس، كەنتىمىزدىكى، ھەتتا ئاچما كەنتىدىكى نۇرغۇن نامراتلارغىمۇ پۇل تارقىتىپ بېرىدىكەن دېسىلە، نىياز مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلغىلى تۇرسا، كەنتىمىزدىكى ئانايەت كۇدەكتەك نامرات گەدەنكەشلەرنىڭ قەددى رۇسلىنىپ، خورىكى ئۆسۈپ كەتمەمدۇ؟ ئۇبدان ئويلاپ باقسىلا، بۇ خەتەرلىك ئىش جۇمۇ!

— ھەئە، ئۆسۈپ كېتىدۇ. راست خەتەرلىك...... داۋامىنى دەۋېرىڭ......

— سىلى بىلىلا، قوتۇر ئېشەككىمۇ بوغۇزنى ئۇبدان بەرسە قۇيرۇقنى شىنە قىلىپ باشتۇگلىشىدۇ، باشتۇگلاشسا بىزنى ئۇستىگە مىندۇرمەيدۇ. بىلسىلە، ئانايەت كۇدەكنى شۇنچە نوچى قىلىۋەتكەن نىياز ئۇنىڭغا پات - پات بېرىپ تۇرغان پۇلنىڭ كۈچى! شۇڭا، ئۇلاردىن بىرنەچچىسىنى بېيىتماي، نامرات ھالىتىدە قالدۇرۇپ قويايلى دېگەنىدىم. ئۇلار ھېچبولمىغاندا كەنتىمىزگە ئۆتكەندىكىدەك رەھبەرلەر كېلىپ ھال سورىغاندا، يىغلاپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىدۇ ئەمەسمۇ...... ئۇلار گەپنى جايىدا قىلسا، رەھبەرلەرمۇ بىزنى «نامراتلارغا تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپسىلەر، ئىدىيەدە يۇكسىلىپسىلەر» دەپ خۇش بولىدۇ ئەمەسمۇ!؟

— ھا - ھا - ھا...... — ئابدۇللا ئاچچىق كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن قاۋۇل سېكرېتارنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — سىزنىڭ پىلانىڭىز مۇشۇمىدى؟ بۇ...... بۇ...... نېمانچە تېتىقسىز پىلان - ھە؟ پارتىيە - ھۆكۈمەت بار ئامالنى ئىشلىتىپ نامرات دېھقانلارنى بېيىتىڭلار دەۋاتسا، سىز ئۇلارنى بېيىتماسلىق پىلانىنى تۈزدىڭىزما؟ تېخى ئۇنى «ئىلگىرى سىلىگە دېگەن، سىلىمۇ قوشۇلغان» دەپ ماڭا بوھتان چاپلاۋاتىسىزغۇ!

قاۋۇل سېكرېتار ئابدۇللانىڭ چىرايىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ، ئۆزىنى ئۇچۇقدايدىغانلىقىنى پەملىدى - دە، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تۇتۇندى.

— مەن سىلىگە قانداقمۇ بوھتان چاپلاي، يېزا باشلىقى؟ بۇ پىلاننى قايسىبىر كۈنى ئاخشىمى ئۆيلىرىگە بىر پۇلۇق غاز تۇخۇمنى ئېلىپ بارغىنىمدا تەپسىلىي دېگەن. ھە راست، پىلاننى پاتىگۈل خانىم ئاڭلاپ سىلىگە: «بەكمۇ بەلەن پىلان بوپتۇ» دېگەن ئىدىغۇ! بۇنىغۇ ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟

قاۋۇل سېكرېتار ئابدۇللاغا مەنىلىك قاراپ قويۇۋىدى، چىرايىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ئاستا - ئاستا ئۆچتى. شۇنىڭ بىلەن قاۋۇل سېكرېتار مۇھىم پەيتتە ئەقلىنى ئىشلىتىپ پاتىگۈلنى شېپى كەلتۈرگەنلىكىگە ئىچىدە خۇش بولدى. دەرۋەقە ئەمدى ئابدۇللانىڭ ئېسىگە قاۋۇل سېكرېتارنىڭ قايسى بىر كۈنى شۇنداق بىر گەپلەرنى دېگەنلىكى خىرە - شىرە كېلىپ سەل ئەپسۇ- سلاندى. ئۇ چاغدا ئابدۇللانىڭ پۈتۈن ئەس - يادى تېلېۋىزوردا بولۇپ، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ بۇ غەلىتە پىلانىنى ئايالى پاتىگۈلنىڭ «تەستىقلىۋەتكەنلىكىگە» تازا دىققەت قىلمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ پاتىگۈلنىڭ قاۋۇل سېكرېتارنى ماختىغانلىقى خۇددى سەھەردە كۆرگەن چۈشتەك ئېسىدە غۇۋا ساقلىنىپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئابدۇللانىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇشقا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلاتتى. مۇبادا بولدى قىلمىسا، يەنە كېلىپ قاۋۇل سېكرېتارنىڭ تەلپى بويىچە پاتىگۈل ئارىغا قىسىلسا، ئاخىرقى نەتىجە يەنىلا ئابدۇللاغا پايدىسىز بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللامۇ قاۋۇل سېكرېتاردەكلا زىرەكلەشتى. ئۇ ئازراقلا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قاۋۇل سېكرېتارغا يەر تېگىدىن قاراپ:

— نىمىلا بولسۇن بۇ قاملاشمىغان پىلان توغرۇلۇق بۈنىگدىن كېيىن تالا - تۈزدە قالايمىقان سۆزلەپ يۈرمەڭ. ساۋاتىڭىز

بولمىغان بىلەن يېزىمىزدىكى ياچېيكا سېكرېتارلىرى ئىچىدە پېشقەدەم سانىلىسىز، بىلدىڭىزما؟ ــ دېدى بۇ پىلانىنىڭ شۇنچە لاۋزىلىقىنى نېمە شقىدۇر ئۆز ۋاقتىدىلا ھېس قىلمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈۋاتقاندەك. ئاندىن قاۋۇل سېكرېتارنىڭ بايا راشىدىن ئاتقان چالما تېگىپ بىلىنەرلىك قىزارغان پېشانىسىگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. قاۋۇل سېكرېتار سەل گاڭگىراپ تۇرغاندىن كېيىن، خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن ئابدۇللانىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

بۈگۈن چاشگاھ مەھەلدە ناھىيە بازىرىدىن ئاقتاش يېزىسىغا قاراپ كېلىۋاتقان «PASSAT» ماركىلىق كىچىك ماشىنا ئاچما كۆۋرۈك قېشىدىكى كەڭرى سەينادا توختىدى. بۇ يەردە تۇرۇپ قارىسا، ئاقتاش دەرياسىنى، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى جىغانلىق دالىنى ھەم يېكەنكۆلنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ماشىنىدىن ئاۋۋال نىياز، كېيىن زەينەپگۈل بىلەن بەگيار، ئاخىرىدا تىللاخان بىلەن زەينەپگۈلنىڭ ئىنىسى ۋە سىڭلىسى چۈشتى. بالىلار بەكمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى، چېھرىدە كۈلكە پارلايتتى. تىللاخانمۇ خۇددى سولغان ئەتىرگۈلنىڭ تۈۋىگە سۇ قۇيۇلغاندەك ياشىرىپ، ئىلگىرىكى سولغۇن ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بۈگۈن نىياز ئۇلارنى ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ گۈزەل ماكاننى سەيلە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ئېلىپ كەلگەنىدى. سەھرا سەيلىسى مۇشۇ يېشىغىچە نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ تۈزۈكرەك شادلىنىپ باقمىغان تىللاخاننى تەمتىرىتىپ قويغاچقا، ئىززىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىۋاتقان نىيازغا قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتاتتى. ئاغزىغا «خۇدايىم دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن، ئوغلۇم» دېگەندىن باشقا گەپ كەلمەيتتى. زىيادە سۆيۈنگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، مەڭزىنى ئارىلاپ ھاياجان ياشلىرى نەمدەيتتى.

تىللاخان سۆيۈنۈشكە ئەلۋەتتە ھەقلىق ئىدى. چۈنكى، بۇ كۈنلەردە ئىلگىرىكى نامراتلىق ۋە موھتاجلىقتىنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى، ھە دېگەندە ئانىي تېپىپ، يىغقان ـ تەرگىنىنى ئېلىپ قاچىدىغان، بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، ئۇرۇپ ـ تىللايدىغان زاكىرجاندىن ئادا ـ جۇدا بولغانىدى. تىللاخان ئىككى بالىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىنى خالىماي چىشىنى چىشلەپ سەۋر قىلغان بىلەن، زەينەپگۈل نىيازغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، زاكىرجان تىللاخاننى ئانىي تېپىپ ئارامخۇدا كۈن ئالغىلى قويمىدى. ئەسلىدە زاكىرجاننى مۇشۇنداق ئەسەبىيلەشتۈرۈۋەتكىنى نىياز بىلەن زەينەپگۈل تىللاخانغا قەرەللىك ئەۋەتىپ تۇرىدىغان نەچچە يۈز يۈەن تۇرمۇش پۇلى ئىدى. زاكىرجان مانا مۇشۇ «پۇلنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بېرىسەن» دەپ جېدەل قىلىپ، تىللاخاننىڭ سەۋر قاچىسىنى تاشتۇرغانىدى. زاكىرجاننىڭ زۇلمى ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. زاكىرجان دائىم دېگۈدەك غەرق مەست كېلىپ تىللاخاننى ئارامىدا قويمايتتى. تىللاخان بىر مەزگىلگىچە بۇنى نىياز بىلەن زەينەپگۈلگە چاندۇرماي دەردىنى ئىچىگە يۇتتى. بىراق، زاكىرجاننىڭ زۇلمىغا تىللاخان چىدىغان بىلەن، زەينەپگۈلنىڭ سىڭلىسى بىلەن ئىنىسى چىدىمىدى. ئىككىسى ئاخىر ئانىسىغا تۇيدۇرماي زەينەپگۈلگە خەت يازدى. شۇنىڭ بىلەن زەينەپگۈل ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، نىياز بىلەن ئۇلارنى يېنىغا كۆچۈرۈپ ئەكېلىۋېلىشنى مەسلىھەتلەشتى. دەسلەپتە زەينەپگۈل ئانىسىنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن بولسىمۇ، كېيىن نىياز ئۆزى كېلىپ ياخشى گەپلەر بىلەن ئۇنى تەسىرلەندۈرۈپ قايىل قىلدى. نىياز تىللاخان بىلەن بالىلارنىڭ بىر قۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى زاكىرجانغا تاپشۇرۇپ بەرگەندە، ئالدىنقى كۈنى ئىچكەن ھاراقنىڭ كەيپىدىن چىقالماي ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقان زاكىرجاننىڭ خۇشاللىقتىن

شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى. كېيىن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىكىدەكلا نىيازنىڭ قولىنى تۇتۇپ قۇلىقىغا: «دەردىم بار» دەپ پىچىرلىدى. شۇئان نىيازنىڭ ئىچى ئاغرىپ، يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ زاكىرجاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى. پۇلنى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن زاكىرجان نىيازنىڭ قولىنى دەرھال قويۇۋەتتى.

زەينەپگۈل ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىغا جەنۇب تەرەپتە ئاخىرقى چېكى ئۇپۇقتىچە سوزۇلغان بوستانلىقنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. بەگيار نىيازنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، شەرقتىكى سازلىق تەرەپكە تارتىۋاتاتتى. سازلىق ئۈستىدە نۇرغۇن بېلىقئالغۇچ ۋە مىشولار يەر بېغىرلاپ ئۇچۇشۇۋاتاتتى. تىللاخان ساپ ھاۋادىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالغىنىچە ئەتراپقا ئىپتىخارلىق تۈيغۇسىدا قارايتتى. ئۇزاق سەپەرنىڭ ھاردۇقى چىققاندەك بەدىنى بوشاپ، مۇسكۇللىرى راھەتلەنگەندى.

— قارىسىلا، ئانا، ئەنە ئاۋۇ ئاقتاش دەرياسى، سۈيى يىراقتا كۆرۈنگەن چېقىللاردىن كېلىدۇ. بۇ دەريا مۇشۇنداق ئاققانچە بىرىپ تەكلىماكان چۆلىگە قۇيۇلىدۇ. كىچىك ۋاقتىلىرىمدا مۇشۇ ئەتراپتا قوي باقاتتىم، دوستلىرىم بىلەن مۆكۈشمەك ئويناي-تتىم...... — نىيازنىڭ يىراقتا قالغان باللىقىنى خىيال قىلىۋېتىپ دېگەن بۇ گەپلىرى تىللاخاننى سۆيۈندۈردى. نىياز ئاخشام بۈگۈنكى سەپەرنى تىلغا ئالغاندىمۇ تىللاخان مۇشۇنداق سۆيۈنۈپ كەتكەندى. يېقىنغىچە شەھەر كوچىلىرىنى سۈپۈرۈش، ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىش، كوچا ئاغزىدا گازىر ياكى لەگمەنلىك سېتىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى غورىگىل قامداپ كېلىۋاتقان تىللاخان ئۈچۈن سەيلە - ساياھەت دېگەنلەر يات بولۇپ، بۇنداق قۇۋناق كۈنلەر ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى. نىياز بەگيارنى يېتىلەپ يېقىنلا يەردە كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان دەريا تەرەپكە كېتىۋاتقاندا،

تىللاخـان ھاياجانـدىنمۇ يـاكى باشـقا سـەۋەبتىنمۇ، ئەيتـاۋۇر، كـۆزلىرىگە لۆممـدە يـاش ئالـدى. مۇشـۇ يىپشىغىچە تۇرمۇشـنىڭ قىيىنچىلىقىنـى، باللىرىنىـڭ غەم - ئەندىشىسىنى يەتكـۈچە تارتىپ، ھاياتنىڭ ئازراقمۇ خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن تىللاخـان ئۈچۈن بۇ كـۈنلەر ئۆمـۈر مۇساپىـسىدىكى ئەڭ زور بۇرۇلـۇش ھېسابلىناتتى. نىياز ئۇنى يۇرتىدىن كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۆزى ئالدىنقى يىلى قۇرۇپ چىققـان «بەخـت ئولتـۇراق رايـونى»دىكـى 120 كـۋادرات مېتىر كۆلەمـدىكى بىنـا ئـۆيگە ئورۇنلاشتۇرغاندىمۇ، بىـرنەچچە كـۈنگىچە شادلىق يېشى قۇرۇمىغانىدى. كۆركەم زىننەتلەنگەن بىنـا ئۆيـدىكى «توققۇزى تەل» تۇرمۇشقا كۆنەلمەي تەمترەپ، گويا شىرىن چۈش كۆرۈۋاتقانـدەك، چۈشـىدىن ئويغىنىـپ كەتـىسلا كـۆز ئالدىـدىكى بەختلىك تۇرمۇش غايىب بولىدىغاندەك ئۆز كـۆزىگە ئىشىنەلمىگە - نىـدى. زەينەپگـۈل بىـرنەچچە كـۈن ھەمـراھ بولـۇپ، بـۇ يېڭـى تۇرمۇشنىڭ تەرتىپىنى بىـر - بىـرلەپ چۈشەندۈرگەندىلا تىللاخـان رېئاللىققا قايتىپ، ئىلگىرى خىيال قىلىپمۇ باقمىغان بـۇ تۇرمۇشنى نىياز بىلەن قىزى زەينەپگۈلنىڭ بەخش ئەتكەنلىكىگە ئىشەندى.

تىللاخاننىـڭ خىيالىغا ھە دېگەنـدە نىيـاز بىـلەن زەينەپگـۈل بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن ھېلىقى كۈن كىرىۋالاتتى. ھويلىـدىكى تاشلاندۇق كارىۋاتنىـڭ گىرۋىكىـدە قورۇنـۇپ ئولتۇرغـان يىگىتنىـڭ مۇشـۇ بىـرنەچچە يىـل ئىچىـدە بېيىـپ، «نىيـاز غوجـايىن»غـا ئايلانغـانلىقى تىللاخانغـا خـۇددى قاچانـدۇر كـۆرگەن چۈشـىدەكلا تۇيۇلاتتى. نىيازنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ھەققەتەنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشـۈپ، سابىر ھاجىنىڭ دەۋىتـى بىلەن بىناكـارلىق قۇرۇلـۇش كەسپىگە قەدەم باسـقاندىن بۇيـان تاپـاۋىتى مۆلچەردىكىـدىنمۇ ياخشى بولدى. ئالدىنقى يىللىرى پۈتـۈن نـاھىيە تەۋەسىدىكى بىـر قىـسىم كونـا، خەتەرلىـك مەكتەپلەرنـى قايتـا قـۇرۇش دولقـۇنى نىيازنىڭ قەددىنى بىراقلا كۆتۈرۈپ، كېيىنكى ئـۆي - مۈلۈكچىلىـك

كەسىپنىمۇ قوشۇۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، نىيازنىڭ ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدىكى تاپاۋىتى نەچچە قاتلىنىپ، مانا ئەمدى ئىسمى - جىسمىغا لايىق «نىيازباي»، «نىياز غوجايىن» بولۇپ نامى ئەتراپقا تارقالدى. بۇ خاسىيەتلىك مۇساپىدە نىيازغا بىر تەرەپتىن خەلچەمنىڭ جاسارىتى، كەۋسەرنىڭ ساداقىتى زور ئىلھام بېغىشلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەدىردىننىڭ ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن ئابدۇللانىڭ راشىدىننى باھانە قىلىپ ئۆزىنى يارامسىزلار قاتارىغا چىقارغانلىقى ئىرادىسىنى چىڭىتتى. نىياز ھەر قېتىم بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ بوشىشىپ قالسا، سەدىردىن بىلەن ئابدۇللانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ دەرھال ھەسسىلەپ كۈچكە تولاتتى. قىسقىسى، قەلبىنى قاماللاپ كېلىۋاتقان ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە سەدىردىن بىلەن ئابدۇللاغا ئۆز ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاپ بېرىشتەك ئۆزگىچە غايە سىڭىپ كەتكەنىدى. بۇ جەرياندا نىياز مەرھۇم ئەخمەت بوۋاينىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى نەسىھەتى بويىچە، سەممىيلىكنى، مېھرىبانلىقنى، سېخىيلىقنى ئۆزىگە مىزان قىلىپ يۈز - ئابرۇي تىكلىدى. نىيازنىڭ ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ داۋالىنىشقا قۇربى يەتمىگەن ئون نەچچە كىشىنى داۋالاتقانلىقى، ناھىيەلىك يېتىم - يېسىرلار پارا-ۋانلىق ئورنىغا بىرنەچچە قېتىم پۇل ئىئانە قىلغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا يادلىنىپ، ئۇنى كۆپكە تونۇتۇۋەتتى.

تىللاخان تېخىچىلا نىيازدىن كۆز ئۈزمەيۋاتاتتى. نىياز بەگيارنى يېتىلەپ دەريانىڭ قىرغىقىغا بېرىپ بولغانىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا زەينەپگۈلنىڭ ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىمۇ يېتىپ كەلدى. باللار شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇ-ۋېتىپ ۋارقىرىشاتتى، كۈلۈشەتتى.

— خۇدايىم دۆلىتىڭلارنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن، قىزىم، ئىككىڭلا ئالەمدە يۈزۈڭلار يورۇق بولغاي! نىياز بالامنىڭ تېنىنى

ساق، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي!
تىللاخاننىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى تەكرار دەۋاتقان بۇ گەپنى يەنە دەۋىرىشى زەينەپگۈلگە ياقمىدى:
ــ ئانا، نىياز سىنى «ئىلگىرى كۆپ جاپا تارتىپتۇ، ئەمدى ئارام ئالسۇن» دەيدۇ شۇ. مەن قىزنىڭ، نىياز كۈيئوغلۇڭ بولغاندىكىن بۇنداق رەھمەت ئېيتىشۇەرمە، بىر گەپنى دەۋەرسەڭ نىياز سەندىن رەنجىپ قالىدۇ.
ــ ماقۇل، قىزىم، ئەمدى دېمەي. ئەمىسە سەنمۇ گېپىمنى ئاڭلا، تامىقىڭلارنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىڭلارنى يۇيۇپ بېرىشىمگە قوشۇلمىغاندىكىن، سىڭلىڭ مەكتەپتە ئوقۇماي سىلەرگە ياردەملەشسۇن، بولامدۇ؟
ــ ئانا، نىياز ئىنىم بىلەن سىڭلىمنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىمەن دەۋاتسا، سەن بۇنداق دېسەڭ، نىياز رەنجىمەمدۇ؟ نىيازنى خاپا قىلماي دېسەڭ، ياخشىسى بۇنداق گەپلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن تىلغا ئالما، بولامدۇ!
ــ بۇنداق تەييار پۇلنى خەجلەپ ئولتۇرسام بولماس، قىزىم......
ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۈزۈلمەيلا نىياز بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا ساھىلىدىن قايتىپ كەلدى.
ــ ئانا، بۇ يەر قانداقراقكەن؟ ــ دېدى نىياز بىر خىل پەخىرلىك ھېسسىياتتا تىللاخانغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ. شۇ تاپتا نىيازنىڭ چېھرىنى ئانا يۇرتىغا بولغان ئوتلۇق مېھىر ئىگىلىگەنىدى.
ــ ھەقىقەتەن مەنزىرىلىككەن، ئاقتاش دېسە، تاشلىق يەر ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن. ئەتراپىنىڭ ھەممىسى باغۇبوستانىكەن ئەمەسمۇ! ــ تىللاخانىنىڭ بۇ گېپى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. كېيىن ئۇلار يولنى داۋام قىلىۋاتقاندىمۇ تىللاخان ئاقتاشنىڭ تەرىپىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى.

هۆۋىخان تىللاخاننى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولدى. گەرچە ساقسىزلىق تۇپەيلى نەچچە كۈندىن بېرى قوپماي ياتقان بولسىمۇ، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى:

— خويمۇ ئوبدان ئىش قىپسەن، بالام، كۆڭلۈمدە سىلەرنى كېلىپ كەتسىكەن دەپ ئولتۇراتتىم. تىلىكىمنى خۇدايىم كۆڭلۈڭگە سالغان ئوخشايدۇ.

تىللاخان هۆۋىخاننىڭ شۇنچە قېرىغان بولسىمۇ يەنىلا ئەقىل-هوشىنىڭ جايىدىلىقىغا، ماجالى يەتسە ئىش قىلىشقا ئىنتىلىپلا تۇرۇۋاتقان هالىتىگە قاراپ، مەرهۇم ئانىسىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇلار ئاقتاشتا ئىككى كۈن تۇردى. ئارىدا خەلچەم، كەۋسەرلەرمۇ كەلدى. سوپى ئاخۇن زەينەپگۈلنىڭ تەلىپى بويىچە راشىدىننى ئېلىپ كەلگەندە، تىللاخان ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىپ ياش تۆكتى. ئۇلار بۈگۈن ئاش ۋاقتى بىلەن ناهىيە بازىرىغا قايتىشقا تەرەددۇت قىلىشتى. نىياز ئالدىنقى قېتىملاردىكىگە ئوخشاش هۆۋىخاننى بىللە ئېلىپ كېتىشنى ئېيتقاندا، ئۇ:

— رەهمەتلىك داداڭنىڭ روهىنى قورۇندۇرغۇم يوق. مېنى رازى قىلاي، كۆڭلىنى تىندۇرۇپ دۇئاسىنى ئېلىۋالاي دېسەڭ، ياخشىسى مۇشۇ ئۆيدە تۇرغىلى قوي، — دېدى.

نىياز ئانىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يەنە زورلىيالمىدى. ئۇلار قايتماقچى بولغاندا، هۆۋىخان بوغچىسىنىڭ تېگىدىكى تۈچ قۇتىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئېلىپ زەينەپگۈلنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدى. بۇنىڭغا زەينەپگۈلدىن كۆرە، نىياز ئالاهىدە خۇش بولدى. چۈنكى، هۆۋىخاننىڭ بۇ ئۈزۈكنى ئانىسىنىڭ بىردىنبىر تەۋەررۈكى سۈپىتىدە تولىمۇ ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇ كىچىك چېغىدىن بېرى بىلەتتى. هۆۋىخاننىڭ بۇ تەۋەررۈك ئۈزۈكنى زەينەپگۈلگە بەرگەنلىكى بىر هېسابتا زەينەپگۈلنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈۋاتقانلىقىنىڭ، شۇنداقلا ئۇنى «كېلىنىم» دەپ

تولۇق ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە تىللاخانىمۇ خۇش قىلماي قالمىدى.

ئەسلىدە ھۆۋىخانىنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ كىچىككىنە ئارقا كۆرۈنۈشى بار بولۇپ، ئېنىقراق ئېيتقاندا، نىياز ئەينى چاغدا زەينەپگۈل بىلەن توي قىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا ھۆۋىخان ئىككىلەنگەنىدى. بۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا نىيازغا ئۆز تۇغقىنىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ قىلغان لەۋزىدىن يېنىشىنىڭ تەسلىكى بىلەن، شۇ كۈنلەردە غازلىقتىكى كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان «نىياز كۆلىنىڭ كوچىسىدىن تېپىپ كەلگەن قىز بىلەن توي قىلسا نەس باسماي قالمايدۇ» دېگەن پىتنە - پاساتلىرى سەۋەب بولغانىدى. ئەمەلىيەت بۇ قاراشنىڭ بىمەنىلىكىنى ئىسپاتلىغاچقا، ئىلگىرى بۇ گەپنى جاراستاندا دەپ يۈرۈشكەن كىشىلەر ئەمدى نىيازنىڭ زەينەپگۈل بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ناھىيە بازىرىدىكى ساناقلىق زەردارلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرۈشۈپ ئاغزىنى تۇتۇپلا قېلىشتى.

— رەھمەت، ئانا، بۇ ئۈزۈكنى سىلىنى كۆرگەن كۆزۈمدە كۆرۈپ ئەتىۋارلاپ ساقلايمەن، — دېدى زەينەپگۈل ھۆۋىخانىنىڭ ئورۇق بارماقلىرىنى مېھرى بىلەن سىقىپ ھاياجانلانغان ھالدا. ھۆۋىخان قېرىلىق سوۋغىلىرىنىڭ ئارىسىدا پىلىلداپ تۇرۇۋاتقان نۇرسىز كۆزلىرىنى زەينەپگۈلگە تىكتى، راستىنى ئېيتقاندا ئۇ مۇشۇ كەمگىنچە زەينەپگۈلگە بۇنداق مېھرىلىك نەزەردە باقمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرقى ئاق ياقىلىقلارغا خاس سالاپەتلىك كىيىنگەن، تۇرقىدىن زىرەكلىك ھەم سەممىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان خۇش پىچىم زەينەپگۈل ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەندىكى قورۇنۇپ، تەمتىرەپ تۇرغان، ۋىجىك، كەم سۆز قىز زاھىر بولۇۋاتاتتى. تىللاخانمۇ ھۆۋىخانىنىڭ زەينەپگۈلگە شۇنچە چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىش ئارقىلىق، نىيازنىڭ كەلگۈسىدىن تولۇق

خاتىرجەم بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ هۆۋىخانىنىڭ ساناقسىز كەچمىشلەرنى ساقلاپ كېلىۋاتقان كۆڭلىدە قەدىناس مۇرەببىسى ئەخمەت بوۋاينىڭ هايات ۋاقتىدا دائىم دەيدىغان « (ئەرنى ئەر قىلغانمۇ، يەر قىلغانمۇ خوتۇن) ، هەرقانداق يارامىلىق ئەرمۇ بولۇمسىز ئايال بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولسا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن گېپى يادلىنىپ تۇراتتى. نىياز لەۋزىدە چىڭ تۇرۇپ زەينەپگۈل بىلەن توي قىلغاندىن بۇيان، بوۋاي بىلەن موماي خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۆزگە يۇرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن زەينەپگۈلنىڭ خۇي - پەيلىدىن دەرگۇمان بولۇپ يۈرۈشكەندى. قوشنىلارنىڭ پەرىزىدىكىدەك، زەينەپگۈلنىڭ «ئايىغى ياراشماي» قېلىشىدىن ئەنسىرىمەي تۇرالمايتتى. كېيىن نىيازنىڭ قەددى كۆتۈرۈلگەنسېرى ئەخمەت بوۋاي هېلىقىدەك بىهۇدە غەملەرنى قىلمايدىغان بولغان بىلەن، هۆۋىخان غەم- ئەندىشىدىن تەل - تۆكۈس قۇتۇلالماي كېلىۋاتاتتى. مانا، كېلىنىنىڭ مەرهۇم ئەخمەت بوۋايغا كۆرۈش نېسىپ بولمىغان پەزىلەتلىرىنى هۆۋىخان كۆردى. كىچىك ۋاقتىدا تولا ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ ئۆزلىرىنى ئەنسىرىتىپلا يۈرىدىغان نىياز ئەمدى يۇرتتا هەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان يارامىلىق ئەر بولغانىدى. دېمەك، ئەخمەت بوۋاينىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، زەينەپگۈل نىيازنى ئەل - ئاۋام پەخىرلىنىدىغان ئەر قىلغانىدى. شۇڭا، هۆۋىخانىنىڭ زەينەپگۈلدىن سۆيۈنۈشى هەقلىق ئىدى. ئۇلار ئۆزئارا تىنچ- ئامانلىق، ئاسايىشلىق تىلىشىپ خوشلىشىۋاتقاندا، هۆۋىخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى. نىياز هەر قېتىم ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، قايتىپ كېتىدىغان چاغدا هۆۋىخان مۇشۇنداق يىغلاپ ئارقىلىق ئۇزىتىپ قوياتتى. نىياز ۋە باشقىلار ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئەخمەت بوۋاينى ئېسىگە ئالغانلىقىنى، كۆڭلىدە «سىلى هايات بولۇپ، نىيازنىڭ يارامىلىق ئادەم بولغانلىقىنى كۆرگەن بولسىلا بەكمۇ

ياخشى بولاتتى» دەپ ئارمان قىلىپ ياش تۆككەنلىكىنى بىلىشەتتى، بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى. نىياز ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ھۆۋىخاننىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. زەينەپگۈل پۇتىنى ئۇۇۋلاپ، قولىنى سىلاپ مېھرىبانلىق يەتكۈزگەندىن كېيىن، تىللاخان ۋە باللار بىلەن ناھىيە بازىرىغا قايتتى.

*　　　　*　　　　*

خەلچەم يېقىندا نىيازنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كەشتىچىلىك دۇكىنىنى كېڭەيتىپلا قالماي، ياتاق ئۆيىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېزىۋالدى. ئەسلىدە خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنىرى بازار تېپىپ، ئىشلىرى يۈرۈشكەنسېرى تىجارەت دائىرىسى كېڭەيگە-نىدى، ئىلگىرى چوڭدەك كۆرۈنگەن دۇكان ئەمدى كىچىك كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئەنىياز كېلىشى بىلەن دۇكان ئالدىدىكى بوش يەرنىڭ ئۈستىگە ئاددىي لەمپە ياسىتىپ، قولى ھۈنەرگە كەلگەن قىزلاردىن بىرنەچچىنى ئىككى كەشتىچىلىك ماشىنىسى بىلەن بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇنىڭ بىلەن گەرچە كەشتىچىلىك دۇكىنىدىكى قىستاڭچىلىق ۋاقىتلىق ھەل بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى بەزى ئىشلار خەلچەمنى ئاۋارە قىلىشقا باشلىدى. ئەسلىدە خەلچەم كەشتىچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، ئون نەچچە قىزنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلغاندىن بۇيان ئەتراپ قايناق بازارغا ئايلانغانىدى. يامان بولغىنى، يېزا بازىرىدىكى ماتاڭچى، گازىرچى، تەنزىكەش دېگەندەك سەييارە ئوقەتچىلەردىن تارتىپ، ئاقتاشنىڭ بىكار تەلەپ يىگىتلىرىگىچە خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى رەستىگە توپلىشىۋالىدىغان ئادەت شەكىللىنىپ قالغانىدى. گەرچە تىجارەتچى — ھۆپىگەرلەر بۇ يەردىكى ئاۋاتچىلىقتىن پايدىلىنىپ سودا قىلىشنى كۆزلىسىمۇ، بىكار تەلەپ يىگىتلەر لەمپە

ئاستىدا ھۈنەر قىلىۋاتقان چىرايلىق شاگىرت قىزلارغا قاراپ كۆزلىرىنىڭ يېتىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. باشتا مۇشۇنداق ئاددىي تۇس ئالغان ئىش ئۇزاق ئۆتمەي سەل تاپتىن چىقتى. ئاقتاشنىڭ ئاز بىر قىسىم قولاق كەستى ياشلىرى ھاراق ئىچىپ تەگشىلىۋال-غاندىن كېيىن، بۇ رەستىگە كېلىپ شاگىرت قىزلارغا پوخۇرلۇق قىلىدىغان بولۇۋېلىشتى. يەنە تېخى «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك، شاگىرت قىزلارنىڭ رايى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇلارنى تالىشىپ ھەم بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ جېدەللىشىدىغانلارمۇ چىقتى. ئاخىر خەلچەم بۇ ئىشنى غېنى ساقچىغا ئېيتتى. غېنى ساقچى خەلچەمنىڭ كەۋسەر بىلەن بولغان دوستلۇقىنى نەزەرگە ئالدى بولغاي، بۇ يەرنىڭ ئامانلىقىغا ئۆزى بىۋاستە مەسئۇل بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. بىراق، ئۇ ھەر قېتىم جېدەل يۈز بەرگەندە بولسا قايسىدۇر ئالدىراش ئىش بىلەن كەنتلەرگە كېتەتتى. كېيىن بۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش «ۋەزىپىسى» كۈتۈلمىگەن بىرىگە تەئەللۇق بولۇپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ دەل راشىدىن ئىدى...... ئېنىقراق ئېيتقاندا، راشىدىن بۇ يەرگە توپلىنىۋالغان ھايتاق ياشلارنى قولىغا چالما - داشقال ئېلىپ قوغلايتتى. راشىدىنىنىڭ بۇ ئىشىدىن باشقىلار ساراسىمىگە چۈشسىمۇ، بىراق ھوشۇر موزدۇز خۇشال بولغىنىدىن تېرىسىگە سىغماي قالاتتى. چۈنكى، راشىدىنىنىڭ بىرەر ھادىسىگە يولۇ-قۇشىدىن ئەنسىرىسىمۇ، كۆڭلىدە: «ئوغلۇم ئەسلىگە كېلىۋېتىپتۇ! ئۇ خەلچەمگە باشقىلارنىڭ يامان كۆزىنى تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق قېلىۋاتىدۇ، پات ئارىدا ساقايغۇدەك» دەپ شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالاتتى. شۇنداقتىمۇ، نىياز بىر قېتىم راشىدىن باشقىلارنى قوغلاۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قېلىپ ساراسىمىگە چۈشتى. دېمىسىمۇ راشىدىن مۇشۇ ھالدا ئۆكتەملەرنىڭ بىرەرسى بىلەن تۇتۇشۇپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقاتتى. نىياز

ئاخىر بۇ رەستىدىكى مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن لەمپە ئاستىدا ئىشلەۋاتقان قىزلارنى كەشتىچىلىك دۇكىنىغا يۆتكەپ كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، كۆزى كەشتىچىلىك دۇكىنىنىڭ كەينى تەرەپ تېمىغا تۇتاش بىرنەچچە ئېغىز ئۆيگە چۈشتى. ئەسلىدە بۇ ئۆيلەر يېزىلىق دوختۇرخانىغا تەۋە بولۇپ، ياخشى يېرى، خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا تۇتاش ئۆيدىكىلەر يېقىندا سىرتقا ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كەتكە- نىدى. نىياز ئويلىغانلىرىنى خەلچەمگە ئېيتىپ، ئۇنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. شۇ كۈنىلا نىيازنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن، دوختۇرخانا باشلىقى بۇ ئۆينى خەلچەمگە ئەرزان باھادا ئىجارىگە بەردى. يەنە تېخى خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىدىن بۇ ئۆيگە ئىشىك ئاچقۇزۇپ ئىككىسىنى بىر گەۋدە قىلىشىغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، يىراق - يېقىندىن كېلىشكەن خېرىدارلارنى، تەييار بولغان كەشتە بۇيۇملىرىنى توپ سېتىۋېلىپ، باشقا يېزا بازارلىرىدا پارچە ساتىدىغان چۆپقەتلەرنى كۈتىدىغان، شۇنداقلا ئۆيى يىراق شاگىرتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئورۇنمۇ ھەل بولدى. لەمپە ئاستىدىكى قىزلار يېڭىدىن كېڭەيتىلگەن ئازادە دۇكانغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ھايتاق يىگىتلەرمۇ كەشتىچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۇۋىسى بۇزۇلغان قۇزغۇنلاردەك تېزىپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن ئەڭ خۇش بولغان ئادەمنىڭ راشىدىن ئىكەنلىكى خەلچەمگە ئايان ئىدى. ئىلگىرى كۈندە بىر قېتىم يۈگۈرۈپ كېلىپلا، يەنە يۈگۈرگەن پېتى غازلىققا كېتىدىغان راشىدىن مۇشۇ كۈنلەردە ئىككى قېتىم، ھەتتا بەزى كۈنلىرى ئۈچ قېتىم كېلىپ ئىلگىرىكى «تەرتىپ»نى بۇزۇۋەتكەنىدى. بۇ ئەلۋەتتە كەشتىچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى رەستە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى راشىدىن كۈندە بىر قېتىملا كېلىپ-

كېتىدىغان ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتقانىدى.

بۇگۈن خەلچەم ئاۋۋالقىدەكلا ئالدىراش ئىدى. بۇيرۇتمىلىرىنى سۆيلەپ كېلىشكەن خېرىدارلاردىن باشقا، قوشنا يېزا ۋە ناھىيە بازىرىدىكى چۆپقەتلىرىمۇ ئۇنى مۇشۇنداق ئالدىراش قىلىۋېتەتتى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئاساسلىق ۋاقتىنى بىر تەرەپتىن شاگىرتلىرىغا ئىش تاپشۇرۇشقا، يەنە بىر تەرەپتىن خېرىدارلىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ۋە يېڭىدىن سودا توختامى تۈزۈشكە قارىتىۋاتاتتى. گاھىدا كەشتىچىلىك دۇكىنىغا يېڭىدىن كەلگەن خېرىدارلارغا ئىشلەپ-چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولاتتى. يېقىنىدىن بۇيان ئۇلارنىڭ يەرلىك يىپەكتە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ داڭقى يىراقلارغا كەتكەچكە، زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. قايسىبىر كۈنى كەشتىچىلىك دۇكىنىغا ئىككى مۇخبىر سىنئالغۇ ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، خەلچەمنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تولا سوئال سوراپ ھالىنى قويمىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا يەنە نەدىندۇر پەيدا بولغان بىر توپ كىشى ئۇلارنىڭ يەرلىك يىپەكتە ئىشلىگەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلچەمنىڭ داڭقى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. داڭقى تارالغانسېرى ئۇنىڭغا يېپىشىدىغانلار كۆپىيىۋاتاتتى. ئارىدا ناھىيە بازىرىدىكى چۆپقەتلىرى كەشتىچىلىك دۇكىنىنى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ، تېخىمۇ كېڭەيتىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشتى. ئەسلىدە كەشتىچىلىك دۇكىنىنى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ، يەنىمۇ كېڭەيتىش تەكلىپىنى خېلى ئىلگىرىلا نىياز بىلەن كەۋسەرمۇ بەرگەنىدى، ھەتتا نىياز ناھىيە بازىرىغا سالغان سودا بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىن 80 نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق بىر دۇكاننى خېلىدىن بېرى خەلچەم ئۈچۈن ساقلاۋاتاتتى. پەقەت خەلچەم: «ئاقتاشتىن نېرى كەتمەيمەن» دەپ گەپىنى ئۆزگەندىلا ئاندىن

دۇكاننى باشقا بىرسىگە ئىجارىگە بېرىۋەتكەنىدى. خەلچەمنىڭ بۇ ئىشتىكى جاھىللىقى باشقىلارنى ئەجەبلەندۈرگەن بىلەن، سەۋەب نىياز بىلەن كەۋسەرگە ئايان ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، راشىدىن بۇ ھالدا تۇرغاندا، خەلچەم ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ بېرىشنى خالىمايتتى. قارىغاندا خەلچەممۇ راشىدىننىڭ كۈندە بىر قېتىم كەشتىچىلىك دۇكىنىغا كېلىپ، ئۆزىگە لاپپىدە قاراپ قويۇپلا، ئۈن-تىنسىز قايتىپ كېتىدىغان ئادىتىگە كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى. مۇبادا قايسىبىر كۈنى بولسۇن راشىدىن بىرەر سەۋەب بىلەن بۇ غەيرىي ئادىتىنى تەكرارلىمىسا، شۇ كۈنى خەلچەمنىڭ كۆڭلىمۇ ئارام تاپماي، دېرىزىدىن بازارنىڭ قاپاق تېرەكلىك كوچىسىغا نەچچە قېتىم بويۇنداپ قارايتتى. بۇنىڭغا شاگىرت قىزلارمۇ كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇلار راشىدىننى خەلچەمنىڭ يېقىن تۇغقىنى دەپ بىلىشەتتى. راشىدىننى باشقىلاردەك «ساراڭقېتىش»، «گاڭگۇن» دەپ سىلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشاتتى. ئەگەر بىلىپ-بىلمەي شۇنداق دەپ سالسا خەلچەمنىڭ قاتتىق تەنبىھىگە ئۇچرايتتى. راشىدىنمۇ قارىماققا قوپال، ئەقلىدىن ئاداشقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، كەشتىچىلىك دۇكىنىغا يېقىنلاپ كەلگەندە بىردىنلا ياۋاشلىشىپ، خەلچەمگە لاپپىدە قارايتتى - يۇ، خۇددى بىر نېمىدىن ئۈركۈگەن موزايدەك يۈگۈرگىنىچە غازلىق تەرەپكە كېتەتتى. بەزى كۈنلىرى ھوشۇر ئاخۇن كەشتىچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ھارغىن پەيدا بولاتتى. خەلچەم سۇنغان بىر پىيالە چاينى تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىچكەندىن كېيىن، راشىدىنغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭاتتى. بۇ تەكرارلىقنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بىر كۈنى خەلچەم ناھىيە بازىرىدىن كەلگەن چۆپقەتلىرىنى يولغا سېلىپ تۇراتتى، كەشتىچىلىك دۇكىنىغا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ئايىم خانىم تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدى - دە، كۆركەم

بېزەلگەن تاملاردىكى جاھازلارغا ئېسىپ قويۇلغان تۈرلۈك رەڭ، تۈرلۈك نۇسخىدىكى نەپىس كەشتە، پەردە ھەم ياستۇق قاپلىرىنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى:

— ۋاي ئۇكام، قولىڭىز گۈلكەنغۇ سىزنىڭ! خەق «قادىر ئاخۇن تۇمۇچۇقنىڭ قىزى يېزىمىزنىڭ بازىرىنى قىزىتىۋەتتى» دېسە، ئىشەنمەپتىكەنمەنيا قاراڭ! كۆڭلۈمدە سىزنى ھەرقانچە بولسا شۇ ناھىيە بازىرىدىكى ئۇستازىچىلىك بىر ئىش قىلغاندۇر دەپتىكەنمەن. «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك ئىش بوپتۇغۇ؟ نېمانچە ئۇز كەشتىلەر بۇ! ماۋۇ يوتقان قېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى قارىمامدىغان، يەنە تېخى ماۋۇ ياستۇقتىكى گۈلنىڭ نەپىسلىكىنى! قولىڭىزغا يامانىنىڭ كۆزى تەگمىسۇن، قېقىردىن ئادراسمان ئەكېلىپ ئىسرىقلاپ تۇرۇڭ ماخما، ئۇكام؟

— خۇش كەپلا، ئايىم خانىم، بۈگۈن كۈن غەربتىن چىقتىمۇ نېمە، بۇ غېرىب كۈلبىمىزنى زىيارەت قىلغۇدەكمۇ ۋاقتىلىرى باركەن-ھە، سىلىنىڭ؟ مۇبارەك قەدەملىرىگە ھەشقاللا!

خەلچەم شۇنداق دېگىنىچە ئايىم خانىمنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. خەلچەم ئەينى ۋاقىتتا رازاقنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىغاندىلا ئەمەس، رازاق ئۆلۈپ كېتىپ مادىيابەگنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئايىم خانىمنىڭ ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقىنى پەقەتلا ئۇنتۇمايتتى. مانا ئەمدى تەقدىرىدە ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىش بولۇپ، قولىنى نەگە سوزسا يەتكۈدەك ھاللانغان مۇشۇ يىللاردا، ئايىم خانىمنىڭ ياخشىلىقىغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ئايىم خانىم ھېلىغىچە خەلچەمگە پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى. خەلچەم شۇ تاپتا ئېپىنى كەلتۈرۈپ ئايىم خانىمنىڭ رايىنى بىلىپ باقماقچى بولدى - يۇ، بىراق بۇ نىيىتىدىن تېزلا يالتايدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايىم خانىممۇ چاقچاق كىلىپ خەلچەم-

ـنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.
— ئوماق ئۇكام، ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە كىرىپ قالغان ئادەمچۇ، ئۆزىنىڭ ۋاقتىغا ئۆزى ھۆددەس ئىگە بولالمايدىكەن قاراڭ! مۇشۇ بىسقمايدىغان ئالدىراشچىلىقتا كۆڭلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى بىلەلمەيدىكەن كىشى! سىز بىلەن شۇنداق كۆرۈشكۈم كەلدى بولمىسا. ئارىلىقىمىزدا بەش پوتەي بولمىغانـ ـدىكىن دۇكىنىڭىزغا غىپپىدە كىرىپ، بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشىپ چىقىشنى نەچچە قېتىم ئويلىدىم. پەقەتلا شۇ چولام تەگمىدى دەڭە! مانا بۈگۈن ئاران دېگەندە ۋاقىت چىقاردىم. مۇشۇ كۆڭلەردە چىرايىڭىز نۇرلىنىپ شۇنداقمۇ ئۇز بولۇپ كېتىپسىز ماخما!
راست، ئايىم خانىم ھەقىقەتەنمۇ خەلچەمنىڭ ئىشلىرىغا ئەڭ كېچىكىپ قىزىققۇچىلاردىن ئىدى. گەرچە ئاقتاش تەۋەسىدە ئۇنىڭدەك خانىملاردىن قانچە - قانچىسى خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا تولا كېلىپ، ھەر خىل كەشتىلەرنى بۇيرۇتقان ھەم ئېسىل يىپەك كەشتىلىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەن بولسىمۇ، ئايىم خانىملا مۇنداقلا قىزىقىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەنگەنىدى. تەگلەپ كەلسەك، بۇنىڭغا يەنىلا ئابدۇللانىڭ رايىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. ئېنىقراق ئېيتساق، ئايىم خانىم خېلى بۇرۇن ئابدۇللا بىلەن ئىلگىرىكى ئىشلار توغرۇلۇق خالىس پاراڭلىشىۋېتىپ خەلچەمنى مۇنداقلا تىلغا ئېلىۋىدى، ئابدۇللانىڭ چىرايى شۇئان ئۆزگۈپ، ئايىم خانىم خۇددى ئۆزىنىڭ قايسىدۇر ئۇياتلىق ئىشلىرىنى رەستىدە ئاشكارىلىۋېتىدىغاندەك ئوڭايسىزلاندى. كېيىن ئەترايقا شۇبھىلىك نەزەردە قارىۋەتكەندىن كېيىن: «ئايىم خانىم، كىچىكلىكتە ھەم نادان چېغىمدا قىلىپ سالغان ئۇ ئىشلارنى ئالدىمدىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ تىلغا ئالسىلا سىلىدىن رەنجىپ قالىمەن. ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئىشلارنى مەندەكلا ئۇنتۇپ كەتسىلە!» دەپ جېكىلىدى. ئايىم

خانىم ئابدۇللانىڭ بۇنچە ئەنسىرىشىدىكى سەۋەبنى ئۇقالماي ھەيران قالغان بولسىمۇ، قىلچە چاندۇرمىدى. كېيىن ئابدۇللانىڭ دېگىنىدەك ئۇنى ئىككىنچىلەپ ئاغزىغا ئالمىدى، بۇنىڭدا ئۇ ئابدۇللانىڭ رايىغا باقمىسا بولمايتتى. ئەسلىدە ئاقتاش يېزىسىدىكى دېھقان ئاياللىرى ئىچىدە ھۈنەر - كەسىپ بىلەن بازارغا يۈزلىنىشنىڭ سەركىسى بولۇۋاتقان خەلچەم ئايىم خانىم ئۈچۈن ماختاشقا ئەرزىيدىغان ياخشى بىر تېپ ئىدى. ھەپتىدە بىر - ئىككى كىلو يۇڭ يىپ ئېگىرىپ گىلەمچىلەرگە ساتقان ئاياللارنى «گىلەمچىلىك كەسپى بىلەن بېيىغان»، بىرنەچچە مېكىيان بېقىپ ھەپتىدە ئوتتۇز - قىرىق تۇخۇم ساتقان ئاياللارنى بولسا «ئائىلە باقمىچىلىقى بىلەن بېيىغان ئاياللار» دەپ ماتېرىيال يېزىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان يەردە، كۈندە نەچچە يۈز، ھەتتا گاھىدا مىڭلاپ سودا قىلىۋاتقان خەلچەم ھەققىدە ئەلۋەتتە ھەرنېمە دەپ ماتېرىيال يازسا ئەرزىيتتى. بىراق، ئابدۇللا خەلچەمنىڭ نامىنىڭ جاراستاندا كۆپ تىلغا ئېلىنىش تۈپەيلى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغاچقىلا، ئايىم خانىم خەلچەمنى ئۆز پىلانى بويىچە «ئاقتاش يېزىسىدىكى كەسپىي ماھارەت يېتىلدۈرگەن بېيىش ئۈلگىسى» دەپ ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە دوكلات قىلالمىدى. قىسقىسى، ئۇ ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھىتتىكى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە بېقىپ ئىش قىلمىسا بولمايتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ كۆتۈلمىگەندە خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا كېلىشىمۇ يەنىلا ئابدۇللانىڭ رايى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «ئالتۇن توپىنىڭ ئاستىدا قالغان بىلەنمۇ ھامان پارقىرايدۇ» دېگەنىدەك، يېقىندىن بۇيان خەلچەمنىڭ نامى ئەتراپقا تارقىلىۋاتاتتى. بۇ يېڭى دولقۇننى پەيدا قىلغۇچىلار ئاساسەن خەلچەمنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى چۆپقەتلىرى ئىدى. گەرچە بۇ خەلچەمگە پايدىلىق بولغان بىلەن،

ئۇنىڭ نامىنىڭ تىلغا ئېلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ كېلىۋاتقان ئابدۇللا ئۇچۇن زىيانلىق ئىدى. شۇ كۈنلەردە چۆپقەتلەردىن بىرقانچىسى خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا كېلىش ئۇچۇن ناھىيە بازىرىدىن ئاقتاشقا قاتنايدىغان مىنبۇسقا ئولتۇردىمۇ، ئاقتاشقا يېتىپ كەلگۈچە خەلچەم توغرۇلۇق پاراڭ باشلىناتتى. راست، بۇ سەپەردە ئاۋۋال خەلچەمنىڭ ئىشلىگەن كەشتىلىرى، يېڭىلىق يارىتىش روھى ماختىلاتتى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ «تارىخى» ۋاراقلىناتتى. شۇئان ئارىدىكى ئاقتاشلىقلاردىن بىرسى ئۇنىڭ غازلىق كەنتىدىكى قادىر ئاخۇن تۇمۇچۇقنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالاتتى. بۇنىڭغا دوست تارتقان يەنە بىرسى قوپۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدە ئاچما كەنتىدىكى ئىمامبەگنىڭ مەرھۇم ئوغلى رازاقنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، كەچۈر-مىشلىرىنى زىغىرلايتتى. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا رازاقنىڭ ئۆلۈمى تىلغا ئېلىنىپ، پاراڭ تەبىئىي يوسۇندا ئاقتاش يېزىسىنىڭ ھازىرقى باشلىقى ئابدۇللا بىلەن خەلچەمنىڭ ئىلگىرى بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن ئۆزگىچە تارىخىغا ئۇلىناتتى. ئاخىرىدا پاراڭنىڭ يۆنىلىشى بارا - بارا «شامال چىقمىغان بولسا دەرەخ لىڭشىمايتتى، دەرەخ لىڭشىمىغان بولسا قاغىنىڭ ئۇۋىسى بۇزۇلمايتتى» دېگەن تەرتىپتە داۋام قىلاتتى. دەرۋەقە، بۇنداق گەپلەر يېقىندىن بۇيان ئابدۇللانىڭ قۇلىقىغا يېتىۋېرىپ، ئويلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. يامان يېرى، بۇ «پىتنە - پاسات»نى بىرسى پاتىگۈلگە دەپ قويغاچقا، ئۇ ئارىلاپ بىشەملىك قىلىپ ئابدۇللانىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتاتتى. مۇشۇ قېتىممۇ ئابدۇللا پاتىگۈلنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئاللىرىدىن ئاران قۇتۇلۇپ، بۇنداق گەپلەرنىڭ يەنە تارقالماسلىقىغا، ئۆزىمۇ خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەسلىككە ۋەدە بەرگەنىدى. دېمىسىمۇ، بۇ كونا خامان يەنە سورۇلۇۋەرسە بولمايتتى. چۈنكى، پاتىگۈل ھازىر ئېغىرئاياغ ئىدى. بۇ ھالدا

كۈتــۈلمىگەن روھـــي زەربــــلەر خەتەرلىـــك ئـــاقىۋەتنى كەلتــۈرۈپ چىقىراتتى. ئابــدۇللا يــۈز بېــرىش ئېھتىمـاللىقى بولغـان كۆڭۈلـسىز-لىكلەرنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىـپ، شۇئان بەدىنىنى سوغۇق تەر باسـتى. ئەمەلىيەتــتە ئــىشلار ئــۆز ۋاقتىــدا قــانۇنىي يــول بىــلەن ئايدىڭلاشقاندىكىن بۇنچە ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. ئۇ يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقانـدا، ئەمەلىنىڭ كېيىنكـى بالـداقلىرىغا چىقىش ئۈچـۈن ئـۆزىگە مۇشـۇ دەرىجىـدىكى سـەزگۈرلۈك بىـلەن ئېھتىيات-چانلىقـــنى زۆرۈر دەپ بىلەتتـــى. ئابـــدۇللانى ئـــاددىي دېھقـــان پۇشـــتىدىن، ئاقتـــاش يېزىـــسىنى ئالىقىنىـــدا چۆرۈگـــدەك ھالغـــا كەلتۈرگىنى ئۆزۈكسىز تىرىشچانلىقتىن باشقا، مانا مۇشۇنداق زىيادە ئېھتىياتچانلىق ئىدى. شۇڭا، باشقا نەرسىلەردىن ئىككىلەنمەيلا ۋاز كېچەلىگىنى بىلەن، ئېھتىياتچانلىقتىن ھەرگىزمۇ ۋاز كېچەلمەيتتى. مەسىلىلەرگە تەۋەككۈلچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالمايتتى.

ئابدۇللا ئاخىر ئۆزىنى دەڭسەپ، سىرتتا قالايمىقان تارقىلىدىغان بۇنداق پاراڭلارنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تېپىش ئۈچۈن خېلى باش قاتۇردى. ئىلگىرى خەلچەمگە باشقىلارنىڭ ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ بېرىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇش بولغانىـدى. كۆڭلىـــدە: «خەلـــچەم ئاقتاشـــتىن كەتـــسە ھەممىمـــزگە ياخـــشى، ھېلىقىدەك گونا خامانىنى سورۇيدىغانلارمۇ بېسىقىدۇ» دەپ ئويلايتتى. بىراق، خەلـچەم ئارىـدا ئاقتاشـقا چوڭقـۇر يىلتىـز تارتـسا تـارتتىكى، ئورنىـدىن قوزغىلىشقا قىزىقمايۋاتاتتى. تېخى قېرىشقاندەك بـۇ قېتىم كەشتىچىلىك دۇكىنىنى يەنىمۇ كېڭەيتىـپ ئابـدۇللانىڭ ئارزۇسـىنى بەربــات قىلىــۋەتتى. ئابــدۇللا تــۇرۇپلا راشــىدىنىنىڭ ھەر كـــۈنى خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا بارىـدىغان ئـادىتىنى خىيالىغا كەلتـۈردى. ئـۇ راشـــىدىنىنىڭ ئەسـلىگە كېلىـشىنى ئـارزۇ قىلغـان بىـلەن، ساقىيىـشىغا يەنىـلا ئىشەنچ قىلالمـايتتى. شۇڭا، خەلچەم بىلەن راشىدىنىنىڭ ئارىسىدىكى غايىۋى رىشتىنى نەزەرىـگە ئېلىپمۇ

كەتمەيتتى. باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا ئەخمەت بوۋاينىڭ چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغاندەكلا ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتى. شۇ قاتاردا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭمۇ ئەينى چاغدا كەۋسەرنى ياخشى كۆرۈپ يۈرگىنىنى، كىچىك ۋاقتىدىكى ئىستىخىلىك ئىشلار قاتارىغا مەنسۇپ دەپ ئويلايتتى. ئاخىرىدا ئابدۇللا تۇرۇپلا خەلچەمنىڭ بىرەرسىگە ياتلىق بولۇشىنى ئويلاپ قالدى. ئارقىدىنلا ئىلگىرى ئۆزىنىڭ خەلچەمنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ ئاچما كەنتى بىلەن غازلىق كەنتى ئوتتۇرىسىدا چېپىپ يۈرگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى. «توۋا، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئۇ چاغلاردا ماڭا نېمە بولغان بولغىيتى - ھە، خەلچەمنى كۆرمەن دەپ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىمنىڭ قىزىقلىقىنى دېمەمدىغان، ياشلىقتا سۆيگۈ- مۇھەببەت پەسلىنىڭ شۇنداقمۇ بىمەنە چاغلىرى بولىدىكەن، بەلكىم ئۇ چاغلاردا مەن تازا پىشىپ يېتىلمىگەچكە، خەلچەمگە بولغان ساددىلارچە قىزىقىشلىرىمنى مۇھەببەت دەپ قالغان ئوخشايمەن. كەۋسەر ئەينى ۋاقتىدا ئېيتقاندەك، دوستلۇقنى مۇھەببەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتىمەن......» ئابدۇللا ئويلىغانسېرى شۇنچە ئەجەبلىنەتتى. شۇ تاپتا ئابدۇللاغا تۇنجى ئايالى سارەمنىڭ ساددىلىقى مەتۇلۇق، بارلىقى بىلەن ياخشى كۆرگەن خەلچەمنىڭ ساداقىتى نادانلىق، ھازىرقى ئايالى پاتىگۈلنىڭ تەدانلىقى چىن سۆيگۈ بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. كېيىن ئۇ نەزىرىنى كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا يۆتكىدى. ئاخىرىدا خەلچەم ناھىيە بازىرىدىكى مۇۋاپىق بىرسى بىلەن توي قىلىپ كەتسە، ھېلىقىدەك گەپلەرنىڭ يوقىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ باغلىدى.
ئەتىسىلا ئايىم خانىمنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ بۇ ھەقتە خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى. ئايىم خانىم بۇ ئىشقا ھازىردىن باشلاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۆزىنى ئابدۇللانىڭ يېقىن بىلگەنلىكىدىن بەكلا سۆيۈندى.

— خانىم، دۇكاننىڭ ئىچى سەل قالايمىقان، قىنى ماڭسىلا، ماۋۇ ئۆيگە كىرىپ بىردەم مۇڭدىشايلى، — خەلچەم شۇنداق دېگىنىچە يان تامدىكى پەردىلەرنى قايرىپ يېشىل سىرلىق ئىشىكنى ئاچتى.

— بۇ تەرەپتىمۇ دۇكان بار دەڭ تېخى! ۋاي - ۋۇي، ماۋۇ پەردىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى! پەرىزىمچە بۇ پەردىلەرنى بىرەرسى بۇيرۇتقانغۇ دەيمەن؟

— ھەئە، ناھىيە بازىرىدىكى چۆپقەتلىرىم بۇيرۇتقان، قىنى ئولتۇرسىلا.

ئايىم خانىم يىپەك كەشتە بىلەن قاپلانغان كىرىسلودا ئولتۇرۇۋېتىپ ئۆي ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. كېيىن ئېسىگە قايسىدۇر بىر ئىشنى ئالغاندەك ناھىيە بازىرىنى، ئۇ يەردىكى سودىنىڭ راۋانلىقىنى ماختاپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۆز مۇددىئاسىغا يېقىنلىشىپ شۇنداق دېدى:

— سىڭلىم خەلچەم، مەن ئاشۇ بىر چاغلاردىمۇ سىزنىڭ نىكاھ ئىشلىرىڭىزغا ئارىلاشقانىدىم. مانا ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەندىمۇ يەنىلا سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەۋاتىمەن. بۈگۈن مەن دۇكىنىڭىزغا قۇرۇق قول كەلگىنىم بىلەن، قۇلىقىڭىزغا ياقىدىغان ئوبدان بىر خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم. چاي دەملەيمەن دەپ ئاۋارە بولماي، يېنىمغا كېلىپ جىم ئولتۇرىڭە.

ئايىم خانىم شۇنداق دەپلا چاي دەملەشكە تۇتۇش قىلىۋاتقان خەلچەمنىڭ پېشىدىن تارتتى. خەلچەم سەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن قولىدىكى چەينەكنى ياندىكى شىرە ئۈستىدە قويۇپ ئايىم خانىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئارىدا شاگىرت قىزلاردىن بىرى كىرىپ چاي دەملىمەكچى بولغانىدى، ئايىم خانىم خەلچەمگە:

— ئۇكام، مەن يېنىڭىزغا ئالدىراپلا كىردىم، بىردەمدىن

كېيىن يېزىدىكى يىغىنغا قاتناشمىسام بولمايدۇ. چاينى كېيىن ئىچەيلى، شاگىرتلىرىڭىز بىزنى بىردەم يالغۇز قويسۇن، سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، — دېدى سىپايە تەلەپپۇزدا.

خەلچەم دېلىغۇللۇق ئىلكىدە شاگىرت قىزغا مەنىلىك قارىۋىدى، ئۇ چەينەك بىلەن پەتنۇستىكى پىيالىنى خەلچەمنىڭ يېنىدا قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

— ئۇكام، سىزدەك سەھرادىكى ياقۇتقا ناھىيە بازىرىدىكى ئالتۇننىڭ كۆزى چۈشتى! بۇ بەختىڭىزنىڭ كېيىن بولىسمۇ ئېچىلغانلىقىدىن بېشارەتتۇر. نەزەرىمدە سىز يېزىمىزدىكى باشقا ھەرقانداق چوكانلارغا ئوخشىمايسىز، شۇڭا ئېزىپ چۈشەندۇر-مىسەممۇ ئايال خەقنىڭ پەقەت ئەرنىڭ ئىلكىدىلا قەدىرى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىز. گېپىم چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟

— خانىم، گەپلىرىنى ھېچ چۈشەنمىدىم، بولسا ماڭا بۇنداق گەپلەرنى دېمەي، باشقا گەپلىرى بولسا دېسىلە بوپتىكەن، — خەلچەم گەرچە ئايىم خانىمنىڭ سۆزمەنلىك بىلەن ئۆزىگە ناھىيە بازىرىدىكى كىمدۇر بىرسىنى تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەتەي ئۆزىنى قاچۇردى.

— بۇ ياشقا كىرگەندىمۇ نېمىشقا خىجىل بولىدىغانسىز، سىزگە ناھىيە بازىرىدىكى روزىتوختى ھاجىمنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ. ھېلىقى گەزمال توپ بازىرىدىكى دوقمۇشتا يوغان دۇكىنى بار ھاجىمچۇ، ئۇ ئالدىنقى يىلى ھەج قىلىپ ساقال قويۇۋالغان بىلەن تېخى ياش بالا ئۆزى. ئۇلار سىزگە چاي ئىچۈرگىلى قايسى كۈنى مېھمان باشلاپ كەلسە بولا، ماڭا شاققىدە جاۋابىنى بېرىۋېتىڭ، يىغىنغا ئالدىراپ قالدىم.

— خانىم...... بۇ...... مەن...... مەن ياتلىق بولۇشنى ئويلاپ باقمىدىم. بولدى، ماڭا بۇنداق گەپلەرنى دېمىسىلە، ھازىرچە بۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق...... باشقا گەپلىرى بولسا

دېسلە.

خەلچەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاچچىق بىر سېزىم غۇژژىدە ياماشتى. بۇنىڭسىزمۇ يېقىندىن بۇيان تونۇش - بىلىشلىرى ھېلى ئۇنىڭ، ھېلى بۇنىڭ ئەلچىلىكىنى قىلىپ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىشۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىغۇ خەلچەمگە تازا ماس كېلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بىراق، خەلچەم راشىدىننى كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ ھەممىسىگە ئايىم خانىمغا بەرگەن جاۋابنىلا بېرەتتى. خەلچەم ئۇلارنى بىر - بىرلەپ رەت قىلىۋەتكەچكە، ھەرھالدا ئەلچىلەر خەلچەمنىڭ رايىغا بېقىشقاندى. بىراق، ئايىم خانىم ئۇلاردەك قىلالمىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىيپاچ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ، لەۋلىرى ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى. گۆشلۈك يۈزى سەل تاتارغاندەك قىلدى. ئايىم خانىمنىڭ خەلچەمدىن بۇنچە خاپا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. ئېنىقراق ئېيتساق، بىر تەرەپتىن ئاقتاش يېزىسىدا ئايىم خانىم شۇنچە يىلدىن بېرى «ئاياللار مۇدىرى» دېگەن ئەمەل نامى بىلەن ئۆزىگە تۇشلۇق دەۋر سۈرۈپ كەلگەن ئايال رەھبەر بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن يېزا تەۋەسىدە ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا كۆپ ئارىلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا «شۇدى بار ئايال، ئۇ ئارىغا كىرگەن ئىش چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دېگەن ئالاھىدە نامغىمۇ ئىگە ئىدى. مۇشۇ ئىككى كوزىرى ئارقىلىق «ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرىدا ھەرقانداق ئادەمگە گېپىمنى ئۆتكۈزىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئەپسۇس، بۇ قېتىم پىچىقىنىڭ بىسىنى ياندۇرۇۋېتىدىغان جاھىل مىجەزلىك خەلچەمگە دۇچ كېلىپ قالدى.

— ئۇكام، گېپىمنى بۇنداق ئىتتىك رەت قىلىۋەتمەڭ، شۇنچە ئۇزاق تۇل ئولتۇرغىنىڭىز يېتەر ئەمدى. ئايال كىشىگە ھامان ئەر بولمىسا بولمايدۇ. ياش ۋاقتىدا بىلىنمىگەن بىلەن، قېرىپ ھاياتنىڭ پەيزى كەتكەندە پۇشايمان قىلىدىغان گەپ. بۇ ئىشمۇ ئۇنداق ئاسان پۈتمىدى. روزىتوختى ھاجىمنىڭ ئايالى كېسەل

بولۇپ قازا قىلغاندىن بۇيان ئۇنىڭ نەزەرىگە ئىلىنىش تەمەسىدە يۈرگەنلەردىن نەچچىسى باركەن. سىزنى ئۆز بىلىپ روزىتوختى ھاجىمغا ياخشى گېپىڭىزنى قىلىۋىدىم، سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە قوشۇلدى. شۇڭا......

— خانىم، خاپا بولمىسىلا، مەن راستتىنلا ياتلىق بولۇشنى ئويلاپ باقمىدىم. ئىلگىرى تۇرمۇشنىڭ خاپىلىقىنى كۆپ تارتقانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قالغان ئوخشايمەن. ھەر ھالدا ئىككى بالىنىڭ ئانىسىمەن. كېيىنلىك ئىشلاردىن غەم قىلمايمەن. سىلىدىن ئۆتۈنەي، مېنى ئەمدى يەنە تەڭلىك قىلمىسىلا......

— بۇ...... توۋا خۇدايىم! ئۆز ۋاقتىدا كەۋسەر ئىككىڭلار ئاقتاشنىڭ گۈلى ئىدىڭلار، سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟ ئىككىڭلار شۇنچە ئۇزاق تول ئولتۇرۇپمۇ يەنە ياتلىق بولۇشنىڭ غېمىگە چۈشمەي، ئۆز گېپىڭلارنى يورغىلىتىسىلەرغۇ! كەۋسەر قارا يېتىم بولغاچقا بېشىنى سىلاپ قوياي دەپ بىرنەچچىسىنىڭ گېپىنى چىقارسام، سىزدەكلا جاھىللىق قىلىپ تۇردى. ھەي، سىزنى ئۇششا دەپ باشتا گەپنى خېلى ئەتراپلىق دېدىم بولمىسا......

— خاپا بولمىسىلا، ئەمدى ئۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. مەن ماۋۇ بىر جۈپ ياستۇق قېپى بىلەن بىر جۈپ يوتقان قېپىنى خېلى بۇرۇن سىلىگە ئاتاپ ئىشلەپ قويغانىدىم، قېنى، بۇنى ئېلىۋالسىلا، مەندىن خاتىرە بولۇپ قالسۇن، — خەلچەم شۇنداق دەپلا كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ساندۇقتىن شۇنداق چىرايلىق كەشتىلەنگەن يوتقان قېپى بىلەن ياستۇق قېپىنى ئېلىپ ئايىم خانىمغا سۇندى.

ئايىم خانىم ئۇنى قولىغا ئېلىپلا:

— بۇنچە كايىمىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ، ئۇكام! سىزگە رەھمەت، يىغىنىنىڭ باشلىنىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. مەن ماڭاي، ھېلىقى ئىش توغرۇلۇق ئوبدانىراق بىر ئويلىنىپ باقارسىز، — دېگىنىچە

يوتقان قېپى بىلەن ياستۇق قېپىنى سومكىسىغا تىقىپ خوشلىشىپ ماڭدى.

شۇنداق قىلىپ، خەلچەم ئايىم خانىمنىڭ تەڭلىكىدىن قۇتۇلدى. ئۇ ئايىم خانىمنى ئۇزىتىپ قويغىلى چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆزى دوختۇر-خانىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن يەردىكى ئېشەك ھارۋىسىغا چۈشكەنىدى. ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ياشانغان بىر كىشى تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۆسكىلەڭ بىر ئوغۇل بالا ھارۋىغا قوشۇلغان سۇر ئېشەكنىڭ باشبېغىنى يولنىڭ چېتىگە تارتاتتى. ئېشەك نېمىدىندۇر ئۈركۈپ بوي بەرمەيتتى. خەلچەمنىڭ يۈرىكى ئۇشتۇمتۇت داۋالغۇدى، يېنىغا ھازىرلا پەيدا بولغان ئىككى چوكان بىلەن چالا-بۇلا سالاملىشىپلا، ئېشەك ھارۋىسىغا قاراپ يۈگۈردى. ھېلىقى ئىككى چوكانلا ئەمەس، دېرىزىدىن قارىشىۋاتقان شاگىرت قىزلارمۇ خەلچەمنىڭ كەينىدىن ئەجەبلىنىپ قاراپ قېلىشتى. خەلچەم ئېشەك ھارۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپلا ئېسەنگىرەپ تۇرۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ پەرىزى ئالدىنقى قېتىمقىدەكلا توغرا چىققانىدى. ئېشەك ھارۋىسىدىكى كىشى ئىمامبەگ بولۇپ، خېلىلا قېرىپ چاچ-ساقاللىرى دېگۈدەك ئاقىرىپ، كۆزلىرىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. قېقىلىپ يۆتەلگىنىگە قارىغاندا كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئېشەكنىڭ باشبېغىنى تۇتۇپ تۇرغان ئوغۇل بالا خەلچەم-نىڭ يۈرەك پارىسى مۇتەللىپ بولۇپ، چىرايىدىكى سولغۇنلۇقتىن ئىمامبەگدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەسلىدە مۇتەللىپ ئىمامبەگنىڭ ئوكۇلىنى سالدۇرۇپ بولۇپ قايتىپ كېتىۋاتاتتى، ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىمۇ مۇشۇنداق ئىش بولغاندا، خەلچەم مۇتەللىپكە ئىمامبەگنىڭ ئائىلىسىدە قانداق ئىش يۈز بەرسە، تارتىنماي ئۆزىنى خەۋەرلەندۈرۈشنى شۇنچە تاپىلىغان بولسىمۇ، بىراق مۇتەللىپ بۇ قېتىممۇ ئۇنداق قىلمىغانىدى. خەلچەم

مۇتەللىپنىڭ كەيپىياتىغا شۇنداق كۆز يۈگۈرتۈپلا، ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن خاپا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئارقىدىن ئىمامبەگدىن ئەھۋال سورىدى. خەلچەمنى كۆرۈپ ئىمەمبەگنىڭ كۆڭلى سەل ئېچىلدى. خەلچەم ئۇلارنى كەشتىچىلىك دۇكىنىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كاۋاپخانىغا باشلىۋىدى، ئىمامبەگ:

— قىزىم، مەن سۇيۇقئاش ئىچەي، كاۋاپ يېمەي، — دەپلا يۆتىلىپ كەتتى. بۇنىڭغا خەلچەم قوشۇلمىدى:

— سىلىنىڭ كېسەللىرى ئۆپكىدە دادا، ئۆپكىدىكى كېسەلگە چامغۇر بىلەن سەۋزە قوشۇپ پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى پايدا قىلىدۇ.

خەلچەم شۇنداق دەپ ئىمامبەگكە شورپا، مۇتەللىپكە زىخ كاۋىپى بۇيرۇتتى. شورپا، كاۋاپ تەييار بولغۇچە ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ بىردەم ئولتۇرۇشتى. خەلچەم ھېس قىلدىكى، مۇتەللىپ چوپچوڭلا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھېلىھەم كىچىك چېغىدىكىدەكلا كەم سۆز ئىدى. قاش - كۆزلىرى خەلچەمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. خەلچەم ئەمدى مۇتەللىپنىڭ جاپا دەستىدىن يېرى-لىپ، چاۋىرىپ كەتكەن قولىغا قاراپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سىرتقا قارىۋالدى. مۇبادا ئەتراپىدا باشقا كىشىلەر بولمىغان بولسا، مۇتەللىپنىڭ ئاشۇ قوللىرىنى مەڭزىگە يېقىپ قانغۇدەك يىغلىۋالغان بولار ئىدى. شۇ ئەسنادا مۇلازىم شورپا بىلەن زىخ كاۋىپىنى ئەكېلىپ شىرەگە قويدى. ئىمامبەگ خەلچەمنىڭ زورلىشى بىلەن شورپىنى ئىچىپ، گۆشتىن ئازراق يېدى. دېگەنـ-ـدەكلا يۆتىلى بېسىقىپ قالدى.

— مانا، يۆتەللىرى پەسلىدى، دادا. پەرھىز تۇتىمەن دەپ شورپا ئىچكىلى ئۇنىمىسىلا كېسەللىرى ھەرگىز ساقايمايدۇ. داداممۇ ئۆتكەندە سىلىدەك يۆتىلىپ قالغانىدى، كۈندە يېرىم جىڭ گۆشنى چامغۇر بىلەن پىشۇرۇپ بىر مەزگىل يېگۈزگەنىدۇق ھازىر ساقىيىپلا

قالـدى، ــ دېـدى خەلـچەم ئىمـامبەگنى قاچىـسىدىكى گۆشـنى يېۋېتىشكە ئۈندەپ.

ئـاخىر ئىمـامبەگ گۆشـنى قولىغـا ئالـدى، خەلـچەم ئەمـدى مۇتەللىپنى كاۋاپ يېيىشكە زورلىدى.

ــ ئاله، بالام، سوۋۇتماي ئىتتىـك يە. نىمانـداق مىـسلداپ ئولتۇرىـسەن، سـەندەك يىگىتلەر بۇنـداق كـاۋاپتىن بىـر قېتىمدا يىگىرمە ـ ئوتتۇز زىخ يېۋېتىدۇ.

ــ تويۇپ قالدىم، ئەمدى مېنى زورلىما، ماۋۇ قالغان كـاۋاپنى مادىيـابەگ دادامغـا ئالغـاچ كېتەيلـى، ــ دېـدى مۇتەللىـپ قـولىنى قەغەز بىلەن سۈرتىۋېتىپ.

ــ بالام، ئالغاچ كېتىدىغان كاۋاپنىمۇ بۇيرۇتـۇپ قويـدۇم. بـۇ كاۋاپنى سەن يېۋەتكىن، ــ دېدى خەلـچەم تەخـسىدىكى كـاۋاپنى مۇتەللىپنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ.

ــ ئاناڭ يە دېگەندىكىن جاھىللىق قىلماي يېگىـنە بـالام،ــ دېدى ئىمامبەگمۇ خەلچەمگە بولۇشۇپ.

مۇتەللىپ خەلچەمگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ كاۋاپتىن بىر زىخنى قولىغا ئالدى. خەلچەم مۇتەللىپنىڭ قانداقلا بولسۇن گەپنى ئىلىـك ئالغانلىقىـدىن قەۋەتـلا خـۇش بولـدى. گەرچە مۇتەللىـپ بىـلەن ئوبدانراق مۇڭدىششنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا پۇرسەت چىقمىدـ ـغىنىـدىن ئۆكۈنـدى. كېـيىن ئىمـامبەگ دۇئاغـا قـول كۆتـۈرۈپ مىشلداپ يىغلىۋەتكەندە، خەلچەم:

ــ ئـۆزلىرىنى ئاۋايلـىسىلا، دادا، ئوكـۇل سـالدۇرغاندىكىن ياخشى بولۇپ قالىلا، ــ دېۋىدى، ئىمامبەگ بېشىنى چايقاپ:

ــ مەن ياشايدىغاننى ياشاپ بولدۇم. ئەمدى ئاللادىن گۇنـاـ ھىمنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەشتىن باشقا ئۈمىدىم يـوق، قىـزىم، مادىيـابەگ...... ئـۇ...... ئـۇ بەكمـۇ ئـاجىزلاپ كەتتـى. ئانىـسى رەھمەتلىـك ھايـات بولغـان بولـسا، مـاۋۇ نەۋرەم يېنىڭىـزدا تۇرسـا

سىزگە تازا ئەسقاتار ئىدى. ئۆيدە ئىككى ئادەم ناكار بولۇپ ياتقاندىكىن هەممە جاپا مۇشۇ نەۋرەمنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشىنى قىلغاندىن باشقا، بىزنىڭ هالىمىزدىن خەۋەر ئالىدۇ. بىردەم ئارام ئالىدىغان ۋاقتى يوق. «خۇدا كۆزدىن ئايرىسىمۇ، هاسىسىدىن ئايرىماس» دەپ، ئۇنى ماڭا ئوبدانمۇ تۇغۇپ بېرىپتىكەنسىز، قىزىم...... — دېدى يۇم - يۇم يىغلاپ.

— چوڭ دادا، ئەمدى بولدى قىلە، تېززەك ماڭايلى، مادىيا- بەگ دادام ئۆيدە يالغۇز قالغان تۇرسا...... — دېدى مۇتەللىپ ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇپ، ئاندىن هارۋىنى تەييار قىلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى.

خەلچەم كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن ياشنى يوشۇرۇپ بولالماي ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈۋالدى. ئۇ هەر قېتىم مۇتەللىپنى كۆرسە مۇشۇنداق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالاتتى. شۇ ئەسنادا ئىمامبەگ سىرتقا قارىۋەتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا دېدى:

— قىزىم، ئۆتكەندە سىز دېگەن هېلىقى ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم، مۇتەللىپكە ئۇ گەپلەرنى بىزنىڭ جەمەتىمىزدىكى بىرەرسى دېمەپتۇ، قوي باققان يەردە باشقا بىر قىز دەپتۇ. ئاڭلىسام، ئۇ يېزا باشلىقى ئابدۇللانىڭ قىزىمىش، ئۇ قىز ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئۆگەيلىشىگە چىدىماي هازىر چولپانخاننىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقانمىش. هېلىقى گەپلەرنى ئۇ قىزغا سىلىنىڭ مەهەللىسىدىكى بىرسى دەپتىمىش. مۇتەللىپ ئۇ قىز بىلەن ئاچا كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا قوي باققىلى بارغاندا ئۇچرىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. مەنغۇ مۇتەللىپكە: «ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمە» دەپ كۆپ تەربىيە قىلدىم. سىزمۇ يۇرستىنى كەلتۈرۈپ تەربىيە بېرەرسىز. هەرنېمە دېگەنبىلەن بۇ بالا بەكمۇ ۋاپادار چوڭ بولدى. ئىنسابىغا هەر كۈنى نامىزىمدا دۇئا قىلىمەن.

خەلچەم ئىمامبەگنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تەقدىرنىڭ بۇ

كارامىتىگە ھەيران قالدى. شۇئان كۆز ئالدىغا ئابدۇللانىڭ قىزى نۇسرەت كەلدى. نۇسرەتمۇ ھازىر چوپچوڭلا بولۇپ قالغاندى. ئۇنىڭ مۇتەللىپ بىلەن ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىششى، ھەتتا ئاتا - ئانىلىرىدىن نەپرەتلىنىشى ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ ئويغا سالاتتى. قارىغاندا تەقدىر داۋاملىق ئويۇن كۆرسىتىپ كەنجىلەرنى يەنىلا ئارامىدا قويمايدىغاندەك، ئىلگىرىكى ھەربىر سەۋەن - خاتالىقلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلىتىدىغاندەك قىلاتتى. خەلچەم ئىمامبەگكە نېمىدۇر دېمەكچى بولۇۋاتقاندا مۇتەللىپ چاقىرىپ قالدى. ئىمامبەگ شىرەگە تايىنىپ تەستە ئورنىدىن تۇردى. خەلچەم ئالدىراش يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ئىمامبەگنىڭ يەكتىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— قىزىم، مېنى بۇنداق خىجىل قىلماڭ، بۇ پۇلنى ئۆزىڭىز خىراجەت قىلىڭ، ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلسەم مۇشۇنداق قىلىسىز...... گەرچە مۇشۇ يىللاردا خېمىرىغا يېنىپ نامراتلىشىپ كەتكەن بولسامۇ، سىزگە ئېغىرىمنى سالسام دۇرۇس بولمايدۇ، — ئىمامبەگ شۇلارنى دەپ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ خەلچەمگە سۇنۇۋىدى، خەلچەم:

— ئۇنداق دېمەي پۇلنى چاپسان يانچۇقلىرىغا سالسىلا، گۆش ئېلىپ يېسىلە، دادا. ھە راست، مۇتەللىپكە پۇل بەرسەم ئالغىلى ئۇنىمايدىكەن. ئۇنىڭغا سىلى پات - پات پۇل بېرىپ تۇرسىلا، سىلىگە مەن يەنە پۇل ئاپىرىپ بېرىمەن، — دەپلا پۇلنى يەنە ئىمامبەگنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئاندىن كاۋاپچى ئۇستام پىشۇرۇپ كىرىتكە ئوراپ تەييار قىلىپ قويغان زىخ كاۋىپىنى ئىمامبەگنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

شۇنداق قىلىپ، خەلچەم ئۇلار بىلەن ئىلگىرىكىدىنمۇ ئارتۇق دېلىغۇللۇقتا خوشلاشتى. ئېشەك ھارۋىسىنىڭ قوزغىلىشىغا ئەگىشىپ خەلچەمنىڭ يۈرىكىمۇ قوزغالدى. ئېشەك ھارۋىسى يىراقلاشقانسېرى

بىر غايىۋى كۈچ ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ھەر قېتىم مۇتەللىپ خەلچەمنىڭ يېنىدىن ئاچما كەنتىگە قاراپ ماڭغاندا كۆرۈلىدىغان ئالامەت ئىدى. مۇتەللىپ ئارىلاپ كەينىگە قايرىلىپ قاراپ قوياتتى. ئاھ، ئانا، ئانىلارنىڭ ئوغۇللىرىغا بولغان ئاق سۈتىدەك پاك مېھرى، بەئەينى ئاتىلارنىڭ قىزلىرىغا بولغان يالقۇنلۇق مېھرىدەك ئۇلۇغدۇر...... ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىنى پانىي دۇنيادىكى ھېچ نەرسىگە تەڭلەشتۈرۈپ بولماس!

خەلچەم تېخىچىلا ئورنىدىن قوزغالماي خىيالغا پاتقىنىچە ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئىمامبەگ ھارۋىدا بايىقىدەكلا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاقتاش يېزىسى بويىچە ئالدىن بېيىپ، ھەممىنىڭ كۆزى چۈشكەن ئىمامبەگ دېسە كىشىنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئايالى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئەھۋالى مۇشۇنداق ئېغىرلاشتى، كېسەلچان بولۇپ قېلىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشىدىن ئاساسەن ئايرىلدى. مادىيابەگ ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىنمۇ چىقالمايتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇتەللىپ تېخى كىچىك تۇرۇپلا بۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلانغانىدى. ھەممەيلەننىڭ ئۈمىدى ئۇنىڭغا باغلانغانىدى. ئېتىز- ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش، چارۋىلارنى بېقىشتىن باشقا، ئارىلاپ ساياقلاپ كەتكەن مادىيابەگنى تېپىپ كېلىش، ئىمامبەگنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇتەللىپكە قاراشلىق ئىدى. ئىمامبەگنىڭ ئون نەچچە كۈندە بىر كېلىپ- كېتىدىغان قىزلىرى ھەرگىزمۇ مۇتەللىپنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. ياخشى يېرى، مۇتەللىپمۇ بېشىغا كەلگەن بۇ جاپالارنى ھار ئالمايتتى. شۇڭا، قىلچە ئىككىلەنمەيلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىلى ئوقۇشتىن توختىدى. شۇنداقتىمۇ، مەھەللىدىكى باشقا باللاردەك تالا - تۈزگە چىقىپ ئوينىماي، دائىم دېگۈدەك

ئىمامبەگنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى. ئىمام-بەگنىڭ بېشىغا ئۆستىلەپ كەلگەن كۈلپەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئائىلە ئىقتىسادىنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. قىسقىسى، نامراتلىق ھەر تەرەپتىن قاپساپ كېلىۋاتاتتى. ئىمامبەگنى ۋاقتى - قەرەلىدە داۋالىتىش، مادىيا-بەگكە ناھىيە بازىرىدىكى تېۋىپنىڭ «ماددەتۇلھايات»، «داۋائى مىشكى» قاتارلىق بىرنەچچە خىل دورىسىنى ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن خېلى جىق پۇل كېتەتتى. مۇتەللىپ بۇ خىراجەتلەرنى غەملەش ئۈچۈن گاھىدا بۇغداي، قوناق ساتسا، گاھىدا يېكەنكۆلنىڭ بويىدىن قومۇش ئورۇپ ئەكېلىپ ساتاتتى، يەنە گاھىدا ئىمامبەگنىڭ توسۇشىغا قارىماي بىرەر تۇياق قويمۇ ساتاتتى. ئىشقىلىپ، ھەر ئاماللار بىلەن ئىمامبەگنىڭ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن ئائىلىسىنى چۆرۈيتتى.

خەلچەمنىڭ كۆز ئالدىدىن ئېشەك ھارۋىسىنىڭ قارىسى ئاللىقاچان يوقالغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر يولنىڭ چېتىدىكى ئىستولبىغا يۆلەنگىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇرغىنىنى تۇرغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئىمامبەگكە باشقىلاردىن كۆرە، يەنىلا خەلچەمنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى. دېمىسىمۇ، ياش ۋاقتىدا چوڭ ئۆتكەن ئادەم، قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەنىدە نامراتلىققا يۈز تۇتسا ھەقىقەتەن ھار كېلەتتى. ئىمامبەگ گەرچە خەلچەمگە چاندۇرمىسىمۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىلگىرىكى كۈنلىرىنى خىيال قىلىپ يەتكۈچە ھەسرەت چېكەتتى. خەلچەم ھەر قېتىم ئىمامبەگ بىلەن كۆرۈشكەندە بۇنداق پىنھان دەردىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئەينى چاغدا مۇتەللىپنى يېنىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ناھىيەدىكى ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇشىنى، ئاخىرىدا ئۆزىگە نېسىپ بولمىغان ئالىي مەكتەپكە ئۆتكۈزۈشنى نەچچە قېتىم نىيەت قىلغان بولسىمۇ، كۆز ئالدىغا مۆكچىيىپلا قالغان ئىمامبەگ كېلىۋېلىپ، بۇ ئويىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. ئاخىر بۇ ئارزۇسىنى

مۇتەللىپكە ئېيتقانىدى، شۇئان بېشنى چايقاپ: «چوڭ دادام بىلەن مادىيابەگ دادام شۇ ھالدا تۇرۇۋاتسا، قانداقمۇ ئۇلارنى تاشلاپ كېتەلەيمەن» دەپلا كەسكىن رەت قىلىۋەتتى. بىر ھېسابتا مۇتەللىپنىڭ دېگىنىمۇ توغرا ئىدى؛ يەنە بىر نۇقتىدا تۇرمۇشتا بىراۋلارنىڭ تىنچ - خاتىرجەملىكى ئەمەلىيەتتە يەنە بىراۋلارنىڭ قۇربان بېرىشى بەدىلىگە ئاپىرىدە بولاتتى. خەلچەم ھەر قېتىم ئۆتمۈشنى خىيال قىلسا، نېمىشقىدۇر مۇتەللىپنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك تۇيغۇغا چۆمۈلەتتى. شۇڭا، مۇتەللىپنىڭ گاھىدا ئۆزىگە مۇرەككەپ بىر خىل كەيپىياتتا باقىناشلىرىغا كۆنۈپ قالغا- نىدى. راست، مۇتەللىپ چوڭ بولغانسېرى تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ، خەلچەمنىڭ ئىلگىرىكى قايسىدۇر ئىشىدىن نەپرەتلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. خەلچەم باشتا بۇنداق غەيرىي ئەھۋالغا ئانچىۋالا ئېرەنشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، كېيىن مۇتەللىپ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىدە بۇ خىل ئىپادىنى خېلىلا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئاخىر خەلچەم تاقەت قىلالماي مۇتەللىپ بىلەن بۇ ھەقتە ئوچۇق - يورۇق پاراڭ- لاشماقچى بولۇپ، قادىر ئاخۇن ئارقىلىق ئۇنى چاقىرتىپ كەلدى. بىراق، مۇتەللىپ خەلچەمنىڭ گېپىنى ئاڭلا - ئاڭلىمايلا: «بولدى، ماڭا بۇ ھەقتە گەپ قىلما! مەن ھەممىنى بىلدىم، دادامنىڭ ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەن سەۋەبچى بوپتىكەنسەن، نېمىلا دېسەڭمۇ سەندىن نەپرەتلىنىمەن» دەپلا تۆش - قۇشقۇنىنى ئۈزدى. خەلچەم ئاغزىنى تۇتقىنىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپلا قالدى. ۋۇجۇدىنى گويا يەر تەۋرەپ، ھەممە مەۋجۇداتلار ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇ ئىگىلىدى. ئېسىنى تاپقاندا مۇتەللىپ ئاللىقاچان يېنىدىن كېتىپ بولغانىدى. كېيىن خەلچەم بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن ئويلىغانلىرىنى كەۋسەرگە ئېيتتى، مۇتەللىپ ھەرھالدا كەۋسەرگە ئېجىل ئىدى، بۇ مۇناسىۋەت مۇتەللىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭغا

ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەندى. بىر كۈنى كەۋسەر خەلچەمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئاتايىن ئاچما كەنتىگە كېلىپ مۇتەللىپنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە، ئىككىسى سۆھبەتنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى.

ــ مۇتەللىپ، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بىراق ئاڭلىسام ئاناڭغا تازا ياخشى مۇئامىلە قىلماپسەن. يەنە تېخى «سەندىن نەپرەتلىنىمەن» دەپسەن. شۇ كۈنى ئاناڭ تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقىپتۇ. مەنمۇ سېنىڭ ئاناڭنىڭ ئورنىدا، بۈگۈن كۆڭلۈمدىكى ھەممە گېپىمنى ماڭا دېگىن. نېمىشقا ئاناڭدىن نەپرەتلىنىسەن؟ بىلسەڭ، ئاناڭ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئانا...... ئۇ بارلىقىنى ساڭا بېغىشلىغان، ئۇ سەندىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. ئېسىڭدە باردۇ، مەن ساڭا ئاناڭنىڭ ئىسمىڭنى ‹مۇتەللىپ› قويۇشىدىكى سەۋەبنى بىر چاغدا دەپ بەرگەن ئىدىمغۇ! بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىشقا ئامراق ئىدۇق...... ئاناڭ......

ــ بولدى دېمەڭ! مېنىڭ ئانام ياخشى ئانا ئەمەس! سىز ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ بۇنداق يالغان ئېيتماڭ! خەق ماڭا ھەممىنى دەپ بەردى! نۇسرەتكىمۇ دەپ بېرىپتۇ. بىز ھەممىنى بىلدۇق. مېنىڭ ئانام ئەسكى ئانا، نۇسرەتنىڭ دادىسىمۇ ياخشى دادا ئەمەس! كادىر بولۇپلا سارەم ئانامنى تاشلىۋەتكەن ۋاپاسىز دادا! ــ مۇتەللىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي كەۋسەرنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. قارىغاندا دەھشەتلىك سەل كەبى دەۋرەۋاتقان غەزىپىنى بېسىۋېلىشقا ئاجىز كېلىۋاتقاندەك، ئاچچىقىغا پايلىماي بىرەر كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ قويىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەندى، كەۋسەر بەكمۇ ئەجەبلەندى.

ــ ساڭا بۇ گەپلەرنى كىم دېدى؟ ھەركىم دېگەن بولسا پۈتۈنلەي خاتا دەپتۇ. خەقنىڭ گېپىگە ئىشەنگۈچە، مانا، مېنىڭ

گېپىمگە ئىشەنگىن. ساڭا ئۇ ئىشلارنىڭ راستىنى بىرمۇبىر دەپ بېرەي. بىلسەڭ، ئىلگىرىكى ئىشلاردا ئاناڭدا ھېچقانداق گۇناھ يوق، بەلكى ئۇ بىھۇدە ئازاب چەكتى...... خورلاندى......

— سىز يالغان ئېيتىپ ئانامنى ئاقلاۋاتىسىز، مېنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغۇم يوق!

— مەن ئەمەلىيەتنى دەۋاتىمەن. داداڭ ھادىسىگە يولۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاناڭ سىلەرنى باقىمەن دەپ ناھايىتى كۆپ ھەرەج تارتتى.

— ياق! مېنى ئانام ئەمەس، چوڭ دادام باقتى! بىلەمسىز؟ نۇسرەت ھازىر نېمىشقا دادىسىنىڭ يېنىغا بارمايدۇ؟ مەن نېمىشقا كىچىك تۇرۇپ دادىسىز قالدىم؟ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئانام سەۋەبچى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى سىز ماڭا بۇ ھەقتە گەپ قىلماڭ! — مۇتەللىپ شۇلارنى دەۋېتىپ ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. ياش ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. كەۋسەرنىڭ ئويچان كۆزلىرى ھەيرانلىقتىنمۇ ياكى تاسادىپىيلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، مۇرەككەپ بىر خىل ھېسسىياتتا مۇتەللىپكە تىكىلگەنىدى. گويا مۇتەللىپنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك، ئىلگىرى خاتا تونۇپ قالغاندەك تۇيغۇ ۋۇجۇدىدا غەليان كۆتۈرەتتى. بۇ ھالدا ھەرقانچە سۆزلىگەن بىلەن مۇتەللىپنىڭ قەلبىدىكى مۇزنى ئېرىتىشكە كەۋسەرنىڭ كۈچى يەتمىدى. بايا بۇ تەرەپكە كېلىۋېتىپ، مۇتەللىپنى تەسىرلەندۈرىدىغان، خەلچەمنى ئەيىبلىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدۇرىدىغان گەپلەرنى كۆڭلىگە رەتلىك تىزىۋالغان ئەمەسمىدى؟ ئەپسۇس، ئەمدى بۇنىڭغا قىلچە ئورۇن قالمىغانىدى. شۇ تاپتا مۇتەللىپكە كەۋسەرنىڭ ئاق سۈزۈك چىرايى بارغانسېرى قارىيىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. راست، مۇتەللىپنىڭ ئاخىرقى سوئاللىرى كەۋسەرنى ئېسەنگىرىتىپ ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. بىرئازدىن كېيىن كەۋسەر ئورنىدىن تۇرغاندا،

مۇتەللىپ ئىشىزغا بىرىپ قولىغا كەتمەننى ئىلىپ بولغانىدى. ئۇ ھىلىھەم يىغلاۋاتقان بولۇپ، كۆز يىشىنى ئالىقىنى بىلەن ئارىلاپ سۈرتەتتى. شۇ ھالدا پۇتكۇل دەردىنى قولىدىكى كەتمەندىن ئالماقچىدەك كەتمەننى يەرگە بار كۈچى بىلەن چاپاتتى. كەۋسەر قەدەم يۆتكىمەكچى بولۇۋىدى، بىشى پىرقىدە قايدى. ئورنىدا بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كىيىن بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ مۇتەللىپ-نىڭ يىنىغا كىلىپ مىھرى بىلەن تىكىلدى، مۇتەللىپمۇ ياشلىق كۆز-لىرىنى كەۋسەرگە تىكتى. كەۋسەر مۇتەللىپنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل خىجىللىق ئىپادىسىنى كۆرۈپ، پەس، ئەمما ۋەزمىن تەلەپپۇزدا:

— چوڭ بولۇپ بىشىڭدىن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن چاغدا ھەممىنى چۈشىنىپ قالىسەن. ئاڭغىچە مىنىڭ دىگىنىمگە ئىشەنگىن، ئاناڭ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئانا، ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ نەپرەتلەنمە، — دىگىنىچە سومكىسىدىن ئاپپاق قول ياغلىقىنى چىقىرىپ مۇتەللىپنىڭ مەڭزىدىكى ياشلارنى مىھرىبانلىق بىلەن سۈرتتى. ئەجەب ئىش، سۈرتكەنسىرى مۇتەللىپنىڭ مەڭزىدىكى ياشلار ئاۋۇۋاتاتتى. كەۋسەر ئاخىر قول ياغلىقنى مۇتەللىپنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا، ياندىكى چىغىر يولغا چۈشۈپ كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەسلىدە كەۋسەر يانغا بۇرۇلۇپ مىڭىشىغىلا ۋۇجۇدىنى ئۇنىسىز يىغا قاپسىغان بولۇپ، مۇتەللىپنىڭ يىنىدىن شۇنداق تىز يىراقلىشىۋالمىغىنىدا مەڭزىنى بويلاپ سىرغىۋاتقان ياشلىرىنى چاندۇراتتى. ھەرھالدا مۇتەللىپ سىزەلمەي قالدى. بىراق، مۇتەللىپ كەۋسەرنىڭ يىقىنلا يەردىكى غازلىق كەنتكە بارىدىغان چوڭ يولدا ماڭماي، تۆۋەن تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن كىتىۋاتقانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. چۈنكى، كەۋسەر چوڭ يول بىلەن ماڭسا بىرەرسىنىڭ ماشىنا ياكى ھارۋىسىغا ئولتۇرۇۋىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇغىنىسى، ئۇ چاغدا كۆز يىشىنى باشقىلاردىن يوشۇرالمايتتى. شۇڭا، كەۋسەر يىقىن يولنى

تاشلاپ، يىراق بولسىمۇ ئادەم كۆپ ماڭمايدىغان چىغىر يولنى تاللىغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا مۇتەللىپنىڭ ئاخىرقى سوئاللىرى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. گەرچە كىمدۇر بىرى مۇتەللىپكە، شۇنداقلا ئابدۇللانىڭ قىزى نۇسرەتكە ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق ئۆزى بىلگەنچە سۆزلەپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇتەللىپنىڭ ئاچچىقىدا ئېيتقانلىرىنىڭ خېلى ۋەزنى بار ئىدى. يەنە كېلىپ كەۋسەر مۇتەللىپنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، شۇئان قىزى باھارنىڭ كىشى قەلبىنى ئازابلايدىغان ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى. كەۋسەر چىغىر يولدا تەنھا كېتىۋېتىپ مۇتەللىپنىڭ سوئاللىرى ئۈستىدە تىنىمسىز ئويلىناتتى. راست، بۇ سوئاللارنىڭ بەزىسىنى تەقدىرگە، بەزىسىنى ھەر خىل سەۋەبلەرگە دۆڭگەپ باققان بىلەن، يەنە بەزىسىگە مۇۋاپىق جاۋاب بەرمىسە بولمايتتى. ئەلۋەتتە، كىچىك تۇرۇپ تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇتەللىپنىڭ شۇنداق سوئاللارنى سوراشقا، ئۇزاقتىن بۇيان كۆپلەپ كەتكەن قورسىقىنى بوشىتالمىسىمۇ، ھەسرەتلىنىپ يىغلاشقا ھەققى بار ئىدى. قىسقىسى، ئىنسان بالىسى ئانىسىغا ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتەلمەيتتى.

كەۋسەر كەينىگە قايرىلىپ قاراپ مۇتەللىپنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى. مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا بولسا قۇلاق تۈۋىدە بىردىنلا مۇتەللىپنىڭ: «باھارنىڭ مېيىپ بولۇپ مۇشۇ يېشىغىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالماسلىقىغا كىم سەۋەبچى؟ دەل ئۆزىڭىز سەۋەبچى ئەمەسمۇ؟» دېگەن جۇدۇنلۇق ئاۋازى ياڭرىغاندەك تۇيۇلدى. بايا مۇتەللىپ تىلغا ئېلىش مۇمكىنچىلىكى تۇرۇپ باھارنى تىلغا ئالمىغانىدى. كەۋسەر تەسەۋۋۇر قىلدىكى، مۇتەللىپ يەنىلا ئۆزىنى ئانىسىنىڭ يېقىن دوستىلا ئەمەس، مەكتەپتە بىلىم بەرگەن ئۇستازى دەپ كۆڭۈل ئايىغانىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ ئاچچىق

سوئالنى مانا ئەمدى كەۋسەر ئاچما كەنتىدىن يىراقلاپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە تۈنجى قېتىم قويۇۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر بۇ سوئالنى ئىلگىرى سەدىردىن بىلەن مۇشۇ توغرىدا نەچچە قېتىم ئارازلاشقان-دىمۇ ئۆزىگە قويۇپ باقمىغان، ھەتتا باھارنىڭ بەختسىزلىكىگە ئۆزىدىن بىرەر قېتىممۇ مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرمىگەنىدى. ئۆزىچە ھەممە - ھەممىگە سەدىردىن سەۋەبچى دەپ قارايتتى. كەۋسەر ئەمدى ئويلاپ ئۆلگۈردىكى، باھار چوڭ بولسا، يەنە كېلىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلسە، مۇتەللىپتەك جاۋاب بېرىش تەس بولغان سوئاللارنى ئۆزىدىن سورىمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. راست، باھار ھازىر كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى خىيال قىلغاندا، قەلبىدە بۇنداق ۋەزنى ئېغىر سوئاللارنى قانچە قېتىم قويۇپ بولغاندۇ...... ئويلىغانسېرى كەۋسەرنىڭ دېمى سىقىلدى، مۇسكۇللىرى بوشاپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئورنىدا توختاپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئەسلىدە شۇنچە ئۇزاق يولنى خىيال بىلەن چېلىشىپ شۇنچە تېز بېسىپ، ئاچما كۆۋرۈكنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغانىدى. نېرىراقتا ئاقتاش دەرياسى سوزۇلۇپ ياتاتتى. جىگدىلىك تەرەپتە بىر-كىملەرنىڭ قارىسى غۇۋا كۆرۈنەتتى. كەنجىلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئاقتاشلىقلارنىڭ نۇرغۇنلىغان كەچمىشلىرىگە شاھىت بولغان ئاچما كۆۋرۈك بۈگۈنمۇ كەۋسەرگە سىرلىق تۇيۇلاتتى. ئەمدى كەۋسەرنىڭ كۆز ئالدىدا باھار، مۇتەللىپ، ئىپارگۈل، نۇسرەتلەر بىر - بىرلەپ پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا، كەۋسەردىن جاۋاب بېرىش تەس بولغان ۋەزنى ئېغىر سوئاللارنى سورايدىغاندەكلا قىلاتتى. شۇ ئەسنادا كەۋسەرنىڭ قۇلىقىغا بىرسىنىڭ بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى كىشىگە خۇددى باغ تېمىدەكلا كۆرۈنىدىغان جىغان تەرەپتىن كېلىۋاتقان تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يەردە بىرسى يەنە بىرسىگە كايىۋاتقاندەك قىلاتتى. كەۋسەر چۆچۈپ،

ئەتىدىن بىرى ئادەملەرگە يولۇقۇپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ چىغىر يولدا مېڭىپمۇ، كۈتۈلمىگەن بىرسىگە دۈچ كېلىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈندى. ئاتىكە خانىمنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. كەۋسەر ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا تونۇش ئاۋاز قەدەملىرىنى چەكلەپ قويدى. ئاخىر جىغانىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۆردىكى، كۆز ئالدىدا ئاتىكە خانىم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قايسى يىللىقىنىڭدۇر مۇقاۋىلىرى يىرتىلىپ كەتكەن بىر پارچە دەرسلىك كىتابىغا قاراپ سۆزلەپ ئولتۇراتتى.

— مەن ھەممە تەييارلىقنى قىلىپ بولغانىغۇ!؟ كەسپىي ئۆگىنىش، ئىككى ئاساسەن...... يەنە تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش...... كاپىيەن توشقۇزۇشنى تۈگىتىپ بولسامۇ يەنە جەرىمانە تۆلەمدىمەن؟ — دەيتتى ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا. ئارقىدىنلا يەنىمۇ ئەزۋەيلەپ، — مەن ساڭا قانداق يامانلىق قىلدىما؟ سەن مېنىلا بوزەك ئېتەمسەن!؟ ئەمدى مەن ئايىتاغقا ئۇچۇپ كېتىمەن...... بىلدىڭمۇ! ئايىتاغدىكى تېيىپ غوجامنىڭ مازىرىغا كېتىمەن......— دېگىنىچە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. دەرۋەقە، ئاتىكە خانىمنىڭ ئۆزىچە سۆزلەپ كېتىندىغان نىرۋا كېسىلى ئەمدى مۇشۇ دەرىجىدە ئەدەپ قالغانىدى. ئارىدا ئاتىكە خانىم كەۋسەرگە ئېرەنسىزلا قاراپ قويۇپ يەنە بايىقى گەپلەرنى تەكرارلاشقا باشلىدى. كەۋسەر ئۇنىڭغا ئازراق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىچە يولىنى داۋام قىلدى. خېلى مېڭىپ شىبغىللىق يولغا ئۇلاشقاندا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا غېنى ساقچى موتوسىكلىت بىلەن يېنىدا پەيدا بولدى. بۇ ھەرگىزمۇ كەۋسەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ سىرتىدىكى ئىش بولماستىن، بەلكى ئىلگىرىكى ھالەتنىڭ تەكرارلىنىشى ياكى بولۇشقا تېگىشلىك تەرتىپ ئىدى.

كەۋسەر خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا كەلگەندە ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن بولسىمۇ، خەلچەم ئىككى شاگىرتى

بىلەن تېخىچىلا ئىشلەۋاتاتتى. ئەتىدىن بېرى بەكمۇ چارچىغان بولسا كېرەك، كەيپىياتى تولىمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى.

— بىر خېرىدارنىڭ يوتقان قېپى ئىدى، كۆڭدە سۆيلەپ ئارام بەرمىدى، شۇڭا تەييار قىلىپ قويايلى دەپ...... — دېدى خەلچەم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ كەۋسەرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىچە ئىپادىگە قىزىقىش ئىلكىدە قاراپ. دېمىسىمۇ كەۋسەرنىڭ چىرايى بايىقىدەكلا ھەسرەتلىك ئىدى.

كېيىن ئۇلار ياتاق ئۆيگە كىرگەندە، كەۋسەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى. خەلچەم گاڭگىراپ سەل تۇرغاندىن كېيىن ئالدىراپ سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا يىغلايسەن؟

— خەلچەم، بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنىڭ جازاسىنى تارتقۇدەكمىز، — كەۋسەر يېشىنى بارماقلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ تولىمۇ مەۋھۇم جاۋاب بەردى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئىلگىرى بىز ھېچقانداق ئىشنى خاتا قىلمىدۇققۇ؟ — خەلچەم تېخىمۇ گاڭگىرىدى.

— مەنمۇ مۇتەللىپنىڭ بايا مەندىن سورىغان سوئاللىرىنى ئاڭلىماستىنا سەندەك قارايتتىم. ئۆزۈمدە ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنىڭ ئىزناسىنى سەزمەيتتىم. بىراق، ئەمدى بىلدىم، مەندىمۇ، سەندىمۇ يېتەرلىك خاتالىق باركەن......

— مۇتەللىپ ساڭا زادى نېمىلەرنى دېدى؟ جۆيلۈۋاتقاندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ؟

— ياق، جۆيلۈۋاتقىنىم يوق، بەلكى ھەق گەپنى دەۋاتىمەن. ئەسلىدە بىز تەقدىرگە تەن بەرسەك بوپتىكەن. بىراق، بىز كاج تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىمىز دەپ، باللىرىمىزنىڭ كەلگۈسى بەختىنى نابۇت قىپتىمىز. ئەسلىدە بۇ ھايات بۇنچە قۇربان بېرىپ قوغلىشىشقا ئەرزىمەيدىكەن ئەمەسمۇ!

خەلچەم ئەمدى كەۋسەرنىڭ باش - ئاخىرى يوق بۇ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر مۇرەككەپ مەنىنى چۈشىنىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆز ئۈزمەي بېشىنى لىڭشىتتى. كېيىن كەۋسەر مۇتەللىپنىڭ گەپلىرىنى خەلچەمگە خېلىلا سىلىقلاشتۇرۇپ دەپ بەردى. ئاخىرىدا:

— بۇنىڭدىن كېيىن مۇتەللىپكە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگىن، ئۇ بەكمۇ غورۇرلۇق بالا بوپتۇ، — دەپ تاپىلىدى.

— ئەمدى بىلدىم! — دېدى خەلچەم كەۋسەرنىڭ سۆزىگە ئېتىبار بەرمەي خىيالىي هالدا.

— نېمىنى بىلدىڭ؟ مەن مۇتەللىپكە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگىن، بولسا ئۇنى يېنىڭغا ئەكېلىۋال دەۋاتىمەن ساڭا! — دېدى كەۋسەر ئاۋازىنى سەل قويۇۋېتىپ.

— مەن نۇسرەتنى دەۋاتىمەن، يەكشەنبە كۈنى ئۇنى كوچىدا ئۇچراتقاندىم. يېنىمغا كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ماڭا هومىيىپ قاراپ قويۇپلا كېتىپ قالغانىدى. باللارغا ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق كىم بىرنېمە دېگەندۇ؟

— ئۇنى ئېنىقلاپ نېمە قىلىسەن؟...... بىز بەرىبىر ئۇ ئىشلارنى باللارغا چۈشەندۈرۈپ بولالمايمىز. هەي، شۇ تاپتا نىياز بىلەن زەينەپگۈلنىڭ باغرىدا ئەركىلەپ چوڭ بولۇۋاتقان بەگيار نېمدېگەن بەختلىك - ھە؟ ئەسلىدە ئاتا - ئانىلىرى ئاجرىشىپ كەتكەن باللارنىڭ دىلى ھەقىقەتەنمۇ سۇنۇق بولىدىكەن. بىز ئەمدى بىر ئۆمۈر بالىلىرىمىزنىڭ نەپرىتىگە يەم بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. قارىغاندا بىز بەزى سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەپ باقساق بولغۇدەك.

— ياق، ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، بەلكى ئۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئەمەسمەن! گۇناھنى كىم قىلسا، جازاسىنى شۇ تارتىشى كېرەك! سەن مېنىڭ ئىلگىرى تارتقان شۇنچە كۆپ دەرد-

لىرىمنى «ئۆزۈڭنىڭ شورى» دېمەكچىمۇ، كەۋسەر؟ قەلبىمدىكى زىدىلەر شۇنچە يىلدىن بېرى ساقايغىنى يوق...... مەن...... مەن...... ھازىرغىچە ئەسلىمگە قايتالمايۋاتىمەن. سەنچۇ؟ سەنمۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىڭ؟ ئىككىمىزنىسى مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلار نېمىشقا ۋىجدان ئازابى تارتمايدۇ؟ — خەلچەم شۇلارنى دەۋاتقاندا كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاقنىدى، ئارقىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. كەۋسەر بىردەم ئۈنچىقماي تۇرغاندىن كېيىن قۇچىقىنى ئېچىپ خەلچەمنى باغرىغا باستى. ئىككىسى بىر تەنگە ئايلىنىپ بوغۇلۇپ يىغلاپ كېتىشتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا تاشقىرىدىن شاگىرت قىزلاردىن بىرى كىرىپ خەلچەمنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇنى دادىسى قادىر ئاخۇن ئىزدەپ كەلگەنىدى.

كەۋسەر ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ سىرتقا چىققاندا، قادىر ئاخۇن پەرىشان ھالدا خەلچەمگە بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. كېيىن ئارىدىكى پاراڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھەپتىدىن بېرى زورىخاننىڭ مىجەزى يوق ئىكەن. قادىر ئاخۇن ئۇنى يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ بالنىستىغا ئالدۇرۇپتۇ. بىرنەچچە كۈن داۋالانسا ياخشى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە خەلچەمنى ئاۋارە قىلمىغانىكەن. بىراق، كەچتە دوختۇرلار قادىر ئاخۇنغا زورىخاننى تېزرەك ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى ئېيتىپتۇ. شۇڭا، بېشى قېتىپ خەلچەمنىڭ يېنىغا كەپتۇ. خەلچەم ئۈنچىقماي خىيال سۈرۈپ تۇراتتى، قادىر ئاخۇن ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك نەزەردە ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. كەۋسەر قادىر ئاخۇننىڭ پەرىشان ھالىغا قاراپلا خەلچەمدىن ياردەم سوراپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ ئۈلگۈردى. دەرۋەقە، كەۋسەرنىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. قادىر ئاخۇننىڭ ئوتياشچىلىق ئىشلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسقىنىغا بىرنەچچە يىل بولغانىدى. دېھقانچىلىق بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قورسىقىنى باققاندىن باشقا ئېشىنچىغا

ئېرىشەلمەيتتى. زورىخانمۇ يېقىندىن بۇيان ھەرھالدا يوتقانغا بېقىپ پۈت سۇنۇپ، خەلچەمنىڭ قادىر ئاخۇنغا قەرەللىك بېرىپ تۇرىدىغان خىراجىتىدىن باشقا، بازار كۈنى توخۇ - تۇخۇم ئېلىپ-سېتىپ تاپقان نەچچە ئون كوي پۇلغا قانائەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. دەرۋەقە، بۇ كۈنلەردە ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىردىگىمۇ بولىدى، پۇل خۇددى غازاڭدەك قەدىرسىز ھالدا چىقىم بولۇۋېرەتتى. خېلى باي ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ نەچچە ھەپتىگە قالمايلا سويغان پىيازدەك قىلىۋېتەتتى. مۇبادا بۇنداق ئېغىر كۈن قادىر ئاخۇندەك خېمىرىغا ئوبدانلا يېنىپ، كۈننى غورىگىل ئۆتكۈزۈۋاتقان دېھقانىنىڭ بېشىغا كېلىپ قالسا، ھايال يوقلا موھتاجلىقنىڭ ئېبلىس چاڭگىلىغا چۈشۈپ، ھەلقۇمىغىچە قەرزگە بوغۇلاتتى. قەرزگە بوغۇلدىمۇ، كېيىن ھەرقانچە قىلىپمۇ بېلىنى رۇسلىيالمايتتى. خەلچەم ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرغانسېرى كەۋسەرنىڭ قادىر ئاخۇنغا شۇنچە ئىچى ئاغرىپ، ئاستىرتتىن مەنىلىك قاراپ قويدى.

— دادا، بۇ كېچىدە ناھىيەگە بېرىپ بولالمايمىز، ھەرنېمە قىلساقمۇ ئەتە قىلايلى، سەن كېتىپ تۇرغىن، — دېدى خەلچەم ئاخىر ئېغىز ئېچىپ.

قادىر ئاخۇن:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، سەن دېگەندەك قىلىلى، بالام. بىراقزە...... شۇ...... — دېدى - يۇ، نېمىشقىدۇر خەلچەمنىڭ يېنىدا تۇرغان كەۋسەرگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

كەۋسەر شۇئان جەينىكى بىلەن خەلچەمنى نوقۇپ تۇرۇپ:

— ئېنىقراق گەپ قىلمامسەن؟ — دېدى پەس ئاۋازدا.

قادىر ئاخۇن دېلىغۇل ھالدا خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن كەۋسەر يەنە خەلچەم بىلەن ئويگە قايتىپ كىردى.

ــ ئىچىمنى ئەجەب سىقتىڭا، خەلچەم، قادىر ئاخۇن دادام يېنىڭغا ياردەم سوراپ كەلسە، نېمىشقا زۇۋان سۇرمەي قاراپ تۇرىسەن؟ بىلىمەن، زورىخان دېگەن خوتۇن ئىلگىرى ساڭا كۆپ يامانلىق قىلغان، شۇنداقتىمۇ سەن قادىر ئاخۇن دادامنى ئويلىشىڭ كېرەك - دە!

ــ نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، مېنىڭ ئەس - يادىم بايا سەن دېگەن گەپلەردە قالدى. باشتا ئىمامبەگ دادامنىڭ گېپىگە كىرمەي مۇتەللىپنى ئۆزۈم باقسام بوپتىكەن.

ــ مۇشۇنداق قىلىشنى مەن ساڭا خېلى بۇرۇنلا دېگەن ئىدىمغۇ؟ ئۇ چاغدا سەن: «ئىمامبەگ دادام مۇتەللىپنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىغا موھتاج بولۇپ قالدى» دېدىڭ. ئەمدى بولىدىغان ئىش بولغاندا پۇشايمان قىلىپ نېمە قىلىسەن؟

ــ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە خۇددى زەنجىردەك باغلىنىپ كەتكەن، كەۋسەر، ھەممە ئىش بىرىپ بىزنىڭ شور پېشانىلىكىمىزگە تاقىلىدۇ.

ــ راست، بىز ھەممىگە بەرداشلىق بەرمىسەك بولمايدۇ. ۋوي! پاراڭ بىلەن بولۇپ غېنىكامنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. ئۇ مېنى كۈتۈپ دوقمۇشتا قالغان، مەن قايتاي، قالغان گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى.

ــ باھارغا ئاچاڭ قاراۋاتقاندىكىن ئەتە كەتسەڭمۇ بولاتتى.

ــ باھارنىڭ دورىسىنى ئۆزۈم ئىچۈرمىسەم بولمايدۇ.

كەۋسەر كەتكەندىن كېيىن خەلچەم مۇتەللىپنى ئويلاپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى.

* * *

ئەتىگەندىن بېرى قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىدىن قولۇم - قوشنا

ۋە يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ ئايغى ئۈزۈلمىدى. ئەسلىدە زورىخان ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا قىزنىلئۆگەچ ئۆسمىسىدىن سەللىمازا ساقىيىپ، ئاخشام قادىر ئاخۇن بىلەن خەلچەمنىڭ ھەمراھلىقىدا غازلىققا قايتىپ كەلگەنىدى.

— ئەسلىدە بىز ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئاز - تولا پۇل غەملەپ كېيىنرەك بارايلى دەپ ئويلىغان. خەلچەم قىزىم: «پۇل مەندە بار ھازىرلا ماڭايلى» دەپ چىڭ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، تەۋەككۇل قىلغانىدۇق، يەيدىغان رىزقىم باركەن، بىر ئوبدان ساقايدىم. خەلچەم قىزىمنىڭ جاپاسىنى كىچىك ۋاقتىدا يەتكۈچە تارتقانىدىم. «كىشىنىڭ كىشىدە قالماپتۇ» دەپ، ئۇ ياندۇردى مانا......

زورىخان تاۋار كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشكەن بىر توپ ئايالغا خەلچەمنى ماختاپ بېرىۋاتاتتى. قادىر ئاخۇن بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى. ئۇمۇ زورىخاننى يوقلاپ كەلگەن ھەربىر ئادەمگە خەلچەمنىڭ ۋاپا - مېھرى توغرۇلۇق ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. ئۇلارنىڭكىدە مۇشۇ خىلدىكى پاراڭلار تازا ئەۋجىگە چىقىۋاتقانىدا، تۇنجى بولۇپ زورىخاننى يوقلاپ قايتقان بىر توپ كىشى چوڭ كۆل بويىدا پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. ھەممەيلەن زورىخاننىڭ پېشانىسىنىڭ ئوچۇقلۇقىنى تىلغا ئېلىپ، خەلچەمنىڭ مەردانىلىكىنى ماختىشاتتى.

— ئىنساننىڭ بېشىغا ھەرقانداق ئېغىر مۇشكۈلات كەلسىمۇ، كۆرىدىغان كۈنى، يەيدىغان رىزقى تۈگىمىسە مۇشۇنداق كارامەت يۈز بېرىدۇ. زورىخان بىر ئاينىڭ ئالدىدا بىز بىلەن رازىلىشىپ كەتكەنىدى، مانا قارىمامسىلەر، شۇنچە ئېغىر كېسەلدىن سەللىمازا ساقىيىپ كەپتۇ، ئاللانىڭ قۇدرىتى نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە!

— مەن «بۇ كېسەلنىڭ گالغا چۈشكىنى بەك يامان، ئاخىر

جاننى ئېلىپ توختايدۇ» دەپ ئاڭلىغان، بىراق زورىخان ساقىيىپ كارامەت ئىش بوپتۇ ئەمەسمۇ!؟

— راستىنى ئېيتسام، خەلچەم زورىخاننى ۋىلايەتتە داۋالىتىمەن دەپ ئېلىپ كەتكەندە، بۇ بىر بىھۇدە ئىش بولۇپ قالىدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدىم. «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دەپ، ھەر نىمە بولسا خەلچەمنىڭ ئەجرى يەردە قالماپتۇ.

— ھەممىنىڭ جاجىسى پۇل، ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، قادىر ئاخۇنغا دوختۇرلار: «كېسەلنى دەل ۋاقتىدا ئېلىپ كەپسىلەر، مۇبادا كېچىكتۇرگەن بولساڭلار بىز ئامال قىلالمايتتۇق» دەپتۇغۇ! يەنە شۇ خەلچەمنىڭ كەشتە ئىشلەپ تاپقان پۇلى باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان گەپ!

— ئىلگىرى زورىخان ئۆگەيلىك قىلماي ئۆز ئانىسىدەك كۆيۈنگەن بولسا، خەلچەم يەنە قانچە كۆيۈنەر ئىدى - ھە!

— يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش دېگەن كاتتا ساۋاب، خەلچەم ئەقلىنى ئىشلىتىپ پەقەت ساۋابلىقنىلا ئويلاپتۇ. ئەگەر زورىخاننىڭ ئىلگىرىكى ئۆگەيلىكىنى ئويلىغان بولسا «خوپ بوپتۇ» دەپ بىر ياندا تاماشا كۆرگەن بولاتتى.

راست، شۇ كۈنى ئاخشىمى خەلچەم قادىر ئاخۇندىن زورىخان-نىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئېرەنشىمىگەندەك تۇرغان بىلەن، ئەتىسى ئەتىگەندە يېزىلىق دوختۇرخانىغا كىرىپ زورىخاننىڭ كېسىلىنى تەكشۈرگەن دوختۇر بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى. دوختۇر خەلچەمگە زورىخاننىڭ قىزىلئۆڭگەچىدە ئۆسمە بارلىقىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. خەلچەم چۆچۈگەن بولسىمۇ، زورىخاننىڭ يېنىغا كىرىپ چاندۇرماي ئولتۇردى. زورىخان خېلىلا جۈدىگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى كۆرەڭلىكىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. يەنە كېلىپ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ قالغاندەك تولىمۇ غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قادىر ئاخۇننىڭ قولىدىكى

ئـازغىنە پـۇل بـىلـەن ناھىيەلـىك دوختۇرخانىنـىڭ دەرۋازىـسىدىن كىرگىلـى بولمايـدىغانلىقىنى ئوبـدان بىلەتتـى. شـۇ ئەسـنادا ئـۇ خەلچەمگە مۇلايىم تەلەپپۇزدا ئېغىز ئاچتى:

— قىـزىم، سـىزگە مۇشـۇ كـۈنلەردە ئېغىرچىلىقىمىـز كـۆپ چۈشتى. خۇدايىم ھۈنىرىڭىزنىڭ بەرىكىتىنى بېرەر. ئەسلىدە سىزنى ئـاۋارە قىلىـپ يـۈرمەيلى دېگەنـىدىم، كېسلىم خېلـى ئېغىـردەك قىلىـدۇ. ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بارمىسام بولمىغۇدەك، ئۇنىـڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى دادىڭىزمۇ تولا يۆتىلىدىغان بولۇپ قالدى. كونا كېسلى قوزغىلىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا......

زورىخـان شـۇلارنىلا دېـيىش بىـلەن چەكلەنـگەن بولـسىمۇ، مۇددىئاسى خەلچەمگە تامامەن چۈشىنىشلىك ئىدى، يەنـى كېسەـلىنى داۋالىتىش ئۈمىـدىنىڭ خەلچەمـگە باغلانغانلىقىنى، خەلـچەم ياردەم قىلمىسا ئامالـسىز قالىـدىغانلىقىنى بىلگىلـى بـولاتتى. ئەمەـلىيەتتە زورىخان دەۋاتقان بۇ گەپلەر خەلچەم كەشتىچىلىك ھۈنىرى بىلەن يول تېپىپ، كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىۋاتقاندىن بۇيان كۆپ تەكرارلىنىـپ ئـادەت تۈسـىنى ئېلىۋاتـاتتى. زورىخـان قايـسىبىر كۈنى خەلچەمنىڭ ئۆزىگە ئازراقمۇ ئاداۋەت ساقلاشتا يوق، ئەكسىچە ياخشىلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن تەسىرلىنىـپ كـۆز يېـشى قىلغـان، شـۇ كۈنــدىن باشـلاپلا «قىــزىم» دەپ ئاتايـدىغان بولغانــدى. ھە دېگەنـدە ئىلگـىرى قىلغـان ئـۆگەيلىكىگە پۇشـايمان قىلىـپ ئەپـۇ سوراپ كېتەتتـى. ئۇنىـڭ يىغلاپ كەتكىنىگە قاراپ، خەلچەمنىـڭ قورساق كۆپۈكىمۇ بىراقلا چىقىپ كەتكەچكە، بوگۈنىمۇ ئىككىلىنىـپ تۇرماي ھەرقانچە كۆپ پۇل كەتسىمۇ داۋالىتىش نىيىتىگە كەلدى.

— ئەنسىرەپ كەتمەڭ، مەن دوختۇر بىلەن كۆرۈشتۈم، ئـانچە چوڭ ئىشمۇ يوقكەن. «تەكشۈرۈش سايمانلىرى تولۇق بولمىغاندىكىن كېسەلنى ئېنىق ئايرىيالمىدۇق، ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بېرىـپ تەكشۈرتۈپ كېلىڭلار» دېدى. بىز ھازىرلا ماڭايلى، ئۇزاققا قالمايلا

ياخشى بولۇپ كېتىسىز، ــ دېدى خەلچەم زورىخاننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زورىخاندىن كۆرە، قادىر ئاخۇن بەكلا خۇش بولۇپ كەتتى.

كېيىن خەلچەمنىڭ بىر قوللۇق ياردىمى بىلەن زورىخان ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ بالنىستقا ئورۇنلاشتى. خەلچەم دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى شاگىرتلىرىغا تاپىلاپ، زورىخاننىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە قادىر ئاخۇننىڭ بىخەستىلىكى بىلەن زورىخان كېسىد-لىدىن خەۋەر تېپىپ سولىشىپلا كەتتى. خەلچەم ھەر قېتىم كۆڭلىنى ياساپ روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشقاندا، زورىخان خەلچەمنىڭ قوللىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ ياش تۆككىنىچە: «قىزىم، ئىلگىرى دېۋەڭلىكىمدىن سىزگە ئۇۋال قىپتىكەنمەن، كۆڭلىڭىز-دىن چىقىرىۋېتىڭ، مەندىن رازى بولۇڭ» دەيتتى. زورىخان بۇ گەپنى دەۋەرگەنسېرى خەلچەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز چاناقلىرى نەمدىلەتتى. ئارقىدىنلا: «سىز چوقۇم ساقىيىپ كېتىسىز، دوختۇرلار ‹ۋاقتىدا ئەكەپسىلەر، ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۆسمىنى ئېلىۋەتسەك، بىمار بىرنەچچە كۈندىلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ› دېدى» دەپ زورىخاننى رىغبەتلەندۈرەتتى. خەلچەمنىڭ بۇ گەپلىرى زورىخانغا بىردەمدىلا تەسىر كۆرسىتىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى ـ دە، قادىر ئاخۇندىن ئەپۇ سوراشقا باشلايتتى. قارىغاندا زورىخان تەشۋىشلىنىپ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەندەك، شۇڭا ئۆلۈم ئۈچۈن تەييارلىنىپ، ئەھۋالى مۇشۇنچىلىك چاغدا ئىلگىرىكى سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سورىۋالماقچى بولغاندەك قىلاتتى. زورىخاننىڭ بۇ ھالىتى ئۆز نۆۋىتىدە قادىر ئاخۇننى بىسەرەمجان قىلىۋەتكەندى. خەلچەم: «سىز ئاۋارە بولماڭ، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن» دەپ شۇنچە تىرىشىۋاتسىمۇ قادىر ئاخۇن دوختۇرلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىۋېلىپ، زورىخاننى تېزرەك داۋالاپ ساقايتىشنى

ئۆتۈنۈپ يىلىناتتى. ئاخىر مىجەزى چۇسراق دوختۇرلاردىن بىرى: «تەكشۈرۈش ئاخىرلىشىپ تەييارلىق پۈتكەندە ئوپېراتسىيە قىلىمىز. بىراق، ھەرقانداق چاغدا ئۆسمە كېسەللىرىنىڭ تولۇق ساقىيىشىغا ھۆددە قىلالمايمىز، سىلى بۇنداق كەينىمىزدىن قاتراپ يۈرمەي سەۋر قىلىپ تۇرسىلا!» دەپ دوق قىلغاندىلا پەسكويىغا چۈشۈپ قالاتتى. گاھىدا دوختۇر - سېسترالار ئۇنىڭ نىرۋىسىدىن گۇمانلىنىپمۇ قېلىشاتتى. خەلچەم دادىسىنىڭ شۇ تاپتا قاتتىق تەڭلىك تارتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، زورىخانىدىن ئايرىلىپ قالسا ئۇنىڭ تۈگىشىپلا كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. گاھىدا تۇرۇپلا دادىسىنىڭ ئىلگىرى مەرھۇم ئانىسىغا بولغان كۆيۈنۈشى بىلەن، زورىخانىغا بولغان كۆيۈنۈشىنى سېلىشتۇرۇپ ھەسرەتلىك ئۇھسىناتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئانىسىنىڭ شۇنچە ئېغىر ياتاپ بولغاندىمۇ دوختۇر-خانىدا پەقەت بىر - ئىككى قېتىملا ياتقانلىقىنى، قالغان چاغلاردا قادىر ئاخۇننىڭ ئاچما كەنتىدىكى تېۋىپنىڭ بىرنەچچە يۈەنلىك كاشكىپىنى ئەكېلىپ بېرىشى بىلەن ساقىيىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالاتتى. بىراق، ئەينى چاغدىكى شارا-ئىتنى تولۇق دەڭسىيە-لىگەچكە دادىسىنى ئەيىبلەپمۇ كەتمەيتتى. پەقەت «رەھمەتلىك ئانام ھازىر ھايات بولغان بولسا، ئۇرۇمچىگە، ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ داۋالىتار ئىدىم» دەپ ئارمان قىلاتتى. بۈگۈنمۇ قادىر ئاخۇن خەلچەمنىڭ نىيازنىڭ يېنىغا كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ مەسئۇل دوختۇرغا بىردەم يىلىنىپ بېقىپ، ئۇنىڭ تەئەددى بىلەن دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، دىلىنى رەنجىتىۋالغاندىن كېيىن زورىخانىنىڭ يېنىغا قايتىپ كىردى.

— قادىر ئاخۇن، مەندىن رازى بولسىلا، كېتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. دوختۇرنىڭ «بەدىنىڭىز ئاجىزكەن، ئوپېراتسىيەگە بەرداشلىق بېرەلمەيسىز، دورا بىلەن داۋالاپ بىر-نەچچە كۈن كۆزىتىمىز» دېگىنى كۆڭلۈمنى ياسىغىنى. خەلچەم

قىزىممۇ قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئۇنىڭدىن مىڭ مەرتىۋە رازىمەن، كېلەر يىلى باغقا يەنە بەسەي تېرىيمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىلە، بۇ يىلقىدەك ئوت بېسىپ كەتسە يالغۇز ئوتاپ بولالمايلا، — دېدى زورىخان قادىر ئاخۇن يېنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن مەيۈس ھالدا.

— كۆڭلۈڭلىنى ئۇنداق يېرىم قىلماڭلا، خۇدايىم كېسىلىڭ-لىگە شىپالىق بېرىدۇ. سىلى ئۇزاققا قالماي ساقىيىپ كېتىسىلە، دوختۇر دېدىغۇ، كېسىلىڭلا يامان كېسەل ئەمەسكەن، كانايى ياللۇغىكەن شۇ.

— بولدى، ھەممىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بولسا مېنى بۆگۈنلا ئۆيگە ئېلىپ كېتىڭلا.

— خەلچەم بايا بانكىدىن خېلى كۆپ پۇل ئاجرىتىپ كەپتۇ. ئۇ بىر ئىشنى ئويلىدى بولغاي: «نىياز بىلەن كۆرۈشۈپلا كېلىمەن» دەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايلى، سىلى باشقا ئىشلاردىن غەم قىلماڭلا.

— خەلچەم قىزىمنىڭمۇ باقىدىغان ئىككى بالىسى بار ئەمەسمۇ، ھېلىمۇ ئۇ مۇشۇ يىللاردا بىزنى كۆپ يۆلىدى. يەنە ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىقىمنى سېلىشقا چىدىمايدىكەنمەن.

— سىلى بىلمەيسىلە، يېقىندىن بۇيان خەلچەم قىزىمنىڭ ئىشلىرى بەكمۇ يۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خېلى جىق پۇلى بار. ياخشى يېرى شاگىرتلىرىنىڭ قولى ئىشقا تەگدى. قىزىم بىزنىڭ يېنىمىزدا يۈرگىنى بىلەن غەللىسىگە كۈندە پۇل كىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سىلى پۇلدىن غەم قىلماڭلا دەيمەن.

زورىخان بىلەن قادىر ئاخۇن شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىۋاتقاندا، ياتاققا خەلچەم ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئەسلىدە ئۇ نىيازنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈپ، زورىخاننى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا تايىن تاپقانىدى. دېمىسىمۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى

دوختۇرلار زورىخاننى ئوپېراتسىيە قىلىشنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كەينىگە سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈۋېرىشى زورىخان ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. خەلچەمنىڭ پىلانى زورىخانىنىلا ئەمەس، ھەتتا قادىر ئاخۇنىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، مىشىلداپ يىغلىغىنىچە بېشىنى يېنىك چايقاۋاتقان زورىخاننى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا بېرىشقا رىغبەتلەندۈردى. زورىخان ئۆندىمىگەن بىلەن خەلچەم ئەتىدىن بېرى ھەممە تەييارلىقنى تەق قىلىپ قويغاچقا، كېيىنكى سەپەر شۇنچە ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۇلار ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كېلىپ نىيازنىڭ بۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان تونۇشىنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشتى. مەلۇم بولدىكى، زورىخان ھەقىقەتەنمۇ قىزىلئۆڭگەچ ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغانىدى. گەرچە ناھىيەلىك دوختۇرخانىدىكىلەر ئۇنىڭ كېسىلىگە توغرا دىياگنوز قويغان بولسىمۇ، ھازىرقى بەدەن ساپاسىنى نەزەرگە ئېلىپ ئوپېراتسىيە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. زورىخان ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كېلىپ بەش كۈندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىندى. دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى. ياخشى داۋالاش ئارقىلىق بىر مەزگىلدىن كېيىن زورىخان- نىڭ سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلدى. بۇنىڭدىن خەلچەم دادىسىدەكلا خۇش بولدى. ئەمدى زورىخانىنىڭ خەلچەمگە ئېيتىپ كېلىۋاتقان تەشەككۈر سۆزلىرىدە بىراقلا ئۆزگىرىش بولغانىدى، يەنى زورىخان خەلچەمگە ئۇدۇللا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، كەشتىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشىنى، يۈزىنىڭ يورۇق، مۈشكۈلىنىڭ ئاسان بولۇشىنى، قىيامەتتە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى، ئىككى بالىسىنىڭ سالامەت ھەم زۇۋۇلىسىنىڭ چوڭ بولۇشىنى ئاللادىن تىلەپ يىغلاپ دۇئا قىلىدىغان بولغانىدى. ئۇنىڭ ھەر قېتىم بۇنداق دۇئاسىنى پۈتتۈن ئىخلاسى بىلەن خەلچەمگە بېغىشلاۋاتقان ھالىتى، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سەھرا

ئايالللرىغا يات بولغان هاكاۋۇرلۇقى بىلەن باشقىلارنى ئاسانلىقچە مەنسىتمەي، بۇرنىدا پىننە سورۇپ يۈرىدىغان زورىخاننى ئەمەس، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ شەرئەت ئەهكاملىرىغا يىپىشقان، دىلخەستە، تەقۋا بوۋىنى ئەسلىتەتتى. بارا - بارا زورىخاننىڭ بۇ خىلدىكى دۇئالىرىغا خەلچەممۇ كۆنۈپ قالدى، بەلكى هەر قېتىم زورىخان دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، خەلچەم پۈتۈن جىسمىغا ئىمان ۋە ئېتىقادتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋە كۈچلۈك بىر يالقۇننىڭ تۇتاشقانلىقىنى، هەقىقىي ئادىمىيلىك مەنزىلىگە ئىنتىلگەن ئادەمىنىڭ يولىدىكى قاراڭغۇلۇقنى مانا مۇشۇ يالقۇن يورۇتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر هېس قىلاتتى. خەلچەم زورىخاننىڭ ئوپېراتسىيە ۋە كېيىنكى داۋالىنىشى ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئاخىرقى قېتىم ئۆز يېنىدىن پۇل ئۆتكۈزگەندىمۇ، نىيازنىڭ بىر چاغدا: «باي بولۇش ئۈچۈن تىنىمسىز چىپىۋاتىسەن، ساڭا هاردۇقمۇ يېتەمدۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىغا: «ئەلۋەتتە، كۈندە هارىمەن، ئەمما ئەتراپىمدا موهتاجلىقتا قالغان كىشىلەرگە ساخاۋەت قىلساملا هاردۇقۇم بىراقلا چىقىپ كېتىدۇ، ئۆزۈمنى شۇنچە تېتىك هېس قىلىمەن» دەپ بەرگەن جاۋابىنى ئەسكە ئالدى. شۇئان ئۇنىڭ قەلبىدە سۆيۈنۈش بىلەن ئۆزگىچە بىر خىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. يەنە كېلىپ زورىخان بالنىستتىن چىققان كۈنى بىكەتكە كەلگۈچە ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي ماڭدى. زورىخاننىڭ ئورۇقلاپ چوكىغا ئوخشاپ قالغان قوللىرى ئەسلىدە پەرىشتە سۈپەت ئانىلارنىڭ قولىدەكلا مېهرلىك ئىدى. خەلچەم بۇ قوللاردىن ئۆزگە نىسىپ بولغان مېهرنى تۇنجى قېتىم هېس قىلىپ شۇنچە شادلاندى. گويا مەرھۇم ئانىسىنىڭ قولىنى سىلىغاندەك ئاۋايلاپ سىلاپ كەتتى. قادىر ئاخۇن ئىككىسىنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرۈپ، هەر ۋاقىتلىق نامىزىدا ئاللادىن ئۆزىگە خاتىرجەملىك تىلەپ قىلغان دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنى هېس قىلدى.

قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ، چوڭ كۆلنىڭ بويىدا زورىخاننىڭ گېپىنى قىلىشىپ تۇرۇشقان كىشىلەر تېخىچىلا تارقىلىپ كېتىشمىگەنىدى.

— بايا زورىخاننىڭ خەلچەمنى ھەدەپ ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر، بۇ ھازازۇل خوتۇن ئىلگىرى خەلچەمنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدى......

— زورىخانى بۇنچە ئەيىبلەپ كەتمەيلى، سىلى كونىلارنىڭ «پۇلى بولسا قوللايدۇ، پۇلى بولمىسا قوغلايدۇ» دېگەن ماقالىنى ئاڭلىمىغانما، ھاشىماخۇن! ئۇ چاغدا خەلچەمنىڭ پۇلى يوق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ پۇلى بار ئەمەسما!؟

— بولدى، بولدى، شۇ تاپتا ئۇ خوتۇننىڭ قۇلىقى قىزىپ كەتتى بولغاي...... غەيۋەتنى قىلماي باشقا گېپىمىزنى دېيىشەيلى، تۇغقانلار!

— توۋا، ھېلىقى بىر چاغلاردا ئەقلىمىز دۆمبىمىزگە چىقىپ قالغاندەك، ئارىمىزدىكى بايلارنى خورلاپ، پىپەن قىلىپ يۈرگىنىمىز قىزىق ئەمەسمۇ بىرنىڭ!...... مانا، ئەخمەتكامنىڭ ئوغلى نىياز باي بولۇۋىدى، ھەر يىلى قىشتا بىزگە ساخاۋەت قىلىپ ئوتۇن - كۆمۈر، ئۇن - ياغ تارقىتىپ بېرىۋاتىدۇ. خەلچەممۇ يېنىدىن 17 مىڭ كوي چىقىرىپ زورىخاننى داۋالىتىپ كەپتۇ. ئارىمىزدىن بايلارنىڭ چىققىنى ياخشى ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ!؟

— ھەي، باي بولغان بىلەن، نىياز بىلەن خەلچەمدەك ئىنسابى بولمىسا بىزنىڭ قوتازدەك نامراتنى شۇلۇپ يەيدىغان ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا دەيمەن، بىر پېلەكنىڭ سويمىلىرى ئوخشاش بولمىغاندەك، باينىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس.

— مەن ھەيران، ئىلگىرى بىزنىڭ بۇ قوتاز مەرھۇم سۇلايمان ياۋاشنى تازا ئاسىي تاپقانىدى. ئابدۇللا ئۇنىڭدىن دادىسىنىڭ ئەنتىنى ئالار دېسەم، نەدىكىنى، ئىككىسى ئېغىز - بۇرۇن

يالىشىپ يۈرمەمدۇ!؟

— نەپسنى باشقۇرمىسا ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ. نەپسانىيەتچىلەر قارىماققا بىر - بىرى بىلەن ئۈچ - ئاداۋەتلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەنە شۇنداق ئارقا بۇلۇڭدا يەنە تېپىشىپ ئىغىز - بۇرۇن يالىشىدۇ، ھاشىمكا!

— نىياز باينىڭ كارامىتىنى ئەمدى كۆرىسىلەر تېخى، ئۇ يېقىندا راشىدىننى كۆلىغا ئاپىرىپ داۋالاتقۇدەك، ھوشۇركام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— خەپ شۇك! ئەنە قاراڭلار، قاۋۇل قوتاز كېلىۋاتىدۇ. ئۇ مۇتتەھەم ئېھتىمال بىزگە بىرەر ھاشارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى بولغاي، دەرھال ئۆيىمىزگە كېتەيلى.

شۇئان كۆل بويىدا پاراڭلىشىپ تۇرۇشقان كىشىلەر ھەر تەرەپكە تارقاپ كېتىشتى.

*　　　　*　　　　*

ئابدۇللا يېزا ئورگىنىغا كىرىپ ئۆزىچە جىددىيلىشىپ كەتتى. بىرنەچچە كىشى تال باراڭنىڭ ئاستىدا ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرۇشاتتى. بايا ئەيسا ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە بېرىپ «ناھىيەدىن بىرمۇنچە كادىر كەلدى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزگەن بىلەن، ئەسلىدە ناھىيەدىن كەلگەنلەر ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئىككى نەپەر دائىمىي ھەيئىتى، يەنى ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بىلەن ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى. ئەلۋەتتە بۇلارنى ئادەتتىكى كىشىلەر دېگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ يەنە تۆت نەپەر ئايال ھەمراھىمۇ بار بولۇپ، كىيىنىش، ياسىنىشى سالاپەتلىك ۋە خۇش پىچىم بىرسىنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قارىغاندا ۋىلايەتتىن كەلگەندەك قىلاتتى. ھەممەيلەن ئەتراپىدا پايپېتەك

بولۇشۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى. ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز گەپ چىقىپ بولغۇچە باشلىرىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىشاتتى. بەزىلەر تىبخى خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى يېزىشاتتى. بۇلارنىڭ بۈگۈن ئاقتاشقا نېمە سەۋەبتىن كەلگىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئەتىگەندىن بېرى ئۆيىدە پاتىگۈل بىلەن خەلچەم توغرۇلۇق ئارازلىشىپ سىرتقا چىقالمىغان ئابدۇللا ئۇلارنى كۆرۈپ بىردىنلا جىددىيلەشتى.

— ھە، ئابدۇللا ئۇكام، كەلدىڭمۇ! كەنتكە كېتىپتىكەنسەن-دە؟ — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق، بەستلىك كەلگەن ئاق يىشماق كىشى. ئاندىن ئابدۇللا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — قارىغاندا سېنى ئۆتكەندىكى خۇلاسە يىغىنى خېلى چۆچۈتۈۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ ئەمما، بۈگۈن جىددىيلىشىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ.

بۇ كىشى گەرچە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ، يەنىلا ئابدۇللانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئون نەچچە دائىمىي ھەيئەتنىڭ بىرسى ئىدى. مۇشۇ جەھەتتىنلا ناھىيەدىكى مۇھىم كىشىلەر قاتارىدا سانىلاتتى. كېيىن ئۇ سالاپەتلىك ئايالغا قاراپ:

— تۇ ۋېيىۋەن، بۇياق مۇشۇ يېزىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا سۇلايمان بولىدۇ. ئۇ ساپ يەرلىك مەھسۇلات، مۇشۇ ئاقتاشنىڭ بوزلىرىدا قىيغىتىپ ئويناپ چوڭ بولغان. سۆزگە سەل ناقىس بولغان بىلەن، ناھىيەمىزدىكى يېزا باشلىقلىرىنىڭ سەر-خىللىرىدىن، — دېدى قىزىقچىلىق قىلىپ.

ئابدۇللا ئۇنچىقماي ھىجىيىپلا تۇرغانىدى، ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋازدا:

— قاراپ تۇرماي تۇ ۋېيىۋەننى قارشى ئالماسىز! — دېدى سەل تېرىكىپ.

ئابدۇللا شۇندىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغاندەك بولدى-دە:

— تۇ ۋېيىۋەننىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي يېزىمىزغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز! — دېدى ئاۋۋالقىدەكلا جىددىيلىشىپ.

ھەرھالدا ئابدۇللانىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ تۇرۇشقان ئورگان كادىرلىرى ئەقلىنى ئىشلىتىپ چاۋاك چېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى كەيپىيات ئىزىغا چۈشۈپ ئابدۇللامۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدى.

مەلۇم بولىدىكى، سالاپەتلىك ئايال يېقىندا ۋىلايەتلىك پارتكومغا دائىمىي ھەيئەت، ئاياللار بىرلەشمىسىگە رەئىس بولغان تۇرسۇنگۈل خانىم بولۇپ، ئابدۇللا ئۇنى تېلېۋىزوردىلا كۆرگەنىدى. ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ نېمىشقىدۇر يەنە جىددىيلىشىۋاتاتتى. شۇ ھالدا كۆڭلىدىن بىر قىسىم تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئاغزىدىن پەقەت:

— كەنتكە كېتىپ رەھبەرلەرنىڭ ئالدىغا چىقالماپتىمەن، بەكمۇ سەت بولدى، ئەپۇ قىلىشقايلا! — دېگەن سۆزلا چىقتى.

ھەممەيلەن ئۆز ئالدىغا پاراڭلىشىۋاتقاچقا، ئابدۇللانىڭ ھودۇقۇش ئىلكىدە دېگەن بۇ گەپلىرىگە ھېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىدى.

— بولدى، بولدى، بۇنچە جىددىيلەشمە، ئۇكام. بۈگۈن مۇھىم تەكشۈرۈشمۇ يوق، ئايىمخان يېزاڭلارنىڭ ئاياللار خىزمىتىنى قىسقىچە دوكلات قىلسىلا بولىدۇ، — دېدى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇللانى سەل چەتكىرەك تارتىپ، — بۇ يەرگە كېلىشىمىز تاسادىپىي بولغاچقا سىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىشقا ئۈلگۈرمىدۇق. تۇ ۋېيىۋەن تۈنۈگۈن كەچتە ناھىيەمىزگە كەلگەن. ئەسلىدە ئۇ ئايتاغدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئەلنەغمە كۆرۈكىگە قاتناشماقچى ئىدى. بىراق، يول ئۈستىدە پىلانى ئۆزگەردى. ئاۋۋال سىلەرنىڭ يېزىدىكى بىر ئايال ھۈنەرۋەن بىلەن

كۆرۈشىدىكەن. ئاۋۇ خانىملار تۇ ۋېيىۋەننىڭ دوستلىرى، شۇڭا ئوبدانراق كۈتۈپ قويمىساق بولماس. پاقلان كاۋىپى ئاغزىغا تېتىماي قالسىمۇ، ئۇچالىقلارنىڭ كاۋىپى تېتىپ قالار. قالغىنىنى ئۆزۈڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغىن، تۇ ۋېيىۋەننىڭ يېزاڭلارغا ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلغىنى خىزمىتىڭلارنى قوللىغىنى، ھەم يەنە......

تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى شۇلارنى دەۋاتاتتى، تۇرسۇنگۈل خانىم ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا:

— يېزا باشلىقى، ئاڭلىسام سىلەرنىڭ يېزىدا بىر ئايال ماھىر باركەن. ئىسمى نېمىتى؟ ھە، خەلچەم، بىزنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارسىڭىزلا بولىدۇ. تاماقنى ناھىيەگە بېرىپ يەيمىز، شۇڭا سىلەر ئاۋارە بولماڭلار، — دېدى كەسكىن قىلىپ.

ئابدۇللانىڭ يۈرىكى ئۇشتۇمتۇت داۋالغۇغاندەك بولدى. «ئەتىگەندە نېمە بولسا كەچكىچە شۇ بولىدۇ» دېگەندەك، خەلچەمنىڭ ھازىر ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئەتىگەن ئايىم خانىم ئابدۇللاغا دېگەنىدى. مانا ئەمدى......

— بار، يېقىندىلا، مەن باشلاپ باراي، — ئابدۇللا شۇنداق دەپلا ياندا دېلىغۇل بولۇپ تۇرغان ئايىم خانىمغا لاپپىدە قاراپ قويدى.

شۇ تاپتا ئابدۇللا بۇ قاراش بىلەن ئايىم خانىمدىن نارازى بولۇپ، «ئەسلىدە بۇ سىزنىڭ تاپقان ئىشىڭىزكەن - ھە» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن بولسا، ئايىم خانىممۇ ئابدۇللاغا مەنىلىك قاراپ «مەندە گۇناھ يوق» دېگەن ئىنكاسنى بىلدۈردى.

ئابدۇللا مېھمانلارنى باشلاپ خەلچەمنىڭ يېقىنلا يەردىكى كەشتىچىلىك دۇكىنىغا كېلىپ بولغۇچە خۇددى ھەربىر قەدەمنى چوغقا دەسسىگەندەك تاھايىتى تەستە باستى. كۆڭلىدە نۇرغۇنلىغان گۇمانلار پەيدا بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى: «بۇ

قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ـ ھە! رەھبەرلەر نېمىشقا ئاقتاشنىڭ ھازىرقى زور تەرەققىياتىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كېلىشمەي، خەلچەمنى يوقلاپ كېلىدىغاندۇ؟ خەلچەمنىڭ خەسىگە چېكە ـ چىماش بىرنېمىلەرنى كەشتىلىگىنى شۇنچە چوڭ ئىشمىدۇ؟ ئۇلار خەلچەم بىلەن كۆرۈشۇپ نېمىلەرنى بىلمەكچىدۇ؟ مۇبادا ئۇلار خەلچەمنىڭ تارىخىنى سورىسا...... چاتاق يېرى، ماۋۇ ئايىمخان دېگەن خوتۇن ھەممە ئىشنى بىلىدۇ ئەمەسمۇ! مۇشۇ ئىشنىمۇ ئاشۇ خوتۇن تاپقان يەردە، كېيىنكى ئىشلاردا ماڭا تۇزكورلۇق قىلمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟! ھەر قېتىم ئۇ خوتۇن خەلچەمنى «كەشتىچىلىككە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەنلەرنىڭ ئۈلگىسى» دەپ ماتېرىيال تەييارلاپ ناھىيەگە يوللايمەن دېگەندە، مەن توسۇپ قويغان ئەمەسمۇ!؟ ئەمدى ئۇ مېنىڭ يېغىرىمنى تاتىلارمۇ؟ ھەي، ئىلىكى شور خەلچەم، قاچانغىچە بەختىمگە سايە تاشلاپ ئارامىق بەرمەيدىغانسەن؟ ئىلگىرى ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ كەتكەن بولساڭ ياكى ئەرگە تەگكەن بولساڭ، ماڭا مۇشۇ تەشۋىشلىقمۇ بولمايتتى. قارىغاندا بۇنىڭدىن كېيىن ھوشيار تۇرمىسام بېشىمغا چىققۇدەك...... مۇھىمى، ھازىرقى ئۆتكەلدىن سالامەت ئۆتۈۋېلىشنىڭ ئامالىنى تېپىشىم كېرەك. قانداق قىلسام بولار؟ ھەممىنى بىلمەس بولۇۋالايمۇ، ياق، ئۇنداق قىلسام رەھبەرلەرنىڭ قارىشىدا نەزەر دائىرىسى بەك تاركەن دېگەن ئاتاققا قالىمەن. ياخشىسى ئىلگىرىكى ئۇسۇلۇم بويىچە قىلاي، باشقىلاردىن ئىلگىرى كېلەي......»

شۇنچە يېقىن مۇساپە دەرگۇمانىدا خىيال سۈرۈپ ماڭغان ئابدۇللاغا بەكمۇ ئۇزۇن تۇيۇلدى. خەلچەم ئابدۇللانىڭ بىر توپ مېھماننى باشلاپ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا كىرگىنىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپلا قالدى. ئەتراپىدا ئىشلەۋاتقان شاگىرت قىزلارمۇ ئۇستازىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە ھەيران بولۇشتى. دېمىسىمۇ بۇ، ئابدۇللا

بىلەن خەلچەمنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلگەن ئاجايىپ بىر تاسادىپىيلىق بولۇپ، ئابدۇللا مۇشۇ كۈنلەردە خەلچەم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىغاندەك، خەلچەممۇ بۇنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى. گەرچە خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىدا ئابدۇللا بىريانغا قىسىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئادىتى بويىچە رەھبەرلەرنىڭ كەيپىياتى بىلەن، ھەربىر جۈملە سۆزىگىچە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتاتتى. ئاردا تۇرسۇنگۈل خانىمنىڭ دوستلىرى رامكىلاردىكى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان يىپەك كەشتىلەرگە، كەشتىلىك داستىخان ۋە يوتقان، ياستۇق قاپلىرىغا قاراپ «پاھ! ۋاھ! ئۇنىڭغا قارا، بۇنىڭغا قارا!» دېيىشىپ كېتىشكەن بولسىمۇ، ئاردىكى كەيپىياتنى تۇرسۇنگۈل خانىمنىڭ رەھبەرلەرگە خاس ئىبارىلەر بىلەن خەلچەمنى رىغبەتلەندۈرۈشى ئۆز ئىزىغا سالدى.

— نامىڭىزنى خېلى بۇرۇن ئاڭلىغان بولساممۇ، سىزنىڭ بۇ چەت يېزىدا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى ئاخىرىدا تۇرسۇنگۈل خانىم خەلچەمنىڭ قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بايا ناھىيەدە سىزنىڭ گېپىڭىز بولدى. سۈرۈشتۈرسەم، سىزنى ئاقتاشتىكى ئۆيىدە ئىشلەيدۇ دېيىشتى. قولىڭىز گۈل ئىكەن، ھەقىقەتەنمۇ چېۋەر ئىكەنسىز. مەن دېھقان ئاياللىرىنىڭ سىزدەك دادىل ئىگىلىك تىكلەپ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشىنى، بۇ ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاڭلىسام، سىز ئىشلىگەن كەشتىلەرنىڭ داڭقى پۈتۈن ۋىلايەتكە تارقاپتۇ. سىز ئەمدى بۇ يەرگە قاپسىلىۋالماي ناھىيە بازىرىغا، يۈزلىنىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن بىز سىزگە ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىمىز...... يەنە مەن ماۋۇ ناھىيەلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىلەن ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرىنى بىكارغا باشلاپ كەلمىدىم، ئۇلار سىزنى ياخشى تەشۋىق قىلىدۇ......

گەرچە تۇرسۇنگۇل خانىمنىڭ سۆزلىرى شاگىرت قىزلارنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، خەلچەم ئاۋۋالقىدەكلا مەگدەپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بايا ئابدۇللانىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا:

— رەھبەرلەر، مانا خەلچەم دېگەن ئايال ماھىر مۇشۇ شۇ! ئۇ يېزىمىزدىكى دېھقان ئاياللىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىشىغا تۈنجى بولۇپ يول ئاچقان ماھىر! ئۇ بېيىغاندىن كېيىن يېزىمىزدىكى مېيىپ - ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى، ئۇ نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىگە ھۈنەر ئۆگىتىپ بېيىشىغا ياردەم بەردى. بىز بۇ كەشتىچىلىك دۇكىنىنى بۇنىڭدىن كېيىن يېزىمىزدا نامراتلارنى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئارقىلىق يۆلەشتىكى نۇقتىلىق بازا قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز، — دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي قالغانىدى. شۇ تاپتا خەلچەمگە بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى سانالغان تۇرسۇنگۇل خانىم گەپ قىلىۋاتسىمۇ، يەنىلا ئېسىنى يىغالمايۋاتاتتى. بايا ئابدۇللا خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا كىرىپلا ھەقىقەتەنمۇ باشقىلاردىن «چاققان» كەلگە-نىدى. مۇبادا ئابدۇللانىڭ تاۋى ئۆسكەندىن بۇيان ئەقلىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاشتى دېيىلسە، ھازىرقىدەك مۇھىم پەيتلەردە ئىككى تەرىپىگە قارىمايلا يۇقىرىقىدەك جەريانلارنى قۇراشتۇرۇش ماھارىتى ئۇنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى. خەلچەم ئابدۇللانىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئۈمىدسىزلەندى. ئىلگىرى تاسادىپىي يالغان سۆزلەپ سالسا شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىدىغان ئابدۇللا ئەمدى يالغاننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ دەۋېتىپ، قىزىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى يالغاننى شۇنداق كېلىشتۈرەلىگىنىدىن پەخىرلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. خەلچەم ئابدۇللادىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. خەلچەمنىڭ خىيالىدا ئەمەلنىڭ ئادەملەرنى بۇنچە ئۆزگەرتىۋېتىشى

ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى...... ئۇنىڭ خىيالىنى تۇرسۇنگۈل خانىمنىڭ دوستلىرى ئۈزۈپ قويدى، ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى چەت يېزىدىكى ئاددىي كەشتىچىلىك دۇكىنىدا ئەمەس، بەلكى چوڭ شەھەردىكى ھەشەمەتلىك سودا سارىيىدا نەرسە - كېرەك تاللا- ۋاتقاندەك ئاغزى بىسىلماي سۆزلىشەتتى:

— مانا قارا، رازىيە، سەن ئۆتكەندە گېپىنى قىلغان يوتقان قېپى مۇشۇ ئەمەسمۇ!؟ ماۋۇ گۈلنى بەكمۇ چىرايلىق ئىشلەپتۇ. ھۆنەرگە ھەقىقەتەنمۇ ئۇستىكەن بۇ چوكان، بىزنىڭ شەھەردە دۇكان ئاچقان بولسا قانچە ياخشى بولاتتى - ھە!

— راست، دەل شۇكەن. ۋاي - ۋۇي، نېمانچە چىرايلىق! ماۋۇ داستىخانغا قارا تېخى، سادىر چۇجاڭنىڭ ئايالى «ئۇرۇمچىدىن ئەكەلدۇردۇق» دەۋاتاتتى. ئەسلىدە مۇشۇ چوكان ئىشلەپتىكەن - دە!؟

— ماڭا ماۋۇ ياستۇقلار بەكمۇ ياردى. بىنا ئۆيىمىزگە تىزىپ قويساق كۆزلەرنى قاماشتۇرۇۋەتكۇدەك......

— ئەتىگەندە سىلى داڭلاپ كەتكەندە، كۆڭلۈمدە ئۇنچىۋالامۇ ئەمەستۇ دېگەنىدىم. شۇنچە يىراقتىن كېلىپ كۆرۈشىمىزگە ئەر- زىيدىكەن، مەن ماۋۇ يوتقان قېپىدىن ئون جۈپ ئالاي، داستىخاننىڭ ماۋۇ نۇسخىسى چىرايلىقكەن، ئۇنىمۇ ئالاي.

— مەن يىپەك ياستۇقتىن ئون جۈپ ئالىمەن، يوتقان قېپىنىڭ ماۋۇ نۇسخىسىنى تاللىدىم، بوپتىمۇ؟

— زاھىدە، ئۆتكەندە مۇسا دىرېكتورنىڭ ئۆيىدە مەن ساڭا مۇشۇنداق يىپەك ياستۇقلارنى يىراق بىر سەھرادىكى چوكان ئىشلەيدىكەن دېسەم، گېپىمگە ئىشەنمەي، تۈركىيەدىن كىر- گۈزۈپتۇ دەۋاتمامتىڭ؟

— ئوھۇش! خەقمۇ ماڭا شۇنداق دېگەن تۇرسا!

— سىلەرنى باشلاپ كەلسەم ھەممىسىنى ئېلىۋالامسىلەر؟ ماڭىمۇ قالسۇن......

— ئاداش، خاتىرجەم بولۇڭلا، ئاۋۋال سىلى تاللىۋالسىلە.

— سىلى دېگەن چوڭ باشلىق تۇرساڭلا، ئەلـۋەتتە بىز سىلىدىن ئاشقىنىنى ئالىمىز - دە!

— ئەتىگەندە مۇشۇ چوكانىنى سۇرۇشتۇرەيلى دېسەم، تەستە ئۇنىغان ئىدىڭلا بولمىسا......

— سىلىمۇ غەم قىلماي تۇرۇڭلا، يولدىشىڭلا مۇئاۋىن ۋالىي بولغاندىكىن، سىلى چوڭ باشلىق ھېسابلىنىسىلە......

— بۇ يەردە يولدىشىمىزنىڭ ئەمەلىي ھېسابقا ئېلىنىدىغان بولسا، ئارىمىزدا سائادەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغۇدەك......

— خاتىرجەم بولۇڭلا، مەن يولدىشىمنىڭ جۈۋىسىدا تەر-لەنمەيمەن.

— جۈۋىسىدا تەرلەنمىگىنىڭ بىلەن، مۇشۇنداق مامۇق ياستۇق بىلەن يىپەك قاپلىق يوتقاندا يولدىشىڭغا جاي راسلاپ بەرسەڭ رەھمىتىنى ئالىسەن ئەمەسمۇ...... ھا - ھا - ھا......

— ماۋۇ بۇجاڭ مۇشۇنداق چىۋەر چوكانىنى تەشۋىق قىلماي، كىمنى تەشۋىق قىلىدىغاندۇ؟

— خانىملار، ئۆتكەندە بىزنىڭ رادىيو ھەم تېلېۋىزىيەنىڭ مۇخبىرلىرى خەلچەمنى زىيارەت قىلىپ مەخسۇس خەۋەر بېرىپ-تىكەن، ئەمدى بىز بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز.

— سىلە تاللاۋېرىڭلا، بىز ماۋۇلارنى تۇ ۋېيىۋەنگە تاللاپ تەييار قىلىپ قويدۇق.

— ئايىمخان، ئۆتكەندىكىسى مۇشۇ خىلدىنكەن - ھە؟

— بۇ...... ياق...... ھەئە......

ئابدۇللانى جىددىيلەشتۈرگەن، خەلچەمنى ئەجەبلەندۈرگەن بۇ بىرنەچچە كىشى كەشتىچىلىك دۇكىنىدا ئالاھازەل ئىككى سائەتچە تۇرۇپ بىرنەچچە يەشىكنى ماشىنىلارغا سېلىپ قايتىپ

كېتىشتى. مېڭىش ئالدىدا تۇرسۇنگۈل خانىم ناھىيەدىن كەلگەن مەسئۇللارغا خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنىرى ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەپ، يېزا ئاياللىرىغا ئۈلگە بولغانلىقى ھەققىدىكى ماتېرىيالنى تولۇق تەييارلاپ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە تېزدىن يوللاپ بېرىشنى، شۇنىڭدەك خەلچەمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ناھىيەدە ياخشى تەشۋىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاخىرىدا ئابدۇللاغا بۇنىڭدىن كېيىن خەلچەمنىڭ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىش بولسا ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشنى ئايرىم تاپىلىدى.

ئەسلىدە خەلچەمنىڭ پىنھاندىن بىراقلا رەستىگە چىقىپ قىلىشىغا ھېلىقى مۇخبىرلارنىڭ تەشۋىقاتىدىن كۆرە، خەلچەم ئۆتكەن بىر كۈنى ئايىم خانىمغا سوۋغا قىلغان بىر جۈپ يوتقان قېپى بىلەن بىر جۈپ ياستۇق قېپى سەۋەب بولغانىدى. ئايىم خانىم ئاشۇ يوتقان قېپى بىلەن ياستۇق قېپىنى ئۆزى ئىشلەتكەن بولسىغۇ ئابدۇللانىڭ ئالدىدا بوۋگۇنكىدەك ئارىسالدى بولمايتتى، بىراق ئايىم خانىم ئۇنى ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرىغا سوۋغا قىلىۋەتكەنىدى. ھەي، بۇ ئىككى جۈپ سوۋغا كېيىنكى ساھىبىدە توختاپ قالمىدى، بەلكى يەنە قاناتلىنىپ، تۇرسۇنگۈل خانىمغا سوۋغا قىلىندى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قولدىن-قولغا ئۆتۈشىگە ئەلۋەتتە چىرايلىقلىقى، سىپتىلىقى، بولۇپمۇ ئۆزگىچىلىكى سەۋەبچى ئىدى. مۇبادا خەلچەم ئايىم خانىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىغا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە جاۋاب قايتۇرۇشنى چىن كۆڭلىدىن خالىمىغان بولسا، كېيىنكى ئىشلار يۈز بەرمىگەنمۇ بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ، تۇرسۇنگۈل خانىم ئەتراپىدىكى ئاياللاردىن داڭقىنى ئاڭلىغان، خەلچەمنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن ياستۇق ۋە يوتقان قېپىنى بىۋاسىتە كۆرگىنىدە قايىل بولماي تۇرالمىدى.

ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ بىر سورۇندا دوستلىرى بىلەن مۇڭدىشىۋېتىپ بۇ تەرەپكە خىزمەتكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، دوستلىرى دەرھال: «سەن بىلەن بىللە بېرىپ كەشتىچى چوكاندىن كەشتە سېتىۋالىمىز» دېيىشىپ چاپلاشتى. مانا شۇنداق جەريانلاردىن كېيىن خەلچەم ئابدۇللانىڭ شۇ قەدەر ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشكە، ئايىم خانىم بولسا ئۆزىمۇ سەزمەي ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە خەلچەم ئابدۇللاغا بولغان پاك سۆيگۈسىنى ئاللىقاچان قەلبىگە دەپنە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، پەقەت دوستلۇقنى قەدىرلەش يۈزىسىدىنلا ئابدۇللادا ئىلگىرىكى مىجەزىنىڭ ساقلىنىشىنى خالايتتى. ئايىم خانىم ئۈچۈن بولسا يىراقتىكى نەپ يەتكۈزىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقتىن كۆرە، كۈندە ئۆزىنى يوقلىما قىلىپ ئۇقسانلىرىنى ياندىن كۆزىتىپ باشقۇرىدىغان ئابدۇللا مۇھىم ئىدى. شۇڭىمۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئابدۇللانىڭ رايىغا بويىچە، مۇشۇ كۈنگىچە خەلچەمنى جاراستانغا چىقارماي كېلىۋاتاتتى. شۇنداق تورۇقلۇق يەنىلا ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا پەس ئاۋازدا دېگەن بىر جۈملە گېپىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى ئابدۇللانىڭ ئالدىدا «خاتالىق» ئۆتكۈزدى.

كەچلىكى ئابدۇللا ئايالى پاتىگۈل بىلەن يەنە خەلچەم توغرۇلۇق ئارازلىشىپ قالغىلى تاسلا قالدى. ئەسلىدە ئابدۇللانىڭ پۈزۈر كىيىنگەن بىر نەچچە ئايالنى خەلچەمنىڭ كەشتىچىلىك دۇكىنىغا باشلاپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كېچىكمەيلا پاتىگۈلنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. پاتىگۈل ئەزۋەيلەيتتى:

— ئەتىگەندە خەلچەم دېگەن بىرنېمىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئىجىلىمنى قولاشتۇرغاندىكىن بولدى قىلغۇلۇق ئەمەسما؟ ئۆيدىن چىقىپلا تەپتارتماي ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرگىنىنى كۆرمەمدىغان! تالادا ئۇ بىر نېمىنىڭ گېپى چىقسىلا خەق: «يېزا باشلىقى ئابدۇللا بىلەن

چاتىقى بولغاندىكىن توي قىلماي تۇل ئولتۇرىدۇ» دېيىشىدىكەن. مەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟

— بۇگۈن خەلچەمنى ناھىيە مەسئۇللىرىلا ئەمەس، ۋىلايەت مەسئۇللىرىمۇ ئىزدەپ كەلگەن تۇرسا، مەن قانداقمۇ بىر چەتتە قاراپ تۇرالايمەن؟

— نېمە، ئۇ بىر نېمىنى نېمىشقا باشلىقلار ئىزدەپ كېلىدىكەن؟

— خەلچەم ھازىر بېيىش ماھىرى بولغاندىكىن ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلغىلى كەلمەمدۇ! ئەمما، بۇگۈن ئۇلارنىڭ كەلگىنى ياخشى بولدى. ۋىلايەتتە بىرەرمۇ تونۇشۇم يوق ئىدى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۇ ۋېيىۋەن بىلەن تونۇشۇۋالدىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يوقلاپ تۇرمىساق بولمايدۇ.

ئابدۇللانىڭ بۇ گېپى باياتىن ئاچچىق دەستىدىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن پاتىگۈلنى سەل پەسكويغا چۈشۈردى. بىراق، ئابدۇللانىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ھېلىقى ئەنسىرەش تۇيغۇسى يەنىلا ئەگىپ يۈرەتتى.

— چوڭ باشلىقنىڭ نەزەرى ئۆزىگە يارىشا ئۇستۇن بولىدۇ. باشقىلاردەك ئاقتاشنىڭ غاز - ئۆدەكلىرىگە، شۆپۈك - شالتاقلىرىغا نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ، غوجام! ئۇنى يوقلاپ تۇرۇشقا چۆنتىكىڭىزدە يېتەرلىك پۇل بولسا بولا!

— دېگىنىڭلا راست، بىزدە ئەمدى كۆپرەك پۇل بولمىسا بولمايدۇ.

— ئاڭلىسام، خەلچەم دېگەن بىر نېمىگە ھېلىقى نىياز باي بەكمۇ كۆيۈنەرمىش. سىزمۇ بىر چاغدا نىياز باي بىلەن ئاغىنىمەن دەپ يۈرەتتىڭىزغۇ! ئۇنىڭغا دېسىڭىز، خەلچەم دېگەن بىرنېمىنى ناھىيە بازىرىدا دۇكان ئېچىشقا كۆندۈرمەمدۇ؟

— نىياز باي دېگىنىڭلا بىزنىڭ نىيازما؟

— شۇ بولماي كىم ئەمسە!؟
— قۇلىقىمغا غەلىتە ئاڭلاندى شۇ...... غازلىقتىكىلەر ئۇنى «كۇلىچى» دەيتتىغۇ؟
— ئوھۇش! ئۇ قاچاندىكى گەپ! خەق ھازىر ناھىيە بازىرىغا نەچچە قەۋەت بىنالارنى سېلىۋەتكەن تۇرسا.
— راست، نىياز يول تاپتى. بىراق، شۇ......
— نېمىگە تىلىڭىزنى چاينايسىز؟ سىز يېزا باشلىقى بولدۇم دەپ مۇشۇ توپىلىق سەھرادىن نېرى بارالماي يۈرگىنىڭىز بىلەن، خەق ئاشۇنداق باي بولۇپ كەتتى. ئاقتاشلىقلار نىياز باينى «يەخرىمىز» دەپ يۈرۈۋاتامدۇ! ئۇنىڭدىن ئاشۇ خەلچەم پايـ ـدىلىنىۋاتقان يەردە سىز پايدىلانسىڭىز بولامدۇ؟ ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ ئاچمىدىكى خۇمدىنىغا ئازراق پاي قوشۇپ قويساق قولىمىزغا ئۆزلۈكىدىن پۇل كىرىدۇ ئەمەسمۇ!؟
— مەن ئەجەب بۇلارنى ئويلىماپتىمەنغۇ! قارىغاندا ئىغىرئاياغ بولغاندىن بۇيان ئەقلىڭلا خېلى ئېچىلغىلى تۇرۇپتۇ، خوتۇن. شۇڭا تېرىكمەي ئۆزۈڭلىنى ئاۋايلاڭلا...... يەنە بويۇڭلىدىن ئاجراپ كېتىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن......
— بۇ ئاللىقاچان ئويلايدىغان ئىش ئىدى، ھازىر پۇل بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. بىزنىڭمۇ ئەمدى بۇ سەھرادىن شەھەرگە كېتىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى. ئۆتكەنكىدەك ئىشلاردا كۆپرەك پۇل بولمىسا ئىش ئەپلەشمەيدۇ.
— راست دەيسىلە، مەن پۇلنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن. پۇلىمىز بولغاندىمۇ كۆپرەك بولمىسا بولمايدىكەن.
— بىلسىڭىز سەدىردىنىڭمۇ تاۋىنى تېز ئۆستۈرگىنى ئاشۇ پۇل. ئۇ سىزگە چاندۇرمىغىنى بىلەن چوقۇم نىياز باينىڭ قۇرۇلۇش شىركىتىگە پاي قوشقان گەپ!
— سەدىردىن راستىنلا شۇنداق قىلغانمىدۇ؟ ئۇ خاپان باش

مۇئاۋىن ھاكىم بولغاندىن بىرى مېنى بەكمۇ ئانىي تاپتى. بۇ قېتىم ناھىيەدىكى خۇلاسە يىغىنىدا جەرىمانە تۆلىشىممۇ ئاشۇ خاپان باشنىڭ كاساپىتىدىن بولدى.

— سەدىردىن ھاكىم سىزنى قانداق ئانىي تاپتى؟ ئۇنىڭ بىلەن پۇت تېپىشمەي پايدىلانىسىڭىز بولمامدۇ! تاش دېگەن ھامان ياغاقنى چاقىدۇ ماخما!

— ئالدىنقى يىلى بىزنىڭ كۈزگى بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ناھىيەگە ئاشۇرۇپ دوكلات قىلغىنىمىزنى كوچىلاپ يۈرۈپ بىلىۋاپتىكەن، ناھىيەدە جار سېلىپ يۈردى ئەمەسمۇ! ۋاقتى كەلگەندە مەنمۇ ئۇ خاپان باشنىڭ جاجىسىنى تازا بىر بەرمىسەم ھېساب ئەمەس!

— مېنىڭ ھازىر خەلچەم دېگەن بىر نېمىنى كۆزۈمدىن يىراق قىلىش بىلەن، پۇل تېپىشتىن باشقا گەپنى ئاڭلىغۇم يوق! مۇشۇ قاۋۇل سېكرېتار ئۆز ۋاقتىدا «غازلىقتىكى بىرەر سىرىم يەرگە سىلىگە ئاتاپ ئورمان تىكتۈۋېتەيلى» دېگەندە، «ماقۇل» دېگۈلۈك ئىدى. ھېلىغىچە چوگىيىپ پۇلغا ياراپ قالاتتى...... قاپاقتەك كاللىدىكى مېڭىنى ئىشلەتمەي، ئەمدى سەدىردىن ھاكىم بىلەن قېرىشقاننىڭ نېمە پايدىسى!؟

— ھەي، ھەي، مېنى ئۇ ساۋاتسىز قارا قورساق قوتازغا سېلىشتۇرماڭلا!

— ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ھەرقانداق ئىشقا ئېپى بارغۇ!

پاتىگۇلنىڭ گەپلىرى ئابدۇللانى ئۇيغا سېلىپ قويدى.

*　　　*　　　*

تۇرمۇشتا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېھتىياج ۋە تەلىپى قىلىۋاتقان

ئىشنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. گاھىدا بۇ خىلدىكى كىشلەرنىڭ ئالدىدا قانائەت بىلەن سەۋرچانلىق قىممىتىنى بىراقلا يوقىتىپ، نادانلىققا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئابدۇللادا مەرھۇم مۆھتەرەمخانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىشچانلىق بىلەن، سۇلايمان ياۋاشنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساپ دىللىق كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ قارار تاپقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بۇ پەزىلەتلەر ئەمەلدار بولغان ۋە پاتىگۈل بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا باشلىغانىدى. ئەسلىدە پاتىگۈل ئۆزىدىكى تەييارتاپلىق بىلەن، يۇقىرى ئېھتىياج تەلىپىنى نازكەرەشمىسى ئارقىلىق ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئابدۇللا ئۇچۇن پاتىگۈلنىڭ ھەربىر تەلىپى مۇقەددەس بۇيرۇق ھېسابلىناتتى. بۇ قېتىم ئابدۇللا پاتىگۈلنىڭ خەلچەمنى كۆزدىن يىراق قىلىش بىلەن، نىيازدىن پايدىلىنىش ھەققىدىكى تەلىپىنى ئورۇنلاشقا كۆپ باش قاتۇردى. ئابدۇللاغا خەلچەمنىڭ ئىشى تەسكە توختىمىغان بىلەن، بىراق نىياز بىلەن يارىشىش ئۇچۇن گۆھەرنى تاشقا ئۇرمىسا بولمايتتى. مۇشۇ كۈنگىچە يۈز بەرگەن ئالامەتلەردىن قارىغاندا، نىياز ئابدۇللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن كېسىۋېتىلگەن ھېلىقى ئىككى تۇپ تەۋەررۈك قاپاق تېرەكنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتمىگەنىدەك قىلاتتى. ئابدۇللا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ پاتىگۈلنىڭ ئىككىلا تەلىپىنى ئورۇنلاش ئۇچۇن نىيازنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش يولىنى تاللىدى. يېزا باشلىقلىق كىبىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىشمۇ ئابدۇللاغا ئاسانغا توختىمايتتى. بۇ ئىشتا ئابدۇللانى بۇنچە تەشەببۇسكار قىلىۋەتكىنى پاتىگۈلنىڭ نىيازدىن سەدىردىنىڭ پايدىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى پەرىزى ئىدى. گەرچە پاتىگۈلنىڭ پەرەزلىرىنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، بىراق ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىمۇ مۇشۇ ھەقتە پاراڭ بولغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايتتى. ئوخشمايدىغان يېرى،

نىيازدىن پايدىلىنىشنى سەدىردىننىڭ ئايالى رەشىدە ئەمەس، بەلكى سەدىردىننىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئەسلىدە بۇ بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى ئىش بولۇپ، شۇ كۈنى كەچتە سەدىردىن ئۆيگە روھى بەكلا سولغۇن ھالدا كىرىپ كەلدى. رەشىدەنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى ۋە ئوخشىتىپ ئەتكەن لەغمىنىمۇ كەيپىياتىنى كۆتۈرەلمىدى. بۇ رەشىدە ئۈچۈن غەيرىي تۇيۇلدى. چۈنكى، سەدىردىن مۇئاۋىن ھاكىم بولغاندىن بېرى مىجەز - خاراكتېرىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، رەشىدەنىڭ مەسلىھەت - تەكلىپىنى ئاڭلاپ ئىلگىرىكىدەك يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈنمۇ تېرىكىدىغان ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدىغان خۇيىنى ئۆزگەرتكەنىدى. قارىغاندا سەدىردىن چوڭ ئەمەلدارلاردا بولىدىغان سالماقلىق بىلەن خۇشخۇيلۇقنى ئۆزلەشتۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. يەنە كېلىپ سىرتلارغا چىققاندا قۇرۇق قول كەلمىگەنگە ئوخشاشلا، رەشىدەگە ئاللىقانداق خۇش خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. بۈگۈنى قايسىدۇر يېزىدىن بىر پاقاللىنىڭ كاۋىپىنى ئاپىرىپ، ۋىلايەتتىكى قايسىدۇر باشلىق بىلەن «ئاكا - ئىنى» بولۇشقانلىقىنى دەپ كەلسە، ئەتىسى بىر پارچە گىلەمنى ئاپتونوم رايوندىكى قايسىدۇر بىر نازىرغا سوۋغا قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن «ئىچقويۇن - تاشقويۇن» بولۇشقانلىقىنىڭ خەۋىرىنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. قايسىدۇر ۋىلايەت باشلىقىنىڭ ئۆزىنى ماختىغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەندە ھاياجىنىنى بىرنەچچە كۈنگىچە باسالماي مەستخۇش بولۇپ يۈرەتتى. رەشىدەمۇ سەدىردىندىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، سەدىردىننىڭ بۈگۈنكى غەيرىي كەيپىياتى رەشىدەنى گاڭگىرىتىپ قويىدى.

— سىزگە بۈگۈن نېمە بولدى؟ ئەتىدىن بېرى ئىچىڭىزگە تىنىپلا ئولتۇرۇۋېرىزغۇ! تولا ئىچىمنى سىقماي گەپ قىلىڭە! — دېدى رەشىدە كىرىپسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرغان سەدىردىنگە سەل

تېرىكىپ.

— ماڭا بىر ئىش بولغىنى يوق، قولىمىزنىڭ قىسقىلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن شۇ! — دېدى سەدىردىن رەشىدە ئەسلا كۈتمىگەن گەپنى قىلىپ. بۇنداق دېيىش ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ ئادەتلىنىپ قالغان سەدىردىنگە ھەقىقەتەنمۇ ياراشمايتتى.

— قارىغاندا سىزگە چوقۇم بىرەر ئىش تەسىر قىپتۇ، مۇشۇ كۈنگىچە سىز قولىمىزنىڭ قىسقىلىقىنى تىلغا ئېلىپ باقمىغانىغۇ؟

— شۇنداق، ئىلگىرى بۇنى ھېس قىلماپتىكەنمەن.

— ھە بىلدىم، ئۆتكەندە ھاكىم بېيجىڭغا ماڭغاندا تۇتقان يوللۇق پۇلنى ئاز بولۇپ قالدى دەۋاتاتتىڭىز، شۇ ئىش كاللىڭىزغا تەسىر قىپتۇ ـ ھە؟

— شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى ئوبدان دەڭسەپ باقسىڭىز بايا دېگەنلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىسىز. بىزدەكلەرنىڭ ئىلكىدە يېتەرلىك پۇل بولمىسا بولمايدىكەن. مۇھىمى، ھازىر تونۇش ـ بىلىشلىرىمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيدى، ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ.

— مۇشۇلىما؟ كۆپ پۇلىمىز يوقكەن دەپ شۇنچە مەيۈسلىنىپ كەتتىڭىزما؟

— راستىنى دېسەم، بۈنى بۈگۈن بىرسى مەندىن قەرز سۈيلىگەندىن كېيىن ھېس قىلدىم.

— نېمە؟ سىز بىرسىگە قەرزدار بولغانمىدىڭىز؟

— ئۆتكەندە ۋىلايەتتىكى بىرسىگە ئۈچ پارچە گىلەم ئەۋەتكەن ئىدىمغۇ!......

— ھەئە، شۇنداق دېگىنىڭىز ئېسىمدە، «گىلەمنىڭ پۇلىنى كاماندىروپكا تالونلىرىنى ئاتچوت قىلدۇرۇپ بېرىۋېتىمەن» دېگەندەك قىلغانىغۇ؟

— ئۇ بىر پارچىسى نەچچە مىڭ يۈەنلىك چۇكۇ گىلەملەر تۇرسا، كاماندىروپكا پۇلى چىقىشاتتىمۇ؟

— كەملىگىنىنى بانكىدىن ئاجراتسىڭىز بولمىدىمۇ؟
— بانكىدىكى ئىككى - تۆت تال پۇلىمىزغا قول تەگكۈزگۈم كەلمىدى شۇ. چۈشتىن ئىلگىرى ئىچكىرىدىن كەلگەن مېھمانلارنى گىلەم كارخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلاپ بارغانتىم. بىرسى مېنى چەتكە تارتىپ ھېلىقى گىلەملەرنىڭ پۇلىنى سوئىلىۋىدى، ئاچچىقىمنى تەستە بېسىۋالدىم، يۈزسىز نېمىلەركەن ئۇ!
— مۇشۇ ئىشمىدى؟ مەن ئىلگىرى دېگەنغۇ، سىز سەھرادا چوڭ بولغاچقا ئەمەل سورۇنىدىكى ئىشلارنى ئانچە چۈشەنمەيسىز. خاپا بولماڭ، ھەرھالدا بانكىدا مۇئاۋىن ھاكىمغا تۇشلۇق پۇلىمىز بارغۇ، باش ھاكىم بولغان ۋاقتىڭىزدا ئىشلار بۇنداق بولمايدۇ، سالغان دەسمىلىرىمىز بىر - بىرلەپ قايتىپ كېلىدۇ.
— مۇشۇ كۈنلەردە پۇلنىڭ كۈچىنى بىلگەنسېرى ئىلگىرى پۇل تاپىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ قويمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئاڭلىسام، باشقىلار ناھىيەمىزدىكى روناق تېپىۋاتقان شىركەت - كارخانىلارغا پاي قوشۇپ قويغانىكەن. ئاشۇ گىلەم كارخانىسىدىمۇ بەزىلەرنىڭ پېيى بارمىش.
— ئۇنداق بولسا سىزمۇ ئۆزىڭىز مەسئۇل بولغان ساھەدىكى شىركەتلەرگە پاي قوشۇپ قويمامسىز؟
رەشىدەنىڭ بۇ مەسىلىھەتكە سەدىردىن دەماللىققا ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، كۆز ئالدىغا دەرھال نىيازنى كەلتۈردى. ئەمەلىيەتتە سەدىردىن يېقىندىن بۇيان ناھىيەدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن نىيازنىڭ تەرىپىنى ھە دېگەندە ئاڭلاپ كېلىۋاتقاچقا، كۆڭلىدە ھەۋەس قىلىۋاتاتتى. بۇ ھەۋەسلىرىنىڭ ئىچىدە نىياز بىلەن بولغان ئىلگىرىكى دوستلۇقىنى مۇستەھكەملەپ جۇۋىسىدا تەرلىنىشكە ئىنتىلىشمۇ بار ئىدى. بۇنداق غەيرىي نورمال ئىنتىلىش ئۈچۈن سەدىردىننى ئەيىبلەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى، مۇئاۋىن ھاكىملىق ئەمەل بۇ كۈنلەردە سەدىردىننىڭ

گۈزەل ئىستىقبال مەنزىلىدىكى بىر مەيدان سىناق تۈسىدە داۋام قىلىۋاتاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەدىردىنگە ئۇ ئەتراپىنى قاشالاپ تۇرمىسا يىقىلىپ كېتىدىغان تېگى بوش تامدەكلا تەسىرات بېرىـ ـۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، ئەتراپىنى داۋاملىق قاشالاپ، مۇستەھكەملەش زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن سەگەك بولۇشلا كۇپايە قىلمايتتى. يۇقىرى - تۆۋەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتمىسە ھەم مۇستەھكەملىمىسە بولمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئەلۋەتتە ھېلىقى چوڭ تەنزىلەر- دىكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن باشقا، مۇھىمى ھەر جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلمىسا، پۇل خەجلەشتە مەرد ھەم سېخىي بولمىسا بولمايتتى. ئېنىقكى، سەدىردىنگە ئەمدى كۈچلۈك بىر ئىقتىسادىي يۆلەك تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخان ئۇنىڭ ۋاپا- ساداقىتىدىن دېھقانلارغا خاس سادىدىلىق بىلەن گۇمانلىنىپ رەنجىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇلاردىن ياردەم كۈتۈشكە بولمايتتى. مۇبادا ھېلىقى تۇغقىنى مىجىت دىرېكتور بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تىجارەتتە زور زىيان تارتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇق ۋەيران بولمىغان بولسا، ھازىر بۇنچە باش قاتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. سەدىردىن قايسىدۇر بىر ئاخشىمى چوڭ تەنزىدىكى ئولتۇرۇشتىن تاماق سىڭدۈرگەچ تەنھا قايتىپ كېلىۋېتىپ، يۇقىرىقى زۆرۈ- رىيەتلەرنى كۆڭلىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ دەسلەپتە ئابدۇللانىڭ تۇسۇقلىرىنى بۇزۇپ، دادىسى جالالىدىن ئاخۇننىڭ كۆچەتچىلىك ئىشلىرىغا ياردەم بەرمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. شۇنداق قىلالىغان بولسا بوۋىنكى كۈنىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنمۇ بولاتتى. قولىدا يېتەرلىك خېمىرتۇرۇچ بولغان بولسا...... ئۇنى ناھىيە بازىرىدا ئۇ ۋاقىت قىلىۋاتقان ھۆپىگەر يىقىنلىرىغا پاي ھېسابىدا بېرىپ، ئارىدىن نەپ ئالغان بولسا...... ھېچبولمىغاندىمۇ ئايالى رەشىدەنى مودا قىلدىغان

پۇل بىلەن ئاللىقانداق چىقىملارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى. سەدىردىن ئەنە شۇنداق خىياللارغا چۆمۈپ كېلىۋېتىپ، تۆت يول دوقمۇشىدىكى بوتكىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى سەينادا ئىشلىنىۋاتقان ھەيۋەتلىك سودا بىناسىغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. كېچە بولۇشىغا قارىماي، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى پولات چىۋىقلارنى سوۋاركىلاش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. سوۋاركىدىن چاقنىغان كۆچلۈك يالقۇن كېچە ئاسمىنىنى يورۇتۇپ كۆزلەرنى چاقاتتى. ئەسلىدە بۇ نىيازنىڭ يېقىندا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قايسىبىر كارخانىدىن ھۆددە ئېلىپ ئىشلەۋاتقان ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ئىدى. سەدىردىن شۇ تاپتا بۇ قۇرۇلۇشقا تىكىلىپ تۇرۇپ نىيازنى مۇشۇ كۆنگىچە مەنسىتمەي كەلگەنلىكىگە تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلىۋاتاتتى؛ نىيازنىڭ خۇددى كونىلارنىڭ «كۆزگە ئىلمىغان چوماق قاشارنى يېرىپتۇ» دېگىنىدەك، ئۆزىنى نامايان قىلغانلىقىغا ھەۋەسلىنىۋاتاتتى. مانا بۇگۈن ئايالى رەشىدەگە دادلىنىۋېتىپ يەنە نىيازنى خىيال قىلىپ قالدى.

— مەن نىياز بىلەن كۆرۈشۈپ باقايمىكىن دەيمەن، — دېدى خېلىدىن كېيىن سەدىردىن ئارىسالدى تەلەپپۇزدا.

تېلېۋىزورغا تىكىلىپ ئولتۇرغان رەشىدە دەسلەپتە ئانچە ئېرەنشىمىگەن بولسىمۇ، كېيىن سەدىردىن ئەسلا كۈتۈلمىگەن بىر گەپنى قىلغاندەك تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى پەسەيتىۋېتىپ دېدى:

— نىياز دېگىنىڭىز يېڭى بازارغا بىنا سېلىۋاتقان ھېلىقى قۇرۇلۇش ھۆددىگىرىمۇ؟

— ھەئە شۇ.

— راست، سىز بىرچاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنە ئىدىڭىز. بىراق، كېيىن «كۈلىچى» دەپ تاشلىۋېتىپ كەتكەن ئەمەسمىدىڭىز!

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز! ئۇ ھازىر بېيىپ قالتىس بولۇپ كەتتى. ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن

ئاربلاشــمىغانلاردىن مەنــلا قالــدىم. ئىلگــىرى ئۇنــىڭ بۇنچىلــىك ئىشلارنى تەۋرىتىۋېتىشنى نەدىن بىلەي!

— ئۇنــىڭ قــالتىس بولــۇپ كەتكەنلىكــى راســت، ھۆكۈمەتمــۇ تېلېۋىزوردا «بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى» دەپ ماختــا-ۋاتمامدۇ! دېمەكچى بولغىنىم، ئىلگىرى كۆزىگىزگە ئىلماي، ئەمدى ئىزدەپ بارسىڭىز نىياز باي مىيىقىدا كۈلەمدىكىن دەيمەن.

رەشــىدەنىڭ بــۇ گېپىگە ســەدىردىن ئىنكــاس قايتۇرمىغــان بولسىمۇ، ئەتىسى كەچتە نىياز بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. زەينەپگۈل سەدىردىننى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەنــگەن بولــسىمۇ چاندۇرمــىدى. نىيــاز ئەل قاتــارى قارشــى ئالدى. ئىككىسى ھېلىقى چاغدا كەۋسەر توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ بىر-بىرىنىــڭ زىتىغا تېگىــشكەندىن بۇيان ئىزدەشمىگەن، تاسادىپىي ئۇچرىــشىپ قالغانــدىمۇ بۇگۇنكىــدەك ھەر خىــل تېمىلاردا بەھــۇزۇر پاراڭلاشــمىغانىدى. پــاراڭ ئارىــسىدا ســەدىردىن ئارىــدىكى مۇنــا-ســـىۋەتنى ياخـــشىلاش ئۈچـــۈن تەشەببۇســـكار بولۇۋاتقـــانلىقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىسا، نىيــاز زەردارلارغــا خــاس كەڭ قورســاقلىقىنى كۆرسىتىــشكە ئۇرۇنــاتتى. ئــۇلار نېمــشقىدۇر ئارىــدا بولــۇپ ئــۆتكەن ئىــشلارنى قايتــا تىلغــا ئېلىــشمىدى. بىــر - بىــرىگە تاپــا - تەنىمــۇ قىلىشمىدى، ئاخىرىدا سەدىردىن مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ:

— ئارىــدا ھەممىمىــز ئۆزىمىزنىــڭ ئىــشلىرى بىــلەن ئالــدىراش بولــۇپ ئىزدىــشەلمىدۇق. كــۈنلەر ئۆتىــۋەردى. بۇنــداق ئىزدەشــمەي كېتىۋەرسەك قاملاشماس. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆزۈمــدىكى كەمــ-چىللىكلەرنى تۈزىتىپ ئىشلىرىڭغا كۆڭــۈل بــۆلىمەن ھەم قولۇمــدىن كېلىــشىچە ياردەملىــشىمەن، — دېــدى. بــۇنى ئــاڭلاپ نىيازنىــڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— شۇنداق، ئەمدى بولسىمۇ شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك......

بۇ جاھان ئىشلىرىنىڭ رەپتارىغا ئۇيغۇن، — دېــدى نىيــاز تەمكىــن

هالـدا كۆلۈمـسىرەپ، سـەدىردىن نىيازنىـڭ بـۇ مۇجمەل ئىنكاسـىغا ئـانچە ئەجەبلەنمـگەن بـىلەن، كۆلۈمسىرىـشىدىن ئارامسىزلىنىـشقا باشـلىدى. كېيىن ئـۆزىچە «نىيـاز چانـدۇرمىغان بـىلەن مېنـى مەنسىتمەيۋاتسا كېرەك» دەپ گۇمانسىراپ قالدى. سەدىردىننىڭ بۇ خىـل ھېس - تۇيغۇغـا كېلىـشىگە نىيازنىـڭ چىرايىـدىكى ئەركىن ھەم ئۈسـتۈن روھىـي ھـالەت بـىلەن، تـېخىچە داۋام قىلىۋاتقـان كۆلۈمـسىرەش سـەۋەب بولۇۋاتـاتتى. نىيـاز مۇشـۇنداق بىـر كۈنىنـىڭ ھامـان كېلىـدىغانلىقىنى يەنـى سـەدىردىننىڭ ھامـان بىـر كـۈنى ئـۆزىگە قـول قويىـدىغانلىقىنى بىلىدىغانـدەك قىلاتتـى. ئەلـۋەتتە، بۇگـۈن نىيـاز سـەدىردىنگە ئۆزىنىـڭ زەردارلىقىنـى نامايـان قىلىـپ بېرىۋاتـاتتى. نىيازنىـڭ ھەربىـر جۈملە سـۆزى تۇرمۇشـنىڭ ئـاددىي روجەكلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يارقىن نۇقـ-ـتىلىرىنى پەلسەپە يۈكسەكلىكىدە شەرھلەشكە قارىتىلىپ، ئىقتىساد بـىلەن تەرەققىيـات، ئىنساب بـىلەن دىيانەتنىـڭ مۇناسـىۋەتلىرىنى يېڭـى قـاراش ۋە ھۆكـۈملەر ئاساسـىدا تېخىمۇ جۇلالىتـاتتى. ئەمەـ-لىيەتتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پۇل نىيازنىڭ ئەقلىنى ئۇبـدانلا ئاچقانـدى. نىيازنىـڭ چىرايىـدىكى كۆلۈمـسىرەش داۋاملاشقانـسېرى سـەدىردىن شۇنچە ئارامسىزلىنىۋاتقىنىنى ھېس قىلاتتـى. شۇ ھالـدا سـەدىردىن ئايـالى رەشـىدەنىڭ «ئىلگـىرى ئـۇنى كـۆزىگىمزگە ئىلمـاي، ئەمـدى ئىزدەپ بارسـىڭىز مىيقىـدا كـۈلەرمىكىن» دېـگەن گېپىنـى ئېـسىگە ئالدى. ئېسىگە ئالدى - يـۇ، خـۇددى بىخۇدلـۇق قىلىـپ تىكەنـگە دەسسىۋالغانـدەك ئەندىكىپ، يەنە يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىـپلا قـايتىش ئۈچـۈن ئورنىـدىن تـۇردى. نىيـاز يەنە بىـردەم ئولتۇرۇشـقا دەۋەت قىلغـان بولـسىمۇ ئالـدىراپلا خوشلاشـتى. ئـۆيىگە يېتىـپ كەلگۈچە بايىقى ئەندىكىش كۆڭلىنى بىئارام قىلـدى. قىزىـق يېـرى نىياز ھېلىمۇ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك كەينىگە نەچچە قېتىم قايرىلىـپ قـاراپ قويـدى. سەدىردىن كېيىنكى كۈنلەردە نىيـازنى

يەنە ئىزدەپ بېرىپ، قورۇلۇش شىركىتىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىدى - يۇ، بىراق نىيازنىڭ شۇ كۈندىكى كۆلۈمسىرىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بۇ ئويىدىن يالتايدى.

ئابدۇللا بۈگۈن يېزا بازىرىدىن سېتىۋالغان قۇۋۋەت تالقىنى، قۇۋۋەت ئىچىملىكى، سامسا، كاۋاپ قاتارلىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى چوڭ بىر يېشىككە قاچىلاپ ھۆۋىخاننى يوقلاپ غازلىققا كەلدى. ئابدۇللانىڭ پىلانى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆتكەندە دەز كەتكەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئاۋۋال ھۆۋىخاننىڭ دىلىنى ئېرىتىش زۆرۈر ئىدى. ئەپسۇس، ئارىدىن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ھۆۋىخان تېخىچە ئابدۇللادىن خاپىدەك قىلاتتى. سوپى ئاخۇن ھەرھالدا ئابدۇللانى خۇش چىراي كۈتىۋالغان بىلەن، ھۆۋىخان ئۇنداق قىلمىدى. ئابدۇللا كىرگەندە ھۆۋىخان ياستۇققا يۆلىنىپ تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى، ئابدۇللا قىسقا دۇئا قىلىپ تىنچ - ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن:

— ھۆۋىخان ئانا، مەن ئابدۇللا، سىزنى يوقلاپ كەلدىم، — دېۋىدى، ھۆۋىخان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئېرەنشىمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، خىرامان ھالدا يېنىدىكى سوپى ئاخۇنغا قارىدى.

— ئانا، ئابدۇللا يېزا باشلىقى سىزنى يوقلاپ كەپتۇ! — دېدى سوپى ئاخۇن ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— كىم كەلدى دېدىڭ؟ — دېدى ھۆۋىخان سوپى ئاخۇنغا سىنچىلاپ قاراپ.

— ئابدۇللا يېزا باشلىقى كەلدى، — ھۆۋىخان بېشىنى چايقاپ زۇۋان سۈرمىدى.

— ئابدۇللا يېزا باشلىقىنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ سۇلايمان ئاكامنىڭ ئوغلى ئابدۇللا.

سوپى ئاخۇن ھۆۋىخانغا يەنە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ،

ھۆۋىخان بېشىنى بايىقىدەكىلا چايقاپ قولىدىكى تەسۋىنى سىيرىشقا باشلىدى.

— بىزنىڭ نىيازنىڭ ئادىشى ئابدۇللانى ئۇنتۇپ قالدىڭىز-مۇ؟— سوپى ئاخۇننىڭ بۇ سوئالىمۇ جاۋابسىز قالدى.

— يېقىندىن بۇيان ئانامنىڭ كۆزى بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى، قۇلىقىمۇ بۇرۇنقىدەك ئاڭلىمايدۇ، — دېدى سوپى ئاخۇن سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

شۇ ئەسنادا ھۆۋىخان ياستۇققا بېشىنى قويۇپ ياتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭ كۆز چانىقىدىكى ئىككى تامچە ياشنى كۆرۈپ بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. كېيىن سوپى ئاخۇننىڭ دىققىتىنى بۆلۈش ئۈچۈن:

— ھۆۋىخان ئانامنى يېزىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرايلى، مەن دوختۇرلارغا تاپىلاي، ئوبدان داۋالىسۇن، — دېۋىدى، سوپى ئاخۇن بېشىنى چايقاپ دېدى:

— تۈنۈگۈن نىياز كەپتىكەن، راشىدىننى بېيجىڭغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ كېلىدىغان بوپتۇ. ئانامغا «سىزنىمۇ بېيجىڭغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ كېلەي» دېگەنىدى، ئانام «مېنى رازى قىلاي دېسەڭ، مۇشۇ ئۆيدىن نېرى ئاپارما» دېدى. ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇ دوختۇرخانىغا بارغىلى ئۇنىمايدۇ......

سوپى ئاخۇن مەيۈس ھالدا شۇلارنى دەۋېتىپ ھۆۋىخاننىڭ مەڭزىدىكى ئىككى تامچە ياشنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئابدۇللا ئالدىراپلا ئورنىدىن تۇردى. قايتىش ئۈچۈن سوپى ئاخۇن بىلەن سىرتقا چىققاندا ئەجەبسىنگەندەك تۇرۇپلا قالدى. ئەسلىدە كوچا ئاغزىدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدا ھوشۇر موزدۇز راشىدىننى قولىدىن تۇتۇپ كەينىگە تارتىۋاتاتتى. راشىدىن ھە دەپ ماشىنىغا دېۋەيلەيتتى. شوپۇر بولسا ماشىنىنى سۈرتۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئابدۇللا بىلدىكى، راشىدىن ئىلگىرىكىدەكلا ئۇنىڭ ماشىنىسىغا توپا چاچقانىدى. سوپى ئاخۇن

راشىدىنغا قاراپ دېدى:

— ئاي بېشى بولسىلا راشىدىنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالىدۇ. نىياز ئۇنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ داۋالاتسا، ھوشۇركام بۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلارمىكىن.......

— نىياز بېيجىڭغا قاچان ماڭىدىكەن؟ — سورىدى ئابدۇللا ئېرىق بويىغا ئالدىنقى يىللىرى تىكىلگەن بولسىمۇ، ئۈينىمىغان ياغاق كۆچەتلىرىگە مەيۈس قاراپ قويۇپ.

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ماڭىدىغان ئوخشايدۇ.

سوپى ئاخۇنىنىڭ جاۋابى ئېمىشقىدۇر ئابدۇللانى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇ ئازراق سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، سوپى ئاخۇنغا ھۆۋىخان ئانىنى يەنە يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ھوشۇر ئاخۇن راشىدىننى قولىدىن يېتىلەپ خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى. ئابدۇللا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ناھىيە بازىرىغا بېرىپ نىياز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىدى-يۇ، بىراق ھۆۋىخانىنىڭ بايىقى ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ نىيىتىدىن يانىدى. ئۇ تولىمۇ سولغۇن ھالدا يېزا ئورگىنىغا كىرىشىگىلا ئايىم خانىم ئالدىغا كېلىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— يېزا باشلىقى، چاتاق بولدى! سىلىنى بايىدىن بېرى بەك ساقلاپ كەتتىم، كېلەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسى يېزىمىزدا نەق مەيدان يىغىنى ئاچىدىكەن، قارىغاندا خەلچەمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇ ئىشقا سىلى مەسئۇل بولغاندىكىن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە بولمىدىمۇ! ماڭا ساقلاپ نېمە قىلاتتىلە؟ — دېدى ئابدۇللا سەل تېرىكىپ.

— لېكىن شۇ، چاتاق چىقتى دەيمەن!

— نېمە چاتاق چىقتى؟

— خەلچەم بۇ ئىشقا ماسلىششىش ئورنىغا چاتاق گەپ قىلىۋاتىدۇ، بايا ئۇنىڭغا جىددىي تەييارلىق قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇقتۇرسام، «كېلەر ھەپتە ناھايىتى مۇھىم ئىشىم بار، سىلى دېگەن ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا چولام تەگمەيدۇ» دەيدۇ شۇ! ئۇنىڭغا سىلى بىرنېمە دېمىسلە بولمىدى.

— نېمە؟ ئۇنىڭغا مەن بىرنېمە دەمدىم، مەنما!؟ — دېدى ئابدۇللا تەئەددى بىلەن ئايىم خانىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ياق، راست، ئۆزۈم دەيمەن. سىلى گەپ قىلىپ يۇرمىسىلە، ئىشقىلىپ، تەييارلىقنى ياخشى قىلمىساق بولماس......

— شۇنداق قىلسىلا، مۇبادا خەلچەم يەنە مۇھىم ئىشىم بار دەپ چىڭ تۇرۇۋالسا، ناھىيەگە بېرىپ يىغىننى كېيىنرەك ئېچىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرسىلە.

ئابدۇللا شۇنداق دەپلا ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشكنى گۇپپىدە ياپتى.

*　　　*　　　*

نىياز ھەقىقەتەنمۇ راشىدىننى بېيجىڭغا ئاپىرىپ داۋالىتىدىغان بولدى. ئۆتكەن يىلى راشىدىننى ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا ئەتراپلىق تەكشۈرتۈپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن ئىلگىرىكى كېسەللىك تارىخىنى تاشمۇھەممەتكە ئەۋەتىپ، بېيجىڭدىكى دوختۇرلارغا كۆرسىتىپ مەسلىھەتنى ئېلىشنى تاپىلىغانىدى، يېقىندا تاشمۇھەممەت نىيازغا تېلېفون قىلىپ، راشىدىننى ئېلىپ بېيجىڭغا كېلىشنى، قايسىدۇر دوختۇرخانا نېرۋا كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇتەخەسسىسى راشىدىننى داۋالىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭسىزمۇ نىيازنىڭ تاشمۇھەممەت بىلەن تاھىرنى يوقلاپ بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانىدى. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى

تاشمۇھەممەتنىڭ تاھىر بىلەن گەنجاكۇدا مۇستەقىل كاۋاپخانا ئاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، نىياز يولغا چىقىشقا خېلى تىرىشقان بولسىمۇ، ئارىدا قىلىدىغان ئىشلىرى بەكمۇ كۆپ ھەم ئالدىراش بولۇپ ۋاقتى يەتمىدى. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تاشمۇھەممەت تېلېفوندا بۇ ئىشنى قايتا سۈيلىۋىدى، نىياز مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ شۇ كۈنلا ئاقتاشقا كېلىپ كەۋسەر بىلەن كۆرۈشۈپ، راشىدىن بىلەن باھارنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ داۋالىتىشقا بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتقاندا كەۋسەر ئىككىلەندى، نىياز بۇنىڭغا تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇردى. نىيازنىڭ رىغبىتى بىلەن كەۋسەرمۇ ئاخىر بىللە بارىدىغان بولدى. چۈنكى، كەۋسەر ئۆتكەندە مۇتەللىپ بىلەن كۆرۈشكەندىن بۇيان ۋىجدان ئازابى تارتىپ كېلىۋاتاتتى. ھەر قېتىم باھارنىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلىسىلا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. شۇڭا، كەۋسەر ئۈچۈن بۇ دۇنيادا باھارنى داۋالىتىپ، سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئارتۇق ئارمان يوق ئىدى. نىيازنىڭ رىغبىتى كەۋسەرنى گويا ھوشۇر موزدۇز بىلەن سىپىرەمخاندەكلا ھاياجانغا چۆمدۈردى. سەدىردىن مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ ئاقتاشتىنلا ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا يەنە ئۇنىڭدىن مېھىر ـ ۋاپا كۈتۈشكە بولمايتتى. يولغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى نىياز ئاقتاشقا كېلىپ كەچكىچە ھۆۋىخاننىڭ قېشىدا بولدى. ئۇ بۇ قېتىمقى سەپىرىنى ھۆۋىخانغا تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندى، ھۆۋىخان بېشىنى لىڭشىتىپ پىسەڭگىدە كۈلدى. شۇئان بوۋاقنىڭكىدەك پاكىزە ھەم مېھرىبان چىرايىدا سېخىي قۇياش پارلىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ تېنى قېرىلىق ئاسارىتىدە ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ نىيازنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— رەھمەتلىك ئەخمىتاخۇنۇم، بىزنىڭ نىياز ساخاۋەتلىك

ئادەم بولدى، هايات بولغان بولسىلا سىلىمۇ ئۇنىڭغا دۇئا قىلغان بولاتتىلە، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

شۇ ئەسنادا ئۆيگە هوشۇر موزدۇز بىلەن سىپىرەمخان كىرىپ كېلىشتى، گەرچە نىياز ئۇلارغا خېلى بۇرۇنلا هەرگىز غەم - ئەندىشە قىلماسلىقنى، راشىدىنىنىڭ هالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق هازىرغىچە خاتىرجەم بولالمايۋاتقانىدەك قىلاتتى. جەمەتىدىن بىرەرسىنىڭ راشىدىنىغا هەمراھ بولۇپ بېرىشنى ئويلىغان بىلەن ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەچكە، نىيازغا ئۇستىلەپ ئېغىرچىلىق سېلىشنى خالىمايتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىمقى سەپەردە كەۋسەر باهارنىڭ هاجىتىدىن ئاران چىقىۋاتقانىدا، نىياز باشقا يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا چاپقانىنىڭ سىرتىدا راشىدىنىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يېتىشىپ بولالمايتتى. ئۇلار نىياز بىلەن مۇشۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىدا، ئۆيگە خەلچەم بىلەن كەۋسەر كىرىپ كەلدى. خەلچەم هوشۇر موزدۇز بىلەن سىپىرەمخانغا تەكشى قاراپ تولىمۇ هاياجانلىق تەلەپپۇزدا:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، راشىدىنىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا مانا مەن بار! بۇ سەپەردە راشىدىنىنىڭ يېنىدا مەن بولمىسام بولمايدۇ، مېنىڭ تەييارلىقىممۇ پۈتۈپ بولدى، — دېدى.

ئارقىدىنلا كەۋسەر خەلچەمنىڭ بۇ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ:

— راست، سىلەر ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭلا، خەلچەم هەممە تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ بولدى. راشىدىنىنى بۈگۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا تاپشۇرۇڭلار، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.

خەلچەم بىلەن كەۋسەرنىڭ شۇ تاپتىكى روهىي هالىتىگە قارىغاندا، شۇنداق قىلىشقا ئاللىقاچان كېلىشىپ بولغانىدەك قىلاتتى.

— ساڭا رەهمەت، خەلچەم، خېلىدىن بېرىقى خام خىيالىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇردۇڭ، مۇشۇنداق بولۇشىنى مەن بەكمۇ خالايتتىم.

دەرۋەقە، راشىدىن سىپنگلا گېپىگە ئۇنايدۇ، ئەمدى بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقى تەلتۆكۈس پۈتتى، — دېدى نىيازمۇ خۇشال ھالدا.

— ۋاي، ئۇششا قىزىم! ئاللا دۆلىتىڭنى زىيادە قىلسۇن! سەن بىزنى تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرغان بولساڭ، ئاللامۇ سىپنىڭ ھاجىتىڭنى راۋا قىلسۇن! — دېدى ھوشۇر موزدۇز شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ.

سىپىرەمخانمۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي خەلچەمگە تەكرار رەھمەت ئېيتاتتى. بۇ يەردىكى ھاياجانلىق كەيپىياتتىن ھۆۋىخانمۇ چەتتە قالمىدى. ئۇ قۇلىقىنىڭ ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، سوپى ئاخۇنىڭ ئۇنلۇك ئاۋازدا چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئاردىكى ئىشلارنى بىلىپ بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ خەلچەمنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي سىلايتتى. ھەقىقىي ھاياجانلىق كەيپىيات ئەتىسى ئەتىگەندە، ھەممەيلەن ناھىيە بازىرىغا قاراپ مېڭىشنىڭ ئالدىدا يەنە مۇشۇ ھۆۋىخانىڭ ھۇزۇرىدا روي بەردى. نىيازنىڭ راشىدىن بىلەن باھارنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ داۋالاتماقچى بولغانلىقى مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى غازلىقتىن ھالقىپ، ئاقتاشنىڭ چەتلىرىگىچە تارقىلىپ كەتكەچكە، بوگۈن مەرھۇم ئەخمەت بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر توپلانغانىدى. نىيازلار مېڭىشقا ھازىرلانغاندا، سوپى ئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ قاسىم قارىمغا:

— قارىم، ئۇكام نىياز ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانماقچى، سىلى ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ تىنچ - ئامان، ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلغان بولسىلا، — دەپ ئىلتىجا قىلدى. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرسى: «قاراڭلار، ماۋۇ يۇمشاقباش سوپىنىڭ گەپدان بولۇپ كەتكىنىنى» دەپ كۇسۇرلىدى. قاسىم قارىم توپتىن سەل ئالدىغا چىقىپ:

— نىياز بايغا دۇئانى مەنمۇ قىلاي، بىراقزە، ئەڭ خاسىيەتلىك

دۇئا يەنىلا ھۆۋىخان ئاچىمىزنىڭ دۇئاسىدۇر. يۇرتىمىزدا ھۆۋىخان ئاچىمىزنىڭ يېشى ھەممىدىن چوڭ، ئۇنىڭ دۇئاسى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى تېز ئىجابەت بولىدۇ، — دېدى يانىدىكى كارىۋاتتا ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھۆۋىخانغا قاراپ.

قاسىم قارىمنىڭ گېپىنى سوپى ئاخۇن ھۆۋىخانغا ئۈنلۈك ئاۋازدا بىرمۇبىر چۈشەندۈردى. ھۆۋىخان قەددىنى سەل رۇسلاپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، شۇنداق ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلدىكى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئاللاغا تېۋىنىپ قىلغان ئىلتىجالىق تىلەكلىرى ئەتراپىغا توپلانغان ھەممە كىشىنىڭ يۈرەكلىرىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ھاياجان نۇرلىرى بالقىغان كۆزلەردىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلاردا ھەربىر كىشىنىڭ ياخشىلىقنىڭ غالىبلىقىغا بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىسى ئەكس ئېتەتتى، بۇ ئىشەنچلەردە پانىي دۇنيانىڭ پەقەت ياخشىلىق ئەمەللىرى بىلەنلا گۈزەللىككە تولىدىغانلىقى مۇجەسسەملەنگەندەك قىلاتتى. ھەممىنىڭ قەلبىدە بۇ دۇنيادىكى مۇقەددەس رەھنەما — ئانىلارنىڭ مۇقەددەس دۇئاسىغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىشى دولقۇنلىناتتى. نىيازغا ھەم ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك روھىغا بەرىكەت ۋە قۇۋەت تىلەپ ھەممىدىن بۇرۇن ياش تۆككۈچى يەنىلا پەرىشتىدەك پاكىز قېرىغان بۇزرۇكىۋار — ئاقناشنىڭ نۇرلۇق چىرىغى ھۆۋىخان بولدى. ھەممەيلەننىڭ ياشلىق كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ھەممىنىڭ قەلبىگە ئۇنىڭ دۇئاسى مەڭگۈلۈك نەقىش بولۇپ چېكىلىۋاتاتتى. ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەنزىلگە كەلگۈچە باسقان يوللىرىنى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ، قەدەملىرىنى ئادىمىلىكنىڭ كاتتا سوۋغىتى بولغان ياخشىلىق ئەمەللىرى ۋە دوستلۇق رىشتىسى بىلەن دەڭسەپ بېقىشاتتى. جۈملىدىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئولگۇرەلمەيۋاتقان جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخان سەدىردىننىڭ يىللاردىن بېرى باھاردىن نومۇس قىلىپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا

يەتكۈچە ھەسرەت چېكەتتى. سەدىردىننى نىيازغا سىلىشتۇرۇپ تېخىمۇ ئازابلىناتتى. ھوشۇر موزدۇز بىلەن سىپىرەمخاننىڭ قەلبى بۆگۈن باشقىلارنىڭكىدىن ئالاھىدىرەك بولۇپ، تۇرۇپلا راشىدىننىڭ بەختسىزلىكىدىن ھەسرەتلىنەتتى ـ يۇ، تۇرۇپلا يەنە نىيازنىڭ ساخاۋىتىدىن ھاياجانغا چۆمۈلەتتى. قادىر ئاخۇن خەلچەمدىن شۇنچە پەخىرلەنسىمۇ، زورىخاننىڭ ئىلگىرى خەلچەمگە قىلغان يامانلىقلىرىنى ئويلاپ ھەسرەت چېكەتتى. ئانايەت كۈدەك كىچىكىدىن باشلاپ ئانىسىنىڭ مېھرىگە قانمىغاچقىمۇ ياكى بايا نىيازنىڭ: «ئانايەتكا، سەن يالغۇز بولغانىدىكىن يەنە يەر تېرىپ ئاۋارە بولما، ئەتىلا خۇمدانغا بېرىپ كۆزەتچىلىك قىلىپ بەر، ساڭا ئايدا دېگىنىڭنى بېرىمەن» دېگەن گېپىدىن ھاياجانلانىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى روزى كاداڭ ھۆۋىخاننىڭ ئورۇق پۇتىنى ئۇۋۇلاپ مۈكچىيىپ ئولتۇرغان نىساخانغا ئارىلاپ قاراپ ئويغا چۆمگەنىدى. ھەممىشە يېنىدىن ئايرىمايدىغان ناسۋال رەڭ رەخت سومكىسىدىكى توقۇم دەپتەر تولا ۋاراقلىنىۋېرىپ كۆپۈپ كەتكەچكە تېخىمۇ توملىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ يەرگە كېچىكىپرەك كېلىپ كەينىدىرەك تۇرغان سەيدىئەخمەت تۇراغا يېنىدىكى قاۋۇل سېكرېتار نېمىشقىدۇر ھومىيىپ قارايتتى. مۇبادا بۈگۈن مۇشۇ سورۇندا مەرھۇم مۆھتىرەمخان، سۇلايمان ياۋاش، زۇلەيخان، بارات نىياز، ئەخمەت بوۋايلار ھايات بولغان بولسا، بۈگۈنكى بۇ ھاياجانلىق كەيپىياتنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن بولاتتى. ھاياجانلىق كەيپىيات ھۆۋىخاننىڭ دۇئاسى ئاخىرلىشىپ، كەۋسەر بىلەن خەلچەم راشىدىن ۋە باھارنى يېتىلەپ نىيازنىڭ «PASSAT» ماركىلىق ماشىنىسىغا چىقىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. باھارنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقى بىلەن، راشىدىننىڭ رايىشلىقى ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى. ئۇ

ئىككىسى شۇ تاپتا ھاياتنىڭ يېڭى بىر مەنزىلىگە ــ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ساغلام ھەم تىمەن، گۈزەل ۋە مۇقەددەس بولغان بىر پەسلىگە يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن قەۋەتلا خۇشال ئىدى. شۇ ئەسنادا باھار ماشىنىنىڭ يان كۆزنىكىدىن غېنى ساقچىغا قاراپ نېمىدۇر دېمەكچى بولدى. ئەمما، مەقسىتىنى ئىپادىلىيەلمەي بەكلا ئوڭايسىزلاندى. شۇئان غېنى ساقچى ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ باھارنىڭ مەڭزىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىۋىدى، باھار «دا...... دا، دا...... دا» دېگىنىچە غېنى ساقچىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. كەۋسەر باھارغا غېنى ساقچىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىشنى ئېيتقانىدىمۇ قويۇۋەتمەي تۇرۇۋالدى. باھارنىڭ مەقسىتىنى ئاخىر ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان خەلچەم چۈشىنىپ:

ــ باھار، غېنى دادىڭىزمۇ سىز بىلەن بىللە بارامدۇ؟ سىز شۇنداق دېمەكچىمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، شۇئان باھارنىڭ چىرايى ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە كۈلۈمسىرىدى. باھار ھەقىقەتەن غېنى ساقچىغا تارتىنىۋاتاتتى. بۇ ھالغا قاراپ نىيازمۇ ماشىنىنى قوزغىيالمىدى. ئەتراپتىكىلەر يەنە ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا ئولاشتى. دېمىسىمۇ، بارات نىياز قازا قىلىپ كەۋسەر چوڭ ئۆيدە يالغۇز قالغاندىن بېرى غېنى ساقچى ھەقىقىي ۋاپادار قېرىندىشىدەك مېھرىبانلىقنى يەتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدىن تارتىپ، باھارنىڭ كۈتۈنۈشىگىچە ھەممىسىگە ياردەملىشەتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدىكى ياخشى خىزمەت ـ شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ ئاقتاشقا قايتىپ كېلىشىمۇ دەل مۇشۇ ۋەجىدىن ئىدى. باھار گەرچە مېيىپ بولسىمۇ، قەلبى ئەتراپىدىكى تىنۋىشلارغا سەزگۈر بولغاچقا، خالىس مېھرىبانلىق ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ مەزگىللەردە باھارغا ھەقىقىي مېھىر ئاتا قىلغۇچى شەپقەت ئىگىسى كەۋسەردىن قالسىلا غېنى

ساقچى ئىدى. كىشىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرىدىغىنى، غېنى ساقچى ھەقىقەتەنمۇ ئىلگىرىكى قوپال خۇي ۋە يامان ئادەتلىرىنى تاشلاپ، كۆندىن ـ كۈنگە مېھرىبان ئادەمگە ئۆزگىرىۋاتاتتى. بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە باھارنىڭ غېنى ساقچىغا تارتىشىپ تۇرۇۋېلىشىدا كەۋسەر بىلەن غېنى ساقچى ئوڭايسىزلىنىدىغان بىر ئىش بار ئىدى. قاچاندۇر بىر چاغدا كەۋسەر غېنى ساقچىنىڭ ئۆزىگە تەلەپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ: «مەن سىزنىڭ كۆيۈمچان ئاكام بولۇشىڭىزنى بەكمۇ خالايتتىم» دېگەندە، غېنى ساقچى بىردەم جىمپىلا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە: «سىز شۇنى خالىسىڭىز مەيلى، مەن سىز دېگەندەك قىلاي» دېگەنىدى. مانا مۇشۇ قىسقا سۆھبەت ئارقىلىق غېنى ساقچىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق سۆيگۈ ئەقىدىسىگە چەك قويۇلغانىدى. مانا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ غېنى ساقچى قولىنى باھارنىڭ قولىدىن ئاجرىتىشقا ئۇرۇنۇۋىدى، باھار شۇئان كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. خەلچەم غېنى ساقچىغا قاراپ «ئۇنداق قىلماڭ» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى. ئاندىن نەزەرىنى كەۋسەرنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىشكە ئاغدۇردى. مۇشۇ پەيتتە نىيازنىڭ كۆزىمۇ كەۋسەردە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىمۇ بەئەينى خەلچەمنىڭ قەلبىگە ئوخشاش ھاياجان ئىچىدە دولقۇنلىنىۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، نىيازلا ئەمەس، ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەۋسەرگە قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. كەۋسەر شۇ تاپتا تولىمۇ تاسادىپىي ھالدا ھاياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئاچالغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان غېنى ساقچىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئارقىدىنلا:

— قىزىم، غېنى دادىڭىزمۇ بىز بىلەن بىللە بارىدۇ...... ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىڭ، تەييارلىقىنى قىلىۋالسۇن، — دېدى.

كەۋسەرنىڭ بۇ سۆزىگە ھەممىدىن ئاۋۋال نىياز بىلەن خەلچەم

خۇش بولۇپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. ئاندىن باشقىلار بىر - بىرىگە كۆسۈرلىشىپ چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتـ ـكىنىچە باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. بىراق، باھار يەنىلا غېنى ساقچىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەيۋاتاتتى. بۇ ھالدىن كەۋسەر بەكلا تىت - تىت بولدى. شۇئان خەلچەم:

— باھار قىزىم، غېنى دادىڭىزنىڭ قولىنى قويۇۋېتىڭ، ئۇ تەييارلىقنى قىلىپ ئارقىمىزدىن ناھىيە بازىرىغا بارىدۇ، — دېگەنىدى، غېنى ساقچى دەرھال:

— مەن سىز بىلەن بىللە بېيجىڭغا بارىمەن، چوقۇم بارىمەن. قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، ئىشخانامدىن سومكامنى ئېلىپ كېيىنكىلاردىن موتوسىكلىت بىلەن ماڭىمەن. ناھىيەگە بېرىپ ھەممىمىز بىللە بىر ئاپتوبۇسقا چىقىمىز، ئاندىن ۋىلايەتكە بېرىپ ئايروپىلاندا ئۇچىمىز، — دېدى ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا. باھار شۇندىلا غېنى ساقچىنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى. بايىدىن بېرى ھېلى كەۋسەرگە، ھېلى خەلچەمگە قاراپ ئولتۇرغان راشىدىن ئېرەنسىز ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ماشىنا قوزغالدى. ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئاۋۋال ھوشۇر موزدۇز، ئاندىن جالالىدىن ئاخۇن، ئاخىرىدا كىچىك باللار بىردەم يۈگۈردى.

— سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، ئوغلۇم!

— خوش، ئامان بولۇڭلار!

— نىياز باي، ئاللا سەپىرىڭنى خەيرلىك قىلسۇن! — دېگەن تىلەكلەر غازلىق كەنتىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ياڭراپ يىراق - يىراقلارغا كەتتى.

نىياز مەھەللىدىن ئۇزاپ كەتكۈچە ماشىنىنى تېزرەك ھەيدىدى، ئاندىن سۈرئەتنى ئاستىلاتتى. كەۋسەر بىلەن خەلچەممۇ نىيازغا ئوخشاشلا ئەتراپقا قىيالماسلىق نەزەرىدە سىنچىلاپ قارىشاتتى. شۇ تاپتا نېمشقىدۇر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆندە تاشلىنىپ تۇرىدىغان

كۆجـوم مەھەلـلە - بـاغلاردىن تارتـىپ، توقـاي، ئىـدىر ۋە چىغىـر يــوللارغىچە بوْگــوْن شــوْنچە ســۆيۈملۈك، شــوْنچە قەدىرلىــك تۇيۇلۇۋاتــاتتى. نىيــاز كەۋسـەر بىـلەن خەلچەمنىـڭ كۆڭلىـدىكىنى بىلگەندەكلا ماشىنىنى ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويىـدىكى جىغانلىق دالىــدا توختــاتتى. ھەممەيــلەن ماشــىنىدىن چۈشــتى. ئــاڭغۇچە موتوسىكلىتنى قوْيوْندەك تېز ھەيدەپ يېتىپ كەلگەن غېنى ساقچى باھــارنى يوْدۇۋالــدى. راشــىدىنىنى بولــسا خەلـچەم يېتىلىۋالغانــدى. ئوْلار قىـزغىن كەيپىياتتـا ماشـىنىدىن يىـراقلاپ دەرياىـڭ قىـشىغا چىقتــى. ئەتــراپ ئاۋۋالقــدەكلا گــۈزەل ئىــدى. ئاچمـا كۆۋرۈكنىـڭ يېنىـدىكى جىگـدىلىكتىن تارتىـپ يېكەنكۆلگىــچە، تــوغراقزاردىن تارتىــپ جىغـانلىق دالىغىـچە ئەتراپتىكـى ھەمـمە مەۋجـۇدات كـۆزگە روشەن تاشلىناتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا يىراق - يېقىنغا بىردەم كـۆز يۈگۈرتۈپ باللىق چاغلىرىنى ئېسىگە ئېلىشتى. ئېسىدىن ھازىرغىچە كۆتۈرۈلمەي كېلىۋاتقـان مەڭگۈلۈك ئەسـتىلىكلەر ھەققىـدە چەكـسىز سېغىنىش تۇيغۇسـىدا زىكىـر قىلىـشتى. بىـردىنلا خەلـچەم ئاچما كەنتى تەرەپكە نەزەر تاشلاپ مۇتەللىپنى ئېسىگە ئالـدى. كۆڭلىـدە «بىچارە ئوغلۇم ئاشۇ تۆپىلىكتىكى شىۋاقلىقتا قوي باققانمىدۇ ياكى خۇمدانـدا ئىشلەيمەن دەپ لاي كېچىـپ يۈرگەنمىـدۇ» دېگەنلەرنـى ئويلىــدى. باھــار غېنـى ســاقچىغا بىرنېمىلەرنـى دەپ شادلانــسا، راشــىدىن نېمىــشقىدۇر گــاڭگىرايتتى. بىرچاغــدا ئــۇ خەلچەمنىــڭ قولىدىن ئۇشتۇمتۇت بوشىنىپ تۆۋەن تەرەپـكە قـاراپ يۈگۈرۈۋېتىـپ قولىغا نېمىدۇر بىرنەرسىنى ئالـدى. خەلـچەم كەينىـدىن قوغلىغـان بولسىمۇ يېتىشەلمىدى. كەۋسەر بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان نىياز دەسلەپتە راشىدىنغا، كېيىن خېلـى نېرىـدىكى زەيـدانىڭ قىـشىدا ئــۆزلىرىگە قـاراپ يۈگــۈرۈپ كېلىۋاتقــان ئابــدۇللاغا قــاراپ تــۇرۇپلا قالــدى. ئانــدىن تــۆۋەن تەرەپــتە تۇرغــان ماشــىنىنى كــۆرۈپ ئابدۇللانىڭ ئۆزلىرى بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەنلىكىنى بىلدى. بۇ

چاغدا ئابدۇللا راشىدىنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئۆزىگە بىرنەرسىلەرنى ئاتقىلى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىلا توختاپ قالغانىدى. نىياز راشىدىنىڭ ئابدۇللانى شۇنچە يىراقتىنمۇ تونۇۋالغانلىقىغا ھەيران قېلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئاچما كۆۋرۈك تەرەپتىن بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ تۆۋەن تەرەپتە توختاپ، ئابدۇللانىڭ يېنىغا بىرسى پەيدا بولدى، ئۇ سەدىردىن ئىدى. سەدىردىن بىردە ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان ئابدۇللاغا، بىردە ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان راشىدىنغا قاراپ نېمە قىلىشنى بىلمەيۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. نىياز راشىدىننى توسۇۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يېرىم يولدا يېتىشىۋالدى ـ دە، قولىدىن تۇتۇپ كەينىگە تارتتى. دەرۋەقە، راشىدىنىڭ ئابدۇللانى يىراقتىن كۆرۈپ ئاۋۋالقىدەكلا غەزەپلەنگىنى ئېنىق ئىدى. راشىدىن نىيازنىڭ كەينىدىن سۆرىلىپ كېلىۋېتىپمۇ بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشۇپ، ھە دەپ كەينىگە قارايتتى. نىياز راشىدىن ۋە باشـ ـقىلارنى ماشىنىغا جايلاشتۇرۇپ بولۇپ يىراقتىكى قاش ئۈستىدە ئۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان ئابدۇللا بىلەن سەدىردىنگە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى. نىياز بۇ ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىگە قايسى مۇددىئاسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەمما، نىيازنىڭ قولىنىڭ قانداقلا بولسۇن پۇلاڭلىغانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇللامۇ قاش ئۈستىدە تۇرۇپ قولىنى ئارقا ـ ئارقىدىن پۇلاڭلاتتى. ئابدۇللانىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇلارنى ئۇزاتقانلىقىدىن باشقا يەنە ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا ئامالسىز قېلىپ تولىمۇ ئازابلىنىۋاتـ ـقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئەپسۇس، سەدىردىن ئابدۇللانى دوراپ قولىنى پۇلاڭلاتماقچى بولغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر گويا ئېغىر نەرسە ئېسىپ قويۇلغاندەك قولىنى كۆتۈرەلمىدى. ئاڭغۇچە نىياز ماشىنىنى قوزغاپ كېتىپ قالدى. شۇ تاپتا غېنى ساقچى موتوسىكلىتىغا مىنىپ ماشىنىنىڭ ئالدىدا تېز ئىلگىرىلەيتتى.


قارىماققا ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر سەپەرگە يول ئېچىۋاتقاندەك پەخىرلىك ھېس قىلاتتى. ئۇلار بارا - بارا يىراقلاپ، ئاخىرىدا ئاقتاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى تەرەپتە قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بوستانلىق بىلەن، بوشلۇقنىڭ گىرۋىكى تۇتاشقان ياسىلدا، ئابدۇللا بىلەن سەدىردىنىنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى. ئابدۇللانىڭ مەڭزى نەملەنگەن بولۇپ، بايا يېزا ئورگىنىدا قاۋۇل سېكرېتارنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ ھال ئېيتىپ كەلگەن بىرنەچچە كىشىنىڭ كۆڭلىنى ياسايمەن دەپ ۋاقتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، نىياز بىلەن يۈزتۇرانە خوشلىشالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتاتتى. قايتىش ئۈچۈن كەينىگە ئۆرۈلگەندىلا، ئۆزىدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان سەدىردىنىنى كۆردى. سەدىردىن ئابدۇللاغا ھومىيىپ بىر قاراپ قويۇپلا قاشتىن چۈشۈپ كەتتى. سەدىردىنىنىڭ بۇ تەكەببۇرانە ھالىتى نېمىشقىدۇر ئابدۇللانىڭ روھىنى ئۇرغۇتتى. «خەپ! — دېگىنىچە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، — ماڭا مۇئاۋىن ھاكىملىقىڭنى پەش قىلما. قاراپ تۇر، پات ئارىدا ئاقتاشتا ئاغزىڭنى ئېچىپ قالغۇدەك نەتىجىلەرنى يارىتىپ گەجگەڭگە دەسسىمىسەم ھېساب ئەمەس!» بىردەمدىن كېيىن تۆۋەن تەرەپتە بىر - بىرىگە شۇنچە يىراق توختىتىپ قويۇلغان ئىككى كىچىك ماشىنىنىڭ بىرى غازلىق كەنتىگە، يەنە بىرى ئاچما كۆۋرۈك تەرەپكە كېتىپ قالدى.

ۋاقىت كارۋىنى توختىماي ئىلگىرىلەپ، كېيىنكى چاغلاردا ئاقتاش يېزىسىدا نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىراق، ئىككى نەرسە يەنى قاۋۇل سېكرېتارنىڭ غازلىقتىكى سۇرلۇك ئاۋازى بىلەن كەنجىلەرنىڭ دوستلۇقى ئۈزۈلۈپ قالمىدى، بەلكى مۇشۇ كۈنلەردە ئاقتاش يېزىسىنىڭ ئاسمىنىغا قاياقتىندۇر يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان يېشىل تۇمانلارغا بۆلىنىپ تۇردى. يېشىل تۇمان يەنە ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى گۈزەل ۋادىلارنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن

سۆيۈپ كېلىۋاتقان بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنىمۇ باغرىغا چىللىماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ يېشىل تۇمانلار ئارىسىدىكى كەلگۈسى تەقدىرىگە ھۆكۈم قىلماق بەسى مۈشكۈل ئىدى. ئۇلار خەلچەمنىڭ ئوغلى مۇتەللىپ بىلەن ئابدۇللانىڭ قىزى نۇسرەت ئىدى......

كەنجىلەرنىڭ دەسلەپكى كەچمىشلىرى ھەققىدىكى بۇ رومان ھازىرچە مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مۇبادا كېيىنكى كۈنلەردە كەنجىلەرنىڭ تەقدىرىدە تىلغا ئالغۇدەك ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرسە، مۇھىمى رەببىم كەمىنە ئاپتورنىڭ تېنىگە ساقلىق، تۇرمۇشىغا خاتىرجەملىك نېسىپ قىلسا، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ قولۇمغا قەلەمنى يەنە ئالىمەن.

2002 ـ يىلى ئەتىيازدا خوتەندە يېزىلدى.
2012ـ يىلى كۈزدە خوتەندە قايتا تۈزىتىلدى.



NIEDERSÄCHS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

图书在版编目（C I P）数据

绿色的雾：全2册 ：维吾尔文 / 穆罕默德斯里木·穆罕默德卡斯木著. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社, 2012.12
ISBN 978－7－5373－2279－9

Ⅰ. ①绿… Ⅱ. ①穆… Ⅲ. ①长篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 306967 号

责任编辑：图尔迪·库尔班·亚米古尔
责任校对：麦麦提斯迪克·塔依尔

# 绿色的雾（下）

| | |
|---|---|
| 作　者 | 穆罕默德斯里木·穆罕默德卡斯木 |
| 出　版 | 新疆人民出版社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998 — 2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司印刷 |
| 开　本 | 880 毫米 × 1230 毫米 1/32 |
| 印　张 | 43.25 |
| 版　次 | 2013 年 3 月第1 版 |
| 印　次 | 2013 年 3 月第 1 次印刷 |
| 印　数 | 1 — 3000 |
| 总定价 | 130.00 元 |

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

# يېشىل تۇمان

ھەربىر كىشىنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق ۋە بەختسىزلىكلەردە شۇ كىشىنىڭ چىن دوستلۇق بىلەن ئىنسانىي سەممىيەتكە مۇشەررەپ بولالمىغانلىقىدەك ئاچچىق ساۋىقى بولىدۇ.

ISBN 978-7-5373-2279-9

9 787537 322799 >

（民文）总定价：130.00 元